ئايشەم ئەخمەت

# مۇھەممەت بىشىر چىڭشۇاڭ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图 书 在 版 编 目(C I P)数据

穆罕默德贝西尔亲王:维吾尔文/ 阿义夏木·艾合买提著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社. 1999. 7
ISBN 7—228—05281—1
Ⅰ. 穆… Ⅱ. 阿… Ⅲ. 长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ—1247.53
中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第 26865 号

穆罕默德贝西尔亲王 (维吾尔文)

(长篇小说)

阿义夏木·艾合买提 著

---

新疆人民出版社出版发行
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编: 830001)
乌鲁木齐市第十四中学印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 16.5 印张 2 播页
1999 年 9 月第 1 版 1999 年 9 月第 1 次 印刷
印数: 1 —— 3,000

---

ISBN7—228—05281—1/I·1956 定价: 23.80 元



# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

### شەمشەرگە ئوقۇلغان نىكاھ

بىرىنچى باب........................................ 3
ئىككىنچى باب ...................................... 23
ئۈچىنچى باب ....................................... 41
تۆتىنچى باب ....................................... 62
بەشىنچى باب ....................................... 73
ئالتىنچى باب ...................................... 94
يەتتىنچى باب ...................................... 113
سەككىزىنچى باب .................................... 133
توققۇزىنچى باب .................................... 150

## ئىككىنچى قىسىم

### مۇھەممەت بىشىر ۋاڭ خان ئالدىدا

ئونىنچى باب........................................ 181
ئون بىرىنچى باب.................................... 198
ئون ئىككىنچى باب .................................. 225
ئون ئۈچىنچى باب ................................... 242

ئون تۆتىنچى باب ........................ 257

## ئۈچىنچى قىسىم

## ھۆۋ قۇشلار قوتۇرغان ماكان

ئون بەشىنچى باب ........................ 273
ئون ئالتىنچى باب ........................ 287
ئون يەتتىنچى باب ........................ 300
ئون سەككىزىنچى باب ........................ 313
ئون توققۇزىنچى باب ........................ 330
يىگىرمىنچى باب ........................ 344
يىگىرمە بىرىنچى باب ........................ 358
يىگىرمە ئىككىنچى باب ........................ 374
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ........................ 397

## تۆتىنچى قىسىم

## مېھربانۇ ۋاڭ

يىگىرمە تۆتىنچى باب ........................ 409
يىگىرمە بەشىنچى باب ........................ 426
يىگىرمە ئالتىنچى باب ........................ 442
يىگىرمە يەتتىنچى باب ........................ 461
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ........................ 481
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ........................ 493
ئوتتۇزىنچى باب ........................ 507

# مۇھەررىردىن

يازغۇچى ئايشەم ئەخمەت 1942 - يىلى قۇمۇل شەھرىدە تۇغۇلغان. 1955 - يىلى قۇمۇل سىفەن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1958 - يىلى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۇرۇمچى 2 - دارىلمۇئەللىمىن ۋە قۇمۇل 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ژۇرنالىست، باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

ئايشەم ئەخمەتنىڭ ئىجادىيىتى 1956 - يىلىدىن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە يۈز پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، دراما، نەسىر، ئىلمىي ماقالىلىرى ھەمدە «ئۈچمەس ئىزلار» ناملىق رومانى، «باغداش چېچەكى»، «مەلىكىنىڭ مەڭزىدىكى داغ» ناملىق پوۋېست، ھېكايىلەر توپلاملىرى، «مېھرىبانۇ ۋاڭ» ناملىق تارىخىي درامىسى، «قارا چامادان»، «بۇلۇت يېرىپ چىققان ئاي» قاتارلىق پوۋېستلىرى، «چەت ئەلدە توقۇلغان ھېكايىلەر» ناملىق بىر يۈرۈش ھېكايىلىرى ئېلان قىلىندى.

يېقىنقى يىللاردا ئۆز يۇرتى قۇمۇلنىڭ تارىخىي، مەدەنىيىتى، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان «قۇمۇل» ناملىق بىئوگرافىك كىتابى، خانىم - قىزلارنى تەربىيىلەش جەھەتتىكى مۇھىم قوللانما «خانىم - قىزلار دەستۇرى» ناملىق ئىلمىي كىتابى، «قاسىم قىزىق لەتىپىلىرى»، «قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى» ناملىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر كىتابلىرى

نەشر قىلىندى.

«مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ» يازغۇچى ئايشەم ئەخمەتنىڭ «ئۈچمەس ئىزلار» رومانىدىن كېيىن يازغان يەنە بىر تارىخىي رومانى. بۇ روماندا 1813 ـ يىلىدىن 1867 ـ يىلىغىچە قۇمۇلدا ھۆكۈم سۈرگەن مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ قۇمۇل دىيارىنى ئادىللىق بىلەن سوراپ، يۇرتنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنىڭ تۇر-مۇشىنى ياخشىلاش، ئىلىمنى قەدىرلەپ، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى ئېجابىي پائالىيەتلىرى بىرقەدەر تەپسىلىي، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئايشەم ئەخمەت ھازىر مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى-نىڭ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ۋە مەملىكەتلىك خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات جەم-ئىيىتىنىڭ ئەزاسى؛ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، ئاپ-تونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

# بىرىنچى قىسىم

# شەمشەرگە ئوقۇلغان نىكاھ

# بىرىنچى باب

قوياش ھەمەل بۇرجىغا كىرگەن كۈنلەر، كېچە بىلەن كۈن-دۈز تەڭلىشىپ، بارا - بارا كۈندۈز ئۇزىراشقا باشلىدى. ئىللىق قوياش تەپتى بىلەن ساپ ھاۋا ئالەمنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ، قەھرىتان قىشتىن زېرىككەن كىشىلەرگە ھۇزۇر بې-غىشلاپ، ئۇلارنى ئۆز قوينىغا چىللىماقتا ئىدى.

تەبىئەت جانلىنىپ، دەل - دەرەخلەر ياشىرىشقا باشلىدى. يىراق - يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن قۇشلارمۇ قايتىپ كېلىپ ئۇۋا ياساشقا، ھەرخىل قۇرۇت - قوڭغۇز، ھاشاراتلارمۇ ئۇۋى-سىدىن چىقىشقا باشلىدى.

كىشىلەر يېڭى - يېڭى كىيىملەرنى تىكتۈرۈشۈپ، يېڭى پەسىلنى كۈتۈۋېلىشقا ئالدىراشماقتا. مەھەللە - مەھەللىلەردە ئەنە شۇ يېڭى پەسىلنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن يىلدا قاتار ئۆتكۈ-زۈلۈپ تۇرىدىغان، مايسا ئۇندۇرۇپ قىلىدىغان كۆك مەشرەپلە-رىمۇ تازا ئەۋجىگە چىقىپ، بۇ شەھەرگە تەۋە يېزىلارنى قاپلىغان ئاتمىش ئالتە ئېرىقتا لىپمۇلىق سۈزۈك سۇلار ئېقىشقا، قىرلار ياپىيېشىللىققا پۈركىنىپ ئېرىقلاردىكى يالپۇزلار بەرق ئۇرۇشقا باشلىغاندىلا توختىدى. ھويلىلار، رەستىلەر، مەسچىت - مەد-رىسلەر، پاك - پاكىزە تازىلىنىپ، سۇلار چېچىلماقتا. چاچلى-رىنى چۈشۈرۈپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ياسىتىۋالغان ياشانغان ئەرلەر كۆل رەڭ چامچىلىرى ئۈستىدىن قارا پوتىلىرىنى باغ-لاپ، پۇتىغا يېڭى مەسە - كالاچلىرىنى كىيىشتى. ئوتتۇرا ياش

ۋە ياش ئەرلەر پوزا چاپانلار[1] ئۈستىدىن رەڭدار پوتىلىرىنى باغلاپ، پوتىسىغا كەشتىلەنگەن غىلاپلىق پىچاقلارنى ئېسىپ، پۇتىغا كۆندىن تىكىلگەن يېڭى ئۆتۈكلەرنى كىيىپ يۈرىشەتتى. ئۇلار ئۆزئارا سالام بېرىشىپ هال - ئەھۋاللاشماقتا، مۇڭداشماقتا. بىر يىلدىن بېرى ئارازلىشىپ يۈرگەنلەر بىر - بىرىدىن ئەپۇ سورىشىپ، ئىتتىپاقلاشماقتا. . . بېشىغا تاۋار ياكى دۇخادىن تەقىيە كىيگەن كىچىك باللار، تال چىۋىقنى ئات قىلىشىپ، چۆگەندىن پۈرگۈچ[2] چىقىرىپ مـەھـەللىلەردە چـېـپىشـىپ يۈرمەكتە. گويا:

يىل بېشى نورۇز كۈنى،
ئايدەك ياساندى شۇ جۇۋان.

دېگەندەك، چوكانلار، جۇۋانلار ئېتەك چۆرىلىرىگە چىلتەك ياكى كىمخاب تۇتقان چەكلىك ئۇزۇن چاپانلارنى كىيىشىپ، چېچىنى سىكىلەك چىقىرىپ ئىككى تال ئۆرۈپ، چېچىغا چاچ چاتقۇ، چاچ پۆپۈكلەرنى تاقىشىپ تۇغقانلىرىنى، قولۇم - قوشنىلىرىنى يوقلىشىپ، هال - ئەھۋال سوراشماقتا. ھەتتا ئۇلار مۇشۇ ياخشى ئاي، ياخشى كۈنلەردە قىز - ئوغۇللىرىنىڭ شادلىق توي مەرىكىلىرى ئۈچۈن نامۇ نىشانلارنى ئىزدەشمەكتە. چاچلىرىنى قىرىق تال ئۆرىۋالغان ئۆسكىلەك قىزلارنىڭ بەزىلىرى ئۆيلىرىدە توققۇز خىل داننى تازىلاپ كۆجە سېلىشقا تەييارلىق قىلسا، بەزىلىرى كەڭ ھويلىلارنىڭ ئاپتاپلىق پېشايۋانلىرىدا، بەزىلىرى شاخ - شۇمبىلار بېسىلغان ئۆگزىنىڭ بوش يەرلىرىدە دۇمبىسىنى ئاپتاپقا قاقلاپ دوپپىلارغا چاچما تىكىپ،

---

① پوزا چاپان - ياقىسى ئېگىزرەك قىلىپ تىكىلگەن ئۇزۇن چاپان.
② پۈرگۈچ - باللارنىڭ، يېڭىدىن سۈيۈگۈرگەن تال چىۋىقلىرىنىڭ پوستىنى چىقىرىپ پۈۋلەپ ئوينىشى.

ياغلىقلارنى كەشتىلىمەكتە. . . يەنە بىر قىسىم قىزلار، موماي-
لار قىشچە تۇرۇپ قالغان يىپ ئېگىرىش چاقلىرىنى سۆرتۈپ
تازىلاپ، يىپ ئېگىرىپ رەخ توقۇشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشمەكتە.

سىز ئېگىز سېپىل بىلەن قورشالغان بۇ كىچىككىنە شە-
ھەرنىڭ كوچۇم مەھەللىلىرىدىكى ئەنە شۇنداق ھاياتلىق قاينىغان
مەنزىرىدىن ئايرىلىپ، يوقىرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋاڭ ئور-
دىسى يېنىدىكى ئوردا قوۋۇقتىن چىقىپ پايانسىز ئېتىزلارغا،
باغلارغا نەزەر سالسىڭىز شىمالدا غەربتىن شەرققە سوزۇلغان
تەڭرى تېغىنىڭ، تېخى ئۆيقۇدىن ئويغانمىغان مىسلىسىز چوڭ
ئەجدىھاسىمان ئۇزىراپ ياتقانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇنىڭ ئالماس-
تەك يالتىراپ، ئاقۇچ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىز چوققىلىرى
ئەجدادلىرىمىزنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتىن ئاقارغان باشلىرىغا ئوخ-
شايدۇ. ئەنە شۇ تەڭرى تېغىنىڭ تاغ سۇلىرى شارقىراپ، بۇلاق
سۇلىرى شىرغىپ ئېقىۋاتقان مۇنبەت جايلىرىنىڭ ئون ئىككى
يېرىدە، ئون ئىككى تاغ (ئارا تۈرۈك، تۇركۆل، نىرىنكىر،
نوم، باي، ئاداق، شوپۇل، خوتۇنتام، باغداش، ئېدىر، قو-
راي، تۆمۈرتى) نىڭ مۇنبەت يەرلىرىدە ھاياتلىق جۇش ئۇرماق-
تا. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەرلەرگە ئاللاتائالانىڭ نەزىرى
چۈشكەنىكەن، بۇ يەرلەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاياغ ئىزلىرى قال-
غانىكەن. بۇ يەرلەرنىڭ كەڭ يايلاقلىرىدا سانسىزلىغان قوي،
كالىلار، ئات ـ تۆگىلەر ئوتلىماقتا. چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىدە
گۆش، ماي، سۈت، قېتىق ۋە قىمىزلار شۇنچە ئەلۋەك.

تەڭرى تېغىنىڭ نىرىسىغا نەزەر سالسىڭىز بىر ئۇچى تاشقى
موڭغۇلغا تۇتاشقان قەدىمي شەھەر ئارا تۈرۈك بار. ئاراتۈرۈك
ناھايىتى ئۇزۇن يىللار بۇرۇن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەرەققىي تاپ-
قان شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان. ئاراتۈرۈكنىڭ غەربىي تەرىپى-
دە يىپەك يولىغا تۇتاشقان، ئوغۇزخان ئەۋلادلىرى پايتەخت قۇر-

غان، كەڭ يايلاقلىرى بىلەن مەشھۇر بارىكۆل بار.

يەنە بۇ يۇرتنىڭ غەربىي تەرىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىدىن بولغان «قارلۇقلار» ياشاۋاتقان بەش شەھەر ـــ ئاستانە، قارادۆۋە، توغۇچى، لاپچۇق، سۇمقاغىلار بار. بۇ يەرلەر قارلۇق غولى (قارلۇق ئۆستىڭى)، قارلۇقلار مەھەللىسى بىلەن مەشھۇر.

ئەگەر سىز تەگرى تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقسىڭىز:

زۇركىنىڭ[1] باشىغا چىقسام،
كۆرۈندى قۇمۇل باغلىرى.
ئولتۇرۇپ يىغلاۋىدىم،
سىرىلدى سەرۋەڭ[2] تاغلىرى.

دېگەن خەلق قوشىقى يادىڭىزغا چۈشىدۇ.

مانا بۇ زېمىن، ئېگىزلىكتىن قارىسىڭىز گويا تۇزلەڭلىككە سېلىپ قويغان بىر پارچە گۈللۈك گىلەمگە ئوخشايدۇ. بۇ زېمىننىڭ تۆۋەن تەرىپىگە نەزەر سالسىڭىز، بۈككىدە باغ، ياپ-يېشىل مۇنبەت ئېتىزلار كۆزگە چېلىقىدۇ. ئېتىزلاردا ساپانغا قوشقان كالىلارنىڭ پۇشقۇرۇشلىرى، ئورۇق چېچىۋاتقان قىز - ئاياللار، سۆرەم سېلىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ سورەن - شاۋقۇنلىرى يىللىق ئەمگەكنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ.

شۇ شەھەردىكى بىر مەسچىتنىڭ ئالدىدا پېشىن نامىزىغا يىغىلغان جامائەتكە مەزىن ئاخۇنۇم سۆزلەۋاتاتتى: «مانا مۇشۇ

---

① زۇركى - تاغ چوققىسىغا قارىتىلغان.
② سەرۋەڭ - تاغ ئىسمى.

كۈنلەردە ئادەمزات دۇنياغا كەلگەنىكەن — ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا جەننەتتە چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ قويۇپ جەننەتتىن قوغلان-غاندىن كېيىن يەر يۈزىدە ئۈچ يۈز يىل بىر - بىرى بىلەن تېپىشالماي يۈرۈپتۇ. ئاخىر ئاللاتائالانىڭ ئەمرى بىلەن ھاۋا ئانا بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇ كۈنلەردە، يەنى باھار باشلىنىپ تەبىئەت جانلانغان كۈنلەردە تېپىشىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئىككىسىنىڭ پۇشتىدىن بىز ئادەمزاتلار پەيدا بولغانى-كەنمىز. . . »

جامائەتنىڭ سۆزى بۆلۈندى. ئوردىنىڭ جاكارچىسى بېشىغا كۆك رەڭدىكى قىزىل مونچاق تاقىغان مەنسەپ قالپىقىنى كې-يىپ، ئۈستىگە كىيگەن قارا تاۋار تونىنىڭ بىر پېشىنى سىرىق پوتىسىغا قىستۇرۇپ خۇشال ھالدا جاڭ ئۇرۇپ ۋاڭنىڭ پەرمانى-نى خەلققە يەتكۈزمەكتە:

خالايىق، ئاڭلاپ قېلىڭلار!
ھەي، خالايىق، ئاڭلاپ قېلىڭلار!
يىل بېشى نورۇز كۈنى،
ئالەم گۈلىستان بولغۇسى.
ئاسماندىن يەر يۈزىگە،
ئابۇ رەھىم ياققۇسى.
يىل بېشى نورۇز كۈنى،
ئەلگە شادلىق جۇپ كېلور.
ئۇلۇغ ۋاڭ خوجام ئىلتىپاتىدىن،
مېھىر - شەپقەت خوپ كېلور،
قورمال ① بېگىم خوش كەلدى،

① قورمال - ۋاڭنىڭ چارۋۇ رايونلىرىغا مەسئۇل كىشىسى.

دورغا[1] بېگىم خوپ كەلدى،
ۋاڭ خوجام پەرمانى بىرلەن؛
ھەربىر مەسچىت ئەھلىگە،
ھىممەت قىلىپ ئاتىغان،
توپ ـ توپ كالا قوي كەلدى،
ئاڭلاپ قېلىڭ خالايىق!
ۋاقتىدا ئېلىڭ نېسىۋە،
تۇل خوتۇن ـ يېتىم ئوغۇلنىڭ
باردۇر يەنە رىسقىسى،
ۋاڭ خوجامغا ھەشقاللا،
تەگسۇن ئاللا رەھمىتى!

جاكارچى ئوردىدىن چۈشكەن پەرمانىنى دىۋانبەگلىرىنىڭ قولىدىن ئالاتتى ـ دە، بىر قۇر كۆرۈپ بولۇپلا سۆزىنى قوشاققا ئايلاندۇراتتى. بۈگۈن ئۇ نورۇز ھەققىدىكى قوشاقنىمۇ مەقسەتنى ئۇقتۇرۇشنىڭ بىرىنچى نىشانى قىلىپ قوشۇۋالغانىدى. كېيىنكى سۆزلىرىنىڭ قاپىيە ـ رىتىملىرى قاملاشمىسىمۇ جاكار قىلغاندا ناھايىتى ئېنىق، قىزىقارلىق ھەم تەسىرلىك قىلىپ ئېيتتى. شۇڭا جامائەت جاكارچىنى ماختاپ كېتىشتى ھەم ۋاڭ خوجامنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتىپ بايىقى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مانا شۇنداق ياخشى كۈنلەردە ۋاڭ خوجامنىڭ ئۆيلىنىشى ئاللاتائالانىڭ ھىممىتىدىن بېشارەتتۇر — دېدى مەزىن ئاخونۇم سۆزىنى تاماملاپ.

---

[1] دورغا ـ بېزا باشلىقى.
ئۇ چاغلاردا ئون ئىككى تاغنى ئون ئىككى قورمال سورىغان. يەنە بەش شەھەر دەپ ئاتالغان ھەربىر شەھەرنى ۋە قۇمۇل شەھىرىگە قاراشلىق بېزىلارنى بىردىن دورغا سورىغانىدى.

— توغرا دېدىلە، — دېدى ئىمام ئاخۇنۇم، — ۋاڭ خوجامنىڭ شاپائىتى كەڭ. ئاڭلىساق، ۋاڭ خوجامغا ياتلىق بولىدىغان ئىلى بەگلىكىنىڭ قىزىنى ناھايىتىمۇ ئەقىللىق، دانىشمەن دېيىشىدۇ. «تەڭ بولمىغىچە تۇش بولماس» دېگەندەك ئارا يىراق بولسىمۇ ئۆز خىلىنى تېپىش دېگەن شۇ - دە.

مانا بۇ گەپلەر شۇ كۈنلەردە قۇمۇل زېمىنىدا بىر يېڭىلىق بولۇپ ھەممە ئۆي - ئۆيلەرگە تارالماقتا ئىدى. بۇ يىلقى نورۇزدا زاراخەتمە[1] ئۈچۈن مەھەللە - مەھەللىلەرگە بېرىلگەن ۋاڭنىڭ ھىممىتى بۇرۇنقى يىللارغا قارىغاندا كۆپ بولدى. بۇرۇن ھەر بىر مەسچىتكە بەشتىن قوي بېرىلەتتى. بۇ يىل بەشتىن قوي، ئىككىدىن كالا ۋە ماي، گۈرۈچ؛ يېتىم - يېسىر، تۇل خوتۇنلارغا ئاتاپ كىيىملىك رەخت، تاغارلاپ ئۇن، بىردىن قوي بېرىلدى.

مەسچىت، مەدرىسلەردە، ئۈستەڭ ياقىلىرىدا نەزىر - نۇزرەت، زاراخەتمىلەر ئۆتكۈزۈلدى. كىشىلەر بۇ خۇشاللىق كۈنلەرنى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ توي - مەرىكىسىگىمۇ باغلاپ، «بۇ يىل خۇشاللىق قوش كەلدى» دېيىشتى.

راست دېگەندەك، ئۆتكەن يىلى ئىلىنىڭ ھاكىم بېگى — خالزات بەگ خانىنى زىيارەت قىلغىلى بېيجىڭگە ماڭغاندا قۇمۇلغا چۈشكۈن بولغانىدى. بۇ چاغدا مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ خالزات ھېكىمبەگنى ناھايىتى ياخشى كۈتىۋالدى. ئۇلار بىر نەچچە كۈن سۆھبەتتە بولدى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ ئايالىنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ياخشى خۇلق - مىجەزى، ئاق كۆڭۈل، سالاپەتلىك تۇرقى خالزات ھېكىمبەگنىڭ چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە مۇ-

---

① زاراخەتمە - ئۈستەڭ بويلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان نەزىر يەنى ئاللادىن شۇ يىللىق سۇنىڭ مول بولۇشىنى تىلەيدىغان دۇئا - تىلاۋەت.

ھەممەت بېشىر ۋاڭغا نىسبەتەن يېقىنلىق ۋە بىزخىل ئۆزۈلمەس رىشتە باغلانغانىدى. شۇڭا خالزات ھېكىمبەگ تاغىسىنىڭ قىزى مېھربانۇ خېنىمنى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭغا ياتلىق قىلىش خىيالىغا كېلىپ قالدى. نەتىجىدە، قىلچە ئىككىلەنمەيلا مۇھەممەت بېشىر ۋاڭغا مېھربانۇ خېنىمنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىپ تونۇشتۇردى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ خالزات ھېكىمبەگنىڭ بۇ ھىممىتىگە رەھمەت ئېيتتى ھەمدە مېھربانۇ خېنىمنى ئەمرىگە ئېلىشنى لايىق كۆردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەلچىلەر ـ بەگلەر، ئۆلىمالار، خېنىم، ئاپپاقلار ئۈچ قېتىم ئىلىغا ئەلچىلىككە باردى. مېھربانۇ خېنىمنىڭ دادىسى كىچىك چېغىدىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەچكە مېھربانۇ خېنىم ئىلى گۇڭ ـ بەگلىرى ئوردىسىدا ئانىسى سۇمانىخاننىڭ ھىمايىسىدە تەربىيە ئالدى. ئۇنىڭغا خالزات ھېكىمبەگ ئىگىدارچىلىق قىلاتتى.

ئىلىغا بارغان ئەلچىلەر ئاخىرقى قېتىم سۇمانىخاننىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، ئىلى گۇڭ ـ بەگلىكىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن توي كۈنلىرىنى بېكىتىپ كەلدى. توي بۇ يىل كېيىنكى ئاينىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى ئىلىدا باشلىنىپ توققۇز كۈن توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، قىزنى قۇمۇلغا كۆچۈرۈشمەكچى بولۇشتى. شۇڭا توي تارتىپ كەتكەن قىرىق ھارۋىلىق كىشى بىلەن قىرىق ھارۋىلىق سوۋغا سالام ئاللىقاچان ئىلىغا يېتىپ بارغانىدى.

* *

بۇ يىل باھار باشلىنىش بىلەنلا ئوردىنىڭ يوللىرىغا يېڭىدىن تاش ياتقۇزۇلدى. تاملىرى ھاكتا تۇخۇمنىڭ ئېقى ئارىلاشتۇرۇلۇپ سۇۋالدى. ئىشىك ـ دېرىزىلىرى سىرلاندى. ۋاڭنىڭ ھۇجرىسى ئالاھىدە ياسىلىپ، يېڭى گىلەم، پايىندازلار سېلىن-

تويىنىڭ تەييارلىقلىرى خېلى بۇرۇنلا باشلىنىپ كەتكەندى.

ناھايىتى ئۇزۇن يىللىق تارىخىدا ئۆزىنىڭ گۈللىنىش مەزگىللىرىنىمۇ، خارابلىشىش مەزگىللىرىنىمۇ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ شەھەر مۇھەممەت شاھى غازىبەگنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا بەگنىڭ جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى قىلغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە، جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ 1696 - يىلى چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان. شۇنىڭدىن بېرى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى گوپا بەگ، گوپا بەگنىڭ ئوغلى ئىمىن ۋاڭ، ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى يۇسۇپ ۋاڭ، يۇسۇپ ۋاڭنىڭ ئوغلى ئىسھاق ۋاڭ، ئىسھاق ۋاڭنىڭ ئوغلى ئەردېشىر ۋاڭ، ئەردېشىر ۋاڭنىڭ ئوغلى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ قاتارلىق ۋاڭلار ئۆتكەن. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ — قۇمۇل ۋاڭلىرى تارىخىدا يەتتىنچى ئەۋلاد ۋاڭ بولۇپ، شۇ كۈنلەردە بۇ يۇرتنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى. ئۇ بۇ يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپ، يۇرتنى باي، خەلقنى باياشات قىلدى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ئايالى ۋاپات بولغاندىن كېيىن نەۋقىران چاغلىرى ئۆتۈپ كەتكەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغاندى. ئەمدىلىكتە بولسا يىگىتلىك چاغلىرى قايتىپ كەلگەندەك تېتىك، روھلۇق كۆرۈنەتتى.

ۋاڭ بۈگۈن بېشىنى چۈشۈرتۈپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ياساتتىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قېنىق يېشىل دۇخاۋا تونىنى كىيگەن، بىلىنى قېنىق سېرىق رەڭدىكى يىپەك پوتا بىلەن باغلىۋالغانىدى. پۆتىدىكى قىسقا قونچۇلۇق قارا مەخمەل ئۆتۈكى بوي - بەستىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. ئۇ تۇنۇگۈنكى مەسلىھەت بويىچە چوڭ تەيجى بېگىم - تاجىدىن تەيجى بىلەن كىچىك تەيجى بېگىم - نەمتۇللا تەيجىنى ۋە يەنە بىر قانچە سىپاھلىرىنى

ئەگەشتۈرۈپ تويىنىڭ نەغمە ـ ناۋا تەييارلىقلىرىنى كۆزدىن كە-
چۈرۈشكە ماڭدى.

ئۇلار ئالدى بىلەن تويىنىڭ ھەرقايسى سورۇنلىرىدا ئويۇش-
تۇرۇلىدىغان مەشرەپلەردە مۇقام، ناخشىلارنى ئېيتقۇچى ناخشى-
چى، سازەندىلەر مەشىق قىلىۋاتقان زالغا كىردى. بۇ يەرگە
قۇمۇل، بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغدىن چاقىرتىلغان داڭلىق
ناخشىچى، سازەندىلەر يىغىلغانىدى. بۇ زال ئىككىگە بۆلۈنگەن
بولۇپ، ئىچكىرىسىدە ئايال ناخشىچىلار مەشىق قىلىۋاتاتتى.

مۇھەممەت بىشىر ۋاڭ ئەرلەر مەشىق قىلىۋاتقان زالغا
يېتىپ كىرگەندە ھەممەيلەن باشلىرىنى ئېگىپ:

— ۋاڭ خوجامنىڭ ئالتۇن بويى ئېسەن بولغاي، —
دېيىشتى.

— ھارمىغايسىزلەر، — دېدى ۋاڭ.

— ۋاڭ خوجامغا رەھمەت، — دېيىشتى يەنە ھەممەيلەن.

— ھەممىڭىزلەرگە ئىجازەت، ئىشىڭىزلارنى قىلىۋېرى-
ڭىزلەر.

— خوش، ۋاڭ خوجام.

ھەممەيلەن ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. قوللىرىدا غى-
جەك، داپ، راۋاب، تەمبۇر تۇتقان چالغۇچىلار ئوتتۇرىدا،
ناخشىچى، نەغمىچى، مۇقام ئېيتقۇچىلار ئىككى تەرەپتە ئولتۇ-
رۇشاتتى. ۋاڭ ئۇدۇلدىكى تامغا چاپلانغان ئاق سامان قەغەزگە
چىرايلىق ھۆسنىخەت بىلەن يېزىلغان ناخشىلارنىڭ ئېيتىلىش
تەرتىپىگە قارىدى. بۇنىڭدا ھەربىر ناخشىنىڭ ئىسمى، مۇقام
بېيىتلىرى، مۇقامدىن كېيىن ئېيتىلىدىغان شۆبە، چۇشۇرگى-
لەر ئېنىق يېزىلغانىدى. ھەتتا ھەربىر شۆبە، چۇشۇرگىدىكى
ناخشىلارنىڭ باش بېيىتمۇ يېزىپ قويۇلغانىدى. بۇنىڭدىكى
سەۋەب، بىر بېيىتنى ئىككىنچىلەپ تەكرارلىماسلىق ئۈچۈن

ئىدى. ۋاڭ خېلىغىچە ھەربىر مۇقام يۇرۇشلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئوقۇپ چىقتى. ھەم بۇ ئىشتىن ۋاڭنىڭ كۆڭلى سۆيۈندى. چۈنكى ھازىرغىچە ئېغىزدىلا ئېيتىلىپ، تېخى خاتىرىگە ئېلىنمىغان قۇمۇل ناخشىلىرى ئۇنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

— بۇ ناخشىلار قانچىگە بارىدىكەن. سوتۇقلىرىچۇ؟① — دېدى ۋاڭ.

— سوتۇقلار تۆت يۈزگە، ناخشىلارنىڭ چوڭ يۇرۇشلىرى يىگىرمىگە بارىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى ناخشىچىلاردىن بىرى.

— ۋاھ، نېمىدېگەن كۆپ ناخشا بۇ. بۇنى ئوبدانراق رەتلەپ قويساق بولغۇدەك، — دېدى ۋاڭ.

— ۋاڭ خوجام دانادۇر، ھىممـەتلىرىگە رەھمەت، — دېيىشتى ھەممىسى بىردەك.

ۋاڭ يەنە ئارقىغا بۇرۇلۇپ، تامدىكى ناخشىلارنىڭ تەرتىپىگە قايتا قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر مۇقامنىڭ چۈشۈرگىسىدىكى، «زىندانىدىكى توختاخۇن» ناملىق ناخشىغا چۈشكەندە سورىدى:

— «زىندانىدىكى توختاخۇن» دېمۇ ناخشا بارمۇ؟

— خوش ۋاڭ خوجام، — دەپ قۇللۇق قىلدى نومىدىن كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق، داڭلىق ناخشىچى شادى ئاخۇن، — ئۇلۇغ ۋاڭ خوجام بىر قوشۇق قېنىمىدىن كەچسىلە، بۇ ناخشا يېقىندىن ئىجاد قىلىنىپ خەلق ئىچىگە تارالغان مەشھۇر ناخشىدۇر. بۇنىمۇ ناخشىلار تەرتىپىگە قوشۇپ قويدۇق، — دەپ بېشىنى ئەگكىنىچە جىم بولدى.

— قېنى بىر قوشۇق قېنىڭىزدىن كەچتىم، سۆزلەۋې -

① سوتۇق ـ ئاھاڭ.

ـرىڭ، — دېدى ۋاڭ.

— خوش ۋاڭ خوجام، توختاخۇن ناھايىتى ياۋاش، ھەزرەتلىرىنىڭ يىلقىسىنى باقىدىغان بىر كىشى ئىدى. ئۇ كىشى يىلقىلارغا ناھايىتى ئوبدان قارىغانلىقتىن يىلقىلار يېقىنقى يىللاردا نەچچە ھەسسە ئاۋۇپ كەتكەن. لېكىن بۇ تاغىنىڭ قورمال بېگى بۇ ئادەمنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قورمالنىڭ ئوغلىنىڭ يامان كۆزى توختاخۇننىڭ ئايالىغا چۈشكەن. توختاخۇن بۇ ھەقتە قورمالغا ئەرز قىلغان. ئەنە شۇ كۈنلەردە قورمالنىڭ ئوغلى يەنە بىر ئايالغا يامان نىيەتتە بولغانلىقتىن بۇ ئايال ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەن. قورمالنىڭ ئوغلى بولسا ئۇ ئايالنى سىغىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. لېكىن قورمال ئوغلىنى جازالىماي، ئوغلىنىڭ ئورنىغا «ئۇ ئايالنى ئۆلتۈرۈپ قويغان مۇشۇ» دەپ توختاخۇننى تۇتۇپ بەرگەنىكەن. ئوردىدىكى تەيجى بېگىمدىن بىرى قورمالغا يانتاياق بولۇپ، توختاخۇننى سوراق قىلمايلا نوم زىندانىغا تاشلىغان. نوم زىندانىدا بىگۇناھ ياتقان توختاخۇن بۇ دەردكە چىدىماي ئاشۇ قوشاقنى توقۇپ ناخشا قىلىپ ئېيتقان. بۇ ناخشا ناھايىتى تېزلا نومغا، نومدىن ئاداققا، ئاداقتىن ئاراتۇرۇككە، دازىگو ئارقىلىق تۇركۆلگە، ئاندىن قۇمۇلغا تارقىلىپ كەتتى. بۇ تىزىملىكتىكى ناخشىلارنىڭ ھەممىسىنى مەلۇم كىشىلەر ئىجاد قىلغان بولۇپ، خەلق تەرىپىدىن ئېيتىلغان خەلق ناخشىلىرى بولغاچقا بۇ ناخشىنىمۇ بۇ تىزىملىككە قوشۇپ قويدۇق. گۇناھىمىزدىن كەچسىلە ۋاڭ خوجام.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ئۆزىنى ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراۋاتىمەن دەپ ئويلايتتى. ئەمما بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ بۇ ھەقتىكى قوشاقنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى:.

زىنداندىكى توختاخۇن دەپ،
قىيىندىڭ مېنى.
دەرد ئەلەمدىن بىردەم خالىي ـ
قىلمىدىڭ مېنى.
قىيناشىڭغۇ قىيىندىڭ،
گۇناھىم نەدۇر.
ئاخىرەتتە سورىغىلى
خۇدايىم باردۇر.

بۇ ناھەقچىلىقنى يېنىدا تۇرغان تەيجىلەردىن بىرىنىڭ قىلـغانلىقىنى پەم قىلىپ قالغان ۋاڭ تەيجىلەرگە قارىدى:

— خوش تاجىدىن تەيجى بېگىم، شۇنداق ئىش بولغانمۇ؟

— خوش، ۋاڭ خوجام، تازا يادىمدا يوق، — دېدى تەمتىرەپ قالغان تاجىدىن تەيجى.

— ئۆزلىرىگە تاپىلاي، دەرھال بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ توختاخۇننى زىنداندىن چىقارسىلا، ھېلىقى قورمالنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىپ، ئوغلىنى زىندانغا سالسىلا، — ۋاڭ شادى ئاخۇنغا قاراپ ئەسكەرتتى، — بۇ ناخشا ئورنىدا تۇرۋەرسۇن، يەنە خەلق ئىجاد قىلغان ناخشىلار بولسا ھەممىسىنى مۇشۇ ناخشا تىزىملىكىگە قوشۇپ قويىڭىزلار.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ سەل كەيپى بۇزۇلغانىدى. ئۇ بۇ يەردىن چىقىپ ناغرىخانىنىڭ ئاستىنقى قەۋەت زالىغا كىردى. بۇ يەرگە تورغۇنلىغان سازەندە، ھۈنەرۋەنلەر يىغىلىپ كونا سازـلارنى، ناغرا ـ دۇمباقلارنى يېڭىلاپ، يېڭى سازلارنى سازلاپ مەشىق قىلىشىۋاتاتتى. ۋاڭنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەـۋەر تاپقان سازەندە، ھۈنەرۋەنلەر باشلىرىنى ئېگىپ ۋاڭ خوجامـنىڭ ئېسەنلىكىنى سورىدى. ۋاڭ خوجام ئۇلارغا ئىلتىپات كۆر-

سىتىپ «ھارمىغايسىزلەر» دېدى. كۆپچىلىك «ۋاڭ خوجامغا رەھمەت!» دەپ قوللۇق قىلىشتى.

— ھەممىڭىزلەر، ئۆز ئىشىڭىزلار بىلەن مەشغۇل بولىڭىزلار، مەن شۇنداقلا بىر قور كۆرۈپ چىقىپ كېتىمەن، — دېدى ۋاڭ ئۇلارغا ئىجازەت بېرىپ.

بۇ يەردە يىگىرمە كېرىلگەن سەككىز ناغرا، ھەربىرى بىر-دىن كالىنىڭ تېرىسىدىن كېرىلگەن تۆت دانە يوغان دۇمبۇل، تۆت دانە كاناي، تۆت دانە سۇناي، سەككىز دانە مىس تەخسىلە-رى يالتىراپ تۇرغان چىغىنەي[1] ناملىق سازلار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇ سازلارنىڭ يېنىدا كونا ناغرا، دۇمبۇل، كاناي، سۇنايلارمۇ پاكىزە سۈرتىلىپ رەتلىك تىزىپ قويۇلغانىدى. بىر نەچچە كىشى دۇمبۇل ۋە ناغرىلارنىڭ قۇرىغان، قۇرىمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بىردەم ئۇنى بىردەم بۇنى چېلىپ كۆرۈشەتتى.

ۋاڭ سەككىز دانە مىس تەخسە ئورنىتىلغان، ئىگىز جاھا-زىلىق چىغىنەينى كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ سازغا قىزىقىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چىغىنەينىڭ چالغۇچىسى بۇ سازنى تونۇشتۇردى: «بۇ ساز مۇشۇ ئوردىدىكى ئەڭ قەدىمىي سازلار-نىڭ بىرى. بۇ ساز ناغرا بىلەن دۇمبۇلغا ماسلىشىپ يېنىك ئەمما يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىدۇ» ۋاڭ يەنە قاتار تىزىۋېتىلگەن غىجەك، بەرباب، راۋابلارنى كۆردى. ئاندىن ئۆچكە تېرىسىدە كېرىلىپ، كۆن نورىغا قاقلاپ قويۇلغان يىگىرمىدەك داپنىڭ يېنىغا كەلدى، ساۋۇر داپ داپلارغا مىس ھالقا ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇ داپ ياساشقا ماھىر ئىدى. ساۋۇر داپ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ ناھايىتى تەمبەل ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئىگىز قەددى سەل

[1] چىغىنەي - سەككىز تەخسىلىك، تۆت پۇتلۇق، تىكلەپ قويۇپ، مىس چالغۇچ بىلەن ئۇرۇپ چالىدىغان چالغۇ.

پۈكۈلگەندەك قىلسىمۇ جۇغدۇن كۆرۈنەتتى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ساۋۇر ئاكا، — دېدى ۋاڭ مېھرىبانلىق بىلەن. ۋاڭ بۇ ئادەمنى خېلى بۇرۇندىنلا تونۇيتتى. ئۇنىڭ قىزىقچىلىقى، گەپدانلىقى ۋاڭنى جەلپ قىلغاچقا بىر قانچە قېتىم ۋاڭنىڭ باراۋەت، مىلىس سورۇنلىرىغا تەكلىپ قىلىنغان ھەم بۇ سورۇنلاردا ئۇ قوشاق توقۇپ، قىزىقچىلىق قىلىپ ھەممىسىنى ھەيران قالدۇرغانىدى.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋاڭ خوجامنىڭ ئالتۇن بويى ئېمەن بولغاي، — دېدى ساۋۇرداپ ئېھتىرام بىلەن بېشىنى ئېگىپ.
— ساۋۇر ئاكام تىرەز تۇرۇپتۇ، — دېدى ۋاڭ.
— خوش ۋاڭ خوجام، رەھمەت جانابلىرىغا، ھەي خوجام، ئەر قاۋۇل چىشى يوق، خوتۇن قاۋۇل چېچى يوق، ئېغىز ھۆركىرەيدۇ، پۇت تىترەيدۇ دېگەندەك، ئادەم دېگەن ياشقا چوڭايغانسېرى چۆكەپ قالىدىغان گەپكەن، — دېدى ساۋۇر ئاخۇن سەل قىزىقچىلىق قىلىپ.
ۋاڭنىڭ ساۋۇر داپنى گەپكە سالغۇسى كېلىپ قالدى.
— ھەي، ساۋۇر ئاكا، توغرا دېمىدىلە، ئەر قاۋۇل قالپىقى يوق، خوتۇن قاۋۇل چىشى يوق، توققۇز تارتىملىق ئۆيى بار، مەلۇمچىسى يوق، دېمەملا، — دېدى ۋاڭ.
بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەسلىدە بىر تەمسىل ۋاڭ دېگەندەك ئېيتىلاتتى. بۇ يەردە ساۋۇرداپ ئېھتىيات يۈزىسىدىن گەپنى سەل ئۆزگەرتىپ ئېيتقانىدى. بۇ كۈلكە خېلىغىچە سوزۇلۇپ بايىقى كۆڭۈلسىزلىكنى كۆتۈرۈۋەتتى.
ۋاڭ خوجامنىڭ ساۋۇرداپنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ پاراڭ سالغۇسى كەپقالغانلىقىنى تۇيغان تەيجىلەر، ياساۋۇللارغا قارىدى. ياساۋۇللار ئېپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغان تەختنى ساۋۇر ئاكىنىڭ

ئالدىغا قويۇپ ۋاڭنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.
ساۋۇر داپنىڭ قولىدا يىلان تېرىسىدە تارتىلغان بىر دانە داپ تۇراتتى.
— پاھ، بۇ داپنى يىلان تېرىسىدە تارتقانمۇ؟
— شۇنداق ۋاڭ خوجام، بىرسى سەرۋەك يايلىقىدىن بۇ يىلاننى ئۆلتۈرۈپ تېرىسىنى ئېلىپ كەلگەنىكەن. جانابلىرىنىڭ قۇتلۇق توي مەرىكىلىرىگە ئاتاپ سېتىۋالغانىدىم. ئىككى دانە داپ چىقتى. ئەسلىدە داپ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندا يىلان تېرىسىدىن كېرىلگەنىكەن.
— ھە، مۇنداق دېسىلە، دەپ كۈلۈپ قويدى ۋاڭ، — سىزگە «داپ» دەپ لەقەم قويۇشمۇ بىكار گەپ ئەمەسكەندە؟
— خوش ۋاڭ خوجام، «داپ» ئەسلىدە مېنىڭ بۇرۇنقى ئەجدادىمنىڭ ئىسمى. شۇنىڭدىن بېرى داپ كېرىش بىزگە ھۈنەر بولۇپ قالغانىكەن. ۋاڭ خوجام بۇ گەپتە بىر رىۋايەت بارلىقىنى پەملەپ يەنە سورىدى:
— «داپ» زادى چالغۇنىڭ ئىسمىمۇ ياكى ئادەمنىڭ ئىسمىمۇ؟
— خوش ۋاڭ خوجام، بۇ ھەقتە پاراڭ قىلساق ناھايىتى ئۇزاقتىن باشلايمىز. ۋاقىتلىرىنى ئەپقويارمەنمىكىن.
— ياق، زىيادە ئىشىممۇ يوق. قېنى ئاڭلايلى، — دەپ تەيجىلەرگە قاراپ قويدى ۋاڭ، — بۇ، سىلەرمۇ ئولتۇرۇپ ساۋۇر ئۇستامنىڭ پارىڭىنى تىڭشاڭلار دېگىنى ئىدى.
ساۋۇر ئۇستام ۋاڭنىڭ پاراڭغا قىزىقىپ قالغانلىقىنى بىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:
— زامانى ئەۋۋەلدە، بىز تۇرۇۋاتقان بۇ زېمىن سۈيى مول، يېرى مۇنبەت بىر جاي ئىكەن. بۇ يەردىكى بىر قەبىلە كىشىلىرى بىر ئاقساقالغا ئىتائەت قىلىدىكەن. لېكىن ئاقساقال

خېلى ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ بالىلىق بولماپتۇ. ئۇنىڭ ياشلىقى ئۆتۈپ قېرىلىققا قەدەم قويغان چېغىدا ئايالى ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن چەكسىز مەمنۇن بولغان ئاقساقال ئايالىنىڭ كۆز يورۇشىنى تەقەززارلىق بىلەن كۈتۈپتۇ. توققۇز ئاي، توققۇز كۈن تولغاندا ئايالى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان بوۋاق يەرنى باغاش ئېتىپ، ھەر تەرەپكە نەزەر تاشلاپ ياتقۇدەك، شۇئان ئۇنىڭغا «قۇچىغۇن» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. بۇ مۇبارەك بوۋاقنى گۇرۇھ - گۇرۇھ جامائەتلەر كېلىپ قۇتلۇقلاپتۇ.

يىللار ئۆتۈپ ئاقساقال ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىپ، ئوغلى قۇچىغۇن يۇرتقا ئاقساقال بوپتۇ. ئۇ ناھايىتى پاراسەتلىك باتۇر بولۇپ كېچە - كۈندۈز قوۋمىنىڭ غېمىنى يەپتۇ. ئاشلىق تېرىپ يەرلەرنى كېڭەيتىپتۇ. چارۋا بېقىپ ماللارنى كۆپەيتىپتۇ. كىشىلەر بۇ توقلۇق، باياشات، خاتىرجەم شارائىتتا تېزلا كۆپىيىپ كېتىپتۇ - دە، يېزىلار كېڭىيىپ، ئۆي - ئىمارەتلەر سېلىنىپتۇ. ئاخىر بۇ جايغا بىر ئىسىم قويۇش زۆرۈر بولۇپ قاپتۇ. كىشىلەرنىڭ كۆپى ھەرخىل ئىسىملارنى تاللاپ كۆرۈپتۇ. ئەمما قۇچىغۇن «قەۋمى مول» دېسەك قانداق دەپ مەسلىھەت قىپتۇ. كىشىلەر بۇ ئىسىمغا قوشۇلۇپتۇ. لېكىن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «قەۋمى مول» دېگەن سۆز «قەۋمۇل» غا يەنە ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «قۇمۇل» غا ئۆزگىرىپ قالغانىكەن.

ئەنە شۇ قۇچىغۇن يۇرت سوراۋاتقان ۋاقىتلاردا ئېتىزلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ تەرەپ - تەرەپكە پەلەك تارتقان بىر ئۈسۈملۈكتىن تۇخۇم چوڭلۇقىدا نۇرغۇن مېۋىلەرنىڭ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنى تېتىپ باقسا ناھايىتى تاتلىق ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن قۇچىغۇن بۇ مېۋىنىڭ ئۇرۇقىنى يىغىپ ئاللادىن بۇ مېۋىنى كۆپەيتىپ بېرىشىنى، دانىلىرىنىڭ يوغان بولۇشىنى تىلەپ ئول-

ئۆرغانىكەن، ئۆيگە بىر مويسىپىت كىشى كىرىپ كەپتۇ. قۇ-
چىغۇن ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ، ئالدىغا داستىخان سالپتۇ.
ھەم ئۆزىنىڭ تىلىكىنى ئېيتىپ مۇڭدىشىپتۇ. ئاخىر ھېلىقى
مويسىپىت كىشى يەتتە تال ئۇرۇقنى قولىدا تۇتۇپ «مۇشۇ يەتتە
دانە ئۇرۇق ساڭا ۋە سېنىڭ ئىلىڭگە بەرىكەت بولسۇن، بۇ يەتتە
دانە ئۇرۇقنىڭ بىرى ياشانغانلارغا، بىرى ئوتتۇرا ياشلىقلارغا،
بىرى ياشلارغا، بىرى دانىشمەن ئۆلىمالارغا، بىرى ئەمەلدار
بەگلەرگە، بىرى مەستۇرە ئايىملارغا، بىرى سەبىي بالىلارغا
خاس بولغاي، نىيىتىڭلار ساپ، خالىس بولغاي، ئۆزئارا ئىناق،
ئىتتىپاق، ئوچۇق قول، مېھماندوست بولۇڭلار» دەپ دۇئا
قىپتۇ. قۇچىغۇن ئاقساقال بەرگەن بۇ يەتتە دانە ئۇرۇقنى ئالا-
ھىدە ساقلاپ يۈرگەنىكەن، ئۇنى تېرىشقا نېسىپ بولمايلا ئالەم-
دىن ئۆتۈپتۇ. بۇ چاغلاردا قۇچىغۇننىڭ ئايالى ئېغىر ئاياغ ئى-
كەن. كۆپ ئۆتمەي ئۇمۇ ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ ئوغۇلنىڭ ئىسمى-
نى «داپ» دەپ قويۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ئوغۇل چوڭ بولۇپ
دادىسىغا ئوخشاش ئوغلان بوپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت
قىپتۇ. دادىسى قالدۇرغان ۋەسىيەت بويىچە ھېلىقى ئۇرۇقنى
تېرىغانىكەن، بىر ئۆسۈملۈك ھەر تەرەپكە پەلەك تارتىپ ئاي-
نىپ، خەمەك سالپتۇ. ئەپسۇسكى، بۇ كۈنلەردە شەھەرنىڭ شى-
مال تەرىپىدىكى ئورمانلىقتا بىر بوغما يىلان پەيدا بولۇپ ئۇچار
قۇشلارنى، جانۇ ـ جانىۋارلارنى دەم تارتىشقا باشلاپتۇ. ئورمانغا
بارغان ئوۋچىلار، مال باققان چارۋىچىلارمۇ يىلانغا يەم بولۇپ
كېتىپتۇ. بۇنى ئۇققان داپ ئوقيا، قىلىچلىرىنى ئېلىپ، بىر
دانە قوي تېرىسىنى ئۈستىگە يېپىنىپ ئورمانلىققا بېرىپتۇ.
بىراق ئىككى كۈنگىچە يىلاندىن شەپە بولماپتۇ. داپ ئاخىر
قارىغاي شېخىنى كېسىۋېلىپ ئۇنى چەمبەر شەكلىدە قايرىپ
ھېلىقى تېرىنى ئۇنىڭغا تارتىپ ئاۋاز چىقىدىغان نەرسە ياساپتۇ.

ھەم ئۇنى چېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇخلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ناخشا
ئېيتىپتۇ. مانا بۇ چاغدا يىلان پەيدا بولۇپ داپقا ئېتىلىپتۇ.
داپ ئوقياسىنى ئاتقانىكەن، يىلانغا تەگمەي باشقا يەرگە سانجى-
لىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا يىلان يەنە ھۇجۇم قىپتۇ. لېكىن داپ
يىلاننىڭ داڭغۇر - دۇڭغۇردىن قورقىدىغانلىقىنى سېزىپ
قاپتۇ - دە، ھېلىقى تېرىنى تاياق بىلەن بولۇشىچە ئۇرۇشقا
باشلاپتۇ. يىلان قورقۇپ تۈگۈلگەن پېتى شاخقا يامىشىۋالغاندى-
كەن، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن داپ قىلىچى بىلەن يىلاننى
چېپىپ ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىۋېتىپتۇ.

بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلغان خەلق چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ داپنى
قۇتلۇقلاپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ھېلىقى مېۋىلەر چوڭلاپ پىشىپتۇ.
كىشىلەر مېۋىگە «قۇچىغۇن» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. مانا بۇ
«قۇچىغۇن» دېگەن ئىسىم بارا - بارا «قوغۇن» غا ئۆزگىرىپ
كەتكەنىكەن.

ۋاڭ ساۋۇرداپنىڭ پارچىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى. زال-
دىكى بارلىق كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ پارچىغا قۇلاق سېلىپ جىمىپ
كېتىشتى. ساۋۇرداپ زېرىكمەستىن ۋاڭ خوجامغا قاراپ -
قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلاتتى، — راستىنلا ھېلىقى يەتتە
تال ئۇرۇقتىن يەتتە خىل قوغۇن پىشىپتۇ. بۇنىڭ بىرسى ياشاد-
غانلارغا خاس بولۇپ بۇ «بېشەك شېرىن» ئىكەن، يەنە بىرى
«جاغدا» بولۇپ ئوتتۇرا ياشلىقلارغا، بىرى «كۆكچى» بولۇپ
ياشلارغا، بىرى «شېكەر سۈيى» بولۇپ مەستۇرە - ئايىملارغا،
يەنە بىرى «چارقوغۇن» بولۇپ بەگ، خوجا، ئەمەلدارلارغا،
بىرى «پوستى پىياز» بولۇپ دانىشمەن ئالىملارغا، بىرى «چىل-
گە» بولۇپ سەبىي بالىلارغا خاس بولۇپ پىشىپتۇ.

داپ ھېلىقى ئۆلتۈرگەن يىلاننىڭ تېرىسىنى سويۇپ، يا-

غاچتىن كەرگە قىلىپ ئۇنى تارتىپ ئاجايىپ لەرزان ئاۋاز چىقى-
دىغان مۇنۇ داپنى ياساپتۇ، — ئۇ قولىدىكى داپنىڭ ھالقىلىرى-
نى ئاستا جىرڭلىتىپ كۆرسىتىپ قويغانىدى، ۋاڭ كۈلۈمسى-
رەپ بېشىنى لىڭشىتتى، - كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەر «داپ»
ئىسىملىك بۇۋىمىزنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇنى «داپ» دەپ
ئاتىغانىكەن، — ساۋۇر ئاكا گېپىنى تۈگىتىپ پېشانىسىدىكى
تەرنى سۈرتتى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بۇ رىۋايەتنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاپ
ساۋۇر ئاكىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا:

— رەھمەت ساۋۇر ئاكا، — سىلى نۇرغۇن نەرسە بىلى-
دىكەنلا، دېگەنلىرى بىر رىۋايەت بولسىمۇ بۇ يەردە داپ ھەققىدىلا
ئەمەس «قۇمۇل» «قوغۇن» ھەققىدىمۇ كىشىنى قايىل قىلارلىق
بىلىم باركەن، — دېدى ھەمدە تەيجىلىرىگە قاراپ پەرمان
قىلدى:

— يۇرتىمىزدا بىر «نەغمە ناۋا ئىشلىرى» ئورنى قۇرۇل-
سۇن. بۇنىڭغا ساۋۇر ئاكام باش بولسۇن، ساۋۇر ئاكىغا ئايدا
ئوردىدىن مائاش بېرىلسۇن، بۇ ئورۇننىڭ تەپسىلىي ئىشلىرى
ھەققىدە تەيجى بېگىملەر ماڭا مەلۇمات يەتكۈزسۇن.

— خوش، ۋاڭ خوجام، پەرمانبەردارمىز، — دېدى
تەيجى بەگلەر.

# ئىككىنچى باب

مېھرىبانۇ «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دەپ قۇرئاننىڭ رەجەپ سىلىنغان بېتىنى ئاچتى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە بامدات نامىزىدىن بۇرۇن ئويغىنىپ ئالدىرىماي تاھارەت ئالاتتى ۋە بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ بىر پارە قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ شۇنداق قىلدى. ئۇ قەغەزدىن گۈل ئويۇپ قىلىنغان رەجەپنى قولىدا تۇتقىنىچە قۇرئاننىڭ ئوچۇق بېتىگە قارىدى. ئۇ «سۈرە مەريەم» گە① كەلگەنىدى. مېھرىبانۇ سەل ئۈننى چىقىرىپ قىرائەت قىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شەبنەمدەك سۈزۈك، ئالتۇن قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئىدى. رىتىملىرى ناھايىتى نەپىس چىقاتتى. ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئايەتلەر ياد بولغاچقا گاھىدا كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ يادقا ئوقۇيتتى.

مېھرىبانۇ بەش يېشىدىن تارتىپلا مومىسىنىڭ تەلىمى بىلەن ئۇششاق ئايەتلەرنى يادقا ئېلىپ بولغانىدى. ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەندە چوڭ دادىسى خوشنىزات ھېكىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بەدەخشاندىن ئالدۇرۇپ كەلگەن غىياسىدىن ئىشاننىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ ئۆيدە ئوقۇتتى. مېھرىبانۇ زېرەك ھەم ئەقىللىق بولغاچقا ئون ئىككى ياشقا كىرگەندىلا قۇرئاننى بىر تاماملاپ بولغانىدى. موللىسى كۆپ ئوقىغان ئالىم

---

① «سۈرە مەريەم» ـ قۇرئاندىكى سۈرىلەرنىڭ بىرى.

ئىدى، شۇڭا ئۇ مېھرىبانۇغا ئەرەبچە، پارسچە تىللارنى ئۆگەت-
تى. كېيىن بۇ موللام ئۆز يۇرتى بەدەخشانغا قايتقىچە مېھرىبانۇ-
غا «ئىلمۇ ئەل تەپسىر»، «ئىلمۇ ئەل ھەدىس»، «ئىلمۇ ئەل
كالام»، «تەپسىر»، «بەيزاۋىنىڭ قۇرئان تەپسىرى»، «خوجا
ھاپىز»، «مەسنىۋى شېرىپ» قاتارلىق كىتابلارنى قالدۇرۇپ
كەتتى. مېھرىبانۇ بۇ كىتابلارنىڭ بەزىلىرىنى بىر، بەزىلىرىنى
بىر نەچچە رەت ئوقۇپ بولدى. ئوتتۇز پارە قۇرئاندىكى بىر يۈز
ئون تۆت سۈرە، ئالتە مىڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئايەتنىڭ كۆپ
قىسمىنى يادقا ئوقۇش بىلەن بىللە، مەنىسىگە چۈشىنىدىغان
بولدى. ئەڭ مۇھىمى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇ
ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىنى، كىشىلەر ئادا قىلىشقا
تېگىشلىك بولغان پەرىزلەرنى بىلىپلا قالماي، بەلكى قۇرئاندىكى
تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەشەببۇسلارنى، ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ھا-
كىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن دىنىي جامائەت ئۈچۈن
تۈرغۇزۇلغان دىنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي،
ھەربىي قائىدە، قانۇن - تۈزۈملىرىنى ئىگىلىۋالدى. ئىسلام
دىنىدىن باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى، بولۇپمۇ يەھۇدىي
دىنى مۇرىتلىرى، خرىستىئان مۇخلىسلىرى بىلەن قىلىنغان
مۇنازىرىلەرنى ئوقۇپ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىل-
دى. يەنە ئۇ قۇرئاندىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا كەڭ تارقىلىپ
يۈرگەن ئەرەب ھېكايىلىرىنى ۋە رىۋايەتلىرىنى، ماقال - تەم-
سىللىرىنى ئۆگەندى. ئۇ ھەر قېتىم قۇرئان ئوقۇپ، ئۇنىڭ
تەپسىرى ھەققىدە مۇتالىئە ئېلىپ بارغاندا جاھاننىڭ قاراڭغۇ
بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا شولا چېچىپ تۇرغان بىر نۇرنى كۆرگەن-
دەك بولاتتى. بۇ نۇر — ئاللاتائالا تەرەپتىن بۇنىڭدىن بىر مىڭ
تۆت يۈز يىل بۇرۇن چۈشۈرۈلگەن ۋەھىي — قۇرئان كېرىم-
دۇر.

مېھرىبانۇ بۇگۈن يەنە چوڭقۇر ئىخلاس بىلەن قۇرئاننىڭ شۇ بەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بولۇپ ياپتى ۋە قۇرئاننى ئىككى قولىدا تۇتۇپ يۈزىگە ياققاندىن كېيىن، يىپەك ياغلىققا ئوراپ، ئۆينىڭ قىبلە تەرىپىگە قويۇلغان كىتاب جاھازىسىنىڭ ئۈستىگە قويدى.

مېھرىبانۇ ئادىتى بويىچە ئۆز ھۇجرىسىدا ئۇخلاۋاتقان ئاپىسىنى ئويغىتىپ قويۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بۇ «ئىلى ھاكىمبەگلىك ئوردىسى» دىكىلەرنىڭ نەچچە كۈندىن بىرى مېھرىبانۇدىنمۇ بۇرۇن ئويغىنىپ ئالدىراشچىلىق ئىچىدە يۈرگەنلىرىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆز ھۇجرىسىدىن سىرتقا چىقىشنى ئانچىلا خالاپ كەتمىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇجرىسىنىڭ ئالمىلىق باغقا قارىغان پەنجىرىسىنى ئېچىپ ياغاچ تىرىگۈچ بىلەن تىرەپ قويدى. بۇ پەنجىرە ئۇستا ھۈنەرۋەننىڭ قولىدىن چىققان ئويما نەقىشلىك پەنجىرە ئىدى. بۇ پەنجىرىنىڭ ئويما گۈللەر تۇتاشتۇرۇلغان ھالقىسىغا ئەينەك ئورنىتىلغان بولۇپ، قالغان جايلىرىنى ياغاچتىن ئويۇپ چىقىرىلغان گۈللەر قاپلاپ تۇراتتى. پەنجىرە ئۈستى بىر قانات تارراق، ئاستى بىر قانات كەڭرەك بولۇپ كەينىگە قايرىپ قويۇلاتتى. پەنجىرە ئېچىلغان ھامان ئالمىلىق باغدىن ساپ ھاۋا بىلەن قىزىل گۈلنىڭ پۇرىقى مېھرىبانۇنىڭ دىماقلىرىغا ئۇرۇلدى. پەنجىرىگە ئۇدۇل جايدىكى ئېتىزغا قىزىل گۈل تىكىلگەنىدى. قىزىل گۈل راسا ئېچىلغان بولۇپ، كېچىچە قىزىل گۈلنىڭ ئىشقىدا سايرىغان بۇلبۇل تاڭ سەھەردە نەگىدۇر غايىب بولغانىدى. مېھرىبانۇ باغ ئىچىگە سەپسالدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن ئۆمەرجاننىڭ سىياقى ئۆتتى. لېكىن ئۇ ئۆز ئۆزىدىن خىجىل بولغاندەك ئالىقانلىرى بىلەن يۈزلىرىنى سىيپاپ بىر ئاھ ئۇردى.

بۇ تېپتىنچ سەھەردە يەنە نەدىندۇر، ئۇچۇپ كەلگەن بىر

بۇلبۇل قىزىل گۈل ئۈستىگە قوندى — دە، يەنە چاڭىلداپ سايراپ كەتتى. مېھرىبانۇنىڭ سۆكۈتكە چۆمگەن قەلبى بىردىنلا سەگىدى. ئۇ كۆڭلىدە قىزىل گۈلنىڭ ئىشقىدا سايراۋاتقان بۇلبۇلنى ئويلاپ قالدى. «توۋا، بۇلبۇل قىزىل گۈلنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرىمەن دەپ ئۇنىڭ ئىشقىدا سايرايدىكەن، سايرايدىكەن، ئەپسۇس، تازا قىزىل گۈل ئېچىلىدىغان چاغدا — سەھەردە ئۇخلاپ قالىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ مەڭگۇ قىزىل گۈلنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرەلمەيدىكەن، بۇ بىر ھېكمەت. بۇنداق ھېكمەت ئىنسانلار ھاياتىدىمۇ بار، ئاھ پەرۋەردىگار، — دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە، — ئاللا بۇيرۇغان ئىشقا بەندىدە نېمە ئامال. پېشانەمگە پۈتۈلگەن تەقدىر شۇ».

بۇ ماكان، بۇ زامان يەنە كېلىپ بۇ ئەۋلاد ئۇنىڭ رىسقىنى يىراق جايلارغا چاچماقچى. ئۇ بۇ ئىشلارغا ئۆزىنىڭ ئامالسىز ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا ھېس قىلىپ ئۆزىنى سۆكۈتتە تۇتتى. «يىغلاپ ـ قاقشاپ كىمگە يامان بولاي، يالۋۇرۇپ، تەلەي تىلەپ نەگە باراي، تۇمۇر مىخنى تاشقا كىرگۈزگىلى بولاتتىمۇ؟ قاراڭغۇغا چىراغ تۇتقاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ بەربىر تاش گۆھەرنى پارچىلاپ تاشلايدۇ» ئۇ شۇلارنى ئويلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا ئەمىن تاپمىدى. ئۇ يەنە كىمنىڭدۇر باغ ئېچىدىن ئىزدىمەكچى بولدى. لېكىن بۇ گەۋدە بۇ باغ ئىچىدىن ئاللىقاچان يوقالغانىدى.

مېھرىبانۇ بىر ھەپتە بۇرۇن ئانىسى سۇمانىخاندىن ئۆزىنى قۇمۇل ۋاڭى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭغا ياتلىق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ بۇ كۈتۈلمىگەن تەقدىرگە ھەيران بولۇپ يىغلىغان بولسىمۇ، ئانىسىغا بىرەر ئېغىز گەپ سۆز قىلمىغانىدى. بۇ بىر يەرلىك خانغا ياتلىق بولۇش مېھرىبانۇنىڭ بەخت ـ تەلىيى كەلگەنلىكىمۇ، ياكى شور پېشانىلىقىمۇ،

بۇنى ئۇ ھېس قىلالمىدى. ئۇ پەقەت ئانىسىنىڭ ھەم خالزات ھېكىمبەگنىڭ «مېھرىبانۇنىڭ پېشانىسىگە شۇنداق پۈتۈلگەن-كەن» دېگەن گېپىنىلا ئېسىدە ساقلىدى. ئۇ گەرچە ئۆمەرجاننى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىش مېھرىبانۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلمىگەنىدى.

مېھرىبانۇ گۈل ھىدى بىلەن بۇلبۇل ناۋاسى قوشۇلۇپ كەتكەن سەھەرگە جىمجىت قاراپ تۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ ئەنە شۇ قۇياش كۆتۈرۈلمىگەن سەھەرگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ئۆز دىيارىدىن ناھايىتى يىراقتا بولغان قۇمۇل شەھىرىنى ئويلىدى. ئۇنى ئەمرىگە ئالماقچى بولغان مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ يۇرت سورايدۇ، مېھرىبانۇ كەلگۈسىدە ئۇنىڭ ئايالى بولىدۇ، ئۇمۇ ۋاڭ جانابلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولىدۇ. ئەلۋەتتە يۇرتنى ئادىل باشقۇرۇپ، خەلقنى پاراۋان قىلىش كېرەك. مېھرىبانۇ تېگى يوق خىياللارغا چۆكۈپ تۇرغاندا ئىشىكنى بىرى چەككەن-دەك قىلدى. ئۇ ئاستا بېرىپ ئىشىكنى ئاچقانىدى، ئاكىسى نۇسرەتبەگ كىرىپ كەلدى. نۇسرەتبەگنىڭ چىرايى سولغۇن كۆرۈنەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ پۈتۈن قەلبىنى قىرىنداشلىق ھىجرا-نى قاپلىۋالغانىدى. ئۇ جىمجىت ھالدا تۆرگە چىقىپ، گىلەم ئۈستىدە يۈكۈندى ھەم بىر پەس يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن مېھرىبانۇغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نەمدەلگەندەك بول-دى... ئاكىسىنىڭ ھەسرەت يېغىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ مېھرىبانۇنىڭ بايىقى بەخىرامان ھالىتى غايىب بولدى. ئاكىسى-نىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭغا مەلۇملۇق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاكىسىغا قاراپ ئۈن - تىنسىز ئۆرە تۇرۇپ قالدى. ئاكىسى زەردە بىلەن سۆز-لەشكە باشلىدى:

— خالزات بەگ بىلەن ئۇرۇشۇپ كەلدىم. ئۇنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇمى ھەددىدىن ئېشىپلا قالماي، بۇ ئوردا - قەسىر-

گىمۇ بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى. ئاڭلىسام، خېنىم سىڭلىم سىزنى، قومۇل ۋاڭىغا تارتۇق قىلماقچى بوپتۇ. ئۇ بۇنىڭ بىلەن نەكويغا يەتمەكچى. سىزنى بىزدىن تىرىك ئايرىۋەتمەكچى. خەق-لەر ئالۋاڭ - سېلىقى تولا، تۆكەي دېسەم ئاشىم يوق. بۇ سېلىقنى تۆكمەستىن، تىرىكلىكتە باشىم يوق — دەپ ئىڭراپ يۈرىدۇ. ئەمدى بىز نېمە دېسەك بولىدۇ؟ سىز نېمە ئۈچۈن نارازىلىق بىلدۈرمەيسىز، جېنىم سىڭلىم، ئاپامنىڭ بىز ئىككە-مىزدىن باشقا نېمىسى بار؟ سىز كەتسىڭىز، نەچچە يۈز چاقى-رىملىق يىراقلىققا بىز قانداق بارالايمىز؟ تارىختىن بېرى بۇ بەگ، گۇڭلار، ئۆلسە ئۆلۈكىنى ئۆز يۇرتۇم دەپ مۇشۇ يەردىن تۇرپانغا ئاپىرىپ كۆمسە، قىزلىرى چوڭ بولسا نەچچە يۈز چاقى-رىملىق يىراقلىقتىكى ۋاڭغا ياتلىق قىلسا، بۇنىمىدىگەن دىشۋار-چىلىق؟ «يول ئازابى گۆر ئازابى» دېگەن سۆزنى بۇ يەردە ئۆلگەن گۇڭ، بەگلەرنىڭ ئۆلۈكىنى تۇرپانغا كۆتۈرۈپ بارغانلار ئېيتقان. ئەمدى سىزنى تۇرپاندىنمۇ يىراق بىر جايغا ياتلىق قىلىۋەتسەك قانداق بولغىنى؟ بۇ يەردىن كەتمەڭ سىڭلىم، كەت-مەڭ، سىزلا چىڭ تۇرسىڭىز نېمە قىلالايتتى، — نۇسرەتبەگ كېيىنكى سۆزلەرنى دەپ بولۇپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ئىككى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ، بىر ھەپتىدىن بېرى ئۆستىرا تەگمىگەن ساقال - بۇرۇتلىرىنى يۆللىۋەتتى. مېھرىبا-نۇمۇ ئىچىدىكى دەرد - ئەلەمى ئۆرلەپ ئۈن سېلىپ يىغلىدى.

نۇسرەتبەگ يەنە يىغا ئارىلاش سۆزلەپ كەتتى:

— خالزاتخانىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ قايسىسى خەلققە يېقىۋاتىدۇ — ھە! ئۇ گۇڭلۇق مەنسىپىگە ئولتۇرۇپلا ئالۋاڭ - سېلىقنى كۆپەيتىپ بۇ ئوردا - قەسىرنى ياساپ چىق-تى. دادىسىنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە گۈمبەز قوپۇرۇپ ئالتۇنلۇق بىنا قىلدى. يەنە بىرمۇنچە ھەشەملەر بىلەن يەكەندىن 40 ئۆي-

لمۇك دەرۋىشنى كۆچۈرۈپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يۇرتنى جەندە كۇلاھلىرىنى كىيىپ، ساپايىلىرىنى شالدىرلىتىپ، تەرىكتاپلىق قىلىدىغان سوپىلار قاپلاپ كەتتى. يەنە تېخى «تاش ئۆستەڭ» نىڭ سۈيىنى كۆزگە ئىلماي «ئاق ئۆستەڭ» چاپتۇرۇپ، خەلقنىڭ قان تەرىنى شوراۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تېخى ئەڭ قاملاشمىغان يېرى خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن چورۇقبەگنى كۆرەلمەي، ئۇ ئۆلىمانىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىۋاتىدۇ. ئۇنى خەلق نېمە دەۋاتىدۇ؟!

مېھربانۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئاكىسىنىڭ بەزى سۆزلىرىگە ئىزاھات بەردى:

— ئاكا، ئۆزىڭىزنى سەل بېسىۋېلىڭ، سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىزنى، ماڭا كۆيۈنۈۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن. شۇ كۈنلەردە مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بەك يېرىم. قېرىنداشنى يەرگە سېلىپ تېرىساق ئۈنمەس، كۆز ياشلارنى دەريا قىلىپ سۇغارساق قانماس. ئەمما، بۇ جاھان ھامان بىر كۈنى مېنى سىزدىن، سىزنى مەندىن ئايرىيدۇ. بۇ ئەلمىساقتىن بېرى شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتقان ئىش. «نېسىۋىسى بولسا كېلەر شامۇ - ئەرەپتىن، نېسىۋىسى بولمىسا كېتەر قاشى - قاپاقتىن» دېگەندەك، مېنىڭ نېسىۋەم «شامۇ - ئەرەپكە» چېچىلغان چېغى. تەقدىرگە تەن بەرمەي بەندىدە نېمە ئامال. ئۆلمىسەكلا كۆرۈشۈپ تۇرىمىز. ئاكا، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، تەقدىردىن كەلگەن ئىشقا رازى بولماقتىن باشقا ئامال يوق. ئەمدى خالزات تاغامنىڭ ئىشىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئوردىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى تۈزەتكەنلىكى ۋە بوۋىمىزنىڭ قەبرىسىگە گۈمبەز قاتۇرۇۋاتقانلىقى يامان ئىش ئەمەس. «ئاق ئۆستەڭ» نى چېپىشقا تۇتۇش قىلغانلىقىمۇ يامان ئىش ئەمەس. سۇنىڭ ئۆزى ھاياتلىقتۇر. سۇ كۆپەيسە ئاشلىقىمۇ كۆپىيىدۇ. بۇ خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش. بىراق

خەلقنىڭ ھالىغا يېقىشى كېرەك ئىدى. بىر يۇرتنىڭ چوڭى بولغان كىشى بارلىق ئىشنى ئادىللىق بىلەن ئويلىشى كېرەك. ئادىللىق ئىنساننىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنىڭ بىرى. مەنسەپ دېگەن ئۇ نامازشامغا تەگدۇر. مەنسەپ تۇتتۇم دەپ ئەلنى ئويلىمىسا بولمايدۇ. مەنسەپ تۇتقان كىشىنىڭ ئەلدىن ئارقىدا قېلىپ ئات چېپىشىمۇ ياخشى ئىش ئەمەس. ئەل يۈگرەپ ئۆتۈپ كەتكەن يولدىن ئۆتۈشىمۇ ئەپ ئەمەس. بىر يۇرت بولسا ئۆزىنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن ھۆسن تاپىدۇ. يۇرتنىڭ باشلىقى ئىلىم ئەھ-لىلىرىنى ئاسرىشى، ئۇلاردىن پايدىلىنىشى كېرەك. ھەممىدىلا ئۆز خاھىشىنى يولغا قويۇش، بۇ ئادىللىق ئەمەس. مۆتىۋەر، ئالىملارنى، ئۆلىمالارنى قارىلاش، ئۇلارنى يوقىتىش كويىدا بولۇش بۇ خەلق بىلەن قارشىلاشقانلىق. ئۇنداقلارنى خەلق قار-غايدۇ. ھەتتا ئۇ ئۆلگەندىمۇ خەلق ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلماي-دۇ. پەيغەمبەر ھەدىسلىرىدىمۇ ئەھلى ئۆلىمالارنى ھۆرمەت قى-لىش ۋاجىپ دېيىلگەن ئەمەسمۇ؟ — نۇسرەتبەگ ياش يۇقى يۈزلىرىنى قارا پوتىسى بىلەن سۈرتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە دەرد ئوتى يالقۇنلاپ تۇراتتى. مېھرىبانۇ ئاكىسىغا يەنە تەس-ەللى بەردى، — يىگىتنىڭ زىننىتى — ئۇنىڭ چىدام غەيرىتى بىلەن مەردلىكىدە، ئاكا، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، باش پاناھىڭ بار بولسا يانغان ئوتقا كىرمەيسەن دېيىشىدۇ. ئويلاپ كۆرۈڭ. خالزات تاغىمىز ئىككىمىزنى گويا ئالتۇن قاچىدىكى گۈلدەك ئاسراپ چوڭ قىلدى. ئۇنىڭ پاناھىدا بىز دادىمىزدىن كىچىك قالساقمۇ ھېچقانداق جاپا - مۇشەققەت تارتمىدۇق. بەل-كى ئالتۇن تاۋاقتا ئاش يەپ، ئالتۇن چۆشەكتە چوڭ بولدۇق. بىز ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشىمىز كېرەك.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئەتىگەنلىك چاي ئۇچۇن داستى-خان، چىنە - چەينەك ۋە قورۇق يېمىشلەرنى كۆتۈرۈپ ئىككى

دېدەك كىرىپ كەلدى. مېھرىبانۇ ئاكىسى بىلەن بىللە ئولتۇ-
رۇپ ناشتا قىلدى.

نۇسرەتبەگ يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەن بولسىمۇ تېخى ئۆيلەنمىگەنىدى. ئۇ يۈزى ئاق، كۆزلىرى يوغان، قاشلىرى قارا، بويى ئېگىز يىگىت ئىدى. نۇسرەتبەگ بىلەن مېھرىبانۇ دادىسىدىن كىچىك قېلىپ، بۇ گۆك — بەگلەر ئوردىسىدا خۇشنىزات گۆك بىلەن خالزاتبەگنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولدى. نۇسرەتبەگنىڭ كۆڭلى يۇمشاق ئىدى. ئەمما ئوقۇشقا كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ئويۇن - تاماشاغا ئامراق ئىدى. مېھرىبانۇ ئاكىسى-نىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۆگىنىشكە قاتتىق بېرىلەتتى. ئۇ تەم-كىن لېكىن باغرى قاتتىق ئىدى. ھازىر ئۇ گەرچە ئاكىسىنىڭ كۆز يېشىغا باغرى ئېزىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ دېگەنلىرى-گە ئانچىۋالا ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى. نۇسرەتبەگ بولسا، شۇ كۈنلەردە كېچە - كۈندۈز سىڭلىسىنىڭ غېمىدە ئىدى. «قىز بالا دېگەن ئاجىز نېمە، ئۆزىگە ناتونۇش يىراق بىر يۇرتتا نېمە كۈنلەرنى كۆرەر. ئوردا دېگەن جەبىر - زۇلۇمنىڭ ئوچ-قى. . .» دەيتتى ئۆز - ئۆزىگە.

* *

ئەتە مېھرىبانۇنىڭ تويى. «گوك - بەگلەر ئوردىسى» نىڭ ھەممىلا يېرى پاك - پاكىز تازىلانغان. رەتمۇ رەت سېلىنغان پېشايۋانلىق قەسىرلەرنىڭ دېرىزە - پەنجىرىلىرى سىرلىنىپ، تاملىرى ھاۋارەڭ ئاقارتىلغان. . . غولجا شەھىرىنىڭ تۆت دەر-ۋازىسىغا تۇتاشقان يوللارنىڭ ياقىسىغا رەتلىك سېلىنغان ئۆي - ئىمارەتلەرمۇ ئاقارتىلىپ، ئىشىك - دېرىزىلەر سىرلانغا-نىدى. ئەسلىدىمۇ بۇ شەھەر ناھايىتى گۈزەل شەھەر بولۇپ،

كوچىلىرى رەتلىك، ھەربىر كوچىنىڭ تۈپتۈز كەتكەن يوللىرى-
نىڭ ئىككى تەرىپىگە ئاق تېرەك تىكىلگەن ۋە ئاق تېرەكلەر
ئالدىدىن كىچىك ئېرىقلار ئېلىنغان. ئاق تېرەكلەر بولـــا
بۆك - باراقسان بولۇپ ئايىنىپ كەتكەنىدى. كوچىلار، كوچىلار-
غا تۇتاشقان ئالمىلىق باغلار، سودا سېتىق رەستىلىرى، ماللار-
نىڭ تۈرى بىلەن ئاتىلىدىغان بازارلار بۈگۈن بۆلەكچىلا قىزىپ
كەتتى. مېھرىبانۇنىڭ قۇمۇل ۋاڭىغا ياتلىق بولىدىغانلىقى توغ-
رىسىدىكى خەۋەر خېلى بۇرۇنلا بۇ شەھەرگە پۇر كەتكەنىدى.
ئۇزۇن يىللاردىن بېرى «گۆك - بەگلەر ئوردىسى» دا
ساقلىنىۋاتقان ناغرا، كاناي، سۇنايلار ناغرىخانىغا ئېلىپ چىقىل-
دى. ناغرا كاناي ۋە سۇناي چالىدىغانلار ئوخشاش يوللۇق بەقە-
سەمدىن ئۇزۇن چاپان كىيگەن، بەللىرىگە قىزىل پوتا باغلىغان،
باشلىرىغا قارا جىيەك تۇتۇلغان جىگەررەڭ دۇخاۋا دوپپا كىيگەن
ھالدا شەھەر خەلقىگە تويدىن بىشارەت بەرمەكتە ئىدى.
گۆك - بەگلەر ئوردىسىدىكى چوڭ سارايلارغا گىلەملەر،
گىلەم ئۈستىگە تامنى چۆرىدەپ ئەتلەس كۆرپىلەر سېلىنىپ،
كۈمۈش، مىس شامدانلارغا شاملار سانجىلىپ مېھمانلارنى كۈتۈ-
ۋېلىشقا ۋە توي مەشرەپلىرىگە تەييارلىق قىلىنماقتا ئىدى. ئاش-
خانىلارنىڭ ئالدىلىرىدا قوي، كالا، تۆگە، ئات ، تايلار سويۇ-
لۇپ، ئاشخانىلارغا توشۇلماقتا.
ياغلىقلىرىنى پېشانىسىگە چۈشۈرۈپ كەينىدىن چىڭگىدە
چىگىۋالغان، ئالدىغا ئاق، پۈرمىلىك پەرتۇقلارنى تاقىۋالغان
قىز - ئاياللار تونۇر - تونۇرلاپ يېقىلغان نان - توقاچلارنى،
تۈرلۈك يەل - يېمىشلەرنى تەخسە، لىگەنلەرگە تىزىپ تەييارلى-
ماقتا.
قۇمۇل ۋاڭى تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن سالاپەتلىك ئاخۇنلار،
چىرايلىق كىيىنگەن خېنىملار، ئاپپاقلار، بىر قانچىلىغان

ھۆجرا، سارايلارنى ئىگىلەپ، بىر تەرەپتىن مېھرىبانۇغا ھەم ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالاملارنى ئەتە توي كۈنى قويۇشقا پەتنۇسلارغا سېلىپ تەييارلىق كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتىن خالزاتبەگنىڭ ئادەملىرى بىلەن كېلىشىپ توققۇز كۈنلۈك توينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى كېڭەشمەكتە.

مېھرىبانۇنىڭ ئانىسى سۇمانىخان كۆزلىرىدە ياش، ئاغزىدا كۈلكە، كۆڭلى بىر قىسما بولغان ھالدا توي تەييارلىقىنى كۆز-دىن كەچۈرمەكتە. ئۇ ئۈستىگە ئەنجان سودىگەرلىرىدىن سېتىۋالغان چىرايلىق كۆڭلەك كىيگەن، بېشىغا نەمەنگان رومىلى سالغانىدى. سۇمانىخان يۈزلىرى سوزۇك، قاش - كىرپىكلىرى قارا، كۆزلىرى خۇمارلىق چىرايلىق ئايال ئىدى. ئۇ تىلى تاتلىق، سۆزمەن بولۇپ ئاق كۆڭۈل ئىدى. ئۇ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن شۇنچە يىللاردىن بېرى ئىككى بالىسىغا ھەم ئاتا ھەم ئانا بولۇپ ئۆتتى. سۇمانىخان قۇمۇلدىن كەلگەن مېھمانلارغا ناھايىتى ياراپ كەتتى. ئۇ بۇ مېھمانلارنىڭ ھەممىسىنىلا قۇدىلىرىم دېيىش بىلەنلا قالماي، ئەرلەرنى بەگلىرىم، ئاياللارنى ئاغىچىلىرىم دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. مېھمانلار كەلگەن كۈندىن باشلاپلا ئۈچ ۋاقلىق تاماقنى ئۆزى باش بولۇپ ئەتتۈرۈپ ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلدى.

سۇمانىخان گەرچە يالغۇز قىزىنىڭ يىراق بىر ئوردا قەسرىگە كېتىۋاتقانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ تۇرسىمۇ لېكىن ئۇ قىزىنى بىر يەرلىك خانغا ياتلىق قىلىدىغانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خالزاتبەگنىڭ ئېيتىشىچە، مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ناھايىتى سالاپەتلىك، ئەقىللىق، ياخشى ئادەم ئىكەن. قۇمۇل دىيارىمۇ پۇقرالىرى مۆمىن، ئاۋات بىر يۇرت. قۇمۇلدىن كەلگەنلەرنىڭ سوۋغا - سالاملىرىمۇ بەگ - گۇڭلار ئوردىسىدىكىلەرنى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى. بۇ

سۇمانىخاننىڭ ۋە قىزىنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن مېھرىبانۇنىڭ يېشى چوڭ بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئۆزلەرىنىڭ بەگلىك جەمەتىدىن تۇزۇكرەك بىر لايىق چىقمىدى. ناۋادا مېھرىبانۇنى يالاڭ تۆش دېھقاننىڭ ئوغلى ئۆمەرگە ياتلىق قىلسا بۇ بەگ ـ گۇڭلار ئۇچۇن نومۇسلۇق ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئارا يىراق بولسىمۇ بىر يەرلىك خانغا مېھرىبانۇنىڭ ياتلىق بولۇشى ئىلى گۇڭ ـ بەگلىرى ئۇچۇنمۇ شان ـ شەرەپ، ئىززەت ـ ھۆرمەت. سۇمانىخان شۇلارنى ئويلىغان ھالدا كۆڭلىنى توختىتىپ، دەرھال توي تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. ھەم قىزىغا چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ ئۇنىڭمۇ ماقۇللۇقىنى ئالدى. لېكىن ئانا دېگەن ئاندە! ئۆز باغرىنى يېرىپ چۇشكەن بىر تال قىزىدىن ئايرىلىش ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى سۇمانىخانغا بۇ ئايرىلىش تولىمۇ ئېغىر تۇيۇلىۋاتاتتى. ئۇ كېچىلىرى يېتىپ ئويلىناتتى. . . ئەمدى ئۇ قىزىنى كۆرەلمەيدۇ. قىزى يەرلىك بىر خاننىڭ ئىلكىگە ئوتۇپ كېتىدۇ. ئۇ شەھەردىن بۇ شەھەرگە كەلمەك ئاسانمۇ؟ ئۇنىڭ خىياللىرى شۇ يەرگە كەلگەندە ئوردا ھەققىدە ئويلاپ قالدى: «ئوردا دېگەن ھەق بىلەن ناھەق ئۇرۇشىدىغان بىر ئورۇن. ھەق دېمەك ئاچچىق يېمەكتۇر» سۇمانىخاننىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە بېشىنى ئىككى تەرەپكە چايقاپ ئېغىر تىنىپ قويدى. ئۇ خىيالىدا يەنە «قىزىم ھەقىقەتەن خانغا لايىق قىز بولدى» دەپ ئويلايتتى. چۇنكى قىزىنىڭ تەمكىن يۇرۇشى ـ تۇرۇشى، ئاقىلانە سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئانىسىنى ھەتتا بۇ ـــ گۇڭ ـ بەگلەر ئوردىسىدىكىلەرنى قايىل قىلاتتى.

شۇ كۇنلەردە، بۇ ئانا ـ بالا ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر بىر مېھر ـ مۇھەببەت بارلىقىنى تېخىمۇ بەك ھېس قىلدى. مېھرىبانۇ ئانىسىدىن كىچىك قالغاچقا

پۈتۈن مېھىر - مۇھەببىتىنى بىرلا ئانىسىغا ئاتىغانىدى. ئانا قىزىنى گويا چىرايلىق بىر غۇنچىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئىززەت ۋە مېھىر - مۇھەببەت بىلەن چوڭ قىلدى. ئۇ بىر قىز، بىر ئوغلى بىلەن ھەممە نەرسىسى تەلدەك كۆڭلى پۈتۈن تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىككى بالىسى ئىككى تۆۋرۈك ئىدى.

ئەپسۇسكى، ئانىلارنىڭ قىزلىرىدىن ئايرىلىشى تەبىئىي ھال. بۇ مەڭگۇ شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى جۇپلۇك يارالغان بۇ دۇنيادا قىزلارنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىن، ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ يات بىر ئائىلىگە بېرىشى ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. شۇڭا قاچان بولمىسۇن ھەممە ئاتا - ئانىلار باغرىغا بېسىپ چوڭ قىلغان قىزلىرىنى يات ئەرنىڭ باغرىغا ئۇزىتىپ قويىدۇ. بۇنى ئويلىغاندا سۇمانىخانىنىڭ كۆڭلى بىر ئاز ئارام تېپىپ قالدى.

* . *

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مېھرىبانۇ قىزلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ھامماملغا چۈشتى. ھاممامدىن چىقىپ قىز قولدىشى ئۇنىڭ چېچىنى يېلىم سۈيى سۈرۈپ تارىدى. ئۇنىڭ تال - تال چاچلىرى قاپقارا، پارقىراق ئىدى. ئىككى تال ئۆرۈلگەن، ئىككى توم چاچ مېھرىبانۇنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭكىگە ئوخشاش سۈزۈك يۈزى ھاممام سۈيىدە سەل - پەل قىزىرىپ قالغانىدى. ئوڭ قېشىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە، بۇرنىنىڭ ئۈستىدە ۋە مەڭزىنىڭ يان تەرەپلىرىدە بىر نەچچە تال چېچەك ئىزى بار ئىدى. ھاممامدىن چىققاندىن كېيىن بۇ چېچەك ئىزلىرى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مېھرىبانۇ ئەينەككە قارىغانىدى، ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ چېچەك ئىزلىرى ئۇنى

خېلىلا مەتلەشتۈرۈپ قويغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئامال قانچە؟

مېھرىبانۇنىڭ تۆت ياش چاغلىرى ئىدى. بۇ يۇرتتا چېچەك ئاپتى يامراپ كەتتى. بالىلىرىغا چېچەك چىقىپ قېلىشىدىن قورققان سۇمانىخان ئوردا مەھەللىسىدىن بالىلىرىنى دەسلەپتە «كۆرە دەرۋازا» تەرەپكە، ئۇ يەردىمۇ پالانچىنىڭ بالىسىغا چېچەك چىقىپتۇ دېگەننى ئاڭلىغاندىن كېيىن «دولان دەرۋازا» تەرەپكە، ئۇ يەردىمۇ چېچەك يېتىپ كەپتۇ. دېگەن ھامان «سۇ دەرۋازا» تەرەپلەرگە يۆتكەپ يۈردى. لېكىن ئامال بولمىدى. ئىككى بالىسىغا تەڭلا چېچەك چىقتى. تېۋىپلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن سۇمانىخاننىڭ ئىككىلا بالىسىنىڭ چېچەكلىرى ساقايغان بولسىمۇ مېھرىبانۇنىڭ يۈزىدە ئەنە شۇ چېچەك ئىزلىرى قېپقالدى. شۇ چاغدا شەھەردە نۇرغۇنلىغان بالىلار چېچەكنىڭ بالايىئاپىتىدىن ئۆلۈپ كەتكەنىدى. سۇمانىخان بولسا بالىلىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتمىگەنلىكىگە شۈكۈر قىلدى.

— سىزنىڭ كۆزلىرىڭىز بەك چىرايلىق ھەم ئوتلۇق، - دېدى يېنىدا ئولتۇرغان قىزلاردىن بىرى. مېھرىبانۇ كۈلۈمسىرەپ قويدى. يەنە بىر قىز بۇ سۆزنى تېخىمۇ تولۇقلاپ:

— ئۇلۇغ شائىر ئەلشىر نەۋائىنىڭ «ئادەم كۆركى يۈزدۇر، يۈزنىڭ كۆركى كۆز» دەپ يازغىنىدەك قاپقارا ئەگمە قاشلىرىڭىز ئاستىدىكى بۇلاقتەك خۇمار كۆزلىرىڭىز پۈتۈن تۇرقىڭىزنىڭ سۇبھىي نۇرى، — دېدى.

— رەھمەت قىزلار، رەھمەت، ئادەمنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ يۈزىدىمۇ ئەمەس، كۆزىدىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قەلبىدە، مېنى ماختاپلا كەتتىڭلارغۇ، — دېدى مېھرىبانۇ.

بىر قىز يەنە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ كەتسىڭىز، سىزنى قاچانمۇ كۆرەرمىز.

— بارساڭلار ئالدىڭلارغا چىقىمەن، سىلەرنى كۆرگۈم كەلسە، پات - پات كېلىپ تۇرىمەن. ئات مىنەلەيدىغىنىمنى بىلىسىلەرغۇ؟ — دېدى مېھرىبانۇ.

دەل شۇ چاغدا ئوردىنىڭ ناغرىخانىسى ئۈستىدىن ناغرا ئاۋازى ياڭرىدى. ناغرىغا بىر دەم كاناي، بىردەم سۇناي تەڭكەش بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن قىزلار جىمىپ قېلىشتى.

مېھرىبانۇ يۇزىگە ئازراق ئۇپا سۇرگەندىن كېيىن چىرايلىق تىكىلگەن ئەۋرىشىم كۆڭلىكىنى كىيدى. پۇتىغا روسىيىدىن كىرگەن پارقىراق تۇپلىيىنى كىيدى. ئۆيدە قىزلار ئولتۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى.

قىز قولدىشى بىبى سارە ناھايىتى چاققان، كېلىشكەن قىز ئىدى. ئۇ دۇتار چېلىشنى، ناخشا ئېيتىشنى بىلەتتى. ئۇنىڭسىز تويدىكى قىزلار ئولتۇرۇشى قىزىمايتتى. بۇگۈنمۇ ھەممە قىزلار بىبى سارەگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرشاتتى. بىراق ئۇ دۇتارنى ئالدىراپ قولىغا ئالمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ مېھرىبانۇنىڭ قۇمۇل ۋاڭىغا ياتلىق بولۇشىغا كۆڭلىدە نارازى ئىدى. ئۇ «ئەر تېپىلمىغاندەك بۇ يۇرتتىن ئاتلاپ بىر خوتۇن ئالغان قېرىغا تەگمىسە نېمە بولاتتى. ئۆمەرجانغا ئۇۋال قىلىدىغان بولدى - دە،» دەپ ئويلايتتى. لېكىن ئۇ قىزلارنىڭ «جىمىپلا كەتتىڭغۇ، نېمە بولدۇڭ» دېگەن سوئالىغا «كۆڭلۈم يېرىم» دەپلا قويايتتى. مېھرىبانۇ بۇنى ئاللىقاچان تۇيغانىدى. شۇڭا دوستىغا ھېچ نەرسە دېمىدى. بىر نەرسە دېدىمۇ بولدى، بىبى سارەنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كېتەتتى. مېھرىبانۇ قانداقتۇر بىر مىسكىن قىياپەتتە دوستىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قارىشىدىن «ھەرقانچە نارازى بولغىنىمىز بىلەن بىكار، ئىش پۇتتى. ھەممە تويلاردا خۇشال - خۇرام ئولتۇرۇپ تويلارنى قىزىتىسەن. ئەمدى ماڭا كەلگەندە شۇنداق قىلامسەن، قېنى بىزنىڭ كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولۇپ، جان دوستلاردىن بولغىنىمىز» دېگەن مەنىلەر چىقىپ تۇراتتى. بىبى سارە دوستىغا قاراپ

بىردىنلا ئېرىپ قالدى ۋە پىل چىشى بىلەن نەقىشلەنگەن دۇتارنى قولىغا ئېلىپ ئاۋۋال سازلىدى. ئاندىن شوخ بىر ئىشتىياق بىلەن چالدىكى، ھەممىسى تىپتىنچ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ناخشىسىنى تىڭشىدى:

بۇۋاپا بوگۇن بارۇر،
ئەتە ئۇنىتار يارىنى.
ئادىمى ھەرگىز ئۇنۇتماس،
كۆڭۈل بەرگەن يارىنى.
قانداق كىشى كېتەر ئىكەن،
يارىنى تاشلاپ.
مەيلى بولسا ئېلىپ كېتەر،
ئۆيىگە باشلاپ.

قىزلار بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرەشتى. مېھرىبانۇ مەيۈس ھالدا بىبى سارەگە قاراپ «بولدى قىل» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى.

قانداق قىلاي، نىچۈك قىلاي،
كېتىپ بارسىڭىز.
كۆيەر ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
ئۇنتۇپ قالسىڭىز.

بۇ بېيىتنى بىبى سارە ئۆزى ئۇچۇن ئېيتقاندەك قىلاتتى. قىزلارمۇ ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ مېھرىبانۇغا قاراشتى. شۇ چاغدا قىزلاردىن بىرى «ھەي دوستۇم، گۈلەمخانغا چالە، ئۇسسۇل ئوينايلى» دەپ قالدى. بىبى سارە بۇ قىزنىڭ تەلىپى بىلەن بىردىنلا پەدىنى «گۈلەمخان» غا يۆتكىدى:

گۈلەمخانىنىڭ قوش پۆپۈكى،
يەرگە تېگەمدۇ؟
ئۇنبەش ياشقا كىرمەي تۈرۈپ،
ئەرگە تىگەمدۇ.

گۈلەمخانىنىڭ تۇرغان يېرى،
ئويمان بۇلاقتۇر.
گۈلەمخانىنى زورلاپ ئالغان،
شاڭيۇ چولاقتۇر.

گۈلەمخانىنىڭ كىيگەن ئەتىنى،
تاش پېشى سولجۇر.
قېرى بىلەن ياتماڭ ھەرگىز
ساقىلى سانجۇر.

گۈلەمخېنىم ئوبدان بالا،
چېچى ئاز ئىكەن.
گۈلەمخانىنى ئالغان شاڭيۇ،
تۆتەك تاز ئىكەن.

راسا ئۇسسۇلغا چۈشىدىغان بۇ ئاھاڭ قىزلارنىڭ تاپىنىنى قىزىتىۋەتتى. ھەممىسى بىر بىرلەپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. بەزىلىرى بىبى سارەگە جور بولۇپ ناخشا ئېيتتى:

قارا كۆڭۈل زالىم شاڭيو،
ئالدىرىما تېخى.
بوينۇڭدا بار گۈلەمخانىنىڭ
قىزىل تىرنىقى.

— ھەي، ھەي، توختاڭلار، — دېدى بىرى ۋارقىراپ، — ئامبال، شاڭيۇ، بەگ، گۇڭ دېگەنلەر ھەممىسى بىر گەپ، ھەممىمىز ئوردىغا تىقىلىۋېلىپ، شاڭيونى تىللىساق باشقا ئۆيلارنىڭ مۇڭگۈزىگە دەز كەتمىسۇن!

— ۋاي، خۇدايىم راست دېدىڭ دوستۇم. خالزات بەگ ئاڭلاپ قالمىسۇن يەنە.

مېھربانۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— چېلىۋېرىڭلار، ئۇ دېگەن خەلق ناخشىسى، — دېدى.

ئۇسسۇلغا چۈشمىگەن بىرمۇ قىز قالمىدى. قىزلار ئولتۇ- رۇشى راسا قىزىدى. مېھربانۇنىڭمۇ كۆڭلى ئېچىلىپ قالغان- دەك بولدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە نىكاھ ئوقۇش باشلاندى. قۇمۇل ۋاڭى ئەۋەتكەن سالاپەتلىك داموللام نىكاھ ئوقۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان ئىلىلىق داموللامنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ، ئالتۇندىن قۇببە قىلىنىپ ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان غىلابىنىڭ ئىچىدىن يالتىراپ تۇرغان كۈمۈش شەمشەر[1] نى ئېلىپ:

— ئۇلۇغ مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ جانابلىرىنىڭ كىچە - كۈندۈز ئۆز يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان شەمشىرى . بۇ شەمشەر ۋاڭ جانابلىرىغا ۋاكالەتلىك قىلىدۇ، — دېدى.

ئىلىلىق داموللام «خوش» دېگىنىچە شەمشەرنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ پېشانىسىغىچە كۆتۈردى. ھەم مۇزدەك بېسىنى لىۋىگە تەگكۈ- زۈپ ئاستا ئالدىغا قويدى. ئاندىن نىكاھ ئوقۇشنى باشلىدى.

بۇ توي ئىلىدا توققۇز كۈن ئېلىپ بېرىلدى. ناغرا ئاۋازى كېچە - كۈندۈز ياڭراپ تۇردى. ساراي - سارايلاردا، ئوردىنىڭ خاس باغلىرىدا مەشرەپ، تاماشا قىزىپ كەتتى. نۇسرەتبەگ بولسا كۈندە شاراب ئىچىپ مەست يۈردى.

---

① شەمشەر - مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ نىكاھ ئوقۇشتا شەمشىرىنى ئەۋەتكەنىدى. بۇ تارىختا شۇنداق خاتىرىلەنگەن. بۇ شەمشەر ھازىر خان سارىيىدا ساقلانماقتا.

# ئۈچىنچى باب

تويىنىڭ ئون بەشىنچى كۈنى قومۇلدىن توي تارتىپ كەلگەن-لەرمۇ، ئىلىدىن توي تارتىپ قومۇلغا بارىدىغانلارمۇ قىزنى كۆچۈرۈپ مېڭىش تەييارلىقىنى پۈتتۈردى.

تۆت ئات قوشۇلغان تۆت چاقلىق يوغان هارۋىلار تەييار قىلىندى. ھەربىر هارۋىغا بىردىن چىراغ ئېسىلدى. يىگىرمە هارۋىغا ۋاڭغا ئەۋەتىلگەن سوۋغىلار ۋە مېھرىبانۇغا تەئەللۇق نەرسىلەر قاچىلانغانىدى. يەنە بىر نەچچە هارۋىغا يولدا مەنزىر-لىك جايلاردا ئارام ئېلىش ئۈچۈن بارگاھ قۇرۇشقا چېدىرلار ۋە يەنە كىرەكلىك نەرسىلەر بېسىلدى. قالغان قىرىق هارۋىدا توي تارتىپ كەلگەن ۋە توي كۆچۈرۈپ ماڭغان مېھمانلار ئولتۇرۇشتى.

مېھرىبانۇ مەخسۇس بېزەلگەن مەپىگە ئولتۇردى. خالزات ھېكىمبەگ ئىلقىدىن خىللانغان يىگىرمە ئاتنى ئالدۇرۇپ كې-لىپ، ئىگەر - جابدۇقلىرىنى ئوخشاش ياسىتىپ، يىگىرمە پالۋانغا ئوخشاش كىيىم كىيدۇرۇپ مۇھاپىزەتچىلىككە قويدى.

توي كۆچۈرۈپ ماڭغۇچىلار خۇدانىڭ ياخشى كۈنلىرىدىن بىرى بولغان چارشەنبە كۈنى ئەتىگەندە يولغا چىقىشتى. ئۇلارنى كۈرە دەرۋازىسىغا يىغىلغان نۇرغۇن ئىلى خەلقى ئۇزىتىپ قوي-دى. مېھرىبانۇنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرى ئەلگە ئايان بولغاچقا خەلقنىڭ كۆپى كۆز يېشى قىلىشتى. ئۇنىڭ ئانىلىقى ئۈچۈن

چاچقۇلار چاچتى. مېھربانۇنىڭ كـويـىـدا يۈرگەن ئىلىنىڭ مەن . . . مەن . . . دېگەن يىگىتلىرى كۆڭۈل ئـەركـىـدە ھەسرەت چېكىشتى.

ياز ئېيى باشلانغان بۇ كۈنلەر يول يۈرۈشكە خېلى قۇلايلىق ئىدى. يامغۇر ياكى جۇدۇن - چاپقۇنمۇ بولمىدى. يول بويلىرى يېشىللىقتا، تاغ ئۈستى ۋە تاغ باغرىلىرى تاغ گۈللىرىگە پۈركەن-گەنىدى.

مەنزىل ئۇزۇن بولـىسمۇ هارۋىلار پۇختا، ئاتلار تىمەن بولغاچقا ئانچە مۇشەققەت كۆرۈلمىدى. ئۇلار ئادەم بار يېزا كەنتلەردىن ئۆتكەندە قىبرى - ياش ھەممەيلەن مېھربانۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن چاچقۇلار چاچتى. نان، گۆش، ئۇسسۇلۇقلارنى تىزىپ ئۇلارنىڭ ھـالـىـدىـن خەۋەر ئېلىشتى.

تەلكىنىڭ داۋانىدىن پەسكە قاراپ ماڭغاندا قاش قارايغان چاغ بولۇپ قالغانىدى. چىراغلار يېقىلدى. تەييارلىق ئۈچۈن ئالدىن كەتكەنلەر سايرام بويىغا چېدىر بارگاھ قۇرۇپ بۇ يەردە بىر كېچە ئارام ئېلىپ ئەتىسى يولغا چىقماقچى بولۇشقانىدى. تاغنىڭ سەلكىن شامىلى كۆڭۈلگە ئارام بېرەتتى. تاغ ئارىسىدى-كى يېقىنلا بىر جايدىن يېقىملىق بىر ناخشا ئاۋزى كۆتۈرۈلدى. بۇ ھەسرەت - نادامەتتە يۈرەكلىرى پارە - پارە بولغان بىر يىگىتنىڭ مۇڭ زارى ئىدى:

تەلكىنىڭ داۋانىدىن،
ئېتىڭنى قامچىلاپ ئۆتتۈڭ.
گېپىڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق،
يۈرەككە ئوت سېلىپ ئۆتتۈڭ.

ئالدىدا كېتىۋاتقان ھارۋىلارنىڭ بىرىدە ئولتۇرغان سالاپەت-

لىك بىر كىشى ئاستا پىچىرلاپ شۇنداق دېدى: «مۇھەببەت مەستانىلىرى مەستلىكىدىن يېشىلگەندە ئۆزىنىڭ چۆلدە قالغانلىقىنى سېزىدۇ. بۇنىڭ ئازابى ھەممىدىن يامان» ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان توغلۇق تۆمۈرخان ئەۋلادلىرىدىن بولغان غۇرورى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ مۇنداق دېدى: «مۇھەببەتلىك كۆڭۈلنى ھەرگىز زېدە قىلماسلىق كېرەك. زېدە قىلىش بۇ نادانلىقتۇر. كىشى جۇدالىق دەشتىنى يۈز يىل كېزىپ، بىر قېتىم يارىنىڭ ۋىسالىغا يەتسە، تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرى كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ» ھارۋىدا ئولتۇرغانلار بۇ جىمجىت ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرىگە قىزىقىپ قالدى. ھەممىسى قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، «بۇ ئالىملار يەنە نېمىلەر دېيىشىدىكىن» دەپ ئۇلارغا قاراشتى.

ناخشا يەنە كۆتۈرۈلدى:

بارسەن بىر - بىر بېسىپ،
تامچە سۇدەك ئايرىلىپ.
مۇنچىمۇ باغرىڭ قاتۇرمۇ،
باقمىدىڭ بىر قايرىلىپ.

بۇ ئاۋاز مېھرىبانۇغا تونۇشتەك بىلىندى. ئەمما يېنىدىكى بى بى-سارە ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىدى. مېھرىبانۇ دىققەتتە بولۇپ مەيسىنىڭ ئەينىكىگە تارتىلغان پەردىنى قايرىپ ئەتراپقا قاردى. تەلكە تېغىنىڭ ئېتەكلىرىگە يېيىلىپ، شىغىرىتمىلاردا ئەكس ئەتكەن كۈنىنىڭ قىزدۇرغۇچ نۇرلىرى ئاللىقاچان يوقىلىپ گۇگۇم قوينى قۇچاق ئاچقانىدى. مېھرىبانۇنىڭ بىردىنلا ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ قالدى. گەرچە ئۆمەرجان مېھرىبانۇدىن ناھايىتى تۆۋەن ئورۇندا تۇرسىمۇ شۇ تاپتا ئۇنىڭ

يۈرەك تۇيغۇسى ئۇنى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ھەتتا گۈزەل قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىئاراملىققا تولدى.

دوستىنىڭ كەيپىياتىنى بىلگەن بى بى سارە «ساپ مۇھەببەت قەدىرلىكتۇر» دەپ ئۇنىڭ يۈرىكىگە تېخىمۇ ئوت ياقتى. «گېپىڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق، يۈرەككە ئوت سېلىپ ئۆتتۈڭ» راست. مېھرىبانۇ نەچچە رەت ئالمىلىق باغدا ئۆمەرجان بىلەن ئۇچراشقانىدى. ئۆمەرجان باغقا سۇ باشلىغاندا مېھرىبانۇ باغ ئىچىدە سەيلە قىلىپ يۈرەتتى. ئۆمەرجاننىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى مېھرىبانۇنىڭ يالقۇنلۇق قەلبىگە تىكىلگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مېھرىبانۇ تالاي كۈنلەرگىچە ئۆز باغرىدا لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتا كۆيۈپ يۈردى. ئۇلار ئىككىنچى قېتىم يەنە شۇ باغدا ئۇچراشقاندا ئۆزئارا سالاملاشتى. ئۆمەرجان ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئۆمەرجان گۈڭ - بەگلەر ئوردىسىنىڭ باغلىرىغا قارايدىغان يىللىقچىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ خۇشخۇي، قامەتلىك، جۇغدۇن تۇرقى بىلەن بىردىنلا مېھرىبانۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزئاقىچە سۆزلىشىش، پات - پات ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇ بىر نەچچە قېتىملىق ئۇچرىشىشمۇ بىر مەھەل «گۈڭ - بەگلەر ئوردىسى» غا يېيىلىپ باشقىلارنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغانىدى. بۇنى ئاڭلىغان سۇمانىخان قىزىنى ۋەز - نەسىھەتكە كۆمۈۋەتتى. «بۇ بىر نامەھرەملىك، بويىغا يەتكەن قىزلار ئوغۇللار بىلەن پاراڭ سېلىشسا شەرىئەت راۋا كۆرمەيدۇ» ئانىسىنىڭ سۆزى مېھرىبانۇنى قايمۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇ ئۆزىنى خاتا قىپتىمەن دەپ ئەيىبلىدى. لېكىن قەلبىدىكى يالقۇن تېخى پەسەيمىگەنىدى.

ئۇلار سايرام بويىدىكى چىمەنلىككە چېدىر تىكىپ، بۈگۈن كېچىنى مۇشۇ مەنزىرىلىك ئاي دالادا ئۆتكۈزدى. ئاتلارنى ئوتلاققا قويۇپ بېرىپ ھەممىسى ئۆز ئارامگاھلىرىنى ئىگىلىگەندە

مېھربانۇ ئاستا چىقىپ، سايرام بويىدىكى قورام تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سايرام كۆلىنىڭ سۈپسۈزۈك تىنىق رەڭگىگە قارىغىنىچە خىيال سۈردى. تولغان ئاينىڭ شولىسى كۆل ئۈستىدە جەۋلان قىلاتتى. كۆلنىڭ شورلۇق سۈيى نەچچە مىڭ يىللىق ئويقۇدىن تېخى ئويغانمىغاندەك تىپتىنچ ئىدى. مېھربانۇنىڭ خىياللىرى سايرام كۆلىدىنمۇ بەكرەك چوڭقۇرلىشىپ كەتتى. «ئادەم دېگەن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىش قىلىش كېرەكتىغۇ، ئادەمنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۆز ئىلكىدە قارارىنى تاپمىسا، بۇ جاھاننىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى نەدە قالىدۇ. جاھان ئادەمگە، ئادەم جاھانغا يۈك بولۇپ قالامدۇ؟ . . . »

ئۇ كۆرە دەرۋازىسىدىن چىقىش ئالدىدا تۇرغاندا بىر توپ ئاتلىق يىگىتلەر دۈپۈرلەپ كېلىپ ئۇلارنى ئايلىنىپ ئۆتتى ھەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن نۇسرەتبەگ مەست ھالەتتە ئاتتىن چۈشۈپ مېھربانۇنىڭ مەيسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ «تەڭسىز جاھان سىڭلىمنى مەندىن ئايرىۋەتتى! خالزات دېگەن مۇناپىق سىڭلىمنى قۇمۇل ۋاڭىغا مەنسەپ، ئابرۇينى كۆزلەپ بېرىۋەتتى. ئادەم بۇ كۆنلەرگە قانداق چىدايدۇ!» دەپ غۇۋغا كۆتۈرگەندى. . . مېھربانۇ شۇلارنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ قىلغانلىرىنى ھەق دەپ بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئاكىسىنىڭ كۆيۈمچان، مېھربانلىقىدىن سۆيۈندى. مانا ئەمدى ھېلىقى ناخشا بىلەن ئۆمەرجان ۋە ئاكىسىنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ مېھربانۇنى تۇگىمەس غەم ـ ئەندىشىگە مۇپتىلا قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىندى.

بۇ چاغدا بىردىنلا ئاتلىق مۇھاپىزەتچىلەر سايرامنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە دۈپۈرلىشىپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىشتى. ھەممەيلەن «نېمە ئىش بولغاندۇ» دەپ ھەيران بولۇپ تۇرۇشىغا سايرام

كۆلىدىن گويا بوران چىقىقاندەك بىر ئاۋاز كەلدى ـ دە، كۆل سۈيى چايقىلىپ داۋالغۇپ كەتكەندەك بولدى. ھەتتا سۇ قىرغاققا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ مېھرىبانۇغىمۇ چاچرىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. مېھرىبانۇ كۆلگە قاراپ ھەيران بولۇپ تۇراتتى، بىردىنلا سۇدىن بىر نەرسە بېشىنى چىقارغاندەك بولدى. ئۇنىڭ باش تەرىپى چېچىنى سىپاپ تارىۋالغان قىزغا، ئاياغ تەرىپى بېلىققا ئوخشايتتى. بۇ ـ بېشى ئادەمگە، تېنى بېلىققا ئوخشايدىغان مەخلۇق پۈتۈن كۆلنى ئېگىلەپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بېشى-نى ئىككى قېتىم سۇدىن چىقىرىپ، سىلكىنىپ، سۇ ئىچىگە شۇڭغۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن سۇنىڭ دولقۇنى ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ كۆلنىڭ ئۈستى تىپتىنچ بولۇپ قالدى. مېھرىبا-نۇنىڭ يېنىدىكى قىزلار كۆلگە قارىغىنىچە لام ـ جىم دېمەي تۇراتتى. مېھرىبانۇ «ئاللاتائالانىڭ كارامىتى نېمىدېگەن كۆپ ـ ھە» دەپ قويدى ۋە بىردىنلا تېنىگە ۋەھىمە ئولاشقاندەك بولۇپ چېدىرغا كىرىپ كەتتى.

چېدىرنىڭ تېشىدا يەنە ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىشى ئاڭلىنىپ توختىدى. سىرتتىكى كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى چېدىر ئىچىگە ئۈنلۈك ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— كەينىمىزدىن بىر توپ ئاتلىقلار كېلىۋاتقانىكەن. ئۇس-رەتبەگنىڭ ھەمراھلىرىمىكىن دەپ بارساق، كىيىنىشلىرى ئوخشىمايدۇ. ئۇلار بېشىغا تۆپىسى ئاق، قارا قىرغاقلىق مالـ-خاي، ئۈستىگە ئاق كۆڭلەك كىيىپ قارا پوتا باغلىۋاپتۇ. خاڭ-چىلارمۇ، تارانچىلارمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىمىزنى بىلدى ـ دە، ئاردىن بىرسىنىڭ «قايتايلى» دېگەن بۇيرۇقى بىلەن ئاتلىرىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ شۇن-داق تېز چاپتىكى، بىردەمدىلا كەڭ ساي ئىچىدە غايىب بولدى. بىردەم تۇرۇپ ئەتراپنى كۆزىتىپ باقتۇق، لېكىن ھېچ قاياقتىن

بىرەر شەپە بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن قايتىپ كەلدۇق.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان مېھرىبانۇنىڭ كۆڭلى دىلـغۇل بولۇپ لىۋىنى چىشلەپ قويدى. بىر دەمدىلا چېدىر ئەتراپىغا نۇرغۇن ئادەملەر يىغىلىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى موي سېپىت غورۇرى چېدىرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ سورىدى:

— قىزلارنى يۇگۈرگىنىچە چېدىرغا كىرىپ كەتتى. ئۇلار بىر نەرسىدىن قورقۇپ كەتتىمىكىن دېيىشىدىغۇ، نېمە بولدى؟

مېھرىبانۇ ئۇنلۇك قىلىپ دېدى:

— كۆلدىن بىر مەخلۇق چىقتى. ئۇنىڭ بېشى ئادەمگە، تېنى بېلىققا ئوخشايدىكەن. ئىككى قېتىم بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

- پەرۋەردىگار! بۇ نېمە ئىش. ھەي، سىز خاتا كۆرۈپ قالمىغانسىز — ھە؟ يېنىڭىزدا بىرى بارمىدى؟

— مانا بۇ قىزلارمۇ بار ئىدى. سىلەرمۇ كۆردىڭلار — ھە؟

قىزلار بۇ گەپكە ھەيران قېلىپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي:

— راستىنلا بىز دىققەت قىلماپتىمىز، كۆلنىڭ سۈيى ئازراق داۋالغۇغاندەك قىلدى. لېكىن ئۇنداق مەخلۇقنى كۆرمىدۇققۇ؟

— ئازراق شامال چىققاندەك بولدى، كۆل تەرەپتە ھېچقانداق شەپىنى سەزمىدۇققۇ؟

— ھەي، مەن نېمە بولغاندىمەن، ياق، راستتىنلا شۇنداق كۆرۈندى، تاغا، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھېلىقى مەخلۇقنىڭ كۆزلىرى بېلىقنىڭ كۆزىدەك تېشىغا پۇلتىيىپ چىقىپتۇ. كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇرغاندەك قىلىدۇ. پېشانىسىدىن ئارقىغا تارالغان چاچلىرى پۈتۈن كۆلنى ئىگىلەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ، — دېدى مېھرىبانۇ تەمكىنلىك بىلەن.

— ھەي، بۇ قانداق گەپ بولدى، قىزىم توختاپ تۇرۇڭا، سىز كۆل بويىغا بارغاندا بۇ كۆلنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ھەققىدىكى چىمەن بىلەن سىدىقنىڭ رىۋايىتىنى[1] ئويلىغانمۇ - يە؟

— ھە، شۇنى ئويلىغانتىم، راست.

— مانا شۇ گەپ، دېمەك چىمەننىڭ روھى سىزگە كۆرۈنۈپتۇ، ئۇ سىزگە مەدەت بەرگەي قىزىم، — دېدى غورۇرى ۋە كۆل تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلدى.

ئۇلار چولپان يورىغىچە ئۇخلىمىدى. چېدىر، بارگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يول تەييارلىقىنى قىلىشتى.

* *

قىز كۆچۈرۈپ ماڭغانلار تۇرپان ئويمانلىقىغا يېتىپ كەلگەندە تۇرپان ۋاڭى ئادەم ئەۋەتىپ ئوتتۇز چاقىرىم يىراقلىقتىن مېھربانۇنى كۈتۈۋالدى. مېھربانۇ ئارىدىكى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن تۇرپان ۋاڭى ۋە ئاغىچا - خېنىملىرىنىڭ ئالاھىدە ئېتىبارىغا ئېرىشتى. ئۇلار تۇرپان لۈكچۈندە ئۈچ كۈن

---

① چىمەن بىلەن سىدىق ھەققىدىكى رىۋايەت: بۇنىڭدىن ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى، سايرام كۆلى گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن بىر ئوتلاق ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىكارغا چىققان يالماۋۇز بۇ ئوتلاقتا قوي بېقىۋاتقان گۈزەل قويچى قىز چىمەننى كۆرۈپ قاپتۇ. ھەم نىيىتىنى بۇزۇپ لەشكەرلىرىگە چىمەننى ئوردىغا ئاپىرىشنى بۇيرۇپتۇ. قىز يالماۋۇزغا ئىتائەت قىلماي، ئاتقا مىنىپ ئوردىدىن قېچىپ كېتىپتۇ. يالماۋۇزنىڭ ياساۋۇلى قىزنى ئىز بېسىپ قوغلاپ كەپتۇ. ياساۋۇل قىزغا يېتىشىۋالاي دېگەندە، قىز تىگى يوق بىر جىرانى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قىزنىڭ يىگىتى سىدىق دەرھال يېتىپ كېلىپ ياساۋۇلنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، قىزنىڭ ئىسمىنى چاقىرغىنىچە جىراغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. جىرانىڭ ئىچىدىكى سۇ شۇ زامانلا مەۋج ئۇرۇپ ئاسمان - پەلەك ئۆرلەپتۇ. بۇ سۇنىڭ دولقۇنى يالماۋۇزنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىنىمۇ يۇتۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ بىپايان ئوتلاق بىر كۆلگە ئايلىنىپ قاپتۇ. بۇ كۆل مانا شۇ سايرام كۆلى ئىكەن.

ئارام ئالدى. ئات ـ ئۇلاغلار، ئادەملەر چارچاپ، ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە مېھرىبانۇ خېنىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىندى. قوي، كالىلار، سوغۇلۇپ چوڭ زىياپەتلەر بېرىلدى. مېھرىبانۇ-نىڭ ئالدىغا كاتتا سوۋغا ـ سالاملار قويۇلدى.

مېھرىبانۇ تۇرپانغا يېتىپ كەلگەن كۈنى ئۆز ئەجدادلىرى-نىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ ئۆتۈشنى ئىلتىماس قىلغانىدى. لېكىن يېنىدىكى بەگ، ئۆلىمالار، خېنىم، ئاغىچىلار بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىدى، «تې-خى يۈزى ئېچىلمىغان قىزنىڭ توي تارتىپ كېتىۋاتقاندا ئۇ يەرلەردە يۈرۈشى سەل بىئەپ، ئەڭ ياخشىسى، ئەرلەردىن بىر نەچچىسى بېرىپ گۇڭ ـ ۋاڭلىرىمىزنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ كەلسۇن» دېيىشتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا غورۇرى باشچىلىقىدا بىر ھارۋا كىشى مۇسا گۇڭنىڭ مۇنارىسىغا قاراپ يولغا چىقتى. غورۇرى بۇ ئىشلارنى يولدا كېلىۋېتىپلا ئويلاپ قويغانىدى. ئۇ تۇرپاندىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ تارىخىدىن خەۋەردار ئىدى. شۇڭا ئۇ قەدىمىي ئىزلارنى كۆرۈپ ئۆتۈشنى ھەممىدىن بەكرەك ئارزۇ قىلغانىدى. ئۇلار، ئاۋۋال بۇنىڭدىن يۈز يىللار ئىلگىرى سېلىن-غان مۇسا گۇڭ مۇنارىسىغا كەلدى. بۇ تۇرپاننىڭ شەرقىي تەرىپىگە سېلىنغان مۇنار ۋە مەدرىس بولۇپ، بۇنى تۇرپان ۋاڭى مۇسا ۋاڭ دادىسى ئىمىن ۋاڭنى (شۇ چاغدىكى ئېلىنىڭ ۋاڭى) رازى قىلىش ئۈچۈن سالدۇرغانىدى. مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى قە-رىق تۆت مېتىر بولۇپ، يەتمىش تۆت پەلەمپەيلىك ئىدى. بۇ يەرگە ئىلىدا گۇڭ، بەگ، ۋاڭ بولۇپ ئۆتكەن ئىمىن ۋاڭ، ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا گۇڭ، ئۇنىڭ ئوغلى ئورانزىپ گۇڭ، ئۇنىڭ

ئوغلى مەلىكىزات گۇڭلارنىڭ مېيىتى ئىلىدىن ئېلىپ كېلىنىپ دەپنە قىلىنغانىدى.

ئۇلار ئالدى بىلەن مۇنارنىڭ يېنىغا سېلىنغان مەدرىسكە كىرىپ دىگەر نامىزىنى ئۆتىدى. ئاندىن ھەممىسى بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان گۇڭ، ۋاڭلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى. كېيىن ئۇلار مەدرىس ھەم مۇنارنى ئايلىنىپ كۆرۈپ چىقىشتى.

ئەتىسى ئۇلار يەنە ئوردىنىڭ خاس خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەم-راھلىقىدا ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ خارابىلىرىنى كۆردى. ئۇ چاغلاردا بۇ خانلىق بەشبالىق ۋە قوچۇنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، دۈڭخۇاڭدىن شىمالىي تەڭرى تاغلىرىغىچە، كۇچا ۋە جەنۇبىي ئۇدۇنغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

ئۇلار يەنە دەقيانۇس قەدىمى شەھەر خارابىلىرىنى، يارغول-دىكى IX ئەسىردىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مەدەنىيەت مائارىپ مەركىزى بولغان قەدىمىي شەھەر خارابىسى — قاراغوجا شەھە-رىنى كۆرۈشكە باردى. ئۇلار ئۇ يەردىكى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن كولانغان قەدىمىي يەر ئاستى تۇرمە ۋە زىندانلارنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى.

يېمەك - ئىچمەك، ئوت - بوغۇزلار تەييار قىلىنىپ ھارۋى-لارغا بېسىلدى. مېھرىبانۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھەشەمەتلىك ئۇزىتىش بىلەن يولغا چىقىشتى.

ئۇلار تۇرپان شەھىرىنىڭ مەھەللىلىرىدىن، مەھەللىلەرگە تۇتاش بۈك - باراقسان ئۈزۈم باراڭلىرى قورشاپ تۇرغان يېزىلاردىن ئۆتتى. «بۇ بىر ئۈزۈم ماكانى، — دەپ رىۋايەت قىلاتتى غورۆرى باشقىلارغا، — بۇ ماكاندا ئۈزۈم چىققىلى ناھايىتى ئۇزۇن زامان بولغان. رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، ئاللاتا-ئالا ئۈزۈم ئۇرۇقىنى ئاۋۋال تۇيۇققا چېچىپتىكەن. شۇنىڭدىن

كېيىن باشقا جايلارغا تارالغان دېيىشىدۇ. بۇ رىۋايەتتىن قارىغان-
دا، ئۆزۈمنىڭ بۇ ماكاندا پەيدا بولغىنىغا ئادەم ئەلەيھىسسالام
بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ جەننەتتىن يەر يۈزىگە قوغلانغىنىدىن سەللا
كېيىن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ» ھارۋىلاردا ئولتۇرغانلار كۈلۈ-
شۈپ كەتتى. غورۇرى رىۋايەتلەرگە ئۆز تەسەۋۋۇرىنى قوشۇپ
سۆزلىسىمۇ كىشىلەرگە گويا راستەكلا تۇيۇلاتتى.

ئۇلار پاكار - پاكار ئۈزۈم باراڭلىرى چىرماپ تۇرغان
باغلاردىن ئۆتۈپ، ئېدىقۇت تاغلىرى بويىدىكى كەڭ سايلىققا
چۈشتى. بۇ يەردە تاغ باغرىدىن قاتار كولانغان كارىزلار كۆرۈن-
دى. بۇنى يەنە غورۇرى چۈشەندۈرۈپ شۇنداق دېدى: «مانا بۇ
كارىزلار، ناھايىتى ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولۇپ، بۇ ئەسلىدە يەر
شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن كۆمۈلۈپ قالغان بۇلاق ۋە قۇدۇق-
لارنى كولاشتىن پەيدا بولغان. نۇرغۇنلىغان قۇدۇقلارنى بىر -
بىرىگە ئۇلاپ قازغاندىن كېيىن بىرىنىڭ سۈيى بىرىگە قوشۇلۇپ
سۈيى تولۇق بىر ئېقىن ھاسىل بولىدۇ. ئاخىر سۇ يۇقىرىغا
ئۆرلەپ چىقىدۇ. بۇ كارىزلارنىڭ پەيدا بولغىنىغا ئاز مۆلچەرلى-
گەندە ئىككى مىڭ يىلدىن ئاشقان بولۇشى مۇمكىن».

راست دېگەندەك، بۇ ئۇيغۇر خەلقى ياراتقان بىر مۆجىزە،
مانا مۇشۇ كارىز سۈيى بىلەن سۈيى قىس، كىلىماتى ئىسسىق،
قۇرغاق بولغان تۇرپان ئويمانلىقى گۈللەنگەن — ئېدىقۇت باغ-
رىدىكى قاقاسلىقلار، چىمەنلىكلەرگە ، باغۇ - بوستانلارغا،
مۇنبەت ئېتىزلارغا ئايلانغان.

*　　　*

قۇمۇل شەھىرىدىن تارتىپ، توغۇچى، ئاستانە، سۇمقاغا
قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ كوچىلىرى رەتلىنىپ، يوللار تۈزلى-

نىپ، پاكىزە تازىلانغانىدى. ئۆيلەر، ھويلىلارمۇ باشقىچە تۇسكە كىرگەنىدى. كىشىلەر قىز كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقانلارنىڭ يېقىنىلاپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ پاكىزە كىيىملىرىنى كېيىشىپ، چوڭ يولغا چىقىپ سېۋەت - سېۋەتلەپ يېڭى پىشقان ئۆرۈكلەرنى قاتار تىزىشىپ، يوغان قاپاقلاردا ئۇسسۇلۇقلارنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ مېھرىبانۇ خېنىمنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

قۇمۇل ئوردىسىمۇ ناھايىتى چىرايلىق تۇسكە كىرگەنىدى. يۇقىرادىن بەگلەرگىچە، خېنىملاردىن، ئاياللارغىچە كاتتا ياسىنىپ توينى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلىشتى. پىچاندىن ئاتلىق ماڭدۇرۇلغان خەۋەرچى بىر كۈن بۇرۇن خەۋەر ئېلىپ كەلگەچكە قۇمۇل ۋاڭنىڭ ئادەملىرى ئوتتۇز چاقىرىم يىراقلىقتىكى تۇسقىغا بېرىپ، توي تارتىپ كېلىۋاتقانلارنى كۈتۈۋالدى. قۇمۇل شەھىرىدە بىر كۈن بۇرۇن چېلىنىشقا باشلىغان ناغرا ئەمدى تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى . . .

مېھرىبانۇ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ خاس ھۇجرىلىرىنىڭ بىرىگە ئېلىپ كىرىلدى. ئۆينىڭ ئىچى كاتتا بېزەلگەنىدى. ئالتۇن ساڭ تەرەپكە قارىتىلغان ئۇستى يۇمىلاق، ئۇزۇن كەتكەن پەنجىرىگە يېشىل يىپەك رەختتىن پەردە تارتىلغان. بىر تەرەپكە ئۇستا ياغاچچىنىڭ قولىدىن چىققان نەقىشلىك يۇمشاق كارۋات قويۇلۇپ، ئۇستىگە گۈللۈك يىپەك ئەدىيال يېپىلغانىدى. يەنە بىر تەرەپكە ياغاق ياغىچىدىن ياسالغان يۇمشاق ساپالار، ئاياغ تەرەپكە جاھازىسى نەقىشلەنگەن يوغان بوي ئەينەك قويۇلغانىدى. ئىشىككە چىلان رەڭ مەخمەل پەردە تارتىلغان. تام ئويۇقلىرىغا ئالتۇن، كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن پار - پۇر قاچىلار تىزىلغان. ئىچكىرىكى ئۆيدىكى كاڭغا خوتەننىڭ ئەڭ ئېسىل گىلەملىرى سېلىنىپ، تامغا زەدىۋال تارتىلغان. تۆر تەرەپتىكى تام ئويۇقلىرىغا تەتىللا، كىمخاب، دۇخاۋا يوتقان - كۆرپىلەر يىغىلغان،

ماڭدا تامغا ئۇزۇن ئاستى تەرىپى نەقىشلەنگەن جوزا قويۇلغان.
بۇ ياتاق ئۆيى ئىدى. ئۇ ئۆينىڭ ماڭدا تېمىدىن كۆرۈنۈپ تۇر-
غان، مەخمەل پەردە تارتىلغان ئىشىكتىن ئىچكىرى كىرسە ئىك-
كى ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان بىر كىشىلىك مۇنچا بار ئىدى.
بى بى سارە بىر مۇنچە قىزلارنى باشلاپ مېھرىبانۇنىڭ
ھۇجرىسىغا كىردى. قالغان مېھمانلار ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان
ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مېھمانلارغا مەززىلىك ھاردۇق
ئاشلىرى تارتىلدى.
بۇ تويىنىڭ ئاياللار ئىشىغا مۇئەككەل قىلىنغان خۇشنىبانۇ
ئاپپاق ۋە مىنىس ئاپپاقلار ئالدىن كىرىپ مېھرىبانۇدىن ئەھۋال
سوراشتى. خۇشنىبانۇ ئاپپاق ئوردىنىڭ چوڭ تەيجىسى - تاجى-
دىن تەيجىنىڭ ئايالى بولۇپ، ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك،
پىروزە كۆز، خۇشخۇي، يېقىملىق ئايال. مىنىس ئاپپاق بولسا
ۋاڭنىڭ ئەۋرە ئۇكىسى سۇۋۇر بەگنىڭ ئايالى بولۇپ، بويى
پاكار، سېمىز، بويىنى كالتە، بۇرنى يوغان، قاشلىرى كەڭ،
يۈزى تاۋاقتەك، ئۈنى غاراڭ - غۇرۇڭ چىقىدىغان ئايال. بۇ
ئىككى ئايالنىڭ مىجەزى بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمىسىمۇ،
خۇشنىبانۇ ئاپپاقنىڭ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بولغاچقىلا بىر -
بىرى بىلەن چىقىشىپ يۈرەتتى. بۈگۈن ئۇلار بىرلىكتە مېھرىبا-
نۇ خېنىمنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلگەندە ئۆيدە ئولتۇرغانلار ھەممى-
دىن بەكرەك مىنىس ئاپپاققا دىققەت قىلدى.
خۇشنىبانۇ ئاپپاق ئۈستىگە ھاۋارەڭ زوچۇدىن، مىنىس
ئاپپاق بولسا گۈللىرەڭ (سۇس قىزىل) زوچۇدىن كۆڭلەك
كىيگەن. بۇ كۆڭلەكلەرنىڭ ئېتىكى، يەڭلىرى بەك كەڭ بو-
لۇپ، ئېتەك ۋە يەڭ ئۇچلىرىغا دولقۇنسىمان ئىلمە ئىلىنغان.
بۇ ئىلمە گۈللىرى دېڭىز دولقۇنلىرىنى، ياكى يامغۇر-
دىن كېيىنكى ھەسەن - ھۈسەننى ئەسلىتەتتى. ھەربى-

رىنىڭ قولىدا بىردىن كۆڭلەكلىرىنىڭ رەڭگىدە چاچما گۈللۈك
قول ياغلىقى بار ئىدى. ئۇلار بېشىغا ئالتۇن گۈل ۋە ئالتۇن
قاداق بىلەن بېزەلگەن دوپپا كىيىپ ئۈستىگە شايى رومال ئارتى-
ۋالغانىدى.

— ئەسسالام خېنىم، ئالتۇن بويلىرى ئېسەن كەلدىمۇ-
ىكىن، — دېدى خۇشنىبانو ئاپپاق ئىشىكتىن كىرىپ.

هۇجىرىدىكى مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇلارغا سالام
بېرىشتى.

خۇشنىبانو ئاپپاق ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەن مېھرىبانو-
نىڭ پېشىدىن تۇتۇپ پەسكە تارتقان ھالدا:

— ھەزرەتلىرى، تۇرمىسىلا ئاغىچام بىز رازى. ھەرقاي-
سىلىرىدىن ھال سوراپ كىردۇق، — دېدى.

ئاياللاردىن بىرى، ئىككىسى:

— خۇداغا شۈكرى، يول يىراق بولسىمۇ جاپا چەكمى-
دۇق. ھەرقايسىلىرىغا رەھمەت! — دېيىشتى.

— جاپا تارتمىدۇق دېمىسىلە — دەپ ئاسماندىن تارىشا
چۈشكەندەك گەپ باشلىدى مىنىس ئاپپاق، — ھەممىلىرى
ئولتۇرۇشۇپ قالسىلا، يول ئازابى گۆر ئازابى دېيىشىدۇ. شۇنچە
ئۇزۇن يولنى بېسىپ بۇ يەرگە كەلمەك ئاسان ئەمەس. خېنىم-
نىڭ رىسقى بىزنىڭ شەھىرىمىزگە، ئېسىل ئوردىمىزغا چۈشۈپ-
تۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاتائالاغا شۈكرى ئېيتىمىز، — مىنىس
ئاپپاق سۆزلىگەچ خۇشنىبانو ئاپپاقنىڭ يېنىغا ئولتۇردى، —
ئۇ يەردىكى قۇدىلىرىمىز سۇمانىخان، خالزات بەگلەر
تىنچ - ئامان تۇرغاندۇ؟

— ھەممىسى تىنچلىق، ھەممىلىرىگە قۇدىلىق، سېغى-
نىشلىق سالاملىرىنى ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى ئېلى بەگلىرى-
دىن بىرىنىڭ ئايالى راھىلەخان. ئۇ مۇئامىلىگە ئۇستا، تىلى

تاتلىق ئايال ئىدى.

— رەھمەت خېنىم. ئاللا نېسىپ قىلىپ سۇمانىخان قۇدى-مىزمۇ كەلگەن بولسا قانداق ياخشى بولار ئىدى. يۇرتىمىزنى، ئۆردىمىزنى كۆرۈپ، بۇ مۇبارەك تويىمىزغا قاتنىشىپ بەرگەن بولسا.

مىنىس ئاپپاق خۇشنىبانو ئاپپاقنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— ئىلاج قانچە، قىز كۆچۈرگەندە ئانىسى كۈيئوغۇل تەرەپكە بىللە بېرىش قائىدىدە بولمىغاندىكەن، بۇنداق چاغلاردا ئانىلار ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتماقتىن باشقا ئامال يوق. خېنىم-نىڭ تەلىيى بار ئىكەن. پۈتۈن قۇمۇل زېمىنىنىڭ مىراسخورى ۋە پۈتۈن پۇقرانىڭ خوجىسى شاھۇ شەۋكەتلىك ۋاڭ جانابلىرىغا ياتلىق بولدى. بۇ بىر توگىمەس بەخت. سۇمانىخانزە قىزىنىڭ بەختىنىلا تىلىگەنىكەن، — دەپ قوشۇمچە قىلدى مىنىس ئاپ-پاق.

خۇشنىبانو ئاپپاق گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز، بىرى ھەممىلىرىنى ھارمىداشقا، يەنە بىرى توينىڭ تەرتىپىنى مەلۇم قىلىشقا كىرگۈدۇق. خېنىم، ئاغىچە-لارغا مەلۇم بولسۇنكى، بۇ يەردىكى تويمۇ توققۇز كۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇگۈندىن باشلاپ ئەتە كەچكىچە مېھربانۇ خېنىمدىن تارتىپ ھەممە مېھمانلار ھاردۇق ئالىدۇ. مېھربانۇ خېنىم ياخشىراق ئۇخلاپ ئارام ئېلىشى، مۇنچىغا چۈشۈپ يۇيۇنۇپ، تارىنىشى زۆرۈر. ئۆردىنىڭ دېدەكلىرى خېنىمنىڭ ھەممە خىز-مەتلىرىگە تەييار، — دېدى.

— رەھمەت، — دېيىشتى مېھمانلار.

مېھربانۇ خېنىم جىمجىت ئولتۇراتتى. مىنىس ئاپپاقنىڭ قارىسىدىن ئېقى تولا كۆزلىرى ئۇنىڭ باشتىن - ئايىغىغا يۇگرە-مەكتە ئىدى. ۋە ئىچىدە «ياندىكى قۇيرۇقنىڭ ئەتىۋارى يوق

دېگەن شۇ» دەپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى مېھربانۇنىڭ ئايدەك يۈزىدىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس چېچەك ئىزلىرى ئۈستىدە تاماشا قىلدى ــ دە، يەنە ئاغزىنى ئاچتى:

ــ ئاڭلىساق، خېنىمنىڭ ئاكىسى نۇسرەت بېگىمنى بۇ ئىشقا نارازى بولۇپ، سايرام بويىغىچە ئەگىشىپ كەپتۇ دەيدى-غۇ، راستمۇ خېنىم.

ھەممىسىلا بۇ سوئالنى ئارتۇقچە دەپ قارىدى بولغاي ھېچ-كىم جاۋاب قايتۇرمىدى.

خۇشنىبانو ئاپپاق ھېچكىمگە تويدۇرماي مىنىس ئاپپاقنى نوقۇپ قويدى.

ــ خوش، ئەمىسە بىز چىقايلى خېنىملار، دەپ قويىدىغان يەنە بىر گەپ بار ئىدى، ــ دېدى مىنىس ئاپپاق، ــ ئەتە كەچتە مېھربانۇ خېنىمنى ۋاڭ خوجامنىڭ ھۇجرىسىغا كۆچۈ-رۈپ كىرىمىز. بۇنى ھەممىلىرى يادىلىرىدا چىڭ تۇتقايلا. بۇ گەپ بىلەن خۇشنىبانو ئاپپاق سەل قىزارغاندەك بولدى ۋە تېزلا ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانلار بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئىككى ئاپپاق قاراڭغۇ دالانغا چۈشكەندە ئۇرۇشۇپ قالدى.

ــ ھەي مىنىس ئاپپاق، ــ دېدى خۇشنىبانو ئاپپاق، نۇسرەتبەگنىڭ ئىشلىرىنى سوراپ نېمە قىلىدىلا، يەنە تېخى ۋاڭ خوجامنىڭ ھۇجرىسىغا قىزنى كۆچۈرۈپ كىرەمدۇق، ياكى ۋاڭ خوجام قىزنىڭ ئالدىغا ئۆزى كىرەمدۇ، بۇ ھەقتە ۋاڭ خوجام بىر نەرسە دېمىسە، ئۆزلىرىنىڭ نېمە ھەددىلىرى؟

ــ يائاللا، بۇ ئاپپاق ساراڭ بوپقاپتۇغۇ؟ ھەي، بىز قىزنى ئاڭلارنى بىرنىڭلار دېمىدۇق. ئۇلار ئۆزى قىزىمىزنى بېرىمىز دېدى. ۋاڭ خوجام نېمىشقا ئالدىغا كىرەتتى؟ قىزنى ۋاڭ خو-جامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىمىز. ۋىيەي، تايىنلىق خېنىمكەن-غۇ، ئۇنداق چوقۇر خېنىمغا نېمانچە قىلىدىلا، قۇمۇلدىمۇ نى

نى قىزلار بار ئىدىغۇ؟ . . .

— ئا ھە بىلدىم، سىڭىللىرىنى بېرەلمىگەنلىكىڭ دەردىكەندە، ۋاڭ خوجام ئالاي دېمىسە، قانداق بېرەتتىلە.

— تۈزۈك گەپ قىلسىلا جۇمۇ، چاچلىرىنى نولاپ تاشلىماي يەنە.

— بولدى، بولدى. ئۆزلىرىنىڭ راست، — دەپ جېدەلنى بېسىپ قويدى خۇشنىبانۇ ئاپپاق. بولمىسا مىنىس ئاپپاق قىلچە يۈز خاتىرە قىلماي ئۇردا، خەق ئارىسى دېمەي ئاغزىنى بۇزۇپ ئۇرۇشۇپلا كېتىدۇ.

مىنىس ئاپپاق بىلەن خۇشنىبانو ئاپپاق چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھۇجرىدىمۇ غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. مىنىس ئاپپاقنىڭ «خېنىمنى ۋاڭ خوجامنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىمىز» دېگەنى ئۇلارغا ئېغىر كەلگەنىدى. بۇ گەپ بىلەن مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك بولدى. ئىلىدەك يىراق جايدىن قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەنلىكى ئۈستىگە يەنە ۋاڭ خوجامنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپ بېرەمدىكەنمىز؟ بۇ قايسى قائىدىدە بار ئىكەن. مېھرىبانۇ تا چوڭ بولۇپ مۇشۇ كۈنگە كەلگىچە ئۆز ئەركىنى ئىلكىدە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاپ كەلگەن قىز ئىدى. بۇ گەپ ئۇنىڭغا بەكمۇ ھار كەلدى. شۇڭا ئۇ دوستى ھەم قولدىشى بىبى سارەنى يېنىغا تارتىپ شۇنداق دېدى:

— ئاڭلاپ قويۇڭ دوستۇم، ئەلمىساقتىن بۇنداق قائىدە يوق. بۇ بىر خورلۇق.

بىبى سارە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلەتتى. ئۇمۇ دوستىنىڭ تەسىرى بىلەن كۆپ كىتابلارنى ئوقىغانىدى. شۇڭا ئۇ باياتىن ئويلاپ ئولتۇرغان گەپلىرىنى ھەممىسىگە ئاڭلىتىپ دېدى:

— ئاللاتائالا ئادەم ئاتىنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىدىن ھاۋا ئانىنى ياراتقان بولسىمۇ، ئادەم ئاتا جەننەتتىكى ئېسىل تائام،

ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلەردىن كۆڭلى يايراپ ھاۋا ئانىنى يېنىغا كېلىشكە ئىشارەت قىپتۇ. ئەمما ھاۋا ئانا ئادەم ئاتىنىڭ يېنىغا بارغىلى ئۇنىماي ئۆزۈڭ كەل دەپتۇ. ئادەم ئاتا يەنە ھاۋا ئانىغا ئىشارەت قىلىپ، يېنىمغا كەلگىن دەپتۇ. ھاۋا ئانا خالىساڭ ئۆزۈڭ يېنىمغا كەل دەپ ئۇنىماپتۇ. ئاخىر ئادەم ئاتا ھاۋا ئانىنىڭ يېنىغا ئۆزى كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز ـ ئاياللارغا ئەلچى ئەۋەتىش، تويلۇق سېلىش، قىزنىڭ ھۇجرىسىغا يىگىت ئۆزى كىرىش ئادەت بولۇپ قالغانىكەن. ھەرقانچە بولسىمۇ ۋاڭ خوجام ئادەم ئاتىدىن ئۈستۈن ئەمەستۇر.

ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. مېھرىبانۇ بولسا بۇ گەپ بىلەن قايتىدىن جانلىنىپ قالدى.

— قېنى ۋاقتى كەلگەندە دېيىشىپ باقارمىز، يە بولمىسا ئىلىغا قايتىپ كېتەرمىز، شۇ، — دېدى راھىلىخان كېسىپلا، ھەممىسى شۇنىڭ بىلەن جىمىپ قېلىشتى.

ئەتىسى كەچ كىردى. ناماز شامدىن كېيىنلا ھۇجرىغا يەنە ئوتتۇرا ياشلىق ئىلىلىق خېنىملاردىن ئىككىسى، مىنىس ئاپپاق، خۇشنىبانو ئاپپاقلار بىرلىكتە كىرىپ كېلىشتى. مېھرىبانۇنىڭ يېنىدىكى باشقا مېھمانلارنى باشقا ھۇجرىلارغا تەكلىپ قىلىشتى. قىز يېڭى كىيىملەر بىلەن ياساندۇرۇلدى. بۇ چاغدا بى بى سارە راھىلىخان بىلەن پىچىرلىشىپ بىر نەرسىلەرنى دېيىشىۋالغاندىن كېيىن بى بى سارە ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى. راھىلىخان:

— ھەرقايسىلىرىغا دەيدىغان گېپىمىز بار ئىدى — دېدى.

— دەۋەرسىلە خېنىم، بىز بۇرۇن يات بولساق ئەمدى ئۆز بولدۇق. قۇدا بولۇش دېگەن ئۇرۇق ـ تۇغقان بولۇش دېگەن گەپ، — دېدى خۇشنىبانو ئاپپاق.

— بىز مېھربانۇ خېنىمنى ئۇتتۇز كېچە - كۈندۈز دېگۈ-
دەك يول يۈرۈپ ۋاڭ خوجامنىڭ ئوردىسىغا كۆچۈرۈپ كەلدۇق.
ئەمدى بىز يەنە بۇ ھۇجرىدىن ۋاڭ خوجامنىڭ باشقا ئۆيىگە
يۆتكەپ يۈرسەك بولماس. ئەلمىساقتىن بېرى كېلىۋاتقان قائىدە
بويىچە ۋاڭ خوجام بۇ ھۇجرىغا ئۆزى كىرسۇنمىكىن.
— بۇ دېگەن بىر يۇرتنىڭ پادشاھى، — دەپ گۇركىرەپ
سۆزلەشكە باشلىدى مىنس ئاپپاق، — پادشاھ دېگەن بىر
چۆرىنىڭ ئالدىغا كىرەمدۇ. قاملاشمىغان گەپ بولدى - دە بۇ.
«چۆرە» مېھربانۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ
يادىغا ئاكىسىنىڭ «سىڭلىمنى مەنسەپ، ئابرۇيغا ساتتىڭ» دې-
گەن سۆزلىرى كەلدى. «ئاكام راست ئېيتقان ئىكەن. ئەمدى
بۇ نېمە خورلۇق؟»
— ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا مىنس ئاپپاق، — مېھربا-
نۇ خېنىممۇ ۋاڭ ئەۋلادىدىن. ئۇ چۆرە قىز ئەمەس. ئۆزلىرى
دېگەنغۇ، ئىرادە تەقدىر شۇنداقكەن — دەپ، بۇمۇ ئاللاتائالانىڭ
ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتقان ئىش. بىز بۇ ئىشلاردا قائىدىنى
بۇزساق بولمايدۇ، — دېدى راھىلىخان.
— ۋاڭ خوجام جانابلىرى شەرىئەتكە، شەرىئەتتىكى قائىدە
قانۇنلارغا بويسۇنىدۇ. ۋاڭ خوجامنىڭ ئېسىل پەزىلىتى شۇكى،
ئۇ ھەممىلا ئادەمنى ھۆرمەت قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، ھازىرقى بۇ
ئىشتا تېخى بىر قارارغا كەلگىنىمىز يوققۇ، — دېدى
خۇشنىبانو ئاپپاق.
ئەمما مىنس ئاپپاق يەنە گەپنى بۆلدى:
— خالزات ھېكىمبەگ جانابلىرى مېھربانۇ خېنىمنى ۋاڭ
خوجامغا بەرسەك دېمىگەن بولسىدى، بۇ ئىشلارمۇ يوق ئىدى.
خېنىم ئاغىچىلارتولۇپ ياتقان بۇ شەھەردىن ئاتلاپ چىققىنىمىز-
نىڭ شورى.

بۇ گەپ مېھماننى چىللاپ كېلىپ ئۇرغاندەك بىر ئىش بولدى.

مېھربانۇ ئەمدى بۇ يەرگە كەلگىنىگە پۇشايمان يەپ قالدى. خالزات ھېكىمبەگكە لەنەت ئوقىدى. ئۇنىڭ ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلدى.

راھىلەخانىمۇ بىر نەرسە دەي دەپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولدى. «ۋاڭ خوجام كەلدى!» دېگەن مەلۇمچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ھۇجرىدىكى ئاياللار قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ سىرتقا قاراشتى. كۆپ ئۆتمەي ھۇجرىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. «ۋاڭ خوجام كەلدى» دېگەن سۆز يەنە بىر قېتىم تەكرارلاندى. ئۆيدىكى ئاياللار ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى. راھىلەخاندىن باشقىسى ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ كېتىشتى. ۋاڭ خوجام ئىككى سىپاھىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھۇجرىغا كىرىپ كەلدى. ۋاڭ خوجام كارىۋاتقا ئۇدۇل قويۇلغان يۇمشاق ساپاغا ئولتۇردى. ۋە دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئاندىن يۈزلىرىنى سىپاپ بىردەكلا «خېنىمنىڭ ئالتۇن بويى ئېسەن تۇردىمىكىن» دېيىشتى.

راھىلەخان مېھربانۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئىككىيلەن بىردەك ۋاڭ ئالىيلىرىغا سالام بەردى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ يېنىدىكى سىپاھىقا قاراپ سۆزلىدى:

— خېنىملارنىڭ ھاردۇقى چىقىپ قالسۇن دەپ ھارمىداپ كىرەلمىدىم. ئەپۇ قىلغايلا.

راھىلەخان ئېھتىرام بىلەن:

— ۋاڭ خوجامنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ياخشى تۇردۇق. ئالىيلىرىغا رەھمەت، — دېدى.

— ئەرزىمەيدۇ، ئەرزىمەيدۇ.

بۇ چاغدا پەتنۇسلاردا تۈرلۈك مېۋە - چېۋە، نان، توقاچ،

چاي كۆتۈرۈپ دېدەكلەر كىرىپ كېلىشتى.

چايدىن كېيىن سىپاھلاردىن بىرى قول كۆتۈرۈپ «مېھرى-بانۇ خېنىم بىلەن ۋاڭ خوجامنىڭ تويىغا مۇبارەك بولسۇن» دەپ يۈزنى سىيپىدى.

ئىچكىرىكى كاڭلىق ئۆيگە كىرگەن تۆت ئايال قومۇلنىڭ قائىدىسى بويىچە يوتقان سېلىشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇلار ئالدى بىلەن «ئاۋۋال ئۆزلىرىدىن كەلسۇن، دېسە ئاۋۋال ئۆزلىرىدىن كەلسۇن» دېيىشىپ بىر بىرىگە تۇزۇت قىلىشتى. ئاندىن ئەر تەرەپ بىر تەتىللا كۆرپىنى تارتتى. تۆت خوتۇن تۆت پېشىدىن مەھكەم تۇتۇپ، پەسكە بېسىپ تۇرۇپ سالدى. ھەمدە تۆت ئايال كۆرپىنىڭ تۆت پېشىنى، «شامال كىرىپ كەتمىسۇن» دەپ تىزلىرىنىڭ ئاستىغا بېسىشتى. ئاندىن قىز تەرەپنىڭ كۆرپىسى سېلىندى. يەنە ئاۋۋالقىدەك تىزلىرىنىڭ ئاستىغا بېسىشتى.

شۇ تەرىقىدە تۆت كۆرپە سېلىنغاندىن كېيىن يوتقانلار سې-لىندى. يوتقان ـ كۆرپە بەك كۆپ بولغانلىقتىن تۆتتىن، تۆت-تىنلا سېلىندى. بولمىسا ھەممە يوتقان كۆرپىنى سېلىش، يوتقاننىڭ ئۈستىدە كۆچ سىنىشىش ئادىتى بار ئىدى. ئىللىق خېنىملارنىڭ رايىغا بېقىپ بۇنداق قىلىشمىدى.

يوتقان سالغان ئاياللار تاشقارقى ئۆيگە چىقتى ـ دە، ۋاڭغا پۇكولۇپ تەزىم قىلغىنىچە سىرتقا چىقىپ كېتىشتى. راھىلىخان سىپاھلارنىڭ ئىشارىتى بىلەن مېھرىبانۇنى ئىچكىرىكى ئۆيگە ئېلىپ كىردى ۋە تېزلا قايتىپ چىقىپ ۋاڭغا پۇكولۇپ تەزىم قىلغىنىچە «ۋاڭ خوجام ئالىيلىرىغا ئامانەتنى تاپشۇردۇم» دەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن سىپاھلار ئورۇنلىرىدىن تۇردى. ھەممى-سى بىرلىكتە ئارقىچە مېڭىپ ھۇجرىدىن چىقىپ كېتىشتى.

سىرتتىكى ئۇپۇر ـ ئۇپۇر غولغۇلىلارمۇ بېسىلىپ قالدى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ پەنجىرىلەرنىڭ يىپەك پەردىسىنى قايرىپ شامال كىرىدىغان كۆزنەكنى ئېچىپ قوي-دى. دېرىزىدىن لەرزان شامال كىرىشكە باشلىدى.

# تۆتىنچى باب

مېھرىبانۇ ھۇجرىدا يالغۇز ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كۆڭلى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. چۈنكى ۋاڭنىڭ مېھرىبانۇنىڭ ئالدىغا كىرىشى تۇنۇگۈندىن بېرىقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ ئىلىدىكى ۋاقتىدا قۇمۇل ۋاڭى ھەققىدە نۇرغۇن پاراڭلارنى ئاڭلىغان: «پۈتۈن قۇمۇل خەلقى ۋاڭنىڭ قولى. قۇمۇلنىڭ يەر - زېمىنلىرى ئۇنىڭ مىراسى ئىكەن. ۋاڭنىڭ جامالنى كۆرۈش ئاۋام پۇقراغا دۇرۇس ئەمەس ئىكەن. شۇڭا ۋاڭ سىرتلارغا چىققاندا پۈتۈن خەلق يۈزىنى يەرگە يېقىپ تەزىم قىلىدىكەن. ۋاڭنىڭ قارىسى يوقالغۇچە بېشىنى يەردىن كۆتۈرەلمەيدىكەن. ۋاڭ بىرسى بىلەن سۆزلەشمەكچى بولسا، يۈز تۇرانە سۆزلەشمەيدىكەن. ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ مەقسىتىنى تەيجىسى تەكرارلىغاندىن كېيىن جاۋابىنى تەيجىسى ئارقىلىق يەتكۈزىدىكەن . . . » بۇ ۋاڭنىڭ پۇقرانى ئۆزىدىن پەس كۆرگەنلىكى ئەمەسمۇ، ماڭا قانچىلىك مۇئامىلىدە بولار دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىس ئاپپاقنىڭ سۆزلىرىدىن ۋاڭنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغاندەك بولغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ گۇمانلىرى پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. مېھرىبانۇ قۇمۇل ۋاڭى ھەققىدە ھەرخىل گەپلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا نىكاھلىق بولۇشقا ئانچىلا نارازى بولمىغانىدى. بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب شۇكى، ئۇ تارىختا ئۆتكەن ئەۋلىيالار ھەققىدىكى، پادىشاھلار ھەققىدىكى قىسسەلەرنى، با-

تۇر - پالۋانلار ھەققىدىكى قىسسەلەرنى ئوقىغان، ئۇ بۇ جەرياندا شەددات، پىر ئەۋىندەك زالىم پادىشاھلارنى، ھاتەمدەك سېخى، نوشىرۋاندەك ئادىل پادىشاھلارنى بىلدى. ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىدىن سۆيۈندى، يامان ئىشلىرىدىن نەپرەتلەندى. ئۇ قۇمۇل ۋاڭىنىمۇ بىر پادىشاھ دەپ بىلەتتى. شۇڭا بىر پادىشاھنى ئادىللىقتا، سېخىيلىقتا، ئادەملەرگە تەڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلىشتا باشلاش خۇدا ئالدىدا بىر ساۋابلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ، دەپ ئويلىدى. بۇ ئوي ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇپ ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىدىكى مۇھەببەت سەۋداسىغا ئەل بولمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئۇلۇغ ئىشلار ئۇنى بۇنداق شەخسىي ھېسسىياتتىن ساقلاپ قالدى.

ئۇ جىمجىت ئولتۇرۇپ تاشقارقى ئۆيدىكى ئىشلارنى - ۋاڭنىڭ نىمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆزەتتى. ۋاڭ ئاۋۋال تەتىللا تونىنى سېلىپ ئىلغىغا ئىلدى. تونىنىڭ ئۈستىگە شايى پوتىسىنى قويدى. ئاندىن دېرىزىنىڭ پەردىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى - دە، يېنىك دەسسەپ ئىچكىرى ئۆيگە كىردى. مېھربانۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەنىدى. ۋاڭ:

— بولدى خېنىم، تۇرمىسىلا، — دېگىنىچە قىزنىڭ يېنىغا، كاڭنىڭ گىرۋىكىگە ئولتۇردى ۋە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مېھربانۇنىڭ يۈزىدىكى رومالنى ئىككى قولى بىلەن كەينىگە قايرىپ قويدى.

— ئاللاتائالانىڭ قىسمەتلىرى كۆپ ئىكەن. كىم ئويلاپتۇ ئىلىدىن قىز ئالىمەن، دەپ. نىكاھ غايىب دېگەن شۇ ئىكەن، خېنىمنى جاپاغا سېلىپ قويدۇم. نۇرغۇن رىيازەت چېكىپ بۇ يەرگە كەلدىلە، ئۆزلىرىدىن مىننەتدارمەن، — ۋاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، پەستە مېھربانۇغا ئۇدۇل قويۇلغان گۈل نەقىشلىرى بىلەن جۇلالىنىپ تۇرغان ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئاندىن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن ئۆيلەنگەن ئادەم. بۇ يىل توپتوغرا قىرىق بەش ياشقا كىردىم. دادام بۇنىڭدىن يىگىرمە ئالتە يىل بۇرۇن نەۋرە سىڭلىم بۇۋى ھەجەر خېنىمغا توي قىلىپ قويغانىدى. بۇ خېنىم تۇنجى تۇغۇتىدىن كېيىن كېسەلمەن بولۇپ قېلىپ يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق كېسەل ئازابىنى تارتتى. نۇرغۇن سەۋەبلەرنى قىلدۇق، شىپا تاپمىدى. بۇ خېنىمدىن ماڭا بىر ئوغۇل پەرزەنت نېسىپ بولغان بولسىمۇ، ئوغلۇم سەلمۇئەزا تۇغۇلمىدى. تۇغۇلغاندا كۆزلىرى كۆرمەس، تېنى پالەچ ئىكەن. ھازىر ئون بەش ياشتىن ئاشتى. تامىقى ياخشى، گەپ سۆزى جايىدا، ئەمما ئۆزىنى تۈزۈك جوڭقۇزالمايدۇ. بۇمۇ خۇدانىڭ بەرگىنى دەپ خۇدايىمغا شۈكۈر قىلىمەن.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بۇ گەپلەرنى ھەسرەت ئارىلاش دەپ ئۆتتى. ئۇنىڭدا نە ۋاڭلىق، نە بەگلىك كىبىر كۆرۈنمەيتتى. ئۇ مېھرىبانۇغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قويدى. مېھرىبانۇمۇ ئۇنىڭغا قارىدى. ۋاڭنىڭ تېنى ساغلام ئىدى. ئۇنىڭ قامىتىدىن ساپ ئەقىل نامايان بولۇپ تۇراتتى. مېھرىبانۇنىڭ قەلبىدە بىر ئىللىق سېزىم ئىگىلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەم-ئەندىشىلەر غايىب بولدى. ۋاڭ مېھرىبانۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى. بۇ كۆزلەر ھەرقانداق يۈرەكنىڭ زىل تارىنى چېكەتتى. شۇڭا ۋاڭ بۇ كۆزلەرگە قاراپ بىر شېرىن تۇيغۇغا چۆمدى.

ئاسماندا تولۇنئاي كۆتۈرۈلدى. ئاي گاھ بۇلۇتلار ئارىسىدا، گاھ سۈپسۈزۈك، تىنىق ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرەتتى.

ۋاڭ بىلەن مېھرىبانۇ غۇسۇل - تاھارەتتىن كېيىن، جايىنامازدا يانمۇ يان ئولتۇرۇپ بامدات نامىزىنى ئوقىدى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، پەنجىرىسىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ، شامال ئۆتىشىدىغان كۆزنەكنى ئېچىپ قويدى. ھەم پەنجىرىدىن سىرتقا، چوڭ يول تەرەپكە نەزەر سالدى. ئوردا يەر

يۈزىدىن خېلى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغاچقا پەنجىرىدىن قارىسا، ئوردا ئارقىسىدىكى چوڭ يول ناھايىتى پەستە كۆرۈنەتتى. يولنىڭ يۇقىرىسى قاغۇم باغچا، قاغۇم باغچىنىڭ يۇقىرىسى چاھارباغ، ئۇنىڭ يۇقىرىسى ئاۋات باغچا ئىدى. ئاۋات باغچا ناھايىتى قەدىمي باغ بولۇپ، بۇ يەردىكى ئۆرۈك، ياڭاق دەرەخلىرى بەك قېرىپ كەتكەنلىكتىن بەزى شاخلىرى قۇرۇپ قالغانىدى. چاھارباغ بولسا ئۇ باغدىن كېيىن ياسالغان باغ بولۇپ، ھازىر ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلىرى راسا مېۋە بېرىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. قاغۇم باغچە يېقىنقى يىللاردا بىنا قىلىنغان بولسىمۇ مېۋىلىرى خىل بولۇپ، ھەرخىل گۈللەر بىلەن قاپلانغانىدى. ۋاڭ بۇ باغنى ياخشى كۆرەتتى. مانا ھازىر دەل باغ ئايلىنىپ ئۆرۈك يەيدىغان ۋاقىت. ئۇ بىر پۇرسەت چىقىرىپ مېھربانۇنى باغلارنى ئايلاندۇرۇپ كېلىشنى ئويلىدى. يەنە ۋاڭنىڭ كۆزى قاغۇم باغچىدىكى ئېگىز ئۆسكەن جۇجەمگە چۈشتى. ئەگەر كىشىلەر ئەرز سۇنسا ئەنە شۇ جۇجەمنىڭ شېخىغا ئەرزنى ئاق رەختكە يېزىپ ئېسىپ قوياتتى. مۇھەممەت بىشىر ۋاڭ ۋاڭ بولغاندىن بېرى ئىككى قېتىم شۇ جۇجەمنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويغان ئەرزنى قوبۇل قىلدى. بۈگۈن ئۇ جۇجەمنىڭ شېخىدا ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى.

مۇھەممەت بىشىر ۋاڭ خېلى يىللاردىن بېرى بۈگۈنكىدەك خۇشال بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇ بۇرۇنقى ئايالى بۈۋى ھەجەر خېنىم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بارلىق مۇھەببىتىنى ئايالى بىلەن تەڭلا ئۆلگەندەك ھېس قىلىپ قالغانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا بۇنداق ئويلىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ شۇنىڭغا ئىشەندىكى، ئۆلۈم ئۇنىڭ روھىي ئېرىشىدىغان نەرسىلەرنى ئەبەدىلئەبەت تارتىۋالالمايدىكەن. ئۇ بۈگۈنكى جىمجىت كېچىدە مېھربانۇنىڭ قانداقتۇر بىر گۈزەللىكىنى بايقىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى بۇرۇنقى يالغۇزلۇق گويا تاڭ قۇياشى كۆتۈرۈلگەندە غايىب

بولغان تۇمانلارغا ئوخشاش ئۇنتۇلۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بۇگۈنكى
مۇھەببىتى كامالەتكە يەتكەن ھاياتنىڭ ئۆزى بولدى. ئۇ گويا
مەي بىلەن لىق توشقۇزۇلغان جامغا ئوخشايتتى. گويا ئالتۇن
قۇياشقا، كۈمۈش ئايغا ماس كەلگىنىدەك ئۇلارمۇ بىر-
بىرىگە ماس كەلگەنىدى. مېھرىبانۇ بىلەن مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ
بۇگۈنكى كېچىنى مۇھەببەتنىڭ لەززىتىگە چۆمۈپ شېرىن سۆھ-
بەت بىلەن ئۆتكۈزدى. بولۇپمۇ مېھرىبانۇنىڭ مۇنۇ ئىككى ھې-
كايىتى ۋاڭغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. بىرى مۇنداق ئىدى: بىر
دۆلەتنىڭ پادىشاھى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ شاھزادى-
سى دۆلەتكە ھۆكۈمران بوپتۇ. لېكىن شاھزادە ياش، تەجرىبى-
سىز، غۇرۇرى كۈچلۈك بولۇش تۈپەيلىدىن تولا چاغلاردا غەزەپ-
كە، ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىپ خەلقنى قاقشىتىپ قويۇپتۇ.
بىر كۈنى ئۇ ئۆز ۋەزىرىدىن: «مېنىڭ زاھىرىمدە ئەيىب-
سەۋەن كۆردىڭىزمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. بۇ چاغدا ۋەزىر مۇنداق
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ: «ئاللاتائالاغا شۈكۈر، سىزنىڭ زاتىڭىز
ئۇلۇغۋار سۈپەتلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. پاكىز ۋە يۈكسەك
خۇي-ئەخلاقلار سىزدە جەم بولغان، سىزنىڭ شەپقەت داستى-
خىنىڭىز خاسۇ-ئامنىڭ نەزىرىگە سېلىنغان. كەرەم ۋە مۆرۈ-
ۋەتىڭىزنىڭ شۆھرىتى جىمى ئالەمگە تارالغان. خۇلقى پەزىلىتى-
ڭىزنىڭ مېھمانخانىسىدا نازۇ نېمەتلەر، شېرىن شەربەتلەرمۇ
تەييار تۇرۇپتۇ. لېكىن مەزكۇر داستىخىنىڭىزنىڭ تائاملىرىدا
تۇز كەمدەك بىلىنىۋاتىدۇ. تۇزسىز تائام تەبىئىيكى لەززەت
بەرمەيدۇ.»
شاھزادە: «ئۇنداق بولسا بۇ زىياپەت تائاملىرىمنىڭ تۇزى
نېمە ئىرور؟» دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر ئېيتىپتۇ: «بۇ تائاملىرى-
ڭىزنىڭ تۇزى ئېغىر-بېسىقلىق ۋە سەۋرچانلىقتۇر. سىزنىڭ
پادىشاھلىق ئىمارىتىڭىزنى ۋەيران قىلىدىغان ئامىل غەزەپ ۋە
يەڭگىللىكتۇر».

شاهزادە ۋەزىرنىڭ سۆزىنى دىققەت تىڭشاپ ئۆزىگە ئۆرنەك قىپتۇ. ھېكايە شۇ يەرگە كەلگەندە مېھرىبانۇ خېنىم ۋاڭغا ئەس-كەرتىپ قويۇپ: «جانابلىرى ئېغىر - بېسىق ئادەمكەنلا، ئەپ-سۇس، پۇقراغا مۇئامىلە قىلغاندا تېخىمۇ ئېغىر - بېسىق بو-لۇشلىرى، ئەتراپلىرىدىكى بەگ، ئۆلىمالارغا ئالدىراپ باھا بەر-مەسلىكلىرى كېرەك» دېگەنىدى. ۋاڭ بېشىنى لىڭشىتىپ كۇ-لۇپ قويىدى.

يەنە بىر ھېكايەت مۇنداق ئىدى: ئاللاتائالا ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا «ئىشلار توغرىسىدا ئۆز سەپداشلىرى-ڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىڭ» دەپ بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەي-ھىسسالام ئىنسانلار ئىچىدە ھەممىدىن دانا تۇرۇقلۇق ئاللاتائالا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا كېڭەش - مەسلىھەت توغرىسىدا بۇيرۇيدۇ؟ بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، مۇھىم ئىشلاردا كېڭەش بىلەن پىكىرنى جەم قىلىپ بىرقارارغا كەلگەندىن كېيىن قەدەم بېسىش ئۈممەتلەر ئارىسىدا سۈننەت بولۇپ قالسۇن دېمەك ئۈچۈندۇر. چۈنكى كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماستۇر. . .

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ئۆز مەلىكىسىدىن بۇ ھېكايەتلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ راستىنلا بىر ئەقىل ئىگىسى ئىكەنلىكىنى چۈ-شەندى. شۇڭا ئۇ مېھرىبانۇغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئىنساننىڭ كامىل بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك بىر يولداشنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئىكەن. ئەر - خوتۇن-لۇق بولۇش دېگەنلىك تۇرمۇشتىكى خۇشال، بەختىيار كۈنلەر-نىمۇ، قايغۇ - ھەسرەتلىك كۈنلەرنىمۇ بىللە ئۆتكۈزۈش دېگەن-لىكتۇر. بىر ئادەمنىڭ مەڭگۈ بەختلىك بولۇپ كېتىشى، مەڭگۈ قايغۇ - ھەسرەتلىك بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بىكارغا ئاللاتائالا كۈن بىلەن تۈننى ياراتمىغان. يەنە ئاينىمۇ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشى قاراڭغۇ. خېنىم، مەن ئۆزلىرىگە دەپ قوياي، مەن ئايالالارنىڭ ئۆينىڭ ئىچىگە بېكىنىۋېلىپ ئولتۇرۇ-

شىنى ياخشى كۆرمەيمەن. ئادەم دېگەن بەش تۈرلۈك نەرسىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. ئۇ بولسىمۇ قۇياش نۇرى، ساپ هاۋا، سۇ، ئوت، تۇپراق. بۇرۇنقى ئايالىم بۇۋى ھەجەر خېنىم ئوردىغا كۆچۈرۈلۈپ كەلگەندىن كېيىن، تالا تۈزگە چى-قىپ باقمىغانىدى، نامەھرەملىك دېگەنمۇ جايىدا بولۇشى كې-رەك. ئادەم كۈن نۇرىنى كۆرۈپ تۇرمىسىمۇ، ساپ هاۋادا ئارام ئالمىسىمۇ بولمايدۇ. راستىنى ئېيتسام، بۇۋى ھەجەر خېنىم كۈن نۇرىنىمۇ كۆرۈپ باققىنى يوق. شۇڭا ئۇ قانچە، قانچە يىللار پالەچ بولۇپ ئۆيدە يېتىپ قالدى. كۈن نۇرىنى كۆرسۇن، ساپ هاۋادا ھۇزۇرلانسۇن، بىز ئاپىرىدە بولغان تۇپراقلاردا مېڭىپ، تاغ سۇلىرىدا يۇيۇنسۇن دەپ ئارىتام، باغداش باغلىرىغا ئېلىپ چىقتىم. ئۆيدىن تالاغا چىققۇسى كەلمىدى. ھەتتا تەختى-راۋاننىڭ پەردىسىنى قايرىپ سىرتلارغا قاراپمۇ باقمىدى. مې-نىڭ بۇنىڭغا ئىچىم پۇشتى. شۇڭا مەن خېنىم ئۆزلىرىگە دەپ قوياي، بۇ ئىشلار سەل ئەللىدە بولسۇن. قومۇلنىڭ ئادىتىدە بۈگۈن ئەتىگەندە قىز بىلەن يىگىت (ۋاڭ بۇ گەپنى دەپ بولۇپ مېھرىبانۇغا مەنىلىك قاراپ قويدى. مېھرىبانۇمۇ كۈلۈپ قوي-دى) قىز بىلەن يىگىتنىڭ قولداشلىرى بىرلىكتە ناشتا قىلى-دۇ. خېنىممۇ ھۇجرىلارغا يۈتكىلىپ، يۈزىنى يېپىپ يۈرمەي، بىز بىلەن بىللە ئولتۇرغايلا.

مېھرىبانۇ كىچىكىدىن «نامەھرەم» دېگەنلەرگە ئۇنچىۋالا ئېتىبار قىلىپ كەتمىگەنىدى. ئۇ يۈزىنى يېپىۋېلىشنى ناھايىتى ئۆچ كۆرەتتى. شۇڭا مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى.

ئىشىك چېكىلدى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ يەڭگىلەرنىڭ يېتىپ كىرىدىغانلىقىنى بىلىپ يېڭىلا ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى چۈشۈرۈۋەتكەنىدى. ئىجازەتتىن كېيىن ئىككى ئىلىلىق خېنىم كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا خۇشنىبانۇ ئاپپاق بىلەن

مىنىس ئاپپاقلارمۇ كىرىپ ۋاڭغا تەزىم قىلدى. ۋاڭ گەپ - سۆز قىلماي تاشقارقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ئاياللارنىڭ ئىككە- سى يوتقان كۆرپىلەرنى يىغىشتۇردى. يەنە ئىككىسى مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ چاچلىرىنى تاراپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىدى. ئە- شىك يەنە چېكىلدى. ۋاڭ ئىجازەت بەردى. نەمتۇللا تەيجى، ھاشىر تەيجىلەر كىرىپ كەلدى ۋە ئېگىلىپ تەزىم بىلەن:

— ۋاڭ خوجام، مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ ئالتۇن بويلىرى ئېسەنمىكىن، — دېدى.

— بەگلىرىمگە ئىجازەت، — دېدى ۋاڭ خۇشال كەيپى- ياتتا. بەگلەر ئورۇنلىرىنى تېپىپ ئولتۇرۇشتى ۋە دۇئاغا قول كۆتۈرۈشۈپ ۋاڭ خوجامغا ئامانلىق تىلەشتى. دۇئادىن كېيىن قولىدا كورە، تاۋاق، چىنە - چەينەك، داستىخان كۆتۈرۈپ، قىز قولدىشى ۋە غۇنچەچى ① ئىككى قىز كىرىپ كەلدى. ئۇلار- نىڭ بىرىنىڭ قولىدا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن كۈمۈش كورىدا خېمىرى تۇخۇم قوشۇپ يۇغۇرۇلۇپ، قەغەزدەك نېپىز ئېچە- لىپ، ئىچىگە گۆش ۋە پىيازنى ئۇششاق چاناپ تۇز، زىرىسىنى ئوبدان تېتىتىپ قىلىنغان قىيما ئېلىنىپ، ئۇششاق تۈگۈلگەن چۆچۈرە، يەنەبىر قاپارتما گۈللۈك يوغان چىنە تاۋاقتا سارغۇچ پىشۇرۇلغان ئۆپكە. (ئۆپكىگە ئۇن سۇيى بىلەن كۆيدۈرۈلگەن سۇ مېيى قوشۇپ بېرىلگەنلىكتىن ئۆپكە سارغۇچ بولۇپ پىشى- دۇ) ئۇ يەر بۇ يەرلىرى ئېتىلىپ پىشقان بۇ ئۆپكىگە چىرمالغان ھېسىپ بار ئىدى. بۇ قىز تەرەپتىن كەلتۈرۈلگەن ئەتىگەنلىك چاي ئىدى. ئۆپكە - ھېسىپ، چۆچۈرىلەر ناھايىتى ئوخشىغان- دى. ھەممەيلەن ماختىشىپ يېيىشتى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ قىزنىقچىلىق قىلىپ:

— بۇ ئۆپكە — ھېسىپنى باشقا كۈنلەردە يېيىشكە بول-

① غۇنچەچى - داستىخان سېلىپ، تاماق قويغۇچىلار.

مامدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى. ئەمتۇللا تەيجى «بولىدۇ، ۋاڭ خوجام» دېيىشىگە. ھاشىر تەيجى:

— بولمايدۇ ۋاڭ خوجام، بولمايدۇ، بۇنى نىكاھ ئوقۇلغان كۈننىڭ ئەتىسىلا يەيدىغان گەپ. ئەگەر ئۆپكە - ھېسسىپ ياراپ قالغان بولسا يەنە بىر قانچە نىكاھلىق بولسىلا بولىۋېرىدۇ ئە-مەسمۇ؟ — دېدى.

بۇ ئۆي مىجەز كىشىنىڭ سۆزلىرى ۋاڭغىمۇ، مېھرىبانۇغى-مۇ ياقمىدى. ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. بۇ جىمجىتى-لىقنى بۇزۇپ ۋاڭ خوجام شۇنداق دېدى:

— توي دېگەن ئۆمرىدە بىر، ئىككىلا بولۇشى كېرەك. بويتاق يۈرگەندىن خوتۇن ئالغان ياخشىراق، — بۇ گەپنى ھاشىر تەيجى بېگىمگە قارىتىپ دېدى. ھاشىر تەيجىنىڭ ئايالى تۇگەپ كەتكىلى بىر نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ تېخىچە ئۆيلەن-مىگەندى، بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ ھاشىر تەيجىگە قاراشتى. ھاشىر تەيجىمۇ ئىرغىنىپ قويدى، — ئەمتۇللا تەيجى بېگىم دېدى ۋاڭ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ توققۇز كۈن ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان توي تاماشاسى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ناھايىتى ياخشى ئېلىپ بېرىلسۇن. ئېلىدىن كەلگەن مېھمانلارمۇ ئىچىلىپ - يېيىلىپ، ياخشىراق تاماشا قىلىپ كەتسۇن. ھەرگىزمۇ زېرىكىپ قالمىسۇن. ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلارنى ھەممەيلەنگە مەلۇم قىلىپ قويسىلا.

— خوش ۋاڭ خوجام، — بۇ ئىشلارنى خېلى بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇق. توي دېمەك — خۇشاللىق دېمەك. قۇمۇلنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرى، مەشرەپلىرى، چېلىشىش، ئوغلاق تارتىش، ئات يورغىسى سېلىش، قوچقار، توخۇ سوقۇش-تۇرۇش، شاخمات ئويناش، ئېلى مەشرىپىنى كۆرۈش قاتارلىق ھەرخىل ئويۇنلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ ئويۇنلارنىڭ سورۇنلى-رىمۇ تەييار قىلىندى. بەش شەھەردىن چېلىشچىلار، ئون ئىك-

كى تاغدىن سازەندە، ناخشىچىلار ئېلىنىپ كېلىنىدى. ھەركۈنى كەچتە مەشرەپ ئۆيۈشتۇرۇلىدۇ، كۈندۈزى ھەرخىل تاماشالار ئېلىپ بېرىلىدۇ. جاناپلىرىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

— مەشرەپ نەدە بولىدۇ؟

— يان باغدىكى چوڭ سارايدا بولىدۇ.

— بولىدۇ ئەمىسە، خېنىملارمۇ خالىغان ئويۇنلىرىنى كۆرسۇن، — دەپ مېھرىبانۇغا قاراپ قويدى ۋاڭ. مېھرىبانۇ كۈلۈمسىرەپ يەرگە قارىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ھۇجرىدا ئارتۇقچە پاراڭ بولمىدى. ئەرلەر دۇئادىن كېيىن ۋاڭنى ئارىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. مىنىس ئاپپاق خۇشنىبانۇ ئاپپاققا پىچىرلاپ «ۋىيەي، بۇلتۇرقىدەكلا بوپكەتكەن گەپ. قىلىن قىزكەن» دې- ۋىدى، خۇشنىبانۇ: «ئىچىلىرىدە زەھەر قۇتىرايدىكەن. ھەسەت- خورلۇق قىلمىسىلا بولمامدۇ» — دەپ مىنىس ئاپپاقنىڭ يې- غىرىغا تەگدى. مىنىس ئاپپاق ئۇرۇشاي دېسە تېخى، ئامالسىز كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قويۇپ جىمىپ قالدى. ئۇلار ھۇجرىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا مىنىس ئاپپاق سورىدى:

— يۈز ئاچقۇلۇقىنى قاچان قىلىدىكەنمىز.

— تويىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى. پەتنۇس - پەتنۇسلارغا تىزىۋاتقان ئالتۇن، ياقۇت، زىبۇ زىنىنەتلەر، ھەرخىل ئېسىل كېيىم - كېچەكلەر، تۈرلۈك رەختلەر، ۋاي خۇدايىم، جىق نەرسە، قىرىق پەتنۇس بولىدىمىكىن، ئۆزلىرى كۆرمىدىلەمۇ؟ خۇشنىبانۇ ئاپپاق يەنە مىنىس ئاپپاقنىڭ ئىچىگە زەھەر ئۇرۇقە- نى چېچىپ قويدى.

— ئالغىلىلا كەپتىغۇ، بۇ بۇرالقى[1] . خەزىنىنى قۇرۇتۇپ

---

[1] بۇرالقى - قۇمۇلدا بەزى كىشىلەر باشقا شەھەردىن كەلگەنلەرنى بۇرالقى دەپ قوياتتى.

قويىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— ۋاڭ خوجامنىڭ نېمىسى كەمتى. ئۆزلىرى بىلەن بىزگە نېمە قويۇپتۇ. ئۆزلىرىزە كۆزلىرى جەننەتتە، كۆڭۈللىرى دوزاختىلا ئۆتىدىغان خوتۇنكەنلا، — دېدى خۇشنىبانۇ ئاپپاق.

— ۋىيىەي ئۆزلىرىمۇ ھەسەت قىلىشۋاتىدىغانلا، — دېدى مىنىس ئاپپاق ئېغىزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ.

— جاھاننى سۇ ئالسا، ئۆردەكنىڭ نېمە كارى، ئاسمان گۇمۇرۇلۇپ چۈشسە، ئاستىدا نان يەيمەن. ھەسەتخورلۇقچۇ، ئۆزلىرىدەكلەرگە خاس.

— ئاغزىم بار دەپ ئاغزىلىرىغا كەلگەننى دەۋرىمسىلە، ھەسەتخورلۇق دېگەن نېمە ئۇ؟

— ھەسەتخور دېگەنچۇ، ئۆزلىرىدەك ئىچى تار، پىتنىخور بولىدۇ. ھەسەتخور كىشى ھايانى بىلمەيدۇ، تېتىقسىزلىق قىلىدۇ. ئەمدى سەل ئۆزلىرىنى بېسىۋالمىسىلا، تۆمۈر مىخنى تاشقا كىرگۈزەلمەيلا. يامىنى كەلسە ۋاڭغا چېقىپ قويىمەن، جۇمۇ.

— دېسىلە دەۋرسىلە، بىز دېگەن ۋاڭنىڭ توغقىنى، بىزنى نېمە قىلالايتتى؟

# بەشىنچى باب

ئىلىدىن توي كۆچۈرۈپ كەلگەن مېھمانلار ئەبەيدۇللا تار-
خانبەگ دەۋرىدە سېلىنغان تۆۋەن ئوردىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.
يېڭى ئوردا پۈتكەندىن كېيىن تۆۋەن ئوردىنىڭ نۇرغۇن ئۆيلىرى
بىكار قالغانىدى. تويىنىڭ گېپى چىققاندىن باشلاپ نەمتۇللا
تەيجى بۇ ئۆيلەرنى دەرھال رېمونت قىلدۇرۇشقا كىرىشكەنىدى.
ھەرقايسى ئۆيلەرنىڭ تاملىرى پىشقىن[1] بىلەن يېكەن[2] پوغۇندىسى
ئارىلاشتۇرۇلۇپ قايتا سۇۋالدى. ئىشىك، دېرىزىلىرى سىرلاندى.
دى. ئۆيلەرنىڭ كاڭ، كۇرسىلىرىغا يېڭى گىلەملەر سېلىنىپ،
ئويۇقلىرىغا يېڭىدىن تىكىلگەن يوتقان - كۆرپە، يۆلەنچۈك، ياس-
تۇق، ماموق ياستۇقلار تىزىلدى. ئەر - ئايال بىر-بىرلىكتە كەلگەن-
لەرگە بولسا ئايرىم ھوجرىلار تەييارلاندى. ھەممىلا ئۆيگە
چىنە - چەينەك، چىلاپچا - ئاپتۇۋىلار قويۇلدى. ئاشخانا،
ساماۋەرخانىلار ئاش، نان، چاينى ئۈزۈلدۈرۈپ قويمىدى. كۈنده-
گە دېگۈدەك قوي، كالا، ئات، تۆگىلەر سويۇلۇپ تۇردى. بۇ
ئوردىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى چوڭ باغ ھەرخىل مېۋى-
لەرگە مول بولۇپ، مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل ئىدى. مېھمان-

---

[1] پىشقىن - كۆيدۈرۈلگەن ھاك.
[2] يېكەن - سازلىقلاردا ئۆسىدىغان قومۇش غوللۇق ئۆسۈملۈك.

لار بۇ ئۆيلەرگە ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى ناھايىتى ئازادە ھېس قىلىشتى. بۇ يەردىكى باغ ئۇلارنىڭ سەيلە ـ سايا-ھەت قىلىشى، ھاردۇق ئېلىشى ئۈچۈن تولىمۇ ئەپلىك ئىدى.

مېھمانلار كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى يەنى تۈنۈگۈنكى كۈندە مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ مېھمانلاردىن ھال سوراپ كەلدى. ئۇلار-نىڭ ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ساق ـ سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ۋاڭ كېلىشتىن بۇرۇنراق خە-ۋەر بولغانلىقتىن ئەر مېھمانلار بۇ يەردىكى چوڭ سارايغا يىغىل-غانىدى. ھەممەيلەن ۋاڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ۋاڭ بۇ سالاپەتلىك ئادەملەرگە قاراپ ھەيران قالدى. ئۇلار پاكىز، رەتلىك كىيىنگەنىدى. ئىجازەتتىن كېيىن ئۇلار قۇللۇق دېيىشىنىڭ ئورنىغا «رەھمەت» دېيىشىپ ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. ۋاڭ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇلارغا قاراپ سۆز قىلماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا ئالدىدىراق ئولتۇرغان غورۇرى ئې-غىز ئاچتى:

— ۋاڭ خوجامنى زىيارەت قىلغىلى ئوردىغا بارايلى دەپ تۇراتتۇق. جانابلىرى ناھايىتى كەمتەر ئىكەنلا، ئۆزلىرى كەپتى-لا، ئالدىلىرىدا خىجىلمىز.

— ھەي نېمە دېگەنلىرى بۇ، ئالتە ياشلىق كەلسە ئاتمىش ياشلىق ئالدىغا چىقىدۇ دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ — دېدى ۋاڭ. بۇ گەپ بىلەن ئاردىن بىر قانچەيلەن «مەرھەمەتلىرىگە رەھمەت»، «مەرھەمەتلىرىگە رەھمەت» دېيىشتى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ يەنە غورۇرىغا قارىدى. غورۇرى ۋاڭغا ناھايىتى سالاپەتلىك كۆرۈندى. ئۇ بېشىغا قېنىق جىگەر-رەڭ دۇخاۋىدىن دوپپا. ئۈستىگە قارا كۆك يۇڭ رەختتىن پەل-

تو، پۈتىنغا پارقىراق خورۇم ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى.

— ئۇلۇغ ۋاڭ خوجام، جانابلىرىغا مەلۇم بولغايكى، يول يىراق بولغان بىلەن كۆڭلىمىز يېقىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز يىلتىزىمىز بىر ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن بولىمىز، — دېدى غورۇرى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بۇ گەپكە ئاۋۋال ئەجەبلەندى. كېيىن «ھە راست مەن مېھرىبانۇنى ئالغاندىكىن ئەلۋەتتە ئۇرۇق - تۇغقان بولۇپ قالمامدۇق» — دەپ ئويلىدى.

— راست دەيلا، بىز ئەمدى راستىنلا ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن بولۇپ قالدۇق، — دېدى ۋاڭ.

— خوش، ۋاڭ خوجام، ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن مەن ناھايىتى ئۇزاقتىن تارتىپلا تۇغقاندارچىلىقىمىزنىڭ بارلىقىنى دەۋاتىمەن. جانابلىرى بىلىملىك، تارىختىن ساۋاتلىرى بار بىر ئۇلۇغ زات، دېمەكچىمەنكى، ئەگەردە چاغاتاي نەسەبلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، تۇغقانچىلىقىمىزنىڭ تېگىگە يېتەلەيمىز.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ئەجەبلىنىپ:

— شۇنداقمۇ، ھە، قېنى سۆزلىسىلە سىلىمۇ تۇغلۇق تۆمۈر[1] خاننىڭ ئەۋلادلىرىدىنمۇ؟

— تاپتىلا ۋاڭ جانابلىرى. ھەزرەتلىرى تۇغلۇق تۆمۈر

---

① تۇغلۇق تۆمۈرخان - چىڭگىزخاننىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى (چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ نەۋرىلىرىدىن) ئۇ 1329 - يىلى تۇغۇلغان. 1346 - يىلدىن 1363 - يىلغىچە شەرقى چاغاتاي خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئىلىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان قورغاس تەۋەسىدىكى ئالمالىقنى پايتەخت قىلىپ، «موغۇلىستان» دەپ ئاتىغان. تۇغلۇق تۆمۈر ئون سەككىز يېشىدا خانلىققا ئولتۇرغان بولۇپ، يىگىرمە تۆت يېشىدا ئۆز خانلىقىدىكى پۈتۈن خەلققە باش بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ قوۋمى ئۆرپ - ئادەت، تىل - يېزىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن ۋە ئۇيغۇرلارغا تايىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. تۇغلۇق تۆمۈرخان 1363 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ ئالمالىق شەھىرىگە دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

خاننىڭ ئىلياسخان ئىسمىلىك ئوغلىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن. يەنى ئىلياسخاننىڭ مەۋلانە شەيخ مۇھەممەت ناملىق ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ھەسەن غازى. ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمايىل غازى، ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم غازى، ئۇنىڭ ئوغلى باقى غازى، ئۇنىڭ ئوغلى يارمەمەت غازى، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت شاھى غازى، ئۇنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا تارخان، ئەبەيدۇللا تارخاندىن باشلانغان قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد ۋاڭى جانابلىرى. مەن بولسام سەئىدىيە خانلىقىنى[1] قۇرغۇچى سەئىدخان ئەۋلادلىرىن بولىمەن. سەئىدخانمۇ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولىدۇ. مەن سەئىدخاننىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسىنىڭ ئەۋلادىمەن.

— دېمەك، بىز بىر ئەۋلاد نەۋرە - چەۋرىلەردىن بولىدىكەنمىز، مۇنداق بولغاندا يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى ئەھمەدخان، ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى سەئىدخان، سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇرېشىتخان، يەنىچۇ، ئابدۇكېرىمخان، ئابدۇلېتىپخان، ئاندىن كېيىن ئابدۇللاخان، — ۋاڭ بىر تىنىۋېلىپ سورىدى، — ئابدۇللاخاننىڭ يولۋاس دېگەن ئوغلىنىڭ نەۋرىلىرىدىنمۇ؟

— ياق بىز ئابدۇل مۇمىن ئىسىملىك ئوغلىنىڭ نەۋرە، چەۋرىلىرىدىن بولىمىز.

— يولۋاسخان ئۆز ئاتىسىغا تىغ كۆتۈرگەن بىر مەلئۇنغۇ.

---

① سەئىدىيە خانلىقى - تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا يەكەننى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان. شەرقىي چاغاتاي نەسەبىدىكى سەئىدخان ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھاكىمىيەتتۇر. سەئىدخان 1514 _ 1533 يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان. سەئىدىيە خانلىقىدا ئۆتكەن 11 خان 166 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. سەئىدىيە خانلىقى ئىلى ۋادىسى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئىسسىق كۆل رايونى، پەرغانە ئويمانلىقى، بەدەخشان ۋە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ۋاخان رايونى، كەشمىر ۋە تىبەتنىڭ بىر قىسمى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

— شۇنداق ۋاڭ خوجام، ئۇ چاغلاردىكى سەئىدىيە خانلىقى بىرى ئىچكى نىزالار، يەنە بىر تەرەپتىن ئاپپاق خوجىغا① ئوخشاش تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئۆز ئەتراپىغا نۇرغۇن سوپىلارنى توپلاپ سەئىدىيە خانلىقىغا قارشى چىققانلىقىدىن سەئىدىيە خانلىقى تەۋرەپ قالغان. مانا مۇشۇ قالايمىقانچىلىق يىللاردا مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىم يەكەندىن قورغاسقا كېلىپ، ئۆز ئەجدادى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ ئۆتكەن.

شۇ گەپلەردىن كېيىن مۇھەممەت بېشىر ۋاڭدا غورۇرىغا نىسبەتەن ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. شۇڭا شۇ يەردىلا ۋاڭ غورۇرىنى ئەتە چايغا تەكلىپ قىلدى. يەنە ۋاڭ شۇ جايدىلا تەيجىلىرىگە پەرمان بەردى:

— مېھمانلار قىسىلىپ قالمىسۇن، ھەربىر كىشىگە ئوخشاش، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئېتىبار قىلىنسۇن، تەلەپ، ئېھتىياجلىرى بولسا ۋاقتىدا ھەل قىلىنسۇن.

---

① ئاپپاق خوجا - (ھىدايىتۇللا خوجا) سوفىزمچىلارنىڭ پىشۋاسى سەمەرقەندلىك ئەخمەت كاسانى (مەخدۇم ئەزەم - 1461 - 1542) نىڭ نەۋرىسى. مەخدۇم ئەزەم ئەۋلىيالىق سۈپەتتە ئابدۇرىشىتخان ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەكەن خانلىقىغا كەلگەن ۋە ئوردىغا باش مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىنغان.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەت ئىمىن (ئىشان كالان) نىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، تۆتىنچى ئوغلى مۇھەممەت يۈسۈپ يەكەن خانلىقىدا «ئاق تەقلىق» خوجىلارنىڭ 1 - ئەۋلاد سەردارى بولۇپ، شۇ چاغدىكى دىنى ئورۇن تالىشىش كۈرىشىدە مەغلۇپ بولغانلىقتىن قۇمۇلغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇ قۇمۇلدا سوفىزمچى زاھىت مىرسەئىد خەلىلى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ قىزى زىلەيخانى ئەمرىگە ئالغان. 1626 - يىلى ئۇلاردىن ئاپپاق خوجا دۇنياغا كەلگەن. 1638 - يىل دادىسى ئۇلارنى ئېلىپ قەشقەرگە كەتكەن.

ئاپپاق خوجا ئاتا - بوۋىسىنىڭ يولىنى تۇتۇپ سوفىزملىق تەرغىباتنى جان تىكىپ ئېلىپ بېرىش بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنى غۇلىتىشقا نىيەت باغلىغان. بىراق ئۇنىڭ نىيىتى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ يەكەندىن قوغلانغان بولسىمۇ، يەكەندىن ئۇدۇل تىبەتكە بېرىپ دالاي لاما ٧ دىن ياردەم سورىغان. 1679 - 1680 - يىللىرى دالاينىڭ مەسلىھەتى بويىچە غالدان 60 مىڭ كىشىلىك جۇڭغار قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ يەكەن خانلىقىنى مەغلۇپ قىلغان.

— خوش ۋاڭ خوجام، پەرمان بەردارمىز! — دەپ تەيجىلەر پۈكۈلۈپ قۇللۇق قىلدى.

ۋاڭ ئوردىغا قايتىپ بېرىپ يەنە مۇنداق يارلىق چۈشۈردى:

— بۇ تويدا پۇقرالارمۇ شاد - خۇراملىقتا چۆمسۇن، مۇشۇ توققۇز كۈن ئىچىدە ئالۋاڭ - سېلىق بىكار قىلىنسۇن، ئوردىدا سوئال سوراق ئېلىپ بېرىلمىسۇن، كېچىلىك كۆزەتچى پەششاپلارمۇ ئۆيلىرىدە هاردۇق ئالسۇن. يېتىم ئوغۇل، تول خوتۇنلارغا ئوردىدىن قوي، ئۇن، گۈرۈچ، ماي تارقىتىپ بېرىلسۇن.

* *

ئوردىنىڭ شەرقىي تەرىپى يول ۋە شەرقىي ئۆستەڭگە تۇتاشقان ۋاڭنىڭ ئارامگاهى كاتتا سارايلار بىلەن قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، بۇ سارايلارغا تۇتاش باغلار ناهايىتىمۇ گۈزەل، مەنزىرىلىك ئىدى. ۋاڭنىڭ ئارامگاھ سارايلىرىنىڭ ئالدى تاملىرى قاپارتما نەقىشلىك پەن تام، ئىشىكلىرى يېرىم پەنجىر قىلىنغان ئىشىك. قالغان تاملىرى پىشقىن بىلەن ئاقارتىلىپ گۈل چىقىرىلغان گۈللۈك تام. تورۇس پەنلىرى تۆت چاسا ئىشلەنگەن بولۇپ، هەربىر بۆلەككە بىر خىل گۈل سىزىپ سىرلانغان. سىرلىرى ئۇچۇق كۆك، ئوچۇق يېشىل، سېرىق، ئاق، قىزىل بولۇپ كۆكتە ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەردەك كۆرۈنەتتى. (بۇ گۈل بوياقلىرىنىڭ رەڭگى ناهايىتى ئۇزۇن يىللارغىچە ساقلانغان) ئەسلىدە، ئۇ چاغلاردا سىرنى قومۇلدىكى سىرچىلار، ئۆزلىرى ياسايتتى. سىر تېشى يىپەك يولى ئارقىلىق سىرتتىن قومۇلغا كىرەتتى. سىرچى ئۇستىلار سىر تېشىنى سېتىۋېلىپ، ئاۋۋال بۇنى يۇمشاق يانچىپ، ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈپ، قارا يېلىمنى ئېرىتكەندىن كېيىن پىشقىن بىلەن سىر تېشىنى ئارىلاش-

تۇرۇپ ياسايتتى. سىر يېغى ئۈچۈن خورما يېغىنى سۈس ئوتتا ئۇزاققىچە قاينىتىپ سىر يېغىنى ياسايتتى. مانا بۇ سىر يېغىنى سىرنىڭ ئۈستىگە بەرگەندىن كېيىن ھەم پارقىراق بولۇپ، ئۇزۇن يىللارغىچە سىرنىڭ رەڭگى ئۆزگەرمەيتتى. بۇ سارايلار-نىڭ سىرچىلىقلىرىنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئىشلەنگەن. بۇ يۇرت-تىكى نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ تام ئىشكاپ، ياغاچ ساندۇق، تورۇس تاختا پەنلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق سىرلانغان (قۇمۇلدىكى بىر قىسىم مەسچىت، مەدرىس، ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ سىرلان-غانلىقىغا 400 - 500 يىل بولغان بولسىمۇ رەڭگى ھازىرغىچە ئەينەن ساقلانماقتا). مانا بۇ سارايلاردىكى سىرلارنىڭ رەڭگى شۇنداق ئېنىق، شۇنداق سىڭىشكەن بولۇپ، كۆرگەن كىشىنى مەھلىياھ قىلاتتى. بۇ ئۆيلەرگە كىرىپ - چىقىپ يۈرگەن ئىلىلىق مېھمانلارنىڭ دىققىتى ھەممىدىن بۇرۇن بۇ سىرچىلىق ھۈنىرىگە چۈشتى. بۇنى كۆرگەن غورۇرى شۇنداق دېدى: «تۇر-پان، لۈكچۈن قاتارلىق جايلاردىمۇ مانا شۇنداق سىرچىلىقتا ئىشلەيدىكەن، لېكىن قۇمۇلدىكىدەك، نەپىس، رەڭدار ئەمەس، قۇمۇلدىكى بۇ ھۈنەر ھېچ يەردە يوق. بىزنىڭ ئىلىدىمۇ سىر سوۋېت تەرەپتىن كىرىدۇ. ئانچە رەڭدار ئەمەس».

ۋاڭنىڭ ئارامگاھلىرىغا تۇتاش شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان يانباغ (كېيىنچە «ياباغ» دەپ ئاتىلىپ قالغان) مۇشۇ كونلەردە قىزىپ كەتتى. يانباغنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە پۈتۈنلەي يېڭى سېـ لىنغان كاتتا ئۆيلەر بار، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئالدى تەرىپى كاتتا باغ بولۇپ، باغنىڭ تاملىرى چۇلۇك دەرەخلىرى بىلەن ئورالغان. خىلمۇ خىل مېۋىلەر رەتلىك تىكىلگەن. رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن. بۇ باغدا جۇجەملەر يوپۇرماق چىقارغاندىن باشلاپ، ئۆرۈكلەر پىشىپ توگىگىچە «كاككۇك، كاككۇك، كاككۇك» دەپ سايرىغان يېقىملىق ئاۋاز باغنى، باغقا تۇتاش،

ئۆي، سارايلارنى بىر ئالاتتى. مانا ھازىرمۇ بۇ باغلاردىن ئەنە شۇنداق سايرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەردە غېجەكنى سازلاۋاتقان بىر سازەندە باشقىلارغا مۇنداق دەپ بەردى: «تاغدا كاككۆك، باغدا زەينەپ دەپ بىكار ئېيتمىغان مانا بۇ سايراۋاتقان كاككۆك ئەمەس زەينەپتۇر. بىزنىڭ تاغلىرىمىزدا ‹كاككۆك› بار. ئۇ تاغ چوققىلىرىغا، قارىغايلارغا قونۇۋېلىپ، ‹زەينەپ، زەينەپ، زەينەپ› دەپ سايرايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كاككۆك بىلەن زەينەپ ئاشىق - مەشۇقمىش. ئۇلارنىڭ بىرى تاغدا، بىرى باغدا ياشايدىكەن. بۇلارنىڭ سېغىنىش كۈيلىرى ئالتىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى ۋىسال تېپىپ، بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىدىكەن، بىراق قارا قاغا ئارىغا كىرىۋېلىپ بۇلارنى جۈپلەشتۈرمەيدىكەن»

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغانلار كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئىلىلىق بىر كىشى: «بىز تەرەپلەردە (ئىلىدا دېمەكچى) كاككۆك ئۈنى كېلىدۇ، تورغاي ئۈنى كېلىدۇ. قومۇل دېگەن شەھەرلەردىن، دەپ توۋلايمىز. بۇمۇ بىكار گەپ ئەمەسكەندە» دېدى. «شۇنداق، شۇنداق» دېيىشىپ ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

مېھمانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چوڭ سارايغا يىغىلدى. قومۇلدا ئەر - ئاياللار بىللە ئولتۇرۇپ مەشرەپ ئوينايدۇ. بۇ ھال دەسلەپتە ئىلىلىق مېھمانلارغا سەل غەلىتە تۇيۇلدى. ئەمما ئۇلار بىر ئىككى كۈندىن كېيىنلا بۇ ئادەتكىمۇ كۆنۈپ قېلىشتى. قومۇللۇق خېنىملار، ئاپپاق ئايلالار، ئىلىلىق خېنىملار ئۆي، ئۆيلەردە ئارىلىشىپ ئولتۇرۇپ، يەپ ئىچىپ، يەرلىك، تاغلىق ھېپىزلارنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرىنى تىڭشىماقتا.

قومۇلنىڭ مەشرەپلىرى غورۇرىغا ياقتى. غورۇرى ئۆزىمۇ ئىلىنىڭ ناخشىلىرىنى تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتالايدىغان، دۇتار

بىلەن تەمبۇرنىڭ، چاڭ بىلەن زىلتارنىڭ ئۇستىسى. گەرچە بۇ
كىشىنىڭ يېشى ئاتمىشلارغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ ياشتەكلا
كۆرۈنەتتى. غورۇرى ناخشىچىلا بولۇپ قالماي، يېتىشكەن شا-
ئىر ئىدى. ئۇنىڭ يېزىپ، تۈپلەپ توپلام قىلىپ قويغان نەچچە
دىۋان شېئىرلىرى بار. ئۇ روس، ئاۋغان، كەشمىر، بەلىخ،
ئەرەب ئەللىرىگە بارغان. كەشمىر، بەلىخلەردە ئوقىغان، ئۇ
رۇسچە، ئەرەبچە پارسچە تىللارنى بىلىپلا قالماي خەنزۇچە،
مانجۇچە تىل - يېزىقلارنىمۇ بىلىدۇ. ئۇ تولىمۇ ئۆتكۈر بولۇپ
خاتىرىسى بەك كۈچلۈك. ئۇنىڭ ھازىر بەكرەك قىزىقىدىغىنى
تارىخ ئىدى. ئۇ تارىخقا ئائىت كىتابلارنى ئوقۇپ مۇتالىئە قىلات-
تى. غورۇرى ئەرەب ئەللىرىگە بارغاندا ھەج تاۋاپ قىلغان
بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە ئۆز ئىسمىنىڭ كەينىگە «ھاجى»
نى قوشۇپ باقمىدى. ئېلى خەلقى غورۇرىنى «ئالىم»، «مۆتىۋ-
ۋەر» دەپ تەرىپلىشىدۇ. لېكىن غورۇرىدا بىر نۇقسان بار
ئىدى. ئۇ يېتىشكەن بىر ئالىم بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ھەسەتخورلۇق
ئوتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ئېلى ۋاڭلىرىغا ھەسەت قىلاتتى. يەنى
ئۇ ئېلى ۋاڭلىرىنىڭ تۇرپانلىق بولۇپ، بالىسىدىن بالىسىغا
ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىغا ناھايىتى ئۆچ ئىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا
ئىلىغا ئۆز ۋاقتىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان توغلۇق تۆمۈرخاننىڭ
ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ «زاماننىڭ
چاقى تەتۈر پىرقىراۋاتىدۇ» دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇنى مىلىكە-
زات گۆڭ ۋاقتىدىن تارتىپ خوشىنىزات گۆڭ، خالزات گۆڭگىچە
ئوردىغا نەچچە قېتىم تەكلىپ قىلسىمۇ، ئۇنىڭغا يۇقىرى مەرتىۋە
بېرىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئوردىغا كەلمىدى. ئۇ كۆڭلىدە
«سىلەردەك بەگلەرگە خىزمەت قىلىپ نېمە كەپتۇ» دەپ ئويلى-
دى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ خالزات بەگنىڭ چورۇق ھېكىم
بىلەن ئاداۋىتى كۈچىيىپ كەتكەندە بىر قېتىم ئارىغا كىرىپ

كېلىشتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، خالزات ھېكىمبەگ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇردىغا ئانچە مۇنچە كېلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ قېتىم خالزاتبەگ ئۆزىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قۇمۇلغا سەپەرگە چىقىشقا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنىۋىدى. ئۇ تۇرپان قۇمۇلدىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي شەھەرلەرنى بىر كۆرۈپ كېلىش ئىستىكىدە بۇ تەكلىپكە خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى.

غورۇرى بۈگۈن ئەتىگەنلىك چايدا مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بىلەن بىللە بولغاندا ئۆزىنىڭ كەشمىر، بەلىنغلەردە ئوقىغانلىقىنى، ئۇ يەرلەردە كۆرگەن بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. يەنە بېيجىڭ، چىڭ دېلارغا بارغانلىقىنىمۇ ئېيتتى. ئۇ چىڭ دېدىكى «ئىلى بۇتخانىسى» ھەققىدە نۇرغۇن پاراڭلارنى سالدى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بۇ بىلىملىك كىشىگە تېخىمۇ بەكرەك قىزىقىپ قالدى.

غورۇرى مەشرەپ زالىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇپ، ئەتىگەنكى ۋاڭ بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئويلىغان ھالدا، سازەندىلەرگە نەزەر سالماقتا. ئۇ مۇشۇ نەچچە كۈندىن بېرى قۇمۇلنىڭ ناخشا ـ سازلىرىغا، مەشرەپ، ئۇسسۇللىرىغا ھەۋەس قىلىپ قالغانىدى. دەسلەپتە ئۇنىڭغا قۇمۇلنىڭ ناخشا، مۇقاملىرىنىڭ ئاھاڭى بىر خىلدەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. لېكىن ئاستا ـ ئاستا ئاھاڭلارنىڭ يۇرۇشلەشكەن ئاھاڭ سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئاھاڭلار نۇرغۇنلىغان تۇرلەرگە، ھەربىر تۇر بىر مۇنچە شاخلارغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. راستىنى ئېيتقاندا، غورۇرىدەك ئۇستا ناخشىچى ـ سازەندە بولمىسا، سىرتتىن كەلگەنلەر قۇمۇل ناخشىلىرىدىكى ئاھاڭلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاسانلا پەرق ئېتەلمەيدۇ. بۇ ئاھاڭلار گويا سۇ قۇمغا سىڭگەندەك بىر ـ بىرىگە سىڭىپ ماڭىدۇ. غورۇرى راستىنلا ھەيران قالدى، ئۇ «بىزدىمۇ ناھايىتى ياخشى ناخشىلار بار. بۇ يەرنىڭ ناخشىلىرى

بىلەن بىزنىڭ ناخشىلىرىمىزنىڭ پەرقى چوڭ ئىكەن، بۇ يەر-
كى ناخشىلار گويا بىر - بىرىگە ئۇلانغان زەنجىرگە ئوخشايدۇ-
كەن. بىزنىڭ ناخشىلىرىمىز بولسا توپ - توپ بولۇپ ئۆسكەن
قارىغايغا ئوخشايدىكەن» دەپ ئويلىدى.

غورۇرىنىڭ ئېيتقانلىرىمۇ توغرا، ئىلىنىڭ ناخشىلىرىنىڭ-
مۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار، ئىلى ناخشىلىرى ھېچيەرنىڭ
ناخشىلىرىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ ناخشىلاردىن مەردانە-
لىق ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئىلىدا ناخشا بىلمەيدىغان بىرمۇ ئەركەك
يوق. ئۇلار ئۇچۇن ناخشا خۇددى ئاش - نانده‌كلا ئۇلۇغ، ناخشا
ئۇلارنىڭ غەم - غۇسسىلىرىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ئىلى ناخشىلىرى-
نىڭ ئېيتىلىش سورۇنى، تەرتىپى قۇمۇل ناخشىلىرىدىن پەرقلە-
نىدۇ. قۇمۇلدا سازەندە ئاۋۋال غىجەكنى سازلاپ، مۇقامدىن
باشلايدۇ. ئاندىن داپ قوشۇلۇپ داستان قىسمىغا ئۆتىدۇ. ئاخى-
رى مەشرەپ قىسمى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. غىجەك تارتقانلار
كۆپىنچە مۇقام ئېيتىدۇ. داپ چالغانلار ناخشا ئېيتىدۇ. بۇ
ناخشىلارنى ئۆيدىكى ھەممە ئادەم جور بولۇپ ئېيتمايدۇ. بىر
نەچچە سازەندە، بىر نەچچە ناخشىچى بولسىلا بولدى. مەشرەپ
باشلىنىش بىلەن مەشرەپكە قاتناشقۇچىلار ئاۋۋال جىمجىت ئول-
تۇرۇپ مۇقام ئاڭلايدۇ. داستان قىسمىدا پۇتا[1] ئوينايدۇ. مەش-
رەپ قىسمىغا ئۆتكەندە ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.

قۇمۇل خەلقىنىڭ راھەت - پاراغىتى، جاپا - مۇشەققىتى
پۇشايمان - نادامىتى، دەرد - ھەسرەتلىرى ئەنە شۇ كۈيلەردە
ئەكس ئېتىدۇ. يەنە باتۇرلۇق، مەردلىك سادالىرىغا قوشۇلۇپ

---

① پۇتا - بېشى ئېچىلغان گۈلدىن ياسىلىدۇ، پاكى قولپاقلىقنى ئېشىپ قىلىدۇ.

ساپ مۇھەببەت، پاك ئەقىدىلەر نامايان بولىدۇ.

ئىلى ناخشىلىرى بولسا ساز تاللاپ، ناخشىچى تاللاپ،
سورۇن تاللاپ ئولتۇرمايدۇ. بىر نەچچە ناخشىچى بىر بولۇپ
شەھەر كوچىلىرىدا، يوللاردا، ئېتىزلاردا، باغلاردا قولاقنى
قۇلاققا يېقىپ، بىر ئاھاڭنى يەنە بىر ئاھاڭغا ئۇلاپ ئىشقى -
مۇھەببەت بىلەن تولۇپ ئېيتىشىدۇ. ئۆيلەردە، مەشرەپلەردە
بولسا دۇتار، تەمبۇر ۋە باشقا سازلار بىلەن ناخشىلار گاھ شوخ،
گاھ مۇڭلۇق رىتىمدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىلىدۇ.

* *

سارايىنىڭ ئىچى بەگ، خوجىلار، ئاغىچا خېنىملار، ئايلا،
ئاپپاقلار بىلەن تولغانىدى. مەشرەپ باشلاندى. ئۇدۇلدىكى ئۈنچە
پەردە سېلىنغان ئۆينىڭ سارايغا قارىتىلغان ئەينەكلىك پەنجىرى-
سىگە ئۇدۇل قويۇلغان تەختلەردە مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بىلەن
مېھربانۇ خېنىم ئولتۇراتتى. بۇنى سارايدىكى مەشرەپ ئەھلى
سەزمىدى. سازەندە، ناخشىچىلار ناھايىتى روھلۇق ئىدى.

بىر مۇقام ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ناخشىچى، سازەن-
دىلەر سەل توختىدى. داپ چالغۇچىلارنىڭ قوللىرى تېلىپ،
داپلىرى لىۋىراپ قالغانىدى. ئۇنى ئوتقا قاقلىغىلى ئېلىپ چە-
قىپ كەتتى. سازەندە، ناخشىچىلارغا ئۇسسۇلۇق، سورۇن ئەھ-
لىگە مېۋە - چېۋىلەر تۇتۇلدى.

مۇقامچى يەنە غىنجىكنى سازلىدى. غىجەكنىڭ سىم تارى-
دىن چىققان مۇڭ ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. غورۇرى بۇ
غىجەكنى بۇنىڭدىن ئۇزۇن يىللار بۇرۇن قۇمۇل خەلقى ئىجاد
قىلغانلىقىنى بىلەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەپلاتۇن ياشىغان
دەۋرلەردە بىر ئوۋچى ئورمان ئىچىدە ئوۋ قىلىپ يۈرسە ئىككى

بۇغا بىر - بىرى بىلەن ئۇسۇشۇپ، بىر - بىرىگە بوي بەرمەي
قوغلىشىپ يۈرگەندە بىر بوغىنىڭ قورسىقى قارىغاي چومىقىغا
ئىلىنىپ يىرتىلىپ كېتىپتۇ. بۇ بۇغا بىر كۈچەپ ئۆزىنى بۇ
يەردىن قۇتقۇزماقچى بولغانىكەن، ئۈچىيى چۇۋۇلۇپ قارىغاي
شاخلىرىغا ئىلىنىپ قاپتۇ. بۇغا ئۆلۈپتۇ. ئۇۋچى خېلى كۈنلەر-
دىن كېيىن يەنە شۇ يەرگە بېرىپ قاپتۇ. قارىسا قارىغاي شاخلى-
رىدىكى ئۈچەيلەر قۇرۇپ تارتىشىپ شامالدا بىر خىل يېقىملىق
ئاۋاز چىقىرىپ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن ئۇۋچىنىڭ كۆڭلىدە
بىر مۇڭلۇق كۈينى ئاڭلاش ئىشتىياقى تۇغۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بى-
لەن ئۇ توغراق ياغىچىدىن باش قىلىپ، ئۆچكە تېرىسىنى تار-
تىپ، دەستىسىگە قارىغاي ياغىچى سېلىپ، ئىككى قۇلاققا ئۈ-
چەيدىن تارا ئېشىپ سېلىپ، ئاۋاز چىقىرىپ بېقىپتۇ. ئۇنىڭدىن
كېيىن ئۇۋچى بۇنى قايتا ئۆزگەرتىپ ياساپتۇ. يەنى قىل كامالچا
ياساپ، قارىغاي يېلىمى سۈرۈپ ئاۋاز چىقىرىش بىلەن يېڭىدىن
ئىككى تارلىق ئانا غىجەكنى شەكىللەندۈرۈپتۇ. قۇمۇل تاغلىرى-
دىكى چارۋىچىلار غىجەكنىڭ بېشىنى كالا مۈڭگۈزىدىن، قۇلاق-
لىرىنى ئىرغاي ياغىچىدىن قىلىپ، يەتتە تال تەڭشەك سىم
سېلىپ ياساپتۇ. كېيىن بۇ تەرەققىي قىلىپ بېشىنى تۆمۈردىن
ياساپ، قوي تېرىسىدىن كېرىپ، ئىككى تال ئاساسىي سىم،
بىر نەچچە تال قوشۇمچە پولات سىم سېلىپ ياساپ چىقىپتۇ.

قۇمۇل غىجىكى ئىككى خەن دەۋرىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە
تارالغان. هازىرقى خەنزۇ خەلقىنىڭ «ئەرخۇ»، «بەڭخۇ»،
«نەڭخۇ»، «خۇخۇزا»، «جىڭخو» دېگەن سازلىرىنىڭ ياسىلى-
شىنى قۇمۇل غىجىكىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولماي-
دۇ.

مۇقامچى غىجەكنى تازا ئوبدان سازلىۋالدى، يېڭىدىن قى-
زىتىلغان داپلارمۇ ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىندى:

مۇقام باشلاندى:

ئەزەلدىن تائەبەت كۆڭلۈم،
قۇتۇلماس ئىشقى بالاسىدىن.
يۈرەكلەر رەنىلەر بولدى،
شۇ كۆڭۈلنىڭ ماجىراسىدىن.

مۇقام ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن ناخشىلار ئەۋجىگە چىق-
تى:

يامان يولۋاس يولدا يېتىپ،
شىرغا يول بەرمەس.
ئاتاسىدىن قارغىش ئالغان،
ئىلگىرى كەلمەس.

. . . . . . . . . . . . . . .

يامان بىلەن شۇ ئۆمرۈمنى زايە قىلغۇچە،
ياخشى بىلەن خىجالەتنى تارتسام يارىشۇر.

. . . . . . . . . . . . . . .

ناخشا بىر ئاھاڭدىن يەنە بىر ئاھاڭغا، يەنە بىر ئاھاڭدىن
يەنە بىر ئاھاڭغا يۆتكەلمەكتە:

ھاۋادا بۇلۇت كۆڭلۈم،

يارىدىن نومۇت[1]كۆڭلۈم.
يار كەتكۈدەك ئەمدى،
يارنى ئۈنۈت كۆڭلۈم.

شېرىن جانلار ئايلانسۇن،
چاچلىرى بەلگە چىرمالسۇن.

قۇمۇللۇق ئۇسسۇلچى خېنىملاردىن بىرى قولىدا پوتا تۇتقان هالدا ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئىلىلىق خېنىملار بۇ ئۇسسۇلچى خېنىمنىڭ ئۇسسۇلىغا قىزىقىپ قاراپ قېلىشتى. ئىلىلىق خېنىملارمۇ ئۇسسۇلغا ئۇستا، بولۇپمۇ راھىلىخان قولىنىڭ بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ، مۈرىسىنى يېنىك لىڭشىتىپ، شوخ دەسسەپ ئىتتىك پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. بىراق قۇمۇللۇق ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئۇسسۇل ئويىنىشى بۇ خېنىملارنىڭ ئۇسسۇلىدىن پەرقلىنىدۇ. ئاۋۇ ئۇسسۇلچى خېنىم ئەۋرىشىمدەك قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆكسىنى ئالدىغىراق چىقىرىپ، نازۇك ھەرىكەتلەر بىلەن پۈتۈن ئۇسسۇلىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى تاپان ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلىمەكتە. يەنى يېنىككىنە ئىككى دەسسەپ، بىر قېتىم تاپىنىنىڭ سوڭىنى يەرگە ئۇرۇپ، گويا قولدىن قاس چىقارغاندەك پۈتىدىن قاس چىقارماقتا، بۇ ئۇسسۇلچى خېنىمنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتى جەلپكار بولۇپ، گاھ قول، باش – كۆزلىرى بىلەن جىلۋە قىلسا، گاھ ئاياغ ھەرىكىتى بىلەن كىشىنى جەلپ قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ سۈرمە تارتقان خۇمار كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، ئوسما قويغان قەلەم قاشلىرىنى نامايان قىلىشى، مەڭزىگە جۇلا تاشلاپ تۇرغان كىرپىكلىرىدە شەھلا نۇرىنىڭ

[1] نومۇت – ئۈمىدسىزلىك.

ئەكس ئېتىشى ھەممىلا كىشىنىڭ زوقىنى تارتماقتا ئىدى. ئۇ-
نىڭ كالاتون بېسىلغان يېشىل دۇخاۋا لىمچىسى، ئىلمە ئىلىن-
غان زوچو كۆڭلىكى ئاجايىپ جۇلالىنىپ كۆرۈنمەكتە.
قومۇل ئۇسسۇلىغا ئىلىلىق خېنىملارلا ئەمەس، ئەرلەرمۇ
ھەيرانلىق ئىچىدە ھەۋەس بىلەن قاراپ قېلىشتى. غورۇرى
ئۇسسۇلچى خېنىمنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتىدىن كۆزىنى ئۈزمەي،
ناخشىغا دىققەت قىلغاچ «بۇ ناخشىلارنى ئاڭلىغاندا ئادەم ئۆزىنى
تەبىئىي ھالدا، بەدىنىدە ئۇسسۇلنىڭ بىخلىرى يېتىشىۋاتقاندەك
ھېس قىلىدىكەن» دەپ ئويلىدى. ئۇسسۇل ئويناۋاتقان خېنىم
بىردىنلا ئۇسسۇلنى توختىتىپ غورۇرىغا پوتا سالدى. نەچچە
كۈندىن بېرى مەشرەپلەردە غورۇرىمۇ پوتا ئويناشنى ئۆگىنىۋال-
غانىدى. ئۇسسۇلچى خېنىمنىڭ غورۇرىغا پوتا سېلىشى ئۇنىڭغا
ئاجايىپ بىر كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلغاندەك بولدى - دە،
ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، مەيدانغا چۈشتى. پوتا سالغان خېنىم
ئۆزىنى ئەپلىگىچە غورۇرى ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ،
«خېنىم بىيىت ئېيتىپ بەرسىلە» دېدى. «ۋاي، ياق ئۆزلىرى
ئېيتىپ بەرسىلە» دېدى پوتا سالغان خېنىم. بۇ خېنىمنىڭ
چىرايلىق كۆزلىرى غورۇرىنىڭ مەزمۇت قەددى قامىتى ئۈستىدە
يۈگۈردى. ئارىدا «ئۆزلىرى ئېيتىپ بەرسىلە» دېسە، «ئۆزلە-
رى ئېيتىپ بەرسىلە» دېگەن سۆز نەچچە رەت تەكرارلاندى.
ئاخىر غورۇرى بىيىت ئېيتتى. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى ئورغۇن-
لىغان بىيىت، ناخشىلارنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ
شائىرلىقىنى نامايان قىلىپ مۇنۇ بىيىتنى ئېيتتى:

سايدا ئۈنگەن كۆك قومۇشتەك،
قاشلىرىنىڭ قارىسى.
مۇنداقمۇ يىراق چۈشۈرمۇ،

ئىككىمىزنىڭ ئارىسى.
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى،
قىلدى يۈرەكلەرنى كاۋاپ.
شىشىدەك بويلىرىنى كۆرسەم،
مەككىدەك قىلسام تاۋاپ.
مەككىگە بارمىسىلا،
مۇندىمۇ بىر مەككە بار.
ئاي يۈزلىرىنى كۆندە كۆرسەم،
مەككىگە بارغانچە بار.
مەككىنىڭ مېھرابىدەك،
قاپقارادۇر قاشلىرى.
لەيلى - مەجنۇن تالغا ئوخشار،
ئىككى زۇلپى چاچلىرى.
ئايغا ئوخشامدۇ يۈزلىرى،
شېكەرگە ئوخشامدۇ سۆزلىرى.
ئۆزلىرىگە ئوخشىماس،
جۇملە ئالەم خەقلىرى.

تەرەپ - تەرەپتىن قىقاس، چۇقان كۆتۈرۈلدى:

ئۈنىمگەن چىغ تۇۋىدىن،
تۈغۇلمىغان توشقان چىقتى.
كەسمىگەن تاياق بىلەن ئۇرۇۋىدىم،
كولىمىغان ئورىغا چۈشتى.
ئالتە پاتمان يېغى چىقتى، يەتتە پاتمان چاۋىسى،
ھەممە خەقلەر يەۋىدى،
يەنە بار تەك يامىسى.

قاخشالمۇ قاخشال،
چار باغدا قاخشال،
قاخشال كۆتۈرگەن باخشال.
يىگىت بىلەن قىز ئۇسسۇل ئوينايتۇ،
گۈلى زەپەرگە ئوخشار.
قېنى خالايىق، باركاللا قىقاس!

ئۆيدىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى قىقاس تووۇلىدى. نەچچە ئەر، نەچچە ئايال پەتنۇس، پەتنۇسلاردا پۇل، كىيىملىك رەختلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىشتى ۋە:

— ۋاڭ خوجام ئۆلتىپات قىلدى، — دېدى.

— ۋاڭ خوجامغا ھەشقاللا، — دېدى ھەممەيلەن.

بىردىنلا سورۇن ئەھلى جىمىدى ـ دە، «خېنىمنىڭ بېيدەتىنى ئاڭلايلى» دەپ تووۇلاشتى.

غورۇرى گويا ئون سەككىز ياشلىق يىگىتتەك چىرايى نۇرلۇنۇپ، كۆلۈمسىرىگىنىچە تۇراتتى. خېنىم تەمتىرىمەيلا بېيىت ئېيتتى:

تام بېشىدا ئولتۇرىدۇ،
شاھى بويلۇق شاھ يىگىت.
ئاغزىدىن شەربەت تامادۇ،
شەربىتى ئالتۇن يىگىت.
ئالتۇنمىكىن ئۆزلىرى،
كۈمۈشمىكىن سۆزلىرى.
قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك،
ئىككى قارا كۆزلىرى.

— مانا! باركاللا قىقاس، ھەممىسى يەنە قىقاس سېلىشقا باشلىدى. پەتنۇس ـ پەتنۇستا، ھەرخىل رەخت، پۇللار ئۆرۈم قىلىندى. قىقاسچى توۋلىماقتا:

تولكە تۇماقچىدى،
بۆرە چوماقچىدى.
سېغىزخان خەۋەرچىدى،
قۇيرۇقى يەردىدى.
ھاشىم موللامنىڭ،
ئىككى قىزى باردى.
بىر قىزى ئەردىدى،
بىر قىزى مەندىدى.
يىگىتلەر قىزلارنى كۆزلەر،
قىزلار يىگىتلەرنى كۆزلەر.
ماگدىدىكىلەر تۆرنى كۆزلەر،
تۆردىكىلەر ماگدىنى كۆزلەر.

مانا، باركاللا قىقاس!

مەشرەپ ئەۋجىگە چىقتى. داپلار يېرىلغۇدەك ئۇرۇلماقتا. ئۇسسۇلچى خېنىم بىلەن غورۇرى بىر ـ بىرىگە قاراپ، ئايلىنىپ ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن پوتىنى غورۇرىغا ئىككى قوللاپ سۇندى.

تاڭ سوزۇلۇشكە يېقىن مەشرەپ ئاياغلاشتى.

غورۇرى ھۇجرىسىغا كىرىپ كۆڭلى ـ كۆكسىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

غورۇرى يىگىرمە يېشىدا ساھىبجامال نۇرئايىمغا ئۆيلەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشى بىر بالىلىق بولغاندا

ئاخىرلاشتى. ئايالى ئون يىل بالا يۈزى كۆرمەي يۈرۈپ، ئون
بىرىنچى يىلىغا قەدەم باسقاندا ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغانىدى.
ئەمما مەزلۇملارنىڭ ئازابلىق تۇغۇتى نۇرئايىمنى ئىززەت، ھۆر-
مىتى بىلەن مەنىلىك ئۆتكەن ھاياتىدىن ئايرىدى. غورۇرىغا
ئوخشاپ كېتىدىغان چىرايلىق ئوغۇل بوۋاقمۇ دۇنياغا كۆز ئې-
چىپ يەتتە كۈن بولغاندا دادىسىنى تاشلاپ كەتتى. ھاياتنىڭ
تۇتۇق كۆلەڭگىسى غورۇرنىڭ كۆڭلىگە قارا چۈمپەردە تارتقانى-
دى. ئۇنىڭ يۈرىكى چەكسىز قايغۇ - مۇسىبەتكە چۆمدى. ئۇ
ئۆزى ئۈچۈن مۇقەددەس، مەڭگۈلۈك دەپ بىلگەن، ئىنسان
ھاياتىدىكى ئاساسىي تۈۋرۈك — مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئۇنىڭ
كۆڭلىدە ئېغىر يارا پەيدا قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا
كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ ھەسرىتى خۇددى جىمجىت ئورمانلىقتا چۈش-
كەن گۈگۈمدەك تىمتاس ئۆتمەكتە ئىدى. لېكىن ھاياتنىڭ ئەڭ
نازۇك سىرى — ھېسسىيات گۈگۈم شەپىسىنى كۈتۈۋالىدىغان
تىمتاس نەرسە ئەمەس. ئۇ تىمتاسلىقتا چۇقان كۆتۈرىدۇ. چۇ-
قان ئىچىدە ئۆزىنى سەگىتىدۇ.

ئاتمىش ياشلىق غورۇرى قانداقتۇر بىر ئۈمىد نۇرىغا تەلپۈ-
نۈپ جىمجىتلىق ئىچىدە ياشايتتى. كۈندە بەش ۋاقلىق ناماز
ئۆتەيتتى. كىتاب ئوقۇيتتى. نۇرغۇن نەرسىلەرنى مۇتالىئە
قىلاتتى. ئۇ ئۆز ھاياتىنى مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلايت-
تى. لېكىن بۈگۈن ئۇنىڭ قەلبىدە باشقىچە بىر ئەھۋال يۈز
بەردى. ئۇنىڭ نۇرانە يۈزلىرى قىزاردى، ئوتلۇق كۆزلىرى
يالقۇنلىدى، يۈرىكىنى قاپلىغان بىر شىرىن ھېسسىيات ئۇنى
ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويدى. ئۇ ئۆز يۈرىكىنى تىڭشاپ كۆردى.
ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ھەربىر رىتىمى «رەناخان»، «رەناخان» دەپ
سوقاتتى. ھېلىقى پوتا سېلىپ بىيىت ئېيتقان خېنىمنىڭ ئىس-
مى رەناخان ئىدى. غورۇرى رەناخاننى قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەن

كۆنلا كۆرگەن. بىر ـ ئىككى كۈن كەچكى مەشرەپلەردە بىللە بولغانىدى. بۈگۈن ئۇ خېنىمىنىڭ ئېرىنىڭمۇ شۇ سورۇندا بارلىقىنى بىلدى. ئۇلار پوتىنى ئويناپ بولۇپ ئولتۇرغاندا ھېلىقى ئەرنىڭ چىرايىنىڭ باشقىچە بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەنىدى. لېكىن غورۇرىدا كۆتۈرۈلگەن ئاجايىپ بىر شەۋق ئۇنىڭغا پەسەنت قىلمىدى.

ئۇ يېتىپ ئويلىناتتى. «. . . ئاللاتائالا ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەقىل، روھ، نەپسى، كۆڭۈلدىن ئىبارەت تۆت نەرسىدىن ياراتتى. بۇ تۆت نەرسىنىڭ ھەربىرىنى بىر شەيئىدىن ئالدى. يەنى كۆڭۈلنى سۇدىن، روھنى شامالدىن، ئەقىلنى تۇپراقتىن، نەپسىنى ئوتتىن ئالدى. شۇڭا كۆڭۈل روشەن، ساپ جاھاننىڭ ئەينىكى، ئالىمى غايىبنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر. روھنى ئالىمى غايىبتىن ئۆزگە بەندىچىلىك قىلىشقا قويدى. تۇپراققا ھەر تۈرلۈك رەڭ بەرسە، شۇ رەڭنى ئالغاندەك ئەقىلگىمۇ نېمىنى ئۆگەتسە، ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئالىدۇ. ئوت كۆيدۈرىدۇ. بۇ ئالەمدىكى جىمى مېھنەت ـ مۇشەققەت ئادەمنىڭ نەپسىدىن كېلىدۇ. ئاخىرەتتىكى ئازاب ـ ئۇقۇبەتمۇ ئۇنىڭدىن كېلىدۇ. . .» غورۇرى ئاشۇنداق خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھېسسىياتىنىڭ تىزگىنىنى مەھكەم تارتتى.

# ئالتىنچى باب

ئەتىسى، بامدات نامىزىدىن كېيىن ۋاڭنىڭ مەلۇمچىسى كېلىپ: «جانابلىرىنى ۋاڭ خوجام ئەتىگەنلىك چايغا چىللىدى» دەپ غورۇرىنى ئوردىغا ئېلىپ كەتتى.

غورۇرى ۋاڭنىڭ ئىلتىپاتىدىن مەمنۇن ئىدى. چايدىن كېيىن مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ سورىدى:

— ئاڭلىسام، غورۇرى جانابلىرىنى ساز، ناخشىغا ناھايىتى كامىل دېيىشىدۇ. قۇمۇلنىڭ ناخشا - سازلىرى ئۆزلىرىگە ياقتىمىكىن؟

— ۋاڭ خوجامنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت، ساز - ناخشىدا بىز قۇمۇللۇق تۇغقانلارغا يەتمەيدىكەنمىز دەپ ئويلاپ قالدىم. قۇمۇلنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ناخشا - سازلىرى باركەن ئەمەسمۇ، بۇ ناخشا سازلار قەدىمى بولۇپلا قالماي ئاھاڭلىرىمۇ مۇكەممەل ھەم بىر - بىرىگە زىچ باغلانغانىكەن. بۇ يەردە ئۇسسۇل ئوينىمايدىغان بىرەرمۇ ئادەم يوق ئوخشايدۇ. مەشرەپمۇ راسا قىزىيدىكەن، — غورۇرى سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە يۈزلىرى ۋىللىدە قىزارغاندەك بولۇپ توختاپ قالدى.

ۋاڭ غورۇرىنىڭ سۆزلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈمسىرىدى:

— ئىنسان ئۇچۇن يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ناخشا - ساز ئىنسان روھىنى جانلان-

دۇرىدۇ. ناخشا ـ سازسىز ھاياتنىڭ مەنىۋى تۇۋرۇكى ئاجىزدۇر. مەن قۇمۇلنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى رەتلىتىپ قويايمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن. مەرھۇم دادامنىڭ[①] ۋاقتىدا قۇمۇلدىن چىققان ئاتاقلىق شائىر ھەم خەتتاتلاردىن زوھورى، ئىمرى قاتارلىق بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنى ئوردىغا يىغىپ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلاردىن لۇتفى، ئەلشىر نەۋائىي، ھاپىز شىرازى قاتارلىق شائىرلارنىڭ، يەنە قۇمۇلدىن چىققان داڭلىق شائىر ئابىد قۇمۇلىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنە ئېلىپ «باياز» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تۇزىگەن. كېيىنچە شائىر زوھورىنىڭ «دىۋانى زوھورى» نـامـلىق شېئىرلار توپلىمىنى تۇزدۇرۇپ ئوردا كۇتۇپخانىسىدا ساقلاتقان. بۇ دىۋانلار ھازىرمۇ كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا. شۇنىڭغا ئوخشاش مەنمۇ قۇمۇلنىڭ مۇشۇ ناخشا ـ سازلىرىنى رەتلىتىپ بىر كىتابچە قىلىپ قويسام، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن نەمۇنە بولۇپ قالار دەپ ئويلايمەن. تويدىن بۇرۇن قۇمۇل شەھىرى ۋە بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغدىن داڭلىق ئېيتقاقلارنى، سازەندىلەرنى، ئۇسسۇلچى، مۇقامچىلارنى ئوردىغا چىللاتتىم. ئۇلاردىن ئوقۇپ باقسام، مۇقام تۇرى يىگىرمىگە، ناخشا يەنى سوتۇق تۇرى تۆت يۈزگە يېتىدىكەن. بۇ بىر بايلىق دېسىلە، شۇ بويىچە رەتلىتىپ قويسام، قوشاق، بېيىتلەر ئەينەن ساقلىنىپ قالسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ غورۇرى ناھايىتى مەمنۇن بولدى.

— ھەشقاللا ۋاڭ خوجام، ھەشقاللا، بۇمۇ بىر چوڭ خىزمەت، ئاڭلىغان بولۇشلىرى مۇمكىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ۋارىسى ئابدۇرېشىتخان مەلىكىسى ئامانىنساخان ۋە ئۇلارنىڭ

① بېشىر ۋاڭنىڭ دادىسى ئەردىشىر ۋاڭ. 1813 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ئۇستازى قىدىرخانلار بىرلىكتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەپ چىققانىدى. بۇمۇ تارىختا يېزىلىپ خەلق ئىچىدە ساقلانماقتا. مېنىڭ قەيت قىلىشىمچە، قۇمۇل مۇقاملىرى باشقا يەرلىك مۇقاملاردىن خېلى بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن. ئۇزۇن يىللار جەريانىدا سىستېمىلاشقان. بۇنىڭغا كۆز يۇمساق بولمايدۇ. بەلكىم قۇمۇل مۇقاملىرى باشقا ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئانىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بۇ چوڭقۇر تەرىپاتقا ۋاڭ كۆڭلىدىن خۇشال بولدى.

— توغرا ئېيتتىڭىز، بۇنىڭدىن خېلى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا تارقالغان چوڭ بىر يۈرۈشلەشكەن ئاھاڭ بار ئىكەن. ئۇنى «مۇقدۇر» ناخشىلىرى دەپ ئېيتىدىكەن. مانا بۇ ھازىرقى قۇمۇل ناخشىلىرىدىكى «مۇقىدۇر» مۇقامى يەنى «ئۇلۇغدۇر» مۇقامىنىڭ ئەسلى بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭغا قاراپ قۇمۇل خەلق مۇقاملىرى گەرچە يەرلىك مۇقام دېيىلسىمۇ بۇنى بىز قەدىمكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئانىسى دېسەك خاتا بولمايدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان تىلماچ سىدىق تۇڭچى، ۋاڭ بىلەن غورۇرنىڭ مۇتالىئەسىگە رازى بولۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇردى. ئۇ مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ دادىسى ئەردىشىر ۋاڭنىڭمۇ تىلماچى ئىدى. ئۇ ئەردىشىر ۋاڭ بىلەن ئىككى قېتىم بېيجىڭگە بارغان. بېيجىڭدە بىر يىل تۇرۇپ خەنزۇچە، مانجۇچە تىل يېزىقىنى ئۆگەنگەنىدى. ئۇمۇ ناخشا سازغا ھەۋەس قىلىدىغان، غىجەكنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالالايدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى. لېكىن ئۇ ئوردا خىزمەتچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئوچۇق سورۇنلاردا ساز چېلىپ ناخشا ئېيتمايتتى. بەزىدە ۋاڭلار زېرىكىپ قالغاندا غىجەك تارتىپ مۇقام ئېيتىپ بېرەتتى. شۇڭا ئۇ بۇرۇندىن تارتىپلا قۇمۇل ناخشىلىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىغا قىزىقاتتى. بولۇۋاتقان گەپلەر سىدىق تۇڭچىغا بەكلا يېقىپ كەتتى.

شۇڭا ئۇ ئالدىراپ قوشۇمچە قىلدى:

— مەن بېيجىڭدا تۇرغىنىمدا، ئۇردا كۇتۇپخانىسىدىكى نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ناخشىلىرى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ئەلچى جاڭچيەن[①] غەربىي دىيارغا قىلغان سەپىرىدە غەربىي دىياردىن نەينى، بۇرغىنى، جۈملىدىن «مۇق-دۇر نەغمىسى» كۈيىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان. خەن ۋۇدىنىڭ نەغمە - ناۋا بېگى لى يەنىەن جاڭچيەننى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن بەكلا خۇش بولغان. ئۇ ئېلىپ بارغان «مۇقىدۇر نەغمىسى» دىن پايدىلىنىپ يىگىرمە سەككىز ئاھاڭلىق ناخشا - مۇزىكا ئىشلىگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلنىڭ ئەلنەغمە-سى لياڭجۇ ئارقىلىق چاڭئەنگە كىرىپ چاڭئەن خەلقى ئىچىدە ئاجايىپ تەسىر قوزغىغان.

يېڭى كۈينى ئاڭلاپ ئۆتتۇق،
گۈل ئاستىدا قەدەھ تۇتۇپ.
ئۆتتۇق يەنە چاۋاك بىلەن،
ھەر نەغمىگە مەدھىيە ئوقۇپ.

* *

سازەندە گەر بىلمىسىمۇ،
چاڭئەننىڭ يول رەستىنى.
كېلۇر نەغمە بۇ ياقلارغا،
مەكتۇپلەرگە پۈتۈلۈپ.

---

① جاڭچيەن - جۇڭگونىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق دىپلومات. شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تارىخىي ئالاقىسىنى تۇنجى قېتىم ئاچقۇچى. جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تۇنجى يول ئاچقۇچى تارىخىي شەخس.

دېگەن نەزمىلەر ئەنە شۇ چاغلاردا يېزىلغان. مىلادى 421 ـ يىلى غەربىي لياڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندا تاڭ چى، لى باۋ قاتار-لىقلار قۇمۇلغا كەلگەن. ئۇلار قۇمۇلدا يىگىرمە بىر يىل تۇرۇپ قۇمۇلنىڭ ناخشا، مۇزىكىسىنى ۋە ئۇسسۇلىنى ئۆگەنگەن ھەم توپلاپ، رەتلەش بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادى 441 ـ يىلى لى باۋ دۇڭخۇاڭغا ۋالىي بولۇپ ماڭغاندا قۇمۇلدىن ئون قىسىم مۇزىكا، ئۈچ قىسىم ئۇسسۇل، ئون بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى ھەم ئوتتۇزدىن ئارتۇق قۇمۇل سەنئەتچىسىنى بىللە ئېلىپ كەت-كەن. بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى قۇمۇل مۇزىكىسى «ئېۋۇرغول» مەشھۇر بولۇپ، دۇڭخۇاڭدا مۇزىكا مودىسى بولۇپ قالغان. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مۇزىكا چاڭئەندە داڭق چىقىرىپ، ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنى ئالاھىدە جەلپ قىلغانىكەن.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ سىدىقبەگنىڭ گەپلىرىگە قايىل بو-لۇپ، غورۇرىغا قاراپ قويدى. غورۇرى سىدىق بەگنىڭ سۆزلە-رىدىن قۇمۇل خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بولغان تەسىرىنى، خەنزۇ خەلق مۇزىكا ـ ناخشىلىرى قۇمۇل خەلق ناخشىلىرىدىن نەمۇنە ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھەيران قالدى. بۇ چاغدا مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ سىدىقبەگنى ئالاھىدە ماختاپ قويدى:

— سىدىقبەگ، خەنزۇچە، مانجۇچىغا ناھايىتى مۇكەم-مەل، دادام ھايات ۋاقتىدا سىدىقبەگكە ناھايىتى قايىل بولاتتى. بۇ ئادەم دادامنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ماڭىمۇ خەنزۇچە ھەم مانجۇچە تىل ـ يېزىقنى ئۆگەتكەن. بۇ ئادەمنىڭ بىلىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ. ھەتتا ئەرەبچە، پارسچە تىللارنىمۇ بىلىدۇ. ھۆسن خەتتە بۇ كىشىدىن ئۆتىدىغىنى يوق.

— ئالىيلىرىغا رەھمەت، مېنى بەكلا ئۇچۇرۇۋەتتىلە، مې-نىڭ ئانچە ـ مۇنچە نەرسىلەرنى بىلىپ قېلىشىم پۇتۇنلەي جاناب-

لىرى ھەم ئۇلۇغ ۋاڭمىز ئەردىشىر ۋاڭ ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپا-
تىدىن بولغان.

غورۇرى سىدىق بەگكە قىزىقىپ قالدى. ئۇ ناھايىتى قا-
ۋۇل، كۆچتۈڭگۈر قەددىگە نامۇناسىپ ھالدا تولىمۇ مۆمىن،
كەمتەر كىشى ئىدى.

— سىدىق بەگ بىلەن يېشىمىز تەڭدەك قىلىدۇ. ئىمكان
بولسا مەنمۇ جانابلىرىنى ئۇستاز تۇتسام دەيمەن، — دېدى
غورۇرى.

— جانابلىرى بەك كەمتەرلىك قىلىۋاتىدىلا، جانابلىرىنىڭ
بىلىدىغانلىرى مېنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپتۇر.

— ئۇنداق ئەمەس. خەنزۇچە، مانجۇچىغا سىلىدەك كا-
مىل ئەمەسمەن. قېنى قۇمۇل نەغمىلىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر-
دىكى تەسىرى ھەققىدە يەنە ئازراق سۆزلەپ بەرسىلە.

بۇ گەپكە مۇھەممەت بېشىر ۋاڭمۇ قوشۇلدى.

— «مۇقىدۇر نەغمىسى» دېگىنىمىز باشتا ۋاڭ خوجام
ئېيتقان «ئۇلۇغدۇر مۇقامى» دۇر. «ئۇلۇغدۇر مۇقامى» ئىچ-
كى ئۆلكىلەرگە تارقالغاندىن كېيىن ھەممە ئادەم، ھەممە ئائىلە
بۇ ناخشىنى ئاڭلايدىغان بولۇپ كەتكەن. ساراي، رەستىلەردە،
چايخانا، ئاشپۇزۇللاردا بۇ ناخشا ئورۇندالسا، ئادەملەر توپى بىر
دېڭىزدا ئايلىنىپ كەتكەن.

نەيچە ھەم پەي تاربلىق،
ساز - چالغۇلار تەڭكەش بولۇپ.
بۇندا شاڭ ① دىياۋ كۈيىدە،
ئوينالدى قۇمۇل نەغمىسى.

---

① شاڭ دىياۋ - كۈي شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

تاڭ سەھەر ئاڭلاپ خورازنىڭ،
چىللىغان ئاۋازىنى.
شەھىرى لوياڭدا جىمى ئۆي،
مەشىق قىلار «خۇ①» سازىنى.

چىكىلگەن تارىلاردىن مۇڭ چىقار،
ھەر مەنىسى ئەلۈەك.
ئۇنىڭ «خۇ» نەغمىسى بىرلە،
ئۇنىڭ سۆز مەنىسى بىردەك.

دىگەن خەنزۇ خەلق شائىرلىرىنىڭ نەزمىلىرى ئەنە شۇ دەۋرلەردە يېزىلغان. ھەم شۇ دەۋرلەرنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. يەنە خەن سۇلالىسىنىڭ پادشاھى خەن ۋۇدى بىر مۇزىكا مەھكىمىسى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر بىرىنى مەسئۇل قىلغان. ئۇ كىشى «مۇقىدۇر مۇقامى» نى ئاساس قىلىپ، يەنە ئون سەككىز تۈرلۈك مۇزىكا ئاھاڭى ئىشلەپ چىققان. بۇ مۇزىكىلار شۇ چاغدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياڭراپ كەتكەن. بۇ گەپكە ئۇلاپلا مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ قوشۇپ قويىدى:
— ئىبۇرغول نەغمىلىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئوردا نەغمىسى بولۇپ قالغان. بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسىدا خىزمەت قىلغان قۇمۇللۇق تابىل ئۇستا سەنئەتكار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىبۇرغول مۇقامىدىن پايدىلىنىپ ئىشلىگەن ناخشا ـ مۇزىكىلىرى بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلار مەھەللىسىدە دائىم ئوينىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىكەن. شۇ چاغدا توقۇلغان مۇنۇ نەزمە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

---

① «خۇ» — بۇ سۆز ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان.

چىقتى بەگزادە راۋاقۋا تولغىنىدا ئاي قەمەر،
ئېۋىرغولنىڭ نەغمىسىگە ئېيتتى سازەندە لەپەر.

بۇنى ماڭا سىدىق بەگ دەپ بەرگەنىدى.
— يۇقىرىقى ئەھۋاللار خەنزۇچە قايسى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلگەنىكەن. بۇنى ئالىملىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ قوياي، قۇمۇل مۇقاملىرىنى رەتلىگەندە باشتىكى مۇقەددىمىسىگە كىرگۈزۈپ قويغايلا.
— بۇ ناھايىتى ياخشى گەپ بولدى، — دېدى ۋاڭ سىدىق بەگكە قاراپ، سىدىق بەگ:
— «خەننامە مۇزىكا تەزكىرىسى»، «شەرھىنامە» نامىلىق كىتابلاردا ناھايىتى ئوچۇق يېزىلغان. ھەتتا مەندە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىمۇ بار، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن گەپ بۇلۇندى. ئىشكتە مەلۇمچى كۆرۈندى.
— ۋاڭ خوجامغا مەلۇم بولغاي، چېلىنىشچىلار تەقمۇ تەق بولۇپ ۋاڭ خوجامنى ساقلاپ قالدى.
— شۇنداقمۇ، ھە، توغرا، مەن چىقمىغىچە مۇسابىقىنى باشلىماڭلار، دېگەنىدىم — دېدى ۋاڭ ھەمدە سىدىقبەگكە قاراپ:
— سىدىقبەگ جانابلىرى، بۇ ھەقتە خەۋەرلىرى بارمۇ - يوق، توي تەييارلىقلىرىنى تەكشۈرۈۋېتىپ ئوردىدا بىر «نەغمە - ناۋا سارىيى» قۇرۇشنى تەيجىلەرگە تاپىلىغانىدىم. توي ئۆتسىلا بۇ ھەقتە تەيجى بېگىملەرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ، ماڭا مەلۇمات بەرسىلە. بۇ سارايىنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزلىرى مەسئۇل بولسىلا، تۆۋەندىكى ئىشلارنى ساۋۇر ئاكام ئىشلەيدۇ، — دېدى.

— خەۋىرىم بار، ۋاڭ خوجام، بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش بوپتۇ. پەرمانبەردارمەن، — دېدى سىدىق بەگ چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن.

— قېنى، غورۇرى جانابلىرى، بەگلىرىم، ھەممىمىز چېلىش مۇسابىقىسىنى كۆرەيلى، — دېدى ۋاڭ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

ھەممە بەگ، سىپاھلار ۋاڭنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشتى. ئوردا ناغرىخانىسىدا چېلىنىۋاتقان ناغرا مۇقامىدىن باشلىنىپ تازا ئەۋجىگە چىقىپ كاناي «بەللى، بەللى» گە چۇشۇپ قىقاس تۇۋلىسا، سۇناي ئاجايىپ يېقىملىق نازۇك ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. دۇمبۇل بىلەن چىغىنەيلەر ناغرىنىڭ رىتىمىغا تەڭكەش بولماقتا ئىدى. ناغرىخانا ئەتراپىدىكى كەڭ مەيداندا بىردە ئات ئۇسسۇلى، بىردە تۆگە ئۇسسۇلى ئوينالماقتا. يەنە بىر بۆلۈم ئۇسسۇلچىلار بوگۈن كەچ پانۇسلارنىڭ يورۇقىدا چىراغ ئۇسسۇلىنى ئويناشقا، يەنە بىر بۆلۈم ئۇسسۇلچىلار ئەتە توخۇ ئۇسسۇلىنى ئويناشقا تەييارلىق قىلماقتا ئىدى. يەنە تېخى مەيداننىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىكى ئارغامچا تارتىپ قويغان مەيدان ئىچىدە موللاقچىلار موللاق ئېتىپ، چامباشچىلار چامباشچىلىق قىلماقتا ئىدى. ۋاڭ ۋە بەگلەر بىر پەس بۇ يەردە تاماشا كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن چېلىش مەيدانىغا قاراپ ماڭدى.

چېلىش مەيدانى يانباغنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ يەردە ياپيېشىل چىملىق بىر مەيدان بار بولۇپ، بۇ مەيداندا ھېيت - ئايەملەردە، ۋاڭ خوجاملارنىڭ توي مەرىكىلىرىدە چېلىش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ مەيداننىڭ شەرقىي تەرىپىدە سۇپسۈزۈك سۇ ئېقىۋاتقان كەڭ ئۆستەڭ، تۆۋەن تەرىپىدە نىلۇپەر كۆللىرى بار ئىدى. بۇ كۆللەردە نىلۇپەر گۈللىرى چىرايلىق ئېچىلىپ، كەڭ يوپۇرماقلىرى سۇ يۈزىگە

يېيىلىپ تۇراتتى. مەيداننىڭ يۇقىرى تەرىپىگە بولسا ۋاڭ خو-
جاملارنىڭ چېلىش مۇسابىقىسىنى كۆرۈشى ئۈچۈن بىر سەھنە
ياسالدى. سەھنە ئۈستىگە گىلەملەر سېلىنىپ ئولتۇرىشىغا مۇ-
ھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك قىلىپ ياسال-
غان، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن تەختى قويۇلدى. سەھنىنىڭ ئىككى
تەرىپىگە بەگ، خوجاملار ئۈچۈن نەقىشلىك ئۈستەللەر قويۇلدى.

بۇ قېتىم بۇ مەيداننىڭ ئەتراپى كېڭەيتىلگەنىدى. مەيدان
ئەتراپىدىكى يوغان ـ يوغان سايە تاشلاپ تۇرغان تال ـ
دەرەخلەرلا قالدۇرۇلۇپ، كىچىكرەك تال ـ دەرەخلەر كېسىپ
تاشلاندى. مەيداننىڭ ئالدىغا گىلەملەر سېلىنىپ ئىلىلىق مېھ-
مانلارغا تەييار قىلىندى. كەينى تەرەپكە ئۇزۇن ـ ئۇزۇن ياغاچ
ئورۇندۇقلار بىرىدىن بىرى ئېگىزرەك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇل-
دى.

بۈگۈن چېلىش مۇسابىقىسىنى كۆرگىلى چىققۇچىلار ناھا-
يىتى كۆپ ئىدى. ھەممىسى پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن بولۇپ،
يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ياساۋۇللار خەلقنى تىنچلاندۇ-
رۇپ يۈرەتتى ھەم ئۇلارغا مەيداننىڭ تەرتىپىنى — ئولتۇرۇپ
كۆرىدىغانلار قاتارىنى، ئۆرە تۇرۇپ كۆرىدىغانلار قاتارىنى ئۇق-
تۇرۇپ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇراتتى: «ئۇلۇغ ۋاڭ خوجام بۇ يەردە
ئۆتكۈزۈلىدىغان چېلىشنى كۆرۈش ئۈچۈن كېلىدۇ. ۋاڭ خو-
جامنىڭ كېلىشى بىزنىڭ چېلىشچىلىرىمىز ئۈچۈن چوڭ بىر
مەدەت. شۇڭا ھەممىمىز تەرتىپنى ساقلايلى» خەلق جىم بولۇش-
تى. بىر پەستىن كېيىن جاكارچى «ۋاڭ خوجام كەلدى!» دەپ
جاكارلىدى. خەلق دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، بېشىنى تۆ-
ۋەن قىلىپ «ۋاڭ خوجامنىڭ ئالتۇن بويى ئېسەن بولغاي»
دېيىشتى، پۈتۈن مەيدان لەرزىگە كەلدى.

— قۇللىرىمغا ئىجازەت، — دېدى ۋاڭ كۈلۈمسىرىگىنىچە-

چە خەلققە قاراپ.

خەلق ئاستا ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. ۋاڭ ئائىلىلىرى ئوردا بەگ، ئۆلىمالىرى، غورۇزى باشلىق ئىلىلىق بىر نەچچە ئۆلىما، مويسىپىتلارمۇ ۋاڭ خوجامنىڭ ئەتراپىدا قاتار ئولتۇ-رۇشتى.

ۋاڭ خوجام بۈگۈن ئۈستىگە مەخسۇس مۇشۇ توي ئۈچۈن تىكىلگەن قىزىل كۆك دۇخاۋىغا ئالتۇندىن يولتۇز ئورنىتىلغان يولتۇز تونىنى كىيگەنىدى. بۇ تون ۋاڭ ئائىلىرىغا ھەم سەھنى-گە يالت - يۇلت قىلىپ ئالاھىدە جولا بىرىپ تۇراتتى. ۋاڭ ئائىلىرى ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئاق يۈزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، قارا قاشلىرى ئاستىدىكى سەل يېشىلغا ما-يىل كۆزلىرىدە، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم ئەكس ئېتەتتى.

تاماشا كۆرگۈچىلەر تېپتىنچ ئولتۇرۇپ قوم تۆكۈلگەن چې-لىش مەيدانىغا قارىشاتتى. چېلىشچىلارنىڭ ھەممىسى مەيدانغا چۈشۈپ قاتار تۇرۇشتى. ئۇ چاغلاردا خەلق پالۋان، چېلىشچى، چامباشچىلارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «زور» نى قوشۇپ ئېيت-اتتى.

مەيداندا قۇمۇل شەھەر ئىچىدىن روستەم زور، راھەتباغ تەرەپتىن قۇربان زور، پالۋانتۇر تەرەپتىن تۇرسۇن زور، قارا دۆۋىدىن نازىمەت زور، لاپچۇقتىن توختىمەت زورلار ھەيۋە كۆر-سىتىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار بەستلىك، كەڭ غوللۇق كەلگەن بولۇپ، پاقالچاق بىلەن مۇسكۇللىرى يوغان، گۆشلىرى چىڭ ھەم كۈچلۈك ئىدى.

بويىنىغا قىزىل يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن پۇشتەك ئېسىۋالغان رىيىر چېلىشقا چۈشىدىغانلارنىڭ تەرتىپىنى ئېلان قىلدى:

— ئۇلۇغ ۋاڭ خوجامغا مەلۇم بولغاي، شانۇشاۋكەتلىك بۇ مۇبارەك كۈننى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن قۇمۇل شەھىرىدىن،

قۇمۇل شەھەر ئەتراپى يېزىلىرى ۋە بەش شەھەردىكى ئەڭ قاۋۇل چېلىشچى زورلارنى تەكلىپ قىلىپ بۇ مۇسابىقىنى باشلىدۇق. بىرىنچى رەت چېلىشقا چۈشكۈچىلەر قۇمۇل شەھەر ئىچىدىن رۇستەم زور بىلەن راھەتباغدىن قۇربان زور؛ ئىككىنچى رەت چېلىشقا چۈشكۈچىلەر ـ پالۋانتۇردىن تۇرسۇن زور بىلەن، لاپچۇقتىن توختىمەت زور؛ ئۈچىنچى رەت يەڭگەنلەر بىلەن يەڭگەنلەر بىر قېتىم تۇتۇشقاندىن كېيىن، بۇنىڭدا يېڭىپ چىققانلار قارا دۈۋىنىڭ زورلىرى بىلەن ئېلىشىدۇ.

بۇ چاغدا خەلق ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. بىراق بۇنى بەزىلەر چۈشىنەلمىدى.

چېلىشچىلارنىڭ ھەممىسى سەھنە ئالدىغا كېلىپ ئاۋۋال قاتار تۇرۇشتى. ئاندىن ھەممىسى بىردەك ئېگىلىپ: «ۋاڭ خوجامغا سالام» دېيۇدى، ۋاڭ ئالىيلىرى «چېلىشچى زورلىرىمغا ئىجازەت!» دېدى.

چېلىش تەرتىپى بويىچە بىرىنچى قېتىم چېلىشىدىغانلار مەيدانغا چۈشتى. روستەم زور بىلەن قۇربان زور بىرى مەيدانىڭ باش تەرىپىدە، بىرى ئاياغ تەرىپىدە بىر ـ بىرىگە ھۆرپىيىپ تۇرۇشتى. بۇلارغا ئاۋۋال ئۈچ مېتىردەك قارا رەختتىن پوتا باغلىدى ـــ پوتىنىڭ بىر ئۇچىنى ئوڭ پۇتىغا بىر قول پاتقۇدەك بوشلۇق قويۇپ، يەنە بىر ئۇچىنى بېلىگە چىرماپ باغلىدى. پوتا باغلىنىپ بولغاندىن كېيىن قارىمۇ ـ قارشى تەرەپلەر يېقىن كېلىشتى ۋە سول قوللىرى بىلەن پوتىنى، ئوڭ قوللىرى بىلەن بەلنى تۇتۇپ بىر پۇشتەك بىلەن تەڭ چېلىش باشلىنىپ كەتتى. ھەر ئىككىلىسىلا كۈچلۈك ئىدى. بىردە ئۇ يىقىتاتتى. بىردە بۇ يىقىتاتتى. خېلىغىچە جىددىي ئېلىشىش يۈز بەردى. ئاخىرى قۇمۇل شەھىرىنىڭ زورى رۇستەم راھەتباغنىڭ زورىنى يىقىتىپ ئۈستىدىن چىڭ بېسىۋالدى. خەلق

توپى دۇررىدە ئۇرۇنلىرىدىن تۇرۇپ قىقاس - چۇقان بىلەن تەنتەنە قىلىشتى. ۋاڭ ئالىيلىرىمۇ چاۋاك چېلىپ تەنتەنە قىلدى ۋە پەرمان قىلدى: «قۇمۇل شەھىرىنىڭ زورىغا بەش تاغار بۇغداي شاڭ بېرىلسۇن!» جاكارچى جاكار قىلدى:

— ئۇلۇغ ۋاڭ خوجام شەھەر ئىچىنىڭ زورى، بىرىنچى رەت چېلىشتا يەڭگەن رۇستەمگە بەش تاغار بۇغداي ھىممەت قىلدى!

چاۋاك، ئالقىشلار ياڭرىدى. ئىككى زور يەنە ۋاڭ خوجام ئالدىدا قاتار تۇرۇپ «ۋاڭ خوجامغا رەھمەت» دەپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن مەيداندىن چىقىشتى.

ئىككىنچى رەت لاپچۇقنىڭ زورى توختىمەت بىلەن پالۋانتۇرنىڭ زورى تۇرسۇن مەيدانغا چۈشتى. بۇ رەت پالۋانتۇرنىڭ زورى يەڭدى. بۇنىڭغىمۇ ۋاڭ بەش تاغار بۇغداي ھىممەت قىلدى. ئۈچىنچى رەت، يۇقىرىقى ئىككى قېتىمدا يەڭگەن زورلار مەيدانغا چۈشتى. بۇ قېتىم ناھايىتى جىددىي ئېلىشىش بولدى. تاماشىبىنلارمۇ جىددىيلىشىپ كېتىشتى، بەزىلەر «غەيرەت قىل رۇستەم» دېسە، بەزىلەر «غەيرەت قىل تۇرسۇن!» دەپ توۋلىشاتتى. چېلىشچىلارنىڭ ئىشتان، كۆڭلەكلىرى يىرتىلدى. تەرلەپ بەدەنلىرى سۇ بولۇپ كەتتى. ئاخىر قۇمۇل شەھىرىنىڭ زورى يەڭدى. تۆتىنچى رەت قۇمۇل شەھىرىنىڭ زورى بىلەن قارا دۆۋىنىڭ داڭقى بار زورى مەيدانغا چۈشتى. قارادۆۋىدىن كەلگەن نازىمەت زور مەيدانغا چۈشۈشى بىلەنلا قۇمۇل شەھىرىنىڭ زورى رۇستەمنى بىر نەچچە قېتىم يەرگە ئۇردى. خەلق غۇلغۇلا قىلىشتى. بىر قىسىملار: «ئادىل بولمىدى!» دەپ توۋلاشتى. خالايىق «ئۈچ رەت مەيدانغا چۈشكەن چېلىشچىدا كۈچ قالامدۇ؟ قارادۆۋىنىڭ زورى بىر رەتمۇ چېلىشقا چۈشمىگەن تۇرسا، ئادىل بولمىدى!» دەپ ۋارقىراشتى. ئەھۋال ۋاڭ-

نىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئادەملەر چېلىش مەيدانىغا يوپۇرۇلۇپ كىرىپ كېتىشتى. بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋاڭ «خەلقىنىڭ دېگىنى راست» دەپ ئويلىدى ھەم يارلىق قىلدى:

— بۇ چېلىشىش مۇسابىقىسى چۈشتىن كېيىن داۋاملاشسۇن، ئالدى بىلەن قارادۆۋىنىڭ زورى پالۋانتۇرنىڭ زورى بىلەن ئېلىشسۇن، ئەگەر پالۋانتۇرنىڭ زورىنى يېڭىۋالسا قۇمۇل شەھىرىنىڭ زورى بىلەن ئېلىشسۇن. يېڭەلمىسە، قۇمۇل شەھىرىنىڭ زورىغا كالا بېشى مۇكاپات بېرىلسۇن! — دېدى.

— ۋاڭ خوجامدىن يارلىق! — دەپ جاكارچى بۇ سۆزلەرنى ئېنىق، دانىمۇدانە قىلىپ خالايىققا ئاڭلاتتى. خەلق ۋاڭ خوجامغا رەھمەت ئېيتىپ مەيداندىن تارقاشتى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ يۇقىرىقى ئىشنى سەل ئويلىنىپ قېلىپ يېنىدىكى بەگدىن:

— ئاۋۇ پۇشتەك چالغان نەلىك؟ — دەپ سورىغانىدى.

— خوش ۋاڭ خوجام، ئۇ «قىزىل[1]پوتا» جەمەتىدىن، ئاۋۇ قارادۆۋىلىك زور بىلەن يېقىن تۇغقان، — دەپ جاۋاب بەردى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭغا بۈگۈنكى چېلىشىش مۇسابىقىسى ناھايىتى ياققانىدى. بىراق ئاخىرقى غوۋغا ئۇنى ئويغا سېلىپ قويدى. شۇڭا ئۇ قايتىپ كېتىۋېتىپ بەگلەرگە شۇنداق دېدى:

— چېلىشىش دېگەن بىر ئويۇن، ئەمما بۇنىڭغا پەم بىلەن كۈچ كېرەك، بۇنىڭغا ھىيلە ئىشلىتىپ ئىناقلىقنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. ئادەمنى ئېزىقتۇرۇش شەيتاننىڭ ئىشى. ئۆز نەپسىگە

---

① قىزىل پوتا - بىر جەمەتنىڭ لەقىمى بولۇپ، بۇرۇنقى ۋاڭلار دەۋرىدە شۇ جەمەتنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى چېلىشتا نام قازىنىپ «قىزىل پوتا» مۇكاپاتى ئالغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بىر جەمەت كىشىلەر چېلىشچى بولۇپ «قىزىل پوتىلار» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

چوغ تارتىش مۇناپىقنىڭ ئىشى. چۈشتىن كېيىن باشقا بىرسى چېلىشىشنى باشقۇرسۇن. ھېلىقى ھارامزەدە ئېھتىياتسىزلىقتىن شۇنداق ئورۇنلاشتۇردىمۇ ياكى قەستەن قىلدىمۇ، بۇنى ھاشىر تەيجى بېگىم، ئۆزلىرى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسىلە.

— خوش ۋاڭ خوجام، پەرمانبەردارمەن، — دېمەكچىدە. مەنكى، كىمنىلا قويغان بىلەن بىكار. ھەممىسى ئۆز تەرىپىگە يان باسىدۇ. بۇ بىزدىكى بىر ئىللەت. ئومۇمنى كۆزدە تۇتماي، ھەممىمىز ئۆز ئارزۇيىمىز بويىچە ئىش قىلىمىز، — دېدى ھاشىر تەيجى.

بۇ سۆزى ئارقىلىق «زىنداندىكى توختاخۇن» مەسىلىسىگە چېتىشلىق تاجىدىن تەيجىنى چاقماقچى ئىدى. ۋاڭ بۇنى تۇيۇپ قالدى. ئەمما شۇئان سۈرۈشتۈرمىدى. چۈنكى ۋاڭ ئۆزى «تويى كۆڭۈلدە سوراق ـ سوئال بولۇنمايدۇ» دېگەنىدى. ئەمما ۋاڭ بۇ ئىشتا بىخۇدلۇق قىلىشقا بولمايدۇ، — دەپ ئويلاپ:

— تويدىن كېيىن سۆزلىشەيلى بېگىم، — دېدى ھاشىر تەيجىگە كۆلۈمسىرەپ قاراپ.

— خوش ۋاڭ خوجام، قۇللۇق، — دەپ تەزىم قىلدى ھاشىر تەيجى.

— ئەمىسە، چۈشتىن كېيىن چېلىشىشنى باشقۇرۇشقا ئىلىلىق مېھمانلاردىن بىرى تەكلىپ قىلىنسۇن، — دېدى ۋاڭ.

— خوش ۋاڭ خوجام پەرمانبەردارمىز.

* *

چۈشتىن كېيىن ۋاڭ شاھمات مۇسابىقىسى قىلىشنى پەرمان قىلغانىدى. ئەمما ئۇ چېلىشنى ئاخىرغىچە كۆرۈشنى ئارزۇ

قىلىپ قالغاچقا شاھمات مۇسابىقىسىنى ئەتىگە سۈردى. جاكار-چى بۇنى ئالاھىدە جاكار قىلدى.

چۈشتىن كېيىن راست دېگەندەك چېلىش مۇسابىقىسىنى ئىلىلىق مېھمانلارنىڭ ئىچىدىكى چېلىش ماھىرى ماخمۇتبەگ باشقۇردى. ماخمۇتبەگنىڭ سالاپەتلىك تۇرقى، چەبدەسلىكى چې-لىشىش مەيدانىغا ھۆسن بەرگەنىدى. ۋاڭ خوجام بەگ، سى-پاھلىرى بىلەن بۇرۇنلا يېتىپ كېلىپ سەھنىدىن ئورۇن ئال-دى. ھەممىسى بىردەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئېگىلگەن پېتى ۋاڭ خوجامغا سالام بەردى.

— قـولـلـىرىمغا ئـىـجـازەت، قېنى چېلىشىشنى باشلايلى، — دېدى ۋاڭ ئوڭ قولىنى جورۇپ تۇرۇپ.

ماخمۇتبەگ چېلىشىشنىڭ تەرتىپىنى بايىقىدەك تونۇشتۇ-رۇپ ئۆتتى. ئاندىن چېلىشىش باشلاندى. بۇ چۈشتىن كېيىنكى چېلىشىش ناھايىتى قىزىق بولدى. قارادۆۋىلىك زور نازىمەت مەيدانغا چۈشۈپلا ھەش - پەش دېگۈچە پالۋانتۇرنىڭ زورىنى ئۈستى - ئۈستىلەپ يەرگە ئۇردى. ئۇنىڭدا قانداقتۇر بىر كۈچ نامايان ئىدى.

ئەمدى ئەڭ ئاخىرقى چېلىشىش باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى، ھەممىسىلا جىددىيلىشىپ قالدى. چېلىشچىلارمۇ، باشقۇرغۇچى-لارمۇ، تاماشا كۆرگۈچىلەرمۇ، ھەتتا سەھنىدىكى ۋاڭ خوجام باشلىق بەگ، سىپاھلارمۇ دىققەتتە بولدى.

ئىككى زور مەيدانغا چۈشۈپ ئالدى بىلەن ۋاڭ خوجامغا سالام بەردى.

— زورلارغا ئىجازەت، غەيرەت قىلىڭلار، — دېدى ۋاڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

قارا دۆۋىلىك زور ناھايىتى يوغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ خېلى يىللار بۇرۇنلا داڭقى چىققان بولۇپ، پۈتۈن قۇمۇل تەۋە-

سىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا چوقۇناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ چېلىشچى بولۇپ بۇلار بىرمۇ ئادەمدىن يېڭىلىپ قالغىنى يوق ئىدى. نازىمەت زورمۇ ھازىرغىچە بىرسىدىن يېڭىلىپ باققىنى يوق ئىدى. ئۇنىڭدا ئۆكۈزدەك كۈچ، ئۆكۈزدەك خۇي بار ئىدى. ھەممەيلەن، ئۇ مەيدانغا چۈشسىلا غەلىبە شۇنىڭ بولىدۇ دەپ ئويلايتتى. ئەتىگەنكى چېلىش باشقۇرغۇچىمۇ ئۇنىڭ كۈچىنى نەزەردە تۇتۇپ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ زورى رۇستەممۇ مۇشۇ نەچچە يىلدىن بېرى يېتىشىپ چىققان چېلىشچى بولۇپ، بويى پاكارراق بولسىمۇ كۈچلۈك ئىدى. مانا ئۇلار ئىككىسى مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، مىيىقىدا كۈلۈشۈپ تۇرۇپتۇ. قارا دۆۋىلىك زور رۇستەمنى قىلچىمۇ مەنسىتمەي، تاماشىبىنلارغا قاراپ ئۇنى ئىشارە قىلىپ كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپمۇ قويىدى.

ئۇلار ئېلىشماقچى بولۇپ بەل ـ پۇتلىرىنى تۇتۇشقا تەييارلىق قىلىشتى. بۇ چاغدا قۇمۇل شەھىرىنىڭ زورى دېدى:

— ئاكا يەرگە ئاستىراق ئورۇڭە.

— ھە! ! — دەپ قوپاللىق بىلەن ماقۇل بولدى قارادۆۋىلىك زور. رۇستەم مىسكىن قىياپەتتە، قورققاندەك رەقىبىگە تىكىلدى. قارا دۆۋىلىك زورنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى. «ھالىڭغا ۋاي، مەن بىلەن چېلىشمەن دېگۈچە نېنىڭنى يېسەڭچۇ، سەن مېنىڭ ئالدىمدا چۈمۈلىنىڭ ئۆزى، ۋاي بىچارە» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئېلىشىش باشلاندى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ زورى رەقىبىنى ھەدەپ ئالدىغا تارتتى. قارادۆۋىلىك زور پۈتۈن كۈچىنى كەينىگە يىغىپ ئۆزى تەرەپكە تارتتى. بۇ چاغدا قۇمۇل شەھىرىنىڭ زورى

بىر كوچەپلا قارادۆۋىلىك زورنى، زورنىڭ ئۆزى تىركىشىپ تارتىۋاتقان كەينى تەرەپكە گۈپ قىلىپ يىقىتتى ۋە ئۈستىدىن مەھكەم بېسىپ ئولتۇرۇۋالدى. پۈتۈن مەيدان سىلكىنىپ كەت-تى، دەقىقە جىمجىتلىقتىن كېيىن تەرەپ - تەرەپتىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى، كىشىلەر كۆزلىرىگە ئىشەنمەي بىرنىڭ بېشىدىن بىرى ئارتىلىپ مەيدانغا قاراشتى. راست دېگەندەكلا قومۇللۇق زور قارادۆۋىلىك زورنىڭ ئۈستىدىن بېسىپ ئولتۇ-راتتى.

يەنە بىر قېتىملىق ئېلىشىش باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، رۇستەم زور نازىمەت زورغا:

— ھەي ئاكا، بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى، سەت بولدى، ئەسلىدە مەندە ئۇنچىلىك كۈچ يوق ئىدى. خاپا بولماڭ، ھە! — دېدى ئۆزىنى يېڭىلگەندەك قىياپەتتە كۆرسىتىپ.

— ھىم! — دېدى قارا دۆۋىلىك زور نازىمەت خاپا ھالدا، — قاراپ تۇر! — ئۇ ئۆزىنىڭ تاسادىپىي يېڭىلىپ قالغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى ھەمدە بۇ قېتىم چوقۇم يېڭىمەن دەپ ئويلايتتى.

ئۇلار يەنە ئوڭ قوللىرى بىلەن پۇتلىرىنى، سول قوللىرى بىلەن بەللىرىنى تۇتۇشتى. قارادۆۋىلىك زور «مەن بۇنى بېشىم-غا ئېلىپ، راسا بىر پىرقىرىتىپ ئاشۇ ئېقىۋاتقان سۇغا، ياق، ئاۋۇ نېلۇپەر كۆلىگە تاشلىۋېتەي» دەپ ئويلىدى.

چېلىشىش باشلاندى. قومۇل شەھىرىنىڭ زورى پەم - پاراسىتىنى ئىشقا سالماقچى بولدى، ئۇ بىردىنلا قارادۆۋىلىك زورنىڭ يەرنى تىرەپ تۇرغان پۇتىنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. ئۇنىڭ يوغان گەۋدىسى قومۇل شەھىرىنىڭ زورىنىڭ ئىككى قولىدا لەيلەپ قالدى. رۇستەم ئۇنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ مەي-داننىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىغانىدى، ئۇ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا

ئۆلۈكتەك سۈنايلىنىپ قالدى. يەنە مەيداننى بىر دەقىقە جىم-جىتلىق سۈرى باستى — دە، بىردىنلا مەيدان گۈركىرەپ كەتتى. قارادۆۋىلىك چېلىشچىلار بۇ كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنى ئۆز-لىرىگە نىسبەتەن ھاقارەت دەپ بىلگەچكە غەزەپلىرى قايناپ تاش-تى. ئۇلار رۇستەم زورنى ئارىغا ئېلىپ ئۇنى ئەدەپلەپ قويۇشقا ئۇرۇنغانىدى. مەيداندا سۇنايلىنىپ ياتقان نازىمەت سەكرەپ تۇ-رۇپ ئۇلارنى توسۇۋالدى.

— گۇناھ مەندە، مەن يېڭىلىپ قالدىم. بىلدىمكى، مەغ-رۇرلۇق بىلەن بىخۇدلۇق ئادەمنى مەغلۇپ قىلىدىكەن. رۇستەم پاراسەتلىك ئىكەن، ئۇنىڭغا بارىكاللا! دېدى نازىمەت.

كىشىلەر توپى قىزىل پوتا باغلىغان رۇستەمنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاتاتتى، يەنە ئاسمانغا ئاتاتتى، يەنە تۇتۇۋېلىپ يەنە ئاسمانغا ئاتاتتى.

# يەتتىنچى باب

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ دادىسى ئەردىشىر ۋاڭ ناھايىتى ئۇستا شاھماتچى ئىدى. قۇمۇل زېمىنىدا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان شاھماتچى يوق ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ خاننى زىيارەت قىلغىلى بېيجىڭگە بارغاندا خان بىلەن شاھمات ئويناپ خاننى يېڭىۋالغانىكەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھەرقانداق شاھماتچى خان بىلەن شاھمات ئوينىغاندا يېڭىۋېلىش ئېھتىمالى بولسىمۇ، خاننىڭ يۈزىنى قىلىپ قەستەن يېڭىلىپ بېرىپ كەلگەنىكەن. لېكىن ئەردىشىر ۋاڭ خاننى يېڭىۋېلىش ئۈچۈن ئەستايىدىل ئېلىشقان، ئۇنىڭ خاننى يېڭىۋالغانلىقىنى كۆرگەن خاننىڭ خاس ئەمەلدارلىرى ئەردىشىر ۋاڭنى ئەيىبلەپ «بۇ ئەسلى دۆت نەرسىكەن، دۆتكە ئامەت كەپتۇ، دېگەندەك خان ئالىيلىرىدىن ھايا قىلماي، ئالىيلىرىنى يېڭىۋالغىنى نېمىسى؟ بۇ ئالىيلىرىغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك. بۇنى قاتتىق جازالاش كېرەك» دېيىشىپتۇ، خان كۈلۈپ كېتىپ «بىزنىڭ شاھمات ئويىنىشىمىز غەربنىڭ شاھمات ئوينىشىغا ئوخشىمايدۇ. غەربتە شاھمات ئوينىسا پادشاھنى ئۇرۇش مەيدانىغا باشلاپ كىرىدۇ. بۇ يەردە شاھمات ئوينىسا پادشاھنى سېپىلدىنلا چۈشۈرىدۇ. مەن ناھايىتى سېپىلدىنلا چۈشتۇم، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. بۇ ئەقىللىق كىشىكەن. سىلەر دېگەندەك دۆت ئەمەس، بۇنى مەن مۇكاپاتلىشىم كېرەك» دەپ ئۇنى بەش يۈز تىزىق يارماق بىلەن مۇكاپات-

لىغانىكەن.

ئەردىشىر ۋاڭ شۇ قېتىم بېيجىڭدىن قايتىپ چىقىپ مەخ-سۇس بىر شاھماتخانا ياساتقانىكەن. بۇ شاھماتخانا يانباغ تەرەپتە-كى ئارامگاھقا تۇتاش چوڭ ساراي بولۇپ، بۇ سارايىنىڭ تاملىرىغا ئەينەك جاھازىلار ئېسىلغان. ئەينەك جاھازىلارنىڭ ئىچىگە ھۆ-سىن خەت بىلەن چىرايلىق قىلىپ تۇۋەندىكى شېئىرلار يېزىل-غان: (ئۇ چاغلاردا شاھماتنى «سەتىرەنچى» دەپ ئاتايتتى)

ھەر كىشىكى ئۆينىسا سەتىرەنچىنى،
ئۆزىگە تاپقۇسىدۇر ئۆز رەنجىنى.
. . . . . . . . .
ھەر كىشىكى مات بولسا ئىككى پىل بىلەن،
دەردى چىقمايدۇ، ئىككى ئون بەش يىل بىلەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوردىدا ئايرىم كۈنلەر ئاجرىتىلىپ شاھمات ئويناش ئادەت بولۇپ قالغانىكەن.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ يەتتە، سەككىز ياشلىرىدىلا شاھمات ئويناشقا ھەۋەس قىلىپ قالدى. ئۇ دادىسى شاھمات ئوينىسا شاھمات تۇگىگىچە قاراپ ئولتۇراتتى. . . دادىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن شاھمات ئويناشنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇر-دى. ئۇ ئوردىدىكى ھەممىلا بەگلەرنىڭ شاھمات ئوينىشىنى تە-شەببۇس قىلاتتى، ئۇ چاغلاردا بۇنىڭ تەسىرى بىلەن سىرتتىكى پۇقرالار ئىچىدىمۇ شاھمات ئويناش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغاندى، ۋاڭ بۇنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ، ھەر قېتىم ئوردىدا شاھمات ئوينالغاندا خەلق ئىچىدىكى ئۇستىلارنىمۇ ئالدۇرۇپ كېلەتتى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ ۋاڭلىقتا ئولتۇرغان دەسلەپكى يىلىلا ھەر نورۇز كۈنى شاھمات مۇسابىقىسى بولىدىغانلىقىنى

جاكارلىغانىدى. بۇ شاھمات مۇسابىقىسىنى ئالاھىدە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شاھماتچىلەرغا ئايرىم كىيىم تىكتۈرۈلدى. شۇ قېتىمقى شاھمات مۇسابىقىسى ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. شۇ- نىڭدىن كېيىن ھەر يىلى نورۇزدا شاھمات مۇسابىقىسى ئۆتكۈ- زۈش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاڭنىڭ خالى- غان كۈنلىرىدىمۇ دائىم دېگۈدەك شاھمات ئوينىلىپ تۇراتتى. ۋاڭ شاھمات ئوينايدىكەن دېسە، شاھماتچىلارنىڭ، تاماشا كۆرى- دىغانلارنىڭ كۆڭلى يايراپ كېتەتتى.

شاھماتچىلار بۇ قېتىم، توي مەرىكىسىدە چوقۇم شاھمات مۇسابىقىسى بولىدۇ دەپ قىياس قىلىشقانىدى. شۇڭا شاھمات ھەۋەسكارلىرى بۇ كۈننى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن. ئىلىدىن كەلگەن مېھمانلارمۇ قۇمۇلدا شاھمات مۇسابىقىسىنىڭ ناھايىتى قىزىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ماھ- مۇتبەگ، جارۇللابەگ، غورۇرى بەگلەر ئۇستا شاھماتچىلار بو- لۇپ، ئۇلارمۇ ۋاڭ بىلەن شاھمات ئويناشنى ئارزۇ قىلىپ كەل- گەنىدى.

بۈگۈن بارلىق شاھماتچىلار بۇ شاھماتخانىغا يىغىلىشتى. مۇھەممەت بېشىرۋاڭ باشچىلىقىدا ئابدۇللا بەگ، باقى بەگ، سىدىقبەگ، شا سېلىمبەگ، نەمتوللا تەيجى بەگ، ھاشىر تەيجى بەگ، تاجىدىن تەيجى بەگ قاتارلىقلار شاھماتخانىغا كىرىپ كې- لىشتى، ئۇلار راست دېگەندەك بىر خىل كىيىنىشۈالغانىدى. چۈنكى ئۇلار شاھمات ئويناشنى ئورۇشقا كىرىش دەپ پەرەز قىلىدۇ. شۇڭا ئورۇش قىلغان لەشكەرلەر بىردەك ساۋۇت كى- يىپ جەڭگە كىرىدۇ، بىزمۇ بىر خىل جەڭ كىيىمى كىيىپ جەڭ باشلىشىمىز كېرەك دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار ئۈستىگە كۆك تېرىكىدىن تىكىلگەن ئېگىز ياقىلىق پوزا چاپانلارنى كىيىشىپ، بېلىنى قېنىق سېرىق زوچو پوتا بىلەن باغلاپ، پۇتلىرىغا ئوخ-

شاش قارا مەخمەل ئۆتۈك كىيگەنىدى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭمۇ ئوخشاش كىيىنگەن بولۇپ، بۈگۈن ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئىللىق مېھمانلار يېتىپ كىرىشتى، ئۇلارمۇ ئۈستىگە بەقەسەم تون، بېشىغا ئالما ئۇرۇقى رەڭدە دۇخاۋا دوپپا، پۇتىغا مەسە ـ كالاچ كىيگەنىدى، ئۇلار سورۇن ئەھلىگە بۆلەكچىلا ھەيۋەتلىك ھەم چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇلار كىرىپلا مۇھەممەت بېشىر ۋاڭغا سالام بەردى، مۇھەممەت بېشىر ۋاڭمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. ھەم چاقچاق قىلىپ دېدى:

— ئالىملىقنىڭ بەگزادىلىرى، بۈگۈنزە تۇغلۇق تۆمۈرخان بۇۋىمىزنىڭ روھى قوزۇنۇپ قالمىسۇن جۇمۇ.

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— تۇغلۇق تۆمۈرخان بۇۋىمىز شاھـىـماتـچـى ئـەمـەس كەپتەرۋازكەندۇق، — دەپ قىزىقچىلىق قىلدى غورۇرى. يەنە كۈلكە باشلاندى.

— بۇنىمۇ يىراق دېگىلى بولمايدۇ. ئاقساق تىمۇر ئەۋلادىدىن بولغان بابور شاھنىڭ ئاتىسى پەرغانىنىڭ پادىشاھى ئۆمەر شەيخ مىرزا ناھايىتى چوڭ كەپتەرۋازكەندۇق. بۇ كىشى كەپتەرخانىسىنى ئېگىز ھاڭ ئۈستىگە قۇرغانىكەن، — دېدى ۋاڭ ۋە ئەسكەرتتى، — ئۆمەر شەيخ مىرزا تۇرغان جايمۇ ئەسلىدە ئېگىز ـ پەس تاغلىق بىر جاي ئىكەن. بىر كۈنى ئۆمەر شەيخ مىرزا كەپتەر ئۇچۇرۇۋېتىپ، كەپتەرخانىسى بىلەن بىللىلا پەسكە دۇملاپ كېتىپ جان ئۈزگەنىكەن.

— بۇ راست گەپ، دېدى غورۇرى، بابۇر شاھ ئانا تەرەپ سۇلتان سەئىدخان بىلەن نەۋرە بولىدۇ. ئاتىسى ئەنە شۇ ۋەجىدىن ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن بابور شاھ ئون ئىككى يېشىدىلا سۇلتانلىقنى قولىغا ئالىدۇ. ئەپسۇس، ئۇ كەپتەرۋاز

ئەمەس بەلكى يېتىشكەن شاھمات ماھىرىكەندۇق.

— چۈشەندىم، — دېدى ۋاڭ قىزىقچىلىق قىلىپ، — دېمەك، بىز ئەجدادىمىزدىن شاھماتچى دېمەكچىغۇ ئۆزلىرى، ھەي، جانابلىرىدىن سەگەك بولساق بولغۇدەك. يەنە ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— شاھمات دېگەن بۇ بىر تارىخي ئويۇن، دۇنيادا بۇنى ئوينىمايدىغان جاي بولمىسا كېرەك. يېقىندا قۇمۇلدىن ھەرەمگە بارغان ھاجىملار سەپەر ئۈستىدە بىر پەرەڭ[1] بىلەن شاھمات ئويناپ ئۇ پەرەڭنى يېڭىۋاپتۇ، پەرەڭ ئۇ ھاجىغا كاتتا بىر ئۈزۈك سوۋغا قىپتۇ. ئۇ ئۈزۈكنى ھېلىقى ھاجى ۋاڭ خوجامغا تەقدىم قىلغىلى ئەپ كەپتىكەن، ۋاڭ خوجام «بۇ ئۈزۈك ئۆزلىرىنىڭ شاھمات ئويناشتىكى ماھىرلىقلىرىغا قىلىنغان سوۋغا تۇرسا، مەن ئېلىۋالسام دۇرۇس بولماس. ئاشۇ پەرەڭنى يېڭىۋالغانلىقلىرى بىز ئۈچۈن چوڭ ئىناۋەت. ھىممەتلىرىگە رەھمەت» دەپ قايتۇرۇپ بەردى، — دېدى، نەمىتوللا تەيجى. ۋاڭ بۇ گەپكە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:

— قېنى، ئويۇن توختىتايلى، — دېدى.

«ئويۇن توختىتايلى» دېگىنى، يېڭىلىپ قالغانلار قانداق قىلىدۇ، دېگىنى ئىدى.

— شەرت ئېغىر بولۇپ كەتسە، بىز مۇساپىرلارغا ئوۋال بولىدۇ، جۇمۇ، - دەپ قىزىقچىلىق قىلدى غورۇرى.

— قورقمىسىلا بېگىم، ۋاڭ خوجام بار، — دېدى نەمىتوللا بەگ جاۋابەن. ۋاڭ ۋە باشقىلار يەنە كۈلۈشتى.

— مۇنداق بولسۇن، — دېدى ۋاڭ، — شەرت ئېغىر بولۇپ كەتسە بولماس. ئەگەر مەن يېڭىلىپ قالسام، ھەر بىرلىرى-

---

[1] پەرەڭ - ياۋروپالىقلارنى دېمەكچى.

نى خەزىنەمدىن بەھرىمەن قىلاي. قانچىلىك بەرسەم ئىختىيا-
رىم. ھەر قايسىلىرىدىن بىرەرلىرى يېڭىلىپ قالسىلا قوشاق
توقۇپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدىلا.
— ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناللمىساقچۇ، — دېدى
بىرى بوش ئاۋازدا. بۇ ئاۋاز بەكمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ ھەممەي-
لەن كۈلۈشۈپ كەتتى.
— ۋاڭ خوجام، ئىش قىلىپ بىرەر قىزىقچىلىق قىلىپ
بەرسەكلا بولىدۇغۇ - ھە.
— بولىدۇ، بولىدۇ. شۇنداق بولسۇن، — دېدى ۋاڭ
شاھماتنى باشلاشقا ئالدىراپ.
شۇنداق قىلىپ ئويۇن باشلاندى.
ئالدى بىلەن ئىلىلىق شاھماتچى مەخمۇد بەگ بىلەن قۇمۇل-
لۇق شاھماتچى ئابدۇللا بەگ چۈشتى. ئۇلار ئويۇننى ئاسانلا
تۈگەتتى. ئابدۇللا بەگ يېڭىلىپ قالدى. ئابدۇللا بەگ ناخشا ۋە
ئۇسسۇلغا ئۇستا ئىدى. شۇڭا ئۇ كىشى ھايال قىلمايلا قولىغا
شاھمات تاختىسىنىڭ يېرىمىنى ئېلىۋېلىپ داپ قىلىپ چېلىپ
ناخشا ئېيتتى:

ھەر كىشىكى مات بولسا ئىككى پىل بىلەن؛
دەردى چىقمايدۇ، ئىككى ئون بەش يىل بىلەن.

ھەممىسى قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى. ئابدۇللا بەگنىڭ ناخشىسىمۇ
داپ چېلىشىمۇ، پوت - قولىنى ئۇسسۇلغا كەلتۈرۈپ قويۇشلى-
رىمۇ ناھايىتى كۈلكىلىك ئىدى.
ئەمدى يەنە ئىلىلىق شاھماتچى جارۇللا بەگ بىلەن شا
سېلىم بەگ ئويناشقا باشلىدى.
جارۇللا بەگ يېڭىۋالدى. شا سېلىم بەگ ئۇسسۇلمۇ ئوينى-

يالمايتتى، ناخشمۇ ئېيتالمايتتى، شۇڭا ئۇ يىغلىپ قېلىپلا
«ھەي، ماڭا ئوۋال بولدى. مەن خىيالىمدا چوقۇم يىغلىۋالىمەن.
غۇ، جارۇللا بەگ ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغۇ دەپ ئويلىغانىدىم.
بىراق كۈتمىگەن يەردە مېنى يىغلىۋالدى. مەن ناخشىمۇ ئېيتال-
مايمەن، ئۇسسۇلمۇ ئوينىيالمايمەن. ئۇلۇغ ۋاڭ خوجام مېنى
كەچۈرسىلە» دەپ ھەممىسىگە ناماقۇللىقىنى بىلدۈردى. لېكىن
ۋاڭ جانابلىرى شا سېلىم بەگكە قارىماي دېدى:
— ئويۇن توختاتقاندا نېمە دېيىشكەنىدۇق. بىلگىنىنى قىل-
ىپ بەرسۇن.
— خوش ۋاڭ خوجام، — دېدى شا سېلىمبەگ. شا
سېلىمبەگنىڭ ئورنىدىن تۇرغاندەك قىلغىنىنى ھەممىسى كۆر-
دى. لېكىن ئۇنىڭ سەتىرەنچى قويۇلغان ئۇستەلنىڭ ئاستىدىن
ئۆتۈپ كەتكىنىنى ھېچكىم پەم قىلالمىدى.
— بولدىمۇ، — دېدى شا سېلىمبەگ دوپپىسىنى ئوڭلاپ
كىيىپ تۇرۇپ. ھەممىسى بۇ ناھايىتى تېز ھەرىكەتكە ھەيران
قېلىپ قاتتىق كۈلۈپ كېتىشتى. ۋاڭ كۈلكىسىنى تەستە بې-
سىپ شۇنداق دېدى:
— بۇ بەگنىڭ چامباشچىلىقتا داڭقى بار. بۇ كىشى دادام
بىلەن بېيجىڭگە بارغاندا خاننىڭ چامباشچىلىرى بىلەن ئېلىشىپ
ئۇلارنى يىغلىۋالغانىكەن. خاننىڭ چامباشچىلىرى بۇ ئادەمگە باش
قويۇپ، بېيجىڭدە قېلىشنى تەلەپ قىپتۇ. بىراق دادام قويۇپ
بەرمەپتۇ.
— قويۇپ بەرگەن بولسا، بېيجىڭدە قالاتتىلارمۇ، — دەپ
سورىدى ئىلىلىق مېھمانلاردىن بىرى.
— قالغان بولسام بۇگۈنكىدەك خىجالەتچىلىك تارتماس
ئىدىم، — دەپ قىزىقچىلىق قىلدى شا سېلىمبەگ.
«ئەمدى ئويۇننى نەدىن باشلاش كېرەك، — دەپ ئويلايت-

تى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ، — ماۋۇ ئىككىسىنى، ئىككى ئىلىلىق يېڭىۋالدى. بۇلار بوش ئەمەسكەن»

— ئەمدى ۋاڭ جانابلىرى غورۇرى جانابلىرى بىلەن ئوي-ناپ كۆرسۇن، — دېيىشتى ھەممىسى.

— بولىدۇ، — دېدى ۋاڭ چاپىنىنىڭ يەڭلىرىنى ئۈستد-گە سەل قايرىپ سەترەنچى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. غورۇرىمۇ ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلەن ۋاڭغا قارىمۇقارشى ئولتۇردى. غورۇرى ئاۋغان، بەلىغ، كەشمىر، ئەرەب ئەللىرىدە يۈرگەندىمۇ شاھزادىلەر بىلەن شاھمات ئوينىغان، نۇرغۇن قېتىم ئۇلارنى يېڭىۋالغانىدى. بۈگۈن بولسا غورۇرىنى سۈر باستى. ئۇ ۋاڭ جانابلىرىغا قاراپ سەل ئەيمەنگەندەك كۆلۈمسىرىدى. ۋاڭ ئۆزى-گە بولغان چەكسىز ئىشەنچ بىلەن كۆلۈمسىرىدى. ساراي ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى. ھەممىسىنىڭ دىققىتى شاھ، ۋەزىر، پىل ۋە لەشكەرلەرنىڭ سۈرىتى ئويۇلغان شاھمات دانىچىلىرىغا تىكىل-دى.

ئويۇن باشلاندى. ئىككىسىلا پەم - پاراسەت بىلەن شاھمات ئورۇقلىرىنى يۆتكىمەكتە ئىدى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ باشتا غورۇرىنىڭ پەمىگە ھەيران قالدى، ئەمما بىر پىكىر يۈرگۈزۈپلا غورورىنىڭ ئالدىنى توسىدى.

ئۇلار «پىل ئېيىن» ئويۇنىنى ئوينىغانىدى. «پىل ئې-يىن» ئويۇنى — بۇ شاھماتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى بىر رىۋايەت بولۇپ، رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ. خېلى زامانلار بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. پادىشاھنىڭ دۆلىتى راسا روناق تېپىپ، مەمۇرچىلىق بولۇۋاتقان يىللاردا بۇ دۆلەتكە خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقان بىر قوشنا دۆلەت بۇ دۆلەتكە ھۇجۇم ياساپتۇ. بۇ پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى لەكمىڭ، لەكمىڭ چىقىپ ئۇرۇش قىلىسىمۇ، دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەپتۇ. ئاخىر نۇرغۇن لەشكەرلە-

رى قىرىلىپ كېتىپتۇ. بۇ خەتەرلىك ئەھۋالنى بىلگەن پادىشاھ ئەقىللىق ۋەزىرى بىلەن دۇنيالىقتا تاپقان بىرلا ئوغلىنى (ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا ئىشىنىپ) ئۇرۇشقا سەركەردە بولۇشقا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار ئۇرۇشۇپتۇ. ئۇرۇشۇپتۇ. ئاخىر پادىشاھنىڭ ئوغلى دۈش- مەننىڭ قورشاۋىدا قېلىپ ھالاك بوپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى ئاڭلاپ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. شۇڭا ئوغلىنىڭ ھالاك بولۇش جەريانىنى ۋەزىرىدىن قايتا - قايتا سوراپتۇ. ۋەزىر سۆزلىگەنسېرى پادىشاھ قايىل بولماپتۇ ھەم قانائەت قىلماپتۇ. ئاخىر پادىشاھ: «سىز ماڭا مۇشۇ ئۇستەل ئۈستىدە ئوغلۇمنىڭ قانداق ھالاك بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈڭ» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ ئەقىللىق ۋەزىر پادىشاھتىن بىرنەچچە كۈن- لۈك مۆھلەت سوراپ چىقىپ كېتىپتۇ. ھەم پادىشاھقا ئوغلىنىڭ قانداق ھالاك بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ بىر شاھمات ياساپتۇ. ئاخىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ شاھمات- نى يېيىپ «پىل ئېيىن» ئويۇنى يۈرۈشىدە ئويناپ كۆرسىتىپ- تۇ. بۇنىڭدا ئوغلىنىڭ ئون سەككىز قېتىم يېڭىلىپ ئاخىر قولغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئايان بوپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ ئۇ- رۇشتا نۇرغۇن قېتىم باتۇرلۇق قىلغان بولسىمۇ، ئون سەككىز قېتىم يېڭىلگەنلىكىگە، ئاخىرى ھالاك بولغانلىقىغا ئىشىنىپتۇ.

ۋاڭ جانابلىرى بىلەن غورورىنىڭ شاھمات ئويۇنىشى ناھايى- تى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلغۇچىلارمۇ كىرىپ، جىمجىتچىلىقتا چۆككەن ھالدا تۇرۇپ قېلىشتى.

شۇنداق قىلىپ پىلغا مىنگەن شاھزادە ئون سەككىز قېتىم مات بولدى.

— ۋاڭ جانابلىرىغا قايىلمەن، — دېدى غورورى بىر ئۇھ دەۋالغاندىن كېيىن. ھەممىسى چاۋاك چېلىپ تاماشا قى- لىشتى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز، — دېدى ۋاڭ غورۇرىغا قا-
راپ.
— مەن تېخى، ۋاڭ خوجامنىڭ خەزىنىسىنىڭ يېرىمىنى
ئېلىپ كېتەرمەن دەپ ئويلىغانىدىم. ھەر ھالدا ئوۋال بولدى.
مەن ھازىرغىچە ھېچكىمدىن يېڭىلىپ باققىنىم يوق ئىدى.
— مەنمۇ ھازىرغىچە ھېچكىمنى يېڭىپ باققىنىم يوق
ئىدى — دېدى ۋاڭ چاقچاق قىلىپ. ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشۈپ
كەتتى. ۋاڭ يەنە قوشۇپ قويدى، — ئۆزلىرى باشتىلا تەمتە-
رەپ قالدىلا.
— ئۇنداق ئەمەس، جانابلىرىدىن سەل ئەيمەندىم، لەك-
مىڭ، لەكمىڭ لەشكەرلەر بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتسىلا، ئامال
قىلالماي، ھەر تەرەپكە پىتىراپ قېچىپ باقتىم. پىل مىنىمەي
ئات مىنسەم بوپتىكەن دەپ قالدىم. لېكىن يېڭىلگىنىمگە تەن
بەرمەي، ئون سەككىز قېتىم ئېلىشتىم. لېكىن جانابلىرى
كۈچلۈك كەلدىلە.
— بۇ يەردە گەپ پىل مىنىشتىمۇ، ئات مىنىشتىمۇ
ئەمەس، كۈچىنىڭ كۆپلۈكىدىمۇ ئەمەس، پەقەتلا پەم - پاراسەت-
تە. سىلى ئالدى بىلەن نېمە ئۈچۈن يېڭىلىۋاتىمەن، دېگەننى
ئويلاشلىرى كېرەك. ھېچنەرسىنى ئويلاپ باقماي، ئاچچىق بې-
لەن تىركىشىۋەرسە ھالاك بولىدىغان گەپ.
— شۇنداق، ۋاڭ ئالىيلىرى، پەم - پاراسەتتە سىلىگە
يېتىدىغانلار كەم، — دېدى نەمىتۇللا بەگ ۋاڭنىڭ سۆزلىرىگە
قايىل بولۇپ.
— ئۇنداق دېگىلىمۇ بولمايدۇ، مەن غورۇرى جانابلىرىغا
قايىلمەن، — دېدى ۋاڭ ئاندىن گەپنى يۆتكەپ، — ئەمىسە
مۇنداق بولسۇن. ھازىر تاماق يەيلى. تاماقتىن كېيىن، ئىلى
ناخشىلىرىنى ئاڭلايلى بولامدۇ.

هەممىسى «ۋاڭ خوجامغا رەھمەت» دېگىنىچە ئورۇنلىرى-
دىن تۇرۇپ قوللىرىنى يۇيۇشتى.

* *

بۇ تويدا مېھمانلار قۇمۇلنىڭ ناھايىتى ياخشى تائاملىرى بىلەن كۈتۈلمەكتە ئىدى. تەرەپ - تەرەپتىن ئوردىغا داڭلىق ئاشپەزلەر تەكلىپ قىلىنىدى. ئۇلار خېلى بۇرۇنلا تەييارلىقلارغا چۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۈنىرىنى نامايان قىلىپ توي ئەھلىنى رازى قىلماقچى ئىدى. كاۋاپلاردىن — ئارقار كاۋىپى بەكمۇ مەززىلىك ئىدى. چۈنكى ئارقار تاغدا ياشايتتى. ئۇ تاغنىڭ دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يېگەچكە، ئۇنىڭ گۆشى بەكمۇ تاتلىق بولىدۇ. مېيى ئۆزىگە سىڭدۈرۈلۈپ پىشۇرۇلغان ئاقۇ كاۋىپى تېخىمۇ مەززىلىك بولىدۇ. قىرغاۋۇل كاۋىپى ۋە كەكلىك كاۋاپلىرى پۈتۈن ھالىتىدە تونۇردا پىشۇرۇلاتتى. تاماقلاردىن گۆش پولۇ، مانتا پولۇ، پۇرچاق پولۇسى (پىشىل پۇرچاق بېسىلىپ ئېتىلگەن پولۇ)، نوقۇت پولۇسى (نوقۇت قوشۇلۇپ ئېتىلگەن پولۇ)؛ تاي گۆشى قوردىقى، كالا گۆشى قوردىقى، پاقلان گۆشى قوردىقى ئېتىلەتتى. نانلاردىن، ماي چىلەنگەن قېلىن كاكچا، يۇمىلاق توقاچ، كۆمەشتان نان (بۇنى تاغدىن كەلگەن مېھمانلار، سۈت قايماق بىلەن پىشۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن)، قاتلىما، پېتىر قاتلىما، قېلىن پوشكال (تۇڭگان پوشكىلى)، نېپىز پوشكال، بوغۇرساق، قۇيماق قاتارلىقلار ھازىرلاندى.

ئېچىملىكلەردىن تۈگە قېمىزى، ئات قېمىزى ئۈزۈم غورىسىدا ئېچىتىلغان مۇسەللەس، سەۋزىدە ئېچىتىلغان مۇسەللەس قاتارلىقلار تەييارلاندى.

مېۋە - چېۋىلەردىن قۇمۇلنىڭ قوغۇن قېقى، باغداشنىڭ ئالما قېقى، چارۋاغنىڭ شاپتۇل قېقى، قارادۆۋە، لاپچۇقنىڭ چىلىنى، ئۈزۈم قۇرۇقى، ئاستانە، قارىتالنىڭ يېڭى پىشقان قوغۇن، چىلگىلىرى، ئارىتامنىڭ ئۆرۈك، كىشمىشلىرى، سو- رۇن - سورۇنلارغا تۆكمە - تۆكمە قىلىپ تىزىلدى، مېھمانلار بۇ كۈتۈشلەردىن ناھايىتى رازى ئىدى.

تاماقتىن كېيىن، ۋاڭ خوجام باشلىق شاھماتچىلار، شاھ- مات ھەۋەسكارلىرى يەنە ھېلىقى شاھمات سارىيىغا يىغىلدى.

غورۇرى تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ ئورۇندۇقتا ئول- تۇردى - دە، ئوڭ پۇتىنى سول پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، تەمبۇرنى ئوڭ تىزىغا قويۇپ، رۇسلىنىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تەمبۇرنى ناخۇل بىلەن چېكىپ چېلىشقا باشلىدى، ئۇ تەمبۇرنى بىر پەس چالغاندىن كېيىن، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئاھاڭغا يۆتكەپ ناخشا باشلىدى:

ۋا دەرىخا، دەردى بىلەن،
مەن ئادا بولدۇم نىتەي.
دۇررى - گۆھەرنى يۇتتۇردۇم،
تاپمىدىم، ئۆلدۇم نىتەي.
ۋادەرىخا، ئۆتتى ئۆمرۈم،
ھەسرىتى ئارمان بىلەن.
قىلمىدىم زىكرى ۋاپانى،
بىر زامان جانان بىلەن.

غورۇرى ناخشىنى ئىككى كۇپلېت ئېيتقاندىن كېيىن ئىك- كىنچى ئاھاڭغا يۆتكىدى:

باغنۇەن باغنى ئاچقىن،
مەن نىگارىمنى كۆرەي.
سايىدا كۆزى خۇمار،
مەستانە يارىمنى كۆرەي.

ناخشا ئۈچىنچى ئاھاڭغا يۆتكەلدى:

ئاھ ئۆلۈم باغرىمدا قويدى،
يۈز تومەنمىڭ داغلار.
قەترە - قەترە سۇ بولۇپ،
ئاقتى يۈرەكتىن ياغلار.

ئۈچىنچى ئاھاڭمۇ ئىككى كۇپلېت ئېيتىلىپ، تۆتىنچى ئاھاڭغا كۆچتى. غورۇرىنىڭ ناخۇل سالغان باش بارمىقى مۇڭ-لۇق رىتىمدە ئۇرۇلاتتى. تەمبۇرنىڭ زىل تارلىرى كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىپ ئۆتەتتى. ناخشىنىڭ ئىككىنچى ئاھا-ڭىدىلا بوش ئاۋاز بىلەن ناخشىغا جور بولۇۋاتقان ئىللىق مېھ-مانلار، ئۈچىنچى ئاھاڭدىن باشلاپ ئاۋازىنى قويۇپ بەردى:

تەلىيىم بولسا مېنىڭ،
يانغان چىراغ ئۆچەرمىدى.
شۇ ئىشەنگەن تاغلىرىم،
ئاستى بىلەن كۆچەرمىدى.

ناخشىنىڭ ئاھاڭ، بېيىتلىرىدىن قارىغاندا، غورۇرىنىڭ دەردى يوق دېگىلى بولمىغۇدەك، دەپ ئويلاپ قالدى ۋاڭ. بۇ ئاھاڭمۇ ئىككى كۇپلېت ئېيتىلىپ بەشىنچى ناخشىغا كۆچتى. شۇ تەرە-

قىدە سەككىز ناخشا ئېيتىلىپ توختىدى، ئىللىق مېھمانلار
خۇماردىن چىققاندەك بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇشتى.
ئەتراپتىكى باشقا مېھمانلار بۇ ناخشىلارنىڭ سېھرى كۈچىگە
ھەيران قالدى، ھەممەيلەن يەنە بىر ئاز ئاڭلىساق بوپتىكەن دەپ
قېلىشتى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ مۇنداق دېدى:

— بۇ ناخشىلار ھەقىقەتەن قالتىسكەن. قالغىنىنى ئاخشام-
لىققا ئىلى مەشرىپىدە ئاڭلايلى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بۈگۈن ئۆز ھۇجرىسىدا مېھرىبانۇ
خېنىم بىلەن چوڭ يولغا قارىتىلغان پەنجىرىسىنى ئېچىۋېتىپ،
ئات يورغىسى مۇسابىقىسىنى كۆردى.

يانباغ كۆۋرۈكتىن ئالتۇنلۇقىچە بولغان ئارىلىقتا ئاتلارنى
يورغىغا سېلىش مۇسابىقىسى قىزىپ كەتكەنىدى. سەرخىل ئات-
لار، رەت رەت بولۇپ پۇشقۇرۇپ تۇراتتى. ئاتلارنىڭ ئىگەر-
جابدۇقلىرى، يۈگەنلىرى كۈمۈشتىن ياسالغان بولۇپ، بەكمۇ
ھەيۋەتلىك ئىدى. بوينىغا قوڭغۇراق، قىزىل پۆپۈكلەر ئېسىل-
غان ئاتلارنىڭ ئۈستىدە بەگلەر، خوجىلار گىدىيىپ ئولتۇرۇشات-
تى. بىر بۇرغا چېلىنىش بىلەن تەڭ ئاتلار سەپ تارتىپ يورغى-
لاشقا باشلىدى. ئۇتۇپ چىققانلارغا مۇكاپاتلار بېرىلدى.

نەچچە كۈندىن بېرى مېھرىبانۇ خېنىم قۇمۇللۇق خېنىم،
ئاغىچىلار ھەمدە ئىللىق توغقانلىرى بىلەن قۇمۇلنىڭ ناخشا -
سازلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇسسۇللىرىنى كۆردى. بۇ ناخشىچى،
نەغمىچىلەر قۇمۇلنىڭ نوم، باي، ئاداق، نېرىن، قوراي تاغلى-
رىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئايال ناخشىچى سازەندىلەر ئىدى،
قۇمۇللۇقلارنىڭ ئۇسسۇللىرى، بولۇپمۇ چىراغ ئۇسسۇلى، داپ
ئۇسسۇلى ۋە چىنە ئۇسسۇللىرى ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.
بۈگۈن ۋاڭ ئائىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئات يورغىسىنى كۆرۈپ

بەك خۇشال بولدى.

قۇمۇلنىڭ ئوردا بەگلىرى، ئىلىنىڭ غورۇرى باشچىلىقىدىكى بەگ، ئۆلىمالىرى توخۇ سوقۇشتۇرۇش مۇسابىقىسى بولۇۋاتقان مەيدانغا قاراپ مېڭىشتى.

توخۇ سوقۇشتۇرۇشمۇ مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ توي شەرىپى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئويۇنلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ يەردە ئادەم ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قۇلاقنى يارغۇدەك ئالقىش - سادالار ياڭراپ تۇراتتى. بەگلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مەيدان باشقۇرغۇچى خەلقنى تىنچلاندۇردى. بەگلەر ئالدىنقى رەتتىن ئورۇن ئېلىشتى.

توخۇ سوقۇشتۇرۇشنى باشقۇرۇۋاتقان مەمەدان - گەپدان بىر مەدداھ ئىدى. ئۇنىڭ ئېگىز بويى، ئۇزۇن بۇرۇتلىرى، ئەگرى قاشلىرى، يۇموق كۆزلىرى ناھايىتى كۈلكىلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ بەگلەرنى - مېھمانلارنى كۆرۈپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— مانا، ئويۇننىڭ راسا قىزىق يېرىگە، ئەڭ كۈچلۈك توخۇلارنىڭ ئېلىشىدىغان ۋاقتىغا كەلگەنىدى. مېھمانلارنىڭ تەلىيى بارىكەن. توخۇ دېگەن بىر ئۇلۇغ جانىۋار، ئويلاپ كۆرەيلى، ئۇنىڭ بېشىدىكى تاجىسى گۈزەللىكنىڭ ئالامىتى، ئۇ پادىشاھلارنىڭ تاجىسىدىن دېرەك بېرىدۇ. پۇتىدىكى دوكۇرى ئۇنىڭ قورالى. رەقىبى ئالدىدا جەڭگە كىرىشكە جۈرئەت قىلىشى ئۇنىڭ باتۇرلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يەنىچۇ تېخى، ئۇنىڭ داننى كۆرگەندە ھەمراھلىرىنى تەڭ يېيىشكە چاقىرىشى ئىنسانمۇ يېتەلمەيدىغان ۋاپادارلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. تاڭ ئاتقاندا چىللىشىچۇ تېخى، ھەممە ئىشتا ئىنساننىڭ ئالدىدا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. يەنە، كۈندە ياتاق تالاشماي تۇخۇم بېرىشى ئۇنىڭ كەڭ قورساق، سېخىيلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمدى خالايىق دىققەت

قىلايلى، — غورۇرى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. «راست ئېيتىدۇ، راست ئېيتىدۇ. بۇ يامان گادايكىنا، توخۇ-دەك، ھېچكىم نەزىرىگە ئىلمايدىغان بىر جانىۋارنى ناھايىتى ياخشى تەربىيلەپ ئۆتتى. توۋا، ئاۋام خەلق ئىچىدىمۇ دانالار ئاز ئەمەس ئىكەن. . . » - ئەمدى شادى ئاخۇن بىلەن ھادى ئاخۇ-نىڭ توخۇلىرى مەيدانغا چۈشىدۇ.

بىر قىزىل توخۇ بىلەن ئاق توخۇنى ئىگىلىرى بىر - بىرىگە قارىتىپ قويۇپ بېرىشتى. توخۇلار بويۇن تۈكلىرىنى تىك قىلى-شىپ، قاناتلىرىنى كېرىپ، تۇمشۇقلىرى بىلەن چوقۇشۇپ، پۇتلىرى بىلەن تېپىشىپ، دەرغەزەپ بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. چىرايلىق قاناتلار توختىماي يۇلۇنۇشقا باشلىدى. توخۇلارنىڭ نەلىرىدىندۇر قانلىرى ئېقىپ، قاناتلىرىنى بوياشقا باشلىدى. لېكىن ئۇلار توختىماي ئېلىشاتتى، كۆزلىرىنى چوقۇپ قارىغۇ قىلىشتى يەنە توختىمىدى. ئاخىر ئىككى توخۇ بىراقلا يىقىلدى. پۇتلىرىنىڭ پەيلىرى تارتىشىپ تېنى تىترەپ جان تالىشىشقا باشلىدى.

مەيداندىكىلەر گاھ توخۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ جىمىپ قېلى-شاتتى. گاھ قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈشەتتى. بۇ مەنزىرىدىن تەسىرلەنگەن نەمتۇللا تەيجى بەگ بىلەن غورۇرى بەگ ئورۇنلى-رىدىن تۇرۇپ يانچۇقىدىن بىر مۇنچە پۇل ئېلىپ ئىككى توخۇ-نىڭ ئىگىسىگە تۇتقۇزدى. مەيداننى باشقۇرغۇچى، بەگلەرگە قا-راپ: «رەھمەت بەگلىرىم، رەھمەت بەگلىرىم» دېگىنىچە ئېگە-لىپ تەزىم قىلدى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بۇ قېتىمقى توخۇ سوقۇشتۇرۇشتىن خەۋەر تېپىپ ناھايىتى خۇش بولدى. ئۇ ھېلىقى مەيدان باشقۇر-غۇچىغا بىر كالا، ئىككى قوي، ئىككى تاغار بۇغداي ئىنئام قىلدى.

* *

تويىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى يۈز ئاچقۇ كۈنى بولدى. ئاغىچا، خېنىملار بىلەن ئاپپاق - ئايلالار چوڭ سارايغا يىغىلدى. ئۇلار ئېرىلىرىنىڭ مەرتىۋىسىگە، ئۆزلىرىنىڭ جەددى - جەمەتى-نىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ، گىلەم ئۈستىگە زەدىۋال ياقىلاپ سېلىنغان ئەتلەس كۆرپىلەردىن ئورۇن ئالدى. ئاياللار-نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەرخىل تاۋار، دۇخاۋىلاردا تىكىلگەن ئەتەك چۆرىلىرىگە چىلتەك ياكى كىمخاب تۇتقان چەكلىك لىمە-چا، ئىچىگە ھەرخىل يىپەك رەختتىن گۈل ئىشلەنگەن كۆڭلەك-لەر كىيگەن. بېشىغا چاچما تىكىلىپ جىيەكىگە ئالتۇن قاداق تۇتۇلغان ياكى كىمخاب، ئەتلەستىن تىكىلىپ ئالدىغا موخازا قادى-غان دوپپىلارنىڭ ئۈستىدىن چاچما گۈللۈك زوچولىچەكلەرنى، بۆرتمە شاللارنى سالغانىدى. قولىرىدا، قۇلاقلىرىدا ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەر پارقىراپ تۇراتتى. خىزمەتچىلەر ئۇلارنى قوش قاناتلىرىدا قىلىنغان يەلپۈگۈچلەر بىلەن يەلپۈپ تۇراتتى. بۇ چاغدا قىز تەرەپنىڭ يەڭگىسى بىر تەتىللا كۆرپىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ تۆرگە سالدى. ئالدىغا نەقىشلەنگەن يوغان شىرە قويۇپ، ئۈستىگە داستىخان سالدى. ئاندىن مېھرىبانۇ خېنىمنى قولتۇ-قىدىن ئىككى قىز قولتۇقلىغان پېتى سارايغا ئېلىپ كىردى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، خې-نىمغا تەزىم قىلىپ ئېھسەنلىكىنى سورىدى. قىز تەتىللا كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن قىزغا كۈمۈش پەتنۇستا چاي تۇتتى. قىز قولدىشى چاينى ئېلىپ، قىزغا ئىچۈرگەندەك قى-لىپ ئىككى قوللاپ چىنىنى ياندۇردى. شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان نەرسىلەر پەتنۇس - پەتنۇسلاردا توشۇلۇشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن بىر پەتنۇستا ئالتۇن قۇببە ئورنىتىلغان

ئاسمان رەڭدىكى يىپەك پۈركەنچە رومال قويۇلدى. بۇ رومالنى قۇمۇلدىكى ئۇستىلار ئۆزى لايىھىلىگەن بولۇپ، رومالنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭراق ئالتۇن قۇببە (ئالتۇندىن ياسالغان گۈل)، ئەتراپىغا يەنە سەل كىچىكرەك ئالتۇندىن ياسالغان گۈل، چۆرىسىگە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىكرەك ئىشلەنگەن گۈل ئورنىتىلغاندى. بۇ پۈركەنچە رومالنى يېپىپ كۆرسە ئالتۇن گۈللىرى تولۇن ئاي ئەتراپىدىكى سانسىزلىغان يۇلتۇزلارغا ئوخشايتتى. بۇنىڭغا ئون ئالتە سەر ئالتۇن ئىشلەنگەنىدى.

ئىككىنچى پەتنۇستا مەرۋايىت تۇتۇلغان ئاق بۆرتمە شال قويۇلدى. بۇ رومالنىمۇ قۇمۇلنىڭ ئۇستىلىرى لايىھىلىگەن بولۇپ، ئەتراپى چۇچىلىق، پۈتۈن يېرىگە مەرۋايىت قادالغان. بۇ رومالنى يېپىپ كۆرسىڭىز، ئاق قار، كۆك مۇز قاپلاپ تۇرغان تەڭرى تاغلىرى، تەڭرى تاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان دەريا، سانسىزلىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر كۆز ئالدىڭىزغا كېلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە بىر قانچە پەتنۇستا چاچما تىكىلگەن لىچەكلەر، قىشلىق يۇڭ ياغلىقلار قويۇلدى. يەنە ئىككى پەتنۇستا كېزەكلىرى تارراق، تۆپىسى تەخسىرەك تىكىلگەن چاچما دوپپا، كالۋۇتۇن بېسىلغان دوپپا، ئەتىللادىن تىكىلگەن دوپپا قويۇلدى. دوپپىلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئالتۇن قاداق، ئالتۇن مۇخازىلار قادالغاندى. يەنە ئون پەتنۇستا ئېتەك چۆرىلىرىگە چاچما تىكىلگەن ياكى كالۋۇتون بېسىلغان چەكلىك ئۇزۇن چاپانلار، ئەتىللا، كىمخابتىن تىكىلگەن چاپانلار، ئىچىگە شولۇسۇن، قاما، كۆرپە تۇتۇلغان چاپانلار، قىسقا، قويۇنلۇق چاپانلار، ھەرخىل كۆڭلەكلەر، رۇم شايىسى، مەككىنىڭ مەخمەلى، ھىندىستان دۇخاۋىسى، خوتەن ئەتلىسىدىن تىكىلگەن كۆڭلەكلەر؛ يەنە بەش پەتنۇستا چىرايلىق ئاياغلار، ھەرخىل مەخمەل، دۇخاۋىلاردىن تىكىلگەن قىسقا ئۆتۈكلەر قويۇلدى.

ئۈتۈكلىرىنىڭ ئۇچى ۋە قونچىغا كۆمۈشتىن گۈللۈك نەقىشلەر ئىشلەنگەندى يەنە تۇرلۇك چاچما تىكىلگەن ئاياغلار، پايپاقلار قويۇلدى، يەنە ئىككى پەتنۇستا ئۇپا ـ ئەڭلىك، قاشلىق، پۇراقلىق نەرسىلەر ـ ئىپار، زەپەر، مۇشكى ـ ئەنبەرلەر بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆزنى چاقنىتىدىغىنى زىبۇ زىننەتلەر ئىدى.

قىز تەرەپ مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ رەھمەت ئېيتىشتى. ئاخىرىدا ئىككى تەرەپنىڭ يۈز ئاچقۇ بېيىتلىرىنى ئېيتىشىش باشلاندى. قائىدە بويىچە قىز تەرەپ ئاۋۋال بېيىت باشلىدى:

ئۈنچىنى ئۈنچىگە تىزدۇق چىن سەدەپ بولغايمۇ دەپ،
كۆڭلىمىزنى ئۆزلىرىگە بەردۇق مېھرىبان بولغايمۇ دەپ.
مېھرىباندۇر ئۆزلىرى، شېرىن شېكەردۇر سۆزلىرى،
گۇناھ قىلساق كەچۈرگەيلا پادىشاھىم ئۆزلىرى.

* *

ئېگىز دۆڭنىڭ كۆلەڭگىسى ساينى تالىشۇر،
ياخشى بىلەن يولداش بولساق خويمۇ يارىشۇر.

* *

دەرەخ بولسا ئېگىز بولسا ئېگىلمەس بولسا،
يېشىل ـ يېشىل يوپۇرماقى تۆكۈلمەس بولسا.
ياخشى ئادەم يامانلارنى دورىماس بولسا،
بىر ياخشىغا بىر ياماننى بۇيرىماس بولسا.
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا ئايرىلماس بولسا.

— رەھمەت، رەھمەت، دېيىشتى ئاياللار.
يىگىت تەرەپ تۆۋەندىكى بېيىتنى ئېيتتى:

چەكسەك ساندۇق ئاچىلدى، گۈللىرى باشقا ساچىلدى،
خېنىم بالامنى بىر كۆرۈپ خەستە كۆڭۈللەر ئاچىلدى.

* *

خېنىم بالام ئاي ئىكەن، قارا قاشى يا ئىكەن،
بولاقتا ئوخشاش كۆزلىرى ئاي يۈزىگە نۇر ئىكەن.

* *

ئالتۇن تىللانى ئالدۇق، چىنە تەخسىگە سالدۇق،
چىرايلىققىنە خېنىمنى ئۆز ئېلىمىزگە ئالدۇق.

* *

ئالتۇن تايىنى مىندۇق بىز، ئالتۇن تاغقا چىقتۇق بىز،
ئۆزلىرى بىلەن توي قىلىپ مۇرادىمىزغا يەتتۇق بىز.

* *

تال ئۇچى تالغا يېتىشتى تال ئۇچى تالدىن يىراق،
مەيلىمىز خېنىم بالامغا چۈشۈپتۇ، نە قىلاي ئۆيلەر يىراق.
ئۆي يىراقى بولسا بولسۇن، كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن.
ئىككى بالامنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋەدە يالغان بولمىسۇن.

— رەھمەت، رەھمەت، — دېيىشتى مېھمانلار.
شۇنىڭ بىلەن قومۇلدىكى توققۇز كۈنلۈك توي ئاخىرلاشتى.

# سەككىزىنچى باب

بۇ شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدە ئون مو يەرنى ئىگىلىگەن، چوڭ دەرۋازىلىق بىر ھويلا بار. بۇ ھويلىنىڭ ئالدىدا قىرىپ، شاخلىرى شوپۇرغا ئايلىنىپ قالاي دېگەن، يىلتىزلىرى كۆرۈنىپ، غولى ھۇرمەك - ھۇرمەك بولۇپ كەتكەن بىر تۈپ قارىياغاچ دەرىخى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قارىياغاچ ئەبەيدۇللا تارخانبەگ دەۋرىدە تىكىلگەنىكەن. بۇ ھويلىنىڭ ئۆيلەرگە تۇتاش كەڭ سەيناسىدا مەپە تۇرىدىغان، ئات باغلايدىغان جايلىرى، ئات ئوقۇرلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ھويلىغا كىرگەن ھامان ئات تېزىكىنىڭ سېسىق پۇرىقى بۇرۇنغا ئۇرۇلىدۇ. ھويلىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئۆيلەر بىر - بىرىگە تۇتاش سېلىنغان بولسىمۇ، ئايرىم - ئايرىم ئىشكلەردىن كىرىپ - چىققىلى بولىدۇ. بۇ ئۆي - ھويلىلارنىڭ تاملىرى پىشقىن بىلەن سۇۋالغان بولسىمۇ، ئۇزۇن يىللارغىچە قايتا سۇۋالمىغاچقا، تامنىڭ ئاياغ تەرەپلىرى بەكلا مەينەتلىشىپ كەتكەن، بەزى جايلىرىنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە ۋاڭ ئەۋلادىدىن بولغان سۇۋۇربەگ ئولتۇراتتى. سۇۋۇربەگ مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ دادىسى ئەردىشىر ۋاڭ بىلەن بىر نەۋرە بولغان نوشات بەگنىڭ ئوغلى ئىدى. ۋاڭلىق شەجەرىسى بويىچە ئېيتقاندا، مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بىلەن بىر ئەۋرىلەردىن بولاتتى. ئۇلارنىڭ ياش قۇرامى تەڭ بولسىمۇ كۆرۈنۈش جەھەتتە خېلىلا

پەرقلىنەتتى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ قامەتلىك، چىرايلىق،
سالاپەتلىك ئادەم ئىدى. سۇۋۇربەگ بولسا بويى پاكار، كۆزى
كىچىك، يۈزى سوزۇنچاق، بېشى يوغان، پۇتى قىسقا بىر ئادەم
ئىدى. سۆزلىسە ئاۋازى توم چىقاتتى. كىشىلەر ئۇنى «غاز
قاپاق» دېيىشەتتى. ئۇ دائىم «ئاللاتائالانىڭ كۆزى بىزگە كەل-
گەندە كۆرمەي قالدى، بولمىسا مېنىڭ ئۇلۇغ بوۋام ۋاڭ بولغان
بولسىدى، بۇ ۋاڭلىق بېشىرغا ئەمەس، ئاخىرىدا ماڭا تەئەللۇق
بولاتتى» دەپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى بەزىدە گۇڭ دېسە،
بەزىدە «تەيجى» دەپ ئاتىۋالاتتى. ئۇ تولا چاغلاردا پۇقراغا،
«ماڭا بويسۇنغۇنۇڭ بىلەن بېشىرغا بويسۇنغۇنۇڭنىڭ نېمە پەر-
قى، مەنمۇ بەربىر ۋاڭ ئەۋلادىغۇ» دەپ زورلۇق قىلاتتى.
ئوردىدا بولسا — ئوردىغا كەلگەن هامان بىر قىسىم ئادەملەر-
نىڭ لەقىمىنى تارتىپ «ھەي تېرە كۆت جارۇپكەش[1]. ئوردا
ئالدىنى ئوبدان تازىلىماپسەنغۇ»، «ھەي بوكسى چولڭ
كاتىگال[2]، ماۋۇ يەرنىڭ تام سۇۋاقلىرى ياخشى ئەمەس» دەيت-
تى. ھەتتا ئوردا ئاشخانىلىرىغا كىرىپ «غۇنچەچى قولۇڭنى
يۇدۇڭمۇ؟» دەپ ئۇنىڭ چېشىغا تەگسە، «ھەي قۇم
داخان پاراڭ (ئاشپەز)، نەچچە ئون يىلدىن بېرى تاماق ئېتىد-
سەن، كىم سېنىڭ تامىقىڭنى ماختاپ يېگىنى بار» دەپ ئۇنىڭغا
چېقىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بەگنىڭ كەينىدىنلا ئۇنى تىللاشلار
باشلىنىپ كېتەتتى: «ۋاي بېشى يوغان غاز قاپاق، «تاسما
يېگەن ئىتنىڭ خۇيى ئۆلگىچە قالماس» دېگەندەك يا بۇنىڭ ئاغ-
زىدىن كىشى خۇشال بولىدىغان بىرەر ئېغىزمۇ سۆز چىقىپ
باقمىغان، كۆڭلى يامانىنىڭ ئاغزى چىت - تىكەن

---

① جارۇپكەش - تازىلىق قىلغۇچى.
② كاتىگال - لايچىلىق قىلغۇچى.

دېگەن شۇدە . . . »

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ئۇنىڭ خۇي پەيلىنى بىلگەچكە ئۇ-نىڭغا يول قويۇپ كەلدى. ھەتتا ئۇنى ئوردىدا گۈزەللۈك دەرىجىسى بىلەن تەيجىلەر قاتارىدا كۆرۈپمۇ كەلدى، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا زادىلا رازى ئەمەس ئىدى. ئۇ بەزىدە قىمار ئويناپ ئۇتتۇرۇۋەت-سە، بەزىدە ئەپيۇن تارتىپ ياتاتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا هاراق ئىچىش ئۇنىڭغا ئادەت ئىدى. ۋاڭ خوجامنىڭ توي كۈنلىرىدىمۇ ئۇ يەنە خان ئامبىلىنىڭ جىبەكچىلىرى هاراق ئىچىدىغان كىچىك-كىنە قاۋاقخانىدىن بىر خۇمرا هاراقنى ئېلىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ئۆيدە مىنىس ئاپپاقنىڭ دېدىكى چۆچۈرە توگۇۋاتاتتى. مې-نىس ئاپپاق قېشىغا ياپىېشىل ئوسما قويۇپ، كۆزىگە سۈرمە تارتىپ، ئىككى مەڭزىگە شاپتۇل چېچىكىدە ئۆزى ياسىۋالغان ئەڭلىكنى سۈرۈپ، ئىلمە ئىلىنغان گۈللىرەڭ زوچو كۆڭلەك ئۈستىگە كۆك تاۋاردا، ئېتەك چۆرىسىگە چاچما تىكىلگەن پەش-مەت كىيىپ كىمخاب كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇ ھەردائىم «مەن دېگەن خېنىم» دەپ ئۆزىگە تەمەننا قوياتتى. ئۇ ئۆز ئۆزىگىمۇ ياكى چۆچۈرە توگۇۋاتقان دېدىكى سارەگىمۇ ئەيتاۋۇر بىر نەرسىلەرنى دەۋاتاتتى:

— ئوت ئارىلاپ ياپشاڭ، غون ئارىلاپ تاۋۇز، ھا . . ي، نېمە قويۇپتۇ بىزگە، نەزەر تەگسە پاشىغا، سۈمرۈغ كېلۈر قاشىغا، ھا . . . ي، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئېشەكتىن سىي-رىلىپ قالغان تاغاردەك سىيرىلىپ قالامدۇ، تېخى. ھەي، ماڭا قارا، مىنىس خېنىم مۇناق دېدىغۇ دەپ دۇشمىنىم خامۇشقا دەپ سالما، ھە، ئۇ جاپىدا يوق ئاڭلاپ ① قالسا قۇمۇلغا يايدۇ.

---

① جاپىدايوق ـ قاتاردا يوق.

گەپ قىلىشىۋاتىمەن ساڭا.

دېدەك بۇرۇلۇپ مىنىس ئاپپاققا قاراپ بىردەم ھاڭۋېقىپ ئولتۇردى، ئاندىن:

— نېمە دەۋاتىدىلاكىن، ئاڭقىرالمىدىم خېنىم، — دې-دى.

— ھەي گاس، ئاڭقىرالمىغان بولساڭ بوپتۇ. سىۋەت بېغىدەك ئېگىلىشنىلا بىلىسەن. توۋا، يالاقچى يالاق بىلەن، تىجىمەل تاياق بىلەن دەپ ئېگىلىپلا تۇرساڭ، يا سېنى ئۇرغىلى بولمىغان. مۆڭمۇ دېسە گاستەك، گاسمۇ دېسە شاشتەك، راست ئېيتىدۇ، ھەر كۆڭۈلنىڭ ئۆزىگە ياققان يارى بار، تامغا چۈشە-كەن خام قاپاقنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ھالى بار دەپ، سەندىمۇ خېلى ھال بار جۇمۇ؟

— خوش خېنىم، ئېغىلدىن ئات چىقىپ كەتسە سولىغىلى بولىدۇ. ئېغىزدىن گەپ چىقىپ كەتسە سولىغىلى بولمايدۇ، ئېپارلىق خالتىدىن ئېپارى كەتكەن بىلەن ھىدى قالىدۇ خېنىم، — دېدى دېدەك.

— ھە، ھە، دە، دە، مەن سېنى مۆڭمىكەن دەپ، تىسارى[①]بولۇپ قاپتىمەن. ھەي، قارا ئالقاپ[②] ئولتۇرغىنىمنى، يىگىرمە يىلدىن بېرى تۇزۇكرەك گېپىڭنى ئاڭلاپ باققىنىم مۇشۇ بوپتۇ. سەن ئوتتۇز ياشقا كىردىڭ، مەن قىرىققا كىردىم. توي قىلىپ قوياي دېسەم، خەقلەر بۇ ھويلىغا ئىچ كۈيئوغۇللۇققا كەلگىلى ئۇنىمايدۇ. سېنىڭ بىلەن ئىجىل بوپ قاپتىمەن، شۇڭا سىرتقا چىقارغۇم كەلمەيدۇ، — دېدى.

مىنىس ئاپپاق. ئۇ دېدەكنىڭ ئاخىرقى گېپىدىن سەل تەسىرلىنىپ قالغانىدى.

— غەم قىلمىسىلا خېنىم، بۇركۇتنىڭ چاڭگىلى بولسا،

① تىسارى ـ بىخۇد.
② ئالقاپ ـ ئۇسساپ.

توشقاننىڭمۇ خۇداسى بار.

ئۇلارنىڭ سۆزى بۆلۈندى. ھويلىدا سوۋۇر بەگنىڭ كىكىر-دىكىنى قىرىپ، تۆكۈرگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

سوۋۇر بەگ ئۆيگە كىرىپلا قولىدىكى بىر خۇمرا ھاراقنى مورا ئۈستىگە قويدى. ئاندىن ئۈزۈن چاپىنىنى سېلىپ كاڭ ئۈستىگە تاشلىدى. سوۋۇر بەگنىڭ قاپاقلىرى سېلىنىپ، ئىچىدىن زەھەر قايناپ تۇراتتى. ئۇ خوتۇنىغا بىر قاراپ قويۇپ سورىدى:

— ئىلىلىق خېنىم قانداقراقكەن؟

— ھى . . . ھى . . . ھى . . . ، — مىنىس ئاپپاقنىڭ بوينىدىكى پوقىقى خىرىلداپ كۈلدى، — قانداق بولاتتى، ئەر دېسە ئەر[1] نىنى چىشلەپ ئۆلتۈرغان بىر خېنىم چېغى، ئەتىسى كىرسەك بۆلتۈرقىدەكلا يۈرۈيدۇ. نېمىسىنى دەي. توۋا، چوقۇر خېنىمكەن. بۇ يەردىن قىز تېپىلمىغاندەك يۇرت ئارىلاپ ئالغىنى شۇ، — مىنىس ئاپپاق بىر دەم جىم تۇرۇۋېلىپ ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ سىڭلىم ئۇنىڭغا يەتمەسمىدى، گەپ قىل دېسە قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك گۈلدۈر - گۈلدۈر قىلىدىلا، بۇرۇنلا بېشىمىزغا دەپ باقسىلا بولماسمىدى. (ئەر - خوتۇن ئىككىلىسىلا مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنى بېشىم دەپ ئاتايتى) سىڭلىمنىڭ رۇخسارىدىن نى نى مەلىكىلەر خىجىل. قۇشمۇ ئاسماندا ئۇچسا سايىسى يەرگە چۈشىدۇ. نېمىلا قىلغان بىلەن قازاندىن چۆمۈچ چوڭ، قاچانغىچە ئالتۇن بوسۇغىدا جان بېرىپ يۈرۈۋېرىدىلا. يا، ئۇ بېشىرنىڭ ئالدىدا بىر ئېغىز گەپلىرى ئۆتمىگەن. قېنى ۋاڭ جەمەتى بولغانلىرى؟

— ھەي، گەپنى ئاز قىل، ئىككى قىلىچ بىر غىلاپقا

[1] ئەرنى - لۈۋ.

سىغامدۇ؟ — دېدى سوۋۇر بەگ. شارت قىلىپ يەرگە تۈكۈرۈپ، ئاندىن ئۇ تۈكۈپ قويغان بىر ئۇچۇم چۆچۈرىنى سىقىمداپ ئېلىپ ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، چوغ ئارىلاش كۈلنى ئالدىغا تارتىپ ئۇنىڭ ئىچىگە كۆمدى. (ئۇ داۋاملىق شۇنداق قىلاتتى - شۇ تەرىقىدە بىر قىسىم چۆچۈرىنى پۇچۇلاپ يەپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن قالغىنىنى قازانغا سېلىپ باشقىلار يەيتتى) چوغ ئارىلاش كۈلگە كۆمۈلگەن چۆچۈرىلەر پىژىلداپ، مايلىرى تېشىغا تېپىپ ئېتىلىشقا باشلىدى. ئۆينىڭ ئىچىنى پىياز بىلەن گۆشنىڭ مەززىلىك پۇرىقى قاپلاپ كەتتى. سوۋۇر بەگ قارا - قورا بولۇپ پىشقان چۆچۈرىلەرنى بىر تەخسىگە سېلىپ گۈللۈك شىرەگە قويدى ۋە چۆچۈرىنى يېگەچ ھېلىقى خومىرىدىكى مەينى كۆمۈش جامغا قويۇپ ئوتلاپ ئىچىشكە باشلىدى. شۇنىڭغىچە مىنىس ئاپپاق ئېرىگە گەپ قىلمىدى. بۈگۈن سوۋۇر بەگنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇنداق چاغلاردا مىنىس ئاپپاققا ياخشىلىق يوق ئىدى. چۆچۈرىنى يەپ بولغۇچە مەي خېلىلا يېرىمداپ قالدى. سوۋۇر بەگنىڭ كۆز چاناقلىرى كېڭىيىپ، كۆز ئالمىسى قىزىرىپ كەتتى ھەم گېلىنى قىرىپ خەپرۇك تۈكۈرۈشكە باشلىدى. ئاندىن خومىرىنىڭ ئاستىدىكى ھەممە مەينى ئاغزىغا ئېلىپ مىنىس ئاپپاقنىڭ يېنىغا سۈرۈلدى ۋە خوتۇنىغا يېقىن كېلىپ ئاغزىدىكى ھاراقنى مىنىس ئاپپاقنىڭ كۆزىگە پۈركۈۋەتتى. مىنىس ئاپپاق چىرقىراپ كەتتى.

— سېنىڭ سىڭلىڭمىچۇ، ساڭا ئوخشاش بوينى يوق تول قاپاق. مەن كۆزى كور سېنى ئېلىپ سالغىنىم بىلەن سىڭلىڭنى بېشىر ئالامدۇ؟ ھەي ئەقلى يوق. ئالدىمغا كەلدى دەپ يەپ، ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋرىدىغان داداڭنىڭ سامانلىقى ئەمەس ئۇ. ئۇ دېگەن ئوردا. ئاتا - بوۋامنىڭ زامانىسىدىن قالغان

ئوردا. بېشىرغۇ بىر تىپىن، ئەمما لېكىن بىزدە سىلەردىن يۇقى-
رى تۇرىدىغان ئىناۋەت بار.
مىنىس ئاپپاق چىرقىراپ يىغلىماقتا. ئاچچىق هاراق مى-
نىس ئاپپاقنىڭ كۆزىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ
سۆزلىمەكتە:
— هەي تۇزكور، ئوردىدىكى قانچىلىك ئىناۋىتىڭگە ئىنا-
ۋەت، ئىناۋەت دەيسەن؟ شام ئۆزىنى كۆيدۈرگەندەك سېنى ئۆر-
تەپ كېلىۋاتىدۇ. يەنە تېخى ۋاڭنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلىماقچىمۇ
سەن؟
— تۈنۈگۈندىن بېرى چىدىماي، ئوردىدا دېگەن گەپلىرىڭ
ئىلىلىق بىلەن قۇمۇللۇقنىڭ ئىچىگە پۇر كېتىپتۇ. خەق باشقى-
نى ئەمەس سېنى تىللاۋاتىدۇ. ماڭا تەنە قىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە
ئىناۋەت كېرەكمۇ، ئەمەسمۇ؟
ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بۆلۈندى. ئوچۇق ئىشىك ئالدىدا:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپ قوشنىسى، شۇ مەھەل-
لىنىڭ مەزىنى پەخىردىن باينىڭ چوڭ ئوغلى روزى مەزىن
تۇراتتى.
— كېلىڭ مەزىن، كېلىڭ، يۇقىرى ئۆتۈڭ، — دېدى
سوۋۇربەگ ئايالىغا قاراپ قويۇپ، مىنىس ئاپپاق ياغلىق بىلەن
كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغىچە دېدەك مىس چە-
لاپچا بىلەن ئاپتۇۋىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ:
— خېنىم، كۆزلىرىنى يۇيۇۋەتسىلە، — دېدى.
روزى مەزىن ئولتۇرۇپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، سورىدى:
— نېمە ئىش بولدى بەگ خوجام، — ئۇ هويلىدا تۇرۇپ
بولغان ئىشنى كۆرگەنىدى، — بۇ قىلغانلىرى زادىلا بولماپتۇ.
ئايال جەمەت دېگەن ئاجىز كېلىدۇ، — هەي خوجام.
مىنىس ئاپپاق كۆزىنى يۇيۇۋېتىپ نېرىقى ئۆيگە چىقىپ

كەتتى. سۇۋۇربەگ روزى مەزىننىڭ قولىدىن تۇتۇپ «يۇقىرى ئۆتسىلە» دېگىنىچە تۆرگە ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۆزىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ دېدى:

— هەي مەزىن، سىلىگە دەي، ئاللاتائالا ئەقىلنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغاندا ئەقىلگە «ماڭا يېقىن كەل» دەپتۇ. ئەقىل ئاللاتائالاغا يېقىن كەپتۇ. ئاللاتائالا «ئەمدى يانغىن!» دەپتۇ. ئەقىل يېنىپتۇ. ئاللاتائالا ئېيتىپتۇكى «سەندىن (ئەقىلدىن) باشقا هېچ نەرسىنى ئۆزۈمگە دوست ۋە يېقىن ياراتمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ساۋابلىق ۋە ياخشىلىقنى ساڭا بەردىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئازابنىمۇ قوشۇپ قويدۇم» دەپتىكەن. ئەمدىلىكتە ئاللاتا- ئالا ياخشىلىق بىلەن ساۋاپلىقنى بېشىرگە، بىزگە ئازابنىلا بەر- گىنىمۇ، قېنى ئېيتىڭا مەزىن، ئادەم بۇ كۈنلەرگە قانداق چىداي- دۇ. قاراڭ، ئۇنىڭ كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىپ، ئىناۋىتىد- نىڭ ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، مەن سىزگە دېسەم، هەي، قاراڭ، ئون ئىككى تاغقا كەتكەن ساناقچىلار يېتىپ كېلىپ بېشىرگە مەلۇم قىلدى، تاغدىكى مال - چارۋىلار هەسسىلەپ ئاۋىنىپ كېتىپتۇ. چارۋىچىلار يەرلەرنى ئۆپۈپ بېشىرنىڭ ئاماز- لىقىنى تىلەپتۇ. بۇ يەردىكى ئىشلارنى كۆرمەملا، بۇرۇن ماتا، شاتاۋا كىيىدىغانلار هازىر ئەرلىرى ياردەن، چىبەرقۇت، ئايالله- رى زوچو، تاۋار كىيىدىغان بولدى. ئەمدى كۆرمەملا خالزات هېكىم بەگ يۈزى ئېچىلمىغان تۇغقىنىنى قىرىق هارۋا سوۋغا سالام بىلەن بېشىرگە تۇتتى. ئاڭلىسام، بۇ قىز بەدەخشاندىن كەلگەن، ئالىي مەدرىسنىڭ ئەڭ داڭلىق ئاخۇنىدىن دەرس ئې- لىپ تەڭداشسىز بىلىمگە ئىگە بولغانىكەن. يەنە تېخى قەشقەر، خوتەن، يەركەنتكە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن تالىپلار، مۇددەرسلىك، تېۋىپلىق، خەتتاتلىق، مۇنەججىملىك ئىشلىرىدا داڭق قازىنىپ قايتىپ كېلىۋاتقۇدەك. شەهەر، يېزىلارغا قارىساق، مەدرىس،

مەكتەپ، باغ، باغچىلار ئۈستى ئۈستىگە قۇرۇلۇۋاتىدۇ. تويدىن بۇرۇن ئاڭلىسام، خەزىنىچى خەزىنىنى رەتلىگەنىكەن، ئىدىش، ئىدىشلاردىكى ئالتۇنىنىڭ ھېسابى يوقمىش. يامبۇنى ئۇياقتىن بۇياققا تاشلاپ ساناپ چىقىپتۇ. پارچە كۈمۈشلەرنى بولسا شىڭ-داپ ھېسابلاپ چىقىپتۇ. مانا قارىسىلا، ئەمدى ھەممە ياخشىلىق بېشىرگىلا مەنسۇپ بولۇپ كەتتىما. ھەممە بايلىق شۇنىڭغىلا مەنسۇپ بولۇپ كەتتىما؟

— ھەي، خوجام، كەيپ بولۇپ قاپتىلا، ئۇردا قۇدرەت تاپسا، ئاۋام خەلق باياشات ياشىسا، بۇ شۇ يۇرتنىڭ ياخشى سۈپىتى ئەمەسمۇ؟ خۇدايىمغا مىڭ تۈمەن شۈكۈر، بۇ كۆڭۈللەردىن ئەلمۇ رازى، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ھەققى ھۆرمىتى. ھەممە-مىز رازى بولساق بولىدۇ، دېگەنلىرى جايىز بولمىدى خوجام.

— نېمە دېدىلە، ھەي سېلى بىر مەزىنىغۇ، مېنىڭ گېپىمە-نى چۈشەنمەيۋاتامىلا. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئوردىنىڭ يۇقىرىسىنى بوران ئالسا، تۈۋىنىنى سۇ ئالور.

روزى مەزىن سوۋۇر بەگنىڭ قارغىشىدىن خاپا بولدى. گەرچە ئۇ سوۋۇر بەگنىڭ بۇ خىل گەپلىرىگە كۆنۈك بولسىمۇ، بۇرۇنلاردا بىر ئېغىزمۇ جاۋاب قايتۇرماي «خۇش بېگىم»، «خۇش خوجام» دەپلا ئاڭلاپ قوياتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ بۇ خوجىغا راستىنلا ئاچچىقى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نېمىلا بولمىسۇن، ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي دېگەن تونۇشقا كېلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەقىل شارابىتا ئېرىپ كېتىدۇ-دېيىشىدۇ. قارىسام، نىيەتلىرى پەلكەتكەن① خوجام، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ قويسى-لا، ھەقتائالانىڭ ئۆز مۆمىنلىرىگە ئاتا قىلغىنى ئەقىل بىلەن

① پەلكەت - يامان.

ئىماندۇر. ئىمان ئېيتقان بەندىسى ئۆز قېرىنداشلىرىغا يامانلىق سانىمايدۇ. ئۇ ئەقلى بولسا، ئۆز ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، بىرى ئاچچىقىنى يۇتىدۇ يەنە بىرى ئۆز ئارزۇسىنىلا ئويلىمايدۇ.

سوۋۇر بەگنىڭ جىرتاق كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ روزى مەزىنىنىڭ سۆزلىرىنى ئەزموت ① قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئىچىدە بۇمۇ بىر نەرسە بىلىدىكەن جۇمۇ، بۇنىڭ گېپى بايا دېگەن گېپىمنىڭ جۇملىسىدىن كېتىپ بارىدۇ — دەپ ئويلىدى.

سوۋۇر بەگ ئۆزى شۇنداق بولغىنى بىلەن كاللىسى ئىشلەيتتى. ئۇ مەكتەپ، مەدرىسلەردە ئوقىغاندا ھەممە بالىنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. ئۇ مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بىلەن بىر مەدرىستە ئوقۇغان چاغلىرىدىمۇ ھازىر جاۋاب بولۇپ تېز پىكىر قىلاتتى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ پىكىر قىلىشى ئاستا ئىدى. سوۋۇر بەگ دىنىي شەرئىنى سۆزلەپ باشقىلارنى قايىل قىلىپمۇ قوياتتى. شۇڭا ئۇ مۇھەممەت بېشىر ۋاڭغا قارىغاندا مەن ئەقىللىق ئىدىم، نېمىشقا خۇدايىم ماڭا ۋاڭلىقنى ئاتا قىلمىدى، دەپ خۇدادىن ئاغرىناتتى. ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىناتتى.

— قېنى سۆزلىسىلە، مەزىن ئاخۇنۇم، قۇلىقىم سىلىدە، سىلى دېگەن تۇرپاننىڭ چوڭ مەدرىسىدە بىلىم تەھسىل قىلغان. سىلىنىڭ بىلىدىغانلىرى مېنىڭدىن كۆپ، قېنى نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاي، — بۇ گەپنى ئۇ تەنە بىلەن دېدى.

— گەمىسە، — دېدى روزى مەزىن، — ئۆزۈڭىزدىن بىرى بىر مەھەللىدە ئۇلپەتچىلىك قىلىپ كېلىۋاتىمىز. باشقىلارغا قارىغاندا، مەن جانابلىرىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىمەن. بىئەدەبلىك بولسىمۇ، يادىمغا كەلگەن گەپلەرنى دەپ قوياي، ئاقىل ھەققىدە گەپ بولۇپ قالدى، مەن ئەڭ ئاددىيسى ئاقىل

---

① ئەزموت — مۇلاھىزە.

ئەمەسلەر ھەققىدە بىلگىنىمنى دەپ بېرەي، بىرى دانىشمەندىن سوراپتۇ: «ئاقىل ئەمەسلەر قانداق كىشىلەردۇر؟» دانىشمەن: «ئاقىل ئەمەسلەر دائىم ئەل بىلەن ئاداۋەتتە تۇرىدۇ. ئەتراپىدى-كىلەرگە زىيان كۆزلەپ ماڭىدۇ، بەشىرىسى تەكەببۇر بولىدۇ. ئۆزىنى ئادىل كۆرۈپ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتىدۇ. پىتنە - پاسات قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرىدۇ. راستنى قويۇپ يالغاننى سۆزلەيدۇ. ھالال - ھارامنى پەرق قىلمايدۇ. زىلچا بىلەن گىلەمنى مۇكەررەمە، ئالتۇن بىلەن دەرەمنى مەدىنە دەي-دۇ. ئۇلار دۇنيانىڭ ئۆتىشىدىن، ئاخىرەتنىڭ كېلىشىدىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈشىدىن، قاراڭغۇ، تار يەرگە كىرىشىدىن بىخە-ۋەر. ئاياللىرىنى ئاسرىمايدۇ. بالىلىرىغا تەربىيە قىلمايدۇ. دۇنيادا مەندىن باشقا ھېچكىم يوق دەپ ئۆمرىنى دائىم غاپىللىق ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— تۇفى، — دېدى غەزەپ بىلەن سوۋۇر بەگ، — سەن مېنىڭ ئورامنى كولايدىغانلاردىنكەنسەن — ھە، ھەي ئىسىت، ئەزىنىڭنى قوبۇل قىلىپ مەسچىتكە كىرگىنىم. سەنزە، يالاڭ تۆش، مېنى ئەيىبلەۋاتامسەن، پەندى - نەسىھەتىڭنى ئۆزەڭگە قىلىۋال، سەن ئوقىغان كىتابنى مەنمۇ ئوقىغان، سەن قانچە-لىك نېمىتىڭ!

سوۋۇر بەگ بايا بىر ئاز ئېسىنى يىغقاندەك ئىدى. ئەمدى بولسا غەرقلا مەس ھالەتكە كېلىپ روزى مەزىننى ھاقارەت قىلىشقا باشلىدى.

— بېگىم، كايىمىسىلا، مەن ئەسلىدە بۇ گەپلەرنى قىلغى-لى كىرگەن ئەمەس. باشقا بىر ئىش بىلەن كىرگەنىدىم. جاناب-لىرىنىڭ يىللىقچىلىرى ھەر يىلى ئىككىمىزنىڭ يەرلىرى ئا-رىسىدىكى قىرنى بۇزىدۇ. قىرنى بۇزۇپ ئۆز ئورنىغا قىر چاپماي مېنىڭ يېرىمدىن قىر چاپىدۇ. بۇگۈن ئېتىزغا چىقىپ قارىسام،

سىلىنىڭ يەرلىرى تۆت گەزدەك مېنىڭ يېرىمنىڭ ئىچىگە كىر-
رىپ كېتىپتۇ. يىللىقچىلارغا ئېمىشقا مۇنداق قىلىسىلەر —
دېسەم «بېگىم شۇنداق قىلىڭلار» دېگەن دەيدۇ. يىللىقچىلارغا
ئېيتىپ قويسىلا، ئورمىدىن كېيىن قىرنى جايىغا ئەكىلىپ
قويسۇن، بولمىسا ۋاڭ خوجامغا ئەرز قىلىمەن.

روزى مەزىن بۇ گەپلەرنى تۆردىن يەرگە چۈشۈپ، قولىنى
قوشتۇرۇپ تۇرۇپ دېدى.

سوۋۇر بەگ كۆزلىرىنىڭ چانىقىنى كېرىپ، نېمە دېيىشنى
بىلمەي ئولتۇراتتى.

ئۆيدىكى دېدەك كىرىپ كەلدى — دە:

— خوجام، مېنىڭ خېنىمىنىڭ كۆزى ئېچىلماي-
ۋاتىدۇ، — دېدى.

— قارىغۇ بولۇپ قالسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى سوۋۇر
بەگ.

— بەگ خوجام، ساق ۋاقىتلىرىدا ئېتىز بېشىغا چىقىپ
كۆرۈپ باقسىلا.

— مەن ئېتىز بېشىدا يۈرگىلى سەندەك گالۋاڭ بولمى-
سام، بۇ يۇرتنىڭ ھەممە يېرى ئوردىنىڭ يېرى، ئوردىنىڭ
يېرىدە مېنىڭمۇ بىر ئۆلۈش ھەققىم بار. ھېلىمۇ سېنىڭ يېرىڭ-
نىڭ ئاز بىر قىسمى ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ھەممىسىنى ئېلىۋالسامۇ
ئېلىۋالىمەن. سىلەر يالاڭ تۆشلەر، ئىززەت قىلساق، چورىقىڭ-
لار بىلەن تۆرگە چىقىسىلەر.

— شۇنداقمۇ، ئاللاتائالانىڭ ھەممە بەندىلىرى
ئوخشاش، — دېدى روزى مەزىن، ئۇ سۆزلەۋېتىپ، بۇ مەسكە
گەپ قىلغانلىق ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ناغرا چالغان
بىلەن باراۋەر، دەپ ئويلىدى — دە «ئېتىز بېشىدا سۆزلىشەي-
لى» دېگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

سۈۋۈر بەگ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ «تاڭلا قىيامەت كۈنى كۆرۈشەيلى» دېدى.

روزى مەزىن تالاغا چىقىپلا نەجمىدىن باينىڭ چوڭ ئوغلى ئەشرەپ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئەشرەپ مەزىنگە سالاممۇ بەرمەي، گىدەيگەن پېتى كىرىپ كەتتى.

سۈۋۈر بەگ كالتە پۇتلىرىنى ئۆزۈن سۇنۇپ تۆردە ئولتۇراتتى.

ــ بېگىمنى كايىتىپ قويدىمۇ نېمە، بۇ يالاڭ تۆش، ــ دېدى ئەشرەپ.

ــ كەل ئۇكام، كەل، سېنىلا ئويلاپ ئولتۇراتتىم. ھەي ئىست، ئىچىدىغان قالمىدى ــ دە، بولمىسا، ئىككىمىز بۈگۈن كەيپ بولغۇدەك ئىچىۋالاتتۇق.

ــ ھەي، بېگىم شۇ ياشقا كەلگۈچە ئىچىدىلا، ئەمدى تاشلىۋەتسىلەمۇ بولىدۇ، بىزلا ئىچسەك كۇپايە.

ــ ھەي، ھەي، نېمە دەۋاتىسەن. ھاراق پادشاھ، مۇسەللەس ۋەزىر دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟

ــ ئوردىدا توي قىزىپ كەتسە، ئوردىغا بارماي ئۆيدە ئولتۇرغانلىرى قىزىق بېگىم، ئوردىدىمۇ يەيدىغان، ئىچىدىغان تولۇپ كېتىپتۇ دەيدىغۇ.

ــ مېنىڭ تويۇم بولمىغاندىكىن نېمە كارىم، بۈگۈندىن باشلاپ ئۇ تويغا بارمايمەن، قۇمۇللۇق بەگ ـ خوجاملار، ئىلمىلىق بورالقىلار قىلىۋالسۇن ئۇ توينى.

ــ غۇرۇرلىرى بار جۇمۇ بېگىم، ئادەم دېگەندە غۇرۇر بولمىسا بىكار، شۇڭا مەن جانابلىرىنى قالتىس ھۆرمەت قىلىمەن ئەمەسمۇ، ــ ئۇ سۈۋۈر بەگنىڭ يېنىغىراق سۈرۈلۈپ ئاستا دېدى، ــ بېشىر ۋاڭدىن سىلىنى ئۈستۈن كۆرمەن جۇمۇ بېگىم، ئەگەر جانابلىرى ۋاڭ بولۇپ قالغان بولسىلا ئىش

باشقىچە بولاتتى. ھازىرغىچە ھەممىمىز ئالتۇن - يامبۇغا كۆمۈ-
لۈپ بولاتتۇق.
— سەن نىمە بولۇپ ئالتۇن - يامبۇغا كۆمۈلۈپ بولات-
تىڭ؟ ئالتۇن - يامبۇ دېگەن بىزگە مەنسۇپ تۇرسا.
— ھەي بېگىم، سايىلىرىدا كۈن ئالمادۇق. قوينۇمدىن
تۆكۈلسە، قونچۇمغا دەپ بىزگىمۇ مەنپەئەت تېگىپ تۇراتتى.
مانا ئەمدى بۇ مەنپەئەت سىلىگىمۇ تەگمەي ئىلىلىق بۇرالقىلارغا
تەگدى. ئاڭلىساق، بېشىر ۋاڭ بۇ تويغا ئالتۇن، يامبۇ دېگەننى
چېچىپلىۋېتىپتۇ دەيدىغۇ، بۇنى خانلىق سۈرۈشتە قىلمامدۇ؟
ئوردىدىكى ئالتۇن، يامبۇ دېگەن خەلقنىڭ قان - تەرى جۇمۇ
بېگىم.
— ھەي، سەن نىمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن، — دەپ ئۆگدى
سوۋۇر بەگ، — ئۇ دېگەن ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان مىراس.
بىزگە تەئەللۇق بايلىق.
— خوش بېگىم، راست شۇنداق، خاتا گەپ قىلىپ قويۇپ-
تىمەن، مېنى كەچۈرسىلە بېگىم، — دەپ يالۋۇرۇپ خوشامەت
قىلدى ئەشرەپ ۋە يەنە گېپىنى داۋام قىلدى، — ئاڭلىسام
بېگىم، بۇ تويدا ئوردىنىڭ بەگ، خوجىلىرى ئۆزلىرىنى ئارىغا
ئېلىپ ئوسال ئەھۋالدا قويۇپتۇ دېيىشىدىغۇ، يەنە تېخى تاجىدىن
تەيجى بېگىمنىڭ ئايالى ئۆزلىرىنى، مىنىس خېنىمنى جاھانغا
بىر كەلتۈرۈپ غەيۋەت قىلىپ يۈرۈيدۇ. تاجىدىن تەيجى بېگىممۇ
جىم تۇرماي ئايالار ئىچىدىكى بارلىق ئىشلارنى ۋاڭ خوجامغا
يەتكۈزۈپتۇ دېيىشىدىغۇ؟ ئايال كىشىلەرنىڭ ئىشى ئايال كىش-
لەرنىڭ ئىشى بولمامدۇ. مىنىس خېنىم چېقىشىپ قويغان بولسا
نىمە بوپتۇ. ئەمدى قارىسىلا، تاجىدىن تەيجىنىڭ ئايالى خۇشنىد-
بانو ئاپپاق ئوردىغا پاتماي يۈرگۈدەك. مىنىس ئاپپاق پالان،
سوۋۇر بەگ پوستان دەپ قومۇل شەھىرىگە يېيىلىپ كەتتى.

خوجام سېلىمۇ بىخۇد يۈرمىسىلە، مەن بىر گەپ ئاڭلاپ كەلـ
دىم، بىر يىل بۇرۇن خوتۇنتامدىكى ۋاڭنىڭ يىلقىسىنى باقىدىـ
غان توختاخۇننى خوتۇنتامنىڭ دورغىسى تۆھمەت قىلىپ ئوردىغا
ئېلىپ كەلگەنىكەن، تاجىدىن تەيجى بېگىم توختى ئاخۇننى نوم
زىندانغا تاشلاپتۇ. توختاخۇن بولسا ۋاڭ خوجامنىڭ توي كۈنى
زىنداندا ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇ ئۆلۈمگە نارازى بولغان خوتۇنتامدىكى
بىر مۇنچە خەلق قۇمۇلغا ئەرز سۇنغىلى كەلگەنىكەن. ۋاڭ
خوجامنىڭ توي كۈنلىرىدە سوراق ـ سوئال قىلغىلى بولمايدۇ
دەپ ئۇلارنى ياندۇرۇۋېتىپتۇ. مانا ئەمدى قارىسىلا، بىر مۇنچە خەلق
توي تۈگىسە ۋاڭغا ئەرز قىلىمىز ــ دەپ كۈتۈپ ياتقۇدەك.
ئەمدى تاجىدىن تەيجى دېگەنىنىڭمۇ كۆرىدىغان كۈنى بار، تېخى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇۋۇر بەگنىڭ مەستلىكى يېشىلىپ،
كۆڭلى يايراپ كەتتى:

ــ خۇشاللىق بىلەن قايغۇ قوشكېزەك دېگەن شۇ. بۇ
يەردە گەپ تەيجىگىلا كەلمەيدۇ. ۋاڭنىڭمۇ خەلق ئالدىدىكى ئىناـ
ۋىتى تۆكۈلىدۇ. ھېلىقى ئەرز قىلىپ كەلگەن خەقلەر ھازىر
قۇمۇل شەھىرىدە بارمىكەن؟ ــ دېدى سۇۋۇر بەگ كۆڭلىگە
بىر نەرسىنى پۈكۈپ.

ــ بار ئىكەن، دەپ ئۇلارنىڭ تۇرغان جايىنى، ئادەملەرـ
نىڭ ئىسمىنى سۇۋۇر بەگكە ئېيتىپ بەردى ئەشرەپ.

* * *

مىنس ئاپپاق ئاچچىق هاراق ھەم يىغىدىن قىزارغان كۆزـ
لىرىنى ئاران ئاچقان بولسىمۇ، بىر نەرسىنى تۇزۇكرەك كۆرەلـ
مەي، «ۋاي خۇدايىم، كۆزۈم قارىغۇ بولۇپ قالغان ئوخشىماـ
دۇ» دەپ بىر ھازاغىچە يىغلاپ كەتتى. ئۇ يىغا ئارىسىدا دېدىكـ

دىن سورىدى:

— روزى مەزىن چىقىپ كەتتىمۇ؟ — نېمە دەپ كىرىپتۇ
ئۇ جاپىدا يوق، دۇشمىنىم خامۇش تازا سۆز چۆچەككە باي
بولىدىغان بولدى - دە.

مىنىس ئاپپاقنىڭ «دۇشمىنىم خامۇش» دېگىنى روزى مە-
زىننىڭ ئايالى ئىدى. خامۇشخان بۇ مەھەللىدە ھۆرمىتى بار.
مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل، گېپى تاتلىق، قولۇم - قوشنىلىرى
بىلەن ئىتتىپاق ئۆتىدىغان ئايال. ئۇنىڭ پاراڭچىلىقى ھەممىگە
مەشھۇر. ئۇ بىر-ر نېمە دەپ ئېغىز ئاچتىمۇ، بولدى، نۇرغۇن
خوتۇنلار شۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. توي - تۆكۈنلەر
ئۇنىڭسىز مەنىلىك ئۆتمەيدۇ. بۇ ئايالنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلە-
كى، ئۇ نېمىلا كىيسە يارىشىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئاياللار «خامۇش-
خان ئاچامنىڭ بەدىنى ئوتلۇق» دەپ قويىدۇ. لېكىن مىنىس
ئاپپاق خامۇشخانغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. ئۇنى زادىلا كۆرەلمەي-
دۇ. يېڭى كۆڭلەك كىيسە «بەدىنىگە ئوت كەتسۇن» دەپ قار-
غايدۇ. مەھەللىدىكى ئاياللار ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ
ئۆتسە «ئۇلار چوقۇم مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلىشىۋاتىدۇ» دەپ گۇ-
مان قىلىدۇ. ھەتتا بۇرۇنلاردا سۇۋۇر بەگنى خامۇشخاندىن كۈن-
لەپمۇ يۈردى. بۇنى ئاڭلىغان خامۇشخان «سۇۋۇر بەگنى يۆگەي-
گە يۆگەپ بەرسە كالا، گۆش نانغا ئوراپ بەرسە ئىتمۇ يېمەيدۇ»
ئۇنىڭ نېمىسىنى مەندىن كۈنلەيدىكەن. كاشكى ئۇ بېجىرىم،
تۈزۈكرەك ئەر بولسىمىغۇ، بويىغا قارىسا بىر غېرىچ، چىرايى
شەكلىچۇ، تېخى دېگەنىدى. بۇ چاغدا مىنىس ئاپپاقنىڭ دېدىكى
سارەمۇ شۇ ئۆيدە بار ئىدى. بۇ گەپلەرنى ئېقىتماي، تېمىتماي
ئۆز ئەينى بويىچە مىنىس ئاپپاققا يەتكۈزدى. مىنىس ئاپپاق
شۇنىڭدىن كېيىن ئېرىنى خامۇشخاندىن كۈنلەشنى تاشلىغان
بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى.

— ۋاي خېنىم، خامۇشخاننى قويۇپ، كۆزلىرىنىڭ غېمى-
نى يېسىلىرا، كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالسا خامۇشخاننىڭ
ئالدىدىلا ئەمەس، بارلىق مەزلۇملارنىڭ ئالدىدا ناگى نازامەتكە
قالماملا. ئۆزلەمۇ بىر خېنىم تۇرسىلا. ئىرى پالان قىپتۇ دېسە
سەت ئەمەسمۇ؟ — دېدى سارە.
— راست دەيسەن، لېكىننزە سەنمۇ خامۇشقا ئامراق، ھە؟
— ھەي خېنىم، قىزىقكەنلا، گاداي گۇل قىسىا بايغا
سانجىلامدۇ. قانچىلا گەشات قىلغانلىرى بىلەن بىكار. قاشقا
يامغۇر كار قىلمايدىغاندەكلا بىر ئىش.
مېنىس ئاپپاق جىم بولۇپ قالدى. لېكىن شۇنىڭدىن كې-
يىن مىنىس ئاپپاقنىڭ كۆزى قىپقىزىل بولۇپ يۈردى. ھەتتا
ئىرىنىڭ ئۇنىڭ كۆزىگە ھاراق پۇركىۋەتكەنلىكىنى ھەممىسى
ئاڭلاپ كەتتى. بۇ گەپنى خامۇشخان تارقاتمىغان بولسىمۇ ئۆيدى-
كى دېدىكى سارە تارقىتىۋەتتى.

# توققۇزىنچى باب

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بۈگۈن ئىش بېجىرىش ئۈچۈن تەختلىك سارايغا بۇرۇنراق كىرىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى بۇرۇنقىدەكلا سالاپەتلىك ھەم تەمكىن ئىدى. يۈزلىرىدە مەغرۇرانە بىر نۇر ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئوردىنىڭ تەيجى، بەگلىرىمۇ بۈگۈننى تەقەززارلىق بىلەن كۈتكەندەك ھەممىسى ئەتىگەندىلا ئوردىغا يىغىلىپ بولغانىدى. ۋاڭ سارايغا كىرىپ تەختكە ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ كەينىدىن كىرىپ سالام بېرىشتى:

— ئۇلۇغ ۋاڭ خوجامنىڭ ئالتۇن بويى ئېسەنمىكىن؟

ۋاڭ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ:

— بەگلەرنىڭ هاردۇقى چىقىپ قالدىمىكىن، — دېدى.

— ۋاڭ خوجامغا رەھمەت، ئالىيلىرىنىڭ توي - مەرىكىسى كۆڭلىمىزنى كۆتۈرۈپخۇشاللىقىقا ئېرىشتۇردى، — دېدى ھەممىسى خۇشال كەيپىياتتا.

— ھەممىلىرىگە ئىجازەت، — دەپ ئۇڭ قولىنى سوزدى ۋاڭ بەگلەرنى ئولتۇرۇشقا ئىجازەت قىلىپ، ھەممىسى ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى.

ۋاڭنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئىككى تەيجى — تاجىدىن تەيجى، نەمىتۇللا تەيجى؛ سول تەرىپىدە يەنە ئىككى تەيجى — پەتنۇش تەيجى، هاشىر تەيجىلەر ئولتۇراتتى. تاجىدىن تەيجى بىلەن پەتە-

نۇش تەيجى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ دادىسىنىڭ دەۋرىدە ئەمەل
تۇتقان تەيجىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياش قۇرامى يەتمىشكە بېرىپ
قالغانىدى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ تەختكە ئولتۇرغاندىن كې-
يىن، تەيجىلىككە نەمتۇللا بەگ بىلەن ھاشىر بەگنى بەلگىلە-
گەن بولسىمۇ، ئەمما ياشقا چوڭ بولغان بۇ تەيجىلەرنى دادىسى-
نىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يەنىلا تەيجىلىك مەنسىپى بىلەن ھۆرمەت
قىلىپ كەلدى. تاجىدىن تەيجى بويى بەستلىك، ئۆزىنى مەغرۇر
تۇتىدىغان، ئۆزەمچىل، باشقىلارنى نەزەر كۆزىگە ئىلىپ كەتمەي-
دىغان ئادەم ئىدى. ئۇ كۆپرەك مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىمۇ ئۆز
ئاغزىغا قارىتىشنى ئويلايتتى. پەتنۇش تەيجى بولسا ئوتتۇرا
بوي، مىجەزى يەڭگىل، سۆزى ئوچۇق، كۆڭلىدە نېمە بولسا
ۋاڭ دېمەي، بەگ دېمەي دەۋرىدىغان، خاتالىق قىلىپ قويسىمۇ
غەم يېمەيدىغان ئادەم. ھاشىر تەيجى بولسا ئېگىز بويلۇق،
قارامتۇل كەلگەن ئىچىدىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان، ۋاڭ نېمە
دېسە «خوش» لا دەپ تۇرىدىغان بىر كىشى ئىدى. نەمتۇللا
ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئاۋام پۇقرادىن چىققان ئاقىل
بىر كىشى. ئۇ مەكتەپ، مەدرىسلەردە، مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ
بىلەن بىللە ئوقۇپ ساۋاقداش ھەم ئاغىنە بولغان. كېيىن مەد-
رىستە قېلىپ مۇدەررىس بولغان. ئۇ خەلق ئىچىدە ئالىم دەپ
شۆھرەت قازانغاندىن كېيىن، مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ئوردىغا
تەكلىپ قىلىپ تەيجىلىك ئۇنۋانى بەرگەن. ئۇ كەمتەر، سەمى-
مىي، ئاق كۆڭۈل، ياخشى - يامانىنى، ئاق - قارىنى ئېنىق
پەرق ئېتىدىغان بىر كىشى. بۇلاردىن باشقا بۇ يەردە ئولتۇرغاند-
لاردىن سىدىق تۇڭچى بېگىم بار. بۇ كىشى ئەردىشىر ۋاڭنىڭمۇ
تىلماچى بولغان. يەنە ۋاڭنىڭ خاس مەلۇمچىسى ھەم مىرغەزەپ
بېگى شاسېلىمبەگ، ئوردىنىڭ قازىسى - يۇنۇس قازى، ئۈچ
بېگى، باش مۇنشى قاتارلىق بەگلەر قاتار ئولتۇراتتى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بەگلەرگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن كۆڭۈلمىسىزگەن ھالدا دېدى:

— خوش بەگلىرىم، ھەممىمىز توي ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇن كۈندىن بېرى ئوردا ئىشلىرى، خەلقنىڭ ئىشلىرى، بەگ - خوجىلارنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز قالدىم. ھەمىلىرى زور ئىشلار بولسا مەلۇم قىلغايلا.

ئاۋۋال تاجىدىن تەيجى ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم بىلەن دېدى:

— ھەزرەتلىرىگە مەلۇم بولغاي، ئۆتكەندە «زىنداندىكى توختاخۇن» ھەققىدە سۇرۇشتۇرۇشىمنى ئېيتقان ئىدىلە، گەرچە ۋاڭ خوجامنىڭ توي كۈنلىرى بولسىمۇ، مەن بۇ ئىشنى سۇرۇشتۇرەي دەپ تۇرۇشۇمغا، تويىنىڭ تۆتىنچى كۈنىگۇ دەيمەن، ئەتىگەندە بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدا غەلۋە - غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. نېمە بولدىكىن دەپ تۇرۇشۇمغا، خىزمەتكار كىرىپ خەۋەر قىلدى: ئىشىك ئالدىدا بىرتوپ يات - يوپۇر كىشىلەر تۇرىدۇ. نېمە ئىش بولدى دېسەم، بەگ خوجاڭ چىقسۇن، گېپىمىز بار، دېيىشىۋاتىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ پەيلى بۇزۇق، نېمە ئىش بولغاندۇ، چىقىپ باقامىلا بېگىم، دەيدۇ. ئالدىراپ ئىشىككە چىقسام، بىر توپ تاغچىلاركەن، ئۇستۇمدىن غوۋغا كۆتۈرۈپ كەلگەن چېغى. «نېمە ئىش بولدى» دېيىشىمگە، تەرەپ - تەرەپتىن سۈرەن سېلىپ كەتتى:

— بەگ بولسۇن، تەيجى بولسۇن ئوردىنىڭ قائىدە، قانۇنىدىن چىقسا گۇناھدۇر!

— باي بولسۇن - زادەر بولسۇن خۇن ھەققى ئۈچۈن بارار جايى زاراتگاھلىقتۇر! دېگەن ئاۋازلار قۇلىقىمغا كىرىۋىدى. ئەندۈرەپلا كەتتىم. ئاخىر ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئاۋۋال ۋاڭ خوجامنىڭ توي كۈنلىرى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتىم. ئۇلار شۇككىلا پەسكويغا چۈشۈپ جىمىدى. ئاندىن دېدىم: «بۇرادەرلەر،

مەندە نېمە گۇناھ ئۆتكەن بولسا ئېيتىڭلار، بۇ دۇنيادا بىر ئازماس ئاللادۇر. گۇناھىم بولسا ۋاڭ خوجام تۇرۇپتۇ. سىلەر تۇرۇپسىلەر بوينۇمغا ئالاي، ياخشىلىقچە سۆزلىشەيلى» ئۇلارمۇ يۇمشىدى ۋە ئۇلاردىن بىر ـ ئىككىسى ئارىغا چۈشۈپ توختاخۇن-نىڭ ئىشىنى تەپتۇرۇش[1] قىلمايلا خوتۇنتام دورغىسىنىڭ گېپىد-نى ئاڭلاپ زىندانغا تاشلىغىنىمنى، ئاخىر توختاخۇن زىنداندا ئۆلۈپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن راستىنلا ئەندىۇ[2] ئىش قىلغانلىقىمنى، ئوردىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىغا خىلاپ-لىق قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىمدە، ئۇلارغا يېنىمدىن بەش يۈز سەر كۈمۈش چىقىرىپ بېرىپ، ھازىرچە قايتىپ تۇرۇڭلار. مەن خوتۇنتام دورغىسى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنى بۇگۇنلا ئالدۇرۇپ كېلىمەن، ــ دېدىم. ئۇلار قايتتى. راست دېگەندەك، خوتۇن-تام دورغىسى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى گۇناھىنى بوينىغا ئالدى. بۇ ئىشنى مىرغەزەپ بېگىم بىلەن ئىككىمىز ھېچكىمگە تۇيدۇر-ماي ئېلىپ باردۇق. ئاخىر خوتۇنتام دورغىسى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ گۇناھىنى يېزىپ ھەزرەتلىرىگە ئېلىپ كەلدۇق.

ۋاڭ دەرھال پەرمان قىلدى:

ــ خوتۇنتام دورغىسىنىڭ مەنسىپى ئېلىنۇۋېتىلىپ، ئۈچ يىل زىنداندا ياتسۇن. ئۇنىڭ زىيادە مال ـ مۈلكى مۇسادىر قىلىنىپ ئۈچتىن بىر قىسمى توختاخۇننىڭ بالا ـ چاقىسىغا، ئۈچتىن ئىككى قىسمى خوتۇنتامدىكى ئاجىز ـ ئورۇقلارغا ئۈ-لەشتۇرۇلۇپ بېرىلسۇن. ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل بىر ئۆمۈر زىنداندا ياتسۇن! ــ ۋاڭ قاپىقى تۈرۈلگەن ھالدا سەل تىنىۋې-لىپ يەنە پەرمان قىلدى:

---

① تەپتۇرۇش ـ تەكشۈرۈش.

② ئەندىۇ ـ خاتا.

— تاجىدىن تەيجى بېگىم، جانابلىرى ياشقا چوڭ بولۇپ قالدىلا. مەرھۇم دادامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە جازا ھۆكۈم قىلمايمەن. لېكىن شۇنى دەپ قويايكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئوردىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، ئۆيدە ئارام ئالسىلا.

— خوش، قۇللۇق ۋاڭ خوجام، — دېدى تاجىدىن تەيجى. لېكىن ئۇنىڭ مەنسەپ تۇتقان چىرايىدا قان قالمىدى. پۇتلىرى پۈكۈلۈپ، قوللىرى تىترەپ كەتتى. ئەمما ئۇ يەنە بىر نەرسىنى دېگۈسى كېلىپ ۋاڭ خوجامغا قۇللۇق قىلىپ دېدى:

— ئۇلۇغ ۋاڭ خوجام، نەزەرلىرىگە بىر نەرسىنى ئەسكەرتكۈم كېلىۋاتىدۇ. مالال كۆرمىگەيلا.

— خوش، قۇلىقىم ئۆزلىرىدە.

— ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئاۋام - پۇقرا ئوردا ئۈچۈن بىر قول ھېسابلىنىدۇ. ئېشەككە مۇنازا[1] قىلساڭ ئوقۇرىغا چىچىدۇ، دېگەن گەپ بار. ئۇلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ، ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك توي كۈنلىرىدە، ئىشىك ئالدىدا غەليان قىلىشى بۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس. بۇ جەھەتتە بىرەر قېپىشتۇرغۇچى[2] بارمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. بۈگۈن مېنىڭ ئىشىكىمگە كەلگەنلەر ئەتە باشقا بەگ، خوجىلارنىڭ ئىشىكىگە، ئۆگۈنلۈككە بولسا ئوردا ئالدىغا كېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ھەقتە ۋاڭ خوجام ھەزرەتلىرىنىڭ ۋە باشقا بەگ، ئەمىرلەرنىڭ بىخۇت بولماسلىقى زۆرۈردۇر.

— جانابلىرى توغرا گەپ قىلدىلا، بۇ تەھقىقلاپ كۆرۈشكە تېگىشلىك ئىش، — دېدى ۋاڭ ۋە بىر نەرسە يادىغا كەلگەندەك ئولتۇرغان بەگلەرگە سەپسېلىپ قاراپ سورىدى، — بۈگۈن بۇ

---

① ئېشەككە مۇنازا قىلساڭ - ئېشەكنى ئەركىلەتسەڭ دېمەكچى.

② قېپىشتۇرغۇچى- تۇتاشتۇرغۇچى (قۇتراتقۇچى دېگەن مەنىدە).

يەردە سوۋۇر بەگ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— خوش ۋاڭ خوجام، مەن مەلۇم قىلاي، — دېدى ۋاڭنىڭ خاس مەلۇمچى بېگى شاسېلىم بەگ، — سوۋۇربەگ ۋە ئايالى مىنىس ئاپپاق توينىڭ ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ تويغا قاتناشمىدى. ئاغرىق - سىلاق بولۇپ قالدىمىكىن دەپ سۈرۈش-تۈرۈپ كۆرسەم، مىنىس ئاپپاق ئۇسمىسىنى قويۇپ سىپىلداپ يۈرگۈدەك. سوۋۇر بەگ بولسا خوتۈنتامغا ئىككى قېتىم ئاتلىق چىقىپ كەپتۇدەك.

ۋاڭ خوجامنىڭ يۈزىگە ئاچچىق تاردى:

— خوتۈنتامدا نېمە قىلىپ يۈرگۈدەك ئۇ؟

شا سېلىمبەگ ئەمدى بىر نەرسە دەي دەپ تۇرۇشىغا ئوردا مەلۇمچىسى:

— ۋاڭ خوجامغا مەلۇم بولغاي، — دېگىنىچە تەزىم قىلىپ ۋاڭدىن ئىجازەت كۈتۈپ تۇردى، ۋاڭ ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن سۆزلىدى، — يۈرتىمىز ئالتۇنلۇقىدىكى چىنە گۈمبەز قۇرۇلۇشىغا نەمۇنە كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەتكەن دالىچى مەمەتنىياز بېگىم قايتىپ كەلگەن ئۇن نەچچە كۈندىن بېرى ۋاڭ خوجامنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ھۇ-زۇرلىرىغا كىرسۇنمىكىن؟

— كىرسۇن، — دېدى ۋاڭ شا سېلىمبەگنى «سەن توختاپ تۇر» دېگەندەك ئىشارە قىلىپ قويۇپ.

دالىچى مەمەتنىياز قولىدا بىر دانە ساندۇقچىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ۋاڭغا تەزىم قىلىپ، ئېسەنلىكىنى سورىدى:

— ھارماڭ مەمەتنىياز بەگ، يول يىراق، جاپا چەككەن-سىز؟

— خۇدايىمغا مىڭ تۈمەن شۈكۈر، ۋاڭ خوجام جانابلىرى-نىڭ ھىممىتىگە رەھمەت. قەشقەرىيە دېگەن بۇ يەردىن ھېسابلى-

غاندا ناھايىتىمۇ ئۇزۇن يول ئىكەن. بىز بۇ يەردىن يولغا چىقىپ، تۇرپاندىن ئۆتۈپ قاراشەھەرگە بارغاندا، قەشقەرىيەنىڭ بىر تارتىم تۆگىلىك، ئىچكىرىسىگە سودىغا بارغان سودىگەرلە- رى بىلەن بىر بولۇپ قالدۇق. بۇ سودىگەرلەر تولكە مىجەز، ناھايىتى نەپسانىيەتچى سودىگەرلەر بولسىمۇ، بىزنىڭ مېھمان- دوستلۇقىمىز ئۇلارنى خوش قىلدى. ئۇلارغا قوشۇلۇپ كۇچاغا بېرىۋالدۇق. كۇچادىكى قۇمۇللۇق مەشھۇر باي ئابدۇللا بورىيا- نىڭ ياردىمى بىلەن ئاقسۇ، مارالبېشى ئارقىلىق قەشقەرىيەگە كىردۇق. يوللار قاقاس چۆللۈك، قۇملۇق، تاغ - ئېدىرلىق، بوستانلىقلاردىن ئىبارەت ئىكەن. تۆگىلىك، ئاتلىق، هارۋىلىق بولۇپ تويپتوغرا ئوتتۇز توققۇز كۈندە قەشقەرىيەگە يېتىپ بېرىپ- تىمىز. ئىنشائاللا، تىنچ ئامان قايتىپ كېلىۋالدۇق.

ۋاڭ بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى.

دالىچى مەمەتنىياز ئوردىنىڭ قورۇلۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ قورۇلۇش ئىشلىرىدا نام قازان- غان كىشىلەر ئىدى.

— ماڭا نېمە سوۋغات ئېلىپ كەلدىڭىز، كۆرۈپ باقاي دېدى ۋاڭ، — مەمەتنىياز بەگنىڭ قولىدىكى ساندۇقچىغا قىزى- قىپ.

— خوش ۋاڭ خوجام، — دېگىنىچە مەمەتنىياز بەگ ساندۇقنى ئېچىپ، قوناق شېخىدا ياسالغان بىر گۈمبەز شەكلى- نى ۋاڭغا كۆرسەتتى. ۋاڭ بۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا ئۇستام. بۇ كىمنىڭ گۈمبىزى- كەن؟

— بۇ ئەۋلىيا جەمەت ئاپپاق خوجامنىڭ گۈمبىزىنىڭ شەكلى. بۇ يەردىكى چىنە گۈمبەزنىمۇ مۇشۇنداق قۇرساق دەپ، بۇ چىنە گۈمبەزنى قۇرۇشنى ئۆگىنىپ كەلدىم. پۈتۈن قۇرۇ-

لۇشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، بىر قىسىم تەرەپلىرىنى قەغەزگە پۈتۈپ كەلدىم. بۇ بولسا گۇمبەزنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى.

بۇ قوناق شېخىدا ياسالغان گۇمبەزنىڭ شەكلى ھەقىقەتەنمۇ مۇكەممەل ھەم چىرايلىق ياسالغانىدى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ مەمنۇن بولغان ھالدا:

— قېنى بەگلىرىم، ھەممىڭلىرى كۆرۈپ بېقىشسىلا بولامدىكىن — دېدى ۋاڭ بەگلەرگە قاراپ.

تەيجى، بەگلەر قولدىن قولغا ئېلىشىپ، بۇ گۇمبەزنىڭ شەكلىنى ماختاپ كېتىشتى. مەمەتنىياز بەگنىڭ ھۈنىرىگە بارىكاللا ئوقۇشتى.

— ھېسابلاپ كۆردىڭىزمۇ، قانچىلىك خىراجەت كېتىدۇ. خىش - كاھىشلىرىنى قانداق قىلىمىز؟

— ھەممىسىنى ئىگەللەپ كەلدىم ۋاڭ خوجام. خىشنى ئۆزىمىز قۇيىمىز. كاھىشلىرىنىمۇ ئۆزىمىز پىشۇرىمىز. چىقىم مەسىلىسىگە كەلسەك، بەلكىم جىق نەرسە كەتمەس.

— بولىدۇ، ئەمسە، ئىشنى ھاردۇقىڭىزنى ئېلىۋېلىپ باشلاڭ. ئاۋۋال بىر ئومۇمىي پىلان بولسۇن. پىلانغا قاراپ ئىش قىلايلى. بۇ ئىشنى تۆۋەندە سىز، يۇقىرىدا ئوردىدىكى قورۇلۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى بېجىرىدۇ، بۇنىڭغا نەمىتۇللا تەيجى بېگىم مۇئەككەل بولسىلا.

— باش ئۈستىگە، پەرمانبەردارمەن ۋاڭ خوجام، — دېدى نەمىتۇللا تەيجى ئورنىدىن تۇرۇپ ئېگىلگەن پېتى.

ۋاڭ كۈلۈمسىرەپ مەمەتنىياز بەگكە قارىدى:

— قېنى مەمەتنىياز بەگ، بۇ ئولتۇرغان بەگلەرگە قەشقەرىيە ھەققىدە ئازراق سۆزلەپ بېرىڭ. شەھەر كۆرمەك جاھان كۆرمەك دېگەن گەپ. قەشقەر دېگەن بىر چوڭ شەھەر، —

دېدى ۋاڭ.

— خوش، ۋاڭ خوجام، — بىز ئۇ يەرگە سودىگەر سۈپەتتە بارغانلىقىمىز ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمىدۇق، قەشقەردە ئون كۈن تۇرۇپلا قايتتۇق. ۋاڭ خوجام دېگەندەك قەشقەر ناھايىتى چوڭ، ئاۋات بىر شەھەر ئىكەن. قەشقەرىيەنىڭ شىمالىدا تەڭرى تاغلىرى، غەربىدە پامىر چوققىلىرى، جەنۇبىدا قاراقۇرۇم تاغلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇكەن. قەشقەرىيەدىن خوتەن دەرياسى، يەكەن دەرياسى، قەشقەرنىڭ قىزىل دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدىكەن. بۇ دەريالارغا ئاقسۇ دەرياسى، كۇچا دەرياسى قوشۇلۇپ، ھەيۋەتلىك تارىم دەرياسىنى ھاسىل قىلىدىكەن. بۇ شەھەر باغۇ بوستانلىرى ۋە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەسچىت، مەدرىسلىرى، خانىقالىرى بىلەن ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىكەن. قەشقەرلىك بىر ئالىم كىشى بۇ شەھەرنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «قەشقەر — ئىسلام دىيارى، ئەزىزلەر يۇرتى، مەشھۇر زاتلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى، ئېسىلزادە ئەمىرلەر ماكانى، ئۇلۇغ ئالىملار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكان».

بۇ شەھەردە ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئەرلەر ئۈستىگە گۈللۈك چەكمەندىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەك كىيىدىكەن، ئاياللىرى يۈزىنى يېپىپ رومال سېلىپ يۈرىدىكەن. يەنە تېخى تېرە جۇۋا، تېرە شالۋۇر كىيىپ، پۇتىغا چورۇق تارتىۋالىدىغانلارنىمۇ كۆردۇق. رەستىلەر ئاۋات ئىكەن. ئاشپۇزۇللار قايناپ كېتىدىكەن. ھىندىستان، پاكىستان ۋە باشقا دۆلەتلەردىن كىرگەن سودىگەرلەر گەزلىمىلىرىنى يېيىپ سودا قىلىدىكەن، — مەمەتنىياز بەگ گېپىنى شۇ يەردە توختىتىپ، سەل دەم ئېلىۋېلىپ ئەسكەرتىپ قويدى، — ۋاي، ۋاڭ خوجام، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۆز يۇرتىغا يەتمەيدىكەن. بىزنىڭ يۇرتىمىزدەك پاكىز،

ئاۋات شەھەر يوق ئىكەن.

ۋاڭ كۈلۈپ كەتتى. بەگلەرمۇ كۈلۈشۈپ گۇڭگۇر - مۇڭگۇر بىر نىمىلەرنى دېيىشىۋالدى. ئاندىن ۋاڭ بەگلەرگە ئىجازەت بېرىپ، نەمىتۇللا تەيجى بىلەن شاسىلىمبەگنى ئېلىپ قالدى. ھەم شاسىلىمبەگكە جىددىي قاراپ سورىدى:

— ھە، قېنى، دېسىلە، سىۋۇر بەگ، خوتۇنتامدا نېمە قىلىپ يۈرۈپتۇ؟

— تاجىدىن تەيجى بېگىمنىڭ ئىشىكىگە غوۋغا قىلىپ بارغانلارنى قۇتراتقان ئاشۇ سىۋۇربەگكەن. ئەسلىدە خوتۇنتام-دىكى توت ئادەم ئوردىغا ئەرز قىلغىلى كەلگەنىكەن. ۋاڭ خو-جامنىڭ مۇبارەك توي كۈنلىرى بولغاچقا، تويدىن كېيىن كېلىڭ-لار، دەپ قايتۇرغانىدۇق. لېكىن سىۋۇربەگ بۇنى ئەشرەپ دېگەن بىر قىمارۋازدىن ئاڭلاپ، ئاشۇ قىمارۋازنى يېنىغا ئې-لىپ، تاغچىلارغا ئوت قېپىشتۇرۇپ كەلگەن گەپ، ئاڭلىسام ئۇلار پۈتۈن تاغنى قۇتراتقان ئوخشايدۇ، لېكىن خەق «ۋاڭ خوجامغا يۈز قارىلىق قىلساق بولمايدۇ. بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان گەپ. توختاخۇننىڭ پېشانىسىگە شۇنداق پۈتۈلگە-نىكەن. بىز ئەرز قىلمىز، غەليان قىلمايمىز» دەپ ئۇنىماپتۇ. ئۇلار ئوندەك ئادەمنى تىيزا بېرىپ ئالداپ ئېلىپ كەپتۇ. ئاشۇ-لارنى تاجىدىن تەيجى بېگىمگە سالغان گەپ.

ۋاڭ ئاچچىقىدا قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ئەمما بىر نەرسە دېمىدى.

— يەنىمۇ بەزى گەپلەر بار ئىدى، — دېدى شاسىلىم-بەگ، يۇمشاق سۆزلەپ.

ۋاڭ بېشىنى لىڭشىتتى.

— سىلىمساق بەگ، توي كۈنلەردە ئوردا سارايىدا بولغان مەشرەپتىن قايتىپ بېرىپ خوتۇنى رەناخاننى ئۇرۇپ، يۈز كۆزد-

نى كۆكەرتىپ تاشلاپ، ئۈچ تالاق قىلىپ خېتىنى بېرىۋېتىپتۇ.
ۋاڭنىڭ يەنە قوشۇمىسى تۈرۈلدى.
— سىلىمساق بەگ؟!
— خوش، ۋاڭ خوجام، بۇ كىشى نەجمىدىن باي دېگەن كىشىنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغلى بولىدۇ. ھېلىقى ئەشرەپ ئىككىنچى ئوغلى بولىدۇ.
— ھە، بىلدىم، ئۇ مېنىڭ بىلەن بىر مەدرىستە ئوقۇغان.
ۋاڭنىڭ كۆز ئالدىغا يازدىمۇ بېشىغا تۇماق، پۇتىغا كۆن ئۆتۈك كىيىپ يۈرىدىغان، قۇلاق، بويۇنلىرىنى قاپقارا كىر بېسىپ كەتسىمۇ يۇمايدىغان، بىر كىيىمنى كىيىۋالسا ئۇپرىمى-غىچە سالمايدىغان، گەپ قىلىل دېسە بىز دېگەن پالانچى باينىڭ ئوغلى، دەپ خەقنى ياراتمايدىغان، ئىچى تار، ھەسەتخور، غەي-ۋەتخور سىلىمساق بەگ كەلدى. سىلىمساق بەگ ئەنە شۇنداق خۇي - پەيلى بىلەن قىرىق بەش ياشقا كىرگىچە خوتۇن ئالالماي يۈردى. ئاخىر ئاتا - ئانىسىدىن چاچلىق بولغاندا يېتىم قالغان رەناخانغا ئۆيلەندى. ئۇ رەناخاننى ئالغاندىن كېيىن خېلىلا ئۆزى-نى تۈزەپ يۈرىدىغان‌بولۇپ قالغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ كۈندەشلە-كى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، رەناخاننى زادىلا ئارامىغا قويمايت-تى. كېچىسى «مانا بىرى تۈۋگە داڭگال ئاتتى» دېسە، كۈندۈ-زى «پالانچى ئىشىكتىن مۇنچە قېتىم باراپ ئۆتتىغۇ» دەپ خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپلا تۇراتتى. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە نەشە چېكىپ، كالپۇكىغا ناس تاشلاپ كۈننى ئۆتكۈزەتتى. رەناخانمۇ شۇنداق ئەرگە تېگىپ قالغىنىغا جاق تويۇۋاتقان كۈنلەردە ھېلىقى ئاخشىمى غورۇرى بىلەن پوتا ئويناپ، بېيىت ئېيتىشىپ قويغى-نى سىلىمساق بەگنىڭ كۈندەشلىك بىلەن تولغان كۆڭلىنى ئۆرتىۋەتتى.
ئۇ شۇ ئاخشىمى ئۆيگە بېرىپلا ئاغزىنى بۇزۇپ خوتۇنىنى

تىللاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان تىل - ئاھانەتكە ئادەم چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە رەناخاننى ئۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى ئىششىتىۋەتتى. بۇنداق ئاھانەتلەرگە چىدىماي ئارانلا تۇرغان رەناخان «ھازىر خېتىمنى بەر!» دەپ تۇرۇۋالدى. نەتىجىدە ئۆزىنى «مەن، مەن» دەپ يۈرىدىغان بۇ بەگ خوتۇننى ئۈچ تالاق قىلىپ خېتىنى بېرىۋەتتى.

ۋاڭ مەشرەپتىكى بېيىت ئېيتىشلارنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۇ قۇمۇلنىڭ مەشرەپلىرىدە بولىدىغان بىر ئادەت ياكى قىزىقچىلىقتۇ دەپ ئويلايتتى. بۈگۈن ئاڭلىغان بۇ گەپ ۋاڭنىڭ غورۇرىغا تەگدى. ۋاڭ خوجامنىڭ مۇبارەك تويىدا تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ خوتۇننى ئۇرۇپ قويىۋېتىش دېگەن قانداق گەپ بۇ؟ بىگۇناھ ئايال كىشىنى ئۇرۇپ، تىللاپ، ھاقارەت قىلسا بولامدۇ؟ — ۋاڭنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى ۋە پەرمان قىلدى:

— نەمىتۇللا تەيجى بېگىم، پەرمانىنى ئىجرا قىلسىلا، — بىگۇناھ خوتۇننى ئۇرغان سېلىمساق بەگ ئاماتاغىغا[1] سۈرگۈن قىلىنىپ كۆسۈتكە[2] تۇتۇشقا بۇيرۇلسۇن!

— خوش ۋاڭ خوجام، پەرمانبەردارمىز.

— شاسېلىم بەگ!

— خوش، ۋاڭ ئالىيلىرى.

— سۇۋۇر بەگكە بولغان تەقىبنى توختاتمىسىلا،

— خوش، ۋاڭ خوجام دېگەنلىرىدەك قىلىمەن.

شاسېلىم بەگ كۆرۈنۈشتە ناھايىتى مۇلايىم، مۆمىن ئادەم بولسىمۇ، ھەرىكىتى بەك چاپسان ھەم ھوشيار ئىدى. ئۇنى كىشىلەر ھەرقانداق چاغدا زادىلا نەزىرىگە ئىلمايتتى. لېكىن ئۇ

---

① ئاماتاغا - جاي ئىسمى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ گۇناھ قىلغانلارنىڭ بىر قىسمىنى ئاماتاغىغا پالىغان.

② كۆسۈتكە - بىر خىل ھايۋان. بۇنىڭ تېرىسى ئەپلىنىپ جۇۋا قىلىنىدۇ.

ھەممىلا كىشىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى، قايغۇسى ۋە ھەسرەتلىرىنى زادىلا ئويلاپ باقمايتتى. ئۇنىڭ كىچە - كۈندۈز ئويلايدىغىنى ئوردا ھەم ۋاڭ ئىدى. ئۇ بىغەمدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ھەر قەدەمدە بىر ئىز، بىر مۆجىزە يارىتىپ تۇراتتى. ئۇ يۇرتنىڭ ھەممە ئىشىدىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. ھەتتا قايسى مەھەللىدە كىم ئوغۇللۇق ياكى قىزلىق بولدى. قايسى مەھەللىدە ئۆلۈم ياكى باشقا ھادىسە بولدى، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاقلارنى ئوردى- نىڭ نوپۇس دەپتىرىگە كىرگۈزۈپ، بالىلار يەتتە ياشقا تولغاندا مەكتەپكە بارغان - بارمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرەتتى. ھەتتا كىم- نىڭ ئوغلىنىڭ كىمنىڭ قىزى بىلەن توي قىلغانلىقىنى، قاي- سى ئۆيدە قايسى جەمەتلەر ئىچىدە نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. ۋاڭغا مەلۇم قىلغۇدەكلىرى بولسا ۋاقتىدا ۋاڭغا مەلۇم قىلاتتى. ۋاڭ بولساشاسىلىمبەگنى ئۆزىگە ناھايىتى يېقىن تۇتاتتى. دائىم ئۇنىڭ يېڭى - يېڭى گەپلىرىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى.

ۋاڭ بىر پەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇنۇلارنى دېدى:

— بىر يۇرتنى باشقۇرماق ئاسان ئىش ئەمەس، ھەممە ئادەم تىنچ، ئىتتىپاق، باياشات ياشاۋاتىدۇ دېگەندىمۇ يەنە نۇر- غۇن مەسىلىلەر چىقىپ تۇرىدۇ. ئادەملەر بىر - بىرىگە ئوخشى- مايدۇ. ئۇنداق بولغاندىكىن بىز كىشىلەرنى ياخشىراق مۇتالىئە قىلىپ كۆرۈشىمىز، مۇۋاپىق چارە - تەدبىرلەرنى تۈزۈشىمىز كېرەك. ئادەملىرىمىزگە تىگى تەكتىدىن ياخشى خۇلق، ياخشى پەزىلەت يېتىلدۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئىلىملىق مېھمانلار قايتقاندىن كېيىن بۇ ھەقتە ياخشىراق ئويلى- شىپ كۆرەيلى. ئاددىيسى سۇۋۇربەگ نېمىشقا شۇنداق ئىشلارنى

قىلمىدۇ؟ ئۇ مېنىڭ تۇغقۇنۇم، ئۇردا بېگى، ئۇنىڭغا يەتكۇدەك يەر - زېمىن، مال - مۈلۈك بەردىم، ئۇردىدا گۈزەللىق ئورنىدا كۆردۈم. ئەمدى ئۇنىڭ مەقسىتى زادى نېمە؟ يەنە قۇمۇل زېمىنىدا ئىككى تەرەپ بولۇۋالىدىغان ئىشلار بار. مانا بۇ پىتنە - پاساتنىڭ، جېدەل - ماجىرانىڭ، غەلۋە - غوۋغىنىڭ يىلتىزى. بۇنىڭ تىگى - تەكتى نېمىدە، سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەيلى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئىلىلىق مېھمانلار كەلمەكچى، سۆھبىتىمىز شۇنچىلىك بولسۇن.

بەگلەر ۋاڭغا تەزىم قىلىپ، كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىشتى.

* *

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ مېھرىبانۇ خېنىم بىلەن بىرلىكتە ئىلىلىق مېھمانلارنى بىر نەچچە رەت ئالاھىدە كۈتۈۋالغاندىن باشقا، ھەرقايسىسىنىڭ خالىغىنى بويىچە قۇمۇلنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەشھۇر باغلارغا، قوغۇنلۇقلارغا سەيلى - ساياھەتكە ئەۋەتتى. ئۇلار ئاستانە، لاپچۇق، قارادۆۋە، سۇمقاغا قاتارلىق جايلارنىڭ ۋاڭلىق باغلىرى، خانلىق قوغۇنلۇقلىرىدا قانغۇدەك تاماشا قىلىشتى، غورۇرى بىر قانچە دىمەتلىكلىرىنى باشلاپ ئاتاقلىق ئارىتام، باغداش باغلىرىغا، ئاستانە، سۇمقاغىلارغا باردى. ئۇ ھەتتا سۇمقاغىدىكى نەچچە يۈز يىللىق ئاق تېرەكلەر ئوراپ تۇرغان قاينام بۇلاقچە بېرىپ كۆرۈپ كەلدى. ئۇ بۇ بۇلاقنىڭ تىپتىنچ ئېقىۋاتقان سۈيىنىڭ ئادەم بېرىش بىلەن تەڭلا شىددەتلىك بۇلدۇقلاپ، سۈرلۈك قاينام ھاسىل قىلىشىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

غورۇرى بۈگۈن مېھمانلارنىڭ ئىلىغا قايتىشىنى مەسلىھەت

قىلىش ئۈچۈن ئوردىغا كەلگەنىدى. ئۇ ۋاڭنىڭ مەلۇمچىسىدىن مۇھەممەت بىشىر ۋاڭنىڭ ئۆز ھۇجرىسىدا مىھرىبانۇ خېنىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، كەينىگە يانغانىدى. مۇ-ھەممەت بىشىر ۋاڭ بىلەن مىھرىبانۇ خېنىم بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، مەلۇمچىسىنى غورۇرنى دەرھال باشلاپ كىرىشكە بۇيى-رۇدى.

غورۇرى تەختلىك سارايدا ۋاڭنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. يېنىدا مىھرىبانۇ خېنىممۇ بار ئىدى. غورۇرى ۋاڭغا سالام بېرىپ ئىبسەنلىكىنى سورىدى. مىھرىبانۇ خېنىم غورۇرى-نى كۆرۈپ خۇشال بولغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى ھەم ھال - ئەھۋال سورىدى. غورۇرى بىلەن مىھرىبانۇ خېنىم سۆزلىشىپ بولغۇچە مۇھەممەت بىشىر ۋاڭ كۈلۈمسىرىگەن ھال-دا ئۇلارغا قاراپ ئولتۇردى.

— قۇمۇلدىن زېرىكىپ قالدىلىمىكىن، غورۇرى بېگىم، — دېدى ۋاڭ.

— ياق ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ئالدىراپ غورۇرى، — قۇمۇل ناھايىتى كاتتا جاي ئىكەن، مەمۇرىچىـ-لىق، باياشاتلىق قۇمۇل خەلقىگە يار ئىكەن. قۇمۇل خەلقى ئەقىدىلىرى تازا، ئىخلاسمەن، مېھماندوست خەلق ئىكەن. جا-نابلىرى پەزىلەتلىك، ئەقىل - ئىدراك ئىگىسى بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئالىم، پازىللارنى دوست تۇتۇپلا، كەمبەغەل، ئاجىزلار-غا باشپاناھ بولۇپ، پاراسەت ۋە ئادالەت بىلەن يۇرتنى ئىدارە قىپتىلا، مەن قۇمۇلغا كېلىپ ناھايىتى چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇم. ماڭا بۇ شەھەردە ھەممە كىشى موللا، ئۆلىمادەك كۆرۈندى. بىرەرمۇ ساۋاتسىز كىشى كۆرۈنمىدى. بىلدىمكى، بىر يۇرت ئۆزىنىڭ ئالىم، ئۆلىمالىرى بىلەن سۈپەتلىك كۆرۈ-نىدىكەن، — غورۇرى ھەقىقەتەن تەسىرلەنگەنلىكىنى بىلدۈ-

رۇپ بىر پەس بېشىنى لىڭشىتىپ، كۈلۈمسىرەپ ۋاڭغا قارىدى.

ۋاڭمۇ بۇ گەپلەردىن خۇشال بولۇپ كۈلۈمسىرىدى، — قۇمۇلغا كەلگىلى بىرەر ئايغا يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ ئازراقمۇ زېرى- كىش ھېس قىلمىدىم. ئاللاتائالا خەيرلىك ئىش قىلغۇچىلارغا زور ئىنايەتلەرنى بېرىدۇ. كىشىلەرمۇ ياخشى سۆپەت بىلەن ئەبەدىلئەبەد ماختاپ ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيدۇ. دۇنيادا كۈندۇ- لۈك تۇرمۇش غېمىگە مۇپتىلا بولۇپ خار - زارلىقتا ئېتىبارسىز ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئاجىز كىشىلەر ناھايىتى كۆپ. مەن چەت دۆلەتلەردە يۈرگەندە كۆردۇمكى، ئۇ شەھەرلەرنىڭ بايلىرى ناھا- يىتى باي، لېكىن نۇرغۇن خەلق بەك گادايى، ئۇلار بىر بوردا نانغا زار بولۇپ ئۆتىدۇ. بۇ يەرلەر بىلەن ئۇ يەرلەرنىڭ يەر بىلەن ئاسماندەك پەرقى باركەن. شۇڭا ئويلىنىپ قالدىمكى، بىز ئىلى شەھىرى بىلەن قۇمۇل شەھىرى ياخشى ئالاقە ئورنات- ساق، كەلدى - باردى قىلىپ تۇرساق، ھازىرغۇ تۇغقان بولۇپ قالدۇق، بۇ تۇغقانچىلىقنى كېڭەيتىپ، ئۆز ئارا ھەرقايسى جە- ھەتلەردىن بىر - بىرىمىزگە ئۆرنەك بولساق دەيمەن.

— رەھمەت، غورۇرى بەگ جانابلىرى. بىزنى ماختاپ بەكلا ئاشۇرۇۋەتتىلە، — دەپ مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ مېھرىبا- نۇغا قاراپ قويدى. مېھرىبانۇ غورۇرىنىڭ سۆزلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ ئولتۇراتتى، — مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. بىز تۇغقان- چىلىقىمىزنى كېڭەيتسەك، ئۆز ئارا ئالاقىمىزنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ئارقىلىق ئېلىپ بارساق دەيمەن، بۈگۈن بىز مېھرىبانۇ خېنىم بىلەن بىر نەرسىنى كېلىشتۇق. ئۆزلىرى قانداق قارايلا- كىن.

— جانابلىرىنىڭ ئەقىللىرى زىيادە، تەلىم ياكى تەلەپلى- رى بولسا ئېيتقايلا.

— مۇنداق قىلساق دەيمەن، مېھرىبانۇ خېنىم ئىلىلىق

تۇغقانلار قايتىپ كەتسە زېرىكىپ قالارمىكىن، شۇڭا ئىلىدىن قىرىق ئۆيلۈك كىشىنى قۇمۇلغا كۆچۈرۈپ كەلسەك، قۇمۇلدىن قىرىق ئۆيلۈك كىشىنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ بارساق، بۇ ئىش ئىختىيارى ئاساستا بولسا سىلىچە قانداق بولار؟

غورۇرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— بولىدىغان گەپكەن بۇ، ۋاڭ خوجام، ئىختىيارى بويىچە بولسا، ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. بۇنى بىز ئىلىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن خالزات بەگ بىلەن كېلىشىپ، كىشىلەر ئارىسىغا سەپ كۆرسەك.

— بولىدۇ، ئەمىسە شۇنداق پۈتۈشتۇق. قۇمۇلدىن ئىلىغا كۆچۈپ بارىدىغانلار بولسا بۇ قېتىم مېھمانلار بىلەن بىللە ماڭسا بولىدۇ. ئەگەر ئىلىدىن كەلگەنلەردىن بۇ يەردە قالىدىغانلار بولسا، ئۇلارنى ئۆي جاي، يەر، مۈلۈك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

— ۋاڭ خوجامنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت.

— مەنغۇ، — دېدى ۋاڭ، — كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، غورۇرىغا قاراپ، ئۆزلىرىنىمۇ قۇمۇلدا ئېلىپ قېلىپ ئوردىدا ئۆزۈمگە مەسلىھەتچى قىلىۋالسام دەيمەن.

بۇ چاغدا بۇ يەردە ئولتۇرغان ئۈچەيلەننىڭلا خىيالىغا «رەنا-خان» كېلىپ قالدى. غورۇرى سەل قىزىرىپ جاۋاب بەردى:

— مېنىڭمۇ بۇ يەردە قالغۇم بار، راستىنى ئېيتسام، بۇ شەھەرگە كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى. ئەمدى، خالزات بەگنىڭ ۋەكىلى بولۇپ كېلىپ، بۇ يەردە قەپقالسام بولماس، «ئەگلەك ئالغىلى بېرىپ ئەرگە تېگىپتۇ» دېگەندەك بىر گەپ بولۇپ قالار، — دېدى غورۇرى. بۇ گەپ بىلەن ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى، — لېكىن ئەمدى مەن قۇمۇلغا كېلىپ تۇرىمەن.

— قارشى ئالىمىز، — دېدى ۋاڭ خۇشال ھالدا. مېھرى-

بانۇ خېنىم قوشۇپ قويدى:

— ئەمدى كەلسىلە، ئانامنىمۇ ئالغاچ كەلسىلە، نۇسرەت ئاكاممۇ كەلسۇن، خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىلى ياز يورۇشىغا ئۇلارنى كۈتۈۋالىمەن، — مېھرىبانۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغاندەك بولدى. لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ مۇھەممەت بېشىر ۋاڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ناھايىتى ياخشى، سۇمانىخان سىلىنى سېغىنىپ قالدى. بۇ ياخشى تىلەكنى ئىلىغا بېرىپلا يەتكۈزىمەن. ئۇلار ئۆزلىرى كۈتكەن ۋاقىتتا چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ.

ئۇلار يەنە ئازراق پاراڭلاشقاندىن كېيىن غورۇرىنىڭ تەلىپى بىلەن ئوردا كۇتۇپخانىسىغا كىرىشتى.

ئوردا كۇتۇپخانىسى قۇمۇلنىڭ تۆتىنچى ۋاڭى يۇسۇپ ۋاڭ ئوردىنى قۇرۇشقا كىرىشكەندىلا قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئالاھىدە سېلىنغان كۇتۇپخانا ئىدى. بۇ كۇتۇپخانىنىڭ تاشقىرىقى ئۆيلىرى بىر - بىرىگە تۇتاش ئىككى ئېغىز چوڭ ئۆي بولۇپ، كۈن چىقىش تەرەپكە چوڭ نەقىشلىك پەنجىرە قويۇلغان. تام ياقىلاپ قويۇلغان نەقىشلىك كىتاب تەكچىلىرى تورۇسقا تاقاشقانىدى. ئىككىلا ئۆيدە تورۇستىن پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغان ئوتتۇز دانە شام يېقىلغان مىس شامدان يالتىراپ تۇراتتى. تەكچىلەردىكى كىتابلار سان - ساناقسىز ئىدى. بۇ ئۆيلەردىن ئۆتۈپ تارراق كارىدور ئارقىلىق ئىككى تەرەپتىكى ئالتە ئېغىزلىق ئايرىم - ئايرىم ئۆيلەرگە كىرگىلى بولاتتى. بۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىدە، ھۆسىن خەت ماھىرلىرىدىن ئوندەك شاگىرت ھۆسىن خەت ئۆگىنەتتى. يەنە بىر ئۆيدە خەنزۇچە، مانجۇچە، موڭغۇلچە، زاڭزۇچە تىلماچلار تەرجىمە قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۆيدە ئەرەبچە، پارسچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلارنى تەرجىمە قىلىدىغان تىل-

ماچلار ئولتۇراتتى. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۈچ ئۆينىڭ بىرىدە كۆچۈرۈش، سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلسا يەنە بىر ئېغىز ئۆيدە رەتلەش، تۈپلەش، مۇقاۋىلاش ئېلىپ بېرىلاتتى. يەنە بىر ئېغىز ئۆيدە رەتلەنمىگەن كونا كىتابلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. غورۇرى بىرىنچى ئۆيگە كىرىپلا، تەكچىلەرگە رەتلىك تىزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. كىتاب ئوقۇشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان مېھربانۇ خېنىممۇ قالتىس بىر شادلىق ئىلكىدە يايراپ كەتتى.

كىتابلارنىڭ تولىسى كۆن تاشلىق كىتابلار بولۇپ، كىتابلارنىڭ تۈرى بويىچە رەتلەنگەنىدى. يەنە نۇرغۇنلىغان كىتابلار كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلار بولۇپ، تۈپلىنىش، مۇقاۋىلىنىش جەھەتتە ناھايىتى مۇكەممەل ئىدى. ئالدى بىلەن غورۇرى بەگ بىلەن مېھربانۇ خېنىمنى كۆزگە كۆرۈنگۈدەك جايغا تىزىلغان چوڭ، كىچىك قۇرئانلار جەلپ قىلدى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ئىككىگە ئايرىپ تىزىلغان قۇرئان كېرىمنى كۆرسىتىپ: «بۇ ياقتىكىسى ئەرەب ئەللىرىدىن كىرگۈزۈلگىنى، بۇ ياقتىكىسى ئوخشاش تەقلىدە كۆچۈرۈلگىنى» دېدى. غورۇرى بەگ كۆچۈرۈلگىنى بىلەن چەتتىن كىرگىنىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، تەقلىد كۆچۈرۈلگىنىنىڭ خەت شەكلىنىڭ چىرايلىقلىقىنى، مۇقاۋىسىنىڭ مۇكەممەل، سىپتا ئىشلەنگەنلىكىنى ماختاپ كەتتى. بۇ قۇرئانلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە قۇرئان تەپسىرلىرىدىن «ئىلمۇئەل تەپسىر»، «ئىلمۇئەل ھەدىس»، «ئىلمۇئەل كالام»، «سەھىھول بۇخارى» قاتارلىق نۇرغۇن كىتابلار تىزىلغانىدى. ئۇنىڭ نېرىسىدىكى جاھازىدا «جاھاننامە»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «ھىدايەتنامە»، «شاھنامە» قاتارلىق كىتابلار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

— بۇ كىتابلارنىڭ بىر قىسمىنى تەشقەر، خوتەن، يەكەن

قاتارلىق شەھەرلەرگە بارغانلار، يەنە بىر قىسمىنى سودىگەرچەلىك، ھەج تاۋاپ قىلىش بىلەن چەت دۆلەتلەرگە بارغانلار ئېلىپ كەلگەنىكەن. بۇ كىتابلارنىڭ كۆپى بوۋام ۋە دادام رەھمەتلىكنىڭ زامانىسىدىن قالغان كىتابلار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بوۋام رەھمەتلىك سۇمقاغىغا ① چۈشكۈن بولغان سودىگەر ۋە دىن تارقاتقۇچىلاردىن ئۇن تاغاردەك كىتاب سېتىۋالغانىكەن.

ئۇلار يەنە بىر كىتاب جازىسى ئالدىدا توختىدى:

— بۇلار، — دېدى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ، — مۇشۇ ئوردىدا كۆچۈرۈلگەن ئەڭ بۇرۇنقى كونا كىتابلار، — «ئوغۇزنامە»، «چاشتانى ئىلىك بەگ»، «ئالتۇن يارۇغ» بۇ كىتابلار بەلكىم ئۇلۇغ بوۋىمىز ئەبەيدۇللا تارخان بەگ دەۋرىدىن قالغان كىتابلار بولسا كېرەك، — غورۇرى بەگ بىلەن مېھرىبانۇ خېنىم ئالدىراپ،كىتاب بەتلىرىنى ۋاراقلىدى. بۇ كىتابلار قاتتىق بىر خىل سامان قەغەزگە چىرايلىق خەت نۇسخىسىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، يىپەك رەخت بىلەن تاشلىنىپ، يىپەك يىپ بىلەن چېگىلگەنىدى، — ئاڭلىسام، — دېدى ۋاڭ «ئالتۇن يارۇغ» نى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، گەنسۇ تەرەپتىن كەلگەن سېرىق ئۇيغۇرلاردىن بىرى بۇنى ئوردىغا تەقدىم قىلغانىكەن. بۇ پۇتۇنلەي بۇددا دىنىغا ئائىت ھېكايىلەر ئىكەن.

بۇ كىتابلارنىڭ ئاستى تەرىپىگە رابغۇزىنىڭ «يۇسۇپ زىلەيخا»، ناۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شېرىن»، خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە مېھنەتكام» ناملىق كىتابلىرى قويۇلغان. يەنە بۇ كىتابلار بىلەن بىر قاتار «تاھىر ـ زۆھرا»، «غەلىپ ـ لەيلى» قاتارلىق يوغان كۆن تاشلىق، رەڭدار رەسىملىك، ھەر بىر بېتى گۈل

① سۇمقاغا ـ جاي ئىسمى. قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ قۇمۇلغا چۈشكۈن بولىدىغان چوڭ ئۆتەڭى.

نەقىش قىلىنغان ھېكايە كىتابلار تۇراتتى. يەنە بىر جاھازدا «مەشھۇرنامە»، «زەپەرنامە»، ناملىق كىتابلار ھەمدە «خوجا ھاپىز»، «بوستان»، «گۇلىستان» ناملىق كىتابلارنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ۋە دەرسلىك ئۈچۈن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى توپ، توپ بولۇپ تۇراتتى. بۇلار ھازىر يېگىدىن قۇرۇلۇۋاتقان ئون ئىككى تاغ، بەش شەھەر، قۇمۇل شەھىرى ۋە قۇمۇل شەھىرى ئەتراپىدىكى يېزا - كەنتلەردىكى ئەللىك بەش باشلانغۇچ مەكتەپ- كە ئەۋەتىپ بېرىشكە تەييارلانغان ئوقۇش ماتېرىياللىرى ئىدى. ۋاڭ بۇنى كۆرۈپ بەك خوش بولۇپ كەتتى.

ئۇدۇلدىكى جاھازدا ئوردىدا توپلام قىلىنغان كىتابلاردىن «ئابىد قۇمۇلى شېئىرلىرى»، «زۇھورى شېئىرلىرى»، «ئىد- مىن گۇڭ شېئىرلىرى»، «زىمرى شېئىرلىرى» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى ۋە نۇرغۇنلىغان داڭلىق شائىرلارنىڭ شې- ئىرلىرىغا قوشۇلۇپ، ئابىد قۇمۇلىنىڭ شېئىرلىرى گەۋدىلىك توپلام قىلىنغان «باياز» ناملىق شېئىرلار توپلىمى تۇراتتى. غورۇرى «باياز» ناملىق توپلامنى قولىغا ئېلىپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

بۇ سائادەتكە سېنى يەتكۈردى، ئابىد شۈكرى قىل،
غازىئى دەۋران ئۇبەيدۇللاھ مىرى قامۇلى.

دېمەك، شائىر ئەبەيدۇللا تارخان بەگ دەۋرىدە ياشىغان ئىكەن. بۇ توپلام ناھايىتى چىرايلىق ھۆسن خەت شەكلىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، توپلامنىڭ ئوتتۇرىدىكى بىر ۋارىقىغا مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ ئانار سۈرەتلىك ئالتۇن تامغىسى بېسىلغانىدى.

— جانابلىرى، بۇ دىۋاننى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن تا- غىلىرىنى بېسىپ قويغانمۇ؟

— شۇنداق، ئوردىدا ئىشلەنگەن كىتابلارنىڭ كۆپىنى

ئۆزۈم كۆرۈپ چىقىمەن.

ئۇلار بۇ ئۆيدىكى كىتابلارنى خېلى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. بۇمۇ ئوخشاشلا چوڭ بىر ئېغىز ئۆي بولۇپ، جاھازلىرى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك، كىتاب تەكچىلىرى ئازادە ئىدى.

— بۇ يەردە تېخىمۇ قىممەتلىك كىتابلار بار، — مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ئوڭ تەرەپ جاھازنىڭ ئەڭ يۇقىرى يېنىغا قويۇلغان بىر كىتابنى كۆرسەتتى، — بۇ «مايترى سىممىت»①

① «مايترى سىممىت» ـ تەتقىقاتچىلاردىن ئىسرائىل يۇسۇپ، ئابدۇقېيۇم خوجا، دولقۇن قەمبىرىلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىممىت» ناملىق كىتابنى 1987 ـ يىلى ھازىرقى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا ئېلان قىلدى. بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوليازما «مايترى سىممىت» (مايترى بىلەن ئۇچرىشىش) 27 پەردىلىك چوڭ ھەجىملىك سەھنە ئەسىرىدۇر. ئۇ ھازىرغا قەدەر ئېلىمىزدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوليازمىلار ئىچىدە دەۋرى ئەڭ بۇرۇن بولغان بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي ئەسەر، يەنى زور ھەجىملىك سەھنە ئەسىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئەسەردە مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل، كونكرېت ئوبراز، جانلىق ۋە راۋان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئارقىلىق بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ نەزىرىدىكى قۇتقۇزغۇچى ئىلاھ ـ كەلگۈسى بۇرخان مايترىنىڭ ھاياتىدىكى ئىش پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسىنى يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوليازما نۇسخىسىنى 1959 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قۇمۇل ناھىيە تىيانشان گۇڭشې تۆمۈرتى دادۈي، باش تورا (باش مەھەللە) دىكى ئۇيغۇر چارۋىچى يەھيارىھىم مال بېقىپ يۈرۈپ تۆمۈرتىنىڭ «كىچىك داۋان» دەپ ئاتىلىدىغان قارىغايلىق ئېدىرىدىن تېپىۋالغان. ئەسلىدە بۇ ئەسەرنى كىگىزگە يۆگەپ تاش ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان بولۇپ، تېپىلغان چاغدا كىگىز بىلەن ئەسەرنىڭ بىرمۇنچە ۋاراقلىرى چىرىپ، تىتىلىپ كەتكەن. يەھيارىھىم بۇ ئەسەرنى قۇمۇل ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مەسئۇلى يولداش ئىسمايىل ئىبراھىمغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. شۇ يىلى كۈزدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي مۇزېي بۇ قىممەتلىك يازما يادىكارلىقنى تاپشۇرۇۋالغان... بۇ نۇسخا تولۇقلۇق جەھەتتە گېرمانىيەدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى باشقا نۇسخىلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ...

ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (IX – XII ئەسىرلەر) نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى چۇتاش يىگەن تەرىپىدىن مەزكۇر خانلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە كۆچۈرتكۈزۈلگەن...»

يەنى مايترى بىلەن ئۇچرىشىش دېگەن كىتاب.

غورۇرى كىتابنى قولىغا ئالدى. بۇ كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتاب بولۇپ، قاتتىق مۇقاۋىلىق، مۇقاۋىسىنىڭ ئۇستى نەقىشلەنگەنىدى. قەغىزى قارامتۇل سېرىق رەڭلىك قېلىنراق قاتتىق قەغەز بولۇپ، خەتلىرى ئاستى ـ ئۇستى ۋە ئىككى يېنىدا ئوخشاش بەلگىلىك ئورۇن قالدۇرۇلۇپ يېزىلغان، ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق تۇپلەش تۆشۈكچىسى بار كىتاب ئىدى.

— بۇ كىتابمۇ، — دېدى ۋاڭ، — بۇرۇندىن بار كىتاب، بۇنىڭدا بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ قۇتقۇزغۇچى ئىلاھى مايترىنىڭ ئىشلىرى سۆزلەنگەن دېيىشىدۇ. بۇ كىتابمۇ يەنە قايتا كۆچۈرتكۈزۈلدى. بىزدە قايسى دىندىكى كىتاب بولمىسۇن، ئۇنى ساقلاش، ھەتتا كۆچۈرۈپ نۇسخا قالدۇرۇش ئادەت بولۇپ قالغانىكەن. ھەر بىر كىتابتا بىر ئالاھىدىلىك ياكى بىر ئادەمنىڭ ئەقلىگە ئەقىل قوشىدىغان تەرەپلەر بولىدىكەن. شۇڭا ھەرقانداق كىتابنى ئوقۇپ قويۇش ياخشى ئىش دەپ ئويلايمەن.

— شۇنداق ۋاڭ خوجام، كىتاب دېگەن ئەقىل دېمەكتۇر.

ۋاڭ غورۇرنىڭ گېپىنى بۆلۈپ يەنە ئىككى پارچە كىتابنى كۆرسەتتى. بۇ پارچە ـ پارچە كۆچۈرۈلۈپ تۇپلەنگەن قولىيازمىلار بولۇپ، ناھايىتى قېلىن كىتابلار ئىدى. بۇنىڭ بىرى قاراخانىيلار دەۋرىدە تۈزۈلگەن كاتتا لۇغەت ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەت تۈرك» ئىدى، مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بۇ كىتابنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇنى مەھمۇد ئىبنى ھۇسەيىن ئىبنى مەھمۇد قەشقەرى يېزىپ، ئاببىاسىلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ئەبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرىللاغا تەقدىم قىلغانىكەن. بۇ كىتابتا قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىللىرىمۇ ناھايىتى كۆپ شەرھلىنىپتۇ. يەنە بۇ كىتابتا كۆرسىتىلگەن چارۋىچىلار ئىشلىتىدىغان ماللارغا باسىد-

دىغان تامغىلارنىمۇ قۇمۇلنىڭ تاغلىرىدا چارۋا باقىدىغانلار ئو-
مۇمىيۇزلۇك ئىشلىتىدۇ.
— بۇ كىتابنىڭ ئىستانبۇلدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى
كەشمىردە سېتىۋېلىپ مەنمۇ ساقلاپ قويغانىدىم، بۇنىڭدىن
تۈرك تىلىنى، تۈرك تارىخىنى ۋە تۈرك ئۆرپ - ئادەتلىرىدى-
ى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ناھايىتى بىباھا، قىممەتلىك
كىتابتۇر، — دېدى غورۇرى.
مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ يەنە ئايرىم تەكچىدە سېرىق شايىغا
ئوراپ قويۇپ قويغان تېخىمۇ قېلىن ھەم چوڭ بىر پارچە كىتاب-
نى ئالدى. بۇمۇ چىرايلىق كۆچۈرۈلگەن نۇسخا بولۇپ پۈتۈنلەي
شېئىرىيەت ئىدى.
— مانا بۇ كىتاب ماڭا يارايدىغىنى، بۇ كىتابتا شېئىرى
تىل بىلەن ئاللاغا، پەيغەمبەرگە، تۆت ساھابىگە ئوقۇلغان مەد-
ھىيىلەر، يەتتە يۇلتۇز، 12 بورچ، بىلىم ئېلىش، ئەقىل
تېپىش، تىل ئىشلىتىش، ياخشىلىق قىلىشقا بولغان چوڭقۇر
مەدھىيىلەر بايان قىلىنغان.
— بۇ دانىشمەن شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ داستانى
«قۇتادغۇبىلىك» ، يەنى بەخت سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم
ناملىق كىتابتۇر. بۇ قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىرىدىن باۋغاج بۇغرا-
خان ئەبۇ مۇھەممەت ئېلى بۇغراخانغا تەقدىم قىلىنغان بولۇپ،
قەشقەردە ئۆتكەن بۇ ئالىمغا بۇغراخان خاس ھاجىپ نامىنى
بېرىپ يېنىدا مەسلىھەتچىلىككە قويغانىكەن.
— مەندىمۇ بۇ كىتابنىڭ پارچە - پارچە كۆچۈرۈلگەن
نۇسخىلىرى بار، — دېدى غورۇرى.
— ئەمدى قارىسىلا بېگىم، بۇ تەرەپتىكى جاھازدا (يۇقى-
رىدىكى ئىككى جاھازنى كۆرسەتتى) تېبابەتچىلىككە ئائىت كى-
تابلار بار. ئەبەيدۇللا تارخانبەگ بوۋام ئۇستا تېۋىپ ئىكەن.

جۇڭغارلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئاتىسى مۇھەممەت شاھى غازىبەگنىڭ بىر قولى مۇرىسىدىن چورتلا ئۈزۈلۈپ ساڭگىلاپ قاپتۇ. بۇ قول بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئەپسىز بولغاچقا قولىنى قايرىپ قورسىقىغا تېڭىۋېلىپ ئۇرۇشۇپتۇ. لېكىن قولى بەك ئاغرىپ كەتكەنلىكتىن ئازراقلا ئىلىنىپ قالغان تېرىنى كېسىپ، قولىنى ئېلىپ تاشلىۋېتىپ ئۇرۇش قىپتۇ. بۇنى ئوغلى ئەبەيدۇللا كېيىن كۆرۈپ قاتتىق ھەسرەت چېكىپ «ھەي ئىسىت، نېمىشقا مەن يېنىڭدا بولمىغاندىمەن، مەن يېنىڭدا بولغان بولسام، قولۇڭنى تاشلاتقۇزماس ئىدىم. داۋالاپ ساقايتاتتىم» دەپتۇ، — مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ گېپىنى توختىتىپ بىر پارچە قولىيازما كىتابنى ئېلىپ كۆرسەتتى، — مانا بۇ ئەبەيدۇللا تارخان بەگنىڭ كىمنىڭ كېسىلىنى قانداق داۋالاپ ساقايتقانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلىرى.

مېھرىبانۇ خېنىم بۇ قولىيازما خاتىرىلەرنى (كىتاب شەكلىدە توپلىنىپ، مۇقاۋا قىلىنغان) قولىغا ئېلىپ ۋاراقلىدى ۋە بىر بەتنى ئېچىپ ئەبەيدۇللا تارخانبەگنىڭ پولداڭ كېسەل قالماق خوتۇننى داۋالاش جەريانىنى ئوقۇپ چىقتى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ قولىغا يەنە يىپى يوغان بۆز بىلەن تاشلانغان ئىككى پارچە كىتابنى ئالدى. مانا بۇلار ئەبەيدۇللا تارخانبەگ بوۋام زامانىسىدىن قالغان كىتابلار، — دېدى. بۇ كىتابلارنىڭ بىرى «تىرىك تەننى ئۆلچەش» ئىككىنچىسى «جەسەت ئاتلىسى» دېگەن كىتابلار ئىدى، — بۇ كىتابلارنى بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى قۇمۇلدىن چىققان تېۋىپ شىراخان يازغان. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا تىبەت پادىشاھى چي سۇڭدەنزەننىڭ تەكلىپى بىلەن تىبەتكە بارغان. بۇ كىتابلارنى تىبەتتە يېزىپ قالدۇرغان. ئەبەيدۇللا تارخانبەگ بوۋام ناھايىتى كۆپ چىقىم قىلىپ كۆچۈرتكۈزۈپ ئالدۇرۇپ كەلگەنىكەن.

غورۇرنىڭ نەزىرى يەنە تۆت پارچە كىتابقا چۈشتى. ئۇلار
ئىمامىدىن قەشقەرىنىڭ «شەرھى ئەلقانۇن»، «كېسەللىكلەر
شەرھى»، «دورىلار قامۇسى»؛ داڭلىق تېۋىپ مۇھەممەت ئەلى
مۇھەممەت بىننى يەركەنتىنىڭ «زىيائۇل قۇلۇپ» (قەلب نۇرى)
ناملىق كىتابلار ئىدى. بۇنى مۇھەممەد بېشىر ۋاڭ تونۇشتۇ-
رۇپ مۇنداق دېدى:
— سەئىدىيە خانلىقى يىمىرىلىپ، ئاپئاق خوجا ھۆكۈم-
رانلىق ئورنىغا چىققاندىن كېيىن قەشقەرخانلىق مەدرىسىدە
ساقلانغان نۇرغۇن كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇغان. لې-
كىن كىتابلارنى كۆيدۈرۈشكە مەسئۇل بولغان بىر كىشى بۇ
كىتابلارنى يوشۇرۇۋالغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا قۇمۇلدىن قەش-
قەرگە تېبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشكە بارغانلار بۇ كىتابلارنى سېتى-
ۋېلىپ ئوردىغا تەقدىم قىلغانىكەن.
— ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك
مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۇزاق تارىخي جەرياندا
ئەجدادلارنىڭ مول تەجرىبىلىرىنى ئۈزلۈكسىز توپلاش، رەت-
لەش، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش ئاساسىدا شەكىللەن-
گەن، — دېدى غورۇرى چوڭ بىر تەسىراتنى كۆڭلىگە پۈ-
كۈپ، — يەكەن خانلىقىدا، بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن تەرەپلەر-
دە نۇرغۇن تېۋىپلار يېتىشىپ چىققان. قەشقەر، يەكەنلەردە
شىپاخانا، دورا - دەرمەك دۇكانلىرى ئېچىلغان. تومۇر تۇتۇپ
داۋالاش ئىشلىرى خېلى ئومۇملاشقانىكەن. ئۇلار ئۆزىدىن چىق-
قان دورا - دەرمەكلەرنى ئىشلىتىپلا قالماستىن، ئىچكى ئۆلكە-
لەردىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان، پاكىستان، تىبەت،
كەشمىر قاتارلىق جايلاردىنمۇ دورا كىرگۈزۈپ ئىشلەتكەنىكەن.
ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدىن چىقىدىغان خولۇنجان، زەنجىۋىل، مو-
زا، بادام، خوتەن ئىگىرى قاتارلىق دورا - دەرمەكلەر شىنجاڭ-

نىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى سۇپىتىدە ئىسلام دۆلەتلىرىگە، ئىچكى
ئۆلكىلەرگە چىقىرىلغانىكەن. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، تىبابەتچى-
لىك بىزدە خېلى بۇرۇنلا تەرەققىي تاپقان. قۇمۇل دىيارى بۇنىڭ
جانلىق مىسالى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بىلەن مېھرىبانۇ خېنىم كۈلۈپ
قويدى. ئۇلار ئەمدى تارىخنامىلەر تىزىلغان جاھاز ئالدىغا كەل-
دى. بۇ جاھازغا كىتاب ناھايىتى كۆپ تىزىلغانىدى. غورۇرى
ئىچىدە ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى ئوقۇپ چىقتى. «جۇڭگو تارى-
خى»، «قاراخىتاي تارىخى»، «جۇڭگو ئەرەب مۇناسىۋەتى تارى-
خى»، «جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخى»، «ئۇيغۇرلار
تارىخى»، «قۇمۇل ۋاڭلىرى شەجەرىسى» يەنە يۈەن سۇلالىسى
دەۋرىدە خانبالىقتا مەنسەپ تۇتقان مەشھۇر قۇمۇللۇق زاتلاردىن
تارىخچى قاڭلى تۇتۇنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئۇ يازغان «لياۋ سۇلا-
لىسى تارىخى»، «چىن سۇلالىسى تارىخى»، «سۇڭ سۇلالىسى
تارىخى» ناملىق كىتابلار ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنىپ تۇپلەن-
گەن. بۇ كىتابلارنىڭ خەنزۇچىسىنىڭمۇ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلى-
رى تۇراتتى. يەنە شۇ دەۋردە خىزمەت تۇتقان قۇمۇللۇق مەشھۇر
زاتلاردىن بۇددا ئالىمى بىلەنناشىل تارىخى، ھەربىي قوماندان
تابىلنىڭ تارىخى، خەلقپەرۋەر ئالىچ تۆمۈرنىڭ تارىخى، ھەربىي
مەمۇرىي ئەمەلدار ئاتايىنىڭ تارىخى، قابىلىيەتلىك ئەمەلدار دىل-
ۋىشنىڭ تارىخى، پادىشاھ ئوردىسىنىڭ باش تەپتىشى بولغان
سۇنار قادىلمىشنىڭ تارىخى. يەنە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى
بېيجىڭ شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى پىلانلىغان ئەختەرىدىنىنىڭ
تارىخى، قاتارلىق شەخسلەرنىڭ تارىخلىرى رەتلىنىپ، تۇپلىنىپ
كىتابچە قىلىنغانىدى.

ئۇلار كۈتۈپخانىدىن ئۇدۇل تارراق كارىدورغا چىقىپ ئىككى تەرەپتىكى ئىشخانىلاردا جىددىي ئىشلەۋاتقان خادىملارنى كۆردى. ۋاڭ ئۇلاردىن ھال سورىدى. ئىشلەۋاتقانلار پۈكۈلۈپ ۋاڭ خوجامغا سالام قىلىشتى، غورۇرى ئۇلارنىڭ تەرجىمە قىلىش، كۆچۈرۈش، توپلەش، رەتلەش، مۇقاۋىلاش، ھۆسن خەت يېزىش ھەم ئۆگىنىش ئىشلىرىنى كۆرۈپ ناھايىتى قايىل بولدى.

ئۇلار كۈتۈپخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا غورۇرى ۋاڭغا مۇنداق مەسلىھەت بەردى:

— بۇ كۈتۈپخانىنىڭ[①] ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە «بىلىملەر خەزىنىسى» دەپ بىر تاختاي ئېسىپ قويسىلا بولغۇدەك. بۇ گەپ مۇھەممەت بېشىر ۋاڭغا ماقۇل كەلدى ۋە شۇئان پەرمان قىلدى. بۇ تاختاي ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئىشىكنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلدى.

* *

ئىلىغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قېلىش ئۈچۈن بۇ يەردىكى

---

① ئوردا كۈتۈپخانىسى - 1931 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى ئوردا خەزىنىسىدىكى ئالتۇننى بۇلىغىلى كېلىپ، ئوردىغا ئوت قويۇۋەتكەندە كۆيۈپ كەتكەن. ئەمما، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئوردا كۈتۈپخانىسى ناھايىتى مەشھۇر بولغاچقا، بىر قىسىم كىشىلەر كۆيۈۋاتقان ئوتقا قارىماي، ئوردىنىڭ مال-مۈلۈكىنى ئالغىلى ئەمەس، كىتاب ئېلىۋېلىشقا كۈتۈپخانىغا كىرىپ، نۇرغۇن كىتابلارنى ئېلىۋالغان. ئەپسۇسكى، بۇ كىتابلار بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. كىتاب ساقلىغانلار تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنغان. خەلقنىڭ قولىدا قېپقالغان بىر قىسىم كىتابلار كېيىنكى يىللاردا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن تاشقىرى ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى تەرىپىدىن يىغىۋېلىنغان.

كىشىلەردىن ئىلىملىق مېھمانلار بىلەن بىللە كېتىدىغانلاردىن ئون ئائىلىلىك كىشى كۆچۈشكە تەييار بولدى. ئىلىدىن كەلگەن مېھمانلاردىن توققۇز ئائىلىلىك كىشى مېھربانۇ خېنىمنىڭ يې- نىدا قالىدىغان بولدى. ئىلىملىق مېھمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھا- زىرچە ئىلىغا قايتىپ بېرىپ، تەييارلىق قىلىپ، كېلەر يىلى يەنە ئىلىدىن قۇمۇلغا كۆچۈپ كېلىدىغانلار بىلەن قوشۇلۇپ ئەتىيازدا كېلىدىغان بولدى. بۇ يەردىمۇ يەنە ئوتتۇز ئائىلىلىك كىشى كېلەر يىلى ئىلىملىق توغقانلار كەلگەندىن كېيىن ئىلىغا قايتىدىغان ھارۋىلار بىلەن بىللە ماڭىدىغان بولۇشتى.

ئىلىدىن كەلگەن مېھمانلار ۋە قۇمۇلدىن ئىلىغا كۆچۈپ بارىدىغانلا ئاللاتائالانىڭ ياخشى كۆڭلىرىنىڭ بىرىدە، يازنىڭ ئا- خىرقى ئايلىرىدا يولغا چىقىشتى. ئۇلارنى مېھربانۇ خېنىم باشلىق ۋاڭنىڭ ۋەكىللىرى توسقىنچە بىللە بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇشتى.

دېگەندەك كېلەر يىلى ئىلىدىن ئوتتۇز بىر ئائىلىلىك كىشى قۇمۇلغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. ئۇلار قۇمۇلنىڭ شەھەر ئىچى، ئاقيەر قاتارلىق جايلىرىدا ئۆي ماكانلىق بولدى. قۇمۇلدىنمۇ ئوتتۇز ئائىلىلىك كىشى ئىلىغا كۆچۈپ باردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە رەناخانمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئىلىنىڭ خۇدىيا يۈزىگە قاراشلىق ئاقئۆستەڭنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلىشىپ، قۇمۇللۇقلار مەھەللىسى- نى تەشكىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ـ ئىلى ئوتتۇرىسىدا بېرىش ـ كېلىش كۆپەيدى. مېھربانۇ خېنىم بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى.

# ئىككىنچى قىسىم

## مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ خان ئالدىدا

# ئونىنچى باب

مۇھەممەت بىشىر ۋاڭ بۇگۇن كۆڭلىگە پۈككەن بىر ئىشنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن نەمىتۇللا تەيجى بىلەن شاسىلىمبەگنى يېنىغا چاقىرتتى. ۋاڭنىڭ كۆپ نەرسىنى ئويلايدىغان كۆڭلىدە بىر چىگىش خىيال كىرەتتى. ئۇ بولسىمۇ «خەلقنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن دەپلا نە ئوردا ئىچىدىكى، نە پۇقرا ئىچىدىكى ئىچكى نىزالار بىلەن كارىمىز بولمىسا، پىتنە - پاسات ئۇرۇقلىرى كۆپىيىۋەرسە ئاخىرى خەلق زاماندىن ئاغرىنىدۇ، شۇڭا بۇ خىل ئەھۋاللارنى سۈرۈشتە قىلىش، تېگىشلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم، ئەمما بۇنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟» ئۆتكەندە ئۇ بۇ ھەقتە شاسىلىمبەگ بىلەن نەمىتۇللا تەيجىگە ئازراق ئەسكەرتىپمۇ ئۆتكەنىدى. بۇگۇن ۋاڭ بۇ ئىككى بەگكە قاراپ تەمكىنلىك بىلەن سورىدى:

— ئەلنىڭ غەمسىزلىكى پادىشاھلارنىڭ تىنچ - ئامانلىقىدۇر. لېكىن تىنچ - ئامان تۇرۇپتىمىزغۇ دەپ خەلقنىڭ ئىچىدىكى، ئوردا ئىچىدىكى، بەگلەر ئىچىدىكى ئىچكى نىزالار بىلەن كارىمىز بولمىسا، كىشىلەر كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بىز ئىگىلەپ تۇرغان بۇ زاماننى ئەيىبلىمەي قالمايدۇ. قەدىمدىن كەلگەن ساۋاقلاردىن قارىغاندا «ئىناق ئەلدە ئاپەت يوق، ئىناقسىز ئەلدە ئامەت يوق» دېگەن خۇلاسە ھەممىمىزنىڭ سەمىگە ئاگاھدۇر. گەرچە بىز يۇرتىمىزنى ناھايىتى ئاۋات دېسەكمۇ ياخشىنىڭ يامىنى، كۆندۈزنىڭ كېچىسى بولغىنىدەك ئاۋاتلىقنىڭ ئاخىرى خا-

رابلىقتا يۈز تۇتىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ھەرقايسى-
لىرى ئۇيلىشىپ كۆرسىلە، ئىچكى نىزا، پىتنە - پاساتلارنىڭ
يىلتىزى نەدە؟ بۇنىڭغا چارە - تەدبىرلەرنى تېپىش كېرەكمۇ،
قانداق؟ ئۇنداق بولمىغاندا بۇ ئىش ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يۈك
بولۇپ قالامدۇ؟

— ۋاڭ خوجامنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا. بۇ، مانا يۇرت
باشقۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش، — دېدى نەمەستۇللا
تەيجى، — ئۇلۇغ ۋاڭلىرىمىزنىڭ تارىخىدىن ئالساق، جانابلى-
رىنىڭ ئېسىدە بولۇشى مۇمكىن، ئىسھاق ۋاڭ (قۇمۇلنىڭ
تۆتىنچى ۋاڭى) ئوقيا ئېتىپ ئوۋ قىلىشقا ئامراق بولۇپ، بىر
كۈنى شانوشەۋكەت ۋە ئوۋ قىلىش ھەشەمىتى بىلەن نورغۇنلى-
غان سىپاھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋ قىلىشقا بازار بىلەن ماڭغا-
نىكەن، پىتنىخورلاردىن بىرى «ۋاڭ خەنزۇلارنى قىرىشقا ئاتلى-
نىپتۇ» دەپ جار سېپتۇ. نەتىجىدە بەش - ئالتە خەنزۇ ئۆزلىرى-
نى قۇدۇققا تاشلاپ، ئارغامچىغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ. خان بۇنى
ئاڭلاپ ھېلىقى پىتنىخورنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ، ئىسھاق ۋاڭنى
ئاقسۇنىڭ شامالچارۋاغ دېگەن يېرىگە ئون بەش يىللىق سۈرگۈن
قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇكىسى ئەخمەتنى تەيجىلىك مەنسىپى بىلەن
يۇرتنى سوراشقا يارلىق چۈشۈرگەنىكەن. ئەخمەت تەيجى ئاكى-
سىنىڭ شانوشەۋكىتىنى ساقلاپ قېلىشنى، ئاكىسى سۈرگۈندىن
قايتىپ كەلسە ئۇنى خۇش قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئارىتام ۋە
باغداشتا ئوردا سالدۇرۇپ، باغ بىنا قىپتۇ. ئەپسۇسكى، بىر
مۇنچە پىتنىخور، چېقىمچىلار ئىسھاق ۋاڭغا، «ئۇكىلىرى ئەخ-
مەت تەيجى جانابلىرىدىن ۋاڭلىقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ئۆزىگە
ئارىتام، باغداشلاردا ئوردا سالدۇرۇپ، ھەشەمەتلىك باغلارنى
بىنا قىلىۋاتىدۇ» دەپ چاقىقان. بۇنى ئاڭلىغان ئىسھاق ۋاڭنىڭ
غەزىپى ئۆرلەپ، زەھىرى تاشقان. نەتىجىدە ئۇكىسىنىڭ ئىز-

زەت ـ ھۆرمىتىنى، ئاكـــىــسىغـــا بولغان مېھرى ـ مۇھەب-
بىتىنى يەرگە ئۇرۇپ خەت يازغان. بۇ خەتنى ئوقىغان ئەخمەت
تەيجىنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىغان. ئاكىسىغا بولغان ئەقىدى-
سىنىڭ ئۆزىگە دۈشمەن بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان. ئەخمەت
تەيجى ئاچچىق يۇتۇپ بىر ئاي ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن. كېيىن
ئىسھاق ۋاڭنىڭ ئوغۇللىرى قۇمۇلدا ئاقسۇدىكى شامالچار باغقا
ئوخشاش بىر جاينى بىنا قىلىپ (ھازىرقى قۇمۇلدىكى شامالچار
ۋاغنى) خانلىقتىن ئىسھاق ۋاڭنى شۇ يەرگە قايتۇرۇپ كېلىشنى
سورىغان. خان ماقۇل بولغاندىن كېيىن جازا مۇددىتى توشمايلا
قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەن. كەلگەندىن كېيىن ئىسھاق ۋاڭ ئۇكى-
سىنىڭ ياخشى نىيىتىنى بىلىپ پۇشايمان قىلىپ، ئاخىرقى
ئۆمرىنى ئاچچىق يۇتۇش، ھەسرەت، نادامەت بىلەن ئۆتكۈزگەنى-
كەن.

— بۇ ئىشلارنى مەنمۇ ئاڭلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ
ئوردىدا نۇرغۇنلىغان نىزالار ساقلىنىپ كەلگەن. ھازىر بولسا
سوۋۇر بەگنىڭ ئىشلىرى بۇنىڭ مىسالى، — دېدى ۋاڭ.

— پۇقرا ئىچىدىمۇ مۇنداق ئىشلار ناھايىتى كۆپ، —
دېدى شاسېلىمبەگ، — ۋاڭ خوجام جانابلىرى ناھايىتى مۇھىم
بىر ئىشنى ئوتتۇرىغا قويدىلا، بۇ ئىشلار، ئاددىسى، ھەربىر
ئائىلىنىڭمۇ تەربىيىسىگە باغلىق بولۇپ قالىدىكەن. «بالاڭنى
ئەدەپكە ئۆگەتمىسەڭ نەسلىڭ قۇرۇيدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا
بىز ياخشى خۇلق تەربىيىسى ئېلىپ بارساق، بۇنى مەكتەپلەردىن
باشلاپ جامائەت ئىچىگىچە ئېلىپ بارساق دەيمەن. مەن ھەزرەت-
لىرىگە يېقىنقى يىللاردىلا ئۆتكەن ئىككى باي ھەققىدىكى مۇنداق
بىر ۋەقەنى ئېيتىپ بەرسەم دەيمەن. ئويلىغان ئىشلار ئۇچۇن
ئاز ـ تولا پايدىسى بولۇپ قالارمىكىن.

— قېنى دېسىلە، شاسېلىمبەگ، قايسى ئىككى باينى

دېدىلا، ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى ۋاڭ.

شاسېلىمبەگ تۆۋەندىكى ۋەقەنى قىسقارتىپ، قىزىقارلىق قىلىپ ۋاڭغا سۆزلەپ بەردى:

شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان مەھەللەرنىڭ بىرىدە ئىككى باي ئۆتكەن بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى نەجمىدىن باي، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى پەخرىدىن باي ئىدى. نەجمىدىن باي ئىچىدە ھېساب - چوت سوقۇپلا يۈرۈيدىغان، خەير - ساخاۋەتتى كەمرەك، نەزىر -نۇزرەتلەرنى ئاز قىلىدىغان، ئەمما بەش ناماز ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى مۇشۇ يۇرتنىڭ چوڭ بايلىرىدىن بولۇپ، ئۈچ ئوغۇللۇق بولغان. ئىككى ئوغلى ۋە ئايالى ئۆزىدىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتكەچكە، نەجمىدىنلا دادىسىنىڭ بىردىنبىر مىراسخورى بولۇپ، دادىسىدىن قالغان بارلىق مىراسقا ئىگە بولغانىكەن. ئۇ دادىسىدىن قالغان مال - مۈلۈكنى بۇزۇپ - چاچماي، سودىگەرچىلىك قىلىپ، بىرنى بىر نەچچە ھەسسىگە كۆپەيتىپ تېخىمۇ بېيىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى يەردە چوڭ باغلىرى، باغ ئىچىدە سارايلىرى، شەھەردىمۇ چوڭ دەرۋازىلىق ئۆيلىرى بار ئىكەن. ئات، كالا، قوي، ئۆچكىلىرى كۆپىيىپ نەچچە يۈز تۇياققا يېتىپتۇ. ئەپسۇسكى، نەجمىدىن باي كۆرۈنۈشتە باي ئادەملەردەك كۆرۈنمەيتتى. ئادىيلا رەختلەردىن كىيىم كىيىپ، يىرتىلسا تىكىپ، تېشىلسە ياماپ، گاداي سۈپەت يۈرەتتى. ئۆيدە بولسا ئۇن، گۈرۈچ، گۆش، ماي، ئوتۇندىن تارتىپ ھەممە نەرسىنى ئۆلچەم بىلەن ئىشلىتىش ئۇنىڭغا ئادەت ئىدى. ئۇ تاپقان - تۇتقان بايلىقىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاتائالانىڭ يولىنى تۇتۇپ، بەش ۋاقىتلىق نامازنى ۋاقتىدا ئۆتەپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن ئاللاتائالا ماڭا ھىممەت ئاتا قىلىپ، مېنىڭ بېشىمنى سىلىدى دەپ ئويلايدىكەن. شۇڭا ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆز بايلىقىنى كېڭەيتىش بىلەن شۇغۇللانسا يەنە

بىر تەرەپتىن جان دىلى بىلەن مەھەللىنىڭ ئىمامەتچىلىكىنى قىلىپ ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى قىز، تۆت ئوغلى بولۇپ، ھەممىسىنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ بوپتۇ. قىزلىرىنى بولسا باي، بەگ جەمەتلەرگە بېرىپ، قوي، كالىلىرىنى ئاۋۇتقان بولسا، ئوغۇللىرىغا قول ئىلكىدە بىر نەرسىسى يوق، ئازراق تويلۇق بەرسىلا رازى بولىدىغان كىشىلەرنىڭ قىزلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئوغۇللىرىنىڭ تويىدىمۇ كۆپ چىقىم قىلماپتۇ.

ئەمدى پەخرىدىن بايغا كەلسە، ئۇ ئوچۇق كۆڭۈل، چىقىشقاق، كۆڭلىدە نىمە بولسا شۇنى دەيدىغان چاقچاقچى ئادەم ئىدى. ئۇنىڭغا ئاتا - ئانىسىدىن ھېچقانداق مال - دۇنيا مىراس قالماپتۇ. ئۇ كىچىكىدىلا ھۈنەر ئۆگىنىشكە ھەۋەس قىلىپ، چوڭ بولغاندا ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، موزدۇزچىلىق قاتارلىق ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىۋاپتۇ. «ھۈنەر قىلساڭ ئۈنەر» دېگەندەك ئۇ قايسى ئىشنى قىلىشقا توغرا كەلسە شۇنى قىپتۇ. بىر كۈننىمۇ بىكار ئۆتكۈزمەپتۇ. ئۇنىڭ ئايالىمۇ جان كۆيەر، قولى ئەپلىك، ئىشچان ئايال بولۇپ، پەخرىدىن باينىڭ تاپقانلىرىنى بۇزۇپ - چاچماي، ئورۇنلۇق ئىشلىتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارمۇ بېيىپتۇ. ئايالى ئون ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغقانىكەن. بۇلارنىڭ تۆتى قىزىل چىقىپ ئۆلۈپ كېتىپ، قالغان ئالتە ئوغۇل، ئىككى قىزى ئۆي - ئوچاقلىق بوپتۇ. ئاتىنى دورىغلى ئوغۇل كېرەك، ئانىنى دورىغلى قىز كېرەك دېگەندەك، ھەممىسىلا ئەدەپ ئەخلاقتا، ھۈنەر - كەسىپتە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپتۇ.

پەخرىدىن باينىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ئىككى تۈگمىنى، بىر يۈپمىگى، بىر بۆز توقۇش دۇكىنى، يەنە نۇرغۇنلىغان ئۆي، جاي، مال - ۋارانلىرى بار ئىكەن. پەخرىدىن باي كىچىكىدە ئوقۇمىغانىكەن. لېكىن ئۇ ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ھەممىسىنى

دەيدىلا، ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى ۋاڭ.

شاسىلىمبەگ تۆۋەندىكى ۋەقەنى قىسقارتىپ، قىزىقارلىق قىلىپ ۋاڭغا سۆزلەپ بەردى:

شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەرنىڭ بىرىدە ئىككى باي ئۆتكەن بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى نەجمىدىن باي، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى پەخرىدىن باي ئىدى. نەجمىدىن باي ئىچىدە ھېساب - چوت سوقۇپلا يۈرۈيدىغان، خەير - ساخاۋىتى كەمرەك، نەزىر - نۇزرەتلەرنى ئاز قىلىدىغان، ئەمما بەش ناماز ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى مۇشۇ يۇرتنىڭ چوڭ بايلىرىدىن بولۇپ، ئۈچ ئوغۇللۇق بولغان. ئىككى ئوغلى ۋە ئايالى ئۆزىدىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتكەچكە، نەجمىدىنلا دادىسىنىڭ بىردىنبىر مىراسخورى بولۇپ، دادىسىدىن قالغان بارلىق مىراسقا ئىگە بولغانىكەن. ئۇ دادىسىدىن قالغان مال - مۈلۈكنى بۇزۇپ - چاچماي، سودىگەرچىلىك قىلىپ، بىرنى بىر نەچچە ھەسسىگە كۆپەيتىپ تېخىمۇ بېيىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى يەردە چوڭ باغلىرى، باغ ئىچىدە سارايلىرى، شەھەردىمۇ چوڭ دەرۋازىلىق ئۆيلىرى بار ئىكەن. ئات، كالا، قوي، ئۆچكىلىرى كۆپىيىپ نەچچە يۈز تۇياققا يېتىپتۇ. ئەپسۇسكى، نەجمىدىن باي كۆرۈنۈشتە باي ئادەملەردەك كۆرۈنمەيتتى. ئاددىيلا رەختلەردىن كىيىم كىيىپ، يىرتىلسا تىكىپ، تېشىلسە ياماپ، گاداي سۈپەت يۈرەتتى. ئۆيدە بولسا ئۇن، گۈرۈچ، گۆش، ماي، ئوتۇندىن تارتىپ ھەممە نەرسىنى ئۆلچەم بىلەن ئىشلىتىش ئۇنىڭغا ئادەت ئىدى. ئۇ تاپقان - تۆگكەن بايلىقىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاتائالانىڭ يولىنى تۇتۇپ، بەش ۋاقىتلىق نامازنى ۋاقتىدا ئۆتەپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن ئاللاتائالا ماڭا ھېممەت ئاتا قىلىپ، مېنىڭ بېشىمنى سىلىدى دەپ ئويلايدىكەن. شۇڭا ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆز بايلىقىنى كېڭەيتىش بىلەن شۇغۇللانسا يەنە

بىر تەرەپتىن جان دىلى بىلەن مەھەللىنىڭ ئىمامەتچىلىكىنى قىلىپ ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى قىز، تۆت ئوغلى بولۇپ، ھەممىسىنى ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ بوپتۇ. قىزلىرىنى بولسا باي، بەگ جەمەتلەرگە بېرىپ، قوي، كالىلىرىنى ئاۋۇتقان بولسا، ئوغۇللىرىغا قول ئىلكىدە بىر نەرسىسى يوق، ئازراق تويلۇق بەرسىلا رازى بولىدىغان كىشىلەرنىڭ قىزلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئوغۇللىرىنىڭ تويىدىمۇ كۆپ چىقىم قىلماپتۇ.

ئەمدى پەخرىدىن بايغا كەلسە، ئۇ ئوچۇق كۆڭۈل، چىقىشقاق، كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى دەيدىغان چاقچاقچى ئادەم ئىدى. ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىسىدىن ھېچقانداق مال ـ دۇنيا مىراس قالماپتۇ. ئۇ كىچىكىدىلا ھۈنەر ئۆگىنىشكە ھەۋەس قىلىپ، چوڭ بولغاندا ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، موزدۇزچىلىق قاتارلىق ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىۋاپتۇ. «ھۈنەر قىلساڭ ئۈنەر» دېگەندەك ئۇ قايسى ئىشنى قىلىشقا توغرا كەلسە شۇنى قىپتۇ. بىر كۈنىمۇ بىكار ئۆتكۈزمەپتۇ. ئۇنىڭ ئايالىمۇ جان كۆيەر، قولى ئەپلىك، ئىشچان ئايال بولۇپ، پەخرىدىن باينىڭ تاپقانلىرىنى بۇزۇپ ـ چاچماي، ئورۇنلۇق ئىشلىتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارمۇ بېيىپتۇ. ئايالى ئون ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغقانىكەن. بۇلارنىڭ تۆتى قىزىل چىقىپ ئۆلۈپ كېتىپ، قالغان ئالتە ئوغۇل، ئىككى قىزى ئۆي ـ ئوچاقلىق بوپتۇ. ئاتىنى دورىغىلى ئوغۇل كېرەك، ئانىنى دورىغىلى قىز كېرەك دېگەندەك، ھەممىسىلا ئەدەپ ئەخلاقتا، ھۈنەر ـ كەسىپتە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپتۇ.

پەخرىدىن باينىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ئىككى تۈگمىنى، بىر يۇپىڭى، بىر بۆز توقۇش دۇكىنى، يەنە نۇرغۇنلىغان ئۆي، جاي، مال ـ ۋارانلىرى بار ئىكەن. پەخرىدىن باي كىچىكىدە ئوقۇمىغانىكەن. لېكىن ئۇ ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ھەممىسىنى

ئوقۇتۇپ قۇرئان تامام قىلغۇزۇپتۇ. ياخشى ئەخلاق ئۆگىتىپ راستچىل ۋە پاك بولۇشقا دەۋەت قىپتۇ. شۇڭا بۇ بالىلار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق، بىر ـ بىرىدىن ئەدەپلىك، نومۇسچان، هايالىق ئادەملەردىن بوپتۇ.

يۇقىرىقى ئىككى باينىڭ مىجەز ـ خۇلقى بىر ـ بىرىگە ئانچە ئوخشىمىسىمۇ ياش قۇرامى ئانچىۋالا پەرقلىنىپ كەتمەگەچكە، «بۇرادەر» دېيىشىپ يېقىن ئۆتىدىكەن.

بىر كۈنى نامازدا نەجمىدىن باي سالپىيىپ مەسچىتكە كىرىپ كەپتۇ، ئۇ هېچكىمگىمۇ گەپ ـ سۆز قىلماي مېهرابقا ئۆتۈپ نامىزىنى باشلاپتۇ. هەممىسى ئىمامغا ئىقتىدا قىپتۇ. لېكىن ناماز ئاخىرلىشاي دېگەندە نەجمىدىن باي سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرمەپتۇ. بۇ هالنى سەزگەن پەخرىدىن باي دەرهال بېشىنى كۆتۈرۈپ نەجمىدىن بايغا قاراپتۇ. بۇ چاغدا نەجمىدىن باي ئاستا بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ يىقىلىپتۇ.

— بالا دېگەنگە كىچىكىدىن تەربىيە قىلمىسا، باشقا بالا بولىدۇ دېگەن مۇشۇ. مانا بۇ ئالتە بالا تاغدەك يۆلەك بولۇپ تۇرغان دادىسىنىمۇ تۇگەتتى، — دېگىنىچە پەخرىدىن باي بۇرادىرىنىڭ بېشىنى يۆلەپ، يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرىنى ئاستا ئېچىپ كۆزىنىڭ قارىچۇقىغا قاراپتۇ:

— هەي جامائەت، جان بار ئىكەن، جېنى بار ئىكەن، قانداق قىلايلى؟

— ئوغۇللىرىنى چاقىرايلى.

ئىككى ئوغلى يېتىپ كېلىپ دادىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. پەخرىدىن باي ئۇلارنىڭ ئارقىدىن شاپاشلاپ ئۆيگە يېتىپ كېلىپ قارىسا، نەجمىدىن باي ئۆيىنىڭ تۆرىدە سىندۇرۇپ قويغاندەك ياتقۇدەك.

— بۇرادىرىم، قانداق ئەهۋاللىرى، نېمە بولدىلا؟

نەجمىدىن باي سول تەرىپىنى ئىشارە قىپتۇ. دېمەك، سول تەرىپى تۇتماس بولۇپ قالغانىكەن.

— ھەي، ھەي، ھەي، بۇمۇ ئاچچىـقـتـىـن بولغان گەپ، — دەپتۇ پەخرىدىن باي.

نەجمىدىن باي كۆزىگە ياش ئاپتۇ.

دېگەندەك نەجمىدىن باي ياش چاغلىرىدىن تارتىپلا پۇل مالنىڭ كويىغا چۈشۈپ كېتىپ، بالىلىرىغا ياخشى تەربىيە قىلمىغانىكەن. بىرى ھورۇن - بولۇمسىز، بىرى بەڭگى، قىمارۋاز، بىرى مەددال، ئوغرى بولۇپ چوڭ بوپتۇ. بالىلار چوڭ بولغاندىن تارتىپ تا بۇگۈنكى كۈنگىچە بۇ ئۆيدىن ماجىرا تۈگەپ باققىنى يوق ئىكەن. تېرىم ۋاقتى بولسا كالا - ئۆيلارنى تالىشىپ، تېپىن ۋاقتى بولسا ئات - ئېشەكلەرنى تالىشىپ، قۇربان ھېيت بولسا قوي تالىشىپ، تويلىرى بولسا ئۆي تالىشىپ زادىلا تىنچ ئۆتمەپتۇ. ھەتتا ھەممىسى ئۆيلۈك، بالىلىق بولۇپ كېتىپ-مۇ دادىسىدىن رىسقىنى ئۈزەلمەي بىر دەم پۇل، بىردەم ئاشلىق، بىردەم مال دەپ كېلىپ دادىسىنى خاپا قىلىدىكەن. قىمارۋاز ئوغلىغۇ ئۇتتۇرۇۋېتىپلا، ئەسكى يوتقاننىڭ ئۇتتۇرىسىنى تېشىپ، تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ، مەھەللىنىڭ چېتىدىكى دۆڭنىڭ بېشىغا چىقىپ ئولتۇرىدىكەن. نەجمىدىن باي نومۇستىن مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلىپ، ئوغلىغا بەش كورە، ياكى بىرەر تاغار بۇغداينى بېرىدىكەن.

دادىسى ئاغرىپ قالغاندا ئالتە بالا دادىسىنىڭ مال - دۇنياسىنىڭ غېمىگە چۈشۈپ بىرەر ھەپتە تىنجىپ قېلىشقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز پەيلىدىن قايتىشماپتۇ. تېۋىپ قانچە - قانچە قېتىملار بالىلارغا نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ كار قىلماپتۇ.

پەخرىدىن باي كۆندە دېگۈدەك بۇرادىرىنى يوقلاپ تۇرىدىكەن. نەجمىدىن باي بىر كۈنى پەخرىدىن بايغا مۇنداق دەپتۇ:

— ھېسابلاپ كۆرسەم سەكسەنگە يېقىنلاپ مېڭىپتىمەن. ئاللاتائالانىڭ يولىدىن چىقماي، ئىمانىمنى ساپ تۇتۇپ كەلگىنىم ئۈچۈن ئاللاتائالانىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىپ كەلدىم شۇڭا ئاللادىن تېزدىن ساقىيىپ كېتىشىمنى تىلەۋاتىمەن. ناۋادا، خۇدايىم ئۆمرۈمنى ئۇزۇن قىلسا ئاللاتائالا ئۈچۈن يولۇمنى كەڭ تۇتار-مەن، ناۋادا ئاللاتائالا، «كەل قولۇم» دېسە، ئاللانىڭ ھوزۇرىغا سېغىنارمەن.

— شۇنداق، — دەپتۇ پەخرىدىن باي بېشىنى ئېگىپ تەئەججۈپ بىلەن، — ناۋادا رىسقىلىرى زىيادە بولسا، ئاللا ئۈچۈن خەير - ساخاۋەتلىرى كەم بولماس، ئەگەر، خۇدايىم «تەندىكى ئامانەتنى تاپشۇر» دېسە، ئۆزلىرىنى ئاللاتائالانىڭ جا-يى جەننەتلىرى كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇر.

نەجمىدىن باي پەخرىدىن باينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى سەل بىئارام بوپتۇ. ئۇ كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ بىردەم جىم ياتقاندىن كېيىن پەخرىدىن بايغا ئىتتىك بۇرۇلۇپ:

— دېگەنلىرى بەرھەق، — دەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە نېرىقى مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر ياش يىگىت تويۇقسىزلا كېسەل بولۇپ ۋاپات بوپتۇ. پەخرىدىن باي ئۇنىڭ نامىزىدىن يېنىپ ئۆيىگە كەپتۇ، — دە، ئولتۇرۇپ ئويلىنىپ قاپتۇ. «ھەر باشتا بىر ئۆلۈم، مېنىڭمۇ پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى، مۇنداق تويۇقسىز ئۆلۈملەردىن خۇدا ساقلىسۇن» ئۇ شۇ خىيالنى قىلىۋېتىپ باللىرىنى، ئۆزىنىڭ مال - مۈلۈك پۈتۈن بىساتىنى ئويلاپتۇ. ئاندىن ئۇ ئۆزۈندىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن بىر ئىشنى قىلغۇسى كەپتۇ — دە، بىر نەچچە كۈن شۇ ئىش بىلەن ئاۋارە بوپتۇ.

ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە يەنە نەجمىدىن باينى يوقلاپ كەپتۇ. نەجمىدىن باي پەخرىدىن باينى كۆرۈپ خوش بولۇپ

كېتىپتۇ ۋە نەچچە كـۈنـدىـن بىرى كەلمىگەننىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— ۋاي، باي بۇرادىرىم، — دەپتۇ پەخرىدىن باي نەجمىدىن باينىڭ يېنىغىراق سۈرۈلۈپ، — ئوغرى قوغۇنلۇققا كىرسە، خام پىششىقنى تاللىمىغىنىدەك ھازىر ئەرزائىلمۇ خام پىششىقنى ئايرىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، مانا قارىسىلا، بىر ئوبدان يۈرگەن ياپياش يىگىت نەچچە كۈن ئاغرىپلا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

سىلى بىلەن بىز قارىسىلا پىشىپ قالغان قوغۇن، — پەخرىدىن باي شۇ يەردىلا گېپىنى تۈگىتىپ جىم بوپتۇ. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولىغانىكەن. نەجمىدىن باينىڭ سارغايغان ياداڭغۇ چىرايىغا، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ نىيىتىدىن يېنىپتۇ. ئەمما نەجمىدىن باي پەخرىدىن باينىڭ چاقچاق قىلىۋاتقىنىنى چۈشىنىپ كۈلۈمسىرەپ دەپتۇ:

— ئۆزلىرى، بۇرادەر، يەرلىككە يېقىنراق، — دەپتۇ نەجمىدىن بايمۇ چاقچاق قىلىپ، — ئەرزائىل ئاۋۋال ئۆزلىرىگە كېلەرمىكىن.

— كېسەل ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى دېيىشىدۇ. ئەپسۇسكى، باي ئاكا، مېنىڭ ھازىرغىچە بىرەر يېرىمنىڭ ئاغرىغىنىنى بىلمەيمەن!

ئۇلار ئىككىسىلا كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

پەخرىدىن باي بېشىنى تۆۋەنرەك قىلىپ نەجمىدىن بايدىن يەنە سوراپتۇ:

— راست گەپ قىلسىلا باي بۇرادىرىم، كېسەللىرى قانداقراق؟

— ھەي، ئاللا ئىگەم شىپا بېرەر، بىر تەرىپىمنى زادىلا مىدىرلىتالمايمەن، — نەجمىدىن باي ھەسرەت بىلەن پەخرىدىن بايغا دەرد تۆكۈپتۇ، — بۇ باللىرىنىڭ دەردى مېنى ئۆلتۈرۈپ

قويمىغان ئوخشايدۇ. يا مەن ئۇلارغا بېرىپ تويغۇزالمىدىم. يا ئۇلار بىر ئىش تېپىپ ئىشلەپ ئۆز كۈننى ئۆزلىرى ئالمىدى، قانداق قىلغۇلۇق.

پەخرىدىن باي ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن نەچچە كۈندىن بېرى گەدەندىن ساقىت بىر ئىشنى قىلدىم، — نەجمىدىن باي «نېمە ئىش قىلدىڭ» دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپتۇ، — قايسى ئىشنى دېسىلە، نېرىقى مەھەللىدىكى ياش يىگىتنىڭ ئۆلۈمى مېنى چۆچۈتۈپ قويدى. ئاللاتائالانىڭ ئەمرى بىلەن ۋاقتى سائىتى كەلسە بىزگە ئەلھۆك. مىللا دېيىشتىن باشقا ئامال يوق. شۇڭا، دۇنيالىق ئىشنى ئاخىرەتكە قالدۇرماي دەپ ئون نەچچە كۈن بۇرۇن بىر ۋەسىيەت- نامە پۈتتۈرۈپ قويدۇم. دۇنيا، مال - مۈلۈك دېگەن قولنىڭ كىرى، مەن كەتسەم بالىلىرىم قالىدۇ. ئەلۋەتتە بار مال - مۈلكىم، ئۆي - جاي، باغ ۋاران، توگمەن، يۇپاڭلىرىمۇ بالىلىرىمغا قالىدۇ. لېكىن بۇنى ئۆز لەۋزىم بىلەن ئايرىپ قويمىسام، مەن ئۆلگەندىن كېيىن بالىلارنىڭ ئىچىدە ماجىرا چىقىدۇ. دۇنيا دېگەن يۈزى يوق نەرسە ئەمەسمۇ؟ پەخرىدىن باي بىردەم جىم بولۇپ، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — مەھەللىنىڭ چوڭ، كىچىكلىرىدىن ۋەكىل قىلىپ ئۆيگە نەچچە- سىنى چاقىردىم. ئاۋۋال بىر پاقلاننى سويۇپ مېھمان قىلدىم. ئاندىن جامائەت ئالدىدا راشىدىن قارىغا قەلەم تۇتقۇزۇپ، بۇرۇن- دىن كۆڭلۈمدە بۆلۈپ قويغان نەرسىلىرىمنى ھەر بىر بالىغا لايىقىدا بۆلۈپ ئېيتىپ بەردىم. راشىدىن قارى ئاق رەختكە قارا مىكە بىلەن پۈتتى. بالىلىرىم قول قوشتۇرۇپ پەستە قاراپ تۇردى. يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن راشىدىن قارى بالىلىرىمغا ئوقۇپ بەردى. بالىلىرىمنىڭ ھەممىسىگە بىر قۇر سەپسىلىپ قارىسام، ھەممىسىنىڭلا يۈزلىرىدە، كۆزلىرىدە خۇشاللىق تە-

بەسىۋمى پەيدا بوپتۇ. ئاخىر ۋەسىيەتنامىغا قولۇمنى قويدۇم. باللار بىردىنلا ماڭا ئېسىلىپ يىغلىشىپ كەتتى:

— سەن تېخى هايات، ساپساق تۇرۇپ نېمىشقا مۇنداق قىلىسەن، جېنىم دادا! — دېيىشتى.

— ئاللا ئالدىدا گەدىنىمدىن ساقىت قىلدىم. مال ـ دۇنيانى بولسا سىلەرنى دەپ يىغقان، مەندىن كېيىن هەممىڭلار ئىتتىپاق ئۆتۈپ بېشىمنى يوقلاپ تۇرۇڭلار! — دېدىم — ماڭا قارىسىلا باي بۇرادىرىم، ئىش ناهايىتى چىرايلىق ئۆتتى. مەن ئۆلسەممۇ كۆزۈم ئوچۇق كەتمەيدۇ. ئاشۇ قاراڭغۇ جايدا تىنچ ياتىمەن. مەن رازى. ئاللا رازى، باللارمۇ رازى.

نەجمىدىن باي بۇ ئىشنى ئاڭلاپ تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇ «پەخرىدىن باي سەنمۇ شۇنداق قىل دەۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. دېمىسىمۇ پەخرىدىن باي ئۇنىڭغا بىشارەت بەرگەنىدى. لېكىن نەجمىدىن باي ئۇچۇن بۇنداق قىلىش خىيالىغىمۇ كىرىپ باقمىغانىكەن. شۇڭا ئۇ كېيىنلا مۇنداق دەپتۇ:

— قويسىلا بۇ ئىشنى، قوي ئۆلەمدۇ، قوزا ئۆلەمدۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. تېخى بۇ دۇنيا ئۇزۇن دۇنيا، خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىلى قويلار ئۇچ يۈزگە، چوڭ ماللار، (ئات، تۆگە، كالا دېمەكچى) ئىككى يۈزگە يېتىپ قالغۇدەك، خۇدايىم سالامەتلىكىمنى بەرسە، ماۋۇ ئۆيلەرنى بۇزۇپ، ئارقى ـ ئالدى جولۇقولۇق، تاش تارتمىلىق ئۆيلەر سالاي دەيمەن.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، ئاللاتائالا نىيەتلىرىگە يەتكۈزگەي، ئامىن!

پەخرىدىن باي دۇئا ياندۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. نەجمىدىن باي ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن قىشنىڭ ئەڭ سوغۇق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ۋاپات بوپتۇ.

يەتتە نەزىر كۈنى ئالتە بالا ئوتتۇرىسىدا ماجىرا چىقىپتۇ.

ئالته بالا دادىسىنىڭ ئۆيىدىن قولىغا ئىلەشكۈدەكلا نەرسە بولسا ئېلىپ ئۆيلىرىگە توشۇشۇپتۇ. نەزىرگە كەلگەن جامائەت ماجىرا- نى ئايرىيالماپتۇ. شۇ ئەسنادا پەخرىدىن باي هويلىدا پەيدا بولۇپ بۇ ئاتمىش جان بولۇپ غەلۋە - غوۋغا قىلىشۋاتقان ئالته جاننى ئەيىبلىمەپتۇ. ھەتتا غەلۋىنى ئايرىپمۇ قويماپتۇ.

— بۇ شۇنداق ئىش، — دەپتۇ ئۇ بېشىنى لىڭ - شىتىپ، — بۇ كىشى مال - دۇنيانى نېمىشقا يىغىپتۇ؟ يا ئاللانىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ بارماقچىمىكەن؟ داداڭلار سىلەرنىڭ ئاراڭلارغىلا ئەمەس، بالاڭلاردىن بالاڭلار ئارىسىغا چوڭ پىتنە - غوۋغا تېرىپ قويۇپ كەتتى. بۇنىڭ ھېسابىنى قىيامەتتە بېرۇر.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ پەخرىدىن بايمۇ قازا قىپتۇ. مانا بۇ ئىككى باينىڭ جەمەتى ھازىر ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى. نەجمىدىن باينىڭ جەمەتى ئارىسىدا پىتنە - غوۋغا، ئۇرۇش - تالاش ئۆكسىمەي بولۇپ تۇرىدۇ. بىر بىرىنىڭ توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، ئۆلۈم - يېتىملىرىگە بېرىشمايدۇ. مەھەللىدە ئۇرۇش - تالاش بوپتۇ دېسە «ھە، ھېلىقى نەجمىدىن باينىڭ بالىلىرىدۇ شۇ» دېيىش ئادەت بولۇپ قالدى. بۇلاردىن كىشى- لەرمۇ بىزار. پەخرىدىن باينىڭ جەمەتىدىكىلەر بولسا بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى ئىتتىپاق ئۆتىدۇ. بىر بىرىنىڭ ياخشىسى- نى ئېچىپ، يامىنىنى يېپىپ، كەم يەرلىرىنى تولدۇ- رۇپ، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، ئۆلۈم - يېتىملەردە بىللە بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ دەردىگە يېتىدۇ. . . — شاسى- لىمبەگ ھېكايىسىنى توگىتىپ ۋاڭغا قارىدى. ۋاڭ ئېغىر خور- سىنىپ نەمتۇللا تەيجىگە قارىدى. نەمتۇللا تەيجى بىر نەرسە دەپ قوشۇمچە قىلاي دەپ تۇرىۋىدى شاسىلىم بەگ سۆزىنى داۋام- لاشتۇرۇپ:

— مانا بۇ ئىككى باينىڭ ئوغۇللىرىغا قاراپ باقايلى، پەخرىدىن باينىڭ چوڭ ئوغلى تۇرپاننىڭ چوڭ مەدرىسىدە ئوقۇپ كېلىپ، بۇ يەردىكى چوڭ مەدرىستە مۇدەرىس بولدى. ئىككىنچى ئوغلى ھەم تۇرپان چوڭ مەدرىسىنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ بۇ يەردىكى بىر مەسچىتكە مەزىنلىك قىلىدۇ. قالغان ئوغۇللىرى يەر تېرىيدۇ ۋە مۇئەللىملىك قىلىدۇ. نەجمىدىن باينىڭ ئوغۇللىرىغا كەلسەك، چوڭ ئوغلى جانابلىرىغا مەلۇم بولغان ھېلىقى رەناخاننىڭ ئېرى سېلىمساق بەگ، ئىككىنچىسى بولسا سوۋۇر- بەگ بىلەن بىرلىشىپ يۈرگەن ئەشرەپ، يەنە بىرسىمۇ كىچە - كۈندۈز ئوغرىلىقتىن بېرى كەلمەي، «توخۇ كانتوسى» دەپ نام ئالغان باقى، كىچىكى بولسا يېتىشىپ چىقىۋاتقان پىتنىخور، يالغانچى، ئالدامچى كاززاپ شامەت. بۇلارنىڭ ئەسكى نامى بۇ شەھەرگە پۇر كەتتى. . .

— بىر شەھەردە مىجەزى ئوسال، ئەدەپسىز، ھاياسىز، نىيىتى بۇزۇق بىر نەچچە ئادەم بولسا شۇ شەھەرنى بۇلغايدۇ. ئۇلار بەندىلەرنىڭ تىنچ، پاراۋان تۇرمۇشىغا چۈشكەن مىتە، بۇنداق مىتىلەرنى يوقىتىشنىڭ دورىسىنى ئويلىمىساق بولمايدۇ، — دېدى نەمىتۇللا تەيجى.

— بۇ ئىللەتلەر تارىختىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىللەتلەردۇر. شۇنداقتىمۇ بىز ھەم بىزنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرىمىز بۇنى يوقىتىش ئۈچۈن دائىم ئويلىنىشى كېرەك. مېنىڭچە، ئوردىدىن بىر كىتاب تۈزەيلى، بۇ كىتابنىڭ نامى «ياخشى خۇلق ئىككى ئالەم‌ــلــكــتۇر» بــولــسۇن، كىرگۈزۈلىدىغان مەزمۇنلار، — ۋاڭ كېپىنى شۇ يەردە توختىتىپ يېنىدا ساڭگىلاپ تۇرغان سېرىق يىپەك يىپنى تارتتى. قوڭغۇراق جىرىڭلىدى. مەلۇمچى ئالدىراپ كىرىپ ۋاڭغا قۇللۇق قىلدى.

— سىز چىقىپ باش مۇنشىنى باشلاپ كىرىڭ، قەغەز

قەلەم ئېلىپ كىرسۇن!

— خوش، ۋاڭ خوجام، — دېگىنىچە مەلۇمچى چىقىپ
كېتىپ باش مۇنشىنى باشلاپ كىردى. باش مۇنشى ۋاڭغا ھۆر-
مەت، ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن ۋاڭنىڭ يېنىغىراق ئول-
تۇردى.

— باش مۇنشى جانابلىرى، — بىز ئوردىدىن بىر
كىتاب تۈزمەكچى بولدۇق. بۇنىڭ نامى ۋە مەزمۇنلىرىنى ئېي-
تىپ بېرىمەن. خاتىرىلەپ قويۇپ ئولتۇرغان بەگلەرگە ھەم ماڭا
ئىككى نۇسخا كۆپەيتىپ تاپشۇرۇپ بەرسىلە.

— خوش، ۋاڭ خوجام، باش ئۈستىگە.

ۋاڭ ئۆزى ئويلىغان مەزمۇنلارنى بىر بىرلەپ ئېيتتى. باش
مۇنشى خاتىرىلىدى:

— كىتابنىڭ نامى «ياخشى خۇلق ئىككى ئالەم-
لىكتۇر»، كىتاب ئىچىدىكى چوڭ مەزمۇنلار، بىرىنچى، بالاڭ-
نى ئەدەپكە ئۆگەتمىسەڭ، نەسلىڭ قۇرۇيدۇ. ئىككىنچىسى،
ئىلىم ئۆگىنىش - ياخشى پەزىلەتتۇر. ئۈچىنچى، ئاتا - ئانىنى
خوش قىلىش خۇدانىڭ رازىلىقىدۇر. تۆتىنچى، مال - دۇنيارىڭ
بولسا، بالىلىرىڭنى رازى قىل، ئاجىز يېتىم - يېسىرلارغا
خەير - ساخاۋەت قىل، بەشىنچى، پىتنىخور، ھەم يالغانچى
بولما، پىتنىخور بىلەن يالغانچى ھەر جايدا خاردۇر. ئالتىنچى،
ئەخمەقلىق ۋە ئەدەپسىزلىك بىلەن تېۋىپ ئالدىغا بارغىلى بولماي-
دۇ. يەتتىنچى، ياخشى نام قالدۇرۇش شەرەپ، يامان نام قالدۇ-
رۇش نومۇس. سەككىزىنچى، توۋا قىلساڭ، گۇناھىڭ كەچۈرۈ-
لىدۇ. توققۇزىنچى، ياخشى كۈن كۆرۈشنى ئويلىساڭ، ھۈنەر،
كەسىپ ئۆگەن. ئونىنچى، يۇرت ۋە خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن
خىزمەت قىلساڭ، نامىڭ ئۆچمەس، — ۋاڭ بۇلارنى دەپ
بولۇپ يەنە بىر ئاز ئويلىنىپ قالدى. ئەتراپتىكىلەر كۆڭلىدە

ۋاڭنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى، — بولدى، — دېدى
ۋاڭ، — كۆڭلۈمگە كەلگەن پىكىرلەرنى ئېيتتىم. كەم جايلى-
رى بولسا بەگلىرىم تولۇقلىسۇن. ھەربىر مەزمۇن ئۇن بەتتىن
يىگىرمە بەتكىچە بولسۇن. مەسىلەن: بىرىنچى ماۋزۇنى ئويلى-
شىپ كۆرەيلى. بۇ ئانىنىڭ بالىغا بولغان تەربىيىسى. ئاتىنىڭ
بالىغا بولغان تەربىيىسى، ئاتا - ئانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەدەپ -
ئەخلاقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قانداق دې-
دىم، — دېدى ۋاڭ بەگلەرگە قاراپ:
— ۋاڭ خوجامنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا، بۇ كىتابنى يېزىش
بىزنى قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە ھۆددىسىدىن چىقىمىز، —
دېدى نەمىتۇللا تەيجى. شاسىلىمبەگ يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى
ئويلىغان ھالدا جىمجىت ئولتۇراتتى. بۇ چاغدا مەلۇمچى:
— ئامبال جانابلىرى كىردى، — دەپ ئۇنلۇك خەۋەر
قىلدى.
— كىرسۇن، — دېدى ۋاڭ.
خان ئامبىلى بىر قانچە ئەمەلدارلىرى بىلەن يېتىپ كىرىپ
ۋاڭغا تەزىم قىلدى.
— ئىجازەت، ئامبال جانابلىرى ئولتۇرغايلا، — دېدى
ۋاڭ. لېكىن ئامبال ئولتۇرماي شۇنداق دېدى:
— خان ئالىيلىرىدىن يارلىق چىقتى. يارلىقنى يەتكۈزگە-
لى كىرگەنىدىم.
— خوش، خان ئالىيلىرى ياشىسۇن! — دېدى ۋاڭ.
ئامبال سېرىق قومۇش ئىچىگە تىقىلغان يارلىقنى ئالدى ۋە
تىزلىنىپ، بېشىغا كۆتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆرە بولۇپ
ۋاڭغا تۇتتى. ۋاڭ تەختتىن پەسكە چۈشۈپ يارلىقنى ئېلىپ سەل
پۈكۈلۈپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئېچىپ كۆرگەچ سىدىقبەگ
تۇڭچىنى چاقىرتتى. سىدىقبەگ تۇڭچى كىرىپ ۋاڭغا قوللۇق

قىلغاندىن كېيىن قولىدىكى خاننىڭ يارلىقىنى ئېلىپ لىۋىگە تەگكۈزۈپ قويۇپ ئوقۇشقا باشلىدى، يارلىقنىڭ مەزمۇنىدا: مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ باشچىلىقىدا تۇرپان ۋاڭى، ئىلى ھاكىم-بېگى، قەشقەر ھاكىمبېگى، خوتەن ھاكىمبېگى كېلەر يىلى ئۆزلىرى خالىغان چاغدا بېيجىڭگە كېلىپ خاننى زىيارەت قىلىش بۇيرۇلغاندى. يەنە يارلىقنىڭ ئاخىرىدا بۇ بەگلەر بېيجىڭدا كۈتۈۋېلىنىپ، خاننىڭ يازلىق سەيلىگاھى چېڭدېدە زىيارەتتە بولۇشى ئەسكەرتىلگەنىدى. يارلىق ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ۋاڭ بېشىنى ئېگىپ تەزىم بىلەن «خان ئالىيلىرىغا ھەشقاللا» دەپ يارلىقنى قولىغا ئالدى.

— جانابلىرى ۋاقىتنى مۆلچەرلەپ بەرسىلە، بىز يارلىقتا كۆرسىتىلگەن ۋاڭ ۋە ھاكىم بەگلەرگە خانلىقنىڭ يارلىقى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىمىز. ئۇلار بېيجىڭغا مېڭىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن قومۇلغا يېتىپ كېلىپ ئالىيلىرىدىن يول خېتى ئېلىشى كېرەك، — دېدى ئامبال كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا ئولتۇرۇپ بولۇپ.

ۋاڭ سەل ئويلىنىپ:

— كېلەر يىلى نورۇز بايرىمىدىن كېيىن يولغا چىقساق بولىدۇ، — دېدى. ئامبال خىزمەتچىسى بۇ گەپنى خاتىرىلەپ ئالدى.

خان ئامبىلى ھەر قېتىم يارلىقنى ئېلىپ كىرگەندە زىياپەت ھەم سوۋغىدىن بەھرىمەن بولاتتى. ئەسلىدە ۋاڭ دەسلەپكى قېتىملاردا ئامبال يارلىق ئېلىپ كىرگەندە ئانچە - مۇنچە مېھ-مان قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇشنى ئويلىغانىدى. ئەمما ئامبال زىيا-پەت ئۈستىدە ۋاڭدىن سوۋغىچە تەلەپ قىلدى. ۋاڭ مەردلىك قىلىپ بىر نەچچە يامبۇ، بىر توپ رەخت سوۋغىچە بېرىپ يامان ئۆگىتىپ قويغانىدى. بۇگۈنمۇ ئامبال شۇ تەمەدا ۋاڭغا قاراپ

يالغان كۆلۈپ خۇشامەت قىلىشقا باشلىدى:

— ۋاڭ ئالىيلىرىنىڭ تەلىيى كەلدى. قارىغاندا خان ئالىيلىرى جانابلىرىنىڭ مەنسەپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، مېھ-رىبانلىق خېنىمغا پوجۇڭ دېگەن نامنى بېرىدۇ، — دېدى.

بۇ گەپلەردىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ قالغان ۋاڭ بۇ قېتىم خان ئامبىلغا سۆيۈنچىنى كۆپرەك بەردى. زىياپەتنى مول قىلدى. لېكىن ئامبال ئالغانچە ئالغۇسى كېلىپ زىياپەت ئاخىرلاشقاندا كۆڭلىگە پۈكۈپ كىرگەن بىر نەرسىنى سورىدى:

— ۋاڭ ئالىيلىرىنىڭ قولى بەك ئوچۇق، ھەممەتلىرىدىن ئادەمنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئالىيلىرىنىڭ ھەر-قايسى جەھەتلەردىكى بايلىقى ھەددى ھېسابسىزدۇر. يېقىندا با-رىكۆلدىكى لەشكەرلەر باشلىقىدىن ئاڭلىسام، بارىكۆل يايلىقىدى-كى ئاتلار ھەددى - ھېسابسىز ئاۋۇپ كېتىپتۇ. شۇڭا جانابلىرى-دىن ماڭا ئىككى جۈپ ئات ھەدىيە قىلىشلىرىنى ئىلتىماس قىلىمەن.

ۋاڭ بۇنى ئاڭلاپ كۈلدى ۋە:

— بولىدۇ، بارىكۆلگە ئۆزىڭىز بېرىپ تاللاپ ئېلىڭ، — دېدى.

خان ئامبىلى چەكسىز خۇشامەت ھەم خۇشاللىق ئىچىدە ئورنىدىن قايتتى.

لېكىن، كېيىن ئۇ بارىكۆلگە ئات ئالغىلى چىقىپ ئىككى جۈپ ئەمەس، ئون جۈپ ئات ئەپكېلىپ ساتقان. بۇنى بىلگەنلەر ۋاڭغا ئېيتقاندا، ۋاڭ كۈلۈپلا قويغان.

## ئون بىرىنچى باب

بۇ يىل قىش قار ناھايىتى كۆپ ياغدى. ھەرىيلى باش ئەتىيازدا بولىدىغان جۇدۇن ـ چاپقۇن بۇ يىل بولمىدى. بۇ ھال يەنە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىكى مول ھوسۇلدىن دېرەك بېرەتتى.

قىش كېتىپ كۇنلەر ئىسسىقا باشلىدى، مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ بېيجىڭگە بېرىپ خاننى زىيارەت قىلىش ئۇچۇن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەييارلىقى ئۆتكەن يىلى كەچ كۇزدىن ھازىرغىچە داۋاملاشتى. بۇ ئىش تۇپەيلىدىن پۇتۇن قۇمۇل خەلقىمۇ ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى. بىر ھەپتىدىن بېرى ۋاڭ ئوردىسىدىن تارتىپ چوڭ يوللارغىچە، ھەتتا چوڭ يوللارغا تۇتاش كوچىلارغىچە پاكىزە تازىلىنىپ، تاملار ئاقارتىلىپ، ئىشىك ـ پەنجىرىلەر تازىلاندى. ئۆگزىلەرگە بايراقلار قادالدى. تاملارغا رەڭدار لوزۇنكىلار ئېسىلدى. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ بىرىنچى ئىشىكىگە يېشىل تاۋارغا كالۋۇتۇن يىپتا كەشتىلەنگەن، ئېغىزلىرىدىن بوران چىقىرىپ تۇرغان ئەجدىھا سۇرەتلىك بايراق؛ ئىككىنچى ئىشىككە مايسىرەڭ تاۋارغا سېرىق ھەم ئاق كالۋۇتۇن يىپتا كەشتىلەنگەن ئاغزىدىن ئوتلار چاقناپ تۇرغان شىر سۇرەتلىك بايراق؛ ئۇچىنچى ئىشىككە سېرىق تاۋارغا ۋاڭ تامغىسىنىڭ شەكلى كەشتىلەنگەن بايراق؛ تۆتىنچى ئىشىككە سۆسۈن تاۋارغا سېرىق ئالتۇن كالۋۇتۇن يىپ بىلەن قۇياش

سۈرىتى كەشتىلەنگەن بايراق؛ بەشىنچى ئىشىككە قىزىل تاۋارغا يۇلتۇز، ئاي كەشتىلەنگەن بايراق؛ قالغان ئىشىكلەرگە يەنە ھەر خىل تاۋارلارغا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار كەشتىلەنگەن خىلمۇ خىل بايراقلار ئېسىلغانىدى. بۇ بايراقلارغا ئىشلەنگەن كەشتە-نىڭ نەپىس ھەم چىرايلىقلىقى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلسا، ئالتۇن كالۋۇتۇن يىپنىڭ زەر نۇرلىرى كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى.

ۋاڭ بۈگۈن بېشىنى چۈشۈرتۈپ، بۇرۇتلىرىنى چىرايلىق ياسىتىۋالدى. ئۈستىگە خان ئەۋەتكەن، ۋاڭلىق بۇيرۇقى ئوقۇل-غان كۆنى بىرلا قېتىم كىيگەن ئالتۇن قوببىلىق زەر تون، بېشىغا ئوتىقاتلىق زەر قالپاق، پۇتىغا زەر كەشتىلەنگەن، قىسقا قونجلۇق مەخمەل ئۆتۈك كىيدى.

بۈگۈن ئۇ ئوردىدىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارنى يىغىپ بېيجىڭگە مېڭىشتىن بۇرۇن قىلىدىغان ئىشلىرىنى باشلىۋەتتى. بۇ ئىشلار — يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلاش، ئەمەلدارلارنى مۇكاپاتلاش، بېيجىڭگە مېڭىشتىكى تەييارلىقلارنى سۈرۈشتۈ-رۈش، ۋەزىپە تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

ۋاڭنىڭ چوڭ يىغىلىش قىلىدىغان ئورنى «داتاڭ» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ زال ئىدى. بۇ ھەشەمەتلىك چوڭ زالنىڭ پەنجىرىلىك تاملىرىنى ياقىلاپ قولىغا قىلىنچلىق، ئۈچ چىش نەيزىلىك مىلتىق كۆتۈرگەن مۇھاپىزەتچىلەر تۇراتتى. ۋاڭنىڭ ئولتۇرىدىغان تەختى يەردىن بىر مېتىردەك كۆتۈرۈلۈپ، ياغاچ-تىن نەقىشلىك قىلىنىپ، نەقىشلىرىگە ئالتۇن ھەل بېرىلىپ ياسالغان. تەخت ئۈستىگە خوتەن گىلىمى، گىلەم ئۈستىگە تەتىللا كۆرپىلەر سېلىنغان، تەتىللا كۆرپە ئۈستىدە مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ تەمكىن ھەم روھلۇق ئولتۇراتتى.

ئوردىنىڭ تەيجى ھەم بەگلىرى پۈكۈلگەن پېتى سالام بې-

رىپ ئىجازەتتىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ مەخسۇس ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. نەمتۇللا تەيجى، ھاشىر تەيجى، پەتنۇش تەيجى، شاسىلىمبەگ، سىدىقبەگ تۇڭچى، ئوردىنىڭ قازىسى، باش مۇنشى، ياردەمچى مۇنشىلار، يەنە بىر مۇنچە ئوردا بەگلىرى سەپ بولۇپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار ئۇستىلىرىگە ئۆز ئەمەللىرىگە قاراپ، تىكىلىشى بىر خىل بولسىمۇ، رەڭگى، كەشتىلەنگەن گۈللىرى ئوخشاش بولمىغان تونلارنى كىيگەن. بېشىغا ئەمىلىگە قاراپ ئوتىغاتلىرى ھەرخىل بولغان بۆكلەرنى كىيىشكەنىدى. ھەممىسىنىڭ چىرايىدا بىر خىل خۇشاللىق، خاتىرجەملىك ئەكس ئەتكەنىدى. ۋاڭ جانابلىرى ئالدى بىلەن ھەممىسىدىن تىنچلىق، ئامانلىق سورىدى. بەگلەر «ئۇلۇغ ۋاڭ جانابلىرىنىڭ ئالتۇن بويلىرى ئېسەن بولغاي» دېيىشتى. بىر پەس جىملىقتىن كېيىن ۋاڭ ئۇلارغا دېدى:

— ئاللاتائالانىڭ بەركاتىدا يۇرتىمىز ئامان، ئىتتىپاق، خەلقىمىز باياشات ياشاۋاتىدۇ. ئاۋام ئىچىگە بېرىپ ئەھۋال ئوقۇپ كەلگەن بەگلىرىمىز ياخشى باھا، ياخشى تىلەكلەرنى ئېلىپ كەلدى. بەششەر تەرەپتە بورۇنقى، سۇ كەمچىل، ئورۇق كەمچىل دەيدىغان گەپلەر تۈگەپ، خەلق خاتىرجەم بولۇپ قاپتۇ. ئۇ يەردىكى قارلۇق غولىنىڭ سۈيى ئۇلغىيىپ ئېقىۋېتىپتۇ. ئون ئىككى تاغدىن كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئىككى يۈز يەتمىش قوتان قويىنىڭ ھەربىر قوتاندىكى بورۇنقى سانى يەتتە يۈز بولغان بولسا، ھازىرقى ھەربىر قوتاندىكى قوي بىر مىڭ ئىككى يۈزگىچە كۆپىيىپتۇ. كالىلار، ئاتلار، يايلاقتا پاتماي قاپتۇ. ئاتلارنىڭ بىر قىسمىلىرى تاغ ئارقىسىدىكى ياۋا ئاتلارغا قوشۇلۇپ كېتىۋېتىپتۇ. يەنە چارۋىچىلار: قېرى قويلارنىڭ چىشلىرى چۈشۈپ كەتتى. بۇنى قانداق قىلىمىز دەپ سوراۋېتىپتۇ، نەمتۇللا بەگ، پەرمان بەرسىلە، — بۇ گەپ بىلەن نەمتۇللا

بەگ، «خوش ۋاڭ خوجام» دېگىنىچە ئورنىدىن دەس تۇ-
رۇپ بېشىنى ئەگدى، — چىشى چۈشۈۋاتقان قېرى قويلارنى
چارۋىچىلار يەپ تۈگەتسۇن. ئاتلارنى بولسا تىزگىنلەپ،
بايتال - ئايغىرلىرىنى، قۇلۇن - تايچاقلىرى ئايرىۋېلىپ يىلقى-
لىرىنى ئايرىم باقسۇن. بىزنىڭ ئاتلىرىمىز ناھايىتى خىل.
ھەرقايسى جايلارغا خەۋەر بېرىپ، بىر قىسمىنى
سېتىۋېتەيلى، — ۋاڭ شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ تېخىچە ئۆرە
تۇرغان نەمستۇللا تەيجىنى ئولتۇرۇشقا ئىجازەت قىلدى. بەگلەر
ھەممىسى بىر- بىرىگە مەمنۇنلۇق بىلەن قارىشىپ «بۇمۇ خۇدا-
يىمىنىڭ يۇرتىمىزغا بەرگەن بەرىكىتى» دېيىشتى. ۋاڭ بىر پەس
جىمجىتلىقتىن كېيىن يەنە شۇلارنى جاكارلىدى، — مەن بۇ-
گۈن مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان، بەگلەرنىڭ ھەممىسىنى تارتۇقلاي-
مەن، ھەربىرلىرىگە ئايرىم - ئەللىكتىن قوي، بەشتىن
كالا، ئىككىدىن ئات بېرىلسۇن ۋە يەنە ئون ئىككى دورغا، ئون
قېزىبەگكە ئوندىن قوي، ئىككىدىن كالا، بىردىن ئات بېرىل-
سۇن. يەنە شۇ قاتاردىكى قازى، مۇپتى، ئەلەم، پەششەپ،
خېتىپ، مۆتىۋ سۇپىلەرگە، ھەتتا ئىمام - مەزىنلەرگىمۇ نەمستۇل-
لا تەيجى ئۆزى بەلگىلەپ سوۋغاتلارنى تارقىتىپ بەرسۇن.
بۇ ۋاڭنىڭ يىلدا ئېلىپ بارىدىغان مېھىر - شەپقىتى ئىدى.
لېكىن بۇ يىل ھەسسىلەپ كۆپ بولدى. شۇڭا بەگلەر خۇشالل-
قىدىن ئولتۇرالماي قېلىشتى ھەم ئېغىز ئېغىزىغا تەگمەي «ۋاڭ
خوجامنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە رەھمەت» — دېيىشتى. لېكىن
سۇۋۇر بەگ خۇشياقمىغاندەك باشقىچە بىر كەيپىياتتا ئولتۇرات-
تى. ئۇنىڭ كۆزلىرى زالنىڭ نەقىشلەنگەن تاملىرىغا، گۈللۈك
پەنجىرىلىرىگە ئېرىنچەكلىك بىلەن قادالدى. ھەممىسى سۇۋۇر-
بەگنىڭ خىيال پىكرىنى سېزىپ تۇراتتى. ۋاڭمۇ سۇۋۇر بەگكە
قارىغىنىچە بىر دەقىقە ئولتۇرۇپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى. ۋاڭ

«ھازىر ئۇنىڭغا گەپ قىلىشنىڭ ۋاقتى ئەمەس. ئۇنىڭغا چالما ئېتىپ چاچراتقاننىڭ پايدىسى يوق» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈدىدە، دەرھال نەمىتۇللا تەيجى بېگىمگە قارىدى:

— قېنى نەمىتۇللا تەيجى بېگىم، بېيجىڭنىڭ تەييارلىقلىرى پۈتتىمۇ، خانلىققا قىلىنىدىغان سوۋغىلار قانداق بولدى؟ دەپ سورىدى.

— خوش، ۋاڭ خوجام، ھەممە تەييارلىقلار تەق بولدى. ئالدىن كۈتۈۋالغۇچى خادىملىرىمىز ئىككى يۈز قوي، يۈز كالىنى ھەيدەپ يولغا چىققىلى بەش كۈن بولدى. ئۇلار ھەرقايسى قونالغۇلاردا تەييارلىق قىلىپ كۈتۈپ تۇرىدۇ. قايتىپ چىقىشنىڭ يېمەك - ئىچمەك تەييارلىقىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. ئەمدى بېيجىڭگە ئېلىپ بارىدىغان سوۋغاتلارنىڭ تىزىملىكىنى ئوقىسىلا.

— خوش، — نەمىتۇللا تەيجى يېنىغا سېلىپ كىرگەن بىر پارچە يوغان سامان قەغەزنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. قەغەزگە موي قەلەم بىلەن چىرايلىق پۈتۈلگەن تىزىملىك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى: — قىرىق ئىگەرلەنگەن ئات، ئوتتۇز جۈپ بۇغا مۈڭگۈزى، ئوتتۇز جۈپ بۆكەن مۈڭگۈزى. ئون تۆت پارچە خوتەن ۋە ھىندىستان گىلىمى، يىگىرمە دانە شۈلۈسۈن تېرىسىدىن ئىشلەنگەن ئۇزۇن جۇۋا، يىگىرمە دانە كۆچا كۆرپىسىدىن ئىشلەنگەن ئۇزۇن جۇۋا، ئون سەككىز دانە ئاق تۈلكە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن ئۇزۇن جۇۋا، ئون سەككىز دانە سارغۇچ تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن كالتە جۇۋا، ئون سەككىز دانە قارا تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن كالتە جۇۋا، يىگىرمە دانە ئاق قوزا تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كۆرپە جۇۋا، يىگىرمە جۈپ تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان پايپاق، يىگىرمە دانە كالا تېرىسىدىن ئىشلەنگەن نوختا، يىگىرمە دانە ئېغىزدۇرۇق، يىگىرمە دانە ئات قامچىسى،

يىگىرمە دانە پىل چىشى ساپاقلىق پىچاق، تۆت دانە بۆركۆت، ئون ئۈچ جىڭ تىكە پوقى[①]، قىرىق جىڭ سېرىق مۇم، ئەللىك جۈپ بىلەي تېشى. بەش ساندۇق ئانار، قۇرۇق ئۈزۈم، قوغۇق قېقى، شاپتۇل قېقى بولۇپ ھەممىسى ئۈچ مىڭ جىڭ، بۇلارنى ئېلىپ ماڭىدىغان ئۇلاغ، ھارۋىلارمۇ تەق بولۇپ، ماللار ھارۋى-لارغا بېسىلىپ ئۈستى يېپىلىپ بولدى.

نەمتۇللا تەيجى ئوقۇشنى تۈگىتىپ بولۇپ بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ تەزىم قىلدى. ۋاڭ خانغا سوۋغاتلىققا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەر تەييارلانغانلىقى ئۈچۈن، يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بېيجىڭدە يوق نەرسىلەر بولغانلىقى ئۈ-چۈن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ھەم نەمتۇللا تەيجى-نى ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىپ دېدى:

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — قېنى ھاشىر تەيجى بېگىم بېيجىڭغا مېنىڭ بىلەن بارىدىغانلارنىڭ تىزىملىكىنى ئوقىسىلا.

— خوش، ۋاڭ خوجام، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى ھاشىر تەيجى، — بېيجىڭگە ۋاڭ جانابلىرى بىلەن بىللە بارىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئوقىدى، تىزىملىكتە چوڭ تەيجى بېگىمدىن باشلاپ بەگ - سىپاھلار، قازى ئاخۇنۇم، تېۋىپ ئاخۇنۇم، خېتىپ، مەلۇمچى، پۈتۈكچى، تۇڭچى، جو كۆتۈرگۈ-چىلەر، ھارۋىكەش، مەپىكەش، ئاشپەز، ئات باقار، قوغدىغۇ-چىلار بولۇپ جەمئىي ئەللىك كىشىنىڭ تىزىملىكى بار ئىدى. تىزىملىك ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تەيجى بەگ يەنە بىر تەزىم بىلەن بېشىنى سېلىپ تۇردى. ۋاڭ بېشىنى لىڭشىتىپ بۇنىمۇ تەستىقلىدى ۋە گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋاتقان سۇۋۇربەگكە كۆزى چۈشتى. لېكىن ۋاڭ بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي ئوردىنىڭ قازىسى-

---

① تىكە پوقى - بىر خىل قىممەت باھالىق دورا قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

غا قارىدى:

— خوش ئاخۇنۇم، ھەممە تەييارلىقلار پۈتۈپتۇ. ئەمدى قايسى كۆنى يولغا چىقساق بولار؟

ئوردىنىڭ قازىسى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم بىلەن مۇنۇلارنى دېدى:

— ئۇلۇغ شانۇشاۋكەتلىك ۋاڭ جانابلىرىنىڭ خان ھۇزۇ-رىغا سەپەر قىلىشى ياخشى ئاي، ياخشى كۈنلەرگە توغرا كەلدى. يىللارنىڭ تاجىسى بولغان يىل بېشى خاسىيەتلىكتۇر. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەرگە ئاللانىڭ نەزىرى چۈشكەن. بۇ ئايلاردا قىلىنغان سەپەر خېيىمخەتەرسىز بولىدۇ. جانابلىرى ئىران پادىشاھلىرى ئىچىدىكى ئادىل پادىشاھ جەمشىدكە ئوخشايلا. جەمشىدمۇ ئۆز يۇرتى، ئۆز خەلقىنى ياخشى كۆرگەن. ئۇلارغا ھۈنەر - كەسىپ ئۆگەتكەن. ئادەملەرگە تۆمۈر ئېرىتىپ قورال - جابدۇقلار يا-ساتقان، يىپ ئېگىرىپ رەخت توقۇتقان. ئۆي، ساراي، ھامام-لارنى سالدۇرغان، تېبابەتچىلىك سىرلىرىنى ئاچقان. باغلارنى ئەھيا قىلىپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرگەن. خەلقلىرى شاد - خۇراملىقتا چۆمگەن. شۇنىڭ بىلەن جەمشىد مانا مۇشۇ كۈنلەردە ئاللاتائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن بىر دانە ئالتۇن تەخت ياسىتىپ ئاسمانغا قاراپ ئۇچقان، — ھەممىسى ئاخۇنۇمنىڭ سۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ۋاڭمۇ ئاخۇنۇمنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەندى، — ئەمەلدىكى گەپ، — دەپ سۆزنى داۋاملاشتۇردى ئاخۇنۇم، — قايسى كۈنى يولغا چىقىش مەسىلىسى. تۈنۈگۈن كەچ سىرتقا چىقىپ ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ باقتىم. ئاي بولسا تىك كۆرۈنۈۋاتىدۇ. بۇ — مۇشۇ ئايلاردا كۈننىڭ ئوچۇق ۋە ئىللىق بولۇشىدىن بىشارەتتۇر. ھۆكەر يۇلتۇزى بولسا ئايغا يېقىنلىشىپ مېڭىپتۇ. بۇ — بۇ ئايلاردا بوران - چاپقۇننىڭ ئاز بولۇشىدىن بىشارەتتۇر. شۇڭا

ۋاڭ خوجامنىڭ مۇشۇ ئايدا، چارشەنبە كۈنى يولغا چىقىشىنى
ئۈمىد قىلىمەن. چارشەنبە كۈنى بولسا كۈنلەر ئىچىدە ئەڭ
ئۇلۇغ كۈندۇر. سەپەر ئۇلۇغ، ئەپسۇسكى، پەيغەمبىرىمىز
ئېيتقاندەك سەپەر جاپالىق ئىشتۇر. ۋاڭ جانابلىرىنىڭ يول
ئازابىنى ئاللاتائالا يېنىكلەتكۈچىدۇر. ئاللا ئۇلۇغ سەپەرلىرىگە
غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

ھەممىسى ۋاڭ خوجامنىڭ سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى،
سالامەت قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. ۋاڭ-
مۇ ئاجايىپ بىر ئىخلاس بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، قايسىدۇر
بىر ئايەتنى ئوقۇپ يۈزىنى سىيپىدى. ئاندىن قازىغا قاراپ مەم-
نۇنلۇقىنى بىلدۈرۈپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. بۇ قازى قەشقەرنىڭ
«خانلىق مەدرىس» ىدە بىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، شۇ
مەدرىستىكى موللىلار ئىچىدە تىرىشىپ ئوقىغان، ئىجتىھات
بىلەن شەرىئەت يولىنى ئۆگەنگەنىدى. ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا مەد-
رىستە ئۆزىنىڭ دانالىقى بىلەن داڭقى چىققان ۋە قومۇل ۋاڭىغى-
مۇ مەلۇم بولغانىدى. شۇڭا ۋاڭ تەختكە چىققان يىلىلا بۇ
كىشىنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ شەھەر ئىچى ۋە ئوردىنىڭ
قازىسى قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن بېرى ۋاڭغا ياخشى مەس-
لىھەتلەرنى بېرىپ كەلدى ۋە ۋاڭنى يۇرت سوراشتىكى ئىشلاردا
ئادىل بولۇشقا دەۋەت قىلىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن كۆپ ۋاقىت
ئۆتمەيلا يۇنۇس قازى بېگىم دېگەن بۇ ئىسىم ھەممىگە تونۇشلۇق
بولۇپ قالدى.

ۋاڭ يىغىلىشنىڭ ئاخىرىدا يەنە مونۇلارنى كۆرسەتتى: ئال-
دى بىلەن بىر پارچە يارلىق قەغىزىنى ھاشىر تەيجىگە تۇتقازدى.
ھاشىر تەيجى قائىدە بويىچە تەزىمدىن كېيىن يارلىقنى ئوقىدى.
بۇنىڭدا كىچىك تەيجى نەمتۇللا بەگنىڭ ۋاڭ بېيجىڭگە بېرىپ
قايتىپ كەلگۈچە يۇرتنى باشقۇرۇپ تۇرۇشى ۋە ئىسمى ئاتالغان

بەگلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋاقتلىق خىزمىتىدە نەمتۇللا تەيجى بېگىمگە يار - يۆلەكتە بولۇشى ئۇقتۇرۇلغانىدى. يارلىق ئوقۇ-لۇپ بولغاندىن كېيىن ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان بەگلەر ئورۇنلىرى-دىن تۇرۇپ قول قوشتۇردى ۋە بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ:

— ۋاڭ خوجامىنىڭ يارلىقىنى باش ئۈستىگە قوبۇل قىلدى-مىز. ۋاڭ خوجامغا رەھمەت! — دېيىشتى. ۋاڭ ھەممىسىنى ئولتۇرۇشقا ئىشارە قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— يۇرتىمىزدىكى ئىگە - چاقىسى يوق، يېتىم - يېسىرلارغا ھەر پەسىلدە تارقىتىلىدىغان قوي، ئۇن، گۈرۈچ، ماي، كېيىم - كېچەك كەم قىلىنمىسۇن. قەشقەر، خوتەن يەركەنلەر-گە تېبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشكە، تۇرپانغا ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كەتكەنلەردىن ھال سوراشقا ۋە ئۇلارنىڭ تەمىناتىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئايرىم ئادەملەر ئەۋەتىلسۇن. راھەتباغ، شامالچارۋاغ-لاردىكى كاتتا باغ قۇرۇلۇشلىرى چىڭ تۇتۇلسۇن، بۇرۇنقى ئېرىق چېپىش، بۇلاقلارنىڭ كۆزىنى ئېچىش ئىشلىرىمىز توخ-تاپ قالمىسۇن. چىنە گۈمبەز قۇرۇلۇشى توختاپ قالمىسۇن.

بەگلەر ھەممىسى خوش، خوش دېيىشىپ ۋاڭنىڭ پەرمانى-نى قوللىدى. بۇ چاغدا سۆۋۈربەگنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنى-دى. چۈنكى ئۇنىڭغا ۋاقىتلىق بولسىمۇ چوڭراق مەنسەپ ئاتا قىلىنمىدى. ئۇ يەنىلا ئوردىدىكى تۈترۈقسىز ئۇششاق - چۈش-شەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشى كېرەك. يەنى ئوردا تاماق-خانىسىنىڭ ئىشلىرى، ئوردا بەگلىرى ۋە خېنىم - پوجۇڭلارغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكىلىشكە ئادەم چىقىرىش، بار - يوق نەرسىلەرنىڭ خەۋىرىنى ئېلىش ۋەھاكازا ئىشلار. ئۇنىڭدا ئەمە-لىي ھوقۇق بولمىسىمۇ بۇ قىلىۋاتقان ئىشلىرى گاھىدا ھەممە-سىنىڭ مەرتىۋىسىدىن ئۈستۈن، گاھىدا ھەممىسىنىڭ مەرتىۋى-سىدىن تۆۋەن تۇيۇلۇپ ئۇنى بىئارام قىلاتتى. مۆردىتى كەل-

سە ئۇنى بەگ ـ خوجىلارمۇ، پۇچۇك خېنىملارمۇ ئىشقا سالاتتى. ئۇ بۇنىڭدىن خورلۇق ھېس قىلاتتى. چۈنكى ئۇ بېشىر ۋاڭ تۇغۇلمىغانلا بولسا مەن ۋاڭ بولاتتىم دەپ ئويلايتتى. لېكىن ئۇ بۇ خورلۇق ئىچىدىمۇ چېپىپلا يۈرەتتى. ھېچ ئىشتىن چارچاپ قالمايتتى. بەزىدە بۇ چېپىپ يۈرۈشىنىڭمۇ پايدىسى تېگىپ قالاتتى. بەگ ـ خوجىلارغا ئالغان نەرسىلەردىن ئۆزىگە، خېنىم ئاغىچاملارغا ئالغان نەرسىلەردىن خوتۇنىغا نېسىۋە ئالاتتى. ئەپسۇسكى، كۆپ چاغلاردا ئوردىدىكى ھەممىسىنىڭلا نەزىرىگە ئىلىنمايتتى. مانا ھازىرمۇ ئۇنىڭ تىزىملىكى بېيجىڭغا ماڭىدىغانلارنىڭ ئىچىدىغۇ يوق. ئوردىدا قالىدىغانلارنىڭ ئىچىدىمۇ مۇھىم بىرەر خىزمەتكە تەيىنلەنمىگەنىدى. بۇ ئۇنىڭغا ئەلەم قىلدى. ئۇ ئىچىدە «خەپ، خەپ، كۈنلەر مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كەتمەس» دەپ قويدى.

كېڭەش تۈگىگەنىدى. ۋاڭ بەگلەرگە تارقاشقا بۇيرۇق بېرەي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىكتە مەلۇمچى كۆرۈنۈپ تەزىم قىلدى:

— ئىلى بېگى خالزات ھېكىم بەگ قۇمۇلغا يېتىپ كەپتۇ. ھەزرەتلىرىنىڭ يارلىقلىرىغا موھتاجمىز.

ۋاڭ ئالدىراپ سورىدى:

— خالزاتبەگ قۇمۇلغا يېتىپ كەپتىمۇ، كىملەر بىللە كەپتۇدەك؟

— ئالدىن ئەۋەتكەن خەۋەرچىسى يېتىپ كەلدى. بۈگۈن ناماز دىگەر ئەتراپىدا قۇمۇلغا يېتىپ كەلگۈدەك. خالزات بەگ بىلەن كىملەرنىڭ بىللە كەلگەنلىكىنى خەۋەرچى دېمىدى.

ۋاڭ سەل ئويلىنىۋېلىپ بەگلەرگە قارىدى:

— نەمتۇللا تەيجى بېگىم، ئادەم تەيىنلەپ، ئۆزلىرى ئالدىغا بېرىپ كۈتۈۋالغايلا، ھاشىر تەيجى بېگىم، كۈتۈۋېلىش ئىشلىرىنى ياخشى سەرەمجانلاشتۇرغايلا.

چوڭ تەيجى، كىچىك تەيجى بەگلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ «خوش ۋاڭ خوجام، پەرمانبەردارمىز» دەپ قۇللۇق قىلىشتى.

كېڭەش ئەھلى تارقىلىشتى. ۋاڭ سۇۋۇربەگنىڭ سۇرۇن تەلەتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ سەل ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىشلىرىنى تېخىچە سۈرۈشتە قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خۇي پەيلىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ ئۇنى قانچە قېتىم ئوردىدىن قوغلاشنى ئويلىغان بولسىمۇ، تۇغقانچىلىقنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلدى. خوتۇنتام دورغىسى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىغا، يەنى تاجىدىن تەيجىگە چارە كۆرۈلگەندىن كېيىن ئۇ جىمىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. «شۇنداقتىمۇ بۇنىڭ ئىشلىرىنى تەھقىقلىمەي بولمايدۇ. چۈنكى چوڭ بىر پارچە گىلەمگە چۈشكەن كۈمۈتە كىشلەرنىڭ كۆزىدىن پىنھان ھالدا شۇ گىلەمنى يەيدۇ. بىر ئېتىزغا چۈشكەن ھاشارات شۇ ئېتىزنىڭ زىرائىتىنى ئاينىتمايدۇ. قانداق قىلىش كېرەك. ئەپسۇس، دۈشمەنلىشىش ياخشى ئىش ئەمەس، چىشلىمەكچى بولغان ئىتقا سۆڭەك تاشلاپ بېرىش كېرەك» ۋاڭ شۇ خىياللارنى قىلدىيۇ، لېكىن بۇ ئىشنى بېيجىڭدىن كەلگەندىن كېيىن مەسلىھەتچىلىرى بىلەن كېڭىشىپ بىر ئىش قىلماقچى بولدى — دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىلىلىق مېھمانلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن مېھرىبانۇ خېنىمنى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ باشچىلىقىدا ئوردىنىڭ تەيجى بەگلىرى ۋە نۇرغۇن بەگ، سىپاھلىرى خالزات بەگنىڭ ئالدىغا بىر قانچە چاقىرىملىق يولنى بېسىپ كۈتۈۋېلىشقا باردى. مېھرىبانۇ خېنىم «ئاناممۇ كەلدىمىكىن» دەپ ئويلىغانىدى. بىراق ئانىسىنىڭ ئازراق ساقسىز بولۇپ قېلىپ كېلەلمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بولدى. مېھرىبانۇ غورۇرىنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە ئانىسىنى ئېلىپ قومۇلغا كەلمەكچى بولغان ۋەدىسىنى خالزات

بەگكە دېۋىدى، «شۇ ۋەجىدىن غورۇرى بېيجىڭگە مەن بىلەن بىللە بېرىشقىمۇ ئۇنىمىدى» دەپ جاۋاب بەردى. خالزات ھېكىم بەگ ئۆزىنى قوشقاندا پەقەت يەتتە ئادەملا كەلگەنىدى. ئۆزاقى يىلى خانىنى زىيارەت قىلغىلى بارغاندا قىرىقتەك ئادەمنى بىللە ئاپارغان. بۇ يىل ئادەم چەكلىمىسى بولغاچقا ئازراق ئادەم بىلەن كەلدى.

خالزات بەگ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئايرىم ھۇجرىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار كەچكىچە ھاممامغا چۈشۈپ، كىيىم-لىرىنى ئالماشتۇرۇپ ھاردۇق ئېلىشتى.

خالزات بەگ خوشىنىزات گۇڭنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىلى ۋاڭلىرىنىڭ ئالتىنچىسى بولۇپ، دادىسىنىڭ ئورنىغا گۇڭ بەگلىككە تەيىنلەندى. ئىلىدا جاڭجۈن مەھكىمىسى[①] قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋاڭلار ئاساسەن «گۇڭ» نا-مى بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇلار ئىمىن گۇڭ، مۇسا گۇڭ، ئورانزىپ گۇڭ، مېلىكىزات گۇڭ، خوشىنىزات گۇڭلار-دىن ئىبارەت. خالزات بەگ تەختكە چىققاندا تېخى ياش ئىدى. شۇڭا ئۇ كۆپرەك ھەشەمەتكە بېرىلىپ، ئوردا قۇرۇلۇشىنى قايتا ئېلىپ باردى. ئۆزىگە ھەشەمەتلىك سارايلارنى سالدۇردى. دادى-سىنىڭ تۇپراق بېشىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قۇمۇل ۋە تۇرپاندىن ئۇستا ھۈنەرۋەنلەرنى ئېلىپ كېلىپ گۈمبەز قوپۇرۇپ، ئالتۇن-لۇق بىنا قىلدى. ئۇ يۇرت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا كۆپرەك

---

① ئىلى جاڭجۈنى ـ چىڭ ھۆكۈمىتى 1762 ـ يىل تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇب ھەم شىمالىنى باشقۇرىدىغان ھەربىي، مەمۇرىي ئورگان ـ ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى-نى تەسىس قىلىپ، بۇ ئورگاننى شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت مەركىزى قىلىپ بېكىتتى. ئىلى، تارباغاتاي، يەركەن، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، قۇمۇل، بارىكۆللەردە مەسلىھەتچى، باشلامچى، ھەم ئىش بېجىرگۈچى ئامباللارنى تۇرغۇزدى.

زۇلۇم ۋە زورلۇقۇقا تايانغانلىقتىن خەلقنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىدى. نەتىجىدە جاڭجۇن مەھكىمىسى ئۇنىڭ گۇڭلۇق مەنسىپىنى مۇئاۋىن ھاكىمبەگلىككە چۈشۈرۈپ قويغانىدى. لېكىن بۇنى خان ئاڭلاپ «خالزات بەگ بىرىنچىدىن ياش، ئىككىنچىدىن چېگرا رايونىنى باشقۇرۇۋاتقان بەگنى رەنجىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ مەنسىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پەرمان چىقاردى ھەم قومۇل ۋاڭى ۋە باشقا ۋاڭلار بىلەن بېيجىڭغا زىيارەتكە كېلىشنى تەكلىپ قىلغانىدى. خالزات بەگ بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدى.

ئۇ ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئىملى جاڭجۇنى تەقدىم قىلغان بىر يۈرۈش مەنسەپ كىيىمىنى كىيدى. پۇتىغا خورۇمى پارقىراپ تۇرىدىغان ئۆتىكىنى كىيدى. بۇ ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى. ئۇ ئاياغ كىيىمگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى. يازلىقى خورۇمى پارقىراپ تۇرىدىغان بەتىنكە، قىش، كەچ كۈز ۋە باش ئەتىيازدا ئەنە شۇنداق ئۆتۈك كىيەتتى. ئۇ ئەتىگەندىلا ساقال - بۇرۇتلىرىنى چۈشۈرگەچكە سوزۇقراق كەلگەن ئاق يۈزى، تۇتاش قارا قاشلىرى، ئىلىپتەك قاڭشاسى ئايرىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى تېخىمۇ چاقناپ، ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بوي بەستى ئېگىز بولۇپ، تولىمۇ سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى.

خالزات بەگ ئەتىگەندىلا مۇھەممەت بېشىر ۋاڭغا ۋە مېھرىبانۇ خېنىمغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن ئۈزۈمنىڭ، سومانىخانىنىڭ ۋە باشقا تۇغقانلىرىنىڭ سوۋغا - سالىمىنى ئايرىم كىشىلەر ئارقىلىق مېھرىبانۇ خېنىمغا كىرگۈزۈپ بەردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا خالزات بەگ مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بىلەن دىدارلىششقا تەختلىك ساراي تەرەپكە قەدەم تەشرىپ قىلدى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ تەيجى، بەگلىرى بىلەن تەختلىك

ساراي ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانىدى. خالزات گۆلك ئاۋۋال ئېگىلىپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ۋاڭ جانابلىرىنىڭ تەنلىرى ساق-مىكىن؟

ۋاڭ بېشىنى سەل ئېگىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە جاۋاب بەردى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ساق - سالامەت كەلدىلەمىكىن.

— جانابلىرىنىڭ بوسۇغىسىغا كىرىپلا گويا يول يۇرمىگەن-دەك ھەممە يول ئازابلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. جانابلىرىنىڭ كۈتۈۋالغانلىرىغا رەھمەت. بۇ شەھەر ماڭا ناھايىتى ئىللىق تۇيۇلدى.

— ئىلى شەھىرىگە يەتمەيدۇ. ئىلى شەھىرىگە ئۆزۈم بارمىساممۇ، بىلدىمكى، ئىلى شەھرى ناھايىتى گۈزەل شەھەر ئىكەن. قېنى يۈرسىلە.

— جانابلىرى باشلىسىلا.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ تۇرۇت قىلمايلا ئالدىن مېڭىپ تەختىلىك سارايغا كىردى. ئەسلىدە قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ دەرىجىسى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى گۆلك، ۋاڭلاردىن يۇقىرى تۇراتتى. ئەگەر مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ خالزات بەگ بىلەن قۇدا بولۇشمىغان بولسا ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالمىغان بولاتتى. ئۇ ھازىر تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئەلا بىلگەچكە ئالاھىدە ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ خالزات بەگنى كۈتۈۋالدى.

بۇ ساراي بۈگۈن بۆلەكچىلا چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ساراي ئىچىدىن ئەتىرگۈلنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. يەرگە ئاجايىپ ھۈنەر بىلەن توقۇلغان، ئۆيگە بىر كېلىدىغان گىلەم سېلىنغانىدى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئەينەكلىك جاھازلاردا پار - پۇر قاچىلار يالتىراپ تۇراتتى. ۋاڭ تەختكە چىقماي بىر - بىرىگە روبرو قويۇلغان نەقىشلىك ساپاغا ئولتۇردى. ئۇدۇلدىكى ساپاغا خالزات

بەگنى تەكلىپ قىلدى. خالزات بەگنىڭ ئالتە ئادىمى بىلەن مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ ئوندەك ئادىمى ئۆز ئەمەللىرىگە قاراپ ئورۇندۇقلاردا يۇقىرى - تۆۋەن ئولتۇرۇشتى. ئۇلار ئاۋۋال دۇئاغا قول كۆتۈرۇشۇپ يەنە بىر قېتىم تىنچلىق، ئامانلىق سوراشتى.

— ئۇ يەردىكى تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى تىنچلىقتۇ؟ ئاڭلى-سام، قېينانىمىزنىڭ تاۋى يوق ئوخشايدۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئەنسى-رەپ قالدۇق. ئەسلىدە غورۇرى جانابلىرى مۇشۇ كۈنلەردە قېي-نانىمىزنى ۋە نۇسرەتبەگنى ئېلىپ قومۇلغا كەلمەكچى بولغانىدى، — دېدى ۋاڭ.

— جانابلىرىنىڭ ۋە مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ تەلىپىنى بىزگە ئۆز ۋاقتىدا غورۇرى ئاكام يەتكۈزدى. ھەممىمىز ھەرقايسىلىرى-دىن مەمنۇن بولۇشتۇق. ئەپسۇس، سۇمانىخان ھەدەمنىڭ مى-جەزى يوق بولۇپ كېلەلمەي قالدى. كېلەر يىلى شۇ كۈنلەردە چوقۇم كېلىشكە ۋەدە بەردى. شۇ چاغدا غورۇرى ئاكاممۇ كەل-مەكچى.

— ئىنشائاللا، خۇدايىم مۇرادىغا يەتكۈزسۇن.

— غورۇرى جانابلىرى ئۆزى ساق - سالامەت تۇرغاندۇ.

— ناھايىتى ساغلام. قومۇلدىن قايتىپ بېرىپ تېخىمۇ تېتىكلىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

ۋاڭ كۈلۈپ قويدى.

ئۇلار خۇشال كەيپىيات ئىچىدە پاراڭغا چۈشتى. باشقا بەگ-لەرمۇ ئۆز ئارا پاراڭلاشتى. ناۋات سېلىپ دەملەنگەن چاي ھەم-مىسىگە ياقتى.

— ئېلىڭىزنىڭ سۈيىنى ئەلۋەك، يەرلىرىنى مۇنبەت دەپ ئاڭلايمەن شۇنداقمۇ، — دېدى ۋاڭ.

— شۇنداق، ۋاڭ جانابلىرى، ئۆتكەن يىلى سۇ ئىشلىرىنى

تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن ئاق ئۆستەڭنى چېپىپ، پۈتتۈرۈپ سۇ باشلىدۇق. مول ھوسۇل ئېلىندى. تېرىلغۇ يەرلىرىمىزنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئوغۇت كېرەك قىلمايمىز، يەرلىرىمىز قارا توپىلىق چىرىندى يەرلەر، بىنام يەرلەرنىڭمۇ ھوسۇلى ياخشى. يازدا تېرىپ قويساق، كۈزدە يىغۋالىمىز.

— ئەمىسە، ئۇياقلاردا خەلق ئانچە جاپا - مۇشەققەت تارتمىغۇدەكتە.

— قومۇلغا كەلگەن تۇغقانلار بۇ شەھەرنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ بېرىشىپتۇ. ئۆتكەن قېتىم كەلگىنىمىزدە بىر نەچچە كۈنلا تۇرغاچقا جانابلىرى بىلەن كۆپرەك ئەھۋاللىشالمىدۇق. مەن قومۇلنىڭ قوغۇنىنىڭ، قوغۇن قېقىنىڭ دۇنياغا داڭلىق ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتىم. قارىسام، غورۇرى ئاكامنىڭ بۇ شەھەرگە ئالاھىدە مېھىر - مۇھەببىتى چۈشۈپ قاپتۇ. قاچان قارىسام قومۇلنىڭلا پارىڭىنى قىلىدۇ.

ۋاڭ بۇ گەپلەردىن خۇشال بولۇپ كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— سەپىرىمىزنىڭ بىللە بولۇپ قالغانلىقىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدۇم، خان ئائىلىلىرىنىڭ بىزنىڭ مۇشۇ ئايدا يولغا چىقىدىغانلىقىمىزدىن خەۋىرى بار. ئاڭلىساق، خان ئائىلىلىرى يول بويىدىكى شەھەر، ئۆتەڭلەرگە بىزنى ياخشى كۈتۈپ، يولغا سېلىپ قويۇش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپتۇدەك، ئۇلارنىمۇ قىزغىن تەييارلىق قىلىشىۋاتىدۇ دېيىشىۋاتىدۇ، قارىغاندا سەپىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولىدىغان چېغىۋا.

خالزاتبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ:

— ياخشى ئادەملەرنىڭ رىسقى ھەممە جايغا چېچىلغان دېيىشىدۇ، — دېدى. ئاردىن ئازراق جىمجىتلىقتىن كېيىن

ۋاڭ گەپنى يۆتكىدى:

— چورۇق ھېكىم① نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ؟

خالزاتبەگ لەپپىدە ۋاڭغا قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— پۇتى كۆيگەن توخۇدەك يۈگۈرۈپلا يۈرۈيدۇ.

ۋاڭ كۈلۈپ كەتتى. بۇ گەپ بىلەن ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. سۆھبەت شۇ تەرىقىدە چۈشكىچە داۋاملاشتى. چۈشتە كاتتا زىياپەت بېرىلدى.

چۈشتىن كېيىن خېلى كەچكىچە مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ، مېھربانۇ خېنىم، خالزاتبەگ ئۈچەيلەن ئايرىم پاراڭلاشتى.

خالزاتخان بۇ يەردىكى مەمۇرچىلىقنى، تىنچ پاراۋان تۇرمۇشنى، ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈپ ناھايىتى كۆپ تەسىراتقا ئىگە بولدى. بولۇپمۇ بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئوردا كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنىڭ موللۇقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۇ كۇيۇپخانىنىڭ داڭقىنى غورۇردىن ئاڭلاپ ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەنىدى. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن قايىل بولدى. ئۇ كۆڭلىدە «پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا تارىختىن بېرى بولۇپ تۇرغان قالايمىقانچىلىقلاردا نۇرغۇنلىغان كىتابلار كۆيدۈرۈۋېتىلدى. لېكىن قۇمۇلدا ھەرقانداق تارىخي دەۋردە كىتابلارنى يىغىپ ساقلاشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنگەنىكەن. شۇڭا بۇ يەردە بار كىتابلار نۇرغۇن

---

① چورۇق ھېكىم — خالزات گۇڭ جاڭجۇن مەھكىمىسى تەرىپىدىن گۇڭلۇقتىن چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن چورۇق ھېكىمنى (مۇھەممەت ئىمىننى) ھاكىملىققا تەيىنلەيدۇ. چورۇق ھېكىم خەلقپەرۋەر، ئادىل كىشى ئىدى. ئۇ سۇ ۋە ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى پۇختا بىلگەچكە ئاق ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى جياڭجۇن مەھكىمىسى چورۇق ھېكىمگە تاپشۇرىدۇ. ئەمما خالزاتخان ئۇنىڭ ئىشلىرىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ. جاڭجۇن مەھكىمىسىگە چاقىدۇ. چورۇق ھېكىمنى خەلق ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن چىڭ ھاكىمىيىتى بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ ھاكىملىقتىن قالدۇرىدۇ. ھەم خالزات ھېكىمنى قايتىدىن تىكلەيدۇ.

جايلاردا تېپىلمايدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ ھەتتا بۇ يەردىمۇ ئىككى
ئورۇندا تاغدىن سۇ باشلاپ كېلىش قۇرۇلۇشىنىڭ بولۇۋاتقانلى-
قىنى، خەلق كۈندە نۆۋەتلىشىپ ھاشارغا بېرىۋاتقان بولسىمۇ،
قىلچە زارلىمايۋاتقانلىقىنى ھەتتا خەلقنىڭ ۋاڭنى ماختاپ ئاغزى-
دىن چۈشۈرمەيۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى سەل بىئارام بولغان-
دەك بولدى. ئۇ ئويلىنىپ قالدى: «بىز ئىلىدا ئانچە - مۇنچە
ئىشلارنى قىلىپ قويساق، ھەر تەرەپتىن قارشىلىق، قۇتراشلار
بولۇپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۇمىز ئازار يېدى، بۇ يەردە
ھەممىلا ئىشلار بولۇۋېتىپتۇ. ھەتتا ئالتۇنلۇق، ھېيتگاھ قۇرۇ-
لۇشلىرى بولۇۋېتىپتۇ. خەلقنىڭ «ئاھ» ئۇرغىنىنى ئاڭلىغىلى
بولمايدىكەن.» خالزاتبەگ تۈنۈگۈن ئاخشام مۇھەممەت بېشىر
ۋاڭ دېگەن سۆزلەرنى ئەسلىدى: «ئەركىنلىك بىلەن ئادالەت
ھەممە كىشىنى قىزىقتۇرىدۇ» «ئادەملەرنى ئازابقا ئىتتىرسەك،
خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولغىلى بولمايدۇ» «ئۆمۈر ئېتىزىمىزغا
ياخشى ئۇرۇق تېرىشىمىز كېرەك» بۇ سۆزلەر خالزاتبەگنى
خېلىلا چۆچۈتۈپ قويغانىدى. «راست ئېيتىدۇ، — دېدى ئۇ
ئۆز ئۆزىگە، — ئادەم دېگەن ئاق كۆڭۈل بولسا زىيان تارتمايدى-
كەن، مېنىڭ مىجەز - خۇلقۇم، خىسلىتىم قانداق...»

خالزاتبەگ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى تۇرپان، قەشقەر،
خوتەنلەردىكى بېيجىڭگە بارىدىغان ۋاڭ ھەم ھاكىمبەگلەرمۇ يې-
تىپ كېلىشتى. تۇرپاندىن تۆت كىشى، قەشقەردىن ئالتە كى-
شى، خوتەندىن تۆت كىشى كەلگەنىدى. بۇلارمۇ ئوخشاشلا قىز-
غىن قارشى ئېلىنىپ، خالزاتبەگ ئورۇنلاشقان جايدىكى ھۇجرى-
لارغا ئورۇنلاشتى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ئۇلار بىلەن كۆرۈ-
شۈپ چوڭ زىياپەت بەردى. ئۇلارمۇ قومۇلنىڭ ئىللىق مۇئامى-
لىسىدىن مەمنۇن بولۇشتى.

جاكارچى بىر ھەپتە بۇرۇن ۋاڭنىڭ بېيجىڭغا زىيارەتكە

باردىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى قۇمۇل خەلقىگە جاڭ ئۇرۇپ جاكارلىغانىدى. مانا شۇ ئالتە كۈندىن بېرى ئۇردا ئالدى، ئۇردىغا باردىغان يوللار ئادەمگە لىق تولۇپ كەتتى. ھەتتا ئون ئىككى تاغ، بەش شەھەردىن كەلگەن خەلقمۇ ھەددى - ھېسابسىز ئىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا سېۋەت - سېۋەتتە پىشۇرۇلغان تۇخۇم، تەڭنە - تىۋەڭلەردە پىشۇرۇلغان گۆش، تاۋاق، لېگەنلەردە مايلىق توقاچ، بەش شەھەردىن كەلگەنلەرنىڭ قوللىرىدىكى تاغار، خالتىلاردا چىلان قۇرۇقى، شاپتۇل قېقى، ئۆرۈك قېقى، ئالما قېقى، ياڭاقنىڭ سەرخىللىرى؛ تاغ - تىمىزدىن كەلگەنلەرنىڭ قولىدا پىشۇرۇلغان قايماق، پىشلاق، قۇرۇت، سۈتتە يۇغۇرۇلغان كۆمەشتان نان، پىشۇرۇلغان پاقلان گۆشى. . . بۇ سوۋغاتلار شۇنداق پاكىز ھەم سەردان ئىدى. ۋاڭ خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان چەكسىز ھىممىتىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا قايتا - قايتا «رەھمەت، رەھمەت» دېدى. ھەم بۇ سوۋغىلارنىڭ خانغا ئېلىپ بارغۇدەكلىرى بولسا خانغا ئېلىپ باردىغان سوۋغا - سالاملىرى ئىچىگە قوشۇشنى، يولغا ئالغۇدەكلىرىنى بولسا يولدا يېيىشكە ئېلىۋېلىشنى بۇيرۇدى.

بېيجىڭگە بارغۇچە بولغان ئۆتەڭلەرگە بېسىم بولماسلىقى ئۈچۈن مەسلىھەت بىلەن خوتەن، قەشقەر، تۇرپاندىن كەلگەن ۋاڭ، گوڭلار قۇمۇل ۋاڭىدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن يولغا چىقتى. خالزاتبەگمۇ مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بىللەن بىللە ماڭماقچى بولدى.

* *

چارشەنبە كۈنى يېتىپ كەلدى. ۋاڭ خانلىقتىن تارتۇق قىلىنغان قېنىق سېرىق رەڭلىك ئەجدىھا سۈرەتلىك كىيىملەرنى

كىيدى. ئۇدا ئەمەلدارلىرى، بەگ ـ سىپاھ، ئاخۇن، مولللار-
نىڭ ھەممىسى ئۇردىنىڭ بىرىنچى ئىشىكىدىن توققۇزىنچى ئى-
شىكىگىچە ھۆرمەتتە تۇردى.
ۋاڭ ھەر بىر ئىشىكتىن ئۆتكەندە ئۈچ قېتىمدىن پو ئېتى-
لىپ تۇردى. بۇ چاغدا شەھەر خەلقىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك
چوڭ يولغا چىقىپ، ئېگىز كۆۋرۈككىچە يولنىڭ ئىككى قاسنى-
قىدا تۇرۇپ، ئېگىلىپ تەزىم بىلەن ۋاڭنى ئۇزىتىپ قويدى.
ۋاڭغا ئاق يول تىلىدى.
ئالدىدا ئۈچ بېگى، بىر نەچچە يايلىرى بىلەن ئاتلىق،
ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىر ۋاڭ چىلان رەڭ دۇخاۋا بىلەن قاپلان-
غان. ئەينەكلىك مەپىگە، كەينىدە خالزاتخان ئۈچ ئات قوشۇل-
غان پوچتىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى. كەينىدە بەگلەر، سىپاھ-
لار يېڭىدىن ئېگەرلەنگەن سىبىز ئاتلارغا مىنگەن، ئۇلارنىڭ
كەينىدە تۆت ئات قوشۇلغان نۇرغۇن ھارۋىلار، سوۋغا قىلىنىدى-
غان ئاتلار، يەنە مۇھاپىزەتچىلەر، رەتلىك، ھەيۋەتلىك ھالدا
بازارغا يېتىپ چىقتى. بازارنىڭ ئىككى قاسنىقىدا خانىنىڭ قو-
مۇلدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرى جاڭجۇنلىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئىك-
كى سەپ بولۇپ ھۆرمەتتە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ داقا ـ دۇمباق،
كاناي، سۇنايلىرىنىڭ ئاۋازى يەر ـ جاھاننى بىر ئالغانىدى.
ھەرقايسى رەستە ـ دۇكانلارنىڭ ئالدىلىرىغا ئىسرىقدانلار
قويۇلۇپ، ئىسرىقلار يېقىلغان. خاگوسەندىن لوجاۋەنگىچە يول-
نىڭ ئىككى قاسنىقىغا ئۇستەللەر قويۇلۇپ، ھەرخىل
مېۋە ـ چېۋىلەر، يېمەك ـ ئىچمەكلەر تىزىلغانىدى. كوچا ـ
كوچىلاردا ۋاڭ ۋە بەگلەرنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن چاچقۇلار چېچى-
لىپ، سەدىقىلەر بېرىلدى. ۋاڭ ئۆزلىرىنى ئۇزىتىۋاتقان خالا-
يىققا قاراپ ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ، كۈ-
لۈمسىرىگەن ھالدا خوشلاشتى.

ئۇلار ئاپتاپ قىزدۇرۇۋاتقان سايلىق يولغا چۈشتى. ئاتلار پۇشقۇرۇپ ئىتتىك ماڭاتتى. تېخى قۇمۇل چېگرىسىدىن چىقماي تۇرۇپلا نېمە ئۈچۈندۇر ۋاڭنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغاندەك بىر خىل ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى. ئۇ ئۆمرىدە ئايالى ۋاپات بولغان-دا مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولغانىدى. بۈگۈن قانداق بولۇپ مۇشۇنداق ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانلىقىنى تازا چۈشىنەلمەي ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن باشلىرىنى ئېگىپ، قەددىنى پۈكۈپ تەزىم بىلەن يىغلاپ قالغان پۇقرالىرى ئۆتتى. ھە، توغرا، ئادەمنىڭ رىشتىسى بىر قانچە تەرەپكە باغلىنىشلىق بولىدىكەن — ئۇلار بولسىمۇ ئاتا - ئانىسى، قېرىنداشلىرى، ئايالى، ئەڭ مۇھىمى يۇرتى، خەلقى. ۋاڭنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ، قېرىنداشلىرىمۇ يوق ئىدى. سۆيۈملۈك رەپىقىسى مېھرىبانۇ خېنىم شۇ كۈنلەردە مۇھەممەت بېشىر ۋاڭغا ئىككى ئالەملىك ھەمراھ بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ مېڭىشىمۇ ۋاڭغا بىر ئاز ئېغىر كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ رىشتىسى يەنىلا ئانا يۇرتىغا، سادىق خەلقىگە باغلانغانىكەن. ئۇ ھازىر بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ ئىچىدە خۇدادىن «ئۆزىنىڭ ساق - سالامەت قايتىپ چىقىپ ئەزىز يۇرتى، خەلقى ۋە سۆيۈملۈك رەپىقىسى بىلەن بىللە ئۆتۈشنى ئويلىدى.»

ۋاڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يۈنۈس قازى ئاخۇنۇم ۋاڭنىڭ جىمىپ قالغان سولغۇن چىرايىغا سەپسېلىپ دېدى:

— ھەرقانداق چاغدا مۇبارەك چىرايلىرى ناھايىتىمۇ خۇش-خۇي كۆرۈنەتتى. تېخى قۇمۇل دىيارىدىن ئۆتمەيلا نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتىدىلا ۋاڭ خوجام؟

— ھەي، مەن مۇنداق ئۇزۇن سەپەردىن قورقىمەن، يول ئۇزۇن، — دەپ قويدى ۋاڭ.

— ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، ھەرقانداق

سەپىرى بىخەتەر بولىدۇ، — دېدى ئاخۇنۇم.
ۋاڭ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ۋاڭنىڭ يۈزلىرى، كۆزلىرىدە بىر خىل نۇر ئەكس ئېتەتتى. بۇ نۇر ئۇنى كۆرگەن كىشىنىڭ ھەممىسىگىلا ناھايىتى يېقىملىق كۆرۈنەتتى. ۋاڭنىڭ كۈلۈمسىرىشى ئاخۇنۇمنى روھلاندۇرۇپ قويدى.
مەپە، پوچتىلار، ئات - ھارۋىلار، تۈركۈم - تۈركۈم بولۇپ كەڭ سايلىقلارنى، تاغ - جىلغىلارنى كېزىپ، قاغجىراپ تۇرغان ئېتىزلارغا تۇتاش پاكار ئۆيلەردىن ئۆتتى. كۆرۈنۈپ تۇرغان قىزىل تۇپراقلىق تاغلارنىڭ ئۆڭكۈرلىرىدىن جۇل - جۇل كىيىملىك باللار، قويۇنلۇق قىسقا چاپان كىيىپ، ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى باغلىۋالغان يوتى كىچىك مومايلار، قارا، قويۇنلۇق ئۇزۇن كونا چاپانلارنى كىيگەن بوۋايلار، چۆچەك، سېۋەتلىرىنى كۆتۈرگىنىچە يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ تىلەمچىلىك قىلىشتى. ۋاڭنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۇلارغا نۇرغۇن تەڭگىلەر سەدىقە بېرىلدى.
خانىنىڭ يارلىقى بىلەن ھەرقايسى جايلار قۇمۇل ۋاڭى قاتارلىق ۋاڭ، گوڭلارنى ياخشى قارشى ئېلىپ، كۈتۈۋېلىش ئۇچۇن ھەرقايسى ئۆتەڭلەردە شۇ شەھەر ياكى شۇ يېزىنىڭ ئامبال، دارىنلىرى نۇرغۇن ئادەملىرى بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشتى. ھەم ئۇلارغا كېرەكلىك ئوتۇن - كۆمۈر، ئۇن - گۈرۈچ، كۆكتات قاتارلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بەردى.
مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بىلەن خالزاتخان چۈشكۈن بولغان ئۆتەڭلەرنىڭ ھەممىسىدە ياخشى غىزالاندى ۋە ئوبدان ھاردۇق ئېلىۋالغاندىن كېيىن يولغا چىقتى. ۋاڭ يول بويى ھەمراھلىرىنىڭ سالامەتلىكى، بىخەتەرلىكىنى، ئات، ھارۋىلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى، ئاتلار بەك چارچاپ كەتكەندە ئوت - چۆپى ياخشىراق يەرلەردە بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ ئاندىن ماڭدى.

يول بىخەتەر، لېكىن گاداي، دېۋانىلەر بەك كۆپ ئىدى. بەزى ئۆتەڭلەرگە توپ ـ توپى بىلەن ئادەملەر سەدىقە تىلەپ كېلەتتى. ۋاڭنىڭ بۇلارغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالاتتى ھەم ئۇلارغا قوي، كالا، كىيىم ـ كېچەك، پۇل بېرەتتى.

ۋاڭ بىلەن خالزاتخان تاماقنى بىللە يەيتتى. يېتىپ، قوپۇشى بىللە ئىدى. گاھىدا ئىككىسى بىر مەيگە چۈشۈۋالاتتى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى زادىلا تۈگىمەيدى. خالزاتخان ئويۇنچى، چاقچاقچى ئىدى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ مۇلايىم، تەمكىن، خۇشخۇي ئىدى. خالزاتخان مەي ئىچىشنى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ مەي ئىچىشنى مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسىدە يوق دەپ بىلەتتى. شۇڭا خالزاتخان بېشىر ۋاڭغا كۆرسەتمەي بىرە ـ بىرە، كەچقۇرۇنلىرى ئازراق ئىچىۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن تەمبۇرچى ساتتارنى تەمبۇر چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە بۇيرۇيتتى. لېكىن ساتتار تەمبۇرچى ۋاڭدىن خىجىل بولغاندەك قىلاتتى. ئەمما بۇنى كۆرگەن خالزاتخاننىڭ ئاغزى ئېچىلاتتى — دە، «ئاللاتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندا ئۇنىڭ تېنىگە روھ بىلەن زىننەت بەرگەن. روھ دېگەن جان دېمەكتۇر، ئادەمدە روھ بولمىسا جان بولمايدۇ. مانا مۇشۇ روھ خۇشاللىق بىلەن بولۇپمۇ نەغمە ـ ناۋالار بىلەن كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. ئېلى ناخشىلىرىنى ۋاڭ جانابلىرى ياخشى كۆرىدۇ» دەپ ساتتار تەمبۇرچىنى ناخشا ئېيتىشقا قىستايتتى. ساتتار تەمبۇرنى ئاستا تىرىڭلىتىپ ئېلى ناخشىلىرىدىن بىر نەچچىنى ئېيتىپ بېرەتتى. ۋاڭ بۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن بولاتتى. كېيىنچە ۋاڭ ئات باقارلار ئىچىدىكى ئۇستا ناخشىچى روزىمەتنى چاقىرتىپ قۇمۇل ناخشىلىرىنى ئېيتقۇزۇپ بېرىدىغان بولدى.

ئۇلار كەچلەردە، ئەنە شۇنداق ئاز ـ تولا نەغمە ـ ناۋا بىلەن

كۆڭۈللىرىنى كۆتۈرسە، كۈندۈزى چايقىلىپ كېتىۋاتقان مەيدە پاراڭلىرىنى باشلىۋېتەتتى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ كېچىكىدە مەكتەپ، مەدرىسلەردە، ياخشى ئوقۇغانىدى. ئۇ ئەرەبچە، پارسچە، خەنزۇچە، تىل - يېزىقلارنى ئۆگەنگەچكە ئوقۇغان كىتابلىرى كۆپ ئىدى. شۇڭا ئۇ خالزاتىبەگكە قارىغاندا نۇرغۇن نەرسە بىلەتتى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بۇ سەپەردە خالزاتىبەگ بىلەن ناھايىتى جىق پاراڭلاشتى. خالزاتىبەگ خۇددى ھېكمەتلەر دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىلىك سۆزلىرىگە قىزىقىپ قالدى. ئۇ بىر كۈنى ۋاڭغا شۇنداق دېدى:

— ۋاڭ جانابلىرى يول بويى، خەير - ئېھساننى كۆپ قىلدىلا، لېكىن گادايلارغا بىر نېمە بېرىپ تويدۇرغىلى بولمايدۇ. كۆردىلەمكىن، بىر خوتۇننىڭ ئارقىسىدىن ئون بالا يۈگرۈپ چىقتى. مۇشۇنداق تۇغىۋەرسە، يەيدىغىنى، كىيىدىغىنى بولمىسا جېنىنى قانداق باقىدۇ!

ۋاڭ كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى:

— خۇدانىڭ ھەممە بەندىلىرى ئوخشاش. سېخىيلىك قۇدرەت — ناماز قۇۋۋەتتۇر. ئۆزلىرى ئاڭلىمىغانمۇ، ئاللاتائالا بىلەن خۇدالىق تالىشىپ، «مەن يەر يۈزىنىڭ خۇداسىمەن» دەپ جاكارلىغان پىرئەۋن① ھەددىدىن ئېشىپ، «مەن ئاسمانغا چىقىپ خۇدا بىلەن سۆزلىشىمەن» دەپ ئاسمانغا چىقىدىغان مۇنار ياساپ خۇدا بىلەن سۆزلەشمەكچى بولغان. لېكىن ئۇ سالغان مۇنار ھەر قانچە ئېگىزلىسىمۇ، ئاسمان كۆك، يەر سۇ بولۇپ

---

① پىرئەۋن - پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەتتە تەرەققىي تاپقان مىسىر پادىشاھلىرىدىن بىرى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ جاھىللىق ۋە شۆھرەتپەرەسلىكتە ئۇچىغا چىققان بولۇپ، دىنى ئەقىدە يولىغا كىرمىگەن. ئۇ ئۆز دۆلىتىگە تۆت يۈز يىل پادىشاھلىق قىلغان. ئاخىر ئادەملىرى بىلەن نىل دەرياسىغا غەرق بولۇپ كەتكەن. ھازىر مىسىردا پىرئەۋن دەۋرىدىن قالغان قەدىمكى يادىكارلىقلار ناھايىتى كۆپ، ھەتتا پىرئەۋننىڭ قەبرىسىمۇ بار.

كۆرۈنۈپ تۇرغان. ئاخىر ئۇ مەن ئاسماندا خۇدانىڭ بارلىقىغا
ئىشەنمەيمەن. دەپ جار سالغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاخىر
ئاللادىن تىلەپ: «ھەي ئۇلۇغ ئاللا، پىرئەۋن جاھىللارنىڭ
جاھىلى، ئۇنىڭغا جازا بەرگەيسەن» — دەپتۇ. شۇ چاغدا ئاللا-
دىن ۋەھىي كېلىپ:

«پىرئەۋن ھەرقانچە گۇمراھ بولسىمۇ ئۇنىڭدىكى بەش
تۈرلۈك ئادەتنىڭ خاسىيىتىدىن ئۇنىڭ دۆلىتى زىيادە بولۇۋاتى-
دۇ» دەپتۇ. ئۇ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرىنچىسى، ئۇ سېخىي ئې-
كەن. ئىككىنچىسى، ھەرقانداق چاغدا پۇقرالارنىڭ ھالىدىن
خەۋەر ئالىدىكەن. ئۈچىنچىسى، ئۇ ئادىل ئىكەن. كىمىكى
جىنايەت سادىر قىلسا، مەيلى ئوغلى بولغان تەقدىردىمۇ، جازا-
لايدىكەن. ھەزرەتلىرى ئويلاپ كۆرسىلە، بىر دۆلەتنى باشقۇ-
رۇشتا ئەڭ مۇھىم مەسىلە خەلققە نىسبەتەن سېخىي بولۇش
كېرەك. يۇرتتىكى نامراتلانىڭ بېشىنى سىلاپ ھاجىتىدىن چى-
قىش كېرەك.

ۋالى شۇ گەپ بىلەن بىر پەس جىم بولۇپ، بىر نەرسىنى
ئويلاپ قالدى. ئۇ بولسىمۇ يول بويى ئۇچراۋاتقان قەلەندەرلەر
ئىدى، شۇڭا ئۇ مونۇلارنى قوشۇپ قويدى، — بۇ دۆلەتتە ئادەم
كۆپ، خان ھەممىسىنىڭلا بېشىنى سىلاپ كېتەلمەيدۇ. بىزنىڭ
يۇرتلاردا بولسا ئادەم ئاز. چىقىۋاتقان بايلىقىمىز كۆپ. ئىلىدى-
مۇ شۇنداق. بىز باياشات ياشاپ كېتەلەيمىز. لېكىن يۇرتنى
ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن يۇرتنىڭ ئومۇمىي ۋە ئايرىم ئەھۋاللى-
رىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ بىرى ئەمەلدارلار-
نىڭ كۆڭۈل سىرلىرىنى بىلىش كېرەك. يەنە بىرى خەلقنىڭ
ھال - ئەھۋالىنى بىلىش كېرەك. بىرى، نوشىرۋان ئادىلدىن
سوراپتۇ، «پادىشاھ نەچچە تۈرلۈك ئىشنىڭ ۋەجىدىن زاۋال
تاپىدۇ؟» نوشىرۋان ئادىل جاۋاب بېرىپ: «ئۈچ نەرسىدىن

پادىشاھ زاۋال تاپىدۇ: بىرىنچىسى پادىشاھ يۇرت ئەھۋالىدىن بىخەۋەر بولغاندا، ئىككىنچىسى، رىياكارلار، بۇزۇق نىيەتلەر ئېتىبارغا ئېرىشىپ مەرتىۋە تۇتقاندا، ئۈچىنچىسى، ئەمەلدارلار پۇقرالارغا زۇلۇم قىلغاندا» — دەپتۇ.

خالزاتخان جىمجىت ھالدا ۋاڭنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

مەپە ئىككى تەرەپكە چايقاپ، بەزىدە قاڭقىپ يول يۈرمەكتە. مەپىكەش ئىچ ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقىنى تارتىپ - تارتىپ قوياتتى.

خالزاتخان ۋاڭنىڭ جىمىپ قالغانلىقىغا قاراپ يەنە سورىدى:

— جانابلىرى ئېيتقان ئۈچ نەرسىنى قانداق شەرھىلەش مۇمكىن؟

— ئەگەر بىز يۇرت ئەھۋالىدىن بىخەۋەر يۈرۈۋېرىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا يۇرت ئىچىدىكى پىتنىخورلارنىڭ ئاداۋەتلىرىدىن، بۆلگۈنچىلىك، قارشىلىق ئاپەتلىرى چىقىدۇ. ئەگەر قارا كۆڭۈللەرنى ئىشقا قويساق، ئۇ چاغدا ئۇلار ئۆز تەبىئىتىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن، خەسىسلىكىدىن، ئاچ كۆزلۈكىدىن ھېچقانداق ئۇيالماي ئۆزلىرىگە مال - دۇنيا توپلاشقا يۈرۈش قىلىدۇ. چوڭلارنىڭ قەدرىنى دەپسەندە قىلىدۇ. مىللەت ۋە يۇرتنى خار، زەبۇن قىلىدۇ. نەتىجىدە ئاۋام خەلق ئۇلاردىن بىزار بولىدۇ. تەختتە ئولتۇرغۇچىنى تەشۋىشكە سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر كۆڭۈلدە ئۆچمەنلىك ئۇلغىيىپ پادىشاھنى يوقىتىشقا تىرىشىدۇ.

ۋاڭنىڭ تەمكىن سۆزلىرى خالزاتخانغا تەسىر قىلدى. خالزاتخان شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى ھەققىدە كۆپ ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بىلەن خالزاتخان ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى توپتوغرا بىر يۈز ئون بەش كۈن يول يۈرۈپ ئاخىر كونا ئاستانە — يېڭى پايتەختت بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى. خالزاتخاننىڭمۇ چۈشكۈن بولىدىغان جايى ئايرىم بولغاچقا ئۇلار بېيجىڭغا يېتىپ كىرىپلا ئۆز جايلىرىغا قاراپ ئايرىلىشتى.

قۇمۇل ۋاڭى يېقىنقى يىللاردا خانلىق قۇمۇل ۋاڭلىرى ئۈچۈن سالدۇرغان شۇەن ۋۇمىڭ ئىچىدىكى «قۇمۇل مېھمانخانىسى» غا چۈشتى. بۇ مېھمانخانا كۆك خىشتىن سېلىنغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى قۇرۇلۇش تۇسىنى ئالغان لەخمەلىك قۇرۇلۇش ئىدى. مېھمانخانىنىڭ ئۆيلىرى ئىككى ھويلىغا بۆلۈنگەن. ئالدى ھويلىدىكى ئون نەچچە ئېغىزلىق چوڭ - كىچىك ئۆيلەر ئىشخانا، شاھماتخانا، ئويۇن - تاماشىخانىلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئىچكىرىكى كەڭتاشا تۆت چاسىلىق ھويلا، ھويلا ئەتراپى پۈتۈنلەي ئۆيلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇلار ياتاقخانا، تاماقخانا، سەرراپ، ساتراشخانىلار ئىدى. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچ ئېغىزلىق، ئىككى ئېغىزلىق، بولۇپ تەيجى، بەگلەر ئايرىم - ئايرىم ئۆيلەردە تۇراتتى. ۋاڭنىڭ ھوجرىلىرى ئايرىم بېزەلگەن بولۇپ، كەڭتاشا، يورۇق، ناھايىتى پاكىزە ئىدى. ھويلىدا مەجنۇنتال، خىلمۇخىل گۈل - گىياھلار، كۆكىرىپ تۇراتتى.

## ئون ئىككىنچى باب

قۇمۇل ۋاڭى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بېيجىڭغا نامازدىگەر
مەزگىلىدە يېتىپ كەلدى. «قۇمۇل مېھمانخانا» سى ۋاڭنىڭ
كېلىشىدىن بۇرۇنلا خەۋەر تاپقاچقا ئۆي، ھويلا ۋە سارايلارنى
پاك - پاكىزە تازىلاپ، تاملارنى ئاقارتىپ ئۆي جاھازلىرىنى،
ئىشىك، دەرىزىلەرنى يېڭىدىن سىرلاپ پارقىرىتىۋەتكەنىدى.
ھاۋا ئىسسىقا باشلىغان كۈنلەر بولغاچقا دېرىزىلەر ئېچىۋېتى-
لىپ، دېرىزىلەرگە يىپەك پەردىلەر، ئىشىكلەرگە ئۈنچە پەردە-
لەر تارتىلغانىدى. ھويلىغا قويۇلغان ئىسرىقدانلاردىكى ئىسرىق-
لاردىن ئەتىرگۈل، قىزىل گۈللەرنىڭ پۇرىقى كېلەتتى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ خېلىلا چارچاپ قالغانىدى. شۇڭا:

— «يول ئازابى گۆر ئازابى» — دەپ كونىلار بىكار
ئېيتمىغانىكەن. تۆت ئايغا يېقىن يول يۈرۈپتىمىز. ھېلىمۇ
ياخشى خالزاتخان تەيجى سەپەرداش بولغاچقا يولدا ئانچىۋالا زې-
رىكمىدىم، بولمىسا خېلىلا بىئارام بولۇركەنمەن، — دېدى ئۇ
ئۆزىنىڭ ئېسەنلىكىنى سوراپ يېنىدا چۆرىدەپ ئولتۇرغان بەگ،
سىپاھلىرىغا قاراپ.

— خوش، ۋاڭ خوجامنىڭ نىيىتى خالىس، شۇڭا ھەممىلا
ئىشلىرى كۆڭۈللۈك بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ھاشىر تەيجى.

— ھەي. . . ئاللائىگەم ئۆمۈرۋايەت شۇنداق ياراتقان بول-
سا مەيلىدىغۇ، — دەپ قويدى ۋاڭ ھەممىگە قاراپ، — مەنغۇ
ياخشى، ھەرقايسىلىرى يولدا جاپا چېكىپ قىلىشتىلا. ھەممىلە-
رى ياخشىراق ئارام ئېلىشسىلا، ھاشىر تەيجى بېگىم، ئەته
ئەتىگەندە بىزنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىمىز ھەققىدە خان ئوردىسىغا
مەلۇم قىلغايلا، قاچان خاندىن يارلىق چۈشكىچە ھەممىمىز ئارام
ئالايلى.

— خوش، ۋاڭ خوجامنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت، —
دېدى بەگ، سىپاھلار. ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بىر
بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى.

ۋاڭ مۇنچىغا كىرىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئىسسىق سۇدىن
چىققۇسى كەلمىدى. ئۇ مۇنچىدىن چىقىپ، يول بويى قازا
بولغان نامازلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆتىدى.

ئەتىسى چايدىن كېيىن خان ئوردىسىدىن تۆت ئەمەلدار
كېلىپ مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بىلەن كۆرۈشتى. ھەم خاننىڭ
ئۇلارنى قارشى ئالدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ تۆت كىشىنىڭ
ئىچىدە خان ئوردىسىنىڭ ئۇيغۇرچە تىلماچى بار ئىدى. ئۇنىڭ
تونۇشتۇرۇشىچە ئىسمى ئارغۇن ئىكەن، مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ
خەنزۇچە ئىسىملارغا ئوخشىمايدىغان بۇ ئىسىمغا قىزىققان ھالدا
ئارغۇنغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ سورىدى:

— مىللىتىڭىز؟

— مىللىتىم ئۇيغۇر، ئەجدادىم قومۇللۇق.

— پاھ، — دەپ خوش بولۇپ كەتتى ۋاڭ، — بىزنىڭ
ئەجدادلىرىمىزنىڭ بېيجىڭدا ياشاپ كەلگىنىگە ھەيرانمەن، يەنە
كېلىپ قومۇللۇق دەڭ.

— شۇنداق، — دېدى ئارغۇن ئۆزىنى تونۇشتۇ-

رۇپ، — مەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئوردا، قەسىر ۋە باشقا ئىمارەتلىرىنى لايىھىلىگۈچى ئەختەرىدىن-نىڭ[1] تۆتىنچى ئوغلىنىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى بولىمەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلۇغ بوۋىمىز ئەختەرىدىن ئەسلى قۇمۇللۇق بولۇپ چىڭگىزخان قوشۇنلىرى بېيجىڭنى ئىشغال قىلىشتىن بۇرۇنلا بېيجىڭدا ئولتۇراقلىشىپ ئولتۇرۇشلۇق ئىكەن. ئۇلۇغ بوۋىمىز ئەختەرىدىننىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ چوڭ ئوغلى مىر ئەلى شاھ، ئاندىن مۇبارەك شاھ، قۇتلۇق شاھ ھەم ئارغۇن شاھلار ئىكەن. بىز ئەنە شۇ ئارغۇن شاھنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، دادام مېنىڭ ئىسمىمنى ئەنە شۇ بوۋامنى ياد ئېتىپ قويۇپ قويغانىكەن. ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ ئوغۇللىرى، نەۋرە، چەۋرىلىرىدىن تارتىپ ھەممىسى دېگۈدەك ئوردىدا مۇھىم مەنسەپلەرنى تۇتقانىكەن. تا ھازىرغىچە ئاددىيسى تىلماچ، خەتتات، كاتىپلاردىن بولۇپ ئىشلىمەكتە. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ئارغۇننىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا كاتتا داستىخان راسلاندى. ھەممىسى قۇمۇلنىڭ مېۋە - چېۋە، تۈرلۈك يېمەكلىكلىرىگە ئېغىز تەگدى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ چايدىن بىر ئوتلاپ چىنىسىنى شىرەگە قويۇپ يەنە سورىدى:

— ئەختەرىدىن ياشىغان دەۋرلەردە بېيجىڭدا ئەختەرىدىن-دىن باشقا ئۇيغۇرلارمۇ بولغانمىكەن؟

— بولغانىكەن. يۈەن سۇلالىسىگە ئائىت تارىخلاردا بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ سۆزلىنىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا، بولۇپمۇ چىڭ-گىزخان ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتلاردا بېيجىڭدا چىڭ-

---

[1] ئەختەرىدىن — «مۇسۇلمان شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتابنىڭ 7 — جىلد 92 — بېتىدە «ئەختەرىدىن يۈەن دەۋرىدىكى داڭلىق بىناكار بولۇپ، ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خانبالىقنىڭ ئوردا، قەسىر ۋە باشقا ئىمارەتلىرىنى لايىھىلىگۈچى ھەم قۇرۇلۇشقا تەشكىللەپ، يېتەكچىلىك قىلغۇچى» دېيىلگەن.

گىزخان قوشۇنلىرى بىلەن بىللە كەلگەن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر
ئالىملىرى، سىياسەتچىلىرى، ئىقتىساد ئالىملىرى، ھەربىي
سەركەردىلەر، دېڭىزچى، ئوقۇتقۇچى، تارىخچى، ئاسمان جى-
سىملىرىنى تەكشۈرگۈچىلەر، يېزا ئىگىلىك ئالىملىرى، خەن-
زۇچە، موڭغۇلچە، مانجۇچە، ئەرەب - پارسچە بىلىدىغان تىل-
ماچلار، مەشھۇر ئەدىبلەر - يازغۇچى، شائىرلار، رەسساملار
بولغانىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئۆي - ئىمارەت سېلىش، لايى-
ھەلەش ئۇستىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قولىدا مەخسۇس ئۇيغۇر
ئىشچىلىرىدىن نەچچە مىڭى بولغانىكەن. ئۇلار ئاساسەن بېيجىڭ-
دىكى مەشھۇر باغچە يىخىيۇەن ئەتراپىدىكى ناھايىتى كەڭ مەھەل-
لىلەرگە ئولتۇراشقان بولۇپ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىدا مىسلىسىز
چوڭ ئىشلارنى قىلغانىكەن.

ئارغۇننىڭ سوزۇقراق كەلگەن بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزى، يو-
غان كۆزلىرىگە ياندىش قارا قاشلىرى، قاڭشارلىق بۇرۇنلىرى
خاس ئۇيغۇر نەسلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇس-
تىگە پۈتۈنلەي خان ئەمەلدارلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيگەن بولسى-
مۇ، «بىز ئۇيغۇر» دېگەن سۆزىدىن ئۇنى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ
تېخىمۇ يېقىن ھېس قىلدى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ تىلماچ ئارغۇندىن يەنە نۇرغۇن نەر-
سىلەرنى، بولۇپمۇ ئەختەرىدىن ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى سورى-
غۇسى بار ئىدى. بىراق خان ئوردىسىدىن بىللە كەلگەن كىشى-
لەر سەل ئالدىراپ تۇرغاندەك قىلدى. شۇڭا «بىز تېخى ئەمدىلا
بېيجىڭغا يېتىپ كەلدۇقتۇ، بۇ تىلماچ بىلەن بىللە بولىدىغان
كۈنلەر تېخى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا كەڭتاشا
پاراڭ قىلىشىۋالارمىز» دېگەننى ئويلاپ باشقا گەپ قىلمىدى.
تىلماچ ئارغۇن تاماقلار يېيىلىپ بولغاندا شۇنداق دېدى:

— خان ئالىيلىرى، ھەرقايسىلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان

كۈننى ئۆزى بەلگىلەيدۇ، بەلگىلەشتىن بىر كۈن بۇرۇن پەرمان-
نى ئۇقتۇرىمىز، شۇنىڭغىچە ياخشىراق ئارام ئالسىلا ۋاڭ خو-
جام.

ۋاڭ بېشىنى ئىرغىتىپ قويىدى ھەم دېدى:

— ئەمىسە خان ئالىيلىرىغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغا سالاملار-
نى ماڭغۇزۇپ تۇرساق بولارمىكىن.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، سوۋغا - سالامنىڭ تىزىملىكىنى
ماڭا بەرسىلە، مەن تەرجىمە قىلىپ خان ئالىيلىرىغا كىرگۈزۈپ
بېرىمەن. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ھاشىر تەيجى بەگكە قارىدى:

— ھاشىر تەيجى بېگىم، خان ئالىيلىرىغا ئېلىپ كەلگەن
سوۋغاتلارنىڭ تىزىملىكىنى ئارغۇن ھەزرەتلىرىگە بېرىپ، ھەر-
قايسىلىرى خان ئوردىسىغا بارسىلا، خان ئالىيلىرىنىڭ ئاستانىغا
يېتىپ كەلگەنلىكىمىزدىن خەۋەر تېپىپ، ئالاھىدە ھال سورىغان-
لىقىغا رەھمەت ئېيتسىلا، ئاندىن قۇمۇلدىن ئېلىپ كەلگەن
سوۋغاتلارنى تاپشۇرۇپ بەرسىلە.

— خوش ۋاڭ خوجام، — دېدى ھاشىر تەيجى بېگىم
ئېھتىرام بىلەن.

— ئارغۇن ھەزرەت باشچىلىقىدىكى بۇ مېھمانلارغا قۇمۇل-
نىڭ يالدامىلىرىدىن بەرگەيلا.

— خوش، ۋاڭ خوجام — دەپ يەنە ھۆرمەت بىلدۈردى
ھاشىر تەيجى بېگىم. كەلگەن مېھمانلارمۇ ئېگىلىپ تەزىم قىلى-
غىنىچە ۋاڭ بىلەن خوشلاشتى. ئۇلارغا بىردىن قارا كۆرپىدە
تاشلانغان جۇۋا، غىلابلىرى ۋە ساپىقىغا ياقۇت قويۇلغان بىردىن
پىچاق، چاقماقلىرى بىلەن بېرىلدى. ئۇلار بۇنىڭدىن بەكلا خوش
بولۇپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا خان ئالىيلىرىدىن يارلىق كەلدى. يار-
لىقنى ئېلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئىچىدە ئارغۇن ھەزرەت يوق ئە-

دى. بۇ ئىككى كىشى خاننىڭ مەلۇمچىلىرى بولسا كېرەك. ئۇلار يارلىقنى ئۇقتۇرۇپلا قايتتى. يارلىقتا خان قۇمۇلنىڭ ۋاڭى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنى ھەپتىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى، ئەتىگەندە ئۆز ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلغانىدى. ۋاڭ خاننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بېشىنى سەل ئېگىپ «رەھمەت» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ خان بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇچرىشىشقا يەنە ئىككى كۈن بار ئىدى. ۋاڭ خان ھەققىدە ئويلىغانسېرى كۆڭلىدە بىر خىل دېلىغۇللۇق پەيدا بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇ خان ھەققىدە نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. «خانغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراشقا بولمايدىكەن، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغان كىشى، جازاغا تارتىلىدىكەن. ئۇقۇشماي بەزى گەپ سۆزلەرنى قىلىپ قويغانلارمۇ جازالىنىدىكەن» يەنە تېخى «خان ھەرقانداق ئەمەلدارلارنى ئاۋۋال چېكىپ كۆرىدىكەن. ناۋادا خاننىڭ كۆڭلىدە كىچىككىنە گۇمان پەيدا بولۇپ قالسىمۇ، ئۇ ئەمەلدارلارنىڭ مەنسەپ، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىدىكەن، ياكى سۈرگۈن قىلىدىكەن...» مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ شۇلارنى ئويلاۋېتىپ بىردىنلا ئۇلۇغ بوۋىسى ئىمىن ۋاڭنىڭ بېيجىڭگە كېلىپ، جازالانغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى:

ئىمىن ۋاڭ قۇمۇلنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد ۋاڭى بولۇپ، ئۇ دادىسى گۇپا بەگنىڭ 1 - دەرىجىلىك جاساق تارخانبەگلىكىگە ۋارىسلىق قىلاتتى. ئۇ قۇمۇل شەھەر ئىچى ئوردا خېيىدىكى (تۆۋەن ئوردا مەھەللىسىدىكى) ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ئىمىن ۋاڭ ھەربىي ماھارەتتە پىشقان بولۇپ، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ ئوقيا ئېتىپ، مەشىق قىلىش مەيدانى شەھەر سىرتىدىكى ئون تاغارلىق يەرنى ئىگىلىگەنىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىرگە يەنە نۇرغۇنلىغان ئوقيا ئېتىش ماھىرلىرىنى تەربىيىلىدى. بۇ جۇڭغارلار ئۇرۇش مالىـ

مانچىلىقى قىلىنىۋاتقان چاغلار بولغاچقا شۇ كۈنلەردە جۇڭغارلار قۇمۇلغا ئىككى مىڭ لەشكىرى بىلەن باستۇرۇپ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئىمىن ۋاڭ قۇمۇلدىكى مۇداپىئە قوشۇنىدىن ئىككى يۈزنى ئېلىپ، جۇڭغارلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. جەڭ ناھايىتى كەسكىن داۋاملىشىدۇ. يەر - جاھاننى بېشىغا كىيىپ، قارا قاغىدەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان باسمىچىلار تۆت تەرەپتىن ئېتىلغان ئوقيالارنىڭ زەربىسىدە بىردەمدىلا نۇرغۇن ئادىمىدىن ئايرىلىدۇ. ئىمىن ۋاڭ ئۆز ۋەتىنىنى قوغداشتىكى تەۋرەنمەس ئىرادىسى بىلەن ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، جۇڭغار لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ. دۈشمەن چېكىنىپ يىراققا قېچىپ كېتىدۇ.

شۇ چاغدىكى خان كاڭشى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىمىن ۋاڭنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ ھەم ئىمىن ۋاڭنى ئون بەش مىڭ سەر كۈمۈش بىلەن تارتۇقلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كاڭشى خان دائىم ئىمىن ۋاڭنىڭ ئاز ئادەم بىلەن كۆپ دۈشمەننى يېڭىشتەك ئالاھىدە ئۇرۇش ماھارىتىنى ماختاپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ ھەم باشقا جايلاردىكى مۇداپىئە قوشۇنلىرىغا بۇ جەڭنى مىسال قىلىپ سۆزلەپ بېرىپ ئىلھام بېرىدۇ.

كېيىن خان ئىمىن ۋاڭنى بېيجىڭگە زىيارەتكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئىمىن ۋاڭ بېيجىڭغا كەلگەن كۈنلەردە، ئۇنىڭ ئوقيا ئېتىشتىكى ماھارىتى ئاللىقاچان خاننىڭ مەشھۇر مەشقاۋۇللىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. ئۇلار ئىمىن ۋاڭنىڭ ماھارىتىنى بۇرۇنراق كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، ئىمىن ۋاڭ خان سارىيىغا كىرگەن كۈنلا خاننىڭ مەشقاۋۇللىرى ئۇنى ئوقيا ئېتىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئىمىن ۋاڭ خاندىن بىسوراق ماھارەت كۆرسىتىشتىن ئەندىشە قىلىپ، ئوقيانى خاتا ئېتىپ، مەشقاۋۇللارنىڭ غورۇرىنى ئاشۇرۇپ قويىدۇ. ئەمما خان ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوقيا ئېتىش-

تىكى ماھارىتىنى كۆرۈشكە بولۇدىلا قىزىقىقانلىقى ئۈچۈن ئەتىسى ناھايىتى كاتتا سورۇن ھازىرلىتىدۇ. خان ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى مەلىكە، خانىشلىرى، مەشقاۋۇل ۋە مەرگەنلىرى بولۇپ تۈرغۇن ئادەم سورۇن ئەھلى بولىدۇ.

مەيداننى دۇمباق سادالىرى قاپلايدۇ. ئىمىن ۋاڭ شاھانە سەرپايىلىرىنى كىيىپ ھەيۋەت بىلەن مەيدانغا كىرىدۇ. نىشان قىلىنغان چەمبىرەكتىن ئۆزۈلدۈرمەي ئۈچ ئوقنى ئۆتكۈزىدۇ. تاماشىبىنلار ئىچىدە چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرايدۇ. بۇ ئىش خاننىڭ ئاتاقلىق مەشقاۋۇللىرىنىڭ ھەسەت ئوتىنى كۆچەيتىۋېتىدۇ. بۇ مەردانە كىشىنى چاپىناپ پۈركۈۋەتكۈسى كېلىدۇ. ئاخىر ئۇلار بىر ھىيلە ئىشلىتىپ، بىر گۇناھكار ئادەمنى ئېلىپ كېلىپ، بېشىغا بىر تال توخۇمنى قويىدۇ. ھەم ئىمىن ۋاڭغا ئادەمگە دەخلى يەتكۈزمەي، توخۇمغا تەگكۈزۈشنى بۇيرۇيدۇ. ئىمىن ۋاڭ قىلچە ئىككىلەنمەي، ئوقيانى قولىغا ئېلىپ، نەق توخۇمنىڭ ئۈزىنى قارىغا ئالىدۇ. شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدۇكى، توخۇم چېقىلىپ، ئادەم ساق قالىدۇ. تاماشىبىنلار ئىمىن ۋاڭنىڭ ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، ھەشقاللا ئېيتىدۇ. چاۋاك ساداسى ھەممە ياقنى قاپلايدۇ. خانمۇ ئۇنىڭ ماھارىتىگە ھەيران قېلىپ بېشىنى لىڭشىتىدۇ.

ئىمىن ۋاڭ ئوقيا ئېتىشتىكى ماھارىتى بىلەن خاننى ھەيران قالدۇرغاندىن كېيىن، خاننىڭ ئۇستا مەشقاۋۇللىرىنىڭ ھەسەت ئوتى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. خان سارىيىدا مەشقاۋۇلمەن دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرگەن بۇ مەشقاۋۇللار، ھېلىقى چەمبىرەكتىن بىر نەچچە ئوقنى ئۆتكۈزەلىسىمۇ، لېكىن ئادەم بېشىدا تۇرغان توخۇمغا دەل تەگكۈزۈشى ناتايىن ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۆزلىرىنى خان ئالدىدا كەمسىتىشنى لايىق كۆرمىگەن مەشقاۋۇللار قوتراپ، خاننىڭ ئالدىغا كىرىپ ئىمىن

ۋاڭغا ئىللەت ئارتىش ئارقىلىق ئۇنى جازالاشنى تەلەپ قىلىدۇ. خان ئىمىن ۋاڭغا ياخشىراق مۇكاپات بېرىشنى ئويلاپ ئولتۇراتتى. بىراق ئۇ، بۇ كىرگەنلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بېقىشنى لايىق كۆرۈپ دىققەت قىلدى: «ئىمىن ۋاڭ دېگەن، كىچىككىنە بىر جاينىڭ، يەنى خان ئائىلىلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى جاينىڭ يەرلىك بېگى، ئۇ ئائىلىلىرىنى كۆزگە ئىلمىدى. ئوقيا ئېتىش مەيدانىغا كىرىشتىن بۇرۇن خان ئائىلىلىرىغا تەزىم قىلىشى لازىم ئىدى. ئىمىن ۋاڭ مەشقاۋۇللارنىڭ ئىنتىزام ـ رەسمىيەتلىرىگە بويسۇنماي مەنمەنچىلىك قىلدى. خان بۇنىڭغا چارە كۆرۈشى كېرەك»

خان ئىمىن ۋاڭنى تارتۇقلاشتىن ۋاز كېچىپ مەشقاۋۇللارنىڭ دەۋاسىنى توغرا تاپىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىمىن ۋاڭنى ئىلىغا بەش يىللىق سۈرگۈن قىلىدۇ. بېشىر ۋاڭ يۇقىرىقى ۋەقەنى ئويلاپ خېلىغىچە سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۇزاقى يىلى بېيجىڭغا كەلگەن بولسىمۇ خان كېسەل بولۇپ قېلىپ قوبۇل قىلمىغانىدى. ئۇلار بېيخەيگە بېرىپ مۇز ھۈنەرلىرىنى كۆرۈپلا قايتقانىدى.

ۋاڭنىڭ خىياللىرىنى ھاشىر تەيجى بېگىم بۇزدى. ئۇ بۈگۈن ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ياستىپ، يېڭى كىيىملىرىنى كېيىۋالغانىدى. ۋاڭ ھاشىر تەيجىنى بۇنداق ھالەتتە كۆرمىگىلى خېلى يىللار بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

ئۇنىڭ بەستلىك بويلىرى پۈكۈلۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ قارامتۇل كەلگەن. ساقال ـ بۇرۇتلىرىمۇ قاپقارا. خۇشاللىقى بىلەن قايغۇسىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئادەم ئىدى. ئەمما ۋاڭ خوجام نېمە دېسە جان دەپ ئىجرا قىلاتتى. ئۇنىڭ تەبىئىتى خۇشامەت ۋە نەپكە يېقىنراق ئىدى. ئۇ كىرىپلا ۋاڭنىڭ خىيال

سۇرۇپ ئۆلتۈرغانلىقىنى سەزدى.

— ۋاڭ خوجامنىڭ ئالتۇن بويلىرى ئېسەن بولغاي.

— كەلسىلە، ھاشىر تەيجى بېگىم، كەلسىلە، مېنى خان ئۆگۈنلۈككە ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىپتۇ. خان ئوردىسىنىڭ مەلۇم-چىلىرى كەلگەندە ئۆزلىرىنى ھامىمادا دېيىشتى. ئۇلارمۇ خان يارلىقىنى يەتكۈزۈپ قويۇپلا ئالدىراپ كېتىپ قالدى. يارلىقتا مېنىڭ، يالغۇزلا ئىسمىم يېزىلىپتۇ. قانداق قىلىمىز؟ خىيا-لىمچە، ھەرقايسىلىرىنىمۇ بېرىپ خاننى كۆرۈپ كېلىلى دەپتىمەن، — دېدى ۋاڭ.

— خوش، ۋاڭ خوجام، خان ئالىيلىرى جانابلىرىنىلا چىللاتقانىكەن، كۆتۈۋېلىش زالىغا جانابلىرىلا كىرىدىلا، بىز زالنىڭ تېشىدا ھەزرەتلىرىنى ساقلاپ تۇرۇپ تۇرىمىز، — دېدى ھاشىر تەيجى.

ۋاڭ ئادىتى بويىچە كۆلۈمسىرەپ قويدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بۈگۈن ئەتىگەندە ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۈستىگە ئالتۇن قۇببىلىق تەتىللا تون، بېشىغا قامىلىق تۇماق، پۇتىغا قارا خۇرۇمى يالتىراپ تۇرىدىغان ئۆتۈك كىيگەنىدى.

ئۇ ئۇنچە، ياقۇتلىرى يالتىراپ تۇرغان سېرىق يوپۇق يې-پىلغان مەپىسىگە ئولتۇردى. مەپە ئەتراپىدا بەگ - سىپاھلاردىن ئون كىشى، ئېگەر - جابدۇقلىرى كۈمۈشتىن ياسالغان ئاتلارغا مىنگەن ھالدا خان سارىيىغا قاراپ يولغا چىقتى. بەگلەرنىڭ كىيىملىرى بىر خىل، سىپاھلارنىڭ كىيىملىرى بىر خىل؛ سىپتا، پاكىزە ئىدى.

ئۇلار ئۈچ دەرۋازىلىق ئىشىكىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى دەرۋازى-سىدىن ئۆتۈپ، ئوردىنىڭ كەڭ سەيناسىغا كىردى. بۇ يەردە

كۆتۈۋالغۇچىلار يول باشلاپ مېڭىشتى. بۇ تۆت يۈز يىللىق تارىختا ئىگە بولغان خان سارىيىنىڭ تۆت تەرىپى ئۇن مېتىردەك ئېگىزلىكتىكى سېپىل بىلەن قورشالغان. سېپىلنىڭ تېشىنى خېلى كەڭ بىر ئۆستەڭ قورشاپ تۇراتتى. بۇ يەردە ھازىرغىچە يىگىرمە نەچچە ئەۋلاد خانلىق تەختتە ئولتۇرۇپ پۈتۈن جۇڭگو زېمىنىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. دەرۋازىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قارىسىڭىز، كۆپكۆك قارىغايلار قاپلاپ تۇرغان جىڭسەن تېغى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

مەپە ۋە ئاتلار مەخسۇس جايدا قالدۇرۇلدى. ۋاڭ خاننىڭ قارشى ئالغۇچىلىرى بىلەن ئالدىدىراق ماڭدى. قالغان بەگ، سىپاھلار ئارقىدىراق مېڭىشتى. يولغا ئۇششاق رەڭدار تاشلار، گۈل شەكلىدە ئورنىتىلغانىدى. ئۇلار ئۈچ يوللۇق پەلەمپەينىڭ ئوڭ تەرىپىدىكىسى بىلەن مېڭىپ، خىلمۇ خىل گۈل ئويۇلغان تاش رېشاتكىلىق سەيناغا چىقتى. بۇ يەردە خاننىڭ خاس قوغدى-غۇچىلىرى ئىككى سەپ بولۇپ تۇراتتى. ئۇدۇلدا خاننىڭ ھۆكۈ-مەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، سىرتتىن كەلگەنلەرنى قوبۇل قى-لىش ئوردىسى، ئوردا ئالدىغا ئورنىتىلغان مىستىن ياسىلىپ، ئالتۇن قاپلانغان شىرنىڭ ھەيكەللىرى، ئاق قۇلارنىڭ ھەيكەللى-رى، چىراغپايلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

غەربىي يۇرتتىكى ۋاڭنىڭ كەلگەنلىكىدىن مەلۇمچىلار ئال-دىن خانغا خەۋەر بېرىشتى. خان ئىجازەت قىلغاندىن كېيىن ۋاڭ بىر بىر دەسسەپ ئوردىغا كىرىپ كەلدى.

ئوتتۇرىدا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن تەخت، تەخت ئۈستىدە خان، شاھانە كىيىملىرى بىلەن پۈتىنى شىرەگە، ئىككى قولىنى تىزى ئۈستىگە قويۇپ مەغرۇر ئولتۇراتتى. ئىككى تامدا ئىما-رەتتەك ئېگىز نەقىشلىك ئەينەك، نەقىشلىك ئىشكاپلار، ئوتتۇ-رىدا ئىككى سەپ بولۇپ خاننىڭ قەلەمدار ھەم ئەلەمدار بەگلىرى

قاتارلىشىپ تۇراتتى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ تەختتىن يىراقتا توختاپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى سەل ئېگىپ:
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خان ئالىيلىرىنىڭ ئالتۇن بويلىرى ئېسەنمىكىن؟ — دېدى، ناھايىتى تەمكىن ھەم سالماق قىياپەتتە.
بۇ كۆرۈنۈش خاننى، خاننىڭ كۈتكۈچىلىرىنى ھەيران قالدۇردى. ساراي ئىچى بىر پەس سۈكۈتكە چۆمدى. دۇمباق چېلىپ قارشى ئالغۇچىلارمۇ جىمىپ قېلىشتى. ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدە، «ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خانغا باش قويۇش قائىدىسى نەگە كەتتى؟ نېمىشقا خانغا ئۈچ قېتىم تىزلىنىپ، توققۇز قېتىم باش قويمايدۇ. بۇ كىچىككىنە شەھەرنىڭ ئەرزىمەس ۋاڭىنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ . . .» دېگەن سوئاللار كېزەتتى.
ۋاڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تىلماچ ئارغۇن دەرھال تىلغا كىرىپ:
— ئۇلۇغ خان ئالىيلىرى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدىكى بىر زات. ئۇ ھەزرەتلىرىگە ئېھتىرام بىلەن سالام بېرىپ، تەن سالامەتلىكلىرىنى سوراۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھۆرمەت ئېھتىرام يوسۇنى بىلەن بۇددا دىنىدىكىلەرنىڭ ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. ناۋادا ئۇ بۇددا دىنى قائىدىسىنى ئىشقا سېلىپ، ھەزرەتلىرىگە باش ئۇرسا، ئۇ ئۆز دىنىدىن چىققان بولىدۇ، — دېدى.
بۇنى خان تىلماچتىن بۇرۇنراق ئۇيلاپ يەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ بىردىنلا كۈلۈپ كەتتى. خان ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ:
— ئەمىرگە ئىجازەت، — دېدى. تېخىچە بېشىنى سېلىپ تۇرغان مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ قولىنى كۆكسىدىن ئېلىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ خانغا قارىدى. ئىككى سەپ بولۇپ تۇرغان

بارلىق ئەمىرلەر «خان ئالىيلىرى، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، ئىلمىي ھېكمەتتە ۋايىغا يەتكەن دانادۇر» دەپ ۋارقىراشتى.

خان يەنە قوشۇپ قويدى:

— يولدا جاپا چەكتىڭىز، كەلگىنىڭىزدىن مىننەتدارمەن.

زالنىڭ ئىچى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ۋاڭنى قارشى ئېلىش مۇزىكىسى چېلىندى. ۋاڭ كۆلۈمسىرىگىنىچە خانغا ئېھتىرام بىلدۈردى. خان ئۇنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئىجازەت بەردى. ۋاڭ بەلگىلەنگەن ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى.

خان بىلىملىك ئىدى. ئۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىشنى ئۆزى ئۇچۇن ئەقىدە بىلگەچكە، ھەممىسى ھەيران قالغان بايىقى ئىشقا ئۇ ھەيران قالمىدى. چۈنكى بوۋىسى چەنلۇڭ خاننىڭ دەۋرىدىمۇ شۇنداق بىر ئىش بولغانىكەن. ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدىكى بىر قىسىم مېھمانلار خانغا سالام بەرگىلى كەپتۇ. شۇ چاغدىمۇ ئۇلار چەنلۇڭ خانغا سالام قىلىپ سالامەتلىكىنى سوراپتۇ. ئاۋۋال خان ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى بۇنىڭغا ھەيران قېلىپ ئۇلارنى جازالىماقچى بولۇپتۇ. لېكىن چەنلۇڭ خانمۇ پەم ـ پاراسەتلىك بولغاچقا ئويلىنىپ قاپتۇ. «دىنى ئەقىدە دېگەن بۇ باشقىچە گەپ، ھەرقايسى دىندىكىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە ـ يوسۇنى بار. بۇنى دەرھال ئۆزگەرتىشكە ياكى يوقىتىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قائىدە ـ يوسۇنلىرى بار. يەنە كېلىپ ئىسلام دىنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دىنلارنىڭ بىرى. دۇنيادا ناھايىتى كۆپ خەلق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. جۇڭگودىمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر كۆپ. بىز ھاكىمىيەت باشقۇرماقچى بولىدىكەنمىز، دىنى ئالاھىدىلىكلەرنى، مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەرىمىزدىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك». شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىنى باشقۇرۇشتا ئۇلارنىڭ دىنى

ئېتىقادى، مىجەزى، ئۆرپ - ئادىتىگە قاراپ ئىش قىلىش كېرەك. پۈتۈنلەي ئىچكىرىنىڭ چارىسى بويىچە ئىدارە قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەنىدى.

بۇنى ھازىرقى خان تارىخىي خاتىرىلەردىن كۆرگەنىدى. جۇڭگودەك بىر چوڭ زېمىندا تۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر بار. ئۇلارنىڭ زېمىنى، خەلقى، بايلىقى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ ئادىتى، تىل - يېزىقى، دىنى ئەقىدىسى بار. ئەقىدىسى يوق مىللەتنى مىللەت دېگىلى بولمايدۇ — دەپ ئويلىدى خان.

خان كۆڭلىدە مۇھەممەت بېشىر ۋاڭغا نىسبەتەن بىر خىل يېقىنلىقنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ جاھانگىر خان توپىلىڭى دەۋرىدە چىڭ ئەسكەرلىرىگە ياردەملىشىپ يۈز ھارۋىدا ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك، يېقىلغۇ ئەۋەتىپ بەرگەنلىكىنى ئەسلەپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت بېشىر ۋاڭغا نىسبەتەن ھۆرمەت - ئىھتىرام تۇيغۇسى تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ چاغدا خاننىڭ خىيالىغا يەنە ئىمىن ۋاڭنىڭ ئىشلىرىمۇ كەلدى. گەرچە ئۇ ئىمىن ۋاڭنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئۇ ھەقتە بىر قىسىم گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. ئىمىن ۋاڭنىڭ مەرگەن ۋە مەردانىلىقى شۇ چاغدىكى خاننى، خاننىڭ ئەمەلدارلىرىنى ھەيران قالدۇرغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە شۇ چاغدا ئىمىن ۋاڭغا كۆرۈلگەن چارىدىن نارازى ئىدى. چۈنكى، شۇ چاغلاردىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى جۇڭغارلارنى يوقىتىشتا ئىمىن ۋاڭ ئاجايىپ خىزمەت كۆرسەتكەن، كېيىن بېيجىڭگە كەلگەندە كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تۆھپىسى كۆمۈلۈپ قالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، يېقىنقى يىللاردا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىشمۇ يادىغا كەلدى. ئۇ بولسىمۇ مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ دادىسى ئەردىشىر ۋاڭ بېيجىڭغا خان بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە ئوردىنىڭ ئۈچىنچى دەرۋازىسىغىچە ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەپ-

تۇ. بۇ چاغدا خان ئېگىزدە سەيلە قىلىۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرگەن خان ھەيران بولۇپ ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن كىشىگە قولىنى شىلتىپ «ئاتتىن چۈشۈڭ!» دەپتۇ ۋە يېنىدىكى خىزمەتچىلىرىدىن سوراپتۇ. «بۇ نەنىڭ خاقانى؟» خىزمەتچىلەر «قۇمۇلنىڭ ۋاڭى ئەردىشىر، جانابلىرىنىڭ ئالدىغا سالامغا كەلدى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خاننىڭ «شامابى» (ئاتتىن چۈشۈڭ!) دېگەن سۆزى خان سارىيىنىڭ ئۈچىنچى دەرۋازىسىغا يېزىپ ئېسىپ قويۇلۇپتۇ.

ئالتۇن پەتنۇس كۆتۈرگەن خىزمەتچىلەر ھۆرمەت شارابىنى تۇتقاندىلا خاننىڭ خىيالى بۆلۈندى ۋە خۇشال ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت شارابىنى قولىغا ئالدى. ئاندىن كېيىن مۇھەممەت بېشىر ۋاڭغىمۇ بىر جام شاراب تۇتۇلدى. خان شارابنى كۆتۈرگىنىچە ئاستا مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ يېنىغا كەلدى. ۋاڭ خاننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئورنىدى تۇردى. خان شاراب تولدۇرۇلغان جامنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «مىننەتدارمەن!» دېدى. ۋاڭ «خان ئالىيلىرى ئۇزۇن يىللار ياشىغايلا» دېدى. يەنە زالدا مۇزىكا، دۇمباق ساداسى ياڭراپ ئاستا پەسەيدى. خاننىڭ ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك تەختى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ ئۇدۇلىغا قويۇلدى. خان ئاستا ئولتۇرۇپ، مۇھەممەت بېشىر ۋاڭدىن سورىدى:

— قۇمۇلدا ھۆل-يېغىن ئەھۋالى قانداقراق؟

ۋاڭ سەل بېشىنى ئېگىپ جاۋاب بەردى:

— قۇمۇلنىڭ ھاۋاسى كۆپرەك قۇرغاقچىلىققا مايىل، كۆپ چاغلاردا قىشلىقى قار، يازلىقى يامغۇر ياغمايدۇ. تېرىقچىلىقى ئېرىق، ئۆستەڭ ۋە تاغ سۈيىگە موھتاج.

ئارغۇن ھەزرەت تىلماچلىق قىلدى.

— تاغدا ئوت، چۆپلەر قانداقراق؟

— يېغىن كۆپ بولغان يىللىرى ناھايىتى ياخشى، يېغىن ئاز بولغان يىللىرى ئانچە ئەمەس.

— يېمەك - ئىچمەك، مېۋە - چېۋە قۇمۇلدا مەمۇرچىلىقمۇ؟

— دۆلەتلىرى بەركاتىدا ناھايىتى مەمۇرچىلىق.

خان كۈلۈمسىرەپ يەنە سورىدى:

— قۇمۇلنىڭ ئىلىم - بىلىم ئىشلىرى قانداق؟

— تۆت يەردە مەدرىس، ئەللىك بەش يەردە باشلانغۇچ مەكتەپ، ئىككى يەردە خەنزۇچە، مانجۇچە، موڭغۇلچە، زاڭزۇچە تىل ئۆگىنىش مەكتەپلىرى بار. شەھەر تەۋەسىدە ساۋاتسىزلار ناھايىتى ئاز.

— ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى.

— قۇمۇلنىڭ سۇ ئىشلىرى قانداقراق؟

— تەڭرى تاغلىرىدىن قۇمۇلغا سۇ باشلاشقا ئىككى جايدا چوڭ ئۆستەڭ چاپتۇق. يىلدا ئېرىق ئۆستەڭ، بۇلاقلارنى تەكشۈرۈپ، ئۆستەڭلەرنى تازىلاپ، بۇلاقلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ سۈنى راۋان قىلىپ تۇرىمىز. يىلدا سۇنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرىمىز. شۇڭا دېھقانچىلىقىمىز ناھايىتى مول. خەلقىمىز قورساقىنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ.

— ناھايىتى ياخشى. قۇمۇلنى ناھايىتى ياخشى باشقۇرۇپسىز، — خان مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ سۆزلىرىدىن ھەقىقەتەن مەمنۇن بولدى. شۇڭا ئۇ خۇشاللىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىپ يۈرۈپ يەنە سوئال سورىدى:

— قۇمۇلدىن بېيجىڭغا قانچە كۈندە كەلگىلى بولىدۇ؟

— توپتوغرا بىر يۈز ئون بەش كۈن يول يۈرۈپتىمىز.

— پاھ، — دېدى خان ھەيران بولۇپ، — جاپا تارتىپسىز. ياخشىراق ئارام ئېلىڭ. باشقا يۇرتنىڭ ۋاڭ - گۇڭلىرى-

نىڭمۇ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئەتە ئۇلارنى قوبۇل قىلىمەن. بېيجىڭنىڭ گۈزەل، مەنزىرىلىك جايلىرى ناھايىتى كۆپ، كۆرۈپ تاماشا قىلىڭلار. بىللە ئۇۋغا چىقايلى، ئاندىن يازلىق سەيلىگاھ چېڭدېغا بېرىڭلار. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى، مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل، — خان شۇ گەپلەرنى دېگەچ ئاستا تەختكە ئولتۇرۇپ، «يارلىق!» دېدى. دىۋانبېگى يارلىقنى پۈتۈشكە باشلىدى: «قۇمۇلنىڭ ۋاڭى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭغا بىرىنچى، چىنۋاڭلىق مەنسىپى بېرىلسۇن. ئىككىنچى، كىمخاب تون ئىنئام قىلىنسۇن، ئۈچىنچى، خان ئوردىسىغا ئىختىيارى كىرىپ چىقىش رۇخسىتى ئىجرا قىلىنسۇن».

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ خانغا چوڭقۇر تازىم قىلدى ۋە:

— خان ئالىيلىرىغا رەھمەت، — دېدى.

ئىككى تەرەپتە تۇرغان قەلەمدار، ئەلەمدار بەگلەر:

— خان ئالىيلىرى دانادۇر، — دەپ توۋلاشتى.

زالدا يېقىملىق مۇزىكا چېلىنىشقا باشلىدى. دۇمباقلار پەس ئاۋازدا ياڭرىدى. بۇ خان بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

# ئون ئۈچىنچى باب

خاننىڭ خاس خىزمەتچىلىرى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سوۋغا-سالاملىرىنى خانغا مەلۇم قىلغانىدى، خان مۇھەممەت بېشىرۋاڭنى قوبۇل قىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن بۇ سوۋغىلارنى كۆزدىن كەچۈردى. خان سوۋغىلار ئىچىدىكى بىر جۈپ ئاتقا قىزىققانىدى. ھازىر بولسا بۇ جاندۇقلۇق يېگىرمە جۈپ ئاتقا قىزىققانىدى. يېگىرمە جۈپ ئاتلارنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. يېگىرمە جۈپ ئاتنىڭ ئىچىدە ئىككى ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرى كۈمۈشتىن ياسالغان گۈللەر بىلەن ھەم گۈللەر ئارىسىدىكى چاقناپ تۇرغان ئېسىل تاشلار بىلەن جۇلالىنىپ تۇراتتى. بۇ ئىككى ئات باشقا ئاتلاردىن يوغانراق ئىدى. بۇ ئاتلارنىڭ مەخسۇس خان ئۈچۈن جابدۇلغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. خان بۇ ئاتلارنىڭ يايلىنى سىلاپ قويدى. بۇنىڭدىن باشقا ئون سەككىز جۈپ ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرى مىس بىلەن زىننەتلەنگەچكە ئالتۇندەك پارقىراپ تۇراتتى. تۈكلىرى يالتىراپ، يەر تەپچىپ، كىشنەپ تۇرغان بۇ ئاتلارنىڭ ھەممىسى چىلان رەڭ بولۇپ، قاشقىسى ئاق ئىدى. بۇ ئاتلارنىڭ كۆرۈنۈشى خان كۆرگەن ئاتلارغا ئوخشىمايتتى. بۇ ئاتلارنىڭ بېشى كىچىك، يايلى قىسقا، قۇيرۇقى ئۇزۇنراق ئىدى. خان «بۇ ئاتلار خۇددى چىڭگىزخان مىنگەن ئاتلارغا ئوخشايدىكەن» دېگەنىدى، يېنىدىكى ئەمىرلىرى «خان ئاتلىرى

دانادۇر» دېيىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. خان بۇ ئاتلارنى كۆ-
رۈپ قۇمۇل ۋاڭىدىن چوڭقۇر مىننەتدار بولدى.

خان يەنە سوۋغىلار ئىچىدىكى قۇمۇلنىڭ قوغۇن قېقىغا
قىزىقتى. ئۇ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن راسا پىشقان قۇمۇل
قوغۇننى يەپ، «خامىي گۇا» دەپ ئاتىغانىدى. ئۇ چاغدا مۇھەم-
مەت بېشىر ۋاڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە تېرىلمايدىغان بۇ مېۋىنى
خان يەپ كۆرسۇن دەپ، بېيجىڭگە ئون ھارۋىدا قوغۇن ئاپىرىش-
نى بۇيرۇغانىدى. قوغۇننى ساق ئاپىرىش ئۈچۈن ئون ھارۋىنىڭ
ئاستىغا سامان تۆكۈپ، چىڭداپ ئۈستىگە قوغۇننى بىر بىرسىگە
تەگكۈزمەي ياتقۇزۇپ تىزغان، ھەربىر قوغۇن سېرىق تاۋار
بىلەن ئورالغانىدى. ھارۋىلار تېز سۈرئەتتە مېڭىپ قىرىق كۈن
دېگەندە بېيجىڭگە يېتىپ بارغان. خان ۋە ئۇنىڭ مەلىكە، خانىش-
لىرى، ئوردا ئەمىرلىرى بۇ ئاجايىپ تاتلىق مېۋىگە ئېغىز
تېگىپ ھەيران قالغانىدى. خان بۇ قوغۇنلارنى بارلىق ئەمىرلەر-
نىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغىچە تېتىپ بېقىشىغا بېرىپ، ئۆزىمۇ
بىر قانچە ۋاقىتلارغىچە ساقلاپ يېگەن، ھەر يېگىنىدە خان
«خامىي گۇا» بەك تاتلىقكەن دېگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇ-
مۇل قوغۇنى «خامىي گۇا» دېگەن نامى بىلەن پۈتۈن جۇڭگو ھەم
دۇنياغا تونۇلدى.① ئەمدى ئۇ بۇ قېتىم قۇمۇل قېقىغا قىزىقتى.
خان قۇبلەيخان ۋاقتىدا گېرېتسىيەدىن ساياھەتكە كېلىپ بېيجىڭ-
دە ئۇزۇن يىل تۇرغان. بېيجىڭگە كەلگىچە قۇمۇل قاتارلىق
شەھەرلەردىن ئۆتۈپ، قۇمۇل قوغۇن قېقىنى ماختىغان ماركو-
پولونى ئەسلەپ قالدى. خان بۇ ھەقتىكى مەلۇماتنى ماركوپولو
ساياھەت خاتىرىلىرىدىن ئوقۇغانىدى. خان چەتئەللىك بىر سايا-
ھەتچىنى قىزىقتۇرغان قۇمۇل قېقىنى تېتىپ باققۇسى كەلدى.

① بۇ تارىخىي ماتېرىياللاردا شۇنداق خاتىرىلەنگەن.

ئۇ قوغۇن قېقىنى ئېتىپ كۆرگەندىن كېيىن «قومۇل قوغۇنى ھەقىقەتەن تاتلىق» دەپ قويىدى. ھەم قوغۇن قېقىدىن خانىش، مەلىكىلەرگە ۋە ئەمەلدارلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشنى بۇيرۇ-دى.

يەنە باشقا سوۋغىلارمۇ خاننى خوش قىلدى. خان پەرمان قىلدى:

— ئاتلارنى ئالاھىدە ياخشى بېقىپ، ئېگەر - جابدۇقلىرى-نى پاكىزە ساقلاڭلار.

— خوش، پەرمانبەردارمىز، — دېدى ئەمىرلەر.

— قومۇل ۋاڭىغا يارلىق يەتكۈزۈلدىمۇ؟

— ئارغۇن ھەزرەت ھازىر يولغا چىقتى.

خان كۆلۈمسىرەپ قويىدى.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ خان بىلەن كۆرۈشكەننىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە، ئەتىگەنلىك چايىنى ھاشىر تەيجى، شاسېلىمبەگ، سىد-دىق تۇڭچى، يۇنۇس قازى ئاخۇنوم بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئىچتى. چايدىن كېيىن ۋاڭ تۇنۇگۇن خان بىلەن كۆرۈشۈش جەريانىدىكى ئەھۋاللار ھەققىدە ھەممىسىگە سۆزلەپ بېرىۋاتات-تى، مەلۇمچى كىرىپ خان ئوردىسىدىن ئادەم كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ۋاڭ ئۇلارنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىپ، ئۆزى ئەتىللا تونىنى كىيىپ، ئۈستىدىن قېنىق سېرىق رەڭدىكى زوچو پوتىسىنى باغلاپ تۇرۇشىغا ئارغۇن ھەزرەت كىرىپ سالام بەر-دى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ۋاڭ جانابلىرىنىڭ ئالتۇن بويلى-رى ئېسەنمىكىن؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەلگەنلىك-رىدىن مەمنۇنمەن، — دېدى ۋاڭ ئارغۇن ھەزرەتنى كۆ-رۈپ خوشال بولغان ھالدا، — قېنى ئولتۇرسىلا، — دېدى

ۋاڭ قولى بىلەن نەقىشلىرى ئېچىلىپ، سىرلىرى يالتىراپ تۇرغان، قىلىن دۇرەسكەللەر سىلىنغان ئورۇندۇقلارنى كۆرسەتتى.

— ۋاڭ جانابلىرىنىڭ ھاردۇقى چىقىپ قالدىمىكىن.

— رەھمەت، ھاردۇقۇم چىقىپ قالغاندەك بولدۇم.

بۈگۈن ئارغۇن ھەزرەت بىلەن خاننىڭ ئىككى خىزمەتچىسى تۈنۈگۈن خان ئاغزاكى پەرمان قىلغان يارلىقلىرىنىڭ ھۆججەتلەشكەن نۇسخىلىرىنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى. خاننىڭ بۇ پەرمانلىرى يەنە بىر قېتىم ئوقۇلۇپ ۋاڭغا تاپشۇرۇلدى. ۋاڭ خانغا بولغان چەكسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، تەزىم بىلەن قوش قوللاپ ئېلىپ، بېشىغا كۆتۈرۈپ «خان ئالىيلىرىغا ھەشقاللا» دېدى. ئاندىن ئارغۇن ھەزرەت قولىدا زەيتۇن تاۋارغا ئورالغان پەتنۇس كۆتۈرۈۋالغان خىزمەتچىگە قاراپ قولىدىكى پەتنۇسنى ئېچىشنى بۇيرودى. خىزمەتچى پەتنۇسنى بېشىغا كۆتۈرۈپ، تىزىنى ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن، مۇھەممەت بېشىرۋاڭنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئاچتى: پەتنۇستا ئىككى يۈرۈش كىيىم بار ئىدى. بىرى خان تۈنۈگۈن تەقدىم قىلغان كىمخاب تون، يەنە بىر يۈرۈشى خاننىڭ كىيىپ يۈرگەن خىزمەت كىيىملىرى ئىدى.

— بۇ خان ئالىيلىرىنىڭ ئادەتتە كىيىدىغان خىزمەت كىيىمى، — دەپ تونۇشتۇردى ئارغۇن ھەزرەت، — خان ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئەمەلدارلارغا ئۆز كىيىمىدىن بىرەر يۈرۈشتىن ئىنئام قىلىدۇ. بۇ خان ئالىيلىرىنىڭ جانابلىرىنى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن كۆرگەنلىكىنىڭ بېشارىتىدۇر. ۋاڭ يەنە ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن خانغا ھەشقاللا ئېيتتى.

ئۇلار ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشۇپ، بولغاندىن كېيىن ئارغۇن ھەزرەت دېدى:

— خان، جانابلىرىغا ناھايىتى چوڭ ئىلتىپات كۆرسەتتى. بۇ خانلىقنىڭ كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان ھىممەتلىرىدۇر. بۈگۈندىن باشلاپ جانابلىرىنىڭ خان سارىيىنىڭ ھەرقانداق جايلىرىغا كىرىشلىرىگە، كۆرۈپ زىيارەت قىلىشلىرىغا ئىجازەت. بۇ يارلىق بۈگۈن ئەتىگەندىلا خان سارىيىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئۇقتۇرۇلدى.

ۋاڭ بېشىنى لىڭشىتىپ، كۈلۈمسىرىدى. ئارغۇن ھەزرەت يەنە شۇلارنى جىكىلىدى:

— جانابلىرى خان سارىيىغا قەدەم تەشرىپ قىلغاندا، خان سارىيىنىڭ كۇتۇپخانىسىنى نەزەرلىرىدىن ساقىت قىلمىغايلا. بۇ كۇتۇپخانىدا تۈرلۈك تۈمەن كىتابلار بار. بۇ زېمىندا ئۆتكەن ھەرقايسى سۇلالىلارنىڭ تارىخلىرىدىن تارتىپ ھەرقايسى جايلاردىكى ۋاڭ، گۇڭلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىغىچە بار. قۇمۇلنىڭ دەسلەپكى ۋاڭى، جانابلىرىنىڭ بەشىنچى بوۋىسى ئەبەيدۇللا بەگنىڭ بېيجىڭ خانغا بەيئەت قىلغاندىن بېرىقى قۇمۇل ۋاڭلىرىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان تەزكىرىلەرمۇ بار. بولۇپمۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن يىگىرمە نەچچە خاننىڭ پۈتۈن تارىخى تولۇق قالدۇرۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرغۇللۇق (قۇمۇللۇق) قاڭلى تۇتۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى، مول بىلىمى، سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى تالانتى بىلەن يۈەن سۇلالىسى تارىخىدا ئاجايىپ رول ئوينىغان. ئۇ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ، يېزىش ئىنتايىن قىيىن بولغان «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، «جىن سۇلالىسى تارىخى» ۋە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» لىرىنى يېزىپ قۇبلەيخاننىڭ ئالاھىدە ئېتىبارىغا ئېرىشىپ، ئوردىدا سول قول ۋەزىر بولغان. ئەنە شۇ تۇتۇنىڭ يازغان تارىخلىرى، قوليازمىلىرى خان كۇتۇپخانىسىدا ئەينەن ساقلانماقتا.

ۋاڭ ئارغۇن ھەزرەتنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەم خۇشال

بولدى ھەم ئىزاھات بەردى:
— ناھايىتى ياخشى گەپ بولدى، مەنمۇ تارىخقا قىزىقى-
مەن، تارىخ — ئۇ بىر ئىز. ئەجدادلارنىڭ ماڭغان يولى.
بىز بۇنى بىلمىسەك، كۆزىمىز ئوچۇق قارىغۇغا ئايلىنىپ قالى-
مىز. تارىختىن ئۆگىنىدىغانلىرىمىز، ساۋاق ئالىدىغانلىرىمىز
بار. دادام رەھمەتلىكمۇ تارىخقا قىزىقىدىغان ئادەم ئىدى. دادام-
نىڭ دەۋرىدە دادامغا تۇڭچى بولغان سىدىق بەگ، — ۋاڭ
سىدىقبەگكە قاراپ قولىنى جورۇپ قويدى. ئارغۇن ھەزرەت
سىدىقبەگكە قاراپ كۈلۈمسىرىدى. سىدىقبەگمۇ ئارغۇن ھەزرەت-
كە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، — شۇ دەۋرلەردە مۇشۇ يەردە،
خان ئوردىسىدا تۇرۇپ خەنزۇچە، موڭغۇلچە، مانجۇچە تىل
يېزىقنى ئۆگەنگەندە جانابلىرى دېگەن تارىخنامىلەرنى كۆچۈرۈپ
قومۇلغا ئېلىپ چىققان. ھازىرمۇ بۇ تارىخنامىلەر ئوردا كۈتۈپ-
خانىسىدا ساقلانماقتا، سىدىقبەگ جانابلىرى، — ھازىر بولسى-
مۇ، ئەنە شۇنداق بىزگە مۇناسىۋەتلىك، بىز ئۈچۈن مۇھىم
بولغان كىتابلار بولسا دەرھال تونۇش قىلىپ، ھەسسىلەپ ھەق
تۆلەپ بولسىمۇ كۆچۈرتىۋالسىلا، بۇ بىزگە، بىزنىڭ ئەۋلادلىرى-
مىزغا پايدىلىق.
— پەرمانبەردارمەن، — دېدى سىدىقبەگ.
بۇ مەسلىھەتتىن خوش بولغان ئارغۇن ھەزرەت:
— ناھايىتى ياخشى، — دېدى ھەم قوشۇپ قويدى، —
خان ئالىيلىرى، جانابلىرىنى خان ئوردىسىغا ئىختىيارى كىرىپ
چىقىشقا يارلىق قىلغانىكەن، بۇ قانچىلىك ئىشتى، شۇنداق
قىلغايلا، — دېدى. ئارغۇن ھەزرەت يەنە مۇنداق دېدى، —
جانابلىرى خالىغان كۈنى، مەن ئۆزلىرىنى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ
ئاۋات كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ ئۇلۇغ بوۋام ئەختەرىدىنىڭ مۇ-
شۇنداق بىر چوڭ شەھەرنى يوەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆزى پىلا-

لاپ قايتا قۇرۇپ چىقىشتىكى پەم - پاراسىتىنى، ھۈنەر-
سەنئىتىنى، بىناكارلىق جەھەتتىكى تەڭداشسىز قابىلىيىتىنى
سۆزلەپ بېرەي.
— مەنمۇ نەچچە كۈندىن بېرى شۇنى ئويلاپ يۈرەتتىم.
قانچە، قانچە خانلارنىڭ پايتەختى بولغان بۇ زېمىن ئەزەلدىن-
ئەزەلدىن بىنالىرى كاتتا ھەم رەتلىك، گۈزەل شەھەر ئىكەنلى-
كىنى بىلەتتىم. ئەخمەدىندەك بىر ئۇستىنىڭ يۈەن سۇلالىسى
دەۋرىدە قايتا قۇرۇپ چىققانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن.
— دېگەنلىرى توغرا ۋالىي خوجام، ئەسلىدە بۇ شەھەر
ناھايىتى گۈزەل بىر شەھەر بولغان، ئەمما چىڭگىزخان قوشۇن-
لىرى جىن سۇلالىسىگە قارشى يۈرۈش قىلىپ جۇڭدۇنى (بېي-
جىڭنى) ئىشغال قىلىش ۋاقتىدا بۇ جايغا ئوت قويۇۋەتكەن.
نەتىجىدە بۇ ئاۋات شەھەر بىپايان قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتكەن.
شەھەر قىياپىتىدىن ھېچقانداق ئەسەر قالمىغان. ئەنە شۇ يىللار-
دا جۇڭگونىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىدە كۆپلىگەن مۇسۇلمانچە قۇ-
رۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ داڭق قازانغان ئەخمەدىندىن ئۇستىغا
قۇبلەيخان بۇ شەھەرنى باشقىدىن قۇرۇپ چىقىشنى بۇيرۇغان.
ئەخمەدىن خانبالىقنى لايىھىلەش ۋە ئۇنى خان ئوردىسىغا
لايىقلاشتۇرۇشتا ئالدى بىلەن يەر شەكلىنى ئۆلچەپ، ئاندىن
خەنزۇچە ئىمارەت شەكلىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ شەھەرنىڭ تەرەق-
قىيات شارائىتى بىلەن شەھەر قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ
ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ پۈتۈن شەھەرنىڭ ئومۇمىي پە-
لانىنى تۈزۈپ چىققان، دەسلەپكى قەدەمدە ئۇ يەر شەكلىنىڭ
يانتۇلۇقىغا ئاساسەن يەر ئاستى سۇ يولى ياساپ، چىقىرىش
ئۇسكۇنىلىرى ئورناتقان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خان ئوردىسىنى
كۆزگە چېلىقىدىغان يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇ
يەنە ئاجايىپ كاتتا سەنئەت ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ ھەيۋەتلىك،

كۆركەم خان سارايلىرى بىلەن خىلمۇخىل تەبىئىي مەنزىرىنى
بىرلەشتۈرۈپ قۇرۇپ چىققان. قەسىرلەر ئارىسىدا كۆللەرنى،
ھەرخىل باغچىلارنى بىنا قىلىپ تېخىمۇ ھەيۋەت، تېخىمۇ چىراي-
لىق تۈسكە كىرگۈزگەن. كوچىلار رەستىلەر بىر - بىرلەپ بىنا
قىلىنىش بىلەن 364 چوڭ كوچا، 2009 كىچىك كوچا بارلىققا
كېلىپ، بۇنىڭ بىلەن ئاجايىپ رەتلىك، گۈزەل بېيجىڭ شەھە-
رى پۈتۈپ چىققانىكەن. بۇنىڭدىن خوش بولۇپ كەتكەن خان
ئەختەرىدىنىگە نۇرغۇن ئىنئام ئاتا قىلغان ھەم بىر قانچە
ئەۋلادلارغىچە چېدىر - بارگاھ جۇجۇقىغا ئامبال بولۇپ كەل-
گەن. ھەتتا ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن ئەۋلادلىرىمۇ ئوردىدا
خىزمەت تۇتۇپ كەلمەكتە. بوۋىمىز ئەختەرىدىن ۋاپات بولغاندا
خان ئۇنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ قەبرىسى ئالدىغا ئابىدە تىكلىگەن.
لېكىن كېيىن «بۇلارنىڭ دىني قائىدىسىگە توغرا كەلمەيدۇ»
دەپ ئالدۇرۇۋەتكەن.

ئارغۇن ھەزرەت بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ ئالدىغا قويغان
چايدىن ئوتلاپ ئىچتى. ئۇنىڭ چېھرىدە ئۆز ئەۋلادلىرى ئۈچۈن
مەمنۇنلۇقتىن ئۇرغىغان بىر نۇر ئەكس ئېتەتتى، ۋاڭمۇ ئۇنىڭ
سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئويلىنىپ قالدى.
ھەتتا ئۆزىدە بىرخىل غۇرۇرلۇق ھېسسىياتنىڭ ئۇرغۇغانلىقىنى
ھېس قىلدى. يەنە ئۇ ئۆز قوۋمى، ئۆز مىللىتى ھەققىدە ئىنكار
قىلىپ بولمايدىغان ئاجايىپ بىر ھېكمەتنى چۈشەنگەندەك بول-
دى.

— ئىنسان ھاياتىنىڭ قەدرى - قىممىتى ئۇنىڭ ئېرىشكەن
دەپىنە دۇنياسى، مەنسەپ - ئەمەلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاۋام
خەلقىنىڭ بەختى ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن خىزمىتى بىلەن ئۆلچە-
نىدۇ. ھەتتا ئۇ مىليون يىللار ئىلگىرى ئۆتكەن بولسىمۇ ياخ-
شىلىق بىلەن يامانلىق ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تىل ئارقىلىق يەتكۈ-

زۇلۇپ، دىلدا ساقلىنىدۇ. كىشىنىڭ ياخشى نامى، ئۇنىڭ ئەج-
رى مەڭگۇ ئۆلمەستۇر، — دېدى ۋاڭ ئەختەرىدىنىنىڭ جۇڭخۇا
مىللەتلىرىگە قالدۇرغان شان - شەرىپىنى ئويلىغان هالدا بۇ
سۆزدىن ئارغۇن ھەززەت خۇش بولدى.

— بۇ شەھەرنىڭ ئۇ چاغدىكى قۇرۇلۇش قىياپىتى ئارىدىن
ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەچكە هازىر يەنە ئۆزگىرىپ
كەتكەن، — دەپ قوشۇپ قويدى ئارغۇن ھەززەت.

پاراشلار ( ئاشپەزلەر ) جىددىي تاماقنا تۇتۇش قىلدى. ئۇلار
ئاۋۋال پاقلان گۆشىنى ئۇستىخىنى بىلەن ئالىقاندەك ئالىقاندەك
پارچىلاپ، قازاندىكى ماي ئوبدان چوڭچۇتولگەندىن كېيىن قازانغا
سېلىپ گۆشنى تەكشى ئايلاندۇرۇپ پىششىق قورۇدى. ئاندىن
سۇ قويۇپ گۆش يۇمشىغىچە قايناتتى، شورپىغا يوغان - يوغان
توغرالغان ياڭيو، سەۋزە ئازراق چامغۇر سالدى. بۇ ئازراق
قاينىغاندىن كېيىن، قازاندىكى گۆش، سەيلەر چىلاشقۇدەك
شورپىنى قالدۇرۇپ، قالغىنىنى بىر قاچىغا ئۇسۇپ قويدى.
ئاندىن لەڭمەنىنىڭ خېمىرىدەك يوغۇرۇلغان پېتىر خېمىرنى نېپىز
يېيىپ قازاننىڭ چوڭلۇقىدا كېسىپ، قازاننى قاينىتىپ تۇرۇپ
بىر - بىرلەپ قازاندىكى گۆش - سەيلەرنىڭ ئۇستىگە ياپتى.
ھەربىرىنى سالغاندا خېمىرنىڭ ئۇستىگە ئەبجەش ماي سۇرۇپ،
خېمىر كۆپۈپ چىققۇچە تۇرغۇزۇپ ئىككىنچىسىنى ياپتى. شۇن-
داق قىلىپ خېمىر يېپىلىپ بولغاندىن كېيىن قازاننى چىپپىدە
يېپىپ، ياڭيۇسى پىشقىچە دۇملىدى.

مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ئارغۇن ھەززەتنى ئىككى خىز-
مەتچىسى بىلەن قوشۇپ چۇشلۇك تاماققا تەكلىپ قىلدى:
ئارغۇن ھەززەت تاماققا ئېغىز تېگىپلا تاماقنى ماختاپ كەت-
تى:

— بەك يېيىشلىك تاماقكەن، ياخشى بوپتۇ، ناھايىتى

ياخشى بوپتۇ.

— بۇ تاماقنى قۇمۇلدا ياپما دەيدۇ. بۇ قۇمۇلنىڭ خاس تامىقى. قۇمۇللۇقلار ئىززەت مېھمانلارنى مۇشۇ تامىقى بىلەن كۈتۈۋالىدۇ، — دېدى ۋاڭنىڭ تامىقىغا مەسئۇل يۇسۇپ پا-رەش.

تاماقتىن كېيىن ئارغۇن ھەزرەت ئۆزى ئازراق ھايال بول-دىغانلىقىنى دەپ، بىللە كەلگەن ئىككى خىزمەتچىسىنى ئوردىغا قايتۇرۇۋەتتى.

ۋاڭ ئارغۇن ھەزرەتنىڭ شەخسى گەپ - سۆزى بارلىقىنى پەملەپ قالدى. شۇڭا يېنىدىكى بەگلەرنىمۇ «ھەر قايسىلىرى چۈشتە بىردەم ئارام ئېلىۋالسىلا» دەپ چىقىرىۋەتتى. ئارغۇن ھەزرەت مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ سەزگۈرلۈ-كىگە ھەيران قېلىپ:

— توغرا قىلدىلا ۋاڭ خوجام، ئادەم دېگەنگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. مەنمۇ شۇنداق قىلسىكەن دەپ ئولتۇراتتىم. جانابلى-رىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويىدىغان بىر ئىش بار ئىدى. بۇنىڭدىن چۆچۈپمۇ كەتمىسىلە. خان ئالىيلىرى ئۆزلىرىگە ئىلتىپات كۆر-سىتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جانابلىرى خان ئالىيلىرىنىڭ چىن ئېتىقادىغا مۇيەسسەر بولدىلا.

ۋاڭ تەمكىنلىك بىلەن ئارغۇن ھەزرەتكە قاراپلا قالدى.

— تادان تۈلكە قاپقانغا يۇگۇرۇر دېگەندەك ئادەملەر ئىچى-دىمۇ ياخشىلىقتا يامانلىق قىلىدىغان، ھىيلە - مىكىر، سۇيى-قەست پىلانلاپ تۆھمەت چاپلايدىغان، ئەمىرنىڭ ھەممىلا ئىشىغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى تارتىۋېلىش كو-يىدا بولىدىغانلار بار، لېكىن بۇنداقلار ھامان بىر كۈنى يالغان - ياۋىداق ئىشلىرى بىلەن ئاشكارىلىنىپ قاپقانغا چۈشمەي قالمايدۇ. چۈنكى تۈلكە قانچە ھىيلىگەر بولغان بىلەن ئۇنىڭ

تېرىسى دۇكاندا ئېسىقلىق تۇرمامدۇ.

مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. ئۇ ئارغۇن ھەزرەتنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ بولغانىدى.

— بىلدىم، دېمەكچى بولغانلىرىنى بىلدىم. قېنى دەۋەر سىلە، مېنى كىم خان ئالىيلىرىغا چېقىپتۇ؟

— ئەمەلدار پاك بولسا تۆھمەت يۇقمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ جانابلىرىغا بىر ئىشنى مەلۇم قىلىپ قوياي، جانابلىرى ئۈستىدىن قۇمۇلدا بىرى ئەرز بەرگەن ئىكەن، جانابلىرى بىلەن بىللە كەلگەنلەردىن بىرى ئالغاچ كەپتۇ. تۈنۈگۈن كەچتە ئۇ كىشى ئۆيۈمگە كېلىپ ئەرزنى خانغا تاپشۇرۇپ بېرىشىمنى تاپىلاپ كېتىپ قالدى. كېچىچە ئويلاپ زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. ھەتتا بىر بېشىمنى ئۇن قىلىپ ئەرزنى ئېچىپمۇ كۆردۈم، ئەرزدە مۇنداق دەپتۇ: بىرىنچى، ۋاڭ قۇمۇلدىن ناھايىتى يىراق بولغان ئىلى دىيارىدىن ئۆيلىنىپ ئوردىنىڭ ئالتۇن يامبۇسىنى، مال ـ مۈلكىنى بۇزۇپ ـ چاچتى. خەلقنىڭ بۇنىڭغا نارازىلىقى كۆپ. ئىككىنچى، ۋاڭ بىگۇناھ خەلقنى زىندانغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ. بۇنىڭغا قۇمۇلنىڭ خوتۇنتام دېگەن يېرىدىكى يىلقا باققۇچى توختاخۇننىڭ ئۆلۈمى گۇۋاھ. ھازىر پۈتۈن خوتۇنتام خەلقى قوزغىلىپ ۋاڭغا كۈچلۈك نارازىلىق بىلدۈرمەكتە. ئۈچىنچىسى، ۋاڭ ئوردىدىكى بەگ، گۇڭلارنى تەڭشەپ ئىشقا قويمايدۇ. بۇنىڭ مىسالى، مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ دادىسىنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ ياخشى خىزمەت قىلىپ، ئوردىنىڭ ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان تاجىدىن تەيجىنى، گۇڭلۇق مەنسىپى بىلەن ئىشقا قويغان سۈۋۈرۋەگنى چەتكە قاقتى، — دېيىلگەن. ئەرزنىڭ ئاخىرىدا، خان ئالىيلىرىنىڭ ئادەم چىقىرىپ قۇمۇل ۋاڭنىڭ ئىشلىرىنى تەھقىقلەپ كۆرۈشىنى ئۆتۈنىمىز ـ دەپ

ئەسكەرتكەنىكەن، — دېدى ئارغۇن ھەزرەت ئاچچىق
كۈلۈپ، — مەن بۇ ئەرزنى خان ئالىيلىرىغا بەرمەي جانابلى-
رىغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇلار ھېچقاچاندا خاننىڭ ئالدىغا كىرىپ
ئەرزىنى سۈرۈشتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خاننىڭمۇ تەرسا
بىر مىجەزى بار. ھازىر سىلىدىن خوش بولۇپ چىن ئەقىدە
باغلىغان بىلەن، ئەتىلا ئۇنتۇپ قىلىپ، جانابلىرىغا چارە كۆرى-
ۋېرىدۇ. ياكى ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرسۇن دېسىڭىز ئىش چاتاق،
تەكشۈرگۈچىلەر بېرىشى بىلەنلا ھامان، سىلى بىلىپ بولغۇچە
يېنىنى ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇپ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تىرناق-
نى كولىسا كىر چىقىۋېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، بۇ بىر - ئىككى
پىتنىخورنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسلىق كېرەك. مېنىڭ قارىشىم-
چە، بۇ مەسىلىلەر ئانچە چوڭ مەسىلىلەر ئەمەس، مەملىكەتتى-
كى باشقا يۇرتلارنى ئالساق، ناھايىتى چوڭ مەسىلىلەر بار.
سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. خان ئالىيلىرى قايسى مەسىلىنى-
ى ھەل قىلىپ كېتەلەيدۇ دەيلا، قۇمۇل بولسا
تىنچ، پاراۋان ئۆتۈۋاتقان بىر يۇرت، — ئارغۇن ھەزرەت
سۆزلەۋېتىپ ۋاڭغا دىققەت قىلدى. ۋاڭنىڭ نازۇك قەلبى ئۆرتە-
نىپ، ئاستا - ئاستا جايىغا چۈشۈۋاتاتتى، — جانابلىرىنىڭ
تۈي قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارلى-
رىدىكى ئىش، مەغرىبتىن ئالاملا، مەشرىقتىن ئالاملا، بۇنىڭغا
ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ. جانابلىرى بىرلا خوتۇن ئاپتىلا، ئۇن
يىگىرمىنى ئالسىلامۇ ئىختىيارلىرى. مانا خان ئالىيلىرىنىڭمۇ
نەچچە يۈز مەلىكىسى بار. بۇنىڭغا ئارىلىشىپ نېمە قىلىدىكەن
ئۇلار؟ — ۋاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆلۈمسىرىگىنىچە مېھرىبانۇ
خېنىمنى يادىغا ئالدى، — يەنە بىرى، — دەپ گېپىنى
داۋاملاشتۇردى ئارغۇن ھەزرەت، — بىر ھاكىمىيەت دېگەندە
ناھەق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ بىرلا تەرەپكە مۇناسىۋەتلىك

ئىش ئەمەس. ھەرخىل ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتنى ئاغدۇرۇۋېتكىلى بولمايدۇ. يەنە بىرى، بەگ، گۇڭ-
لارنى ئىشقا قويۇشقا كەلسەك، ئىشلىيەلەيدىغانلارنى ئىشقا قو-
يۇش كېرەك. ئۆزلىرى ئىشلىيەلمەي، ئىشنى بۇزىدىغانلارنى،
ۋاقىتغا ھەسەت قىلىپ، پىتنىخورلۇق قىلىدىغانلارنى ئىشقا قوي-
ماسلىق كېرەك.
ۋاڭ كۆڭلىدە خەتنى كىمنىڭ يازغانلىقىنى پەم قىلغان
بولسىمۇ، خەتنى كىمنىڭ ئارغۇن ھەزرەتكە ئېلىپ بارغانلىقىنى
بىلەلمەي ئويلىنىپ ئولتۇراتتى. ئارغۇن ھەزرەت بۇنى سېزىپ
شۇلارنى ئەسكەرتتى:
— جانابلىرىنىڭ دىققەت قىلىدىغىنى، پىتنىنى يوقى-
تىش، چۇنكى پىتنىچى ئادەم ئوردىغا ھەم كىشىلەر ئارىسىغا
ئەندىشە ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ، ئارىنى بۇزىدۇ، بەگلەرنى قاي-
مۇقتۇرىدۇ، ئاۋامنى ئالداپ تەختنى غولىتىدۇ. مانا مۇشۇنداق
كىشىلەر جانابلىرىغا دۈشمەن كېلىدۇ. ئېھتىياتسىزلىق قى-
لىپ، ئۇنى كۆزگە ئىلمىساق، ئۇ كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئەلنى
تارتىۋالىدۇ.
ئارغۇن ھەزرەتنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى مۇھەممەت بېشىر
چېكۋاقىنى چۆچۈتۈپ قويدى. ئەمما ۋاڭ ئوردىدىكى بىر قىسىم
ئىشلارنى — سۇۋۇر بەگنىڭ ئىشلىرىنى، توختاخۇن ھەققىدى-
كى ئىشلارنى بىرمۇبىر ئارغۇن ھەزرەتكە سۆزلەپ بەردى.
ئارغۇن ھەزرەت ۋاقىتغا يەنە شۇنى ئەسكەرتتى:
— يىلاننىڭ قۇيرۇقىنى دەسسەپ قويماسلىق كېرەك،
بولمىسا قارشىلىق ئاۋۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا دىققەت قىلىشلىرى-
نى، بۇ يەردىكى ئىشلاردىن ئەندىشىدە بولماسلىقلىرىنى ئۈمىد
قىلىمەن، — ئارغۇن ھەزرەت ھېلىقى ئەرزنى مۇھەممەت بې-
شىر چېكۋاقىغا بېرىپ، — بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە

ئادەم بولۇشى مۇمكىن، يوشۇرۇن تەھقىقلەپ كۆرسىلە، — دېدى:

ۋاڭ ئارغۇن ھەزرەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ رەھمەت ئېيتتى.

ئارغۇن ھەزرەت كەتكەندىن كېيىن، شاسىلىمبەگ ئىشىكتە كۆرۈنۈپ قۇللۇق قىلدى. ۋاڭمۇ شاسىلىمبەگنى چاقىرتاي دەپ تۇراتتى. شاسىلىمبەگ كىرىپلا ۋاڭغا شۇلارنى دېدى:

— قارا قاغىنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمىغىنىدەك، ھاشىر تەيجى بېگىمنىڭمۇ كۆڭلىدىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان زاتكەن. تۈنۈگۈن ئاخشام مەپىلىك چىقىپ كەتكەندى. ئىككى ئاش پىشىم مەزگىل ئۆتكەندە قايتىپ كەلدى. مەپىكەشتىن نەگە باردىڭلار دەپ سورىسام قاۋاقخانىغا باردۇق دەيدۇ. بۇ يەردە ئىككى يۈز قەدەم ماڭسا بىر قاۋاقخانا بار. ئۇنىڭ نېرىسىدا يەنە بىردەم ماڭسا يېتىدىغان يەنە بىر قاۋاقخانا بار. بۇلار ئۇ يەرلەرگە بارغان بولسا ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتتا قايتىپ كېلەمدۇ؟ مەن بۇنىڭغا ئىشەنمىدىم. بىز سوۋغىلارنى تاپشۇرغىلى بارغاندا دەل شۇنچىلىك ۋاقىتتا قايتىپ كەلگەندۇق. مەن ھاشىر تەيجى بېگىمنىڭ ئۆز كۈيئوغلىنى مەپە ھەيدىتىپ كەلگەنلىكىدىن گۇمان قىلغانىدىم. ئىشقىلىپ بۇ يەردە بىر ئىش بار.

— مەپىكەش ھاشىر تەيجىنىڭ كۈيئوغلىمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ.

— شۇنداق ۋاڭ خوجام.

— بولدى ئەمدى، بۇنىڭدىن كېيىن سۈرۈشتە قىلمىسىلا، ئىشنىڭ ھەممىسى مەلۇم بولدى، — دېدى ۋاڭ.

بۇ گەپكە ھەيران بولغان شاسىلىمبەگ ۋاڭغا قاراپ قالغاندى. ۋاڭ:

— بۇ سىرنى سىلى بىلەن مەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ياخشىراق دىققەت قىلىپ كۆرسىلە، — دېگىنىنچە ھېلىقى ئەرزنى شاسىلىمبەگكە بەردى. شاسىلىمبەگ خەتنى ئوقۇپ، قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا چوڭ بىر تىنىپ قويىدى.

— ياخشى ئىش قىلغۇچىغا ئاللاتائالا زور ئەجىر بېرىدۇ. كىشىلەرمۇ ئۇنى ياخشى سۆپەت بىلەن ماختايدۇ. يامان نىيەتتىكى ئادەملەر بولسا خۇدانىڭ نېمەتلىرىدىن قىزغىنىدۇ. بىگۇناھ كىشىلەرنى دۈشمەن كۆرىدۇ. ئۇلاردا ھايامۇ بولمايدۇ، ئېتىقادمۇ بولمايدۇ. مەن ئۆزلىرىگە شۇنى دەيكى ۋاڭ خوجام، تۆگە مىنگەن ھېچ قاچان قوي ئارىسىغا يوشۇرۇنالمايدۇ. ھامان بىر كۈنى بىز ئۇنى كۆرۈپ قالىمىز. مانا ئەمدى بىز ئۇنى كۆرۈپ قالدۇق، دېمەك، سەمىمي بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئىشى ھامان كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. مانا ھازىر بۇلارنىڭ ئىشىمۇ كۆپۈككە ئايلاندى دېگەن گەپ، — ۋاڭ بېشىنى لىڭشىتىپ شاسىلىمبەگنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىدى، — ئۇ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنۇلارنى دېدى، — نىيىتى يامان ئادەمنىڭ يۈرىكى بالدۇر زېدە بولىدۇ. ئەتىگەندىن بېرى قارىسام قارا قاغا قونداق ئىزدەگەندەك ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشى تولىلاپ قاپتۇ. دىققەت قىلدىم، قارىماققا ۋاڭ خوجام جانابلىرىنىڭ ئارغۇن ھەزرەت بىلەن قىلغان سۆھبىتىنى يوشۇرۇن تىڭشاش نىيىتى باردەك قىلىدۇ.

ۋاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ قويىدى ۋە:

— ھەرھالدا چاندۇرماي تەھقىقلەپ كۆرەيلى، — دېدى.

# ئون تۆتىنچى باب

مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ خانىنىڭ زور ھىممىتىدىن ناھايە-
تى خۇشال بولغان بولسىمۇ، ئۆزى ئۈستىدىن خانغا يېزىلغان
ئەرز ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ قويدى. كېچىسى يېتىپ
زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدى.
ئۇنىڭ يادىغا بىر دىنلا بۇنىڭدىن 561 يىل بۇرۇن يۇنىنەن ئۆلكە-
سىگە ئۆلكە باشلىقى بولغان سىياسەتچى سەئىد جېلىل شەمشىد-
دىن ئۆمەر[1] كەلدى. ۋاڭ بېيجىڭگە مېڭىشتىن سەل بۇرۇنلا
ئوردا كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ تارىخنى ئوقۇپ چىققانى-
دى. ئۆمەر داڭدار سىياسىئون، ئىقتىساد ئالىمى، پىشقان
ھەربىي قوماندان بولغاچقا خان ئۇنى يۇنىنەنگە ئۆلكە باشلىقى
قىلىدۇ. شەمشىددىن ئۆمەر يۇنىنەن ئۆلكىسىگە بېرىپلا ئالۋان -
ياساق، ھاشار - سېلىقنى ئازايتىدۇ. بىكارچىلارنى ئىشقا قويە-
دۇ. يېتىم - يېسىرلەرگە نەپىقە بېرىدۇ. ھەرخىل ئاپەتلەرنىڭ
ئالدىنى ئالىدۇ. دانىشمەن، ئۆلىمالارنى ھۆرمەتلەپ، بىكار تە-
لەپ، ئەمەلدارلارنى قىسقارتىدۇ. سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ
بېرىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدۇ. پوچتا بېكەتلىرىنى، ئۆتەڭلەرنى
قۇرۇپ، يوللارنى ياسايدۇ. باج - سېلىقنى يەڭگىللىتىپ پۇقرا-

---

① «يۇنەن سۇلالىسىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر شەخسلەر» ناملىق كىتابنىڭ 1 - بېتىدىكى «سىياسەتچى سەئىد جېلىل شەمشىددىن ئۆمەر» ناملىق ماقالىغا قاراڭ.

لارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلايدۇ. شەمشىدىن ئۆمەر ئەڭ مۇھىمى كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ، دۇشمەنلىرىگىمۇ ياخشى مۇئا-مىلە قىلىدۇ. ئەمەلدار خىزمەتچىلىرىگە ئىشىنىدۇ. نەتىجىدە يىلمۇ يىل خەلقنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغان نامراتلىق، ئاچارچىلىق تۈگەپ، شەھەرنىڭ قىياپىتى يېڭىلىنىپ، خەلقنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ. ئەپسۇسكى، بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ، پىتنىخورلار «ئۆمەر دېگەن باشقا مىللەت تۇرۇپ بىزنى باشقۇ-رۇپ كەتمەكچىمۇ» دەپ ئۇنى كۆرەلمەي، يوقىلاڭ ئىللەتلەرنى توقۇپ خاننىڭ ئالدىغا ئەرزگە بارىدۇ. بىراق ئۆمەرنىڭ ئەھۋال-دىن خەۋەر تاپقان خان ئۇلارغا: «ئۆمەر دۆلەتنىڭ سىياسى ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، خەلقنى سۆيىدىغان توغرا نىيەت-لىك ئادەم، مەن ئۇنى ئوبدان بىلىمەن، بولمىسا مەن ئۇنى يۇننەن ئۆلكىسىگە باشلىق قىلامدىمەن» دەپ ئەرز قىلىپ كەل-گۈچىلەرنى ئۆمەرنىڭ ئۆز قولى بىلەن جازالىشى ئۈچۈن يۇننەنگە پالايدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر ئۇلارنى ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. تۆھ-مەتخورلار كاللىسىنىڭ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ غال - غال تىترىگەن هالدا ئۆمەرگە باش ئۇرۇپ «بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىلە» دەپ ئۆز گۇناھىنى بوينىغا ئالىدۇ ھەم يۇننەندەك بىر ئۆلكىگە ئۆمەردەك بىر ئۇيغۇرنىڭ باشلىق بولغانلىقىغا قات-تىق نارازى بولغانلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۆمەر:

— ھەقىقەتەن گۇناھىڭلارنى بوينۇڭلارغا ئالدىڭلار، — ئەمدى مەن سىلەرنى جازالىمايمەن، ئەمما شۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قويايكى، ئىش باشقۇرغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ-نىڭ مىللىتىگە قارىماي قىلغان ئىشىغا قاراش كېرەك. ھەممىدە نىيەت خالىس، پاك بولۇشى كېرەك. بۇ يەردە چوڭ مىللەت، كىچىك مىللەت دەپ ئولتۇرۇش ئەڭ چوڭ ئەخمەقلىق. بۇ

دۆلەتتە شۇنچە كۆپ ئاز سانلىق مىللەت بار. مىللەتلەرنى باراۋەر كۆرمىسەك، دۆلەت تىنچ بولمايدۇ. چۈنكى ھەرقايسى مىللەت-نىڭ ئۆزىگە خاس دۆلەتتە تۇتقان ئورنى بار - دە. سىلەرنىڭ مۇنداق قىلىشىڭلار خاتا. ئەڭ مۇھىمى، سىلەرمەن كەلگەندىن كېيىنكى ئۆلكە بىلەن بۇرۇنقى ئۆلكىنىڭ قىياپىتىنى سېلىش-تۇرۇپ كۆرۈڭلار، — دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ھېلىقى پىتنىخور-لار ئۇستى - ئۇستىگە ئۆزلىرىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلىپ، ئۆزلىرىگە چارە كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ئۆمەر ئۇلارغا يەنىلا ئۆز خىزمەتلىرىنى بېرىپ ئىشقا قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۇننەن ئۆلكىسى تېخىمۇ روناق تاپىدۇ. كېيىن شەمشە-دىن ئۆمەر ۋاپات بولغاندا يۇننەننىڭ ھەرقايسى كوچىلىرىدا كىشىلەر توپ-توپى بىلەن ئۇن سېلىپ، ھۆركىرەپ يىغلايدۇ. كوچا- كوچىلارغا «پۇقرالار يىغلىشار خالتا كوچىدا، ئۆلگەچكە ئۆمەر خەلق يولىدا» دېگەن لوزۇنكىلار ئېسىلىدۇ. خان ئۇنىڭغا «تۆھپىكار ۋەزىر»، «دۆلەت تۈۋرۈكى» «ساداقەتمەن تۆرە» دېگەن ناملارنى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەرنىڭ تۆتىنچى ئەۋلا-دىغىچە يۇننەن ئۆلكىسىنى باشقۇرۇپ كېلىدۇ.

مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ بۇ ۋەقەنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ مۇنداق بىر خۇلاسىگە كەلدى: «خەنزۇ خەلقىدە ياخشىلىق قىل-غۇچىنى ئۇنۇتمايدىغان بىر ياخشى ئادەت بار. بىزدە ناھايىتىمۇ جاھىل بولغان مەنمەنچىلىك بار. بىر قىسىم كىشىلەر بىر - بىرىنى كىچىك ئىشلاردىمۇ كەچۈرمەيدۇ. ياكى بىر - بىرىنى كۆرەلمەي پىتنە قىلىدۇ، ئۇلار ئىنسانى پەزىلەتتىن ئەمەلنى ئۈستۈن كۆرىدۇ. ئوردىدىكى پىتنىخورلاردىمۇ ئاشۇ ئىللەتلەر بار. قانداق قىلىش كېرەك؟» ۋاڭنىڭ خىياللىرى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ يۈرىكى قىسىلغاندەك بولدى.

* *

ئەتىسى مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ سىدىق تۇڭچى، شاسېلىمبەگنىڭ ھەمراھلىقىدا خان سارىيىنى كۆرگىلى باردى. ۋاڭ ئۇزاقى يىلى بېيجىڭگە كەلگەندە خان سارىيىغا كىرىپ، بىر قۇر ئايلىنىپلا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇ يىل بۇ سارايىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىش ئارزۇسى بىلەن ئارقا دەرۋازىدا مەپىدىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدى. ئۇ ئاۋۋال دەرۋاز ئۈستىدىكى چوڭ سائەتكە بىردەم قاراپ تۇردى.

— بۇ سائەت كەچتە 108 قېتىم جىرىڭلايدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى سىدىقبەگ، — ۋاڭ «بۇ قانداق سائەتتۇ» دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا سىدىقبەگ ئارقىغا قولىنى جورۇپ ياپپېشىل قارىغايلار بىلەن چۈمكەلگەن تاغنى كۆرسەتتى، — بۇ تاغ جىڭسەن تېغى دېيىلىدۇ. 1644 - يىلى لى زىچىڭ قوزغىلاڭ قىلغاندا تەختتە جۇيىچۇەن دېگەن پادىشاھ ئولتۇرغانىكەن. بۇ ۋەقەدىن قورقۇپ كەتكەن پادىشاھ ئەنە شۇ تاغقا قېچىپ چىقىپ، ئېسىلىپ ئۆلىۋاپتۇ. خانىش بۇنى ئاڭلاپ ئوردىدا ھەسرەت يۇتۇپ ئۆزىنى سىغىپ ئۆلتۇرۇۋالغانىكەن، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ۋاڭ «بۇ قانداق گەپ؟ دۈشمەن تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۇرۇۋەتسە بىر گەپ، بۇنىڭغا ئىلاج يوق. ئۆزىنىڭ ئۆلۈۋېلىشى، قورقۇنچاقلىقتىن بولغان» دەپ ئويلىدى.

ئۇلار تاش رېشاتكىلىق سەينادىكى مىستىن ياسىلىپ، ئالتۇن يالىتىلغان يوغان داڭقانلارنى، تاشپاقا، غاز ھەيكەللىرىنى كۆرۈپ تاماشا قىلدى. ئۇلار يەنە پادىشاھ چوڭ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان ئوتتۇرا ئوردا — يەتمىش ئىككى تۈۋرۈكلۈك چوڭ سارايىنى، چەنچىڭ ئوردىسىنى، جاۋتەي ئوردىسىنى، كۇننىڭ سارىيىنى كۆردى. بۇ يەرلەردىكى ناھايىتى چوڭ ئۆينىڭ

يېرىمنى دېگۈدەك ئىگىلەپ تۇرغان سائەت، مىس چەينەكتىن سۇ تېمىتىش ئارقىلىق ۋاقىتنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب ۋاڭنى قىزىقتۇردى. سىدىقبەگ:

— بىرچەينەك سۇ تېمىپ بولغان ۋاقىت بىر كېچىنى كۆرسىتىدىكەن، — دېدى. ۋاڭ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ئۇلار ئۆتكەندە، خان ۋاڭنى قوبۇل قىلغان ساراي ئالدىدا توختىدى. ۋاڭ شۇ چاغدا خاننىڭ تەختىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تامغا ئەينەك جازىغا ئېلىپ ئېسىپ قويغان خەنزۇچە «ئوچۇق يورۇق ئىش قىلايلى» دېگەن سۆزنى ئويلاپ قالدى.

ۋاڭ خان سارىيىدىكى كەڭتاشا سەينالاردا، ھەرخىل ئوشـشاق تاشلاردىن گۈل تىزىپ ياسالغان يوللاردا خېلى ئۇزاق ماڭسىمۇ قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمىدى. ئۇلار تاش پەلەمپەيـلەر ئارقىلىق بىر سارايدىن يەنە بىر سارايغا كىرگۈچە ئاياغ ئاستىدىكى ئاق قاشتېشىغا ئويۇلغان بۇلۇتلۇق ئاسماندىكى ئەجـدىھالارغا ۋاڭنىڭ كۆزى چۈشتى. ۋاڭ بۇ قاشتېشىنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى كۆرۈپ «بۇنى قانداقمۇ بۇ يەرگە يۆتكەپ كەلگەندۇ» دەپ ئويلاپ تۇراتتى. بۇنى سىدىقبەگ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېـدى.

— بۇ تاشنى يىراق بىر ناھىيىدىن يۆتكەپ كەلگەنىكەن. بۇنى ئېلىپ كەلگۈچە ھەر مەنزىلدە بىر قۇدۇق قېزىپ، يولنى تۈزلەپ، يولغا سۇ سېپىپ، مۇزلىتىپ ئاستا سۆرەپ ئېلىپ كەلگەنىكەن.

ۋاڭ خەلقنىڭ جاسارەت ھەم شىجائىتىگە ھەيران قالدى. ئۇ بۇ تاشقا توققۇز ئەجدىھانىڭ سۈرىتى قاپارتمىلىق قىلىپ ئويۇلغانلىقىغا زەن سالدى.

ئۇلار چۈشكە يېقىن قايتتى. ۋاڭ سورىدى:

— بۇ خان سارىيىنىڭ ئىچىنى نەچچە كۈن ئايلانساقمۇ

تۈگىمىگۈدەك، بۇ يەردە قانچىلىك ئۆي باردۇ؟

— خوش، ۋاڭ خوجام، بۇ يەردە 9999 ئېغىز ئۆي بار ئىكەن. ھېسابلاپ كۆرسەم بىر كىشى تۇغۇلغان كۈنىدىن تارتىپ تۇرار ئۆيىنى ھەر كۈنى ئالماشتۇرۇپ تۇرسا، ھەممە ئۆيدە بىر قېتىمدىن يېتىپ بولغۇچە يىگىرمە ياشتىن ئاشىدىكەن. ئەينى ۋاقىتلاردا پادىشاھلارنىڭ قايسى ئۆيدە، قايسى كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى ھەرەم ئاغىسى ياكى يېقىن ئادىمىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىلمەسلىكىمۇ، ئەنە شۇنداق ئۆينىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان، — دېدى سىدىقبەگ. ۋاڭ ھەيران قېلىپ يەنە سورىدى:

— بۇ ئۆيلەرنىڭ سانى بىر تۈمەنلا بولۇپ كەتمەي، نېمە ئۈچۈن بىر سان كەم بولۇپ قالغاندۇ؟

— ئۇنىڭمۇ سەۋەبى بار ئىكەن ۋاڭ خوجام، — دېدى سىدىقبەگ، — ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاسمان خۇداسىنىڭ جەمئىي ئون مىڭ ئېغىز ئۆيى بار ئىكەن. پادىشاھ ئاسمان خۇداسىنىڭ ئوغلى بولغاچقا ئۇنىڭ ئۆيلىرى دادىسىنىڭكىدىن ئاز بولۇشى كېرەك ئىكەن.

ۋاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.

كەچتە خالزات ھېكىمبەگ ۋە باشقا گۇڭ، ۋاڭلار مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ چىڭۋاڭلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ كېلىشتى. ۋاڭ ئۇلارغا زىياپەت بەردى. كېيىنكى بىر نەچچە كۈندە خان ھەر كۈنى دېگۈدەك مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنى ئوردىدىكى ئويۇنلارنى كۆرۈشكە چاقىرتتى. ۋاڭ ئوردا ئارتىسلىرىنىڭ ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. چاڭچىلە، سېھىرگەرلىك، سېرك ئويۇنلىرى ۋاڭغا چوڭقۇر تەسىر قىلغاندى.

* *

ئاسماننى قويۇق بۇلۇتلار قاپلىغان. ھەممەيەر كۆلرەڭ تۇسكە كىرگەن بىر چاغ ئىدى. شىمالدىن غەربكە سوزۇلغان، ئالماستەك يالتىراپ تۇرغان مۇزلۇق چوققىلار، قار ئۇچۇپ تۇرغان جىلغا، ئېدىرلىقلاردىن شىۋىرغان كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

ھەيۋەتلىك بىر ئاتلىق قوشۇن ئۇزۇن سەپ تارتىپ ۋۇلى جىلغىسىغا كىرىپ كەلدى. سەپ ئالدىدا كېلىۋاتقان كىشى پۇتىغا كۆمۈش قاپلانغان قېنىق قىزىل مەخمەل ئۆتۈك كىيگەن، ئۈستىگە سېرىق يېپىنچا ئارتقانىدى. ئۇ ھەم ھەيۋەتلىك ھەم سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئاستىدىكى كۆمۈش جابدۇقلۇق چىلان تورۇق ئېتى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى. ئوڭ - سول تەرەپلىرىدە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر كاتتا كىيىنگەن ۋەزىر، ۋاڭ، گوڭ، قەلەمدار - ئەلەمدار ئەمىرلەر ئىدى. كەينىدە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر ئوقيا، نەيزە، قالقان، قىلىچ، بايراق قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. ئالدىدىكى كىشى ئاتنىڭ يۈگىنىنى ئاستا تارتتى ۋە سول قولىنى كۆتۈرۈپ قويىۋىدى، بارلىق قوشۇن ئۇز ئورنىدا شاپپىدە توختىدى. بۇ خان ئىدى. خان ئوۋ قىلغاچ چېگىدىنىڭ باش كۆز پەسلىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگىلى كەلگەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەت بىشىرچىڭۋاڭ، خالزات ھېكىمبەگ، تۇرپان ۋاڭى، خوتەن، قەشقەرنىڭ گوڭ بەگلىرى بار ئىدى. خان ۋە ئۇنىڭ قەلەمدار ۋە ئەلەمدار بەگلىرى مۇھەممەت بىشىرچىڭۋاڭ سوۋغا قىلغان ئاتلارغا مىنگەنىدى. بۇ ئاتلار ھەيۋەتلىك ۋە شاش ئىدى. خانغا بۇ ئاتلار ھەقىقەتەن ياقتى. ئەمىرلەرمۇ بۇ ئاتلارنى ماختاپ كېتىشتى. شۇڭا ئەمىرلەر مۇھەممەت بىشىرچىڭۋاڭغا ئالاھىدە ئىھتىرام بىلدۈردى.

ئۇلار، بۇ ئارامگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان جىڭگۈك خان سارىيىغا كېلىپ ئاتلاردىن چۈشتى. بۇ سارايىنىڭ دەرۋازا ئۈستىدىكى تاش ئابىدىگە «روشەن دەرۋازا» دېگەن ماذ. جۇچە، خەنزۇچە، زاڭزۇچە، ئۇيغۇرچە، موڭغۇلچە بەش خىل تىلدا خەت ئويۇلغاندى. دەرۋازىنىڭ بېشىغا ئورنىتىلغان ياغاچقا نەقىشلەنگەن ئەجدىھانىڭ سۈرىتى ئاغزىنى يوغان ئاچقان پېتى ھەممىگە ھەيۋە قىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

خان، سارای كۆتۈپخانىسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى مەخسۇس خانىلار ئۈچۈن سېلىنغان ئون توققۇز ئېغىزلىق ھۇجرىغا چۈشـ تى. قالغان ۋاڭ، گۇڭ، ئەمىرلەر، خان سارىيىغا كىرىپ بىر پەس ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈپ تۇردى. بۇ سارايىنىڭ تېگىگە قىزغۇچ مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغان بولۇپ، سارايىنىڭ ئىچىدىكى تاملارغا چەنلۇڭ ۋە كاڭشى خانلارنىڭ قولىيازمىلىرى ئەينەك رامكىلارغا ئېلىپ ئېسىپ قويۇلغاندى.

قۇمۇل ۋاڭى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن سەلتەنەتلىك، ئازادە بىر سارايغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. خالزات ھېكىمبەگمۇ ئۇنىڭ يېنىدىكى سارايغا ئورۇنلاشتى.

چېڭدې — مەملىكەت بويىچە مەشھۇر سەيلىگاھلارنىڭ بىرى بولۇپ، خېبېي ئۆلكىسىدە، پايتەختنىڭ شەرقىي شىمالى- دا، ئارىلىقى ئىككى يۈز ئەللىك كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ جاي چىڭ ئوردىسى پادىشاھ جەمەتىنىڭ مەخسۇس ئارامگاھى بولۇپلا قالماي بەلكى ئۇلار نەزىر - چىراغ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان ئورۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

خان بىر كـۈن ۋاقىت ئاجـرىتىپ، كۆرۈنـۈپ تـۇرغـان بىر - بىردىن ھەشەمەتلىك ياسالغان ئون ئىككى بۇتخانىنىڭ بىرىگە كىرىپ كۆجە كۆيدۈرۈپ ئىبادەت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر كۈن دەرەخلىك سەيلىگاھدا غەربىي يۈرتتىن كەلگەذ.

لەرنى كۆتۈۋېلىش زىياپىتى بەردى، بۇ يەردە، خىلمۇ خىل ئويۇنلار قويۇلدى.

خان كېلىپ ئۇچىنچى كۈنى ۋاڭ، گۆھەرلارنىڭ قانغۇچە سەيلە - ساياھەت قىلىشىنى تاپىلاپ، ئۆزى بېيجىڭگە — خان ئوردىسىغا قايتىپ كەتتى.

مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ، خالزات ھېكىمبەگ بىر قانچە بەگ سىپاھىلىرى بىلەن بىللە ئاتلىرىغا مىنىپ، ئالدى بىلەن ۋۇلى دەرياسى ئەتراپىغا كەلدى. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ياپيېشىل دەرەخلەر يېشىل گىلەمدەك يېيىلىپ ياتقان ئوت - چۆپلەر، يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاجايىپ - غارايىپ تاغ چوققىلىرى، تاغلاردىن شارقىراپ چۈشۈپ بىر - بىرىگە قوشۇلۇۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇلار، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ تەسىراتلارنى قوزغىغانىدى. مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ئۆز يۇرتىنى سېغىنغاندەك بولدى. چۈنكى ئۆز يۇرتىنىڭ شىمال تەرىپىدىمۇ ئەنە شۇنىڭدەك تاغلار، تاغلاردىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇلار، شارقىراتمىلار، بۈك - باراقسان ئورمانلار بار.

— بۇ جاينىڭ شىمالىي ۋە غەربىي تەرىپى تاغلىق، شەرقىي تەرىپى بولسا بىپايان كەڭ تۈزلەڭلىك ئىكەن، — دېدى خالزات بەگ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ.

— شۇنداقكەن، ئوتتۇرا قىسمىنى بولسا نۇرغۇن كۆللەر ئىگىلەپ تۇرىدىكەن. ئەنە ئاۋۇ تاغلاردىن چۈشۈۋاتقان شارقىراتمىلار كۆللەرگە قۇيۇلىدىكەن، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ۋاڭ.

ئۇلار بۇ يەردىن يېنىپ ئىبادەتخانىلارنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇشلىرىنى تاماشا قىلدى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتىدىكى ئالاھىدىلىكلەر نامايان قىلىنغان بۇ قۇرۇلۇشلاردا ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ئويلاپ قالدى: «بۇ يەردە

ئەلۋەتتە يەنە سۇلالىسى دەۋرىدە بىناكارلىق ئۈستىسى بولغان ئەختەرىدىننىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتىنىڭ تەسىرىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ.» مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ خالزاتبەگكە ئەختەرىدىن ھەققىدە شۇ كۈنى كەچتە پاراڭ قىلىپ بەردى.

ئەتىسى ئۇلار يەنە سەيلىگە چىقتى. ئۇلار بۇ يەردىكى مەشھۇر بولغان «سالقىن ئارامگاھ»نى سەيلە قىلىۋېتىپ دىققىتى ئېگىز قوپۇرۇلغان «قىزىل نۇرلۇق تام» غا چۈشتى. بۇ تام ئۇلارغا گويا بىر ئۇلۇغ ئوت يالقۇنى ئاشۇ ئېگىز تامنى قاپلاپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇ يەردىكى سەيلىگاھنىڭ مۇھىم جايلىرىنى تونۇشتۇرغۇچى خادىملار بۇ تامنى مۇنداق دەپ تونۇشتۇردى: «رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ تامنى قوپۇرۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرى، يېرىم كېچىدە جەنۇب تەرەپتىن ئىككى دانە ئالتۇن قۇش ئۇچۇپ كېلىپ بۇ تامنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ-دە، ئىككىنچى قايتىپ چىقماپتۇ. شۇڭا كىشىلەر قۇلىقىنى بۇ تامغا ياقسا ھەرخىل قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدىكەن.» مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ بۇ رىۋايەتنى ئاڭلاپ قۇلىقىنى تامغا يېقىن ئەكىلىپ تىڭشاپ كۆردى. باشقىلارمۇ قۇلىقىنى تامغا يېقىپ تىڭشاپ كۆردى. بەزىلەر «قۇشلارنىڭ سايرىغىنى ئاڭلىنىۋاتىدۇ» دېسە، بەزىلەر «ئاڭلىيالمىدىم» دېيىشتى. مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ زىيادە گەپ قىلماي كۈلۈپلا قويدى.

ئۇلار بۇ يەردە بىر قانچە كۈنلەر سەيلە - ساياھەتتە بولدى. بۇ يەردىكى تاغ چوققىلىرى ۋە تاغ جىلغىلىرىغا سىڭىنغان ئەللىكتىن ئارتۇق سەيلىگاھنىڭ كۆپ قىسمىنى كۆردى.

مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ھەر ئەتىگىنى بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ سىرتقا چىقىپ، بۇ ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان - بىردەم تۇتۇلۇپ، بىردەم ئېچىلىپ، بىردەم يامغۇر يېغىپ ھاۋا تۇمانلىشىپ كېتىدىغان، ئەمما، گىس - تۇتەك توپا - توزاندىن

خالىي بولغان شەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ، يىراقتا يالقۇندەك قىزىرىپ تۇرغان قوش مۇنارلىق تاغقا، يەنە ئالماستەك جۇلالىنىپ تۇرغان يوەنيۇ تېغىغا قارىغىنىچە بىر پەس تۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا قۇمۇلنى، قۇمۇلدىكى ئىشلارنى ئوردىنى، ئوردىدىكى ئىشلارنى، مېھرىبانۇ خېنىمنى يادىغا ئالاتتى ـ دە، دەرھال قۇمۇلغا قايتىپ كەتكۈسى كېلىپ قالاتتى.

بۈگۈن كۈن نۇرى تەكشى چېچىلىپ، ئالەم ئىللىغان ۋاقىتتا مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ بۇ يەردىكى مەشھۇر ئىسسىق بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇپ ھوزۇرلاندى. بۇ بۇلاق سۈيى ئادەمنىڭ تېنىگە ھوزۇر بېرىپ سۇدىن چىققاندىن كېيىن ئادەم ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. شۇڭا بۇ بۇلاق سۈيى مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭغىمۇ ناھايىتى ياقتى.

بۇ يەردىن قايتىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ۋاڭ خالزاتبەگ بىلەن بىرلىكتە «يىراقنى تىنچلاندۇرۇش ئىبادەتخانىسى» دەپ ئاتالغان ئىلى ئىبادەتخانىسىنى كۆردى. بۇنى چەنلۇڭ خان جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ئارزۇسىنى نەزەرگە ئېلىپ ياساتقانىدى. يەنى جۇڭغارلارنىڭ توپىلىڭى تىنجىتىلىشقا باشلىغاندا، جۇڭغار قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان داشداۋ قەبىلىسى چىن ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشنى خالىماي، چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەل بولۇپ، ئىلىدىن ئولاستاي ئارقىلىق جاڭجاكوغا، جاڭجاكو ئارقىلىق چېڭدېغا كۆچۈپ كەلگەن ئىدى. بۇنىڭدىن چەنلۇڭ خان خۇشال بولۇپ، ئەسلىدە داشداۋ قەبىلىسى تۇرغان جاي ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى غۇلجا ئىبادەتخانىسىغا تەقلىد قىلىپ بۇ ئىبادەتخانىنى ياساتقانىكەن. بۇ ئىبادەتخانا چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئەسلىدىكى غۇلجا ئىبادەتخانىسىدىن كىچىكرەك ئىدى. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلمىلىرى بىر بىرى بىلەن ناھايى-

تى مۇستەھكەم جىپسلاشتۇرۇلغان. ئىبادەتخانا ئىچىگە ھەر-خىل ئىلاھ بۇت ھەيكەللىرىدىن باشقا، يەنە تۆت تېمىغا بۆددا رىۋايەتلىرىگە ئائىت ھەرخىل تام رەسىملىرى سىزىلغانىدى.

خالزاتىبەگ بۇتخانىنى كۆرۈۋېتىپ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭغا مۇنۇلارنى دېدى:

— جۇڭغارلار شىزاڭنى ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن غالدان دالاي لاماغا ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى چېتىدە كۆركەم ئىككى ئىبادەتخانا ياساشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىبادەتخانىنىڭ شەكلىنى لاما دىنىغا مۇۋاپىق لايىھەلەپ بېرىش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئۇستا سورىغان. دالاي لاما مىمارچىلىق ئۇستىلىرىدىن بىرىنى تاللاپ ئىلىغا ئەۋەتكەن. بۇ ئۇستا ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدە-كى كەڭ دالانى ئايلىنىپ، ئىككى ئىبادەتخانا سالىدىغان ئورۇن-نى پىلانلىغان. ئۇ دەريانىڭ شىمالىدىكى پۈتۈن ئىلى ۋادىسى ئالقاندەك كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قارا دۆڭ ئۈستىگە بىرنى، جەنۇبقا قاينۇققا بىرنى سېلىشنى لايىق تاپقان. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى كۆپ خىراجەت بىلەن ئۇ ئىبادەتخانىلارنى پۈتتۈرگەن. دەريانىڭ شىمالىدىكىسى «غۇلجا ئىبادەتخانىسى»، دەريانىڭ جەنۇبىدىكى-سى «قاينۇق ئىبادەتخانىسى» دەپ ئاتالغان. غۇلجا ئىبادەتخانە-سىنىڭ ئۆگزە كاھىشلىرىغا ئالتۇن يالىتىلغانلىقى ئۈچۈن كۈن نۇرىدا ۋاللىداپ چاقناپ تۇرىدىكەن. شۇڭا بۇ ئىبادەتخانىنى يەرلىك خەلقلەر «ئالتۇن قۇببىلىك ئىبادەتخانا» دەپ ئاتىغان. «قاينۇق ئىبادەتخانا» سىنىڭ ئۆگزە كاھىشلىرىغا كۈمۈش يالى-تىلغانلىقتىن «كۈمۈش قۇببىلىك ئىبادەتخانا» دەپ ئاتالغاند-كەن، — دەپ تونۇشتۇردى ۋە ئاخىرىغا يەنە شۇلارنى قوشۇپ قويدى، — غۇلجا ئىبادەتخانىسى يەنى «ئالتۇن قۇببىلىك ئى-

باەتخانا» بەكمۇ ھەيۋەتلىك ؛ ھەشەمەتلىك سېلىن-
غان بولۇپ، تام - تورۇسلارغا پۈتۈنلەي ئاق كىگىزدىن يوپ-
ۇقلار ئارتىلىپ، ئىشىك - رۇجەكلەرگە ئالتۇن يالىتىلغا-
نىكەن. ھەربىلى ئىبادەت قىلىش مەزگىلىدە ئالتە، يەتتە
مىڭ لاما راھىبلىرى موڭغۇل ئوتلاقلىرىدىن كېلىپ،
نورغۇنلىغان ئالتۇن كۈمۈش ئۈنچە - مەرۋايىت، جاۋاھىرلارنى
قويۇپ قايتىدىكەن.

ۋاڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويدى، ھەم ئۇيغۇرلار-
نىڭمۇ بۇددا دىنىغا چوقۇنغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان دەپ
ئويلىدى. مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ «ھەرخىل دىنلار ئىچىدە
ئىسلام دىنىدەك ساپ، پاك دىن يوق، ئاللا بىر . بىز ئاللانىڭ
ئىرادىسىگە بويسۇنىمىز. مۇھەممەت پەيغەمبەر بولسا ئاللانىڭ
ئەلچىسى. قۇرئان كېرىم بولسا ئاللاتائالانىڭ ئۆز ئۈممەتلىرىگە
ئىنئام قىلغان مۇقەددەس كىتابى» دەپ قارايتتى ھەم بۇ قاراشتا
چىڭ تۇراتتى.

مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ۋە باشقىلار خان قايتىپ كېتىپ
يەتتە كۈندىن كېيىن بېيجىڭگە قايتىپ كەلدى.

خان غەربىي دىياردىن كەلگەن ۋاڭ - گۇڭلارنى يەنە بىر
قېتىم كۆتۈۋېلىپ ئۇلارنى يامبۇ، مەنسەپ كىيىملىرى بىلەن
تارتۇقلىدى. يەنە مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ ئايالى مېھربانۇ
خېنىمغا «پۇجۇڭ» لۇق مەرتىۋىسىنى بېرىپ، ھەر ئايدا مۇھەم-
مەت بېشىرچىڭۋاڭغا 70 يامبۇ، مېھربانۇ پۇجۇڭغا 30 يامبۇ
ئەۋەتىپ تۇرۇشقا پەرمان قىلدى.

مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ خاننىڭ ھىممىتىدىن مەمنۇن بو-
لۇپ ھەشقالللا ئېيتتى.

خان غەربىي دىياردىن كەلگەنلەردىن ئايرىلىدىغان ۋاقىتتا سىرتقى دۈشمەنلەردىن ھوشيار بولۇشنى، ئىچكى نىزالارغا دىققەت قىلىشنى، ئەمەلدارلارنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا ئىش قىلىشىنى تاپىلاپ، ئۆزلىرى قايسى كۈننى مۇۋاپىق دەپ قارىسا شۇ كۈنى قايتىپ كەتسە بولىدىغانلىقىغا ئىجازەت بەردى.

# ئۈچىنچى قىسىم

# ئۇ قۇشلار قونىغان ماكان

[illegible]

[illegible]

# ئون بەشىنچى باب

مېھرىبانۇ خېنىم ۋاڭ كەتكەندىن كېيىن يۈزىنى يېپىپ،
ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرماي قومۇلدىكى ئەمەلدار، ئۆلىمالارنىڭ
ئۆلۈم - يېتىملىرىگە، توي - تۆكۈنلىرىگە باردى. نۇرغۇن
ئاياللار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى. قومۇلنىڭ نۇرغۇن ئاياللى-
رى - مەيلى خېنىم، ئاغىچىلار، ئاپپاقلار بولسۇن، ئايلا،
جۇۋان - چوكانلار بولسۇن، ھەممىسى دېگۈدەك مېھرىبانۇ خې-
نىمنى ئېغىر - بېسىق، خۇشخۇي، مۇئامىلىسى سىلىق ئې-
كەن. بۇنىڭدەك ئۇلۇغ سۈپەت مەزلۇم تېپىلماس دەپ ماختاش-
تى، ئوردىدىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ئەقىل - پاراسى-
تى بىلەن تېزلا ئابرۇيغا ئىگە بولدى. ئۇنى ئوردىدىكى بەگلەرمۇ
ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بېيجىڭگە
كەتكەندىن كېيىن نەمتۇللا تەيجى كۆپ ئىشلاردا ئۇنىڭ مەسلى-
ھەتىنى ئالدى. نەمتۇللا تەيجى ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىغاندا
ئارىدىكى ئۇنچە پەردىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئولتۇراتتى. مېھرىبانۇ
خېنىم ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرەتتى.
تەيجىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلاتتى. ئاندىن قىسقا سۆھبەت
بولاتتى. مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ ئىككى خىزمەتچىسى كۈنلۈك
ئىشلارنى خاتىرىگە يازاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە نەمتۇللا تەيجى
بېگىم ئوردىدا تۈزۈلۈپ بولغان بىر نەچچە پارچە كىتابنى —

يەنى بىرى «ياخشى خۇلق ئىككى ئالەملىكتۇر» يەنە بىرى «قۇ-مۇل نەغمە- ناۋالىرى»ناملىق كىتابلارنى مېھربانۇ خېنىمنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا تاپشۇردى.

مېھربانۇ خېنىمغا بۇ كىتابلارنى كۆرۈش ناھايىتى كۆڭۈل-لۈك تۇيۇلدى. ئۇ بىر قانچە ھەپتە ئولتۇرۇپ بۇ كىتابلارنى كۆرۈپ چىقتى. «قۇمۇل نەغمە - ناۋالىرى»غا پىكىر قوشمى-دى. «ياخشى خۇلق ئىككى ئالەملىكتۇر» ناملىق كىتابقا نۇر-غۇن تۈزىتىشلەرنى بەردى. بەزى مەزمۇنلارنى كىرگۈزدى.

كۈز ئايلىرى كىرىشى بىلەنلا قۇمۇلدا تۈي - تۆكۈنلەر قىزىپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە تاجىدىن تەيجى بېگىم قېرىنداشلىرى تاپقان ئەتىۋارلىق ئوغلى شاماخسۇت بەگنىڭ سۈننەت تويىنى قىلدى. مېھربانۇ خېنىممۇ بۇ سۈننەت توي شەرىپىنى قۇتلۇق-لاپ باردى. مېھربانۇ خېنىمنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ساھىبخانلار ئايرىم سارايلارنى راسلاپ، توققۇزقات كۆرپە سال-دى. ھەم نۇرغۇنلىغان خېنىم، ئاغىچىلار، ئاپپاقلار، ئايلالار مېھربانۇ خېنىمنىڭ ئالدىغا چىقىپ، يولىغا قىزىل تاۋار پاياند-داز سېلىپ كۈتۈۋالدى.

مېھربانۇ خېنىم ھەممىسى بىلەن ئوچۇق چىراي سالاملى-شىپ كۆرۈشتى. مېھمانلار مېھربانۇ خېنىمنى ھۆرمەتلەپ تۆر-گە ئولتۇرغۇزدى. مېھربانۇ خېنىم سەككىزقات كۆرپىنى ئال-دۇرۇۋېتىپ بىر قات كۆرپە ئۈستىدىلا ئولتۇردى. ئۇ بېشىغا قات مۇخازىلىق دوپپا كىيىپ ئۈستىدىن ئالتۇن قۇبىلىق روما-لىنى سېلىۋالغانىدى. ئۈستىگە زەرگۈللۈك تاۋار كۆڭلەك ئۈس-تىدىن ئېتەك چۆرىلىرىگە كالۋۇتۇن بېسىلغان چاپان كىيگەن. پۇتىغا كالۋۇتۇندىن گۈل نەقىشلەنگەن دۇخاۋا ئاياغ كىيگەنىدى. بۇ كىيىملەر ئۇنى پەرىلەردەك كۆرسىتەتتى. بۇ چاغدا مېھربا-نۇنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرغان مىنىس ئاپپاق ئۇنىڭ ئالدىغىراق

سۇرۇلدى.

مېھرىبانۇ خېنىم بارغانلا سورۇندا مىنىس ئاپپاق بىلەن ئۇچرىشىپ قالاتتى. لېكىن مېھرىبانۇ خېنىم ئۇنى كۆرگەندىلا «ئادەم ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىماسلىق كېرەك» دەپ ئويلاپ، ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى. شۇڭا ئۇ دېدى:

ـــ مىنىس ئاپپاق ئاچا، ھەزرەتلىرىنى كۆرمەيتىمەنغۇ، يېنىمغا ئۆتسىلە، ـــ دەپ ئورنىدىن تۇرغىنىپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

ـــ خوش خېنىم بوغۇم، ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ توققۇز پۇكۇلۇپ تەزىم‌قىلدىم. بۇيۇم پەس، خۇيۇم نەس بولغاچقا نەزەر كۆزلىرى چۈشمىدى بولغاي، نېمىلا دېگەنبىلەن ئېسىلنىڭ ئوقۇرى ئېگىز بولىدۇ، ـــ دېدى مىنىس ئاپپاق ئۇننى غاڭۇر ـ غۇڭۇر چىقىرىپ، كالتە بوينىنى ئۇياققا ـ بۇياققا تولغاپ.

ـــ يوغىسۇ ئۇنداق ئەمەس، يۇقىرى ئۆتسىلە، ـــ دېدى مېھرىبانۇ خېنىم يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ.

ـــ ھاي. . . ي، ـــ دەپ دۇمباق يېرىلغاندەك سۆزلەپ كەتتى يەنە مىنىس ئاپپاق، ـــ كۆن يىراق بولسىمۇ ئايىتىپى يېقىن دېيىشىدۇ. ئۆزلىرى چۆمۈچ بولسىلا خېنىم، بىز بولساق قوشۇق. لېكىن تاغ قانچە ئېگىز بولغان بىلەن ئاسماندىن پەس، ھەزرەتلىرى دېگەن، نېمىلا بولمىسۇن بىر پادىشاھنىڭ خوتۇنى. بۇ پەلەك مەندە تۇرماس، بۇ خەمەك سەندە دەپ، ھاي. . . ي خېنىم بۇ دېگەن ئۆزۈن جاھان.

مېھرىبانۇ خېنىم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ يۈزلىرىگە قىزىللىق تاردى. ئۆيدىكى ئاپپاق خېنىملار ئاۋۋال جىمجىت ئولتۇراتتى. كېيىن سەل غۇدۇراپ بىر‌ـبىرىگە قاراشتى.

— خوش، مىنىس ئاپپاق ئاچا، — دېدى مېھرىبانۇ خېنىم، ئالدىرىماي ئاستا، — دېگەنلىرى دۇرۇس، ئەپسۇسكى، تاغ ئېگىز بولغىنى بىلەن ئوقۇرۇق بىلەن ئەگكىلى بولمايدۇ. يەنە، ئۇ تاغ قانچە ئېگىز بولسىمۇ كۆننى توسىيالمايدۇ. كۆز كىچىك بولسىمۇ كۆرىدىغىنى چوڭ. ھەزرەتلىرى بىلىدىلا، ئاللاتائالا ھەققە رىسقىنى نەق بەرگەننىكەن، شۈكۈر قىلماق ئۇممەتلىرىگە ۋاجىپتۇر.

مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ چاقماقتەك دانىمۇ دانە سۆزلىرى ئوقيادەك ئېتىلدى.

— ھونۇس شۇنداق، ھونۇس شۇنداق، — دېدى مىنىس ئاپپاق، ئۇنىڭ ئۆزىنى گەپدان چاغلاپ مېھرىبانۇ خېنىمنى كۆزگە ئىلماي دېگەن گەپلىرى بوسۇغىدىلا سىغىلىپ قالغاندەك بولدى. ئولتۇرغان خېنىملار كۈلۈپ ئۇنى مازاق قىلىشتى. مىنىس ئاپپاق كۆڭلىدە «ئارپا تېرىپ بۇغداي ئالىمەن دەپ خام خىيال قىپتىمەن» دەپ ئويلاپ بىر ئاز شۈكلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پاراڭ بولمىدى. ئەمما بەستىرەك ئولتۇرغان خانۇشخان ئىچىدە «تاسما يېگەن ئىت ئۆمۈر بويى خويىنى تاشلىماپتۇ» دېگەن شۇ دە، — دەپ ئويلىدى.

بۈگۈنكى سۈننەت توي ناھايىتى ھەشەمەتلىك بولدى. ئىككى ئايالغا بىردىن قويۇلغان شىرەگە تىزىلغان نازۇنېمەتلەر ھېلىدىن ھېلى يېڭى نازۇنېمەتلەر بىلەن ئالماشتۇرۇلۇپ تۇردى. مېھرىبانۇ خېنىم «خېنىم، مەزەلەرگە باقسىلا. . . ئاغىچام ئىلتىپات قىلسىلا. . . » دېگەن تەكلىپ سادالىرى ئىچىدە خالىغان نەرسىلەرگە ئاززاقتىن ئېغىز تېگىپ قويىدى. ئىككىنچى قېتىملىق تائام تارتىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاززاقلا ئېغىز تېگىپ ياندى. ھەممىيلەن مېھرىبانۇ خېنىمنى دەرۋازا ئالدىغىچە

ئۈزىتىپ قويۇشتى.

بۇ سۈننەت توي مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ يادىدا قالدى. گەرچە ئۇ چەكسىز ھۆرمەت ئېھتىرام ئىچىدە كۈتۈلگەن بولسىمۇ ئاۋۇ بويى پەس، خۇيى نەسىلنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا ئەسكى تامدا ھۆۋ-قۇش سايرىغاندەك بىلىندى. شۇ كۈنلەردە مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ كۆڭلى بەكلا نازۇكلىشىپ كەتكەنىدى. خېنىمنىڭ كەينىدىن ئاياللارنىڭ «مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ بويىدا بار چېغىۋا، يۈزلىرى سۇزۇلۇپ قاپتۇ. دېگىنى راست ئىدى. ئاياللار ئېغىر ئاياغ بولغاندا كۆڭلى تولىمۇ نازۇكلىشىپ يۈز تېرىلىرى نېپىزلەپ، ھېچ نەرسە خۇشياقماس بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھالەت مېھرىبانۇ خېنىمدىمۇ بار ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ سېزىلىكى ئانچىۋالا قاتتىق ئەمەسىدى. لېكىن بۇگۈنكى ئارتۇقچە گەپلەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويدى. دېمىسىمۇ، كۆڭۈلنى بىر ئەينەككە ئوخشى-تىش مۇمكىن. ئەينەككە ئازراقلا چاڭ - توزان تەگسە، ئەينەك خىرەلىشىپ قالىدۇ. ئەگەر بىرەر زەربىگە ئۇچرىسا چېقىلىپمۇ كېتىدۇ. ھازىر مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ كۆڭلى مىنىس ئاپپاقنىڭ سۆزلىرى بىلەن چېقىلىپ كېتىش ھالىتىگە كېلىپ قالغانىدى. لېكىن ئۇدۇل كېلىپ قالغانلىقتىن ئۆزىمۇ بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلغانلىقىنى ئويلاپ ئاچچىقىنى بېسىۋالدى.

ئۇ مەيدە كېتىۋېتىپ يەنە بىر ئىشنى ئويلىنىپ قالدى: مېھرىبانۇ خېنىم دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە شاھزادىلەردەك ياساد-غان ئالتە - يەتتە ياشلاردىكى بىر بالا، بىر تېمەن يىگىتنىڭ بويىنىغا مىنىۋالغانىدى. ئۇ سۈننەت تويى بولغان شامەخسۇت بەگ مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. بالا مېھرىبانۇغا قارىمىدى. ئۇ ئۆزىنى بويىنىغا مىندۇرۇۋالغان يىگىتنىڭ بېشىغا مۇشتلاپ، تالا-غا ئەپچىق دەپ ۋارقىراۋاتاتتى، يىگىت مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ ئۆيگە كىرىپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى-ھەم بالىغا يالۋۇرۇپ

«تۇختىمىسلا خوجام، قارىمىسلا، ۋاڭ خوجامنىڭ ئايالى مېھرىبانۇ خېنىم كەلدى. چۈشۈپ سالام بەرسىلە» دەيتتى. لېكىن، شامەخسۇت بەگ «ۋاڭنىڭ ئايالى بولسا نېمە بوپتۇ. مېنىڭ ئاپاممۇ تەيجى بەگنىڭ خوتۇنى، مەنمۇ چوڭ بولسام ۋاڭ بولىمەن» دەيتتى. ئۇنى كۆتۈرۈۋالغان يىگىت بالىنى مازاق قىلىپ كۈلۈپ قويدى. بۇلارنى مېھرىبانۇ خېنىم ئېنىق كۆردى. ھازىر يانغۇچە بولسا شامەخسۇت بەگنى يەنە شۇ يىگىتنىڭ بويىنىغا مىنىۋالغان پېتى كۆردى. يىگىت بىر يەردە مۆكچىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ چارچاپ قالغان بولسا كېرەك مۆكچەيگەن پېتى بالىنى ئۈستىدىن چۈشۈپ كېتىشكە ئۈندەيتتى. شامەخسۇت بەگ ئۇ يىگىتنىڭ بويىنىغا مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ مۇرىسىدىن چۈشمەيۋاتاتتى. مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ ئۇ يىگىتكە ئىچى ئاغرىپ قالدى. بۇ كۆرۈنۈشمۇ مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ ئېسىدە قالغانىدى. بۇ چاغدا مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ دېدىكى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ سورىدى:

— ھېلىقى يىگىتنىڭ بويىنىغا مەھكەم مىنىۋالغان خوجامنى كۆردىلەمىكىن، خېنىم. سۈننەت تويى بولغان خوجام شۇ ئوخشايدۇ. بەئەينى رودۇپاينىڭ ئۆزىكەنغۇ — ئۇ؟

مېھرىبانۇ خېنىم كۈلۈپ قويدى:

— ئۇنداق دېمە، تاجىدىن تەيجى بېگىم ئوغلىنى بەكلا ئەركە ئۆگىتىپ قويغانىدەك قىلىدۇ.

— ئەركە ئەمەس، ئىنساپسىز كەن. بولمىسا ھەزرەتلىرىگە كېلىپ سالام بەرمەمدۇ.

— بولدىلا، ئۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى، — دېدى مېھرىبانۇ خېنىم. لېكىن سۈننەت تويى بولغان بالىنىڭ قىلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەنىدى. ئەدەپ قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، بىر ۋاڭنىڭ ئايالى ئاشۇ بالىنىڭ سۈننەت تويىنى دەپ كەلگەندىكىن ئەلۋەتتە ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىشى كېرەكتە. ئۇ چاغدا،

مېھرىبانۇ خېنىم بالىغا سۆيۈنچە بېرەتتى. بۇ ئىشلار بولمىدى. بۇ، بالىنىڭ كەپسىزلىكىدىنمۇ ياكى تاجىدىن تەيجى بېگىمنىڭ مۇھەممەت بېشىرۋاڭغا نارازىلىقى بولغانلىقىدىنمۇ؟ بۇنى بىلگىلى بولمايتتى.

مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن دېدەك يېزىۋاتقان كۈنلۈك خاتىرىگە بۇ ئىشنى ئالاھىدە خاتىرىلەپ قويىدى. مىنىس ئاپپاقنىڭ سۆزلىرىدىن تارتىپ، مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ دېگەنلىرىگىچە ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ يېزىۋىدى. گويا بىر ھىكايە بولدى. بۇ دېدەكنىڭ خېتى ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئانار بولۇپ مېھرىبانۇ خېنىم ئىلىدىن كەلگەندە بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. مېھرىبانۇ خېنىم ئۇنى ئۆزى ئوقۇتۇپ ساۋاتلىق قىلدى. ھەتتا ئادەم تەكلىپ قىلىپ ھۆسنخەت ئۆگىتىپ، ناھايىتى چىرايلىق خەت يازالايدىغان خەتتات قىلدى. ئانار ناھايىتى ئەقىللىق ھەم سەزگۈر بولۇپ مېھرىبانۇغا ئىجىل ئىدى.

بۈگۈن كېچە تۈن قاراڭغۇسى ئىدى. نەچچە كېچىدىن بېرى پەنجىرىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئاي شولىسىنىڭ ئورنىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى. مېھرىبانۇ خېنىم ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ تۇرۇپلا مۇھەممەت بېشىرۋاڭنى ئويلىدى، ئۇنىڭ بېيجىڭدىن ساق - سالامەت قايتىپ چىقىشىنى خۇدادىن تىلىدى. ئۇ يەنە ئادىتى بويىچە ئىلىدا قالغان ئانىسىنى ياد ئەتتى. مۇھەممەت بېشىرۋاڭ بىلەن تەڭ خالزات ھېكىمبەگمۇ قايتىپ چىقىپ ئورنىغا چۈشىدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىنى ئېيتىپ ئۇ يانغۇچە سوۋغا - سالام بېرىدۇ. خۇدايىم بۇيرىسا كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئانىسىمۇ كېلىدۇ. يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان نەۋرىسىنى كۆرىدۇ. . . بۇ خىياللار ئۇنى سەل سەگىتىپ قويىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىلەرنى

ھەملاپ قويۇپ يەنە ياتتى. لېكىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مېنىس ئاپپاق كېلىۋالدى. ئۇ گەرچە ئىلىدىن ئۇزىنى كۆچۈرۈپ كەل. گەندە مېنىس ئاپپاقنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىمۇ، شۇنچە كاتتا سورۇندا، خېنىم، ئاغىچىلار ئارىسىدا «بۇ پەلەك سەندە تۇرماس، بۇ خەمەك مەندە» دېگىنى نېمە دېگىنى، مەن ئۇنى يامان كۆرۈپ، يامان دېمىسەم، ئۇنىڭ مۇھەممەت بېشىرۋاڭنىڭ تەختى - دۆلىتىگە. ئىگە بولىدۇك - دەپ مېنى قارغاۋاتقىنىمۇ - يە؟ — ئۇ يەنە شۇلارنى ئويلىدى، — ئاللاتائالا بىزنى ياراتقاندا ھەرخىل ئوي، ھەرخىل مىجەزلىك قىلىپ ياراتقانىكەن. ھەممىلا ئادەمنى ئوخشاش دەپ قارىساق بولمىغۇدەك، كىشىلەرنىڭ نىيىتىگە قا. راپ مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەككەن. ئادەم دېگەن، شەخسى ئاداۋەتخورلارغا ئەلۋەتتە نەپرەتلىنىشى كېرەك - تە.

مېھرىبانۇ خېنىم يۇقىرىقىلارنى ئويلىغاندىن كېيىن ئۆز ئۆزىگە تەسەللى بەردى. «ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئۆزىنىڭ تەقدى. رىنى بەلگىلەيدۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ خويى بېشىغا چىقىدۇ.»

مېھرىبانۇ خېنىم بۈگۈن بامداتتىن كېيىن ئازراق ناشتا قىلىۋېلىپ «ياخشى خۇلق ئىككى ئالەملىكتۇر» ناملىق كىتابقا مۇقەددىمە يازدى. مۇقەددىمىدە مۇنۇلارنى ئەسكەرتتى: «خۇلق» دېمەك كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ھاسىل بولۇپ تۇرىدىغان بىر خىل ھالەتتۇر. بىر ئادەمنىڭ خۇلقى ياخشى بولسا «ياخشى خۇلقلۇق كىشى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. خۇلقى يامان بولسا، «يامان خۇلق. لۇق كىشى» دەپ نەپرەتلىنىدۇ. ياخشى خۇلقلۇق كىشىلەر بولسا - ئەخلاقى پەزىلەتتە كامىل، خەلقىگە، يۇرتىغا، ساداقەت. مەن، مۇساپىرلارغا، كېسەللەرگە، يېتىم - يېسىرلەرگە كۆ. يۇمچان بولىدۇ. يامان ئىش، يامان سۆز يامان ئىللەتلەردىن ھايا قىلىدۇ. ئېرىگە ياكى ئايالىغا، ئاتىسى ياكى ئانىسىغا، بالىسى

ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ۋاپا قىلىدۇ. يامان خۇلقلۇق كىشى-لەر بولسا، تەكەببۇرلۇق قىلىپ باشقىلاردىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتىدۇ. ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماي جاھانغا مەنمەنچىلىك ئۇرۇ-قىنى چاچىدۇ. ئىغۋاگەرلىك قىلىپ پىتنە ـ پاسات تۇغدۇرىدۇ. ھەسەتخورلۇق قىلىپ كىشىلەرنى كۆرەلمەيدۇ. سورۇن تاللىماي يامان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتى-دۇ. غەيۋەت ـ شىكايەت بىلەن كۈننى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزى چەتنەتتە، كۆڭلى دوزاختا تۇرىدۇ. يەنە ئۇلار يالغانچىلىق قىلىپ ئاداۋەت ساقلايدۇ. تەمەخورلۇق، بېخىللىق قىلىپ تاپقى-نىنى يا ئۆزى يېمەيدۇ، ياكى باللىرىغا، مىسكىنلەرگە بەرمەي-دۇ. گويا گۆرىدە دۇكان ئاچىدىغاندەك يىغىدۇ، ئاخىر ئۆلىدۇ. ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزمەي، بالا ـ چاقىسىنىڭ ئارىسىغا تۈگە-مەس ئاداۋەتلەرنى تېرىپ كېتىدۇ. يامان خۇلقلۇق كىشىلەر ھەرخىل يامان ئىشلارنى قىلىپ ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ. كىشى-لەر ئارىسىغا سوغۇقچىلىق ۋە بەختسىزلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچى-دۇ. بىز دائىم مۇشۇنداق يامان خۇلقلۇق كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلىشىمىز كېرەك. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى ياخشى خۇلقلۇق بىلەن زىننەتلەشنى خالىسىڭىز بۇ كىتابنى تەپسىلىي ئۆگىنىپ چىقىڭ. چۈنكى ياخشى خۇلق ئۆزىڭىزنىڭ ھەم خەلقنىڭ سائادى-تىدۇر. ياخشى خۇلقلىق كىشىلەرنى خەلق ئۆلگەندىمۇ، مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ. يامان خۇلقلۇق كىشىلەر مەڭگۈ خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. . . »

مېھرىبانۇ خېنىم يۇقىرىقىلارنى يېزىپ بولۇپ بىر قۇر ئوقۇپ چىقتى. بۇ چاغدا مەلۇمچى دېدەك كىرىپ سالام قىلدى:

— خېنىمىم، نەمەنتۇللا تەيجى بېگىم كىرىشكە ئىجا-زەت سورايدۇ.

— پەردىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئىشكنى ئاچ.

— خوش خېنىم.

نەمىتۇللا تەيجى بەگ خۇشال كەيپىياتتا كىرىپ ئولتۇرۇپ دۇئـاغا قول ئاچتى. ئاندىن خېنىمنىڭ ئېسەنلىكىنى سورىغان-دىن كېيىن دېدى:

— بۈگۈن خۇش خەۋەر بار، خېنىم، — دېدى نەمىتۇللا تەيجى. بۈگەپ بىلەن مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ تۈنۈگۈنكى ۋە كېچە-دىن بېرىقى تۇمان بېسىپ تۇرغان كۆڭلى بىردىنلا ئاپتاپتەك يورۇپ كەتتى، — ۋاڭ خوجام شىڭشىڭشىيا (يۇلتۇز تاش جىلغا) غا يېتىپ كەپتۇ. تۈنۈگۈن كېچىدە خەۋەرچى كەلدى. خەۋەرچىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ قېتىم خان ئالاھىدە ئىل-تىپات كۆرسىتىپتۇ. ۋاڭ خوجامغا چىڭۋاڭلىق، ئاغىچام ئۆزلە-رىگە پۇجۇڭلۇق مەرتىۋىسىنى بېرىپتۇ. بۇ خۇشاللىق كۈنلەرنى-ى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئەتىگەندىن بېرى-بىر ئاز تەييارلىق ئىش-لىرى بىلەن بولدۇق. ۋاڭ خوجامنىڭ ئالدىغا مەن باشلىق ئوردىنىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرى بېرىپ قارشى ئالىمىز. ئاڭلىساق، خان يامۇلىمۇ نۇرغۇن ئادەم چىقىرىپ، داقا - دۇمباقلىرى بىلەن تەييارلىق قىلىۋات-قۇدەك. ھازىر پۈتۈن خەلققە پەرمان چۈشۈرىمىز. بارلىق خەلق كوچىلارنى، يوللارنى پاك - پاكىزە تازىلاپ، سۇ چاچىدۇ. ھەم ئۇن چاقىرىم يەرگىچە يولنىڭ ئىككى قاس-نىقىدا تۇرۇپ ۋاڭ خوجامنىڭ تىنچ - ئامان، ساق - سالام-ەت قايتىپ چىققانلىقىنى قارشى ئالىدۇ.

مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ بۇ خەۋەردىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەت-تى. ئۆزىمۇ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ ئالدىغا چىقماقچى بولىۋىدى. نەمىتۇللا تەيجى بەگ مېھرىبانۇ خېنىم-نىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ «ئۆز-لىرى چىقمىسىلا خېنىم، بىزلەر چىقايلى» دەپ

ئۇنىمىدى.

* *

مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ ھەشەمەت، تەنتەنە بىلەن بېيجىڭ-
دىن ئۆز ئوردىسىغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزى ئۇستىدىن
خانلىقتا سۇنۇلغان ئەرز ئېنىقلانغاندىن كېيىن ئۇنى بىر خىل
غەزەپ ئوتى چىرمىۋالدى. «يېغا ياندىن، بالا كەلسە قېرىنداش-
تىن» دېگەندەك ھەممە پىتنە - پاساتنىڭ سۆۋۈردىن كېلىۋاتقاد-
لىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەسمۇ، مەن سۆۋۈرغا نېمە ياماد-
لىق قىلدىم. ئوردىدا ئەتىۋارلاپ كۆڭۈلۈق مەنسىپى بەردىم.
كوچىدا قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى ئانچە سۈرۈشتۈرۈپ كەتمىد-
دىم. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇ مېنىڭ ئۇستۇمدىن خانغا ئەرز يازغۇ-
دەك بوپتىمۇ — دەيتتى ئۆز ئۆزىگە. ئۇنىڭ دائىم ئوچۇق - يورۇق،
كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان ئاپتاپتەك چىرايىدىن نۇر ئۆچكەنىدى.
ئۇ بىر كۈنى مېھرىبانۇ خېنىم يازدۇرۇۋاتقان كۈنلۈك خاتىرىنى
كۆرۈپ قالدى. بۇنىڭدا يېزىلغان تاجىدىن تەيجى بەگنىڭ ئوغلى
شامەخسۇت بەگنىڭ سۈننەت تويىدىكى گەپ سۆزلەر، بولۇپمۇ
مىنىس ئاپپاقنىڭ گەپلىرى مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭنىڭ غە-
زەپ ئوتلىرىنى يالقۇنلىتىۋەتتى. بۇ يەردە ۋاڭ تاجىدىن تەيجى
بەگنىڭمۇ قارا كۆڭلىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ دائىم ئۇ-
زىگە نىسبەتەن دۈشمەننى كۆپەيتمەسلىكنى ئويلايتتى. ئەمدىلىك-
تە بولسا، تاجىدىن تەيجى بەگكە نىسبەتەن سەل خاتا قىلىپ
قويدۇممۇ - نېمە، دەپ ئويلاپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا،
سۆۋۈر بەگنىڭ بېيجىڭگە ئەرز يېزىشىدا تاجىدىن تەيجىنىڭمۇ
قۇترىتىش رولى بار ئىدى. بۇ تېخى پاش بولمىغان بولسىمۇ،
مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭنىڭ كۆڭۈل كۆزى كۆرۈۋالدى. نەتد-

جىدە ئۇ ھاشىر تەيجىگە تەگمەسلىك نىيىتىگە كەلدى. ھاشىر تەيجى ئۆزىنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، بېيجىڭدىن مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇن مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، ئۆز گۇناھىنى تىلىگەن ھەم سوۋۇر بەگنىڭ يامان نىيىتىنى ئاشكارىلىغانىدى.

مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ھاشىر تەيجىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتە-سىمۇ، سوۋۇر بەگنى جازالىماي بولمايدۇ، دەپ ئويلاپ، نەمد-تۇللا تەيجى ھەم شاسىلىمبەگ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆردى. ئۇلار ھاشىرتەيجىنىمۇ بىراقلا جازالاشتا چىڭتۇرغان بولسىمۇ مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ئۇنىمىدى ھەم «زىنداندىكى توختا-خۇن» مەسىلىسىدە سوۋۇر بىلەن تاجىدىن تەيجى ئوتتۇرىسىدا قارشىلىشىش بولسىمۇ، ماڭا قارشى تۇرۇشتا ئىككىسى ئىتتى-پاقلىشىۋالغان. ھاشىرتەيجىگىمۇ جازا بەرسەك بىزگە قارشى كىشىلەر كۆپىيىدىكەن ئازايمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاشىر تەيجى-نىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىغا قاراپ باقايلى — دېدى، بۇنىڭغا ھەممىسى قايىل بولدى.

ئاخىر سوۋۇر بەگنى بارلىق ئوردا ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ، ئۇنىڭ ھەممە قىلمىشلىرىنى گۇناھىغا پۈتۈپ ئوردىدىن قوغلاپ چىقاردى ھەمدە ھاشىر تەيجىنىڭ گۇناھىدىن كەچكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشى لازىملىقىنى ئۇقتۇردى.

شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى.

مېھرىبانۇ خېنىم قىز تۇغۇپ ئىسمىنى گەۋھەر خېنىم قويدى. لېكىن ئاپىسى سۇمانىخان كېسەل سەۋەبىدىن قۇمۇلغا كېلەلمىدى. مېھرىبانۇ خېنىم بولسا يەنە بويىدا بولغاچقا ئىلىغا بارالمىدى. ئۇ ھەركۈنى دېگۈدەك ئاپىسىنى ئويلايتتى. ئانىسى-نىڭ ئۇ قۇمۇلغا ماڭغان چاغدا ئېيتقان مۇنۇ بىر كۇپلېت

قوشىقى زادىلا ئىسىدىن چىقمايتتى.

ئاھ، قۇمۇللۇق بەگلىرىم،
خاپا قىلماڭ قىزىمنى.
ئامالىم يوق تاپشۇردۇم
كۆز گۆھىرى بالامنى.

سۇمانىخان كېسەلدىن ساقايغان بولسىمۇ قىزىنىڭ دەردىدە
كۆز يېشى قۇرىمىدى. سېغىنىش ئوتلىرى ئۇنى ئارامىغا قويمە-
دى. كېيىنچە ئۇ بۇ دەرد - پىراقتا چىدىماي شاراب ئىچىدىغان
بولۇپ قالدى. شاراب ئۇنى سېغىنىش ئارزۇ - ئىستەكلىرىدىن
سەل سەگىتىپ ئۇيقۇغا باشلايتتى. ئاخىر ئۇ ئەلە مەھەللە ئىچە-
دە، بەگ - گۆزەللار ئوردىسىدا «شارابچى خېنىم»[1] دەپ ئاتى-
لىپ قالدى.
مېھرىبانۇ خېنىم ئىككىنچى قىزىنى يەڭگىپ ئۈچ ئاي
بولغاندا سۇمانىخان يەنە ئاغرىپ يېتىپ قالدى. شۇ كۈنلەردە
قىزىغا سېغىنىشلىق سالام يېزىپ ئاخىرىغا مۇنۇ قوشاقلارنى
قوشۇپ قويغانىدى.

ئاھ بالام، خېنىم بالام،
يىغلىغۇا قالدىم.
قولۇمدا ئالتۇن كاسا،
شارابنى ئالدىم.

دەردى بار بالام،
چىرايىم سامان.
غەمكىن بولمىغىن،

---

① «شارابچى خېنىم» — ئىلىنىڭ تارىخى ماتېرىياللىرىدا سۇمانىخاننى شۇنداق دەپ
ئاتىغان.

بىز بۇندا ئامان.

بۇ خەت مېھرىبانۇ خېنىمغا تېگىپ، ئۇزۇن بولماي ئانىسى ۋاپات بولدى. بۇ خەۋەر مېھرىبانۇ خېنىمغا يەتكەندە زار - زار يىغلاپ نالە قىلدى. لېكىن، يېڭى تۇغۇتلۇق بولغاچقا يەنە ئېلىغا بارالمىدى. ئوردىدا چوڭ ھازا ئېچىپ، نەزىرلەر بېرىلدى. مېھرىبانۇ خېنىم ھەم مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭغا ۋەكىل بولۇپ يىگىرمىدەك ئادەم ئېلىغا بېرىپ چوڭ نەزىرلەر ئۆتكۈزۈپ، ئۇ يەردىكى تۇغقانلاردىن كۆڭۈل سوراپ كەلدى.

شۇنىڭدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ ئاكىسى نۇسرەتبەگ ئايالى ۋە بالا - چاقىسىنى ئېلىپ قۇمۇلغا كۆچۈپ كەلدى. مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ نۇسرەتبەگكە زور ئېھتىرام قىلدى. يەر، ئۆي، جاي، ئات - ئۇلاغ، مال - ۋاران بەردى. ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بىر قانچە ئادەم تەيىنلىدى. مېھرىبانۇ خېنىم ئاكىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئىجىل - ئىناق ئۆتۈشتى.

# ئون ئالتىنچى باب

ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. مۇھەممەت بىشىر-
چىڭۋاڭنىڭ مەزمۇت قەددى سەل پۈكۈلۈپ مۇرىلىرى چۇشۇپ،
يۈزلىرىدىكى قورۇقلار ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ساقال -
بۇرۇتلىرىنى ئاق ئارىلىدى. ئەمما ئۇ يەنىلا جۇشقۇن، تېتىك
كۆرۈنەتتى. بۈگۈن ئۇ يەنە تەختلىك سارايغا ئالدىرىماي كىرىپ
كەلدى. ئۇنىڭ قەدەملىرى سەل ئۇششاقلاپ قالغاندەك كۆرۈنەت-
تى. بۇ چاغدا ئوردا ئەمەلدارلىرىمۇ كېلىپ بولغانىدى. ئۇلار
ۋاڭ ئالىيلىرىغا: «ۋاڭ ئالىيلىرىنىڭ ئالتۇن بويى ئېسەن بول-
غاي» دەپ سالام بېرىشتى. ۋاڭ ئالىيلىرى كۈلۈمسىرەپ «بەگ-
لىرىمگە ئىجازەت» دېدى. ھەممىسى جاي - جايلىرىدا ئولتۇ-
رۇشتى.
— قېنى بەگلىرىم، يۇرتىنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلاپ باقاي، —
دېدى ۋاڭ.
— ۋاڭ خوجامغا مەلۇم بولغاي، — دېدى نەمىتۇللا
تەيجى بەگ، — ئالتۇنلۇقتىكى چىنە گۈمبەز پۈتەي دەپ قال-
دى. گۈمبەزنىڭ كاھىشلىرى ناھايىتى كۆركەم سىرلىنىپتۇ.
بۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق بىر قۇرۇلۇش بوپتۇ. جانابلىرى چىقىپ
كۆرۈپ كەلگەن بولسىلا، — ۋاڭ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى
لىڭشىتىپ قويدى. نەمىتۇللا تەيجى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —

«ۋاڭ خوجام بىلىم يۇرتى» دىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن يېڭىدىن سىنىپلار سېلىنىشقا باشلىدى. يەنە چوڭ مەدرىس پۈتكەندىن كېيىن تالىپلارغا مۇدەررىسلەر يېتىشمەيۋاتىدۇ. شۇڭا مۇدەررىسلەرنى كۆپەيتىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ.

— قەشقەر ۋە تۇرپاندا بىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئۆلىمالىرىمىز قاچان يېتىپ كەلگۈدەك، — دېدى ۋاڭ نەمتۇللا تەيجى بەگنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ئادەم ئەۋەتتۇق. ئۇلار پات يېقىندا قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى نەمتۇللا تەيجى. ۋاڭ « ئەممىسە مۇدەررىسلەرنىڭ ئىشى ھەل بولغۇدەكقۇ» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

نەمتۇللا تەيجى بەگ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — راھەتباغنىڭ كۆچەتلىرى مېۋىگە كىرىپتۇ، ئۈزۈملۈك باغنىڭ ئۈزۈمى، ئانارلىق باغنىڭ ئانىرى بۇيىل ناھايىتى ئوخشاپ كېتىپتۇ. جانابلىرىنى ھەممىسى باراۋەتكەتەكلىپ قىلىشىۋاتىدۇ، — دېدى نەمتۇللا تەيجى بەگ ۋاڭغا قاراپ. ۋاڭ «بولىدۇ، ھەممەيلەننى باراۋەتكە تەكلىپ قىلاي» دېدى. ھەممەيلەن خۇشال بولۇشتى. نەمتۇللا تەيجى يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — يەنە ئوردىدىن تۈزۈلگەن «ياخشى خۇلق ئىككى ئالەملىكتۇر» ناملىق كىتاب نەچچە يىلدىن بېرى يېزا مەكتەپلىرىدە، بىلىم يۇرتلىرىدا، مەدرىس مەسچىتلەردە قوللانما قىلىنىۋىدى، نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولدى. باللار ئەدەپلىك، چوڭلار مۇلايىم، ئېتىقادچان بولۇپ كەتتى.

ۋاڭ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ۋاڭ خوجامغا مەلۇم بولغاي، — دەپ شاسبىلىمبەگ ئورنىدىن تۇردى، — ئۈچ كۈن بۇرۇن خان ئامبىلى جانابلىرىغا يازما مەلۇمات كىرگۈزۈپتۇ. مەلۇماتتا «سۇجى يېڭىغا قاراش-

لىق بازۇڭ، ۋاڭ شۈەن قاتارلىقلار ئىلىدىكى خان لەشكەرلىرى-نىڭ 67 مىڭ 850 سەر تەمىنات پۇلىنى ئېلىپ كېتىۋېتىپ، تاڭ يورۇماستا لەڭگەرگە كەلگەندە ئىككى مىڭ سەر كۈمۈش ئارتىلغان بىر تۆگە يوقاپ كېتىپتۇ. جانابلىرى پەرمان چىقىرىپ ئۇيغۇر كەنتلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈپ باققان بولسىلا» دېيىلىپتۇ.

ۋاڭ بۇ ئىشنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلىنىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى.

— ۋاڭ خوجام جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دەپ تەزىم بىلەن سۆزىنى باشلىدى ھاشىر تەيجى، — خانلىق تەرەپتىن جازالىنىپ، ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان لىن زېشۈي، ۋاڭ جانابلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى ئەتە ئوردىغا كىرگۈدەك. بۇنىمۇ خان ئامبىلى خەۋەر قىلدى.

— نېمە ئىشكەن، — دېدى ۋاڭ ئەجەبلىنىپ.

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بىر قىسىم خەقلەر ئوردا ئۈستىدىن لىن زېشۈيگە گەشات قىلغان چېغى، — دېدى ھاشىر تەيجى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

— ئوچۇغراق دېسىلە، نېمە ھەقتە گەشات قىپتۇ، — دېدى ۋاڭ چىرايى ئۆڭگەن ھالدا.

— بوز يەر مەسىلىسى ئوخشايدۇ. ئۇلار بىز ئاچقان بوز يەرلەرنى ۋاڭ ئالىيلىرىنى ئىگىلىۋالدى دەپ، تۆھمەت قىلغان چېغى.

— شۇنداقمۇ؟ بۇتالىناچىن (تاشۋېلىق) تەرەپتىكى ئىشقۇ دەيمەن.

— خوش، شۇنداق ئالىيلىرى، — بۇرۇنلا بۇ يەردە بىر ئاز تالاش - تارتىش بار ئىدى.

— شۇنداق، ئەمما مەن شۇنىڭغا ئەپسۇسلىنىمەنكى، ئۇلار نېمىشقا لىن زېشۈيگە گەشات قىلىدىكەن. لىن زېشۈينىڭ قولىدا

ئەڭگۈشتەر بارمىكەن.

ئولتۇرغان بەگلەرنىڭ ھەممىسى بۇ گەپكە كۈلۈشۈپ قويـ-دى.

ۋاڭنىڭ چىرايى تۇتۇلدى. ئۇنىڭ نازۇك قەلبى ئۆزى ھەقـ-قىدىكى سۆز ـ چۆچەكلەرنى ھەرگىزمۇ كۆتۈرەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ قوشۇمىسىنى سەل تۈرۈپ بەگلەرگە قارىدى:

ـــ يەنچۇ، يەنە باشقا گەپلەر بارمۇ؟

ھەممىسى جىمجىت ئولتۇرۇشتى. مەلۇم قىلىدىغان ئىشلار تۈگەپ قالغانىدى. ئاخىرىدا مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ پەرمان بەردى:

ـــ قېنى، باش مۇنشى دىققەت قىلسىلا، ـــ باش مۇنشى باياتىنلا دۈۋەت، قەلەملىرىنى راسلاپ ئولتۇراتتى، ـــ بىرىنـ-چى: يېزا، كەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە يارلىق چۈشۈرۈلسۇن، تامـ-لارغا ئېلان چاپلانسۇن. خاننىڭ ئىلىدىكى لەشكەرلەرگە ئەۋەتـ-كەن تەمىنات پۇلىنى تېپىۋالغۇچىلار ئوردىغا مەلۇم قىلسا، ئۇلارغا سۆيۈنچە بېرىلىدۇ. ئىككىنچى، لىن زېشۈيىنى كۆتۈۋې-لىشقا تەييارلىق قىلىنسۇن. ئۈچىنچى، ئوردا ئۈستىدىن ئەرز قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارنى قوترانقۇچىلار ۋاقتىدا تەكشۈرۈلسۇن.

پەرمان تۈگىگەندى. ئاخىرىدا ۋاڭ يەنە شۇلارنى قوشۇمچە قىلدى:

ـــ لىن زېشۈي خاننىڭ يېنىدا خىزمەت تۇتقان كىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەپيۈندى چەكلەش گۇناھ ئەمەس، بىز ئۇ كىشىنى چىرايلىقچە كۈتۈۋېلىپ، چىرايلىقچە ئۇزىتىپ قويىمىز.

ھەممىسى بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. ئارىدا بىر پەس جىمجىتـ-لىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن ۋاڭ بەگلەرگە ئىجازەت بەردى. ھەممىسى تارقىلىپ بولغان ۋاقىتتا مەلۇمچى مەلۇم قىلدى:

— ئۇلۇغ ۋاڭ خوجامغا مەلۇم بولغاي، زىۋىر بەگ جاناپلىرىغا سالام بەرگىلى كەپتۇ. ۋاڭ «زىۋىر بەگ» دەپ ئويلىنىپ قالدى ۋە دەرھاللا ئېسىگە ئېلىپ:

— كىرسۇن، كىرسۇن، — دېدى.

زىۋىر بەگ كىرىپلا پۈكۈلۈپ تەزىم قىلدى، زىۋىر بەگنىڭ ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەندى، يۈزلىرىنى تۈك بېسىپ، كۆزلىرى پىلدىرلاپ تۇراتتى.

ۋاڭ زىۋىر بەگنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ياپپاشلا ئادەم تۆت ـ بەش يىلدا نېمانچە قېرىپ كەتكەن ـ ھە؟

— ئۇلتۇرسىلا. ئۆزلىرىنىڭ غېمىنى يېدىم. قانداق بولۇپ سەپەرداشلاردىن ئايرىلىپ قالدىلا، نەلەردە يۈردىلە. جاپا تارتىپلا، ھېلىمۇ ئاللاتائالا سالامەت يۇرتىمىزغا قايتىپ كېلىشنى نېسىپ قىپتۇ. خوش، ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولاي.

— ۋاڭ خوجام، ئاللاتائالانىڭ قىسمىتى كۆپ ئىكەن، ئاجىز بەندىكەنمىز، باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىكەن. ھېلىمۇ تىرىك قالدىم.

— سۆزلىسىلە، قۇلىقىم ئۆزلىرىدە.

— بۇ يەردىن يولغا چىقىپ، ئون بەش كۈن بولغاندا قاراشەھەر تەۋەسىگە كىرىپتىمىز. شۇ كۈنى كۈن قايرىلىپ، كەچ كىرىپ قالغان بولسىمۇ، بىرەر قونالغۇ كۆرۈنمەي مېڭىۋېرىپتۇق، بىر چاغدا مېنى ئۇگدەك باسقاندەك قىلدى. قارىسام، يېنىمدىكى مەتەر[1]مۇ تۆگىنىڭ لوكىسىنى تۇتقان پېتى ئۇخلاپ قالغاندەك قىلىدۇ. تۆگىلەر بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى ئۈزۈلمەي كېتىۋاتقاندىكىن، ئۇخلاپ قالسا نېمە بوپتۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. شۇ خىيال بىلەن تاڭ مەنمۇ ئۇيقۇغا كەتكەن چېغىم، بىر چاغدا

① مەتەر ـ تۆگە باققۇچى.

گۈپ قىلىپ يەرگە يىقىلغاندىلا ئۆزۈمنىڭ يېنىمدىكى مەتەر بىلەن بىللە قولغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى بىلدىم. قارىسام، بىزنى قالماقلار تۇتۇۋاپتۇ. سوراق قىلدى. بىزنىڭ قومۇل ۋاڭ ئوردىسىدىن چىقىپ ئىلىم ـ بىلىم ئۆگىنىش مەقسىتىدە قەشقەر، يەركەنلەرگە بارىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىم. ئۇ بىزنىڭ قومۇل ۋاڭ ئوردىسىدىن چىققانلىقىمىزنى ئاڭلاپ كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك بولدى. ئۇنىڭ قاپقارا يۈزلىرى، قىمىرلاپ، چىڭشىلىشىپ كەتكەن چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئۇزۇن قارا، قويۇنلۇق چاپىنى ئۈستىدىن باغلىۋالغان قىزىل پوتىسىنى قانچە قېتىم يېشىپ قانچە قېتىم چەگدى. ئۇ ئۇيغۇرچە گەپنى سۆزدەك بىلىدىكەن.

— سەن ئەبەيدۇللانىڭ قانچىنچى ئەۋلادىنىڭ قولىدا ئىشلەيسەن، — دەپ سورىدى.

— مەن يەتتىنچى ئەۋلاد مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ قولىدا ئىشلەيمەن، — دېدىم. «ئۇ ھىم!» دەپ دەرغەزەپ بىلەن ئالايدى. يۈرىكىم جىغىلداپ كەتتى. چاڭ قونغان يۈزلىرىمنى قارا تەر باستى.

— سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلار، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ دېگۈدەك، — بىزنىڭ ئەڭ باتۇر ئەجدادىمىزنى ئۆلتۈرگەن. غالدان بىلەن بالجۇر ئۆلمىگەن بولسا بىز پۈتۈن زېمىنگە خان بولاتتۇق! ئۆچ، ئاداۋەت دېگەن مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ ئەۋلادلارنىڭ ئېسىدە ساقلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا تارىخىي بۇرچىمىز ئادا بولىدۇ. مەن سىلەرنى تىرىك قويمايمەن!

ئاھ خۇدا، تەلىيىم قارىغۇ تەقدىرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئىچىمدە «ئاللا ئىگەم ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن. سېنىڭدىن ئۆزگە كىمگە سېغىنىمەن، ئىگەم ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ تىلىدىم. ئەمما قالماق يېنىمدا تۇلتۇرغان مەتەرنى ئۆلتۈ-

رۇشكە بۇيرۇدى. قالماقنىڭ جاللاتلىرى تەق بولۇپ تۇرغان ئىكەن. مەتەرنى يېنىمدىلا بوغۇزلاپ تاشلىدى. ئۇنىڭ قانلىرى مېنىڭ بەدەنلىرىمگە چاچراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى بىلەلمەي قالدىم.

ئېسىمگە كەلسەم، چوشقا قوتىنىدا يېتىپتىمەن.

مۇھەممەت بېشىرچىنگۋاڭ بۇ گەپلەرنى گويا چۈش كۆرگەندەك ئاڭلاپ ئولتۇردى «توۋا، شۇنداقمۇ ئىشلار بولىدىكەن!» — دەپ ئويلايتتى ۋاڭ.

— ئاندىن كېيىنچۇ؟

— كېيىن مېنى پاسكىنا بىر ئۆيگە سولاپ قويدى. ھەم مېنى «بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرسەڭ، بىز ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان، بولمىسا بوغۇزلىۋېتىمىز» دېدى. زالىمنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى ئاستىدا تۇرغاندا ئادەم ھېچ نەرسىنى ئويلىيالمايدىكەن. ئاخىر «بوپتۇ» دېدىم «بۇمۇ ئاللاتائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتقان ئىش» دەپ ئۆزۈمنى بەزلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەن ياتقان ئۆينىڭ شىپىغا (تورۇسىغا) يوغان چوشقىنىڭ بىر پۇتىنى ئېسىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاماق بەرمىدى. قورساق ئاچ نەچچە كۈنلەر ياتتىم. ئاخىر ھېلىقى گۆش سېسىپ قۇرتلاپ كەتتى. قۇرت يەرگە چۈشۈپ تۇردى. قالماقلار مېنى «ئەگەر بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرگەن بولساڭ ماۋۇ قۇرتلارنى يەيسەن» دەپ تۇرۇۋالدى. «قارنى ئاچ خۇدانى تونۇماپتۇ» دېگەن گەپ راست ئىكەن. ئاخىر قورساقنىڭ ئاچلىقىغا چىدىماي ھېلىقى قۇرتلارنى يېدىم. ئارىدىن قىرىق كۈن ئۆتكەندە ئۇلار ماڭا مۇنەججىملىكنى ئۆگەتتى. مەن بارغانسېرى ياۋاشلىشىپ، ئۇلار نېمە دېسە شۇنى قىلدىم. كېيىنچە ئەركىن يۈرۈيدىغان بولۇپ قالدىم. ئاخىر خوتەنلىك بىر سودىگەردىن رەھىم ـ شەپقەت تىلەپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قېچىپ

خوتەنگە كەتتىم. خوتەنگە بېرىپ پاكىزلىنىپ، توۋا ئىستىغپار ئوقۇپ گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئاللاتائالادىن كەچۈرۈم سورىدىم. شۇ يىلى يازدا ھېلىقى سودىگەرنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرى ھەرەمگە باردۇق. ھەرەمدە ھەج - تاۋاپ قىلىپ، قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئايالىم كەشمىر يولىدا ۋاپات بولدى. ئۇ ھەرەمدىلا ئاغرىپ قالغانىدى، — زۇنۇن بەگ-نىڭ كۆزىگە ياش كەلدى. شۇڭا ئۇ بىر تىنىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇ يەردىن ئۇدۇل قۇمۇلغا قايتىپ كەل-دىم.

— يامان بوپتۇ. جاپا تارتىپلا زۇنۇن بەگ، ئاياللىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر چىراغ قىلسىلا، كېيىنچە ھاردۇقلىرى چىقىپ، كۆڭۈللىرى ئارامىغا چۈشكەندە يېنىمغا كېلىپ ھەرەمدە، يات ئەللەردە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بەرسىلە، ئوردى-دىن، سىلىگە كەم نەرسىلەر بولسا ياردەم قىلسۇن.

— ۋاڭ خوجامغا رەھمەت، — دېگىنىچە زۇنۇن بەگ پۈكۈ-لۈپ تەزىم، قىلىپ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ۋاڭ لىن زېشۈينىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغاچ خىيالغا پاتتى. تۈنۈگۈن زۇنۇنبەگنىڭ قارا شەھەر قالماقلىرى ئارىسىدا تارتقان جەبىر - جاپالىرىنى ئويلاپ قالدى. غالدان بولسا خۇنتەيجىنىڭ ئوغلى، قالماقنىڭ ھۆكۈمران باتۇرلىرى-دىن. بالجۇر بولسا ئۇنىڭ ئوغلى، بۇلار ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ باسمىچىلىق ئۇرۇشلىرىنى كۆپ قىلغان. نۇرغۇن جاي-لارنى بېسىۋېلىپ خەلقنى خانىۋەيران قىلغان. خەلق ئۆز زېمى-نىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن باسمىچىلارغا قارشى قانلىق جەڭلەرنى قىلغان. بۇ ۋەقەلەرگە ئىككى يۈز يىل بولغان، بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلار يەنە ئۈچ ئالىمىز دەپ يۈرسە، بۇ قانداق گەپ بولغىنى؟ ئۆچمەنلىك دېگەن ئاتىسىدىن بالىسىغا، ئەجدادىدىن ئەۋلادىغا

مىراس قالىدىغان ئىشمۇ؟ — مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ تارىخ-
نى ئەسلىدى: مۇھەممەت شاھ غازىبەگ جۇڭغار قالماقلىرى
بىلەن نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىر بىر قولىدىن
ئايرىلدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئورنىغا ئەبەيدۇللا
بەگ ئولتۇردى. ئەبەيدۇللا بەگنىڭ دەۋرىدىمۇ جۇڭغار قال-
ماقلىرىنىڭ زۇلۇمى توگىمىدى، ھەدېسىلا قوشۇنلىرى ھۇ-
جۇم قىلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. يۇرتنى قالايمىقان، خەلقنى
پاراكەندە قىلىپ زادىلا ئارام بەرمىدى.

خۇنتەيجىنىڭ لەشكىرى،
سالدى خەققە سورۇقلۇق.
سارسىلىشتى[1] خالايىق،
ئۆي - ماكانى تورۇقلۇق.

يىمەك - ئىچمەك قالماستىن،
قاپلاپ كەتتى قورۇقلۇق.
ھالىدىن كەتتى خالايىق،
تېپىلماستىن ئوزۇقلۇق.

دېگەندەك قوشاقلارنى شۇ چاغلاردا تارقالغان.

ئەبەيدۇللا بەگ شۇ يىللاردا تۇغۇچى بوگورنىڭ «قۇمۇل
كېچىكى» دەپ ئاتالغان جايىدا ئاتلىق جەڭ قىلغان. بۇ چاغدا
بالجۇر ئەبەيدللا بەگ بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشىشنى ئوتتۇرىغا
قويغان. ئەبەيدۇللا بەگ كۆرۈنۈشتە «ھە» دېگ-
ەن بولۇپ يەكمۇ - يەك ئېلىشىشتىن بىر كۈن بۇرۇن

[1] سارسىلىش - سەرسان بولۇش.

قاچقان قىياپەتكە كىرىپ، توغۇچىغا بېرىپ بوگور كۆۋرۈكىنىڭ ئەتراپىدا مۆكۈنۈپ ياتقان، بالجۇر «ئەبەيدۇللانىڭ ئادەملىرى قېچىپتۇ» دەپ ئارقىدىن قوغلىغان. ئۇلاردەل بوگور كۆۋرۈكىگە كەلگەندە پالۋانلار ئوقيالىرىدىن ئوق ئۈزۈپ بالجۇرنى تىرىك تۇتقان. ئۇنىڭ ئادەملىرىنى تامامەن هالاك قىلغان. ئەبەيدۇللا بەگ بالجۇرنى شۇ تۇتقىنىچە خانغا ئاپىرىپ بەرگەن.

ئوغلىنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىغان غالدان زەهەر ئىچىپ ئۆلىۋالغان. مانا بۇ ۋەقە قۇمۇل تارىخىدا داڭلىق ۋەقە بولۇپ «بوگور كېچىكىدىكى جەڭ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنى هازىرغىچە هېچكىم ئۇنتۇپ قالغىنى يوق، بالجۇرنى كۆرگەن خان ئەبەيدۇللا بەگدىن رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا دارخان بەگلىك مەنسىپىنى بېرىپ، ئۇنىڭغا قۇمۇلنىڭ يەرلىرىنى مىراس، خەلقىنى قۇل قىلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەبەيدۇللا بەگ ـ ئەبەيدۇللادارخان بەگ دەپ ئاتىلىدۇ.

ۋاڭ شۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرۇۋىدى. لىن زېشۇينىڭ كىرگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى. ۋاڭ دەرهال تەختتىن چۈشۈپ لىن زېشۇينىڭ ئالدىغا چىقتى، لىن زېشۇي ئىككى قولىنى جۈپلەپ، بېشىنى ئەگكىنىچە ۋاڭغا هۆرمەت بىلدۈردى. ۋاڭ لىن زېشۇينى ئالدىن تەييارلاپ قويغان زىياپەت سارىيىغا تەكلىپ قىلدى. بۇ يەرگە ئوردىنىڭ بەگلىرىدىن چوڭ تەيجى بېگىم، كىچىك تەيجى بېگىم، شاسىلىمبەگ، سىدىق تۆگچى قاتارلىقلار بىللە كىردى. لىن زېشۇي قۇمۇلدا ئولتۇرۇشلۇق خان ئامبىلى ۋە بىر نەچچە نۆكەرلىرى بىلەن بىللە كىرگەنىدى.

خان ئامبىلىنىڭ زەرداب سۇدا سۇغۇرۇلغاندەك سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرى زادىلا يۇمۇلمىدى. ئۇ بىردەم ۋاڭغا، بىردەم لىن زېشۇيگە خۇشامەت قىلاتتى. ۋاڭ خەنزۇچىنى بىلسىمۇ تىلماچ ئىشلەتتى:

— لىن زېشۈي جانابلىرىنىڭ ئوردىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىدىن مەمنۇنمەن، — دېدى ۋاڭ.

لىن زېشۈي ئالدىراپ ئەسكەرتتى:

— ئەرزىمەيدۇ، بۇ قېتىم ئىلىغا ماڭغىنچە جانابلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆتەي دېدىم، جانابلىرى بىلەن كۆرۈشمىدىغان يەنە بىر ئاز ئىشلارمۇ چىقىپ قالغانىدى.

— ئاۋارە بوپتىلا، جانابلىرى دېگەن خان ئالىيلىرىنىڭ يېنىدا چىنچەي داچېن[①] بولۇپ، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشىلاردا، جىياڭسۇ، خۇنەنلەردە باش ۋالىيلىق مەرتىۋىسى بىلەن خىزمەت تۇتۇپ، ئەلگە، خەلققە تۆھپە ياراتقان بىر قەھرىمان. ئەپيۇننى چەكلەش بىر قىسىم ئەپيۇن خۇمارلارغا ياقمىغىنى بىلەن خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان زور ئىش. بىز جانابلىرىنى ھۆرمەت قىلىمىز. قېنى، يولىيورۇقلىرىنى ئاڭلايلى.

— جانابلىرىغا رەھمەت، — دېدى لىن زېشۈي، — ئۇ ئۆزىگە مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ بەرگەن باھاسىدىن مەمنۇن بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ھازىرغىچە مۇنداق سۆزلەرنى ھېچكىم قىلمىغانىدى. ئارىدا بىر ئاز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. لىن زېشۈي گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي ئويلىنىپ قالدى. چۈنكى مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ خۇشال، سەممىي تۇرقى ئۇنى سەل گاڭگىرىتىپ قويغانىدى.

— مەن بۇ گەپلەرنى دېمىسەممۇ بولاتتى. ئەسلىدە بۇ خاننىڭ ئىشى. لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر ماڭا يول توراپ ئەرز قىلغانلىقتىن ئارىنى ئېچىۋېتەي، ھەم ۋاڭ جانابلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي دەپ قالدىم، — دېدى لىن زېشۈي تەمكىن ھالدا، — جانابلىرى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا.

---

① چىنچەي داچېن — خان مۇپەتتىشى.

— يوغىسۇ، مېنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىم بار. ئاتا - بوۋامنىڭ زامانىدىن تارتىپ، ئۇلۇغ خانلىقتىن قۇمۇلنىڭ يەر-لىرىنى ۋاڭلىققا مىراس، خەلقىنى دارخان (قۇل) دەپ بەلگى-لەپ بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن بېرى ھېچ ۋەقە بولمىغان. يېقىن-دىن بېرى ئاز - تولا گەپلەرمۇ قۇلىقىمغا كىرگەن. لېكىن بۇگۈنكى كۈندە جانابلىرىنى پاراكەندە قىلغۇدەك نېمە ئىش بول-غاندۇ؟

— بۇنى ئاددىي ئىش ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. جانابلىرى ئويلاپ كۆرسىلە، خانلىق دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى، ئەمىرلەرنىڭ باشپاناھى، ئۇ ئاۋام خەلقنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن مەۋجۇت تۇرى-دۇ. يەنە ئۇ يۇقىرىقى مەقسەتلەر ئۈچۈن جاي - جايلاردا لەشكەر تۇرغۇزىدۇ. لەشكەرلەرگە بارغان جايلىرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۇ-رۇشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇلار بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇپ ئۆز يېمىكىنى ئۆزى تېپىپ يېسە بۇ ياخشى ئىش ئەمەسمۇ، ھەرقايسى يەرلىك ئەمىرلەرگىمۇ پايدىسى كۆپ. ئاڭلىسام، لەشكەرلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇشىگە توسالغۇ بولىدىغان ئىشلار بارىكەن. بۇنى جا-نابلىرى ئۆز يولىغا سېلىپ قويسىلا.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ كۈلۈپ كەت-تى:

— ئاۋارە بوپتىلا، ئەسلىدە جانابلىرىغا ئەرز قىلغۇچىلار ئىشنى خاتا مەلۇم قىپتۇ. تالناچىندىكى بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ تېرىۋاتقان يەرلىرىنى لەشكەرلەر زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغاچ-لىقتىن خەلق بۇنىڭغا قارشى چىققان. مەن بۇنى ئاڭلاپ، لەش-كەرلەر بىنام يەرلەرنى ئاچسۇن، خەلقنىڭ تېرىۋاتقان يەرلىرىگە تەگمىسۇن، دېگەنىدىم. ئويلاپ باقسىلا، خەلقنىڭ يەرلىرىنى خان لەشكەرلىرى ئىگىلىۋالسا خانلىقىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈ-شەمدۇ يوق. جانابلىرى خاتىرجەم بولسىلا، خان لەشكەرلىرى قۇمۇلنىڭ كەڭ زېمىنىدا ئۆزىگە كېرەكلىك ھالدا بوز يەر ئۆز-

لەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلسا بولىۋېرىدۇ. لېكىن شەرت، خەلقنىڭ يېرىگە تەگمەسلىكى، سۈيىنى قىسىۋالماسلىقى لازىم، — مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ بۇ گەپلەرنى دانىمۇ دانە قىلىپ ئېنىق سۆزلىدى. سىدىق تۇڭچى راۋۇرۇس تەرجىمە قىلىپ بەردى.

لىن زېشۈي مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ سۆزلىرىدىن ھەم بۇگۈنكى زىياپەتتىن رازى بولۇپ ياندى.

لىن زېشۈي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن نەمتۇللا تەيجى ۋاڭغا مۇنداق بىر ئىشنى مەلۇم قىلدى.

— ۋاڭ خوجام جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي. ئىككى ئاي بۇرۇن سادىر ئاتلىق بىر كىشىنى ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى قۇمۇلغا پالىغانىدى. يادىلىرىدا بولۇشى مۇمكىن. بىز ئۇ كىشىنى ھېلىقى تاراتىغا سېلىق يىغقىلى بارغاندا چىڭ ئەمەلدارىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان گاڭگۇڭ باقى ياتقان گۈندىخانىغا پۇتىغا دۆڭگە، بوينىغا قۇۋۇق كىيگۈزۈپ سولاپ قويغانىدۇق. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا ئىككىسى پۇتىدىكى دۆڭگىنى، بوينىدىكى قۇۋۇقنى چېقىپ تاشلاپ تامنى تېشىپ قېچىپ كېتىپتۇ. تەكشۈرۈپ كۆرسەك، گۈندىخانىدىن كالىنىڭ قوۋۇرغىسى ۋە بىر دانە بولقا تېپىلدى. قارىغاندا سىرتتىن ئۇلارغا گۆش، بولقا ئەكىرىپ بەرگەن گەپ. گۈندىپاينى سوراق قىلساق «بىلمىدىم» دەپ تۇرىۋالدى. ھەرقانچە ئىز - دېرىكىنى قىلىپمۇ ئۇلارنى تاپالمىدۇق.

— سادىر نېمە قىپتىكەن، ئېسىمدە يوقتۇ؟

— خوش، ۋاڭ خوجام، ئامبال، دارىنلارغا قارشى چىققان گەپ.

— ئىككىسى تازا بىرلىشىپتۇ - دە ئۇلار، ئۇلارنى ئەمدى ئىزدەپ نېمە قىلىلا، تاپقىلى بولمايدۇ. ئۆزىنى تۇتقۇزۇپ قويىدىغان ئادەم گۈندىخانىدىن قاچالامدۇ. بولدى، ئاۋارە بولمىسىلا.

## ئون يەتتىنچى باب

نەجمىددىن باي بىلەن پەخرىددىن باينىڭ كىچىك ئوغۇللىرى ئاغىنە ئىدى. پەخرىددىن باينىڭ ئوغلى يۈسۈپ ناھايىتى ئىشچان، ئاق كۆڭۈل ئادەم بولدى. نەجمىددىن باينىڭ كىچىك ئوغلى بولسا ئاكىلىرىغا ئوخشاش ھورۇن، ئۆزەمچىل ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى شامەت بولۇپ، بۇلار كىچىك چاغلىرىدا بىللە مال باقاتتى. چوڭ بولغاندىمۇ ئېتىزلىرى يېقىن بولغاچقا بىللە ئەمگەك قىلاتتى. ئۇلار بۈگۈن قوناق تېرىغان يەرلىرىنى سۇغۇرۇۋېتىپ، كەڭ ئېتىزلارنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدە ئۇستىگە بىر نەرسە ئارتىلغان بىر تۆگىنىڭ ئوتلاپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالدى. باشتا ئۇلار تۆگىنىڭ ئىگىسى باردۇر دەپ ئويلاشقانىدى. لېكىن كەچكىچە ئىگىسى كۆرۈنمىدى. بۈگۈن ئۇلار يېرىم كېچىگىچە يەرسۇغىراتتى. ئاخىر ئۇلار تۆگىنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىۋىدى، راستتىنلا تۆگىنىڭ ئىگىسى يوق بولۇپ چىقتى. تۆگىنىڭ ئۇستىگە ئىككى دانە ياغاچ ساندۇق ئارتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ناھايىتىمۇ ئېغىر نەرسە باردەك قىلاتتى. ئىككى باينىڭ ئوغۇللىرى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ بىردەم تۇرۇۋۇپ قېلىشتى. كۆڭۈللىرىدە بۇ تۆگىگە ئارتىلغان نەرسىنىڭ بايلىق ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىپ بولۇشقانىدى. شۇڭا نەجمىددىن باينىڭ ئوغلى شامەت پەخرىددىن باينىڭ ئوغلى يۈسۈپكە قاراپ:

— ئەگەر بۇ تۆگىگە ئارتىلغان بايلىق بولسا تەڭ بۆلۈشىمىز، ھېچكىمگە زۇۋان سۈرمەيمىز، — دېدى.

— ھەي ئۇنداق قىلساق بولماس، خەقنىڭ ھەققىنى يېلىش ھارام. بۇنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ تاپشۇرۇپ بېرەيلى، ياكى ئوردىغا مەلۇم قىلايلى، — دېدى يۈسۈپ.

— ياق، ئەخمەق، بۇ بىزگە خۇدانىڭ بەرگەن رىسقى، تېپىپ ئالغان، تېپىپ ئالغاننىڭ بولمامدۇ.

— ئەگەر بۇ ھەقىقەتەن ئالتۇن - يامبۇ بولسا بۇ پۇقرانىڭ ئەمەس. بەلكى بۇ ۋاڭنىڭ بايلىقى بولىدۇ. بىز ۋاڭنىڭ بايلىقىغا خىيانەت قىلساق بولمايدۇ. بىزنىڭ ۋاڭىمىز ئادىل، خەلققە زىيان سالمايدۇ. شۇڭا بىزمۇ ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلماسلىقىمىز كېرەك.

— بوپتۇ، — دېدى شامەت، — ئاۋۋال ساندۇقلارنى چۈشۈرۈپ، ئېچىپ كۆرەيلى، قاراڭغۇ چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ. يە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى باشقا نەرسىمۇ كۆرۈپ بېقىپ ئاندىن بىر نەرسە دەيلى.

ئۇلار ياغاچ ساندۇقلارنى چۈشۈرۈپ كۆردى. ياغاچ ساندۇقلارنىڭ ئېغىزلىرى چىڭ مىخلانغان بولۇپ، ناھايىتىمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇلار تېزلىكتە ساندۇقلارنىڭ ئېغىزلىرىنى ئېچىپ كۆرۈشتى. راست دېگەندەك بىر ساندۇقتا لىقمۇلىق يامبۇ، يەنە بىر ساندۇقتا لىقمۇلىق كۈمۈش پۇل قاچىلانغانىدى. ئۇلار ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— بۇنى ئوردىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى، مۇنچىۋالا دۇنيانى بېسىقتۇرۇپ كېتەلمەيمىز، — دېدى يۈسۈپ.

— ئەخمەق، — دېدى شامەت، — ھازىر بۇنى مۇشۇ يەرگە كۆمۈپ قويۇپ ئەتە بىر نەرسە دېيىشەيلى، — دېدى كۆڭلىگە بىر نەرسىنى پۈكۈپ. يۈسۈپمۇ ئەتە ئەتىگەن ئوردىغا

مەلۇم قىلىشنى ئويلاپ ماقۇل بولدى.

ئۇلار يەرنى تىرەن كولاپ ئىككى ساندۇقنى ناھايىتى تەس-لىكتە كۆمۈپ قويۇشتى. تۈن نىسپى بولغاندا ئۇلار، قوناقلىرى-نى سوغۇرۇپ بولۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئەمما كىچىچە ئىك-كىسىنىڭلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. نەجمىدىن باينىڭ ئوغلى شامەت بۇ ئىشنى ئۆزى بىلەن تام قوشنا، چوڭ ئاكىسىغا ئېيتتى. ئاكىسى قىن - قىنىغا پاتماي خوش بولۇپ كەتتى.

— «ئامەت كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەن شۇ. بۇ خۇدا-يىمنىڭ ساڭا بەرگەن ئامىتى. ماڭ، ھازىرلا چىقىپ كۆمۈشلەر-نى بېسىقتۇرۇۋېتەيلى، ئاۋۇ ئەخمەققە ھېچ نەرسە قويمايلى، سۈرۈشتۈرۈپ قالسا كۆرمىدۇقلا دېسەك توگىمەمدۇ؟ — دېدى ۋە ئات ھارۋىسىنى قوشۇپ لەڭگەرگە قاراپ يول ئالدى.

پەخرىدىن باينىڭ ئوغلى يۇسۇپ بۇ ئەھۋالنى ئايالىغا ئېيت-تى. ئايالى:

— بۇنى ئوردىغا مەلۇم قىلايلى، — دېدى كەسكىن ھالدا.

— بۇ كېچىدە كىمنى تاپىمىز، نەگە بارىمىز.

— ئۇنداق بولسا مەھەللىمىزدىكى سوۋۇربەگكە مەلۇم قىلايلى. ئۇ كىشى ۋاڭ بىلەن توغقان بولغاندىكىن، ئەتىلا ۋاڭغا مەلۇم قىلار.

— ياق، بولمايدۇ، سوۋۇر بەگنى ۋاڭ بېيجىڭدىن قايتىپ چىقىپلا ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇدەك. شامەتنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا نەچچە يىل بۇرۇن سوۋۇر بەگ شامەتنىڭ چوڭ ئاكىسى ئەشرەپ بىلەن تالىناچىنىغا بېرىپ پۈتۈن خەلقنى، لەشكەرلەرنى قوترىتىپ ۋاڭغا بالا تېرىغانىكەن.

— ئەمىسە، قانداق قىلىمىز.

— ئەتە بېرىگەپ بولار.

ئۇلار گەمدىلا كۆز يۇمۇۋىدى، دەرۋازا قاتتىق قېقىلدى:

— ئىشىكنى ئاچ! — بۇلار نەجمىدىن باينىڭ ئوغلى شامەت ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى ئىدى.

— نېمە بولدى يېرىم كېچىدە، — يۇسۇپ ئىشىكنى ئاچتى.

— سەنزە بارلىق كومۇشنى ئەپ بوپسەندە، تەڭ بۆلۈشمىز دېگىنىمىز قېنى. هازىر كومۇشلەرنى چىقارمىساڭ، بۈگۈن كېچە قولىمىزدا ئۆلىسەن! ئۇلارنىڭ قولىدا پالتا، توقماق بار ئىدى.

يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئايالى غەزەپتىن تىترەپ كەتتى.

— سەن نېمە دېمەكچى بولىسەن، ئۆزۈڭ ئېلىپ بولۇپ، ئىزىنى يوقىتىشقا شۇنداق قىلىۋاتامسەن. خۇدا ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئالمىدىم.

— ئەمىسە كىم ئالدى؟ بىز ئاكام بىلەن چىقىپ قاراپ باقساق كومۇشلەر قويغان يەردە يوق تۇرىدىغۇ، بۇ قانداق گەپ ئەمىسە؟

يۇسۇپنىڭ كۆڭلىگە شامەتنىڭ هېلىقى قىمارۋاز ئاكىسى كەلدى. شۇ چاغدا ئۇ ئېشەك مىنىپ نېرىقى چوڭ يولنى بويلاپ كېتىۋاتقانىدى. بۇنى شامەتمۇ غىل - پال كۆرۈپ قالغانىدى، ئەمما ئۇلار ئىككىسىلا «هەي ئۇ بىزگە سەپسالمىدى» دەپ ئويلاشقانىدى.

شامەت ۋە ئۇنىڭ كىچىك ئاكىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۈكلا بولۇپ قالدى. قىمارۋاز دېگەن يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىكى، يەتتە قات يەرنىڭ تەكتىدىكى پول - بايلىقنىڭ كويىدا بولىدۇ. ئۇزە، بۇلار نېمىنى كۆمۈۋاتىدىغاندۇ - دەپ ئويلىمىغانمىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەپەر تۈگىسى مانا مەن دەپ شۇ يەردىلا ئوتلاپ يۈرسە...

راست دېگەندەك ئۇلارنىڭ ساندۇقلارنى يەرگە كۆمۈۋاتقىنىنى قىمارۋاز ئەشرەپ كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ ھەتتا ئۆزۈن يول يۈرۈپ چارچاپ كەتكەن تۆگىنىڭ بىردەم ئوتلاپ، پۇتلىرىنى سوزۇپ ئارام ئېلىشقا ياتقانلىقىنى كۆردى. «بۇ چوقۇم بىر سودىگەرنىڭ مال ئارتقان تۆگىسى، بۇ تۆگە سەپتىن ئايرىلىپ، ئادىشىپ قالغانلىقتىن بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئاۋۇ ئىككىسى يەرگە بىر نەرسىنى كۆمۈپ قويدى. ئۇ چوقۇم بىر بايلىق» دېگەن خىيالنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن قىمارۋاز ئۆزىنى يوشۇرۇپ ئۇلار كەتكۈچە ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇردى. ئاندىن ئالدىراپ كېلىپ يېڭىلا كۆمۈلگەن يۇمشاق توپىنى تاپتى ـ دە، قولى بىلەن كولاشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ تىرناقلىرى قاتتىق نەرسىگە تەگكەندە «ساندۇق، ساندۇقكەن» دەپ ۋارقىرىۋېتىشكەتاس قالدى.

تۇن نىسپىدىن ئۆتكەن چاغ، ئەتراپتا مۆگدەپ ياتقان تۆگىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. «ئاللاتائالا رىسقىنى بەرسە ھەممە نەرسىنى تەل قىلىپ بېرىدىكەن» دېدى ئۇ تۆگىنى چۆكتۈرۈۋېتىپ، ئۇ ئەمدى يامبۇ ـ كۈمۈشلەرنى تۆگىگە بۇرۇنقىدەك ئارتىپ ئۆيىگە ئەپ ماڭدى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئەشرەپ يېنىغا يوغان بىر پىچاقنى ئېسىۋېلىپ ھۆركىرەپ يۈرەتتى. يۈسۈپ بۇ ئەھۋالدىن قورقۇپ قالدى. ئەشرەپ گويا يۈسۈپنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەك ھەيۋە قىلاتتى.

شۇڭا يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ئايالى بۇ ئەھۋالنى ھېچكىمگە تىنمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ يۈسۈپكە تۆھمەت قىلىپ ئوردىغا تۇتۇپ بېرىشىدىن ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن قورقاتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا كوچا، كوچىلارغا ۋالىنىڭ پەرمانى چاپلاندى. مەھەللىمۇ مەھەللە ئوقتۇرۇش قىلىندى. بۇ ئۇقتۇ-

روشتا خاننىڭ ئىلىدىكى لەشكەرلىرىگە ئەۋەتكەن تەمىنات پۇلىدىن ئىككى مىڭ سەر كۈمۈش ئارتىلغان تۆگە لەڭگەرگە كەلگەندە يوقاپ كەتكەنلىكى، كۆرگۈچىلەر ياكى تېپىپ ئالغۇچىلار بولسا ئوردىغا مەلۇم قىلىشى لازىملىقى ئېيتىلغانىدى.

يۈسۈپ ئەھۋالنى ئەمدى ئېيتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئوردىغا قاراپ يول ئالدى.

* *

قولى كەينىگە قىلىنىپ، چەمبەرچاس باغلانغان پەخرىدىن باينىڭ ئوغلى يۈسۈپ سۇۋۇر بەگ ۋە ئەشرەپنىڭ يالىڭشى بىلەن ئوردىغا ئېلىپ كېلىندى.

— مانا بۇ، — دېدى سۇۋۇر بەگ، — خاننىڭ ئىلىدىكى لەشكەرلىرىگە چىقارغان تەمىنات پۇلىنى تېپىۋالغان، ئوردىغا مەلۇم قىلماي يېرىم كېچىدە ئۆزى ئوغرىلاپ كەتكەن ئوغرى شۇ، بۇ پەخرىدىن باينىڭ كىچىك ئوغلى يۈسۈپ.

يۈسۈپ قاتمۇقات باغلانغان ئارغامچىدىن يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن:

— يالغان دەۋاتىدۇ، بېگىم، يالغان دەۋاتىدۇ، — دېدى، ئۇنىڭ يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ، يوغان كۆزلىرى تېشىغا پۇلتىيىپ چىقاي دەپ قالغانىدى.

— سەن توختاپ تۇر، مەن ئاۋۋال سۇۋۇر بېگىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاي. قېنى بېگىم، ئولتۇرۇپ سۆزلىسىلە، — دېدى مىرغەزەپ سۇۋۇر بەگكە ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ، سۇۋۇر بەگ كەككە ساقىلىنى تىترىتىپ سۆزلەپ كەتتى.

— مەنغۇ ئەسلىدە ئوردا ئۈچۈن كۆيۈنمىسەم بولاتتى. ئەسلىدە شامەت بېشىرنى خاپا قىلىپ قويۇپ پۇشايمان قىلدىم.

بىلەن ئىككىسى ئىككى ساندۇق كومۇشنى تېپىشۇپ، ئەتىسى بۆلۈشۈشنى كېلىشىپ شۇ يەرگىلا كۆمۈپ قويغانىكەن. ئەتىسى شامەتلەر چىقىپ قارىسا يوق تۇرغۇدەك. بۇنى ئۆزى ئەپ-كەتمىسە كىم ئالىدۇ.

— شامەت دېگەن كىم؟

يۈزلىرى قوشۇقتەك، كۆزلىرى قىزىل ئەشرەپ جاۋاب بەردى.

— مېنىڭ ئۇكام.

— بۇ گەپنى ساڭا ئۇكاڭ دېگەنمۇ؟

— شۇنداق، ئىككىمىز چىقىپ قارىساق، كومۇشلەر يوق تۇرىدۇ. ئاندىن مەن سوۋۇر بەگكە دېدىم. سوۋۇر بەگ بىلەن ئىككىمىز بۇنى تۇتۇپ كەلدۇق، — ئۇ ئاغزىدىكى ناسنى يەرگە تۈكۈرۈپ كالپۇكلىرىنى يالاپ، — ئەمدى بىزگە قانچىلىك سۆيۈنچە بېرىدىلا، — دېدى.

مىرغەزەپ يۈسۈپتىن سورىدى:

— سوۋۇر بەگ بىلەن مۇنۇنىڭ دېگەنلىرى راستمۇ؟

— يالغان، — دېدى يۈسۈپ، — مەن بۇ ئىشنى ئوردىغا مەلۇم قىلغىلى كېلىۋاتسام، بۇلار مېنى ماراپ تۇرغان ئىكەن، ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قوللىرىمنى باغلاپ، بۇ يەرگە سۆ-رەپ كەلدى. ئەسلىدە ۋەقە مۇنداق دەپ بارلىق ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى ئۇ.

مىر غەزەپ يايىلارغا قاراپ «بۇنىڭ قولىنى بوشىتىۋېتىڭ-لار» دېدى ھەم قوشۇپ قويدى، — ئىشنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ باغلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، — مىر غەزەپنىڭ قاپاقلىرى سىلى-نىپ، ئۆتكۈر كۆزلىرى سوۋۇر بەگكە قادالدى.

— بەگ ئاكا، جانابلىرى قايتىپ كەتسىلە، بۇ ئىشلارنى بىز بىر تەرەپ قىلايلى، ھازىر خانلىقنىڭ يۈتكەن يامبۇسى

تىپىلدى، لېكىن كىمنىڭ خامىنىدا چەشلىنىپ تۇرغانلىقى بىز-
گە مەلۇم ئەمەس. ھازىرچە بۇنى بىر ئاللادىن باشقا ھېچكىم
بىلمەيدۇ.

سۇۋۇر بەگ چىقىپ كەتتى. ئىككى يايى شامەتنى ئېلىپ
كېلىشكە كېتىپ، بىردەمدىلا قايتىپ كەلدى. شامەتنىڭ پېشا-
نىسىدىن تەر قويۇلۇپ تۇراتتى.

— ساندۇقتىكى كۆمۈشلەرنى نەگە يوشۇردۇڭ، — دەپ
ھەيۋە بىلەن سوراق قىلدى مىرغەزەپ بېشىنى سېلىپ تۇرغان
شامەتكە قاراپ.

شامەت ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ دۇدۇقلاپ كەتتى:

— كۆمگەن يەردىن يۈسۈپ ئېلىپ كېتىپتۇ. بولمىسا بىز
ئەتە ئۇردىغا مەلۇم قىلايلى دېيىشكەن.

— قاغا، قاغىنىڭ كۆزىنى چوقىمدۇ، مىرغەزەپ بېگىم،
بۇ ئىككى ساندۇق كۈمۈش مۇشۇ بىر جەمەت كىشىلەرنىڭ بوسۇ-
غىسىنى ئېگىز لىتىپلا قالماي، سۇۋۇر بەگنىڭمۇ ئۆلىنى چىڭىتە-
تى. بولمىسا ئۇ بېگىمنىڭ بۇلار بىلەن نېمە كارى.

— ماۋۇ بىزنىڭ جەمەتىمىزنى ھاقارەت قىلىۋاتىدا، ۋۇ
ئوغرى، ھېلى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم سېنى، - دېدى ئەشرەپ كالپۇ-
كىغا ناس تاشلاپ. ئۇ ھەدەپ يۈسۈپكە ئېسىلماقچى بولاتتى،
يايىلار تۇتۇۋالمىغان بولسا، يۈسۈپنى ئۇرۇپ، چەيلىۋېتىشى
مۇمكىن ئىدى. خۇددى «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك»
دېگەندەك ئۇلار بۇ ئىشقا جان - جەھلى بىلەن قارشى چىقاتتى.
گەرچە مىرغەزەپ يۈسۈپنىڭ دېگەنلىرىگە قايىل بولسىمۇ «دە-
ۋاگەر مۇتتەھەم بولسا قازى ياۋاش بولۇر» دېگەندەك بىر ئىش
بولۇۋاتاتتى. مىرغەزەپ ئاخىر ئۇلارنى سولاپ قويۇشقا
بۇيرۇدى - دە، بۇ ئىشنى ۋاڭغا مەلۇم قىلغىلى ماڭدى.
مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ بولغان ئىشلارنى بىر - بىرلەپ

ئاڭلاپ ئەرۋاھى ئۆرلىدى:

— سوۋۇر بەگ نېمە ئۈچۈن ئەشرەپ بىلەن بىرلىشىپ يۈسۈپنى تۇتۇپ كېلىدۇ. بۇ يەردە بىر چېتىشلىق بارمۇ - يوق؟

— ئاڭلىساق، تالناچىيەندىكى ھېلىقى بولمىغۇر ئىشتا، (لىن زېشۇيگە كىشىلەرنىڭ ئەرز تۇتۇشىنى دېمەكچى) ماۋۇ قىمارۋاز ئەشرەپمۇ بارمىش. ئۇ شۇ چاغدا سوۋۇر بەگ بىلەن بىرلىشىپ، خەقنى قۇتراتقان گەپ.

— شۇنداقمۇ؟ بۇ ئىشنى ياخشىراق تەھقىقلەپ كۆرەيلى.

سىز ماڭا ماۋۇ «ئوغرى» دېيىلىۋاتقان ئىككى جەمەت كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن، بالا - چاقىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ئازراق خەۋەردار قىلىڭ.

— ئۆتكەندە جانابلىرىغا شاسېلىمبەگ بۇ ئىككى جەمەت كىشىلەرنى ئوبدان تونۇشتۇرۇپتۇ خوجام.

— ھە، شۇنداق، — دېدى ۋاڭ دەرھال يادىغا ئېلىپ. ۋاڭ ياخشى - يامان ئىشلارنى تەھقىقلىماقچى بولسا ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ جەددى - جەمەتىنى، نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى سورايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاتا - ئانىسى ياخشى بولسا، بالا - چاقىسىمۇ ياخشى بولىدۇ، — دەيدىغان بىر ئۇقۇم مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا بۇگۈن يەنە بۇنى سورۇشتۇردى. مىر غەزەپ بۇ يەردە ئاساسلىقى ئەشرەپنى، ئۇنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ۋاڭ بېشىنى لىڭشىتىپ مۇنداق دېدى:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ پۇلنى ئالغانلار نەجمىدىن باينىڭ بالىلىرى، لېكىن ئۇلار ئىقرار قىلمىغۇچە، ئۇلارنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. بۇلارنى قازى ئاخۇنۇم بىلەن بىرلىكتە سوراق قىلىڭ، قازى ئاخونوم بىر كارامىتىنى كۆرسىتىپ باقسۇن.

— خوش ۋاڭ خوجام، — دېدى مىر غەزەپ ئورنىدىن

قوزغولۇپ.

— ئەگەر، — دېدى ۋالى، — ئوغرى ئېنىقلانسا، ئوغ-رىنى يامۇلغا تاپشۇرۇپ بېرىڭ.

— خوش، بولىدۇ، ۋالى خوجام، — مىر غەزەپ چىقىپ كەتتى.

مىر غەزەپ تەختلىك سارايدىن چىقىپ ئۇدۇل قازىخانىغا باردى.

قازى ئاخۇنۇم دانىشمەن كىشى بولغاچقا نۇرغۇنلىغان يې-شىلمىگەن، ھەل بولمىغان مەسىلىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كىرسىلا ھەل بولاتتى. ئۇ مىر غەزەپنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە ئوغرىنى ئىقرار قىلدۇرۇشنىڭ ياخشى بىر چارىسىنى ئويلاپ چىقتى -دە، ئۇلارنى ئالدىغا كەلتۈرۈشنى ئېيتتى. جاۋابكارلار دەرھال كەلتۈرۈلدى.

قازى ئاخۇنۇم سۇرلۇك قىياپەتتە ئۇلارغا نەزەر كۆزىنى تىكىپ:

— ئۇلۇغ ئاللا بەندىلىرىنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇي-دۇ. ئوغرىلىق قىلىش — بۇ مۆمىن، كامىل بەندىلەرنىڭ ئىشى ئەمەس. ئىشىنىمەنكى، ھەممىڭلار ئوغرى ئەمەس. لې-كىن ئاللاتائالا ئوغرىلارنىڭ كىملىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى پاش قىلىپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىتاب-تا ئوغرىلارنى تېپىش ھەققىدە شۇنداق بىر ھېكمەت بار، — دېدى قازى ئاخۇنۇم ئالدىدىكى يوغان چەم تاشلىق كىتابنىڭ ۋاراقلىرىنى ئۇ ياقتىن بۇياققا ئېچىپ تۇرۇپ، — مانا كىتابتا مۇنداق دەپتۇ: «ئوغرى ئۆز قىلمىشىنى ئىقرار قىلمىسا، ئۇ-نىڭغا ئىككى تال تەپمۇتەك كېسىلگەن ياغاچ بەر، قوينىغا تىق-سۇن، ئاندىن ئاللانىڭ ئىجاۋىتىنى كۈت. ئەگەر ئىككى تال ياغاچتىن بىرى ئۆزىراپ قالسا ئۇ ئوغرى ئەمەس. ئەگەر ئىككى

تال ياغاچ ئوخشاشلا تۇرسا ئوغرىنىڭ ئۆزى شۇ، بۇمۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئايرىلۇر» . ئەمدىكى چارە شۇنداق. سىلەر ئۇچىڭلارلا ئوغرى دەپ ئەيىبلەندىڭلار. لېكىن سىلەر بۇنىڭغا ئىقرار ئەمەس. بۇنى ئەمدى بىز ئاللا بۇيرىغان چارىگە سېلىپ كۆرەيلى، مانا مەن سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلەرگە ئىككى تالدىن ئالتە تال ياغاچ بېرىمەن. ھەممىسى ئوخشاش كېسىلگەن. سىلەر بۇنى قوينۇڭلارغا تىقىپ سىرتتا تۇرۇپ تۇرىسىلەر. مەن بولسام ئاللاتائالادىن ئوغرىنى ئايرىپ بېرىشنى تىلەپ ئايەت ئوقۇيمەن. ئاندىن كېيىن بىر بىرلەپ كىرىپ، قوينۇڭلادىكى ياغاچلارنى ماڭا بېرىسىلەر.

ئۇچەيلەن بۇ گەپلەرنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى. قازى ئا-خۇنۇم دېگىنىدەك قىلدى. ئۇلار ياغاچلارنى قوينىلىرىغا سېلىپ سىرتقا چىقىشتى. بىر ئازدىن كېيىن يۇسۇپ دەپ چاقىردى. ئۇ قوينىدىكى ئىككى تال ياغاچنى ئېلىپ قازىغا بەردى. قازى ئۇنى يۇسۇپنىڭ ئىسمى يېزىلغان سامان قەغەزنىڭ ئۇستىگە قويدى. ئىككىنچى قېتىم شامەت دەپ چاقىردى، شامەتمۇ قوي-نىدىن ياغاچنى ئېلىپ بەردى. ئۇنىمۇ شامەتنىڭ ئىسمى يېزىل-غان سامان قەغەزنىڭ ئۇستىگە قويدى. ئۇچىنچى قېتىم ئەش-رەپ دەپ چاقىردى. ئۇمۇ ئىككى تال ياغاچنى بەردى. ئۇنىمۇ ئەشرەپنىڭ ئىسمى يېزىلغان قەغەزنىڭ ئۇستىگە قويدى. ئاندىن قازى ھەممە ياغاچنى تۈزەپ، توغرىلىدى ۋە ئۇلارنى يېقىن كېلىپ ياغاچلارنى كۆرۈڭلار، دېدى. كۆرۈپلا ئەشرەپنىڭ گول-قەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ياغاچلىرىنىڭ بىرى قىسقا، بىرى ئۇزۇن تۇراتتى. يۇسۇپ بىلەن شامەتنىڭ چىرايى-دىن قان قاچتى. ئۇلار ئاخۇنۇمنىڭ بۇ ئىشىغا نارازىلىق بىلدۇ-رەي دەپ تۇرۇشىغا قازى جىددىي ھالدا سۆز ئالدى:

— خوش، ئەمدى قاراڭلار، مەن سىلەرگە سىياسەت

يۈرگۈزدۈم. بىز بىر ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن مەيلى ياخشىلىق ئۈچۈن بولسۇن، مەيلى يامانلىق ئۈچۈن بولسۇن، سىياسەت يۈرگۈزىمىز. سىياسەت دېگەن بىر نەيرەڭدۇر. مانا مەن بۇ نەيرەڭ بىلەن ئوغرىنى تاپتىم، — قازى شاققىدە مىرغەزەپكە قاراپ دېدى، — قېنى مىرغەزەپ بېگىم، ئەشرەپ-نى باغلاپ سوراق قىلىسىلا، ئۆيىنى تىنتىسپ، مال - دۇنيانى تاپقۇزسىلا.

بۇ ئىشقا قاراپ ئولتۇرغان مىرغەزەپ باشتا ھەيران قالغاندى. كېيىن چۈشىنىپ دەرھال يايىلىرىغا بۇيرۇق قىلدى.

ئەشرەپ باغلاندى. ئەشرەپنىڭ ناس چەككەن لەۋلىرى كۆكىرىپ، قىپقىزىل كۆزلىرى تېخىمۇ قىزاردى.

قازى كۈلۈپ كەتتى:

— ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك دېگەن شۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى پوك - پوك بولمىسا ياغاچنىڭ بىرىنى قىسقارتىۋەتتەمدۇ؟

ئەشرەپ راست شۇنداق قىلغانىدى.

يايىلار ئۇنى ئۇدۇل خان ياملىغا ئاچىقىپ بەردى. خان يامۇلىدىكىلەر ئەشرەپنى ئىقرار قىلغۇچە جازالىدى. ئۇ ئاخىر يامبۇ، كۈمۈشلەرنى سۇۋۇر بەگنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى، ھېلىقى تۆگىنىڭمۇ شۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى.

* *

ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئىلىدىن خالزاتخاننىڭ ئاغرىپ قالغانلىق خەۋىرى كەلدى. ۋاڭ ۋە مېھرىبانۇ پۈجۈڭ ئادەم ئەۋەتىپ يوقلىتايلى دەپ تۇرۇۋىدى. خالزاتخاننىڭ

ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى. بۇنى ئاڭلاپ مېھرىبانۇ پۇجۇڭ بىلەن ۋاڭنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ يۇنۇس قازى ئاخۇنۇم باشچىلىقىدا بىر قىسىم ئاخۇن، موللا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ئېلىغا ئەۋەتىپ، خالزاتخانىنىڭ بالا-چاقىلىرىدىن كۆڭۈل سورىدى ۋە قومۇل ۋاڭنىڭ نامىدا ئېلىدا چوڭ نەزىر ئۆتكۈزدى.

خالزاتخان كېسەل ياتقاندا مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭغا خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ بەگلىك ھاياتىدا، قىزىققانلىق قىلىپ بىر قىسىم كىشىلەرنى رەنجىتىپ قويغانلىقىنى، مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ بىلەن بېيجىڭگە بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ئاخىرىدا «ئادەملەر ھەر قانچە ئۇلۇغ سۈپەت بولسىمۇ جانابلىرىغا يەتمەس دەپ ئويلايمەن» دېيىش بىلەن مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭغا نىسبەتەن چىن ھۆرمىتىنى، دوستلۇقىنى ئىپادىلىگەنىدى. خېتىنىڭ ئاخىرىدا، ساقىيىپ قالسا قومۇلغا بارىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويغانىدى، ئەپسۇس، ئۇ قومۇلغا قايتا كېلەلمىدى. خالزاتخان ئاغرىقى ئېغىرلىشىپ قالغان كۈنلەردە «ئەگەر مەن ئۆلۈپ قالسام، جەستىمنى چورۇق ھېكىمنىڭ قەبرىسىنىڭ قىرىق چامدام ئاياغ تەرىپىگە قويۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلدى. شۇ ۋەسىيەت بويىچە خالزاتخانىنىڭ جەستى خەلپەم بۇزرۇكۋارغا - گادا مۇھەممەت خەلپەم ۋە چورۇق ھېكىملەرنىڭ قەبرىسىدىن قىرىق چامدام تۆۋەنگە قويۇلدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

قۇمۇل تارىخىي خاتىرىلەردە «قامۇل»، «قامۇلى»، «قامىل» «ئۇيۇرغول» دېگەندەك ناملار بىلەن خاتىرىلەنگەن. بۇ ناملارنى تەتقىق قىلساق، بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەرنىڭ خېلى ئۇزاق دەۋرلەرگە چېتىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز ھەمدە قۇمۇلنىڭ ناھايىتى قەدىمىي شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

قۇمۇل قەدىمدىن تارتىپلا غەرب بىلەن شەرقنىڭ سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان. قۇمۇل ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدا شەرقتە قىتان (لياۋ) پايتەختى شىياڭجىڭغىچە، شىمالدا سوڭ پايتەختى بيەنجىڭغىچە (كەيفىڭغىچە) باراتتى. دەسلەپتىلا يىپەك سودىسى بىلەن نام قازانغان بۇ قاتناش يولى ئارقىلىق قىتان خانلىقى، ئىدىقۇت خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ غەربتىكى ئىران، ھىندىستان، ئەرەب، فرانسىيە بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلىرىمۇ ناھايىتى قويۇقلاشقانىدى، شۇڭلاشقا ئەينى دەۋردە مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان بۇ قۇمۇل شەھىرى ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ئەڭ مۇھىم مەركىزى شەھەرگە ئايلاندى. ئىتالىيە ساياھەتچىسى ماركوپولو خەلقارا سودا مەركەزلىرىنىڭ ئىچىگە قۇمۇلنى ئالاھىدە كىرگۈزگەن. تارىخچى گوباۋ ئىيتقاندەك، ئۇيۇرغول (قۇمۇل)، قوچو

(تۇرپان)، كۇسەن (كۇچا)، سولى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خو-
تەن) قەدىمكى يىپەك يولى ئۈستىگە جايلاشقانلىقتىن شەرق
بىلەن غەربنىڭ ئىقتىسادى مۇناسىۋىتى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇ-
رۇشىدا تارىختا مۇھىم رول ئوينىغان. قۇمۇلنىڭ مانا شۇنداق
جۇغراپىيىلىك مۇھىم ئالاھىدىلىكىدىن جۇڭگودا ئۆتكەن سۇلا-
لىلار، خانلىقلار تولۇق پايدىلانغان. ھازىرمۇ چىڭ ھۆكۈمىتى
قۇمۇلنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي دەرۋازىلىق رولىدىن تولۇق پايدى-
لىنىپ كەلمەكتە. شەرقتىن كەلگەن ھەربىي، سىياسىي ئەمەل-
دارلار، لەشكەرلەر، سودىگەرلەر شىڭشىڭشىيادىن ئۆتۈپ، ئاچ-
چىقسۇ، تۆگىچى بۇلاق، سايبۇلاق، قارامۇقچا، لەڭگەر ئارقى-
لىق ئۇۋرغۇلغا يەنى قۇمۇلغا كېلىدۇ. غەربتىن كەلگەن سەي-
ياھلار، سودىگەرلەر، دىن تارقاتقۇچىلار، ئارخېئولوگلار ۋە
ھەرخىل پەننى ساھەدىكى ئالىملار تۇرپان ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ
يەتتە قۇدۇق، لاپچۇق، سۇمقاغا، ئاستانە ئارقىلىق قۇمۇلغا
كېلىدۇ. مانا مۇشۇنداق مۇھىم قاتناش تۈگۈنىدە خان ئۇزۇن
يىللاردىن بېرى ئۆزىنىڭ ئامبال بېگىنى، ياردەمچى ئامبال
بېگىنى ۋە ئايماق بەگلىرىنى قويۇپ كەلدى. بۇلار شەرق ۋە
غەربتىن كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش، توشۇش، يۆتكەش، ئاش-
لىق، يەم - خەشەك سېلىقى سېلىش، باج - يىغىش ئىشلىرى
بىلەن شۇغۇللىنىشتىن باشقا خان بىلەن ۋاڭنىڭ ئالاقىسىغا ئائىت
ئىشلارنى بېجىرىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ھازىرمۇ قۇمۇلنىڭ
بازىرى ئاتالغان لوچىڭ شەھىرىدە خان
ئامبىلى تۇرىدۇ. بۇ خان ئامبىلى تۇرغان
جاي ئېگىز سېپىل بىلەن قورشالغان بولۇپ،
تۆت تەرىپىگە تۆت دەرۋازا قويۇلغان. ئامبال -
بەگلىرى، ئايماق بەگلىرى ئىشىك ئالدىلى-
رىغا شىر، ئەجدىھالارنىڭ تاش ھەيكەللىرى

قويۇلغان پاغاچ مۇڭلو[1] زىلىق، تاش تارتىملىق ئۆيلەردە ئولتۇ-رىدۇ. لەشكەرلەر تۇرۇشلۇق جايلىرىمۇ بۇ شەھەرنىڭ ئىچىدە. بۇ چاغلاردا خانلىقتىن بۇ ئەمەلدارلارغا نۇرغۇن خىراجەت چۇ-شەتتى. لېكىن ئامبال ياموٗلىدىكى خاننىڭ خىزمەتكارلىرى بىر - بىرىدىن ئاچ كۆز، بىر - بىرىدىن ھىيلىگەر، تەمەخور، پارىخور بولۇپ كەتكەنىدى، ھەتتا ئۇلار تارتىنمايلا ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىغا ھەم باجدىن كىرگەن كىرىمگە، ھەتتا خەلقتىن يىغقان سېلىقلارغا خىيانەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار كۆرۈنۈشتە بىر - بىرىگە ھىجىيىپ تۇرۇپ «سىنىڭ راست» دېيىشسىمۇ، ئىچكى جەھەتتىن بىر - بىرىنىڭ ئۇلىنى كولايتتى، بىرىدىن بىرى جىقراق نەپكە ئېرىشىشكە ئۇرۇناتتى. كىچىكى چوڭىغا پارا بېرىپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭدىن كۆپرەكنى ئالسا، چوڭى چوڭىغا پارا بېرىپ، ئۆزىمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق نەپ ئالاتتى.

ئەگەر بىرەرسىنى كۆتۈۋېلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭغىمۇ ئاستىرتىن پارا بېرەتتى، ئۇ بولسا ئۆز مەرتىۋىسىدىن پايدىلى-نىپ، ئۇنىمۇ قۇرۇق قالدۇرماي كۆڭلىنى ئالاتتى. ئەگەر كۆ-تۈۋېلىنىدىغانلار ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ياكى يېقىنلىرى بولۇپ قالسا، ھېساباتتىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ كۆتۈۋالاتتى. ھەتتا سوۋغا - سالام بىلەن ئۇلارنىڭ چۆنتىكىنى تولدۇراتتى. بۇ بىر بۆلۈم قۇرتلار ئاچ بۆرىلەردەك ھەممىنى بۇلاپ تالايتتى. ئۇلار چوڭ نەپكە كەلگەندە، تۈلكە بولۇپ قۇيرۇقىنى شىپاڭلات-سا، ئىش ئۆزلىرىگە ئوڭۇشسىز بولغاندا بىر - بىرىگە يىلپىز-دەك خىرىس قىلاتتى. ھەتتا يىلان - چايان بولۇپ بىر - بىرىنى چاقاتتى.

مانا مۇشۇنداق خۇپىيانە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بىر بۇلاڭچە-

---

[1] مۇڭلوزا - ئىشىك ئۈستىگە ياغاچتىن قاتۇرۇلغان گۈل - نەقىشلەر ئويۇلۇپ قىلىنغان دەملىز.

لىق ئاخىرى پاش بولۇپ قالدى. لەشكەرلەرنىڭ ئۈچ ئايلىق تەمىنات پۇلى تارقىتىلماي باشقىلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەت- كەنلىكتىن، لەشكەرلەرنىڭ ئىچىدە بىرى خانغا ئەرز سۇندى. بۇنى ئاڭلىغان خان چۆچۈپ كەتتى - دە، دەرھال تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتتى. لېكىن تەكشۈرۈشكە چىققان ئەمەلدارلارنىڭ ياد- چۇقىنى ئالتۇن - كۆمۈشكە تولدۇرۇپ، ئۇلارنىڭمۇ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ «بۇ يەردە مەسىلە يوقكەن» دېگۈزۈۋىدى، لېكىن ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. كېيىن خانغا يەنە ئەرز باردى. خان بۇ قېتىم شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئامبال - دارىنلارنى ئومۇميۈز- لۈك تەكشۈرۈشنى تاپىلاپ، ئۈرۈمچىنىڭ باش بۇغىغا يارلىق چۈشۈردى. ئۈرۈمچىنىڭ باش بۇغى ھەرقايسى جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، بارلىق ئايماق، ناھىيىلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بار- دى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە يوقىرىقى مەسىلىلەردىن باشقا، ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزىدىلا يەنى ئۈرۈمچى تەۋەسىدىكى ئايماق، ناھى- يىلەرنىڭ ئامباللىرى لەشكىري ئاشلىقنى تۆۋەن باھادا سېتىۋې- لىپ، يۇقىرىغا نەچچە ھەسسە يۇقىرى باھادا يوللايدىغانلىقى پاش قىلىنغان. بۇ ئىش شىنجاڭنىڭ ھەممىلا جايىدا يامراپ كەتكەن، شۇ كۈنلەردە ئامباللار، ئايماق بەگلىرى ھەتتا قورۇقچى بەگلەر- نىڭمۇ، چۆنتىكى نەچچە مىڭ سەر ئالتۇن يامبۇغا تولۇپ كەتكەن- لىكى ئېنىقلانغان. بۇنىڭدا ھەممىدىن ئېغىر بولغىنى قۇمۇلنىڭ ئامبىلى، ئايماق بەگلىرى ۋە باشقىلار ئىكەن. بۇ ئەنزە تەكشۈ- رۈلۈپ بولۇپ، خانغا مەلۇم قىلىنىدىغان ۋاقىتتا تەكشۈرگۈچە- لەرنى نۇرغۇن ئالتۇن - يامبۇغا كۆمۈپ ئاغزىنى تۇۋاقلىماقچى بولغان. لېكىن تەكشۈرگۈچىلەر خاننىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، بۇ خىل ئەھۋالنىمۇ خانغا مەلۇم قىلغان. خان بۇ ئەھۋالغا نىسبەتەن دەر غەزەپ بولۇپ نۇرغۇن ئامبال، ئايماق بېگىگە جازا ئېلان قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېغىرلىرىغا ئۆلۈم جازاسى

بەرگەن. قالغانلىرىنى قاماق جازاسى، سۈرگۈن، ئىشتىن قوغ-
لاش قاتارلىق جازا تۈرلىرى بىلەن جازالىغان ۋە ھەممىنىڭ مال
- مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغانىدى.

ئەپسۇسكى، ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتمەيلا ئامبال دارىنلار
ئۈچۈن پۇل تېپىشنىڭ بۇ ئاسان ئۇسۇلى يەنە يامراشقا باشلىدى.
ئەنە شۇ بىر قېتىملىق تەكشۈرۈپ، جازالاشتىن كېيىن قومۇل-
غىمۇ يېڭىدىن ئامبال بېگى، ئايماق بېگى تەيىنلەنگەنىدى. لې-
كىن بۇلارمۇ نەپ ئالدىدا ئۆزلىرىنى بېسىۋالالمىدى. كۆز ئالدى-
دىكى تەييار لوق گۆش ئۇلارنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتىپ، كۆز-
لىرىنى قىزارتتى. مانا شۇ كۈنلەردە ئامبال بېگى بىلەن ئايماق
بېگى زادىلا بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمىدى. ئۇلار بىر بىرىگە
تۆيدۇرماي باج پۇلىغا، لەشكەرلەرنىڭ تەمىنات پۇلىغا خىيانەت
قىلىپ قويىنىنى تولدۇردى. بۇلار كۆرۈنۈشتە بىر - بىرىگە
ھىجىيىپ سالام بېرىشەتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بىرى - بىرىنى
پاش قىلىپ قويۇشىدىن قورقاتتى. يەنە ئۇلار «ئەگەر سەن مېنى
پاش قىلساڭ، مەن سېنىڭدىن ئېشىپ چۈشمەن» دەپ ئويلايت-
تى. شۇڭا ئۇلار خىيانەت قىلىشقا، پارا ئېلىشقا
كەلگەندە بىر - بىرىنى كۆرمەس، بىلمەس بولۇۋالاتتى.
ئەمما ئىككىسىنىڭلا كۆڭلۈك خاتىرىسىگە بىر - بىرىنىڭ ئىشلى-
رى يېزىلىپ تۇراتتى.

خان ئامبىلى ھاكاۋۇر، ساختا، قىلدەك پايدا ئۈچۈن سار-
غىيىپ، قۇرت يەپ كەتكەن ھىڭگاك چىشلىرىنى كۆرسىتىدى-
غان، قىلدەك زىيان ئۈچۈن يۇمۇق كۆزلىرىنى قىزارتىدىغان،
قول ئاستىدىكىلەرنى ھايۋاندەك كۆرۈپ ھۆركىرەيدىغان بىر مەخ-
لۇق بولغاچقا قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن
ئۈرۈمچى باش بۇغىغا ئەرز قىلدى. ئەرزدە يىرىم يىلدىن بېرى
لەشكەرلەرنىڭ مائاشى بېرىلمەي، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى يامانلى-

شىپ قالغانلىقى يېزىلغانىدى. ئۇرۇمچى باش بوغى بۇنى كۆرۈپ ئۆزى ئادەم تەشكىللەپ تەكشۈرگىلى كەلدى. ئەھۋالنى بىلىپ قالغان قومۇلدىكى خان ئامبىلى «چوقۇم ئايماق بېگى مېندىن چېقىپتۇ» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئامال - چارىلىرىنى ئويلىدى. ئەمما ئويلىغانسېرى بېشى گاڭگىراپ، نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقىلارغا خانلىقتىن كۆرۈلگەن جازا، ھۆكۈملەرنى ئويلىغىنىدا بەدىنى ساراڭلا بولۇپ قالاتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنى، مال دۇنياسىنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. ئۇ مەرتىۋىسىنىڭ ئۆرلىشى ئۈچۈن نېمە كويلارغا چۈشمىگەن. نېمە پەسكەشلىكلەرنى قىلمىغان - ھە. ئۇ مال - دۇنيا يىغقىچە ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتقانىدى. مانا ئەمدى بۇ چوغ ئۇنى كۆيدۈرۈش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئويلا، ئويلا ئاخىر ئۇ نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى كۆتۈرۈپ ئايماق بېگىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ ئەشىكتىن كىرىپلا ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى بىر ياندا قويدى - دە، يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئايماق بېگىگە باش ئۇرۇشقا باشلىدى:

— قېرىنداشىم، خاتا قىپتىمەن، ئەمدى سەنمۇ، مەنمۇ ئامان قالمايمىز، خاتا قىلغان يەرلىرىم بولسا ئاۋۋال مېنى كەچۈر، — دەپ يىغلاپ، يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

ئايماق بېگى بولسا، ئۈرۈمچىدىن باش بوغ مېنى تەكشۈرگىلى كەلدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ يۈرەتتى. ئەمدى بۇ سايىمىدىن ئىتمۇ قورقىدىغان ئامبال ئۇنىڭ ئالدىدا باش ئۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئەھۋال ئايماق بېگىنىڭ يۈرىكىنى توختىتىپ قويدى. شۇڭا ئۇ ئالدىراپ كېلىپ، ئامبالنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

— ھەي ئاكا، ئىككىمىز ئوخشاشلا بۆرە، بۆرە بۆرىنى يېمەيدۇ. «يىراقتىكى بۆرە ھوۋلىسا، ئۆيدىكى بۆرىنىڭ ئۇچىيى تارتىشىدۇ- » دەيدىغان گەپ بار. مەن مۇنداق ناشايان ئىشلارنى قىلمايمەن. مەن سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلغىنلى سارالڭ بوپتىمەنمۇ، مېنىڭ نىيىتىم - سىڭگەن ئاشنى يېيىش. بۇگۈن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆزۈمنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدىم. نېمە ئۇ-چۇن؟ ئىككىمىزنىڭلا ئىشى ئىككىمىزگىلا ئايان. بىر - بىرى-مىزنى پاش قىلمىساقلا ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ. ئىچكى-رىسىنىڭ ئەھۋالى بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردە قاقتى - سوقتى قىلىپ چۆنتەكنى ئاز - تولا تولدۇرغىلى بولىدۇ. بىزبۇ يەرگە باقىي ئەمەس. بەربىر كېتىمىز. ئۇنىڭ-دىن كۆرە بىر- بىرىمىزگە كۆزىمىزنى قىسىپلا قويساق بولما-دۇ؟ قاچان قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇغان - ھە؟

ئامبالنىڭ يۇمۇق كۆزلىرى كۈلكە بىلەن كېرىلدى.

— سىز مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلمىدىڭىزما، راستىنى ئېيتىڭ.

— زادى ئەرز قىلمىدىم. ئەمما قول ئاستىڭىزدىكىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىنى ئاڭلىدىم.

— ئەمىسە، بۇنى قول ئاستىمدىكىلەر قىپتۇ. قاراپ تۇرۇڭ، ئۇلار ياخشى كۈنگە قالمايدۇ.

ئايماق بېگى ئامبالغا چاي قويۇپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى.

— ياق، خاتىرجەم بولالمايمەن. خىيانەت يۈرەكنىڭ ئې-كىكى دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. ئىككى كۈندىن بېرى سول تەرىپىم ئاغرىپ، مەيدەمنى بىرى بېسىۋالغاندەك نەپسىم قىسى-لىپ قالدى. سىزگە دەي، ئەڭ ياخشىسى سىزلا مېنى بۇ ئېغىر ئەھۋالدىن قۇتقۇزالايسىز.

— قېنى دەڭا، مەن قانداق قىلسام سىزنى قۇتقۇزالايمەن.
— ئەگەر ئۇلار تەكشۈرۈپ ماڭا بىرەر قاراچاپلىماقچى بولسا، سىز ئوتتۇرىغا چىقىپ مېنى ئاقلايسىز. ئاندىن مەن قۇتۇلۇپ قالىمەن. مەن قۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن سىزگە ناھايىتى چوڭ پايدا بار.
— ھە، قېنى قانچىلىك پايدا بېرىسىز؟
— خانلىقتىن ئىلىدا تۇرۇشلۇق لەشكەرلەرگە ئەۋەتكەن تەمىنات پۇلى قولۇمغا چۈشتى. بۇ ئىشنى بىلىدىغان ئەشرەپنى ئون يىللىق زىندانغا تاشلىدۇق. ھېلىقى سۈۋۈر دېگەن قولۇمدىن قېچىپ كەتتى. مانا بۇ بايلىقنىڭ بىر ساندۇقىنى ئىلىغا ئەۋەتىپ بېرىمىز. بىر ساندۇقىنى ئىككىمىز بۆلۈشۈۋالىمىز. قانداق؟ بۇ ئىش ئاشكارىلانغۇچە خاننىڭمۇ - ۋاڭنىڭمۇ قويمۇ چىنى قۇم باسىدۇ.
ئايماق بېگى خۇشال بولۇپ كەتتى.
— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن چوقۇم سىزنى ئاقلايمەن.
ئۇلار شۇنداق كېلىشىپ خوشلاشتى.
ئۈرۈمچىدىن كەلگەن باش بۇغ ئاستىرتىن نۇرغۇن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئاخىر ئامبال بېگنىڭ نۇرغۇن خىيانەتلىرى، يېگەن پارىلىرى ئاشكارىلاندى. لېكىن بۇنى ئىسپاتلاشقا ئايماق بېگىنىڭ ئىمزاسى كېرەك ئىدى. ئايماق بېگى ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ ئامبالنى ئاقلىدى. نۇرغۇن ئىسپات، داۋلىلارنى كۆرسىتىپ، تەكشۈرگۈچىلەرنى ئىككىلەندۈرۈپ قويدى.
ئاخىر تەكشۈرگۈچىلەر ئامبال بېگنى ئايرىم سوراق قىلغاندى، ئۇ، ئۆزى ئۇستىدىكى بارلىق خىيانەتنى ئايماق بېگىگە ئارتىپ قويدى. ھەتتا خاننىڭ ئىلىغا ئەۋەتكەن ئىككى ساندۇق پۇلىنىڭ بىر ساندۇقىنى ئىككىمىز بۆلۈشۈپ ئالايلى، بۇ ئىشنى بىلىدىغانلارنىڭ بىرى زىنداندا، يەنە بىرى

قېچىپ كەتتى. بۇ ئىش ئېنىقلانغۇچە خاننىڭ قويمىچىنى قۇم باسىدۇ، — دېدى دەپ تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇردى. باش بوغ «بۇ مەلئۇن قورقماستىن خانلىقىمىزنى قارغاپتۇ» دەپ راسا ئاچچىقى كەلدى، ئامبال بېگى يەنە: — ئۇ ئۆزىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ مېنى ئاقلىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى، — دېدى ھېجىيىپ تۇرۇپ، — دېمىسىمۇ مەن بىر پاك ئەمەلدارمەن. ماڭا تىل تەگكۈزۈشكە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. مېنى ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىناتىغا خىيانەت قىلدى دېيىلىپتۇ. ئەپسۇسكى، بارلىق كىرىم — چىقىم ئايماق بېگىنىڭ ھېساباتىدىن ئۆتىدۇ. ھېسابات ئۇنىڭ قولىدا تۇرسا، قانداق قىلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى پۇلغا مەن خىيانەت قىلىدىكەنمەن. لەشكەرلەرنىڭ مائاشى بېرىلمىسە، مېنى بەرمىدىمىكىن دەپ قارىغان گەپ، — دەپ ئۆزىنى ئاقلىدى.

ئايماق بېگى ئامبال بېگىنىڭ ئۆزىگە تۆھمەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قۇيقا چېچى ئۆرە بولۇپ قايناپلا كەتتى. ئۇ تەكشۈرگۈچىلەر كەلگەندە ئامبالنىڭ تىل بىرىكتۈرگىلى كەلگەنلىكىنى، ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالاملىرىنى، ئاندىن كۈنلۈك ھېسابات، كۈنلۈك خاتىرىلىرىنى تەكشۈرگۈچىلەرگە كۆرسەتتى.

ئامبال بېگى بۇنى ئاڭلاپ، ئېغىزىغا كەلگىنىچە گەپ سېتىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن يازغان كۈنلۈك خاتىرىسىنى، ئۇنىڭ قانچىلىك چىقىم قىلىپ، قانچىلىك يەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئاخىرى بۇ ئىشلارنى تەكشۈرگۈچىلەر قايمۇقۇپ قالدى. تەكشۈرگۈچىلەر بىردەك شۇنداق دېيىشتى «بۇ ئەنزە بەك مۇرەككەپ ئىكەن، بۇنى خانغا يوللايلى. خانلىقتىن ئادەم چىقىپ تەكشۈرۈپ كۆرسۇن».

* *

مانا شۇ كۈنلەردە بازاردا خۇيزۇلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدا ماجىرا تۇغۇلدى. بۇ ماجىرانىڭ جەريانى مۇنداق بولدى:

بۇ كۈنلەردە ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەنىدى. بازاردىكى گۆش سېتىش رەستىلىرىدە گۆشكە قونغان ھەرە ۋە چىۋىنلەرنىڭ دەستىدىن قاسساپلار بىزار ئىدى. گۆش بازىرىنىڭ يۇقىرى تەرىپى قۇم بارخانلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان بوشلۇق جاي ئىدى. لېكىن ئۇ يەرگە توپلانغان ئەخلەت، قوغۇن - تاۋۇز شاپاقلىرى بۇ بازارنى تېخىمۇ مەينەتلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

قاسساپلار ئۆز گۆشلىرىنى ماختاپ «مانا پاقلانگۆشى! » دېسە، «مانا ئەركەك قوينىڭ گۆشى! »، «يېڭى سويۇلغان، قولدا بېقىلغان. . . !» دەپ ۋارقىرىشاتتى، بۇ رەستىلەرنىڭ يۇقىرىسىدا تۇرغان ماۋ فامىلىلىك خۇيزۇ قاسساپقا بىرى كېلىپ «ئاۋۇ ياقتا چوشقا گۆشى سېتىۋاتىدۇ، ئاھ خۇدايىم، بۇ مەينەتچىلىككە چىدىغىلى بولمىدىغۇ» دېگەنىدى، خۇيزۇ قاسساپنىڭ ئۇغىسى قايناپ كەتتى. «قانداق بولۇپ مۇسۇلمانلار گۆش سېتىۋاتقان يەردە خەنزۇلار چوشقا گۆشى ساتىدۇ. ئۇنىڭغا قونغان چىۋىن، بۇ گۆشلەرگە قونامدۇ؟ » دېگىنىچە، خەنزۇ قاسساپنىڭ يېنىغا پىچىقىنى كۆتۈرگەن پېتى يېتىپ كەلدى - دە:

— ھەي، سەن دىنىي ئۇرپ - ئادەت دېگەننى بىلەمسەن. مۇسۇلمانلارنىڭ چوشقا گۆشىنى يېمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا بۇ يەردە چوشقا گۆشى ساتىسەن! سېنىڭ گۆشىڭگە قونغان چىۋىنلەر بىزنىڭ گۆشىمىزگە قونسا، گۆشىمىز ھارام بولامدۇ؟ يوقال بۇ يەردىن ! — دەپ ۋارقىرىدى.

خەنزۇ قاسساپ خۇيزۇ قاسساپنىڭ دېگەنلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيلا، بۇ مېنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىمنى يەرگە ئۇردى

دەپ ئويلىدى ـ دە، ئۇنىڭمۇ قېنى قىزىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ يەرسېنىڭ ئاتاڭدىن قالغان يەرمىتى؟ بۇ دېگەن گۆش سېتىش ئورنى، يا بۇ يەرگە بىرى چوشقا گۆشى ساتماڭلار دەپ يېزىپ قويۇپتىمۇ؟ ھەي سۇ خوي خوي، ئاق شاپاق بۆكنى كىيىۋېلىپ بۇگۈن بىزگە ئۆكتەملىك قىلىشنى كىم قويدى ساڭا. بازار دېگەن ھەممىگە تەئەللۇق. سەن گۆش ساتسەڭ، مەن گۆش ساتمامدىمەن؟! ماڭە، ماڭ، يوقال بۇ يەردىن!

خەنزۇ قاسساپنىڭ پەيلى راسا بۇزۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خويزۇ قاسساپنى «سۇخوي خوي» دەپ ئەڭ يامان تىل بىلەن ھاقارەت قىلدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ خويزۇ قاسساپنىڭ جان ـ پېنى چىقتى، خەنزۇ قاسساپ تېخىمۇ كۆرەڭلەپ پىچاق تۇتقان قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ «سۇخوي خوي» «سۇخوي، خوي» دەپ يەنە چىشىغا تېگىشكە باشلىدى.

خويزۇ قاسساپ قېنى قىزىق، ئالدىراڭغۇ، ئاچچىقى كەل-گەندە كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىغان ئادەم بولغاچقا بىردىنلا گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى ۋە خەنزۇ قاسساپنىڭ ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلىپ باردى ـ دە، قولىدىكى پىچاقنى خەنزۇ قاسساپ-نىڭ نەق يۈرىكىگە تىقىۋەتتى. خەنزۇ قاسساپ نەق مەيداندا جان ئۈزدى. بۇنى كۆرگەن، خەنزۇلار، يوپۇرۇلۇپ كېلىپ خويزۇ قاسساپنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بازارنىڭ ئىچى مالىمان بو-لۇپ، رەستىلەردىكى خەنزۇلار بىلەن خويزۇلار بىر تەرەپتىن بىر ـ بىرىگە ھەيۋە قىلىپ ئۇر ـ چاپ، ئۆلتۈر! — دەپ ۋارقىراشسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بازاردىكى پۇقرالار تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. قومۇل بازىرىنىڭ ئىچى شىددەتلىك ۋەھىمە ئىچىدە قالدى.

ئامبال بېگى بىلەن ئايماق بېگىنىڭ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتقان ۋاقىتتا بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشى ئۇلار ئۈچۈن ئارام ئېلىشنىڭ

ياخشى پۇرسىتى بولۇپ قالدى. «جاھان قانچە قالايمىقان بولسا بىز شۇنچىلىك ئارام تېپىپ قالىمىز» دەپ ئويلايتتى ئامبال بېگى.

ئالدىراپ، ئالاقزادە بولغان ھالدا ئامبال بېگىنىڭ ئالدىغا كىرگەن كۆزەتچى، ئامبال بېگىنىڭ بەخىرامان ئەپيۇن تارتىپ ياتقانلىقىدىن ھەيران قالدى.

— ئامبال بېگىم، كۆزەتچىلەر باشلىقى كەلدى. ئۇلار يەنە ئالتە ئادەمنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ، — دېدى كۆزەتچى.

ئامبال بىردىنلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ئۆلۈكنى نېمە قىلىدىكەن بۇ يەرگە ئەكېلىپ!

— ئۆلۈكنى ئىگىلىرى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. سىلىنى بۇنىڭغا جاۋاب قىلسۇن دېمەكچى.

— نېمىشقا؟ مەن ئۆلتۈرۈۋېتىپتىمەنمۇ ئۇلارنى، ياكى مەن ئۇلارنى ئادەم ئۆلتۈر - دەپ بۇيرۇپتىمەنمۇ! ؟

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى كۆزەتچىلەر باشلىقى يېتىپ كىرىپ، — ئەسلىدە بىز تونۇگۇنلا ماجىرا چىقارغانلارنى تۇتقان بولساق، بۇ ئىش يۈز بەرمەستى. سىلى بۇ پىكىرگە قوشۇلمىدىلا، مانا ئەمدى ئاقىۋەت نېمە بولدى؟ بۇلارنىڭ ئۆلۈكلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىشى «سىلەر جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشى ساقلىماي ئادەملىرىمىز ئۆلدى» دېگىنى. ئامبال بېگىم سىلى بىخۇدلۇق قىلدىلا، ئەمدى بىز بۇ ماجىرانى توسالمايمىز. ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە يوشۇرۇنىۋېلىش پۇرسىتىنى بېرىپ قويدۇق.

ئامبال بېگى كۆزەتچىلەر باشلىقىغا قاراپ ئۆكىدى:

— سەن نېمە قىلىدىغان ئادەم؟! سەن خاننىڭ پۇلىنى بىكارغا ئالامسەن، سېنىڭ زادى ۋەزىپەڭ نېمە، مۇشۇ ئالتە ئادەمنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن مەن سېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن! —

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان كۆزەتچىلەر باشلىقى شارت قىلىپ يېنى-
دىن تاپانچىسىنى چىقاردى:
— مانا، مەن سېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن، مەن ساڭا
ماجىرا چىقارغان چاغدىلا ھەممىنى قولغا ئالايلى، كېچىچە ئىك-
كى يۈز لەشكەرنى چىقىرىپ شەھەرنى كۆزەت قىلايلى – دېدىم.
سەن ئۇنىمىدىڭ، مەن سېنى بىلمەمدىمەن؟ چاھان قالايمىقان
بولسا، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلايمەن دەپ قالدىڭ. بىزنى پۇل-
دىن، ئاشتىن قانچىلىك قىيناۋاتقىنىڭنى بىلمەمسەن؟ — گەپ
شۇ يەرگە كەلگەندە «پاڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا كۆزەتچى-
لەر باشلىقى يىقىلدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان مۇھاپىزەتچى
ئامبالنىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن ئۇنى ئېتىۋەتكەنىدى.
ئامبال بېگى كۆزەتچىلەر باشلىقىنىڭ جەسىتىنى ئادەملىرى-
گە كۆتۈرگۈزۈپ تالادىكى ئالتە جەسەتنىڭ يېنىغا تاشلىدى.
— پۈتۈن ئىشقا سەۋەبچى بولغان مۇشۇ كۆزەتچىلەرباش -
لىقى، — دېدى ئامبال بېگى، — مەن ماجىرا تۇغۇلغان
كۈنىلا ماجىرا قىلغۇچىلارنى قولغا ئېلىپ سولاپ قويۇڭلار،
بۇگۈندىن باشلاپ كېچە - كۈندۈز ياخشى كۆزەت قىلىپ شەھەر-
نىڭ ئامانلىقىنى ساقلاڭلار، يەنە ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشلىرى
بولمىسۇن دېسەم، گېپىمنى ئاڭلىمىدى. ئاخىر مەن بۇ قېرىن-
داشلارنىڭ جەسىتىنى كۆرمەي تۇرۇپلا بۇنى ئېتىپ تاشلىدىم.
بۇ بىگۇناھ ئالتە ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە مېنىڭ ئىچىم
سىيرىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر ياخشى كۈنگە قال-
مايدۇ. بىز ئۇلارنى چوقۇم جازالايمىز، سىلەر خاتىرجەم بولۇپ
بۇ قېرىنداشلارنىڭ جەسىتىنى يەرلىكىگە قويۇۋېتىڭلار، بۇ ئىش-
لارنىڭ ھەممىسىگە مەن ئۆزۈم ئىگە، — دېدى ئامبال بېگى
كۆرەن تومۇرلىرىنى كۆپۈرۈپ، توكۇرۇكلىرىنى چاچراتقان
ھالدا.

ئۆلۈكلەرنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلەر بۇ «ياخشى مۇئامىلە» گە رازى بولۇپ ئۆلۈكلەرنى يەرلىكىگە قويۇشتى.

لېكىن ماجىرا تۈگىمىدى. ئوچۇق - ئاشكارا هالدا توپ - توپ بولۇپ ئۇرۇشۇش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

ئامبال بېگى شۇ كۈنكى ماجىرادىن كېيىن باركۆلگە چېقىپ يېتىۋالدى. ئايماق بېگى بۇ ئىشنى هەل قىلىشقا مۇهەممەت بېشىر چىڭۋاڭدىن ياردەم سورىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى كۆرۈنۈشتە «بۇ - يۇرتنىڭ ئىشى، جانابلىرى ياردەم بەرمىسىلە بولمايدۇ» دېگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشنى ئوردىغا ئىتتىرىپ قويۇش ئىدى. ۋاڭ ئامبال بېگىنى باركۆلدىن چاقىرتىپ كېلىشنى ئېيتتى. ئايماق بېگى ماقۇل بولۇپ باركۆلگە ئادەم ئەۋەتتى.

مۇهەممەت بېشىر چىڭۋاڭ بۇ ئىشنى شۇ كۈنلا ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئاۋۋال خان يامۇلى بىر تەرەپ قىلسۇن دەپ، قولىقىنى يوپۇرۇۋالدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، بۇ ماجىرا چوڭىيىپ لوچىنىڭ شەهىرىدىن خۇيچىڭ شەهىرىگە كېڭەيدى. كىشىلەرنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خان ئامبىلى بۇ ئىشلار بىلەن كارى بولماي باركۆلدىن كەلمەي يېتىۋالدى. مۇهەممەت بېشىر چىڭۋاڭ بۇ ئىش هەققىدە قانداق قىلىشنى بىلمەي ئويلىنىپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە: «خەنزۇلارغا يان باسسام، خۇيزۇلار رەنجىيدۇ، خۇيزۇلار بىلەن دىنداش تۇرۇپ ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ. خۇيزۇلارغا يان باسسام، خەنزۇلار دېگەن خاننىڭ پۇشتى تۇرسا، ئاقىۋىتى قانداق بولار» دەپ ئويلىدى. ۋاڭ بۇ ئىش هەققىدە بىر يەرگە كېلەلمەي مېهرىبانۇ پۇجۇڭغا مەسلىهەت سالدى. مېهرىبانۇ پۇجۇڭ مۇنداق دېدى: «باشتا گۇناھ كىمدە، بۇنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك، خۇيزۇ قاسساپ يەڭگىللىك قىلىپ، جان ئاچچىقىدا خەنزۇ قاسساپقا

پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇنىڭ قىلغىنى خاتا، بۇ قاتىللىق. قانداقلا ئىش بولسا ھەرقايسىلىرى، ياكى خان ئامبىلى بىر تەرەپ قىلمامدۇ؟ پۈتۈن قىچىنى تېرىغان ئاشۇ خۇيزۇ قاسساپ» دېدى. لېكىن، مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ بۇ گەپلەرگە تازا قايىل بولمىدى. «يامان تىل دېگەن باشقا كېلىدۇ، خەنزۇ قاسساپ ئۇنىڭ جېنىغا تەگكۈدەك گەپنى قىلمىغان بولسا، بۇ ئىش بۇنچىلىك چوڭىيىپ كەتمىگەن بولاتتى» دەپ ئويلىدى. ئاخىر ئوردا بەگلىرىنى يىغىپ كېڭەش ئېلىپ باردى. كېڭەشتە بىر قىسىملار گۇناھنى خەنزۇ قاسساپقا ئارتتى. بىرقىسىملار گۇناھنى خۇيزۇ قاسساپقا ئارتتى. ئاخىر ھاشىر تەيجى مۇنداق دېدى:

— ھازىر گۇناھنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. كوچا ـ كوچىلاردا قان تۆكۈلىۋاتىدۇ. بۇ ھازىر ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە بولۇپ قالدى. مەسىلە، ھازىر خەنزۇلارنى قوغدامدۇق، خۇيزۇلارنىمۇ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلايلى. مېنىڭچە «خەنزۇ دېگەن جۇسەي، ئۇنى ئورىۋەتسەڭ يەنە كۆكلەپ چىقىدۇ. يەنە ئۇنىڭ بېيجىڭدە خاندىن ئىبارەت تۈۋرۈكى بار. خۇيزۇ دېگەن بەسەي، بەسەي دېگەننى يۇلۇۋەتسەڭ يەنە كۆكلەپ چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇرۇن تىغ كۆتۈرگەن خۇيزۇلارنىڭ ئەڭ يامانلىرىغا چارە كۆرەيلى، ئۇنىڭدىن كېيىن خەنزۇلار ئىچىدىكى ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرنى تۇتايلى».

— مەن، مۇنداق قىلىشقا قارشى چىقىمەن، — دېدى پەتتىنۇش تەيجى، — خۇيزۇلار بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز، مۇسۇلمان، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆكمەيدۇ. ئەگەر ئوردا خۇيزۇلارنى تۇتۇپ، جازالاپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە قوشۇلسا، مەن بۇ ئىشتا يوق. بۈگۈندىن باشلاپ ئوردىغا ياندىشايمەن. تەيجى-

لىنىڭ مەنسىپىمدىن كېچىپ، ئاددىي پۇقرا بولىمەن. ھەممىمىز ئۆيلىنىپ ئىش كۆرەيلى، ــ پەتىنۇش تەيجىنىڭ يېڭىلا ياسى. تىۋالغان ساقال - بۇرۇتلىرى تىترەپ كەتتى. كۆزلىرىدىن خاتىرجەمسىزلىك ۋە بىئاراملىقنىڭ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ئىككى خىل تالاش - تارتىش ئاستىدا قايمۇقۇپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە ئىككىلا پىكىرنى دۇرۇس دەپ بىلدى. ئۇ ئويلانغان ھالدا مۇنداق پەرمان قىلدى: . . . يېقىندىن بېرى بىر قىسىم جېنىدىن تويغان ماجىراچىلار غەلۋە تېرىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ يۇرتىمىزنىڭ ئامانلىقىنى بۇزۇۋاتىدۇ. بۈگۈندىن باشلاپ خان يامۇلىنىڭ ۋە ئوردىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى قان تۆككەن ماجىراچىلارنى تۇتۇپ جازالايدۇ. بۇنىڭغا ئاۋام پۇقرانىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشىنى سورايمىز. ماجىرا تېرىغۇچىلارنى تۇتۇپ كەلگۈچىلەرگە ئون يامبۇ، ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرنى تۇتۇپ كەلگۈچىلەرگە يۈز يامبۇ سۆيۈنچە بېرىلىدۇ. ئوردا ۋە يامۇل مۇھاپىزەتچىلىرى بۈگۈندىن باشلاپ نۆرغۇن ئادەم چىقىرىپ ئىككى شەھەرنى كېچە - كۈندۈز مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ كېچىدە يول يۈرۈشى مەنئى قىلىنىدۇ. ئەگەر ئادەم ئۆلتۈرگۈچى، ماجىرا تېرىغۇچىلار، قېچىپ قۇتۇلماقچى بولسا شۇ جايدىلا چېپىپ تاشلانسا سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. . .

ــ مانا بۇنى بازارنىڭ ھەممە كوچىلىرىغا، شەھەر ئىچىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە يېزىپ چاپلاپ قويسىلا.

باش مۇنشى قەلەمنى تۇتۇپ ئويلىنىپ قالدى:

ــ بۇ ئىشنى بىز خان يامۇلى بىلەن مەسلىھەت قىلمىدۇقمۇ؟

ــ ئەمدى مەسلىھەت قىلىپ نەگە بارىمىز. شۇنداق قىلسىلا، ئاۋۋال بۇنى چوڭ قەغەزگە چوڭ - چوڭ يېزىپ نەچچە

يۈزنى چاپلىۋەتسىلە، خان يامۇلىمۇ ئوقۇپ كۆرەر. ئۇلار لايىق كۆرمىسە، يېنىمغا كىرمەمدۇ؟

ھەممىسى كۈلۈشۈپ قويدى، بۇ پەرمان كوچا-كوچىلارغا چاپلانغاندىن كېيىن يۇرت بىر ئاز تىنجىپ قالدى. ئۇرۇش، تالاش ئادەم ئۆلتۈرۈشمۇ پەسەيدى.

# ئون توققۇزىنچى باب

ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرىقى تارىخىدىن قارىغاندا دۇنيادا ئاجايىپ ـ غارايىپ قىسسىلەر، ھېكايىلەر ۋە دەۋرلەرنىڭ سىرلىرى مۆجەسسەملەنگەن چۆچەكلەر پەيدا بولۇپ تۇردى. بۇلار ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە پەلەكنىڭ چاقلىرىغا خىلمۇخىل تۇغلارنى ئېسىپ تۇردى. لېكىن، پەلەكنىڭ چاقى توختاپ قالغىنى يوق، گويا ھەركۈنى قۇياش مەشرىقتىن كۆتۈرۈلۈپ، مەغرىبكە ئولتۇرغىنىدەك تىنماي ئايلىنىپ تۇردى. پەلەكنىڭ چاقى شۇنچىلىك رەھىمسىزكى، بىردەملا ھەممىدىن يۇز ئۆرۈپ شانۇشەۋكەتلىك پادشاھلارنىڭ دۆلىتىنى گۇمران قىلىۋېتەلەيدۇ. بىردەمدىلا پۇقرالارنىڭ تىنچلىقىنى بۇزىدۇ. ياكى پۇقرالارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ھېچكىم مۆلچەرلىيەلمەيدىغان، ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قانۇنىيەت.

مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ شاسېلىمبەگ بىلەن، بىر ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. مەلۇمچى كىرىپ سالامدىن كېيىن دېدى:

— ئۇلۇغ ۋاڭ خوجامغا مەلۇم بولغايكى، كوچاغا كوچا ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىشكە كەتكەنلەر قايتىپ كەپتۇ، ئۇلارنى باشلاپ بارغان زاكىر بەگنىڭ ئۇلۇغ ۋاڭ خوجامغا مەلۇم

قىلىدىغان ئىشلىرى بار چېغىۋا، ئالىيلىرىدىن كىرىشكە ئىجا-
زەت سورايدۇ.

— كىرسۇن، — دېدى ۋاڭ تەئەججۇپ بىلەن.

زاكىر بەگ كىرىپ «ۋاڭ خوجامنىڭ ئالتۇن بويى ئېسەن
بولغاي» دېدى.

ۋاڭ زاكىر بەگكە ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى. زاكىر
بەگنىڭ يادائىغۇ چىرايى قارىداپ قالغانىدى. ئۇ بىر نەرسىدىن
ناھايىتى قاتتىق قورقۇپ كەتكەندەك بېشىنى ئىچىگە تىقىپ
چۈشكۈن ھالەتتە ئولتۇراتتى. زاكىر بەگ گەپنى نەدىن باشلاشنى
بىلەلمەي ئويلىنىپ قالدى. چۈنكى ئۇ كۆڭلىدە ۋاڭ بۇ ۋەقەنى
ئاڭلىسا ئۇنىڭغا قانداق تەسىر قىلار؟ يا بۇ ئادەمنى ئەندىشىگە
سېلىپ قويارمۇ؟ نېمىلا بولمىسۇن ئېيتاي، دەپ ئويلىنىپ
ئولتۇرىۋىدى، ۋاڭ سۆز ئاچتى:

— ھەرقايسىلىرى كۆچاغا كەتكىلى بىر ئاي بولمىدىغۇ
دەيمەن. تېزلا قايتىپ كېلىشىپلاغۇ؟

— ئۇلۇغ ۋاڭ خوجام، كۆچانىڭ نەغمە - ناۋالىرى،
ناخشىلىرىنى ئۆگىنىش بىز ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پۇرسەت
ئىدى. بىراق يۇرت تىنچ بولمىدى. بىز بېرىپ ئون بەش كۈن
ئۆتەر - ئۆتمەي جاھان قالايمىقان بولۇپ كەتتى، — ۋاڭ بۇ
گەپنى ئاڭلاپ ئەجەبلەندى. «بۇ يەردىمۇ جاھان مالىماتاڭ بولسا،
ئۇ يەردىمۇ جاھان مالىماتاڭ بولسا، بۇ قانداق ئىشتۇ.»

— قېنى سۆزلىسىلە، قۇلىقىم سىلىدە.

— خوش، ۋاڭ خوجام، ھېچكىمگە تايىن ئەمەس. بىر
كېچىدىلا ئاسماندىن بالا - قازا ياغقاندەك بىر قانچە تۆگىنىڭ
باشچىلىقىدا كۆچا شەھىرىگە ئوت كەتتى. ئامبال - دارىنلار
قورقۇپ تەرەپ - تەرەپكە قاچتى. يامۇللار كۆيدۈرۈلۈپ كۆلى
كۆككە سورۇلدى. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەم-

ـمسىنىڭ دېگۈدەك كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆرۈنگەنلا خەنزۇلارنى ئۆلتۈردى. بۇ قىرغىنچىلىق شۇنداق دەھشەتلىك بولدىكى، كوچا-كوچىلار قانغا بويالدى. توپىلاڭچىلار بىلەن خان لەشكەرلىرى قاتتىق ئېلىشقان بولسىمۇ، توپىلاڭچىلار زور كېلىپ شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى، — بۇ گەپ-لەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ۋاڭنىڭ چېھرىدىن قان قاچتى. چۈنكى ئۇ سەل ئەنسىرەپ قالغانىدى. زاكىر بەگ بۇ ئەھۋالنى سەزمە-گەن هالدا سۆزلەۋاتاتتى، — بۇ چاغدا، ۋاڭ خوجام جانابلىرى-نىڭ خەۋىرى بولۇشى مۇمكىن، ئەخمەت ۋاڭ خاننىڭ يارلىقى بىلەن يەكەننىڭ هاكىملىقىدىن بىكار قىلىنىپ، ئۆز يۇرتى كۇچادا خانلىقنىڭ يارلىقىنى كۇتۇپ ياتاتتى. قوزغىلاڭچىلار شەھەرنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن ئەخمەت ۋاڭغا ئىلتىجا قى-لىپ: «جانابلىرى، ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ يۇرت سوراپ كەلگەچكە هۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئوبدان بىلىدىلا، شۇڭلاشقا بىز-دەك مۇسۇلمانلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ، ئۆز هۆكۈملىرىنى جارى قىلىپ بەرگەن بولسىلا، بىز سىلىگە جان - دىلىمىز بىلەن ئىشلەپ بەرگەن بولاتتۇق، سىلىنى مۇقەددەس پېشۋا بىلىپ خان قىلىپ تىكلىسەك» دېگەنىدى. ئەخمەت ۋاڭ ئۇلارغا چىراي ئاچماي يۈزىنى تەتۈر ئۆرۈپ ئولتۇرۇۋالدى.

— ئەخمەت ۋاڭ نېمە دېدى؟ — ئالدىراپ سورىدى ۋاڭ.

— ئۇ جاناب مۇنداق دېدى، «سىلەر بولساڭلار ناهايىتى ئاز ئادەم، مەنچىڭ گورۇهى هېسابسىز كۆپ. ئۇلار بىلەن باراۋەر تۇرغىلى بولمايدۇ. مەن بولسام نەچچە ئاتا - بوۋامدىن تارتىپ ئۇلۇغ خاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، چوڭ ئابرۇي تې-پىپ، يەر ، سۇ، زېمىن ۋە نۇرغۇن خالايىققا ئىگە بولۇپ پۇشتۇمدىن، پۇشتۇمغىچە ۋاڭ بولۇپ كەلدىم. مەن خاننى قانچە قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بۇ كىچىككىنە شەھەر شۇنداق

چوڭ مەملىكەتكە قانداق تاقابىل تۇرالايدۇ. مەن خانىنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن. مەن ماڭا تۇز بەرگەن ئۇلۇغىمىزدىن ھەرگىز يۈز ئۆرۈمەيمەن. تۇز ھەققىنى ساقلاش جىمى ئىنسانغا پەرزۇ ۋاجىپتۇر. كىمنى باشلىق قىلىمەن دېسەڭلار شۇنى قىلىڭلار، يېشىم يەتمىشكە يەتتى. كۆرىدىغان دۆلەتنى كۆرۈپ بولدۇم، ئەمدى مەندە دۆلەت سوراش ئارزۇسى قالمىدى» دېدى.

بۇ چاغدا توپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى ھۆركىرەپ كېلىپ مۇنۇلارنى دېدى:

— ھەي، ئۆز دىنىدىن يۈز ئۆرىگەن قارا يۈز، سەن تېخىچە ھۆكۈمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈۋاتامسەن؟ بۇ مەنچىڭنىڭ زېمىنى ئەمەس. بىز ئەزەلدىن ئۆز ئۆزىمىزگە خان ئۆز ئۆزىمىزگە بەگ بولۇپ ئۆتكەن.

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، بەزىدە بۆلۈنۈپ، بەزىدە بويسۇنۇپ ياشىغان.

— تۇفى! قارا يۈز، — دەپ ھېلىقى توپىلاڭچى يەنە گۈركىرىدى، توپىلاڭچىلار ھەر تەرەپتىن «قارا يۈز» دېسە «قارا يۈز» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

— بۇ مەلئۇنىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، مەنچىڭ، بوۋىسىغا ئەۋەتىپ بېرەيلى، — دېدى ھېلىقى توپىلاڭچىلار باشلىقى. ئۇلار دېگەندەك قىلدى. ئەخمەت ۋاڭنى ئورنىدىن سۆرەپ ئاچىقىپ خالايىق ئالدىدا كاللىسىنى ئالدى.

مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. خىلمۇخىل پىكىرلەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلاتتى.

زاكىر بەگ ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— بىز مېڭىشتىن بۇرۇن ئاڭلىساق، سوۋۇر بەگ كۇچاغا

يېتىپ بېرىپ راشىدىن خوجا بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا «قومۇلنى تېزراق پەتھ قىلساڭلار،» دېگەندىكەن، راشىدىن خوجا ئىسھاق خوجىغا ئون ئالتە مىڭ لەشكەر تارتىپ تۇرپان، قومۇلنى پەتھ قىلىشقا پەرمان بېرىپتۇ.

ۋاڭ ئەنسىزچىلىك ئىچىدە تەئەججۈپ بىلەن سورىدى:

— راشىدىن خوجا دېگەن كىمكەن؟

— خوش، ۋاڭ خوجام، گەپنى چالا قىپتىمەن. ئەخمەت ۋاڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن توپىلاڭچىلار كىمنى خان قىلىپ تىكلەيمىز دەپ تالاش - تارتىش قىلىشىپ، ئاخىر كۇچا خوجە-
لىرىدىن بىرى بولغان راشىدىن خوجام دېگەن كىشىنى خان قىلىپ تىكلىمەكچى بولۇشۇپتۇ. بۇ كىشى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ مازىرىدا دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ ياتقانىكەن. بۇ كىشى ئەسلىدە ھېچ كىشىگە ئارىلاشمايدىغان دەرۋىش سۈپەت ئادەم بولۇپ، ئاشۇ مازاردا يېتىپ - قوپىدىكەن. ئۇ چاغلاردا تۇڭگان-
لار كۆپرەك بۇ كىشىنى ئۇستاز تۇتۇپ، تەلىم ئېلىپ تۇرغاچقا، جىمى تۇڭگانلار ئۇ تۇرغان مازارغا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى كۆتۈرگەن پېتى ئېلىپ چىقىپ، «ئەمدى سىلى بىزگە خانلىق ئورنىدا ئولتۇرۇپ باش بولۇپ بەرسىلە» دەپ ئاق كىگىزگە سېلىپ، كۆتۈرۈپ ئاپارغىنىچە خانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. مانا ئەمدى بۇ راشىدىن خوجا «مۇغۇلىستان» غا خان بولغان گەپ.

مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ كۈلۈم-
سىرەپ قويدى. زاكىر بەگ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاللا ئىگەم بەندىلىرىنىڭ كۈنىنى ئاسان قىلغاي. ئۇلۇغ ۋاڭ خوجام، ئۇرۇش دېگەن بىر ۋەھىمە، بىر ۋەيرانچە-
لىق ئىكەن. راشىدىن خوجىنىڭ لەشكەرلىرى ئاز ۋاقىت ئىچە-
دىلا، شەھەر شەھەرلەردە چىڭ لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ. بىرد-

نى قويماپتۇ. شەھەرلەر دېگەن ۋەيرانچىلىق، كەڭ سايلىقلاردا،
تاغ، جىلغىلاردا، ئورماندا، قاپتاللاردا يېتىپ كەتكەن ئۆلۈك-
نىڭ سانى يوق. بەزى جايلاردا، يوللاردا ئۆلۈكلەرنىڭ پۇتلى-
رى، باشلىرى، قوللىرى يولۇچىلارغا تاقىشىپ تۇرىدىكەن،
سۇبھانالللا بۇ كۈنلەرنى هارام قىلسۇن. بەزى ئۆلۈكلەر تۆت -
بەشتىن بولۇپ باشلىرىنى باشلىرىغا يېقىپ تىزلانغان پېتى قۇ-
رۇپ قاپتۇ. بەزى جايلاردا ئۆلۈكلەر مۇناردەك دۆۋىلىنىپ كې-
تىپتۇ. ئادەم دېگەن مۇنداقمۇ رەھىمسىز بولامدۇ؟ ئادەم ئۆلتۇ-
رۇپ يۇرتنى ئالغان بىلەن، ئادەمسىز يۇرتنى قانداق سورىماقچىد-
كىن، بىزنىڭمۇ كۆزلىرىمىزگە ئۆلۈم كۆرۈنۈپ قۇمۇلغا ئاران
كېلىۋالدۇق. زاكىربەگ سۆزىنى تۈگىتىپ ئۇلۇغ كىچىك تىنى-
دى.

* *

مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ئىككى كۈن ئىچىدىلا، شاسبىلى-
بەگ، سىدىق تۈگچى، يۇنۇس قازى ئاخۇنۇم ۋە يەنە بىر قانچە
ئوردا ئەمەلدارلىرىنى قوشۇپ راشىدىن خوجا ئالدىغا ماڭغۇزدى.
بۇلار ئىنتايىن كۆپ سوۋغا - سالاملار بىلەن يولغا چىقتى.
ئۇلارنىڭ سوۋغا - سالاملىرى ئىچىدە نەچچە ئون هارۋا، نەچچە
يۈز تۆگىدە جەڭگاھتا لەشكەر ئىشلىتىدىغان كىگىز ئۆي، مىڭ
دانە يامبۇ، نۇرغۇنلىغان نان، توقاچ، چاي، ئۇن، گۈرۈچ،
يەنە تۇرلۇك قۇرۇق يېمىشلەر؛ مىڭ تۇياق ئاختا ئات، نەچچە
مىڭ قوي كالا بار ئىدى، بۇنىڭدىن باشقا بۇ سوۋغا - سالاملار
ئىچىدە يەنە قىممەت باھالىق ئېسىل جاۋاھىراتلارمۇ بار ئىدى.
سوۋغىلار ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىك مۇھىم سوۋغا جاھانگىرخو-
جا چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قولىغاچۈشكەندە كىيگەن داۋۇت ئەلەي-

ھىسالامىنىڭ تونىغا ئوخشاش بىر دانە تون بار ئىدى. بۇ تونىنىڭ ئىككى مۈرىسى، ئىككى جەينىكىگە، كۆكرىكى، ئىككى تىزى ۋە دۈمبىسىگە خۇددى چىنىنىڭ ئاغزىدەك دۈگىلەك ئالتۇن قۇببە ئورنىتىلغانىدى. بۇ ئالتۇن قۇببىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن سۈيى بىلەن «ئىنناپەتتەھنا» سۈرىسى ـ قۇرئاندىكى غەلبە سۈرىسى يېزىلغانىدى. بۇ قۇببىلەرنىڭ ھەربىرى ئاپتاپتەك پا-لىلداپ تۇراتتى. يەنە جاھانگىر خوجىنىڭ ئالتۇن غىلابلىق شەم-شىرى، ئوقيا، ساداقلىرى، ھەتتا ئۆزى ئىشلىتىدىغان ئالتۇن جاھازلىق ئەينەكلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ سوۋغىلار ئىچىدە يەنە جاھانگىر خوجىنىڭ شۇ چاغدا ئولتۇرغان مەپىسى ۋە ئۇنىڭ ھەممە جابدۇقلىرى خۇددى يېڭىلا تىكىلگەندەك بولۇپ، ياپقۇچ-لىرىغا ئورناتقان لەئلى- جاۋاھىر تاشلار، ئالتۇن قۇببىلار كۆز-نى چاقنىتىپ تۇراتتى. بۇ نەرسىلەرنى جاھانگىرخان شۇ چاغدا قومۇلنىڭ ۋاڭىغا «سىزگە تەۋەرۈك بولسۇن» دەپ بەرگەنىكەن. ۋاڭ بۇ نەرسىلەرنى ئالاھىدە خەزىنىدە ساقلاپ كەلگەنىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى سوۋغا ـ سالاملار ئىچىگە بۇلارنىمۇ قوشۇپ قويىدى.

ئۇلار ئون ئىككى مەنزىل يول يۈرۈپ، تۇرپاندا توختاپ ئىسھاق خوجا بىلەن كۆرۈشتى. ئىسھاق خوجا بۇ سوغا ـ سالام-لارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ھەم كۆڭلىدە مۇھەممەت بېشىر-چىڭۋاڭغا نىسبەتەن ھۆرمەت ـ ئېھتىرام ئۇلغايدى. ئىسھاق خوجا مېھمانلارنى ئىككى كۈن ئوبدان مېھمان قى-لىپ، سوۋغا ـ سالاملىرى بىلەن قوشۇپ راشىدىن خوجىنىڭ ئالدىغا يولغا سالدى. ئۇلار ئۇزاق يوللارنى بېسىپ كۇچاغا يېتىپ كەلدى. راشىدىن خوجا ئالدىن خەۋەر تاپقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئادەم چىقىرىپ كۈتۈۋالدى. ھەم سوۋغا ـ سالاملارنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، قومۇل ۋاڭى مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭغا چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئۇ مۇھەممەت بې-

شىرچىگۋاڭنىڭ خېتىنى ئوقۇپ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. مۇھەممەت بېشىرچىگۋاڭ خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇلۇغ پەزىلەت ئىگىسى، شانۇشەۋكەتلىك راشىدىن خوجا جانابلىرىغا: ئۇلۇغ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئاپتىپىنى يورۇتۇپ، خانلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقلىرىغا چەكسىز مۇبارەك بولسۇن. ئالىيلىرىنىڭ ھىممەتلىرى سايىسىدا مەشرىقتىن، مەغرىبكىچە بولغان خەلق-ئالەمگە چەكسىز ھىممەت مۇرىۋەتلەر بولغۇسى. ئالىيلىرىنىڭ نىجاتلىق يۇلتۇزى جاھاننى يورۇتقۇسىدۇر. ئازغىنە ئىلتىپاتىمىزنى - كۆڭلىمىزنى قوبۇل قىلغايلا. جاھانگىر خان خوجىنىڭ مۇبارەك ئەھلىيالىرىنى ساقلاپ قويغانىدىم. ئالىيلىرىغا خاس بىلىپ ئەۋەتتىم.

تەختى سەلتەنەتلىرى زىيادە، تەنلىرى ساغلام بولغاي.

مۇھەممەت بېشىرچىگۋاڭ

«×× يىل ×× ئاي ×× كۈن.»

بۇ خەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇھەممەت بېشىرچىگۋاڭنىڭ ئانار سۈرەتلىك ئالتۇن تامغىسى بېسىلغانىدى.

راشىدىن خان خوجا سوۋغا - سالام ئېلىپ كەلگۈچىلەرنى نەچچە كۈنگىچە زىياپەتلەر بېرىپ ياخشى كۈتتى. ئۇلار قايتىدىغان چاغدا راشىدىن خان خوجا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ قۇمۇل ۋاڭىغا ئالتۇن تاڭلىق سەللە، كىمخاب تون، خەنجەر يەنە نۇرغۇن ئېسىل سوۋغا- سالاملارنى بەردى ھەمدە، كەلگەن مېھمانلارغىمۇ تون، سەللە، ئېسىل كىيىملەر ۋە نۇرغۇن تىللا ئىنئام قىلىپ ئۇلارنىڭ قايتىشىغا ئىجازەت بەردى.

راشىدىن خوجا مېھمانلارنى ئۆزىتىپلا تورپاندا قۇمۇلغا مېڭىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئىسھاق خوجىغا، قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىش قىلىشقا يارلىق چۈشۈردى.

* *

ئوردىدىن قوغلانغاندىن كېيىن، ئەشرەپنىڭ تېپىۋالغان يامبۇلىرىغا شېرىك بولماقچى بولۇپ پاش بولۇپ قالغان سۇۋۇر بەگ قومۇلدىن قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ شەرقتە گەنسۇغىچە باردى. جەنۇبتا قېچىپ يۈرۈپ كۇچاغا كەلگەندە راشىدىن خوجىنىڭ خانلىق تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ «مەن مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ نەۋرە ئوكىسى بولىمەن» دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ھەم قومۇلدىمۇ چىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، يامۇللىرىغا ئوت قويۇپ، قومۇلنى راشىدىن خوجىنىڭ ئۆز ئىلكىگە ئېلىشىنى دەۋەت قىلدى. راشىدىن خوجا ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى ماقۇل كۆردى، ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق ئويى بار ئىدى. لېكىن راشىدىن خوجا نېمە ئۈچۈندۇ سۇۋۇر بەگنى ئۈچ كۈرۈپ قالغاچقا ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىپات كۆرسەتمىدى. ئەمما، سۇۋۇر بەگ «ئىسھاق بەگنىڭ تورپان، قومۇللارغا لەشكەر باشلاپ مېڭىشىنى مېنىڭ يول كۆرسىتىشىمدىن بولدى. ئەمدى خاننىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ، بېشىر ۋاڭمۇ ھالاك بولماي قالمايدۇ» دەپ ئويلاپ، يۇرتىغا، ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ۋە تېرىسىگە پاتماي قالدى — دە، بىر كۈنى ئەتىگەندە نامازغا چىقىپ ناماز ئەھلىگە ۋەز ئېيتىشقا باشلىدى:

— ئۆزىنىڭ چەكسىز، چوڭقۇر ھىممىتى بىلەن ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى ياراتقان ئاللاتائالانىڭ پەزلى ۋە كەرىمى بىلەن ھەم مۇقەددەس ئەرۋاھلارنىڭ مەدەت بېرىشى ئاستىدا «مۇغۇلىستان[1]» دا قاراخانىيلار خاندانلىقى، سەئىدىيەخانلىقى،

---

① «مۇغۇلىستان» ـ 1347 ـ يىلى چاغاتاي ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن ئالمالىقنى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلغان دۆلەت نامى. قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچالار شۇ دۆلەت تەۋەسىگە كىرەتتى.

خوجا جاھانگىرخانلىقى ئۇزۇن يىللار ھۆكۈم سۈرگەن بولسىمۇ پەلەكنىڭ چاقى بىر چۆرگىلىۋىدى. بۇ يەتتە شەھەر مۇسۇلمان خانلىرىنىڭ قولىدىن ئۆتۈپ، بىر يۈز ئون سەككىز يىل مۇقەددەم خاقانى چىنگە تەۋە بولغانىدى، مانا ئەمدى بۈگۈنكى كۈندە يەنە پەلەكنىڭ چاقى بىر ئۆرۈلۈپلا كوچادىكى بىر قانچە تۈگگان قوزغىلىپ، كۈچا شەھىرىنىڭ بازارلىرىغا ئوت قويۇپ، ئامبال يامۇللىرىنى كۆيدۈرۈپ، خىيانەتچى، پارىخور چىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى خوجا راشىدىنغا ئېلىپ بەردى. خوجا راشىدىن ئون ئالتە مىڭ لەشكەر قوشۇننى باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلدى. خوجا راشىدىن خان خوجا ئەمدى جەنۇبتىكى شەھەرلەرگىلا ئەمەس، شەرقتىكى شەھەرلەرگىمۇ يەنى قۇمۇل، تۇرپانغىمۇ خوجا بولغۇسى.

— ئاغزىڭغا تاش - تۇپراق، تىنى تارتماي ئۆل، — دېدى مەزىن ئاخۇنۇم.

— بۇنى تۇتۇڭلار، — دېدى مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ كىچىك ئىنىسى يۇسۇپ، — ئوردىنىڭ پەرمانى بار!. مانا مۇشۇنداق جاھاننى پاراكەندە قىلىش كويىدا يۈرگەن ماجىراچىلارنى تۇتۇڭلار! دېگەن ئەمەسمۇ؟!

سۇۋۇر بەگ ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن يوقالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرەلمىدى. ئەمما بۇ ئىش دەرھال ۋاڭغا يەتكۈزۈلدى. ۋاڭ بېشىنى تۇتقىنىچە بىرپەس ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى. نەمتۇللا تەيجى «ئۇنى تۇتۇپ سولاپ قويۇش كېرەك» دېدى. لېكىن ۋاڭ بۇنىڭغا ئىپادە بىلدۈرمىدى.

ئىسھاق خوجا نەچچە مىڭ لەشكىرى بىلەن ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى. مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ بولارنىڭ كېلىشىدىن ئالدىن خەۋەر تاپتى. شۇڭا ئۇ، ئۇلارنى

ياخشى كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن تەييارلىقلارنى قىلدۇردى. ھەم ئۇلارنى تۆۋەن ئوردا، يۇقىرى ئوردىلارغا ئورۇنلاشتۇرماقچى بولدى.

ئىسھاق خوجا لەشكەرلىرى بىلەن سومقاغىغا يېتىپ كەلگەندە مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ھەم ئىسھاق خوجا بىلەن سۆھبەتتە بولدى. ئىسھاق خوجا مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ سالاپەتلىك ئەمما كەمتەر، ئاز سۆزلىسىمۇ ھەققانىيەت ۋە پاكلىقنى ياقلايدىغان، ئاۋام پۇقرا ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان خۇلق - مىجەزىدىن تەسىرلىنىپ قالدى.

ئىسھاق خوجا ۋە ئۇنىڭ لەشكەر باشلىقلىرى، لەشكەرلىرى مۇۋاپىق ھۇجرىلارغا، كاتتا سارايلارغا ئورۇنلاشتى. ئۇلارغا كۈنىگە نەچچە يۈزلەپ قوي، كالىلار سويۇلۇپ تۇردى. كۈندە دېگۈدەك نان، توقاچ، تاختا - تاختا چاي، تۈرلۈك يەل - يېمىشلەر كەم بولمىدى. ئۇلارغا سەككىز يۈز ئېگەر - جابدۇقلۇق ئورۇش ئېتى، قورال - ياراغ، ساۋۇت، يا، يائوقى، قىلىچ، نەيزە، بايراق قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلدى. ئىسھاق خوجا ۋە ئۇنىڭ خەلىپىلىرىگە ئالتۇن، يامبۇ، زەرتون قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلدى. ئىسھاق خوجا باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەر، قومۇلغا كېلىپ گويا جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك يەپ - ئىچىپ يايراپ كەتتى. ئىسھاق خوجا يوشۇرۇن ھالدا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قومۇلدىكى ئەمەلدارلىرى، لەشكەرلىرى، خەنزۇلار توپلاشقان جايلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىدى. ئۇ بۇ يەردە خانىنىڭ ئامبال - دارىنلىرىغا، ئايماق بەگلىرىگە، لەشكەرلىرىگە ھېچ قانداق دەخلى تەرۇز يەتمىگەنلىكىنى، بارىكۆلدە نۇرغۇن لەشكەرلەر بىلەن ھەربىي قوماندانلار بارلىقىنى ئاڭلاپ،

ئالدى بىلەن باركۆلگە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى. بۇنى بىلىپ قالغان مۇھەممەت بېشىرچىگۋاڭ ئىسھاق خوجىنىڭ ئالدىغا كىرىپ دېدى:

— جانابلىرى بىلەن دىنىمىز بىر قېرىنداشلار بىز، ھەرقايسىلىرىنىڭ مەقسەت، مۇددىئالىرى ماڭا ئايان، بىز خەلقنى چۈچۈتۈپ قويمىساق، بۇ يەردىكى ئىشلارنى ماڭا قويۇپ بەرسىلە، راست گەپنى دېگەندە، ئەگەر باركۆلگە يۈرۈش قىلسىلا يوللار بەك خەتەرلىك، داۋانلار كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باركۆلدىكى لەشكەرلەر ئۇرۇش ماھارىتىگە پىشقان، ناھايىتى كۈچلۈك لەشكەرلەردۇر. ئۇلارنىڭ قېرىلىرى جاھانگىرخان خوجىنى يېڭىشتە باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلەر. مەن تەكشۈرتۈپ كۆرسەم، ئۇلار كۆشۈتە داۋىنىنى ماكان تۇتۇپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ تۇرۇپتۇدەك، يول بىلمىگە قېرىنداشلار تاغ ئېغىزىغا بارا- بارمايلا تۇكۇلۇپ بولىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىكى ئىشلارنى ماڭا قويۇپ بەرسىلە، ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلاي، — دېدى.

ئىسھاق خوجا ئويلىنىپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە ۋاڭنىڭ سۆزلىرىنى ماقۇل كۆردى، شۇنداق بولسىمۇ راشىدىن خوجىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن بىر نەرسە دېيىلى دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش تەييارلىقىغا چۈشۈپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان لەشكەرلەرنى بىر نەچچە كۈن ئارام ئېلىشقا قويۇپ بەردى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئىسھاق خوجا ئەۋەتكەن چاپارمەن راشىدىن خوجىنىڭ يېنىغا يەتمەيلا، راشىدىن خوجىنىڭ چاپارمىنى پەرمان ئېلىپ كەلدى. پەرماندا مۇنداق دېيىلگەن: «قىرغىز قىپچاقلار كاشغەرنى ئالدى ۋە يەركەننىمۇ، بېسىۋاپتۇ، ئۇ تەرەپتىكى خوجىلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەلدى. نۇرغۇن لەشكەر، قورال ـ ياراغ ۋە خەزىنە زىيان بولدى. ئۆزلىرى

دەرھال لەشكەرلەرنى باشلاپ كېلىپ، ئەنجانلىقلار ۋە قىپچاقلار-
دىن بۇ شەھەرلەرنى ئاجرىتىپ ئالمىسىلا، دۈشمەنلەر كۆچىيىپ
كەتسە ئىش ياخشى بولماس. چۈنكى بۇلار بىزگە يېقىن كېلىپ
قالغان ئەڭ يامان دۈشمەندۇر، تامام» دەپ يېزىلغانىدى. بۇ
خەۋەر تېزدىن لەشكەرلەر ئارىسىغا تارالدى. بۇياققا كەلگەن
لەشكەرلەرنىڭ كۆپى ئەنە شۇ شەھەرلەردىن ئىدى. شوڭا لەش-
كەرلەر پاراكەندىچىلىككە چۈشۈپ قالدى. لەشكەرلەر ئۈستى -
ئۈستىگە ئىسھاق خوجىدىن ئۆتۈنۈپ «ئالدى بىلەن ئۆز يۇرتلى-
رىمىزنى تىنجىتىپ، ئاتا- ئانا، خوتۇن - باللىرىمىزغا ئاما-
لىق ئاتا قىلغاندىن كېيىن، بۇ شەھەرلەرگە كېلىپ، لۈكچۈن،
ئۈرۈمچىلەرگە بېرىپ ئۇرۇش قىلايلى، ھازىر بىزنىڭ كۆڭلى-
مىز بىئارام، جەڭ قىلساق غەلىبە قىلالمايمىز» دەپ تۇرىۋال-
دى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدىكى ئىشلارنى قۇمۇل ۋاڭى مۇھەم-
مەت بېشىر چىڭۋاڭغا تاپشۇرۇپ، ئىسھاق خوجا ۋە ئۇنىڭ لەش-
كەرلىرى قايتىپ كەتتى.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ
كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ قالدى. چۈنكى ئۇ راشىدىن خوجا ۋە
ئۇنىڭ لەشكەرلىرىدىن قورققانىدى. بىھۇدە قان تۆكۈلۈشنى
ئەسلا خالىمايتتى. ۋاڭ «راشىدىن خوجا باشقا شەھەرلەردە قىل-
غان قىرغىنچىلىقنى قۇمۇلدىمۇ قىلىپ، پۈتۈن خەزىنىنى، خا-
نىڭ ئەمەلدارلىرىنى، لەشكەرلىرىنى قىرىۋەتسە خانىنىڭ يۈزىگە
قانداق قارايمەن» دەپ ئويلىغانىدى. ئاخىر ئىش ئۇنىڭ كۆتكە-
نىدەك بولدى.

ئىسھاق خوجىنىڭ لەشكەرلىرى كېتىپ، ئەتىسى كەچتەلو-
چىڭ تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان پانۇس كۆتۈرگەن خەلق نۇياڭگار
ئويناپ ئوردا ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئوردا ئالدىدىكى قارا ياغاچ-
لار سايە تاشلاپ تۇرغان كەڭ سەينادا ياغاچ پۈتلۈق، كىمە قىيىقلارغا
ئولتۇرغان نۇياڭگارچىلار نۇياڭگار ئويناپ، ئەجدىھا، شىر ئويۇنلىرىنى
ئويناپ، ۋاڭنىڭ ئۆزلىرىگە كۆرسەتكەن ھىممىتىگە ئاپىرىن ئوقىدى.

«مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ياشىسۇن!» دەپ شوئارلار توۋلىدى. بۇلار-نىڭ ئىچىدە خان ئامبىلى، ئايماق بېگى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ بار ئىدى.

ئەتىسى باركۆلدىكى خان لەشكەر قوشۇنىنىڭ قوماندانى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى كېلىپ مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭغا باش ئۇرۇپ، قومۇلنى ئامان ساقلاپ قالغانلىقىنى مەدھىيىلىدى.

# يىگىرمىنچى باب

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭلار ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. يۈننەندە ناھايىتى كۆپ خۇيزۇلار چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ قىلغانىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ قوزغىلاڭنى قانلىق باستۇردى. لېكىن دا-خو، شياۋخۇ قاتارلىقلار نۇرغۇن ئادەم تەشكىللەپ شەنشى، لەنجۇ تەرەپلەردىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىشىپ، چىڭ ھۆ-كۈمىتىگە ئارام بەرمىدى. ئۈرۈمچىدىمۇ خۇيزۇلار قوزغىلىپ چىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىغانىدى، چىڭ ئەسكەرلىرى، نەنسەننى بازا قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىشقا باشلى-دى. بۇ چاغدا قۇمۇلدىكى زەربە يېگەن خۇيزۇلار، بىزنىڭ تەلىپىمىزنى توغرا بىر تەرەپ قىلمىدى، خان ئامبىلى ئالدامچى-لىق قىلدى دەپ ئۆكتە قوپۇپ، كوچا - كوچىدا بىر نەچچە خەنزۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن خەنزۇلار، سىرتقا چىقال-مايدىغان، ھەتتا ئۇلارمۇ بىرلىشىپ خۇيزۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەيدىغان ئىشلار كۆپىيىپ قالدى. خۇي-زۇلار بولسا كوچا - كوچىلارغا خەت چاپلاپ «خان يامۇلغا ئوت قويۇپ، پۈتۈن بازارنى كۆيدۈرۈۋېتىمىز» دەپ جار سېلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن خان ئامبىلى، قۇمۇل ۋاڭى يەنە گەندى-شىگە چۈشۈپ قالدى. ئەنە شۇ كۈنلەردە، دەسلەپتە خەنزۇلار

بىلەن خۇيزۇلار ئوتتۇرىسىدا ماجىرا چىقىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈش-
لەر ئەۋج ئالغان ۋاقىتتا خان ئامبىلىنىڭ بېيجىڭگە - خاننىڭ
ئالدىغا ئەۋەتكەن مەلۇمچىسى قايتىپ كەلدى. ئۇ خاننىڭ پەرما-
نىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. خان ئامبىلى يارلىقنى ئوقۇپ خوش
بولۇپ كەتتى. چۈنكى شۇ كۈنلەردە، ئامبال «قۇمۇل ۋاڭى
خاننىڭ ئالدىدا يۈز تېپىپ كېتىدىغان بولدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ
يۈرىكىنى بىر سىقىپ قويۇش كېرەك ئىدى» دەپ ئويلاپ يۈرەت-
تى. ئۇ يارلىقنى كۆرۈپ بولۇپلا، ۋاڭنى «كېڭەش بار» دەپ
ئالدىغا چاقىرتتى. ۋاڭ بۇ ئىشتىن تەئەججۇپلەنگەن بولسىمۇ،
بىراق شۇ ۋاقىتتىكى پاراكەندىچىلىكنى ئويلىغان ھالدا ئوردا
ئەمەلدارلىرىدىن شاسىلىمبەگ ھەم سىدىق بەگ تۇڭچى، ئوردا
قازىسى ۋە بىر نەچچە مۇھاپىزەتچىسىنى ئېلىپ، خاس مەپىسگە
ئولتۇرۇپ خان يامۇلىغا چىقتى.

ئامبال، ئايماق بېگى، يامۇل خىزمەتچىلىرى ۋاڭنى چوڭ
قوۋۇق ئالدىدا كۈتۈۋالدى. ۋاڭ ئامبال، ئايماق بېگىنىڭ سالە-
مىنى قوبۇل قىلىپ، چىرايى تۈتۈق ھالدا، بىر خىل تەمكىن-
لىك بىلەن يامۇلنىڭ كېڭەش زالىغا كىردى ھەم يۇقىرى ئۆتۈپ
خاس ئورنىدا ئولتۇردى. ئاردا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم
سۈردى. ۋاڭ ئالدىن سۆز ئاچتى:

— خان ئالىيلىرى ھەرقايسىڭلارنى قۇمۇلنىڭ تىنچلىقى،
ئىتتىپاقلىقى، باي - باياشاتلىقى، ئاۋام خەلقىنىڭ خاتىرجەم
ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن بۇ يەردە تۇرغۇزغان. ئەپسۇسكى، بىر
يىلغا يېقىن بولدى، قالايمىقانچىلىقلار تېخىچە بېسىلمىدى. نۇر-
غۇنلىغان ئادەملەر ئۆلۈپ كەتتى. قېنى سىلەرنىڭ ئامانلىق
ساقلاش خادىمىڭلار، ئۇلار زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

خان ئامبىلى قىيسىق كۆزلىرىنى سۈزۈپ، بىشىر ۋاڭغا
قىيا بېقىپ قاراپ قويىدى ھەم كېكىردىكىنى قىرىپ سۆزلەشكە

باشلىدى:

— ھەممىمىزنىڭ ئۆز ئورنىمىزدا ۋەزىپىمىز بار. قومۇلنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن، ھەممىمىز بىردەك كۈچ چىقىرىمىز. ۋاڭ ئالىيلىرىنىڭ دېگىنى توغرا، بىز سەل بىخۇدلۇق قىلىپ قاپتۇق. ئەمدى سەن - پەن دېيىشمەي ئالدىمىزدىكى ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلاپ كۆرسەك، ھازىرغىچە ئىككى مىللەتنىڭ بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشى نەچچە يۈز كىشىگە باردى. ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنلەردىلا خان ئالىيلىرىغا مەلۇمات يوللىغان ئىدۇق. مانا ئەمدى خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا كەتكەن مەلۇمچى ئۇلۇغ خانىمىزنىڭ پەرمانىنى ئېلىپ قايتىپ چىقتى.

ۋاڭ، خان پەرمانىدا نېمە دەپتۇ، دېگەندەك قىلىپ ئامبالغا قارىدى. ئامبال مەغرۇر قىياپەتتە خاننىڭ پەرمانىنى سىدىق تۇڭچىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. سىدىق تۇڭچى خاننىڭ پەرمانىنى بېشىغا كۆتۈرۈپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئوقۇپ بەردى. پەرماننىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«. . . قومۇلدىكى خۇيزۇلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بولغان ۋەقە ئاددىي ۋەقە ئەمەس. ئۇ خانلىققا قارشى كۆتۈرۈلگەن شەنشى، گەنسۇ، نىڭشا، چىڭخەيلەردىكى ۋە شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىكى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭىنىڭ داۋامىدۇر. بۇنىڭغا سەل چاغلاپ، بىخۇد بولۇش خانلىقنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرۇپ، نەچچە مىڭ يىللىق ھاكىمىيەت تارىخىنى دەپسەندە قىلغانلىق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى خانلىقنى ئاغدۇرۇش، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوردىدىكى قوزغىلاڭنى قوللىغۇچىلاردىن پەتنۇش تەيجىنى بالا چاقىسى بىلەن قوشۇپ قىرىپ تاشلاڭلار، خۇيزۇلارنىڭ خەنزۇلارغا قارشى ھەرىكىتى ۋاقتىدا باستۇرۇلسۇن» پەرمانىنى ئاڭلىغان ۋاڭنىڭ بايىقى كەيپىياتى ئۆزگىرىپ، قويۇق قاشلىرى

ئارىسىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قالغاندەك بولدى. ئۇ چوڭ بىر كۈچنىڭ گەجگىسىدىن مەھكەم بېسىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

كۆزلىرى مۇغەمبەرلەرچە يېنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن تەكەببۇرلۇق، ئەسەبىيلىك، بىلەرمەنلىك چىقىپ تۇرغان خان ئامبىلى ۋاڭنىڭ كەيپىياتىنى يەر ئاستىدىن كۈزەتتى.

ئەگەر مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ بۇنىڭغا قارشى چىقسا، خان ئامبىلى بۈگۈنلا خانغا مەلۇمات يېزىپ مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنى چېقىشى، ئۇنىمۇ خويزۇلارنىڭ بۇ ئىشنى قوللىدى، دەپ تۆھمەت چاپلاپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدۇرۇشى مۇمكىن ئېدى. شۇڭا مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خاننىڭ يارلىقىنى ئىجرا قىلىش بىزگە ۋاجىپتۇر، — دېدى - دە، گۈرس - گۈرس دەسسەپ يىغىن زالىدىن چىقىپ كەتتى. ئامبال بېگى، ئايماق بېگى ئارقىدىن پايپاسلاپ ۋاڭنى ئۇزىتىپ چىقتى.

ۋاڭ بۈگۈن ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان يۈرەك ئازابىغا دۇچ كەلدى. «پەتنۇش تەيجىنى بالا - چاقىسى بىلەن قوشۇپ قەتلى قىلامدۇق؟! بىر نەچچە ئىغىز گەپ قىلىپ قويغىنى ئۈچۈنمۇ؟ بۇ گەپنى يامۇلغا كىم كۆتۈرۈپ چىقتى؟! ئادەم ئۆلتۈرۈش، قىرىش، چېپىش شۇنداق ئاسان ئىشمۇ؟... مەن نېمە قىلىۋاتىمەن. بۇلار نېمە قىلىۋاتىدۇ، زادى...» مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ خۇددى زەھەر يۇتۇۋالغان كىشىدەك ئازابلاندى.

ۋاڭنىڭ مەيىسى كۆتەمە كۆۋرۈككە كەلگەنىدى، مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنى ساقلاپ تۇرغان بىر توپ خويزۇلار، ۋاڭنىڭ ئالدىنى توسىدى:

— ۋاڭ ئالىيلىرى، بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئون نەپەر خۇيزۇ قېرىنداشىمىز جېنىمىدىن ئايرىلدى. بۇلارنى خان يامۇلىدىكىلەر ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. سىز بىر مۇسۇلمان تۇرۇقلۇق، بىزگە ياردەم قىلمامسىز، بىز ئاشۇنداق قىرىلىپ تۈگەمدۇق؟ — دېدى ئۇلار مەيىگە قوشقان قېچىرنىڭ بېشىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ.

ۋاڭ جاۋاب بەردى:

— سىلەر ئەسلىدە توغرا قىلمىدىڭلار، پۈتۈن مەسىلە سىلەردىن كېلىپ چىقتى. خەنزۇ قاسساپنى ئۆلتۈرۈپ قويمىساڭلار، بۇ ئىشلارمۇ كېلىپ چىقمايتتى. گۇناھ سىلەردىن ئۆتتى. بارلىق قىچىنى ئۆزۈڭلەر تېرىپ قويدۇڭلار، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يۇرت بۇزۇلدى. خەلق پاراكەندە بولدى. ئەمدى مەن سىلەرنى دەپ خانغا قارشى چىقسام بولامدۇ. ياخشىراق ئويلىنىپ، ئاچچىقىڭلارغا هاي بېرىڭلار، زىيان تارتقانلارنىڭ زىيىنىنى، ئۆلگەنلەرنىڭ خۇن ھەققىنى مەن تۆلەپ بېرەي، سىلەر بېسىقىپ قېلىڭلار، بولمىسا ئۆزۈڭلار زىيان تارتىسە-لەر، پۈتۈن دۆلەتنى ئىگىلەپ تۇرغان شۇنداق بىر كۆپ مىللەتكە سىلەر بىلەن بىز تەڭ تۇرالامدۇق؟ سىلەر خۇيزۇلارنىڭ كاتتى-لىرى، ئاخۇنلىرى ئىكەنسىلەر، مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ-لار. خاندىن يارلىق چىقتى. بۇ سىلەرگە پايدىسىز. شۇڭلاشقا ھەممىڭلار بۈگۈندىن باشلاپ جىمىپ قېلىڭلار، بولمىسا ھەم-مىڭلار ھالاكەتكە ئۇچرايسىلەر.

— ۋاي مەلئۇن، — دەپ تىللىدى خۇيزۇلاردىن بىرى، - سەنزە كاپىرلارغا دىنىڭنى سېتىپسەن - ھە؟! قېنى سېنىڭ مۇسۇلمان ۋاڭ بولغىنىڭ! تۇفى! خىتاينى ساقلاپ قېلىش ئۈ-چۈن ئىسھاق بەگ، راشىدىن خوجىلارغا نۇرغۇن سوۋغا - سالام بېرىپ، ئۇلارنى ئالداپ لەشكەرلىرىنى قايتۇردۇڭ. ۋاي، ئىك-كى يۈزلىمە!!

بۇ ھاقارەتكە چىدىمىغان شاسېلىمبەگ ھەم ۋاڭنىڭ قوغدى-
غۇچىلىرى تۇڭگان ئاخۇنلارنىڭ باش - كۆزلىرىگە ئۇرۇپ قاند-
ىتىۋەتتى. ھەش - پەش دېگۈچە خۇيزۇ ئاخۇنلاردىن ئىككىسىنى
ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى.

شۇ كېچىسى پۈتۈن خۇيزۇلار يىغىلىپ ۋاڭ ئوردىسىغا
تاش - كېسەك ئېتىپ، ۋاڭغا قارشى شوئارلارنى توۋلاپ ئوردى-
نى ساراسىمىگە سالدى.

خان يامۇلى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ نەچچە يۈز چېرىكنى
باشلاپ كىرىپ، خۇيزۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تېرىپىرەن قىلىۋەتتى.
ئارانلا تۇرغان خان ئامبىلى يەنە چېرىكلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ
خۇيزۇلا بولسا تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇدى، بۇنى ئاڭلىغان قۇمۇل
تەۋەسىدىكى بارلىق خۇيزۇلار بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ ئالتۇن-
لۇقتىكى ھېيتگاھنىڭ ئىچىگە سولىنىۋالدى.

مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئىرادى-
سىگە خىلاپ ھالدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ قان تۆكۈلۈشلەرگە ھەس-
رەتلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن پەتىنۇش تەيجىنى بالا - چاقىسى
بىلەن قىرىپ تاشلاش مەسىلىسىگە ھەسرەتلىنەتتى. ئۇ پەتىنۇس
تەيجىنىڭ تۈز كۆڭۈللۈكىنى چۈشىنەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ دەۋرى-
دىن تارتىپ خىزمەت قىلغان، ھېچكىمگە زىيىنى تەگمىگەن بىر
ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قەلەم كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ
شېئىرىيەتتە، يېزىش، ئوقۇش جەھەتلەردە ئۇنىڭغا يېتىدىغىنى
يوق ئىدى. ئەردىشىر ۋاڭ دەۋرىدە ئۇ باراۋەت، مىلىلەردە،
مۇشائىرە يىغىلىشلىرىدا ھازىر جاۋاب شېئىر، قوشاقلارنى تو-
قۇپ ئېيتىپ داڭق چىقارغانىدى. ئەردىشىر ۋاڭ ئۇنىڭغا ناھايى-
تى ئامراق ئىدى. ئۇمۇ ئەردىشىر ۋاڭنىڭ ئۆلۈمىگە ياش تۆك-
تى. ئۇ مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنى بولسا ئۆز بالىسى ياكى قېرىن-
دىشى قاتارىدا كۆرەتتى. مانا ئەمدى يېشى سەكسەندىن ئاشقان

بىر ئاقىل كىشى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا ئۆز ئەجىلى بىلەن
ئۆلسە بولمامدۇ؟ بىر ئادەمنى گۇناھكار چاغلاپ ئائىلىسىنىمۇ
قىرىۋېتەمدۇق؟

مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ دادىسىنىڭ، ئاپىسىنىڭ، ئايالى
ھەجەر خېنىمنىڭ ئۆلۈمىدىن باشقا ئۆلۈم ھادىسىسىنى كۆرۈپ
باقمىغانىدى. مانا ئەمدى بىر يىلدىن بېرى بولۇۋاتقان ئۆلۈم -
يېتىم ئىشلىرى ئۇنى گاڭگىرىتىپلا قويدى. ئۇ پەتنۇش تەيجىنى
قەتلى قىلىش ھەققىدىكى خاننىڭ پەرمانىنى ئۇققاندىن كېيىن
مېھرىبانۇ پۇجۇڭغا كۆز يېشى قىلىپ «بۇ جاھان قانداق بولۇپ
كەتتى. مەن ئەمدى ئۆزۈمنىڭ دادىسىدەك بىر ئادەمنى ئائىلىسى
بىلەن قەتلى قىلامدىم؟» دەپ ئاھ ئۇردى. مېھرىبانۇ پۇجۇڭمۇ
مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ بىلەن بىرگە كۆز يېشى قىلغانىدى.
بۇ ئىشنى ئوردىدا، ئوردىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىچىگە سالغاند-
دىمۇ ھەممىسى ھەيران قېلىشقانىدى، ئەمما خان يارلىقىنى
ئىجرا قىلماي مۇمكىنمۇ؟ ھەي، يا، ئازراق كىچىكتۈرگىلى،
خاندىن پەتنۇش تەيجىنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىگىلى بولار-
مۇ، بۇنىڭغا ئامال قىلىپ باقاي، — دېگەنلەرنى ئويلاپ ياتقان
تۈن يېرىمىدىلا خان ئامبىلىنىڭ جاللاتلىرى پەتنۇش تەيجىنىڭ
ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، پەتنۇش تەيجىنى، ئايالىنى ۋە بىر
ئوغلىنى قەتلى قىلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ كۈنى ئالتۇن-
لۇققا سولىنىۋالغان بارلىق خويزۇلارنى بالا - چاقىسىدىن تار-
تىپ قىرىپ تاشلىدى. ئالتۇنلۇقنىڭ ئىچى قانغا تولدى[1] بۇلار-
نىڭ ئىچىدىن بىرلا خويزۇ يىگىتى قېچىپ قۇتۇلغانىدى. ئۇنى
خان چېرىكلىرى تۇتالمىدى.

---

① — ئالتۇنلۇقتىكى ھېيتگاھ ئاستىغا ياتقۇزۇلغان تاشنىڭ ئاستىغا ئۇيۇپ كەتكەن قان ئازادلىققىچە ساقلانغان.

بۇ قىرغىنچىلىقلارنى ئاڭلىغان مۇھەممەت بېشىر چىڭ ۋاڭ ئاغرىنىپ يېتىپ قالدى. نەمىتۇللا تەيجى نۇرغۇن خەلقنى يىغىپ، يەرلىك قازدۇرۇپ شېھىت بولغان خويزۇلارنى دەپنە قىلدى. خەلق بۇ قانلىق باستۇرۇشنىڭ ۋەھىمىسىدە كوچا ــ كوچىلاردا يىغا ــ زارە قىلىشتى. مەسچىتلەردە نەزىر ئۆتكۈزۈپ، ئۇلار- نىڭ روھىغا دۇئا قىلدى. ھېيتگاھنىڭ ئاستىغا ئويۇپ كەتكەن قانلارنى زاراتگاھلىقتىن ئۇرا كولاپ، تۆكۈپ كۆمۈۋەتتى.

مۇھەممەت بېشىر چىڭ ۋاڭ بىر قانچە كۈنلەرگىچە كۆزىنىمۇ ئاچماي ياتتى. غىزادىنمۇ قالدى. ئوردىنىڭ تېۋىپى بۇ كۆپ ئاغرىمايدىغان، تېنى ساغلام ئادەمنىڭ بىراقلا ھالىدىن كېتىشى- دىن ئەنسىرەپ قالدى. ئەمما ئۇ كېچە ــ كۈندۈز ناھايىتى ياخشى داۋالىدى. ئاخىر ۋاڭ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە ئازراق تاماققا كىرىشتى. لېكىن، ۋاڭنىڭ چىرايى سارغىيىپ، كۆزلىرى ئول- تۇرۇشۇپ قالدى. مېھرىبانو خېنىم ۋاڭنىڭ يېنىدىن كەتمەي ئۇنى كۈتتى. ھەم ۋاڭغا تەسەللى بەردى:

ــ ۋاڭ خوجام، سەۋر قىلسىلا، سەۋر ئەقىلنىڭ تۈۋرۈ- كى دەيدۇ. ئادەم ئۈچۈن بىرلا نەرسە ئۆزىگە دۈشمەن بولىدى- كەن، ئۇ بولسىمۇ ئاچچىق، ئاچچىق يۇتماق زەھەر يۇتماقتۇر. مۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى كىم ئويلاپتۇ دەيلا، بۇ ئىشلار بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدا ئەمەسكەن، قانداق قىلىمىز ئەمدى. بۇ جاھان راھىتىمۇ بار، ھەسرىتىمۇ بار، بىر مۇرەككەپ جاھان ئىكەن! باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا ئامال يوق.

ۋاڭ غەزەپلەندى:

ــ نەچچە يۈز بىگۇناھ پۇقرا ئۆلگۈچە مەن ئۆلسەم بولمام- دۇ؟ مەن بىر ۋاڭ تۇرۇقلۇق، ئۆز زېمىنىمدا بولۇۋاتقان شۇن- چىلىك ئىشلارنى توسۇپ قالغۇدەك قۇدرىتىم يوقمۇ؟ بىز بۇ يەردە ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ۋاڭ بولۇپ تۇرۇقلۇق، خەلقنىڭ

دەردىگە دەرمان بولمىساق، بۇنداق ۋاڭلىقنى نېمە قىلىمىز؟ مەيلى ئۇيغۇر بولسۇن، مەيلى خەنزۇ بولسۇن، مەيلى خۇيزۇ بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش ئادەم، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى يامانلىرىغا چارە كۆرسەك بولمامدۇ. نېمىدەپ بىگۇناھ خەلقنى قىرىمىز، ئاھ - خۇدا! رەھىمسىز مەلئۇنلارنىڭ جازاسىنى بەرگەيسەن.

مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ئارتۇقچە گەپنى ياخشى كۆرمەيدىغان، ئۆزىگە تېگىشلىك گەپتىن باشقىنى قىلمايدىغان ئادەم ئىدى. ئەمدى ئاغزىغا نېمە كەلسە شۇنى دەپ قورسىقىنى بوشىتىدىغان بولۇۋالدى.

ۋاڭنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ خان ئامبىلى يوقلاپ كىرىۋىدى. «كۆرۈشمەيمەن» دەپ رەت قىلدى. ئېلىپ كىرگەن سوۋغا - سالاملىرىنىمۇ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئوردىدىن چىقارغۇزۇۋەتتى، ھەم:

— ئەمدى قولىدىن كەلسە، مېنىڭمۇ كاللامنى ئالدۇرسۇن، ئۇ مۇناپىق، ئادەمخور، يالماۋۇز، — دەپ تىللىدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ھېلىقى قوتۇلۇپ قالغان خۇيزۇ يىگىت بىلەن سوۋۇر بەگنىڭ ئورۇمچى تەرەپكە كېتىۋاتقان خەۋىرى كەلدى.

— ئەمدى ئىش تېخىمۇ چاتاق ۋاڭ خوجام، — دېدى، شاسېلىمبەگ، — سوۋۇرنى تۇتۇپ سولاپ قويايلى دېسەك ئۇنۇمىدىلا، ئەمدى ئۇلار نەگە مېڭىپتۇ. ئويلاپ كۆرسىلە، ۋاڭ خوجام، ئۇلار ئورۇمچىگە چىقىپ، ئورۇمچىدىكى خۇيزۇ توپىلاڭچىلارنى تاپماقچى، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاپ، ئادەم باشلاپ كېلىپ بىزگە قارشى چىقماقچى.

مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سەگەكلىشىپ قالدى ۋە ئورنىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە بولدى:

— راستىلا شۇنداق قىلارمۇ؟
— ئۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ۋاڭ خوجام «ئۇتنى سەل چاغلىما كۆيدۈرىدۇ. دۈشمەننى سەل چاغلىما ئۆلتۈرىدۇ» دېگەن گەپ بار. سوۋۇر دېگەن بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى ۋاڭ خوجام، ئۇ چوقۇم بۇ يەردىكى ئىشلارنى - بىزنىڭ كۆچمىزنى، بۇ يەرنىڭ يەرشارائىتىنى ۋە باشقا دۈشمەنگە پايدىلىق بولغان ئىشلارنى مەلۇم قىلىدۇ. ئۇلار بولسا يۈرەكلىنىپ بۇ ياققا ھۇجۇم قىلىدۇ.
ۋاڭ ناھايىتى تېزلا ئەھۋالنى مۆلچەرلەپ بولدى ھەم پەرمان قىلدى:
— بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغ، بارلىق يېزا، قىشلاقلاردىن كۆچتۈڭگۈر پالۋانلارنى توپلاپ، قوراللاندۇرۇپ، ھەرقانداق دۈشمەنگە قارشى تەييارلىق قىلايلى.
مانا بۇ پەرمان بىلەن نەچچە مىڭلىغان پالۋانلار ئوردا ئەتراپىغا يىغىلدى. ئەمما يوشۇرۇن بىر ۋەھىمە مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ يۈرىكىنى سىقىپ تۇراتتى.
ئەنە شۇكۈنلەردە قۇمۇلدا ناھايىتى قاتتىق يەر تەۋرىدى. خەلقىنىڭ كونا ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. نۇرغۇن ئۆيلەرگە دەز كەتتى. ئۆگزىلەرنىڭ ئارقا ياكى ئالدى تەرەپلىرى يوپۇرۇلۇپ چۈشتى. يەر تەۋرەش كۈندۈزى يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەملەر قېچىپ قۇتۇلدى. شۇنداقتىمۇ، يۈزدىن ئارتۇق ئادەم قازا قىلدى. ئوردىنىڭمۇ ئارقا تەرەپ چوڭ تېمىغا دەز كەتتى. ۋاڭ بۇ يەر تەۋرەشنى كۆڭلىدە ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس دەپ پەرەز قىلدى. ئوردا ئەتراپىغا يىغىلغان پالۋانلار پۇقرالارغا ياردەملىشىپ ئۆرۈلگەن ئۆيلەرنىڭ ئاستىدا قالغان نەرسە كېرەكلەرنى تېپىشتۇرۇپ بەردى. بىر قىسىم ئۆيلەرنىڭ ئۆرۈلگەن جايلىرىنى تۈزەپ بەردى. ۋاڭ بولسا خەلققە ئوردىدىن

نۇرغۇن ئاشلىق ـ تۆلۈك، پۇل ۋە كىرەكلىك نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ تارقىتىپ بەردى.

بۇ كۈنلەر جۇجەم پىشقان مەزگىللەر ئىدى. مۇنداق چاغ-لاردا باغلاردىن ھەربىر جۇجەمىنىڭ شاخلىرىدىن «كاككۇك ـ كاككۇك» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھازىر بولسا كاك-كۇك سايرىغان باغلارغا ھۆۋقۇشلار كۆچۈپ كەلدى. بېشى مۇ-شۇككە ئوخشايدىغان بۇ جانىۋارلار ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇلار گويا ئادەملەرگە خىرىس قىلىدىغاندەك قاناتلىرىنى سالپاي-تىپ، يەتتە، سەككىزى بىر توپ بولۇۋېلىپ ئۈرۈك، ئالما شاخلىرىدا، جۇجەم، ئاق تېرەكلەرنىڭ غوللىرىدا كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككەندەك ۋەھىمىلىك ئولتۇراتتى. كىشىلەر بۇلار-نى «قان ھىدىنى پۇراپ كەلگەنلەر»، «ھېيتگاھتا قەتلى قىلىن-غانلارنىڭ روھى باشلاپ كەپتۇ» دېيىشتى ھەم ھەممىلا خەلق «بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس. ئۇلۇغ خۇدايىم يامان كۈن-لەرنى ھارام قىلغايسەن» دەپ ئۆزلىرىگە ئامانلىق تىلەشتى. خەلق ھۆۋقۇشلارنى باغلاردىن قوغلىسىمۇ زادىلا كەتمىدى.

مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ خېلىلا ساقىيىپ قالغانىدى. لېكىن، شۇم خەۋەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگىلى تۇردى. سۇۋۇر بىلەن ھېلىقى خۇيزۇ يىگىت راست دېگەندەك ئۇرۇمچىگە چىقىپ، خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى دايۇەن-شۇەينى[1] تاپتى.

دايۇەنشۇەينى كۆرگەن خۇيزۇ يىگىتى ئۆزىنى يەرگە ئې-تىپ، نالە قىلىپ يىغلاپ كەتتى. ھەم خۇيزۇ قېرىنداشلىرىنىڭ قانداق پاجىئەلىك ھالدا قىرغىن قىلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەر-دى. دايۇەنشۇەيمۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ، غەزەپتىن تىترەپ كەت-

---

[1] دايۇەنشۇەي ـ سۇ دايۇەنشۇەي.

تى. بۇ چاغدا سۇۋۇر بەگمۇ دايۈەنشۈيگە مۇنۇلارنى ئىنكاس
قىلدى:

— مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭنىڭ كۆزى بىر قارا قورساق.
ئۆز دىنىدىن يۈز ئۆرىگەن بىر مەلئۇن. ئۇ ئۆز دىنىدىكى قېرىند-
اشلىرىغا ياخشىلىق قىلماي، خىتايلارنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ،
پۈتۈن خۇيزۇ قېرىنداشلىرىمىزنى قىردۇردى. راستىنى دېسەم،
ئۇنىڭدا سىلەرگە تاقابىل تۇرغۇدەك ھەربىي كۈچ يوق. ئۆزى
بىر قورقۇنچاق بەندە. چىن خاننىڭ غالچىسى، ئۇنىڭغا جازا
يۈرۈشى قىلىپ باستۇرۇپ بارساڭلار، ئانچە كۈچىمەيلا ئۇنى
مەغلۇپ قىلالايسىلەر.

ئۇ دايۈەنشۈيگە مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭنىڭ مۇھاپىزەتچى
خادىملىرىدىن باشقا زاپاس كۈچى يوقلۇقىنى، خان يامۇلىنىڭ
ئەسكەر ئەھۋالىنى، بارىكۆلدىكى ئەسكىرىي كۈچلەر ھەققىدىكى
ناھايىتى ئورۇنلۇق مەلۇماتلارنى بەردى. نەتىجىدە دايۈەنشۈي
قۇمۇلنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، يۈرىكىنى توخ-
تاتقان ھالدا، لەشكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ ھەمدە نۇرغۇن
پىدائىيلارنى قوبۇل قىلىپ، قۇمۇلغا - ۋاڭغا قارشى ھۇجۇمغا
ئاتلاندى.

ئۈرۈمچىدىن نەچچە مىڭ لەشكەر بىلەن دايۈەنشۈينىڭ كې-
لىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ ئوردا
ئەتراپىغا يىغىلغان پالۋان، مەرگەنلەرنى ئىككىگە بۆلدى. بىر
بۆلىكىگە شاسىلىمبەگ باش بولدى. بۇ ئالدىنقى سەپ ئىدى.
ئىككىنچى بۆلىكىگە نەمتۇللا تەيجى يېتەكچىلىك قىلدى. شا-
سىلىمبەگ باشچىلىق قىلغان قوشۇن ئالدىن ئورۇشقا ئاتلىنىپ
تۇغۇچىغا يېتىپ كەلگەندە دايۈەنشۈينىڭ لەشكەرلىرى بىلەن
توقۇنۇشتى. دايۈەنشۈينىڭ لەشكىرىي كۈچى كۆپ، قوراللىرى
خىل ئىدى. شاسىلىمبەگنىڭ پالۋانلىرى زور، باتۇرلاردىن ئى-

دى. بۇلار گاھ يىراقتىن ھۇجۇم قىلىسا، گاھ قوچاقلىما جەڭ قىلىپ، جەڭنىڭ دەھشەتلىك ۋەھىمىسىنى نامايان قىلدى. ئىك-كىلا تەرەپتىن نۇرغۇن پالۋان، لەشكەرلەر ئۆلدى. بۇ چاغدا نەمتۇللا تەيجىنىڭ پالۋانلىرىمۇ يىتىپ كېلىپ ئوك، سولغا بۆلۈنۈپ ئېلىشتى. شاسىلىمبەگ ناھايىتى چەبدەسلىكى، قە-لىچ، نەيزىۋازلىق ماھىرلىقى بىلەن يۈزلەپ لەشكەرنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. بۇنى كۆزىتىپ كېلىۋاتقان دايۇەنشۇەي لەشكەرلە-رىگە شاسىلىمبەگنى تىرىك تۇتۇشقا بۇيرۇق قىلدى. نەتىجىدە شاسىلىمبەگنىڭ ئېتىغا ئوق تەگدى. شاسىلىمبەگ بولسائاتتىن نەچچە مېتىر يىراقلىققا دۇملاپ چۈشتى. قارا بوراندەك يوپۇ-رۇلۇپ كەلگەن باسمىچىلار شاسىلىمبەگنى تىرىك تۇتۇۋالدى. شاسىلىمبەگ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەرنىڭ ئىچىدە دايۇەنشۇەينىڭ يېقىن تۇغقانلىرى، يېقىن ئادەملىرى بار ئىدى. شۇڭا دايۇەنشۇەي دەر غەزەپكە كېلىپ بۇيرۇق قىلدى:

— بۇرنىدىن چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ ئەپ مېڭىڭلار! بۇ قان قوسقۇرنى!

توپا باسقان يۈز - كۆزلىرىنى غەزەپ ئوتلىرى قاپلىغان شا سىلىمبەگ ھەرقانچە يۇلقۇنۇپمۇ ئۇلاردىن قۇتۇلالمىدى. شا-سىلىمبەگنىڭ قوشۇنى بۇ ئىش بىلەن روھى چۈشكەن ھالدا ئارقىغا قاراپ چېكىنىدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان نەمتۇللا تەيجىمۇ قوشۇنلىرىنى چېكىندۇردى. ئەمما ئۇلار قۇمۇلغا ئىككى مەنزىل قالغاندا، قۇم بارخانلىرى ئارىلاش كەڭ كەتكەن سايلىقتا نەمتۇللا تەيجىنىڭ پالۋانلىرى دايۇەنشۇەينىڭ لەشكەرلىرى بە-لەن قاتتىق ئېلىشتى. سانسىزلىغان لەشكەرلەرنىڭ ئۆلۈكى قارا سايلىقتا قالدى. بۇ چاغدا نەمتۇللا تەيجى بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكتى - دە، ئۆزىگە ئىككى پالۋاننى قوشۇپ ئوردا تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.

دايۈەنشۈەينىڭ لەشكەرلىرى شاسىلىمبەگنىڭ بۆرنىدىن چۆلۆك ئۆتكۆزۆپ، پۇت - قولىنى زەنجىرلەپ سۆرەپ كەلمەكتە ئىدى.

نەمتۇللا تەيجى ئالدىراش ئوردىغا كەلگەن بولسىمۇ مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭنى ئۇچرىتالمىدى. ئەمما ئۇ كۆز ئالدىدا نىمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغان ھاشىر تەيجىگە ئالدىراپ شۇلارنى دېدى:

— بۇلار بىرى جاننى ئالىدۇ. يەنە بىرى خەزىنىدىكى ئالتۇن، يامبۇنى بۇلايدۇ. جانابلىرى، مېھرىبانۇ پۇجۇڭغا ئېيتىپ خەزىنىدىكى بىر قىسىم ئالتۇن يامبۇنى تاغقا يۆتكۈەتسىلە، مەن ۋاڭ خوجامنى تاپاي.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

دەھشەتلىك ساراسىمە ئىچىدە ئوردا تەۋرەپ كەتتى. ئوردىدىكى قاراۋۇل، ياساۋۇللاردىن ئوندەكلا ئادەم قېلىپ قالغانلىرى مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ بىلەن جەڭگە ئاتلاندى. شاسېلىمەگىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ياساۋۇل مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنى قېچىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىغانىدى. لېكىن مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ «ئاتا - بوۋامنىڭ زامانىدىن تارتىپ بۇ يەردە خەلقنى دەپ ياشاپ كەلدۇق. ئەمدى خەلقنى ئوتقا تاشلاپ بېرىپ ئۆزۈم قاچسام بولامدۇ. نېمە بولسام ئۆزۈم بولاي، مەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توساي، سىلەر ئوردا قوۋۇق بىلەن سۇقوۋۇقنى (شىمال - جەنۇب دەرۋازىنى دېمەكچى) مەھكەم تاقاڭلار، ئۆز ئادەملىرىمىزدىن باشقا ھېچكىمگە ئېچىپ بەرمەڭلار» - دېدى.

مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن ۋاڭلارنىڭ ھەممىسى قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، ئوقيا ئېتىشقا ماھىرلاردىن ئىدى. ئەبەيدۇللا دارخانبەگ دەۋرىدىن تارتىپ ئوردىنىڭ ۋاڭ، گوڭ، بەگلىرى ئوقيا ئېتىش، نەيزە ئۇرۇش، قىلىچلىشىش مەشقى ئېلىپ باراتتى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ سىرتىدا ئون تاغارلىق يەرنى ئىگىلىگەن مەشق مەيدانىدا بۇ خىلدىكى مەشقلەر قىزىپ كېتەتتى. ھازىرغىچە بۇ مەيداندىكى مەشق

توختاپ قالغىنى يوق. مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭمۇ ئەنە شۇ مەيداندا تۈرلۈك ماھارەتلەرنى ئۆگەنگەنىدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان مېھرىبانۇ پۇجۇڭمۇ ئەنە شۇ مەيدانغا بېرىپ مەشىق قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈن مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ئاشۇ ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە ئالدىراپ ئۇرۇش كىيىملىرىنى كىيىپ، خەنجىرىنى ئېسىپ ئاللىقاچان تەييارلىنىپ بولدى. مېھرىبانۇ پۇجۇڭمۇ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۇرۇشقا ئاتلىنىش تەييارلىقىغا چۈشكەنىدى. دەل شۇ چاغدا بىر يېنىغا قىلىچ ئوقيا، بىر يېنىغا ئوقيا، ئوقيا ئوقلىرىنى ئاسقان كۈمۈش ھالقا، كۈمۈش چاچ چاتقۇلىرى جىرىڭلاپ تۇرغان بىر ئايال مېھرىبانۇ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ ئوردا ئالدىدا تۇراتتى.

ئۇنى مېھرىبانۇنىڭ خاس كېنىزىكى مېھرىبانۇ پۇجۇڭنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى.

— پۇجۇڭ خېنىمدىن ھال سورايمەن ھەم پۇجۇڭ خېنىمغا ھەمراھ بولۇشنى خالايمەن! — دېدى بۇ ئايال تېز ھەم جاراڭلىق سۆزلەپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

مېھرىبانۇ پۇجۇڭ بۇ ئايالنى كۆرۈپ ئاۋۋال ھەيران بولدى. ئاندىن ئەھۋالنى چۈشىنىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى.

— ئىسمىم نۇربانۇ، خانتەڭرىنىڭ ئېتىكىدە چوڭ بولغانمەن، ئوقيا ئېتىش، نەيزە ئۇرۇش، قىلىچلىششنى كىچىكىمدىن ئۆگەنگەنمەن. ئەسلىمىنى سۈرۈشتۈرسىلە دادام ياچىبەگ[1]، ئانام ئۆمەر باتۇرغا[2] تۇغقان بولىدۇ، — دېدى

① ياچىبەگ ②ئۆمەر باتۇر — خۇنتەيجى لەشكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇشتىكى مەشھۇر قەھرىمانلار.

نۇربانۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

ۋاقىت ناھايىتى قىس بولغاچقا ئۇلارنىڭ كۆپرەك ھال - مۇڭ قىلىشىغا پۇرسەت يوق ئىدى. ئادەم ئەڭ ھالقىلىق، ئەڭ جىددىي پەيتلەردە يۈرەك سەزگۈلىرى ئارقىلىق بىر بىرىنى چۈشىنىشىدۇ. مانا ھازىرمۇ شۇنداق بولدى. دۈشمەن بوسۇغىغىلا كېلىپ قالغانىدى. مېھربانۇ ئۆزى يەڭگۈشلەۋاتقان ئەرەنچە ئۇرۇش كىيىمىدىن بىرنى ئالدۇرۇپ نۇربانۇغا بەردى.

مېھربانۇ بىلەن نۇربانۇ ئاتلارغا مىنىشتى - دە، مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭدىن سەللا كېيىن چېپىپ كېتىشتى.

دۈشمەن لەشكەرلىرى باغۇ بوستانلارنى، تېرىلغۇ يەرلەرنى، ئۆي - ئىمارەتلەرنى، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ۋەيران قىلىپ، يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە. ئۇلار ئۇچرىغانلىكى خەنزۇ، ئۇيغۇرلارنى بالا - چاقىسى بىلەن قوشۇپ قىرىپ، ئۆي - ماكانلىرىغا ئوت قويۇپ، شىددەت بىلەن ۋارقىراپ، گاھ چوڭ يولدا، گاھ ئېتىز - ئېرىقلاردا قاپقارا توپا چاڭ ئىچىدە چۇقان كۆتۈرمەكتە.

مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دۈشمەننىڭ ئوڭ يېنىغا ئۆتتى. ئاياللارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار دۈشمەننىڭ يان تەرىپىدىن كېلىپ زەربە بەردى. مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى خېلى كۆپ دۈشمەننىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. بەزىلەرنىڭ ئاتلىرىنىڭ قارنىغا نەيزە تىققانىدى، ئات ئۈستىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ بوينى پۇكلىشىپ ئۆلدى. بۇ چاغدا دۈشمەن يانىدىن كېلىۋاتقانلارنى بايقاپ قېلىپ، ئۇلارنى تېرىك توتۇش ئۈچۈن يوپۇرۇلدى. بۇنى سەزگەن ئىككى ئايال مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ ئىككى يېنىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاپ قالدى.

ئۇلار چېكىنىپ يېڭى ئاۋات ناملىق باغنىڭ ئەتراپىغا كەل-

گەندە مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. مېھرىبانۇ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنى قۇتقۇزۇپ قې-لىش ئۈچۈن ئىنتىلگەن بولسىمۇ نۇربانۇ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، «ھەممىمىز ئۆزىمىزنى دۈشمەنگە تۇتۇپ بەرمەيلى، خېنىم، سەۋر قىلسىلا» دەپ مېھرىبانۇنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ كەت-تى. شەھەرنىڭ قوۋۇقلىرى مەھكەم تاقالدى.

دۈشمەن مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنى تۇتقان يېرىدە چەمبەر ھاسىل قىلىپ توختىدى. شاسېلىمبەگنى بۇرنىغا چۈلۈك ئۆت-كۈزگەن پېتى مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ يېنىغا سۆرەپ كەلدى. يەنە سىدىق تۇڭچى، ئابدۇللا بەگ، باقى بەگ قاتارلىق-لارمۇ قولغا چۈشكەنىدى. مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ بۇلارنى كۆرۈپ چەكسىز ھەسرەت چەكتى.

ئۇردىنىڭ ئەڭ كاتتا ئۆلىمالىرى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇردىنىڭ تۈۋرۈكلىرى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى. شاسېلىمبەگ بولسا ۋاڭنىڭ ئەڭ سادىق خىزمەتچىسى، ئۇنىڭ كۆز قۇلىقى، ئەقىل - پىكرى ئىدى. ئۇ ئۇردىنىڭ ئىشىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇقەددەس ئىشى دەپ بىلەتتى. سىدىق تۇڭچى بولسا ئەڭ مۇكەممەل تىلماچ. بىلىملىك، سەم-ىمي - ساداقەت بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدىغان ئەقىللىق كىشى ئىدى. بۇمۇ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ ئەقىل - پىكرى ھېسابلىناتتى. ئابدۇللا بەگ بولسا ئۇردىنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادى ئىشلىرىنى - ئالتۇن كۈمۈش خەزىنىلىرىنى ئاشلىق ساڭلىرىنى باشقۇراتتى. بۇمۇ ئادىل، ساپ، پاك كىشى ئىدى. ئۇنىڭ قاپقارا، قويۇق قاشلىرى، بەستلىك، ئېگىز قامىتى، ھەممىنى ئەيمەندۈرەتتى. ئۇ ئۇردىنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا ناھايىتى پۇختا بولۇپ، ھازىرغىچە ئۇنىڭ قولىدىكى ئىقتىساد نەچچە ھەسسىلەپ ئاۋۇپ كەتتى. بىرەر قېتىممۇ ئۇردىنىڭ دەپتى -

دۇنياسىنى بۇزۇپ - چېچىپ، ئېلىۋېلىش خىيالىدا بولغىنى يوق. مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىشىنەتتى. باقى بەگ بولسا ئوردىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشلىرىنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ كەلدى. ۋاڭ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا قاتتىق ئېچىندى. «مانا، ئەمدى ئوردىنىڭ تۈۋرۈكلىرى يىقىلىپتۇ، ئاھ، ئىسىت! ئۇلارنى قۇتقۇزغىلى بولسا مەن ئۆلسەممۇ مەيلىتتى» دەپ ئويلىدى مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارامال ياشلار ئاقتى. شاسېلىمبەگ ۋاڭغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىيالمىدى، باشقىلارمۇ ۋاڭغا قارىمىدى. بەلكىم ئۇلارمۇ «ھەي، ئىسىت: ئوردىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، خەلقىمىزنىڭ باشپاناھى، ئاقىل، كۆڭلى يۇمشاق، قەدىردان ۋاڭىمىز قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. بىز ئۆلسەك مەيلىتتى، ئۇلۇغ ۋاڭىمىز ساق قالسا بولاتتى» دەۋاتقاندۇ. . . بۇ قاراكۇن ئۇلارنىڭ بوينىنى ئېگىپ، تىزلىرىنى پۈكۈشكە مەجبۇر قىلدى. لېكىن ئۇلاردا بوينى ئېگىلسىمۇ تىزى پۈكۈلمەيدىغان بىر شىجائەت باردەك قىلاتتى.

بۇ چاغدا دايۈەنشۈي بارلىق لەشكەرلىرىنى توختاشقا بۇيرۇق قىلدى. سۇۋۇربەگ ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇ تۇتۇلغانلارنى ئاللىقاچان دايۈەنشۈيگە تونۇشتۇرۇپ بولغانىدى.

— بولدى بەس، بىز تۇتماقچى بولغانلارنىڭ ھەممىسى قولغا چۈشتى. ھازىر شەھەرگە باستۇرۇپ كىرمەيمىز. ئەمدى مەن ھېچكىمگە تەگمەيمەن. بارلىق ھېساباتنى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭدىن ئالىمەن!

— ئەمسە، ماۋۇ بەگلىرىمنى قويىۋەت. بۇلاردا گۇناھ يوق، گۇناھ بولسا مېنى جازالا، — دەپ ۋارقىراپ سۆزلىدى مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ.

— كۆرىمىز تېخى، ئالدىرىما! — دېدى دايۈەنشۈي.

دايۈەنشۈەي يېڭى ئاۋات باغنى ماكان تۇتۇپ، لەشكەرلىرى بىلەن
شۇ يەرگە ئورۇنلاشتى. بۇ باغ يىگىرمە تاغارلىق يەرنى ئىگىلە-
گەن ناھايىتى چوڭ باغ بولۇپ، ئەتراپى سېپىل بىلەن قورشال-
غان، ئەبەيدۇللا تارخانبەگ دەۋرىدە بىنا قىلىنغان باغ ئىدى.
بۇنىڭدىكى ئاق تېرەك - كۆك تېرەكلەر ناھايىتى قېرىپ كەتكەن-
لىكتىن بۇ قېتىم ئالتۇنلۇقتىكى چىنە گۇمبەزنى ياساشتا خىش
ھەم كاھىشلارنى شۇ دەرەخلەرنى كېسىپ پىشۇرغانىدى. ئەمدى-
لىكتە بۇ دەرخلەرنىڭ يىلتىزىدىن چىققان يېڭى شۇئىلار كۆكى-
رىپ باراقسان بولۇپ كېتىپتۇ. ئۈرۈك ياڭاقلار نەچچە غۇلاچ
يەرگە سايە تاشلاپ تۇراتتى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇنلىغان
ئۆيلەر بولۇپ، گەرچە كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا پۇختا
ئىدى.
دايۈەنشۈەي مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ۋە ئۇنىڭ بەگلىرىنى
ئايرىم - ئايرىم ئۆيلەرگە سولاپ تۇتقۇنلۇقلىرىنى ئېتىپ، دېرىزى-
لىرىنى قوپۇرۇۋەتتى. دايۈەنشۈەينىڭ يەنە بىر قىسىم لەشكەر-
لىرى شەھەر سېپىلىنى قورشىغان ھالدا ماكان تۇتۇشتى. شە-
ھەرنىڭ سېپىلى ئىنتايىن مۇستەھكەم بولۇپ، دۈشمەن ئاسانلى-
قىچە باستۇرۇپ كىرەلمەيتتى. شەھەردىكى جىمى خەلق سەزگۈر
مۇھاپىزەتچىلەرگە ئايلانغانىدى.
دايۈەنشۈەي مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنى تۇتۇپ ئالغان كۈ-
نىلا شۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇردى: «ئەگەر قېچىپ كەتسەڭ،
پۈتۈن خەلقىڭنى قىرىپ، ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، ئورداڭنى
تۈزلىۋېتىمەن» مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ئۇنىڭ راستىنىلا شۇن-
داق قىلىشىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ «خەلقىمگە تەگمە، ئۆلتۈر-
سەڭمۇ مېنى ئۆلتۈر، چاپساڭمۇ مېنى چاپ» دېگەنىدى. شۇنىڭ-
دىن باشلاپ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ھېچ نەرسىدىن قورقماس
بولۇپ قالدى. ئۇ بىر تەرەپتىن چىلڭ خاندانلىقىغا ئىشىنەتتى.

«خان ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىلا بولسا چوقۇم بۇ بالاخورلارنى يوقى-تىپ يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ. خەلقىم ۋە مەن بۇلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ قالىمىز، چۈنكى مەن ئۆمۈر بويى چىڭ هۆكۈمىتىگە سادىق بولدۇم، خان بولسا مېنى هۆرمەت قىلىپ چوڭ هوقۇق- مەنسەپ بەردى. مەنمۇ خانغا چىڭ ئىخلاس باغلى-دىم. بۇلارنىڭ بۇ پاراكەندىچىلىكى بىردەملىكلا ئىش» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

*   *   *

پۈتۈن يۇرت دەهشەتلىك ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلى بۇ ۋەھىمىنىڭ تەسىرىدىن قان - زەرداپقا تولدى. تۈرلۈك ۋەھىمىلەر، ئەنسىز خىياللار ئۇلارنىڭ ۋۇجۇ-دىنى قاپلاپ، كۆزلىرىگە ئۆلۈم بىلەن هايات ئارىسىدىكى قارا ئوپقاننى كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەسچىتلەردىن ئەزان ئاۋازلىرى-مۇ ئاڭلانمايدىغان، ئىتلارنىڭ هاۋشىشلىرىمۇ ئاندا ساندىلا ئاڭ-لىنىدىغان بولۇپ قالدى. هەتتا نارىسىدە بوۋاقلارمۇ ياۋاشلى-شىپ، مەيۈس هالدا ئاتا - ئانىسىنىڭ چىرايىغا تەلمۈرۈپ قارىشاتتى. هەممىلا ئادەم ئۆيلىرىگە تىقىلىشىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي، مۇهەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلاتتى. كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياشلارنى ئاققۇزۇپ ئاھ ئۇراتتى. هەرخىل پاراڭلار كوچىدە دېگۈدەك مەھەللىلەردىن مەھەللىلەرگە تارىلىپ، ئىشىكلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن ئۆيلەرگە كىرەتتى. مانا شۇ كۈنلەردە نەجمىدىن باينىڭ ئوغۇللىرىمۇ سۇ-ۋۇر بەگكە قوشۇلۇپ دايۇەنشۇەينىڭ يېنىغا چىقىۋالدى. پەخرى-

دىن بايىنىڭ ئوغۇللىرى ئادەم تۇپلاپ ئوردىنىڭ قالغان پالۋانلى-
رىغا قوشۇلۇپ، مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ
كويىدا ئىدى. مېھرىبانۇ پۈجۈڭ پەخرىدىن بايىنىڭ ئوغلى يۈسۈپ-
كە، ئوردىدىن بۇرۇن بېيجىڭگە بارغان بىر ياساۋۇلنى قوشۇپ
بېيجىڭگە خان ئالدىغا يولغا سالدى.

* *

دايۈەنشۈەي خۇيزۇلارنىڭ ئاخۇن، موللىلىرىنى يىغىپ مۇ-
ھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ئۈستىدىن سوراق قىلىشقا باشلىدى.
خۇيزۇ ئاخۇنلار «مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ئۆزى مۇسۇلمان
تۇرۇپ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا رەھىم قىلماي، چىڭ خانىغا
يان بېسىپ خىتاينىڭ تۇڭگانلارنى قىرىپ تاشلىشىغا يول قويدى.
شۇڭا بۇ ئۆلۈمگە لايىق» دەپ شىكايەت قىلىشتى.

مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ بۇ گەپلەرگە قايىل بولماي مۇن-
داق دېدى:

— كاپىرلارمۇ، مۇسۇلمانلارمۇ ئوخشاشلا ئاللاتائالانىڭ
بەندىلىرى، ئاللاتائالا ساۋاپلىق ئىش قىلغانلارنى ئۆزىگە يېقىن
تۇتىدۇ. يامان ئىش قىلغانلارنى جازالايدۇ. ئالدى بىلەن سىلەر
ۋەقەنىڭ باشلىنىشىنى ئويلاپ كۆرۈڭلار، خۇيزۇ قاسساپ ئۆزى
مۇسۇلمان تۇرۇپ، ئاللاتائالا قىلماڭلار دېگەن ئىشنى قىلىپ
خەنزۇ قاسساپنىڭ قېنىنى تۆكتى، خەنزۇ قاسساپنىڭ قېنى
تۆكۈلسە، ئۇنىڭ جەددى جەمەتى قاراپ تۇرامدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن
ئۇرۇش، تالاش، ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىچكى نىزالار باش-
لىنىپ كەتتى. بىز ھەرتەرەپتىن توسىدۇق. نەسىھەت قىلدۇق.
بىراق خۇيزۇلار بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى. سىلەر پەيغەمبەر
ھەدىسلىرىنى، قۇرئان كەرىمنى شىپى كەلتۈرۈۋاتىسلەر، مەن-

مۇ سىلەرگە دەي، ئاللاتائالانىڭ يەر يۈزىدىكى بىر دىنبىر ئەلچى-
سى مۇھەممەت پەيغەمبەر: «ئەگەر سىلەرگە قارا قۇل باشلىق
بولغاندىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار» ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭ-
لار دېگەن. ئەپسۇس، مەن مۇشۇ يۇرتنىڭ ۋاڭى تۇرۇپ ئۇلارغا
شۇنچە نەسىھەت قىلىپمۇ گەپ ئاڭلىتالمىدىم. دېگىنىنى قىل-
دى. ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش دېگەن ھالاكەتلىك گۇناھ، بۇ
گۇناھ ئاخىر مۇشۇ شەھەردىكى بارلىق قوۋملەر بىلەن بىرگە
ياشاۋاتقان بىر قوۋمنىڭ بېشىغا چىقتى. ئاللاتائالانىڭ ئىرادىسى
بىلەن مۇشۇ قوۋمگە ئازاب- ئوقۇبەت كەلدى. ئاللاتائالانىڭ
ئىرادىسىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، — دېدى مۇھەممەت بېشىر
چىڭۋاڭ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ.

مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ سۆزلىرى خۇيزۇ ئاخۇنلار-
نىڭ سۆزلىرىدىن كۈچلۈك ئىدى. بۇنىڭدىن دايۇەنشۇەي سەل
تەسىرلىنىپ قالدى. شۇڭا ئۇ سوراقنى توختىتىپ، مۇھەممەت
بېشىرچىڭۋاڭنىڭ پۇت - قوللىرىنى زەنجىردىن بوشىتىپ سو-
لاپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

بۇ چاغدا سىرتتىن ئەھۋالنى ئىگىلەپ تۇرغان سۇۋۇر بەگ
(كىشىلەر ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلگەندىن كېيىن سۇۋۇر بەگ
دېمەي، سۇۋۇر پاكاردەيدىغان بولۇپ قالغانىدى) دايۇەنشۇەينىڭ
ئالدىغان كىرىپ:

— بوشىتىپ قالمىسىلا دايۇەنشۇەي جانابلىرى، شۇنچە
كۆپ خۇيزۇ قېرىنداشىمىزنى بالا - چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ
ھېيتگاھتا قەتلى قىلىشقا بېشىر پەرمان بەرگەن. پەتنۇش تەي-
جىنىمۇ قەتلى قىلىشقا بېشىر پەرمان بەرگەن. مۇسۇلمان تو-
رۇقلۇق مۇسۇلمان قېرىنداشنىڭ قېنىنى تۆكتى. ئۇنى قانداق-
مۇ كەچۈرگىلى بولىدۇ. ئويلاپ كۆرسىلە، مەنچىلىك ھۆكۈمىنى
ئۇچۇن جان - دىلى بىلەن ئىشلەپ، پۈتۈن چىڭ ئەمەلدار،

لەشكەرلىرىنى قىرىشقا كەلگەن راشىدىن خان خوجىنىڭ ئون ئالتە مىڭ لەشكىرىنى سوۋغا - سالام بىرىپ ئالداپ قايتۇرۇۋەتتى، ئۇلار ناۋادا - چىڭ ئەمەلدارلىرىنى، لەشكەرلىرىنى قىرىۋەتكەن بولسا، تۇڭگان قېرىنداشلىرىمىزمۇ ساق قالغان بولاتتى. ھەممە ئىشنى قىلغان ئاشۇ بېشىر، ئۇنىڭغا سەل قارىمىسىلا، شۇنچە ھەيۋەت بىلەن ئۈرۈمچىدىن بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەنلا ئالدى بىلەن بىرىنچى گۇناھكار بېشىرنىڭ پۇت - قولىنى چىڭ باغلىۋەتمىسە بولمايدۇ. دايۇەنشۇي جانابلىرى، سىزلىگە مەن يەنە شۇنى دەپ قوياي، ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز ئېيتقاندەك مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا ھەقىقەتەن ئىمارەتنىڭ كېسەكلىرىگە ئوخشاش بىر بىرىنى چىڭىتىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. بىراق بۇ ئىمارەتنىڭ ئۇلىنى بېشىر بۇزۇۋەتتى. بۇنىڭغا ئەلھۇكمىللىللا دەمدۇق، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قانلىق كۆز ياشلىرىغا نەزەر سالماملا، — سۇۋۇر پاكار ئاخىر سۆزىنى ئېيتىپ بولۇپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. ئەتراپتا ئولتۇرغان خويزۇ ئاخۇنلارمۇ بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى ۋە بىردەك تۇۋلىشىپ كەتتى:

— مۇھەممەت بېشىر ئۆلۈمگە مەھكۇم. ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىش كېرەك! بولمىسا ئىنتىقامىمىز چىقمايدۇ!

دايۇەنشۇي قېلىن قاشلىرى ئاستىدىكى كىچىك كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئويغا پاتتى. ئۇنىڭ يۈز تېرىلىرى لىپىلداپ تۇراتتى. ئۇ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ دادىل سۆزى، مۇلايىم، مىسكىن، ئەمما پاكىز، سۈرلۈك تۇرقىدىن سەل ئەيمىنىپ قالغاندى. «ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرىمۇ دۇرۇس، ئۇمۇ ھەممە ئىشنى خاننىڭ پەرمانى بىلەن قىلىدۇ. پەتنۇش تەيجىمۇ خاننىڭ پەرمانى بىلەن خان لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. خويزۇ قېرىنداشلارنىمۇ خان لەشكەرلىرى ئۆلتۈرگەن. ۋاڭ ئادەم ئۆلتۈ-

روشنى خالمايدۇ. بىراق يوقۇرىنىڭ پەرمانى، تۆۋەننىڭ بېسىمى ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغان. يەنە ئۇ مەن ئۆلسەم ئۆلەي، خەلقىمنى تىنچ قوي دەۋاتىدۇغۇ» دايۇەنشۇي ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە سۇۋۇر پاكارنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدى.

سوراق ئوتتۇز بەشىنچى كۈنگە قەدەم قويدى. مۇھەممەت بېشىر چېچۇاڭ هالىدىن كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ هەرقانداق سوئالغا جاۋاب بەرگۇدەك ئەھۋالى قالمىغانىدى.

دايۇەنشۇي «ئۇ گۇناھىنى بويىنىغا ئالمىغۇچە ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە بولمايدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا خويزۇ ئاخۇنلار هەدەپ دىنىي سوتقا تارتىپ مۇھەممەت بېشىر چېچۇاڭنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

ئوتتۇز ئالتىنچى كۈنى ئەتىگەندە دايۇەنشۇيىنىڭ مەلۇمچىسى ئىككى ئايال كىشىنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. بۇنىڭغا هەيران قالغان دايۇەنشۇي «كىرگۈزۈۋېتىڭلار» دەپ رۇخسەت قىلدى.

بىر يېنىغا قىلىچ، بىر يېنىغا ئوقيا، ئوقيا ئوقلىرىنى ئاسقان ئىككى ئايال دايۇەنشۇيىنىڭ ئالدىدا تىك تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى مېھرىبانۇ يەنە بىرى نۇربانۇ ئىدى.

مېھرىبانۇ شارت قىلىپ قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ قولىدا چىڭ تۇتقان هالدا نەپرەتلىك كۆزلىرىنى دايۇەنشۇيگە تىكتى. نۇربانۇ تەگرى تېغىدەك مۇقەددەس قەددى ـ قامىتىنى نامايان قىلىپ، بېلىدىكى قىلىچ دەستىسىنى مەھكەم تۇتقان هالدا مېھرىبانۇنى مۇھاپىزەت قىلدى.

دايۇەنشۇي شۇنچە ئۇرۇش ـ تالاشلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، تەكەببۇرلۇقتىن كۆرەڭلەپ كەتكەن بولسىمۇ بۇ ئىككى چوكان ئالدىدا تەمتىرەپ قالدى.

— سىلەر نېمە قىلماقچى؟!

مېھرىبانۇ ئۇنى مەنسىتمەي كۈلدى:

— مەن مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ مەھبۇبى مېھرىبانۇ بولىمەن، بۇياق تەگرى تېغىنىڭ مەشھۇر پالۋانى نۇربانۇ بولىدۇ. سىلەرنىڭ ئېيتىشىڭلارغا قارىغاندا مۇسۇلمانلار بىر-بىرىگە يامانلىق سانىمايدىغۇ - ھە، سىلەر بىلەن بىز بىر مۇسۇلمان. سىلەر بىزگە ئازاب كىشەنلىرىنى سالماسىلەر؟! سىلەر مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنى دىنىي سوتقا تارتىۋاتىسىلەر، مەنمۇ سىلەر بىلەن دىنىي شەرئىدە مۇنازىرە قىلغىلى كىردىم. سىلەرگە مەلۇم، — ئۇ ئەتراپتا ئولتۇرغان خويزۇ ئاخۇن، مولىلارغا بىرمۇ بىر سەپسېلىپ سۆزلىدى، — ئاللاتائالانىڭ ئۈممەتلىرى گۇناھ قىلغان بولسا، ئۇنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈلىدۇ. ئاللانىڭ ئىرادىسىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. ھەممە ئىش ئاللانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولىدۇ. ئۆزىنى مۇسۇلمان دەۋېلىپ، ئىشنىڭ ئاق - قارىسىنى سۈرۈشتۈرمەي بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا جازا بېرىش تەكەببۇرلۇقتىن كۆرەڭلەپ كەتكەن بىر بەندىگە مەنسۇپ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم تەكەببۇرلۇقتىن كۆرەڭلەپ كەتكەندە ئۇنى يەر يۇتتى. ئۇ تا قىيامەتكىچە يەر قاتلاملىرىدا چۆكۈپ بارىدۇ» مانا سەنمۇ ئەنە شۇنداق تەكەببۇرلاردىن ئىكەنسەن!

دايۇەنشۇەي بۇ گەپنى ئاڭلاپ زەھىرى تاشتى. ئەپسۇس شۇ مىنۇتتا ھېچكىمدە قورال يوق ئىدى. ئاۋۇ ئاخۇنلارنىڭ قولىدا قۇرئان ۋە قۇرئان ھەدىسلىرىلا تۇراتتى.

دايۇەنشۇەي تېخىمۇ ھاكاۋۇرلاشقان ھالدا بەخىرامان ئولتۇراتتى. ئەمدى ئۇ ئاچچىقلىغىنى بىلەنمۇ بىكار. ئۇ نېمە قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىپ، مېھرىبانۇغا قاراپ زەھەرلىك كۈلۈپ قويىدى. مەرۋايىت تۇتۇلغان چومبەل

ئىچىدە مېھرىبانۇنىڭ جامالىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ ئۇنىڭ قەي-
سەرلىكى، سۆزلىرىنىڭ ۋەزنى دايۇەنشۇەينى ھەرخىل خىياللار-
غا سالدى. مېھرىبانۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— سىلەر ئۇرۇمچىدىن مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە نېمە ئىشلار-
نى قىلمىدىڭلار؟! قۇمۇل تەۋەسىگە كىرىپلا ئاللانى ياد ئېتىپ،
بارىغا شۈكۈر - قانائەت قىلىپ، خۇدانىڭ بىرلىكىگە پۈتۈپ،
ياخشى ئىشلارغا ئۈمىد باغلاپ ئۆتۈۋاتقان مىڭدىن ئارتۇق پۇقرانى
بالا - چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ قىرىۋەتتىڭلار، ئاجىز پۇقرالار-
نىڭ ئۆيلىرىگە، باغلىرىغا ئوت قويدۇڭلار. بۇلاڭ - تالاڭ
قىلدىڭلار، قىز - ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلدىڭلار، ئايغىڭلار
باسقان زېمىن قانغا بويالدى. بۇ ئىشنى كىم قىلدى؟! سىلەر
ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ قايسىسى گۇناھكاركەن؟! ئاجىز پۇقرالار سى-
لەرگە نېمە گۇناھ قىلدى. ئۆلگەن مۇسۇلمانلار سىلەرنىڭ قې-
رىندىشىڭلار ئەمەسمۇ؟! پەيغەمبەر: «ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن-
لەرنى، جازانىخورلۇق قىلغانلارنى، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋالغان-
لارنى، ئىپپەتلىك، پاك مۇسۇلمان ئاياللىرىغا يامان نىيەتتە
بولغانلارنى ئەڭ يامان گۇناھ قىلغۇچىلار...» دېگەنىدى.
دېمەك، سىلەر نېمە قىلىپسىلەر؟! مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ
ئۆز قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگىنى يوق، ئۇلار ئۇزىنى ئۆزى
ئۆلتۈردى. يۇرتنى سوراۋاتقان ۋاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى.
يەنە شۇنى دەپ قوياي، سالاپەتلىك ئاخۇنلار، قولۇڭلاردا قۇرئان
كەرىم، پەيغەمبەر ھەدىسلىرىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپسىلەر، پەي-
غەمبىرىمىز يەنە نېمىدېگەن، ئاشۇ قۇرلارنى ئوقۇڭلار، مۇسۇل-
مانلار باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت
قىلىش كېرەك. دېگەن. قايسى خويزۇ مۇھەممەت بېشىر چىڭ-
ۋاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى؟! كۆتەمە كۆۋرۈكتە مۇھەممەت بې-
شىر چىڭۋاڭنىڭ ئالدىنى مانا مۇشۇ تۇڭگانلار توسۇۋالغاندا مۇ-

ھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ نېمە دەپ پەرمان قىلغاندى. سىلەر ئاڭلاپ تۇرۇپ يەنە نېمە ئىشلارنى قىلدىڭلار؟! سىلەر ۋاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىساڭلارمۇ پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسمىدىڭلار! . . .

دايۈەنشۈي كېكىردىكىنى قىرىپ قويۇپ ئىرغىنىپ ئولتۇردى. ئاۋۇ دىنىي سوتقا تارتقۇچىلارمۇ قولىدىكى قۇرئان كەرىم، ھەدىسلەرنى تۇتقىنىچە باشلىرىغا قوش قوندۇرۇۋالغاندەك مىدىر - سىدىر قىلماي تىك ئولتۇراتتى.

— مەن سىلەرگە يەنە شۇنىمۇ دەي، سىلەر ئوقۇغان قۇرئان كەرىمنى، پەيغەمبەر ھەدىسلىرىنى مەنمۇ ئوقىغان، يادلىغان، مۇتالىئە قىلغان. شۇڭا سىلەرنىڭ سەمىڭلەرگە شۇنداق بىر ئىشنى سېلىپ قوياي، پەيغەمبىرىمىز مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشقاندا ساھابىلەردىن بىرى كۆرگەنلا مۇشرىكنى ئۆلتۈرگەن، چاپقان، قىرغىن قىلغان، شۇ كۈنى پەيغەمبەرنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى «بۈگۈن بىر كىشى بىزنىڭ ئارىمىزدا ئەڭ ئىشقا يارىدى» دەپ ھېلىقى ئادەمنى كۆرسەتكەندە، پەيغەمبىرىمىز ئۇ ئادەمنى «ئۇ ئادەم ھەقىقەتەن دەۋزىخىدۇر» دېگەنىكەن. پەيغەمبىرىمىز نېمىشقا شۇنداق دېدى، ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، ھېلىقى ئادەم مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرگەندە پەيغەمبىرىمىز ئۇنى «دەۋزىخىي» دەپتۇ. ئەمدى سىلەر كىمنى قىردىڭلار، كىمنى سوراق قىلىۋاتىسىلەر، كىمنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىسىلەر، ئۇرۇش ئۈستىدە دەتالاش قىلىش، ئىختىلاپ قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىز يەنە: «ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، كىشىلەرگە بېشارەت بېرىڭلار، ئۇركۈتۈۋەتمەڭلار، ئىناق ئۆتۈڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار» دېگەن، سىلەر نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنى سولدۇۋالغىلى ئوتتۇز ئالتە كۈن بولدى. ئۇنى قىيىن - قىستاق

قىلىپ نىمە قىلىسىلەر، سىلەرنى قانداقمۇ ئەلھەمدۇلىللا مۇ-
سۇلمان دېگىلى بولسۇن!
مېھرىبانۇنىڭ يالقۇنلۇق كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى. نۇر-
بانۇ مەزمۇت قەددىنى ھەممىگە مىختەك قاداپ تۇراتتى.
دايۇەنشۈي بۇ ئايال سۆزمەننىڭ سۆزلىرىگە ھەيران قالدى.
ئاۋۇ ئاخۇنلارمۇ ئۇ سۆزلەپ ئۆتكەن ھەدىسلەرنى بىلەتتى. شۇڭا
ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدىن گاھ خىجىللىق، گاھ ئاچچىق غەزەپ
ئەكس ئېتەتتى.
مېھرىبانۇ ئاخىردا:
— سۇبھانالللاھى ۋە بىھەمدىھى (ئاللانى تەرىپلەيمەن ھەم
مەدھىيلەيمەن) ئەگەر سىلەر ئاللانىڭ بىرلىكىگە
پۈتسەڭلار، ئاللانىڭ يولىدىن چىقماڭلار، جەننەت - غەزىپىنى
يىغقۇچىلار ۋە خەلقنىڭ كەمچىلىكىنى كەچۈرگۈچىلەر ئۈچۈن
تەييارلانغان. ئەگەر ئېھتىيات قىلمىساڭلار، پانىي ئالەم
بىردەملىك، باقىي ئالەمدە ئىش ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ ھېساب
بېرىپ قالىسىلەر، — دېگىنىچە قىلىچىنى شارتتىدە قىنىبىغا
سېلىپ دايۇەنشۈينىڭ سارىيىدىن چىقىپ كەتتى.
دايۇەنشۈي ۋە باشقىلار بىر پەس جىمجىت ئولتۇرۇپ قال-
دى. گويا ئۇلار ئۆزلىرىنى دوزاخقا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس
قىلىشتى. بىر پەستىن كېيىن دايۇەنشۈي زۇۋانغا كېلىپ شۇن-
داق دېدى:
— ئاياللار ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارالغان، شۇڭا سەۋر
قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.
بۇ گەپ بىلەن ئاخۇنلارغا جان كىردى. ئۇلار مېھرىبانۇ
پۆجۇڭنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆچ - ئاداۋەت يۈزى-
سىدىن مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنى ئۆلتۈرۈش كويىدا بولىۋات-
قانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغاندەك بولدى - دە، ئەمدى دايۇەن-

شۇەينىڭ ئالدىدا «يۈزىمىز تۆكۈلدىغان بولدى» دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇراتتى. لېكىن ئويلىمىغان يەردە دايۇەنشۈي ئاخۇنلارنى گەپكە سالدى.

— پۇجوڭنىڭ گەپلىرى بىلەن ھېيتگاھدا بىر غېرىچىتەك قېتىپ كەتكەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قېنىنى يۇغىلى بولامدۇ. ئاللاتائالا كۆزىنى ئويغاننىڭ كۆزىنى ئوي، ئۆلتۈرگەننى ئۆلتۈر دەپ قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق ئېيتقان تۇرسا، بىز ئەمدى نېمىگە قاراپ ئولتۇرىمىز؟! — دېدى ئاخۇنلار.

دايۇەنشۈي، ئەگەر مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭغا جازا بەرمىسەم ئۆزۈم گۇناھكار بولۇپ خەلق ئالەم ئىچىدە ئىناۋىتىم تۆكۈلمەمدۇ - دەپ ئويلاپ قالدى.

مېھربانۇ پۇجوڭ دايۇەنشۈي تۇرغان جايدىن چىقىپ، ئۇدۇل خان ياملۇلىغا باردى. خان يامۇلىدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئىچكىرى كىرىۋىدى، ئادەتتىكى خىزمەتچىلەردىن ئىككىسى سوغا چۈشكەن چاشقاندەك شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى.

— دارىنلار قېنى؟! — دەپ سورىدى مېھربانۇ پۇجوڭ.

— ھەممىسى قېچىپ كەتتى. لەشكەرلەرمۇ قېچىپ كەتتى. بىز جېنىمىزنى ئالقىنىمىزغا ئەپ قويۇپ يامۇلنى ساقلاۋاتىمىز، ئاڭلىساق، ئامبال بېگىم بىلەن ئايماق بېگىم باركۆلگە قېچىپ بېرىپتۇ. ئىككى كۈن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئادەملىرى كېلىپ پۈتۈن مال - مۈلكىنى، خوتۇن بالىلىرىنى ئېلىپ يەنە باركۆلگە كەتتى.

— ھىم! — دەپ ئاچچىق يۇتتى مېھربانۇ پۇجوڭ.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

ئۇلار كۆشۈتە ئېغىزىغا كەلگەندە يېڭى كۆتۈرۈلگەن كۈن نۇرى تىك قىيالارنىڭ، مۇز قاپلاپ ئالماستەك كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغلارنىڭ، قارلىق چوققىلارنىڭ ئۈستىگە يېيىلغانىدى. نۇربانۇ بۇ تاغلارنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇ مېھرىبانۇ پوجوڭنى ئەتىگەنلىك ناشتا ئۈچۈن بىر ئاق ئۆيگە باشلاپ كىردى. بۇ تاغ ئارىلاپ، ئوقيا ئېتىپ ئوۋ قىلىدىغان، يىرتقۇچ هايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ ئادەملەرگە ئاراملىق ئاتا قىلىدىغان، بۇلاڭ - تالاڭ قىلغۇچىلارنى يولاتمايدىغان ئايال پالۋاننى ھەممىسى تونۇيتتى. ئۆيدە قازاق موماي سۈت سورۇپ قايماق پىشۇرۇۋاتاتتى.

نۇربانۇ بىلەن مېھرىبانۇ پوجوڭ مومايغا سالام بەردى. كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچكەن، يۈزلىرىنى قورۇق بېسىپ بېلى مۈكچىيىپ قالغان موماي ئۇلارغا قاراپلا قالدى ھەم بۇلار ئاسماندىن چۈشكەن ھۆر - پەرىلەرمۇ، يا، قايەردىن كەلدى بۇلار؟» دەپ ئويلاپ قالدى. نۇربانۇ ھاڭۋېقىپ قالغان مومايغا ئۆزلىرىنى تونۇشتۇردى. موماي ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئاق ئۆينىڭ تۆرىگە ئۆتكۈزۈپ ئالدىغا داستىخان يايدى. سۈت، قايماق، قېتىق، قۇرۇت، ئېرىمچىك دېگەنلەرنى تۆكۈۋەتتى ۋە سىرتقا ئالدىراپ چىقىپ ئوغلىنى چاقىرىپ قوي سويۇشقا بۇيرۇدى.

نۇربانۇ «ۋاقتىمىز قىس، سىزگە رەھمەت موما، ناشتا قىلىۋالساقلا بولىدۇ» دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.

— ئەل بېشىغا ئاپەت كەلدى، بىزگىمۇ ئامانلىق يوق، كۆندە دايىۋەنشۆيىنىڭ ئادەملىرى قوتان ـ قوتان قوي ـ كالا، ئاتلارنى ھەيدەپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان مالچىلارقوي-كالا، ئاتلارنى يىراق ئوتلاقلارغا، جىلغىلارغا، ئورمانلارنىڭ ئىچكىرىگە ھەيدىۋەتتى. بۇ مەلئۇنلارغا ئاش بولغىنىدىن، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولغىنى تۈزۈك، بىز قانداق قىلىمىز ئەمەدى. بىزدەكلا ئۆلسەك بولاتتى. بىز بولساق، قېرىدۇق، مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭغا ئۇۋال بولدى، — دەپ يىغلاپ كەتتى موماي.

ئۇلار چاينى ئىچىپ بولغۇچە شۇ ئەتراپتىكى چارۋىچىلار ئۆيگە يىغىلىپ كەتتى. ھەممىسى مېھربانۇنىڭ ئېتەكلىرىنى كۆزلىرىگە سۈركەپ «يۇرت ئامان بولسۇن، مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ئامان بولسۇن» دەپ خۇدادىن تىلىدى. مېھربانۇمۇ كۆز يېشىنى توختىتالماي بىر پەس ئاھ ئۇرغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.

ئۇلار ئاتلىرىغا مىنگەندە قىران بۇركۈتتەك ئون نەپەر ئون يەتتە، ئون سەككىز ياشلاردىكى يىگىتلەر تۇلپاردەك ئاتلارغا مىنىپ ئۇلارنى ئارىغا ئالدى ۋە باركۆل تەرەپكە قاراپ چېپىپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ قارىسى يوقالغۇچە كەينىدىن قاراپ تۇرغان موماي ۋە ئاياللار ئۇلارغا ئاق يول تىلىدى. ئۇلار نۇربانۇ ھەققىدە قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. نۇربانۇ يېڭى توي قىلغان كۈنلەردە ئۇنىڭ يولدىشى مال بېقىپ يۈرۈپ قاتتىق شىۋىرغان ۋە قار ئاپىتىگە دۇچ كېلىپ، ماللىرىنى قوغدايمەن دەپ يىلپىزغا يەم بولۇپ كېتىدۇ. بۇ دەھشەتلىك يوقىتىش نۇربانۇنى يىرتقۇچ

ھايۋانلارغا جەڭ ئېلان قىلغان بىر قەھرىمان قىلىپ يېتىشۇرۇپ چىقىدۇ. ئۇ تاغ ئارىلاپ، جىلغا، سايلارنى كېزىپ، ئېدىر، ئورمانلاردا يۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان يىلپىز، يولۋاس، بۆرىلەرنى يوقىتىدۇ. خەلققە تەھدىت سالىدىغان ھەرقانداق دۇشمەن ئالدىدا ھوشيار تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ نامى تىللاردا داستان بولۇپ، خەلق ئىچىدە نۇرغۇن قوشاقلار تارقىلىدۇ.

ئوقيا، قىلىچ بىلىدە،
چاپقان ئاتنى تاغ ئىچىدە.
چوكان ئىكەن بۇ باتۇر،
قورقماي يۇرگەن تۇن كېچىدە.

ئۆتتى شۇنداق پالۋانلار،
نەچچە نەچچىسى يۇرت ئىچىدە.
خەلق ئۇچۇن بەلنى باغلاپ،
داڭ چىقاردى ئەل ئىچىدە.

مانا بۇ نۇربانۇغا، نۇربانۇدەك پالۋانلارغا قارىتىلغان قوشاقلار ئىدى. بۇ قوشاقلارنى ھېلىقى مومايدەك ئاقىنلار ئىجاد قىلغاندى. ھېلىقى موماي بۇ قوشاقلارنى ئېسىگە ئالدى.

مېھرىبانۇ بىلەن نۇربانۇ بارىكۆلدىكى خاننىڭ لەشكەرلىرى تۇرۇشلۇق جايغا كېلىپ ئاتتىن چۇشتى. ئۇلارنى قوغداپ كەلگەن ئون نەچچە يىگىت يىراقتا ئۇلارنى كۆزەت قىلىپ تۇردى.

مېھرىبانۇ بۇرۇن بۇ يەرگە بىر قېتىم ياردەم سوراپ كەلگەندى، شۇڭا مۇھاپىزەتچىلەر مېھرىبانۇنى كۆرۇپلا ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۇردى. ھەممە ئامبال - دارىنلار بار جايغا باشلاپ ماڭدى. ئۇلار نۇرغۇن جىسەكچىلەردىن ئۆتۇپ، ئامبال بېگى

ۋە ئايماق بېگىنى، داش قازانغا نەچچە قوينىڭ گۆشىنى سېلىپ قويۇپ، شاراب ئىچىپ، قىمار ئويناۋاتقان يېرىدىن تاپتى. ئۇلار مېھربانۇنى كۆرۈپ ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى، مېھربانۇنىڭ يۈرىكى غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك ھالەتكە كېلىپ سۆزلىدى:

— سىلەرزە، مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنى ئوتقا ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۆزۈڭلار بەخىرامان ئويۇن - تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپسىلەرمۇ؟ قېنى سىلەرنىڭ مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭغا خانىنىڭ يارلىقىنى تۇت، ئارقاڭدا بىز بار دېگىنىڭلار؟! مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ كىم ئۈچۈن قولغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆلۈپ تىرىلىشى بىلەن سىلەرنىڭ كارىڭلار يوقمۇ؟! — مېھربانۇ پوجۇڭ ئوردىغا كەلگەندىن تارتىپ خەنزۇچە ئۆگەنگەندى. بۇ ئۆگىنىش ئۇنىڭغا مانا شۇ كۈنلەردە ناھايىتى ئەسقاتتى. ئۇ خەنزۇچە سۆزلەپ دايۇەنشۇي ۋە ئاۋۇ ئامبال، دارىنلارنى ھەيران قالدۇردى.

— چېچىلمىسىلا خېنىم، بىزگىمۇ ئامال يوق، بىزدە لەشكىري قىسىم كۆپ بولمىغاندىكىن، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ جېنىنى جان ئەتمىسەك بولمايدۇ، — دېدى ئامبال.

— مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭمۇ قېچىپ قۇتۇلسا قوتۇلاتتىغۇ؟ ئۇنى قېچىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغاندا «مۇشۇ يۇرتتا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ ئاۋام ئۈچۈن ئىشلەپتىمەن، ئەمدى خەلقنى ئوتقا ئىتتىرىپ قويۇپ قاچسام بولماس» دەپ ئۇنىمىدىغۇ؟ چىڭ ھۆكۈمىتى سىلەرنى كىم ئۈچۈن ئىشلەشكە ئەۋەتكەن! خانىنىڭ يارلىقى شۇنداقمۇ - يە؟! خەلقنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، قېچىپ كېتىڭلار، يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئوتقا ئىتتىرىپ قويۇڭلار، دېگەنمۇ؟ شۇنداق دېگەن بولسا مەن مەنچىڭ خانىنىڭ ئالدىغىمۇ بارالايمەن، مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ خان ئۈچۈن،

سىلەر ئۈچۈن جان تىكىپ ئىشلىسە، خانىنىڭ ۋەكىلى بولغان سىلەر يەپ - ئىچىپ، قورساق توقلاپ، ئەپيۇن چېكىپ، شاراب ئىچىپ، قىمار ئويناپ، يۇرتنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارىڭلار بول-مىسا بولامدۇ؟ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ئۆلتۈرۈلسە، خانغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىلەر؟!

مېھرىبانۇ بۇ گەپلەرنى دەپ بولغۇچە ئۇلارنىڭ مەستلىكى يېشىلىپ قىمارنى بېسىقتۇرۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتكەن ئىدى.

قۇمۇلنىڭ ئايماق بېگى:

— ھەممىمىز ئۆز غېمىمىز، ئۆز دەردىمىز بىلەن بولۇپ كېتىپ بىخۇدلۇق قىپتىمىز. بۇ ئەسلىدە، بىزگە كەلگەن بالا - قازا ئىدى، ئۇلار مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ-نى تۇتۇۋالدى. بىزمۇ ئۇلارغا قارشى ھەرىكەت قىلىشىمىز كې-رەك ئىدى. قورقۇپ بۇ يەرگە مۆكۈنۇۋالغىنىمىز بولمىدى. بىز چوقۇم بارىكۆلدىكى لەشكەرلەرنى باشلاپ بېرىپ، دايۆەنشۈەيگە تاقابىل تۇرۇپ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنى قۇتقۇزايلى. خانغا مەلۇمات يوللايلى، خاپا بولمىسىلا پۇجۇڭ خېنىم، — دېدى يالۋۇرغاندەك قىلىپ.

بۇ چاغدا يوغان كالپۇكلىرىنى يالاپ ئورنىدىن تۇرغان ئام-بال بېگىنىڭ كۆزلىرى قىزاردى. تەكەببۇرلۇق ۋە ئەسەبىيلىكى ھەددىدىن ئاشتى:

— تۇڭگانلار ئوردىنى قورشىۋالغاندا بىزنىڭ لەشكەرلەر ئوردىنى، ۋاڭنى ساقلاپ قالدى. بۇ چاغدا يىگىرمە نەچچە لەش-كىرىمىز ھالاك بولدى. بۇنىڭغا ۋاڭ خۇن ھەققى بەرمىدى. شۇڭا لەشكەرلەر ۋاڭنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ئۇنىمايۋاتىدۇ، بول-مىسا بىز ئالىلىبۇرۇن بېرىپ ۋاڭنى قۇتقۇزۇپ قالاتتۇق.

مېھرىبانۇنىڭ كۆزلىرى غەزەپ - نەپرەتكە تولدى:

— ۋەقە يۈز بەرگەننىڭ ئەتىسىلا، ئۆزۈڭ يالغۇز كىرىپ ۋاڭدىن خۇن ھەققى تەلەپ قىلدىڭ. مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ يۈز يامبۇنى ئالدىڭغا قويغاندا، ئېلىپ كەتكىنىڭ يادىڭدا يوقمۇ؟ بۇ يامبۇنى نېمە قىلدىڭ، سىلەرزە ئالتۇن، يامبۇ ئۈچۈن ئىشلەپ يېنىڭلارنى تولدۇردۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەرلەرنىڭ نەچچە ئايلىق پۇلىنى بەرمەي يەۋېلىپ لەشكەرلەرنىڭ روھىنى چۈشۈردۇڭلار. خەلقتىن ئالغان باج - سېلىقنىمۇ يەپ كەتتىڭلار. ئەمدىزە ئالغانسېرى ئالغۇڭلار كېلىپ، ۋاڭنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن كارىڭلار بولمامدۇ؟

ئامبال بېگى يىلان چاققاندەك تولغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ قېلىن قاپاقلىرى كىچىك كۆزلىرىنى توسىۋالغانىدى. ئۇ يۇقىرىقى ئىشلارنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى مېھرىبانۇ پۈجۈڭ بۇنى دارىن، لەشكەرلەر ئالدىدا ئاشكارىلىۋەتتى. شۇڭا ئامبال بېگى گەپنى يۆتكەپ:

— ئاڭلىمىدىڭىزمۇ، ئارا تۇرۇكتىكى تۇڭگانلار قوزغىلىپ، شۇ جايدىكى باجگىر قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بىر مۇنچە لەشكەرلىرىمىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقىلى كەتتى. ئۇ توپىلاڭچىلار مەغلۇپ بولسا، ئاندىن بىز قۇمۇلغا ياردەمگە بارىمىز.

بۇ چاغدا ئۆيگە بارىكۆلدە تۇرۇشلۇق خان لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقى كىرىپ كەلدى:

— خېنىم ئۆرە تۇرۇپ قاپتىمىغۇ، ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى، — دەپ مېھرىبانۇ پۈجۈڭگا بىر ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى. نۇربانۇ ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا نەزەر تاشلاپ ئۇنى كۆزىتىپ تۇراتتى. مېھرىبانۇ پۈجۈڭ ئولتۇرمىدى. لەشكەر باشلىقى بولسا باياتىن نېرىقى ئۆيدە ئولتۇرۇپ مېھرىبانۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ مۇنداق دېدى:

— ھەقىقەتەن قۇمۇل ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. مانا مەن ياردەمگە بارىمەن، ئەتە ـ ئۆگۈننىڭ ئىچىدە يولغا چىقىمەن، تۇڭگانلار ئاسانلىقچە مۇھەممەت بىشىرچىڭۋاڭنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ. خېنىم، ئۆزلىرى قايتىپ كەتسىلە. مەن بارلىق لەشكەرلەرنى باشلاپ ئارقىلىرىدىن يېتىپ بارىمەن.

مېھرىبانۇ لەشكەر باشلىقىغا قاراپ «رەھمەت سىزگە» دەپ بېشىنى ئەگدى ـ دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇشۇپ پۇتلىرىدا ماغدۇر قالمىغانىدى. نۇربانۇ بۇنى سېزىپ قالدى. چۈنكى خان ئامبىلىنىڭ پەيلى بۇزۇق ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق قالايمىقان كۈنلەردە نېمە قىلىمەن دېسە، شۇنى قىلالايتتى. ھەتتا مېھرىبانۇنىڭ ئارقىسىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. چۈنكى «مەن ۋاڭدىن ئۈستۈن تۇرىمەن» دەپ كۆرەڭلەپ يۈرگەن بۇ ئامبالنى ئۆتكەندە مۇھەممەت بىشىرچىڭۋاڭ ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە بولسا مېھرىبانۇ ئۇنىڭ يىغىرىنى ئىچىۋەتتى. لېكىن دايۇەنشۇەينىڭ ئۇنى تۇتماي مۇھەممەت بىشىرچىڭۋاڭنى تۇتۇۋېلىشى، بۈگۈنكى كۈندە بولسا مېھرىبانۇ پوجوڭنىڭ ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ چىقىشى ئۇنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ، يۈرەكلەندۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ ئۈچ ئېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى كەلدى دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا مېھرىبانۇ ۋە نۇربانۇ چاققان كېلىپ ئۆيدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى ـ دە، نۇربانۇنىڭ قاتتىق ئىسقىرتىشى بىلەن بايا بىللە كەلگەن يىگىتلەر يوپۇرۇلۇپ يېتىپ كېلىشتى ھەم مېھرىبانۇنى قۇمۇلغىچە قوغداپ ئېلىپ كەلدى ۋە مېھرىبانۇ پوجۇڭنىڭ تەلىپى بىلەن بۇ يىگىتلەر ئوردا قاراۋۇللۇقىدا تۇرۇشقا ماقۇل بولدى.

* *

ۋەھىمىلىك كۈنلەر قارا كۆلەڭگىدەك ئارقا ـ ئارقىدىن
ئۆتۈشكە باشلىدى. شۇ كۈنلەردە خان ئالدىغا كەتكەن خەۋەرچە-
لەر بىر قانچە ئاتنى نۆۋەتلىشىپ، مىنىپ يىگىرمە نەچچە كۈندە
بېيجىڭغا يېتىپ بېرىپ ، خان سارىيىغا كەلدى. ئەمما خان
سارىيىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئۇلارنى ئوردىغا كىرگۈزمىدى.
ئۇلارگەرچە «ئارغۇن ھەزرەتنى ئىزدەيمىز، ناھايىتى مۇھىم
ئىشىمىز بار ئىدى» دەپ يالۋۇرغان بولسىمۇ مۇھاپىزەتچىلەر
«بۇ سىلەرنىڭ ئىختىيارى كىرىپ چىقىدىغان مەسچىتىڭلار ئە-
مەس. بۇ دېگەن خان تۇرىدىغان جاي، ئىشىڭلار بولسا قەغەزگە
پۈتۈپ ئە كېلىڭلار بىز ئارغۇن ھەزرەتكە بېرەيلى» دېيىشتى.

بۇ يەرگە كەلگەنلەردىن بىرى بۇرۇن ۋاڭغا مۇھاپىزەتچى
بولۇپ بېيجىڭغا كەلگەن بولسىمۇ ئارغۇن ھەزرەتنىڭ ئۆيىگە
بارمىغانىدى. ئۇ خەنزۇچە سۆزنى ئاز ـ تولا بىلسىمۇ خەنزۇچە
خەتنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇلار بىر نەچچە كۈن سەرسان بولۇپ
يۈرۈشتى. ئاخىر ئۇلار، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جاينى تې-
پىپ، ئۇ يەردىكى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن
ئارغۇن ھەزرەتنى تاپتى. ئارغۇن ھەزرەتكە قېرىلىق يېتىپ،
بەللىرى مۈكچىيىپ چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ
ئەھۋالنى ئۇقۇپ ناھايىتى ئەپسۇسلاندى، شۇئالا خانغا مەلۇم
قىلغىلى ئوردىغا كەلگەن بولسىمۇ «خاننىڭ تاۋى يوق» دەپ
خاننىڭ خاس خىزمەتچىلىرى ئارغۇن ھەزرەتنى خان بىلەن كۆ-
رۈشتۈرمىدى.

ئاخىر ئۇلار كېلىپ ئۇنىنچى كۈنىگە قەدەم قويغاندا، ئاز-
دىن خان بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپتى. بۇ خان مۇھەممەت
بېشىر چىڭۋاڭنى كۆرمىگەن بولسىمۇ ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئەۋە-

تىپ تۇرىدىغان ۋاڭنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىدىن مەمنۇن ئىدى. خان ئويلىنىپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ جاي ـ جايلاردا بولۇۋاتقان توپىلاڭلاردىن خەۋىرى بار ئىدى. شۇڭا خان «بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا پەرمان بىلەن ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا ياقۇپبەگ بېسىپ كىردى. شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ھەرخىل توپىلاڭلار بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا لەشكىرىي قوشۇن ئەۋەتىپ شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش كېرەك» دېگەننى ئويلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن زوزوڭتاڭنى لەشكەر بېشى قىلىپ غەربكە يۈرۈش قىلىشقا پەرمان بەردى.

* *

بۇ ھاياتلىق دۇنياسىدا ۋەھىمىدىن ئاچچىق نەرسە يوق. مېھرىبانۇ تاماق، ئۇيقۇدىن قالدى. ئۇئۇياق، بۇياقتا چېپىپ ياققان بولسىمۇ ھازىرغىچە ھېچكىم ياردەمگە كەلمىدى. بېيجىڭگە خاننىڭ ئالدىغا كەتكەنلەرمۇ كەلمىدى، بېيجىڭ بىلەن قۇمۇلنىڭ ئارىلىقىغۇ يىراق، بارىكۆل بىلەن قۇمۇلنىڭ ئارىلىقى بىر ئىككى كۈنلۈك يول تۇرۇپمۇ ئۇلار بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ. ھەتتا راشىدىن خوجىمۇ ياردەم سوراپ بارغانلارغا «مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ قۇمۇلدىكى چىڭ لەشكەرلىرىنى ئۆزۈم يوقىتىمەن» ـ دەپ ۋەدە بەرگەن، بىز مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭغا ئىشىنىپ شۇنچە كۆپ لەشكىرىي كۈچىمىزنى يۆتكەپ كەتسەك، ئۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي تۈگىگان قېرىنداشلىرىمىزنى قىردۇرۇۋېتىپتۇ. بىز ئەمدى بۇ قانلىق قىساسنى كىمدىن ئالىمىز، مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ساقلاپ قالغان چىڭ لەشكەرلىرى قېنىكەن! » دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ.

مېھرىبانۇ دەرد ـ ئەلەمدىن ئۆرتىنەتتى. ئەنسىزچىلىك

ئىچىدە كېچە - كۈندۈز ئاھ ئۇراتتى.
مانا شۇ كۈنلەردە نۇربانۇ بىر قورساقتىن چۈشكەن قېرىن-
دىشىدەك، ئاللاتائالا ئەۋەتكەن پەرىشتىدەك ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا
بولۇپ، چوڭ يار - يۆلەكتە بولۇۋاتاتتى. نۇربانۇ جىمغۇر ئەمما
ناھايىتى باتۇر ئايال ئىدى. ئۇ مېھرىبانۇنىڭ كۆز ياشلىرىغا
چىدىماي مۇنداق دېدى:
— ئاللاتائالا بىزنى ياراتقاندا پەرىشتىلەرگە پەرمان بېرىپ
پېشانىمىزغا تۈرلۈك قىسمەتنى يېزىپ، بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە
قىلغانىكەن. ئەمدى بېشىمىزغا نېمە كەلسە شۇنى كۆرمەكتىن
باشقا ئامالىمىز يوق. مېنىڭ يولدىشىمنىمۇ غالجىر يىلپىز
يەۋەتكەندە مېنىڭ ئاھ زارىمغا ھېچكىم چىدىمىغانىدى. لېكىن،
مەن ئاخىرى غەزىپىمنى يۇتۇپ، يېنىمغا نەچچە پالۋاننى ئەگەش-
تۈرۈپ يۈرۈپ نۇرغۇنلىغان يولۋاس، يىلپىزلارنى يوقاتتىم.
ھەممە ئىش بىز ئويلىغاندەك بولمايدىكەن پۇجۇڭ خېنىم. لاھەۋ-
لە ۋەلاقۇۋۋەتە ئىللا بىللا (ئاللانىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىز-
دىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ)
مېھرىبانۇ كۆز يېشى ئىچىدە «تەقدىردىن كەلگەن ئىشقا
بىزدە نېمە چارە» دەپ قويدى.
مەلۇمچى نەمىتۇللا تەيجى بىلەن ھاشىرتەيجىنىڭ كەلگەنلە-
كىنى مەلۇم قىلدى.
نۇربانۇ پەردىنى چۈشۈرۈۋەتتى. ئىككى تەيجى دۇئادىن،
كېيىن مېھرىبانۇنىڭ ئېسەنلىكىنى سورىدى ۋە نەمىتۇللاتەيجى
سۆز ئاچتى:
— پۇجۇڭ خېنىمغا مەلۇم بولغاي، دايۇەنشۇەينىڭ ئالدىغا
بارغان ئەلچىلىرىمىز قايتىپ كەلدى. يۇنۇس قازى ئاخۇنۇمنىڭ
ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇلار ھەزرەتلىرىنىڭ ئاتىغانلىرى بويىچە
سەككىز مىڭ تۇياق ئات، مىڭ دانە يامبۇ، ئەللىك نەچچە زىخچە

ئالتۇن بەرسەك، مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنى قويۇپ بەرسەڭلار دېگەنىكەن. دايۈەنشۆي جاۋاب بەرگۇچە تۇڭگان ئاخۇنلار «بىز دىنىمىزنى پۇل ـ مالغا ساتمايمىز» دەپ ئۈنىماپتۇ. دايۈەنشۆي-مۇ تۇڭگان ئاخۇنلارنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپتۇ.

بۇ گەپتىن كېيىن ئاردا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئاندىن ھاشىر تەيجى دېدى:

— پۇجۇڭ خېنىمغا مەلۇم بولغاي، شەھەر ئىچىدىكى پۇقرالارنىڭ بىر قىسمى بالا ـ چاقىسىنى ئېلىپ يوشۇرۇنچە قېچىۋاتىدۇ. قانداق قىلىمىز؟

— پۇقرالار شەھەردىن چىقىپ كەتسە كەتسۇن، ئۇلارغا بىر قانچە يوشۇرۇن يوللارنى ئېچىپ بېرەيلى. كۆڭلى نەدە ئىمىن تاپسا، شۇ يەرگە بارسۇن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇلار-نىڭ پەيلى بۇزۇق، بىزگە ياخشى كۈن يوق. ئەگەر ئۇلار تاسادى-پىي ئەھۋالدا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىمىز دېسە بىر دەملىكلا ئىش. قارا قاغىدەك يوپۇرۇلۇپ تۇرغان چېرىكلەرگە بىز تەڭ كېلەلمەي-مىز. ھەممىمىز ئىككى قوللۇق تەييارلىق كۆرەيلى. ھەرقايسى-لىرىمۇ ۋاقتى كەلگەندە جانلىرىنى جان ئەتسىلە. ئۇلارغا تەي-يارلىغان يامبۇ، ئالتۇنلارنى بىر يەرگە بېسىقتۇرۇپ قويۇشسى-لا، يەنە يۇرتقا كېرەك بولىدۇ، — مېھرىبانۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى، — يەنە بىر گەپ، پۇقرالار دايۈەنشۆي لەش-كەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىسۇن. ئەڭ مەخپىي يوللارنى بەلگىلەپ بەرگەيلا.

— خوش، پۇجۇڭ خېنىم، دېگەنلىرىدەك قىلىمىز.

ئۇلار چىقىپ كېتىۋىدى، يەنە مەلۇمچى كىرىپ دېدى:

— ئوردا ئالدىغا بىرى ھەزرەتلىرىنىڭكىدەك تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ كەپتۇ. ئۇ ئىشىكلەرنى ئېچىڭلار، مەن ئوردىغا كى-رىمەن دەۋاتىدۇ قانداق قىلىمىز خېنىم؟

— ئۇ كىمكەن، ئەرمىكەن، ئايالمىكەن؟
— ئايالكەن خېنىم، ئۇ ھېلىقى سۇۋۇر بەگنىڭ ئايالى مىنىس ئاپپاقتەك قىلىدۇ.
مېھربانۇ مىنىس ئاپپاقنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ بىر قىسما بولغان بولسىمۇ، مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا بىر ئامال بولۇپ قالارمۇ يە، دېگەن خىيالغا كېلىپ «كىر-گۈزۈۋېتىڭلار» — دېدى.
مېنىس ئاپپاق مېھربانۇ پوجۇڭ خېنىمدەك ياسىنىپ كەل-گەنىدى. ئۇ تەختىراۋاننى ئوردىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى توساق تام ئالدىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى مېھربانۇ پوجۇڭنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن كۆڭلىكى كالتە پۇتلىرىنى يېپىپ يەرگە سۆرۈلۈپ تۇراتتى. بېشىغا سالغان ئۇنچە تۇتۇلغان لېچە-كى سوڭىغا چىرمىشىپ، مېڭىشىغا توسالغۇلۇق قىلاتتى.
مېھربانۇ خېنىم مىنىس ئاپپاقنى ئوچۇق چىراي بىلەر كۈتۈۋالدى.
— كەلسىلە، كەلسىلە خېنىم ئاچا!
— ھىم . . . . ھە . . . بۇ دۆلەت سەندە تۇرماس، بۇ مۇشكۈل مەندە دەپ، ھا. . . ي ئېلىلىق ئاپپاق، ساڭىمۇ چاق-قانلا كەپ قالدى. ھا. . . ي جەينەك يېقىن بولغىنى بىلەن چىشلىگىلى بولمايدۇ. ئىگىن كىيسە تولغىنىپ، ئاش يېسە ئاغرىنىپلا يۈرەرمەنمىكىن دەپتىمەن. مانا ئەمدى، بۈرۈنلاردا ئالەم چۆرۈلۈپ كەلسە، ھازىر قازان بېشى چۆرۈلۈپ كېلىدى-كەن. ئەمدى مەن پوجۇڭ بولىمەن. ساڭا ياراشقان پوجۇڭلۇق ماڭا ئەجەب ياراشمايدىكەن. سەن ئوردىدىن چىقىپ كەت. بول-مىسا دايۋەنشۈي سېنىڭمۇ كالالاڭنى ئالىدۇ. ئاڭلىمىدىڭمۇ مۇ-شۇ نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە بېشىرچىڭۋاڭ ۋە ئۇنىڭ يالاقچىلىرى بولۇپ بەش ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ. سەن ياخشىلىقچە

بۇگۈنلا بۇ ئۇردىدىن چىقىپ كەت. بولمىسا ئامان قالمايسەن. مۇھەممەت بېشىرنىڭ كاللىسىنى ئالغان دايۇەنشۇي سېنى ساق قويغۇدەكما! !

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مېھرىبانۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ سۇۋۇر پاكارنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى بىلەتتى. شۇڭا بۇگۈن ئۇ مىنىس ئاپپاقنىڭ دېگەنلىرى ھەق دەپ چۈشەندى. دېمەك، ئەتە - ئۆگۈننىڭ ئىچىدە مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىكەن.

مىنىس ئاپپاق خىرقىراپ ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ مېھرىبانۇ پوجۇڭنى تاماشا قىلماقتا ئىدى. نۇربانۇ بۇ ھاقارەتكە چىداپ تۇرالمىدى - دە، دەرھال قىلىچىنى يالىڭاچلاپ مىنىس ئاپپاققا ھەيۋە قىلدى:

— ئەمىسە سەن ئۆز ئايىغىڭ بىلەن پوجۇڭ خېنىمنىڭ ئايىغىدا ئۆلگىلى كەپسەندە، مەن ساڭا ئۆلۈمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قوياي.

— ھەي . . . ي. توختاپ تۇر. سەن كىمسەن، مېنى ئۆلتۈرسەڭ سەنمۇ تىرىك قالمايسەن، — دېدى ئۇ ئۆزىنى ھەم كەڭ يەڭ ئىچىدە كۆرۈنمەي قالغان قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — بولدى مەن بۇگۈن ئۇردىدىن چىقىپ كېتەي، ئەتىلا پوجۇڭ خېنىم بولمىغىنىمنى كۆر، شۇ چاغدا كۆزۈڭگە ئىشەنمەي قالىسەن، — دېدى - دە، قورقىنىدىن پۇت - قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئۇردىدىن چىقىپ كەتتى.

ئاپتاپتەك چېھرىسى ئوچۇق مېھرىبانۇ پوجۇڭنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ دەرد - ئەلەمدە پۇت - قوللىرى تىترەيدىغان بولۇپ قالغىنىغا ئوتتۇز سەككىز كۈن بولۇپ قالدى. مانا ئەمدى مىنىس ئاپپاقنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ دەرد - ئەلىمىنى تېخىمۇ

كوچەيتىپ ئۇنى ياتقۇزۇپ قويدى.

* *

شاھنىڭ يۈرىكى قاپلان دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن، سۆ-ئەككە پىچاق ئۇرغاندەك قىلىنغان سوراق - سوئاللار ئوتتۇز سەككىزىنچى كۈنگە قەدەم قويدى. قارا كۆچلەرنىڭ چاڭگىلىدا ئۆلۈم خەۋپى ئاستىدا تۇرغان مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ئۇلارغا بوي ئەگمىدى. گۇناھىم باركەن دەپمۇ ئىقرار قىلمىدى. خۇيزۇ ئاخۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ ئېلىشتىن ئىبارەت يامان غەرىزىنى دىنىي ھۆكۈم بىلەن نىقابلاپ، مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭغا ۋە يۇقىرىلارغا تاڭدى. ئۇلار مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭغا ئۆلۈم جازا-سى بېرىشنى شەرىئەتنىڭ ھۆكمى دەپ جاكارلىدى. لېكىن بۇ ئۆلۈم خەۋىرى مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنى ھودۇقتۇرۇپ، كۆز-لىرىنى تىنىدۇرالمىدى، ئۇ ئاخىر شۇنداق دېدى:

— ئىنسان ئۈچۈن تاج كەيمەك شەرت ئەمەس، بەلكى نومۇس ۋە ۋىجدان ئىگىسى بولۇش، ئەل - يۇرت ئالدىدا ئۆز-ىنىڭ ۋەزىپىسىنى بىلىش شەرتتۇر. مەن ئۆلمىسەم سەن خەل-قىمنى قىرىۋەتمەكچىمۇ؟! مەن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىلا ئۆلتۇر!

— ئەمىسە ئۆلۈم ئالدىدا تەلىپىڭ بولسا ئېيت! — دېدى دايۇەنشۇي.

— مېنى ئۆلتۈرسەڭ، مېنىڭ بىلەن بىللە تۇتۇۋالغان تۆت بۇرادىرىمنى قويۇۋەت. ئاندىن بىر كۈن ۋاقىت بەر، بالا - چاقىلىرىم، قېرىنداشلىرىم، ئەل - يۇرتۇم بىلەن خوشلىشى-ۋالاي.

— بولىدۇ، ئەتە ئەتىگەندە جازا مەيدانىغا ئۆز ئايىغىڭ

بىلەن كەل.

مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ دايۈەنشۈي ئالدىدىن تىترىگەن پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ چىقىپ كەتتى. دايۈەنشۈي ۋاڭغا ھېچ-كىمنى ھەمراھ قىلمىدى. ھەتتا لەشكەرلىرىگە «چېقىلماڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئەتراپتا ۋاڭنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى كۈزىتىپ، ئۇنى قوتقۇ-زۇپ كېتىشكە كەلگەنلەر ۋاڭنىڭ يالغۇز كېتىۋاتقانلىقىنى كۆ-رۇپ يۇگۇرۇپ دېگۈدەك ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتى ۋە ئەھۋالنى بىلىپ ھەسرەتلىك ياشلىرىنى تۆككىنىچە، ئاتقا مىندۈرۈپ ئور-دىغا ئېلىپ كېلىشتى.

مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ھۇجرىغا كىرگەندە مېھرىبانۇ پۇ-جۇڭ يەنىلا ھوشىنى بىلىپ ـ بىلمەي ياتاتتى. تۈنۈگۈن غورۇرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ نۇرغۇن تەسەللىسىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ ھازىر مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ «چۈشۈم-مۇ، ئوڭۇممۇ» دېگەن خىيالنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، ئاستا ئىرغىنىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ۋاڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى. مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ مېھرىبانۇ پۇجۇڭنى يېنىغا ئولتۇرغۇ-زۇپ:

— خېنىم، ئۆزلىرىنى ئۇنداقمۇ يوقىتىپ قويغان بارمۇ؟ مەن ئۆلسەممۇ ئۆزلە ياشاشلىرى كېرەك. ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسى-لا، مېنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن يۇرت ئۈچۈن ئۆزلىرىنى تۇتۇۋال ـ سىلا، — دەپ تۇرۇشىغا بىردەملا ئۇلارنىڭ ئوماق قىزلىرى گەۋھەر خېنىم، جەۋھەر خېنىملار يېتىپ كىردى. ئۇلارنىڭ بىرى ئون ياش يەنە بىرى ئون ئىككى ياش بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن ئوماق، بىر بىرىدىن چىرايلىق ئىدى. ئۇلار كىرىپلا دادىسىنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كېتىشتى. سەبىي قىز-لارنىڭ مەرۋايىتتەك، يۇمران يۈزلىرى ياش بىلەن يۇيۇلدى.

تال - تال كىرىپكلەر، تال - تال ئۆرۈلگەن چاچلار قورقۇنچ، ھەسرەت، پىغاندىن تىترەپ تۇراتتى. مۇھەممەت بېشىر چىڭگۈاڭ بۇ ئۇماق گۆدەكلەرنىڭ پېشانىلىرىغا سۆيدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئىسسىق بىر ئوتلۇق ئېقىم تومۇر - تومۇرلىرىغا تاراپ چىدىغۇسىز پەريادقا ئايلاندى. لېكىن بۇ پەريادنى ۋاڭ ھېچكىمگە سەزدۈرمەي كۆزىنى يۇمۇپ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇردى. شۇ ھالدا خېلى جىمجىت ئولتۇرغاندىن كېيىن باللارنى ئاچىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. باللار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مېھرىبانۇ پۇجۇڭغا يەنە تەكىتلەپ دېدى:

— ئۆزلىرىنى ئۇتتۇۋالسىلا پۇجۇڭ خېنىم، بىزگە ئاللا نېسىپ قىلغان كۈنلەر شۇ ئىكەن. ئاللانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق. مېنى ھېيتكاھدا ئۆلتۈرۈلگەن سانسىزلىغان تۇڭگان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ روھى ئۇردى. مەن بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغۇدەكمەن. ھەر باشتا بىر ئۆلۈم، مەن ئۆلۈپ كەتسەم، ئۆزلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، يۇرتنى باشقۇرۇپ ئۆتكەيلا، ئۆزلىرىگە مىيىپ بولۇپ قالغان ئوغلۇم، ئىككى قىزىم قالدى. ئۇلارغا ئوبدان قارىغايلا، خەلقىم ئاچ - زارلىقنىڭ دەردىنى تارتمىسۇن، ئىنسانىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولسىمۇ قايغۇسى ئۇزۇن بولىدىكەن. ئادىللىق ئىنسانىنىڭ ياخشى سۈپىتىدۇر. ئۆزلىرىگە ياخشى خۇلق، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن «ئامىن!» رەببەنا ئاتىنا فىد دۇنيا ھەسەنەتەن ۋەفىل ئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئازابەننار (ئى رەببىمىز ئاللا بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخنىڭ ئازابىدىن ساقلىغىن)

مېھرىبانۇ پۇجۇڭنىڭ ئەقىل - پاراسەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرىدىن قان - ياشلار ئاقتى. «بىز بەندە، ئاجىزكەنمىز» دېيىشتىن باشقىغا تىلى بارمىدى.

ئوردىدا قالغان نەمتۇللا تەيجى، ھاشىر تەيجى، يۇنۇس

قازى ئاخۇنۇم قاتارلىقلار نېرىقى چوڭ ئۆيدە ۋاڭنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ماغدۇرسىزلانغان پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقتى. ئۇلارمۇ روھسىزلانغان باشلىرىنى تۆۋەن قىلىپ:

— ۋاڭ خوجامنىڭ ئالتۇن بويى ئېسەن بولغاي، — دېدى. ۋاڭ جايىغا ئولتۇرۇپ ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىنى بەگلىرىگە تىكىپ، بوش ئاۋازدا:

— ھەممىلىرى ئولتۇرۇشسىلا! — دېدى.

ئارىدا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن:

— ھەممىلىرىدىن رازىلىق ئالغىلى كەلدىم، — دېدى ۋاڭ ئۆزىنى زورىغا بېسىپ، - كۆز يېشى قىلىشمىسىلا، يېشىم يەتمىشكە يەتتى. مەن بۇ ئۆلۈمگە رازى بولدۇم.

بۇ چاغدا ئىشىكتە مەلۇمچى كۆرۈنۈپ مەلۇم قىلدى:

— ئېلىدىن غورۇرى جانابلىرى يىگىرمە پالۋاننى ئەگەشتۇرۇپ جانابلىرىنى ئېلىغا ئەپ كەتكىلى كەلگەندى. كىرىشكە ئىجازەت سورايدۇ.

مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ غورۇرىنىڭ ئالدىغا چىقتى. غورۇرنىڭ چاچ ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەندى. ئۇلار چىڭ قۇچاقلاشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ مۇردلىرى سىلكىنەتتى. چەكسىز دەرد - ئەلەم ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغانىدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇلار، ئايرىلىپ ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. بۇ چاغدا مەلۇمچى ئېسەدەپ تۇرۇپ يەنە شۇلارنى دېدى:

— ۋاڭ خوجام دېمەكچى بولغىنىم تۈگىمىدى، يەنە تۇرپان، لۈكچۈندىن ئوتتۇز ئاتلىق ئادەم كېلىپ سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ. ئۇلارمۇ جانابلىرىنى تۇرپانغا ئېلىپ كەتمەكچى ئىكەن.

— ئۇلار نەدە؟

— هازىرلا يېتىپ كىرىدۇ. يەنە بىر گەپ بار ۋاڭ خوجام، — دەپ تەكرارلىدى مەلۇمچى، مەلۇمچىنىڭ كۆڭلى شۇ كۈنلەردە بەكلا يېرىم بولسىمۇ ۋاڭ خوجامنى قۇتقۇزىمىز دەپ كەلگەنلەر كۆپ بولغانلىقتىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇلار چوقۇم ۋاڭ خوجامنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ دېگەن ئۈمىد تۇغۇلغانىدى. شۇڭا ۋاڭ خوجامنىڭ كۆڭلىگە ئاراملىق بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنى ئۈستى - ئۈستىلەپ مەلۇم قىلغىلى تۇردى، — جانابلىرى خان ئالدىغا بېيجىڭگە سەپەر قىلىپ، لەنجۇسىڭدا بىر ئۆتەڭدە چۈشكۈن بولغاندا بىر يېزىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ يۇرتىدا قۇرغاقچىلىق توپىيلى ئاپەت بولغانلىقىنى ئېيتىپ، جانابلىرىدىن سەدىقە تىلىگەنىدى. جانابلىرى شۇ جايدىلا ئۇلارنىڭ قولىغا خەت يېزىپ بېرىپ، ئوردىدىن ئېلىڭلار دەپ ئەللىك كالا، ئەللىك قوتاز، يۈز قوي، يۈز تاغار بۇغداي، يۈز تاغار قوناق بەرگەن ئىدىلە ئەنە شۇ چاغدا شۇ شەھەردە چامباشچىلىقنى ئۆگەنگەن ئۈچ نەپەر داڭلىق ياش پالۋان بارىكەندۇق، ئۇلار جانابلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ «بىز دايۇەنشۇي بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشىمىز، ئېلىشىشتا چوقۇم يېڭىمىز، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن بىز مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنى قۇتقۇزۇپ قالىمىز» دەپ كەپتۇ. لېكىن، بىز ئۇلارغا دايۇەنشۇي «ئەگەر بىزگە قالايمىقان چېقىلساڭلار پۈتۈن خەلقنى قىرغىن قىلىمىز» دەپ جارسېلىۋاتىدۇ. سىلەر ئۇنداق قىلساڭلار ئىشنى بۇزۇپ قويىسىلەر، هازىر ۋاڭ خوجام بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ. ئاۋۋال سۆھبەت ئاخىرلاشسۇن — دەپ ئۇنىمىدۇق.

— ئۇلارنى كىرگۈزۈڭلار، — دېدى مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ بۇ گەپلەر بىلەن ئۇ ئۆزىگە سەل تەسەللى تاپقاندەك بولدى.

ئالدى بىلەن تۇرپان، لۈكچۈندىن كەلگەن پالۋانلارنىڭ باش-

لىقلىرى كىردى. ئۇلار سالامدىن كېيىن:

— قۇمۇل بىلەن تۇرپان قېرىنداش شەھەرلەردۇر. خەلقلىرىمىز ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن تارتىپلا يېقىن ئۆتىدۇ. جانابلىرىنىڭ دايۇەنشۈەيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ، تۇرپان، لۈكچۈندىكى ۋاڭ خوجاملار قاتتىق ھەسرەت چەكتى. شۇڭلاشقا بىز ئوتتۇز پالۋاننى تاللاپ ۋاڭ خوجامنى سولاپ قويغان يېرىدىن مەخپىي ھالدا ئەپچىقىپ كېلىڭلار دەپ ئەۋەتكەنىدى. دايۇەنشۈي دېگەن بىر ئادەمخور. ئۇ ئادەم ئۆلتۈرمىگىچە كۆڭلى تىنمايدۇ، — دېدى.

— ماڭايلى ۋاڭ خوجام، — دېدى كۆچتۇڭگور بىر پالۋان.

ۋاڭ ياش يۇقى كۆزلىرىنى يۇمۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. گەپ تۈگىشىگە لەنجۇسىڭدىن كەلگەن ھېلىقى چامباشچى ئۈچ نەپەر خەنزۇ يىگىتى كىردى، ئۇلار پېشانىسىنى قارا ياغلىق بىلەن چىڭ چىگىۋالغان، ئۈستىگە تامامەن قارا كىيىپ، قارا پوتا بىلەن بېلىنى چىڭ باغلىۋالغان، پۇتىغا قارا لاتا خەي، ئاق پايپاق كىيىپ، ئىشتان پۇچقىقىنى باغلىۋالغان چەبدەس يىگىتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىنلا ھەقىقەتەن ئۇستا چامباشچىلار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئاۋۋال ئۇلار ئۈچى تەڭلا ۋاڭغا باش ئۇردى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ بىرى سۆزلىدى:

— بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن سىز بىزنىڭ جېنىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدىڭىز، بىز سىزنى ئۇنتۇپ قالمىدۇق، بېيجىڭگە ماڭغان خەۋەرچىلەردىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يېزىدىكى بارلىق خەلق سىز ئۈچۈن قايغۇردى. بىز دايۇەنشۈي بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشىشقا چىقتۇق، قېنى مەردنى مەيداندا سىنا دەيدۇ. ئۇ ئەگەر خەلقپەرۋەر باتۇر بولسا ئالدىمىزغا چىقسۇن، بىز بىلەن يەكمۇ - يەك ئېلىشىپ كۆرسۇن. بىز ئۇنى

چوقۇم يېڭىمىز، سىزنى چوقۇم قۇتقۇزىمىز.

مۇھەممەت بېشىر چېڭۋاڭ ئۆزىنى قۇتقۇزغىلى كەلگەنلەردىن سۆيۈنۈپ قالدى. دايۇەنشۇەينىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندىن بېرى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ۋەھىمىلىك قاراڭغۇ ئويلار قاپلىۋالغانىدى. گاھىدا دەھشەتلىك خىياللار ئۇنى چۆچۈتۈپ قېتىپ قالغان ھەيكەلگە ئايلاندۇرۇۋېتەتتى، گاھىدا ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىق ئوتتۇرىسىدىكى قارا ئويقان يېقىنلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ ئويلاندى. ئۆلۈمدىنمۇ قاتتىق نەرسە بارمىدۇ؟ ئۇ ئاخىرى بۇنىڭ جاۋابىنى تاپتى. ئۆلۈمدىنمۇ قاتتىق نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ خەلقنىڭ لەنىتىگە قېلىش. مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ھازىرمۇ شۇنى ئويلاپ، سارغايغان پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى ئېرتىپ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغانلارغا قارىدى:

— قازانى ئوقيا بىلەن قايتۇرغىلى بولمايدۇ. ماڭا قازا كەلدى. بۇ قازادىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. قېچىپ قۇتۇلغىلى بولىدۇ دېسەك، خەلق، يۇرت ۋەيران بولىدۇ. ئاتا-بوۋامنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە مۇشۇ يۇرتتا ياشاپ، مۇشۇ يۇرتنى گۈللەندۈرۈپ ئۆتتۇق. ئەمدىلىكتە مېنىڭ دەۋرىمگە كېلىپ خەلق ۋەيران بولسا، يۇرت خارابلاشسا بولمايدۇ. بىزنىڭ ئىنسانى قەرزىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەنە شۇ ئاۋام پۇقرا ئۈچۈن، — مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ شۇگەپلەرنى قىلىپ بولۇپ جىمىپ قالدى. ئۆينىڭ ئىچىدە بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئاندىن يەنە دېدى:

— ھەممىلىرى مەندىن رازى بولۇشسىلا، غورۇرى جانابلىرىغا، ئىلىلىق بارلىق قېرىنداشلارغا، تۇرپان، لۈكچۈندىكى قېرىنداشلارغا رەھمەت. مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ يەنە ھېلىقى ئۈچ نەپەر چامباشچى ئۇستىلارغا قارىدى: سىلەرگىمۇ مىڭ

مەرتىۋە رەھمەت. ھەممىڭلارغا يەنە شۇنى دەپ قوياي، مېنىڭ-
دىن كېيىن قالسا ئەيىبناك ئوغلۇمنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەي-
دۇ. مېھرىبانۇ خېنىم يۇرتنى باشقۇرىدۇ. ھەممىڭلار ھەمىشە
بولۇشىڭلار. ئاجىز - ئورۇق، يېتىم - يېسىرلەرنى يوقلاشنى
ئۇنتۇپ قېلىشمىڭلار، «ئامىن!» — ھەممىسى دۇئاغا قول
كۆتۈرۈپ ئوزاققىچە ئوقىدى.

— ھەممىڭلارغا خوش، ئەمدى مەن توۋا ئىستىغپار ئو-
قۇپ، قازا نامازلىرىمنى ئوتۇۋالاي، ئەتە ئەتىگەندە . . . ۋاڭ
ئاخىرقى سۆزىنى دېمىدى. ئۇ سەل ھالىدىن كەتكەنىدى.

بامداتتىن بۇرۇن مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ غۇسۇل تاھارەت
ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقىدى. كېچىچە پۈتۈن ئوردا ئەھلى
كىرپىك قاقمىدى. ئوردىدىكى بارلىق ئۆيلەرگە، قاراڭغۇ دالان-
غا، تاش تارتما، گۈل تارتمىلارغىچە شام، پانۇسلار يېقىلدى.
ئوردىنىڭ ئىچىدە تىمتاس بىر سۈر، تىمتاس بىر ۋەھىمە ئەكس
ئېتەتتى.

مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ نامازنى ئوقۇپ بولۇپ ئۈستىگە
ئۈچ قەۋەت كېپەن كىيدى، بېشىغا ئاق سەللە ئورىدى. ھاسىغا
ئاق يۆگەلگەن، مەيسىگە ئاق يېپىلغان، مەپىگە قوشۇلغان
ئاتنىڭ بوينىغا ئاق چىگىلگەنىدى. شۇنداق قىلىپ مۇھەممەت
بېشىرچىڭۋاڭ ئۆز ئايىغى بىلەن ئۆلۈم مەيدانىغا قاراپ ماڭدى.

قىرىق كۈندىن بېرى ئۆيلىرىدە مۇشۇنداق بىر ۋەھىمىنى
ئويلاپ تۇرغان خالايىق بىردىنلا ئۆيلىرىدىن چىقىپ يېڭى ئاۋاتقا
بارىدىغان يول ياقىسىدا يوپۇرۇلۇپ تۇراتتى. پۈتۈن خەلق مۇ-
ھەممەت بېشىر چىڭۋاڭدىن رازىلىق تىلىدى. مۇھەممەت بېشىر
چىڭۋاڭ خەلقتىن رازىلىق ئالدى.

جازا مەيدانىنىڭ ئەتراپىنى دايۋەنشۇي لەشكەرلىرى نەچچە
قەۋەت قورشاپ تۇراتتى. مەيدان ناھايىتى چوڭ بولۇپ، شەرق

تەرەپتە مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ مەپىسى توختىدى. غەرب تەرەپتە شاسېلىمبەگ، سىدىق بەگ، ئابدۇللا بەگ، باقى بەگ قاتارلىق تۆت ئادەمنى تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇشتى.

مەپىدىن چۈشكەن ۋاڭ ئۇلارنى كۆرمىدى. ئۇ تايىقىغا چىڭ يۆلىنىپ تۇراتتى.

جازا مەيدانىغا دۈركىرەپ كەلگەن خالايىق تىزلىنىپ، باشلىرىنى رۇكۇغا ئاپىرىپ «ۋاڭ خوجامنىڭ ياتقان جايى جەننەتتە بولسۇن» دېيىشتى. بۇ چاغدا مەيدان ئۈستىدىكى ئاسماننى قارا بولۇتلار قاپلاپ كەتتى. سوغۇق ھاۋا تومانلىنىشقا باشلىدى، بۇ دەل 1867 - يىل 2 - ئاي كۈنلىرى ئىدى. مەيداننىڭ چۆرىسىدە قىزىل كېگىز كۆتۈرگەن بەش - ئالتە ئادەم كىشىلەر توپىنى قايرىپ مەيداننىڭ ئىچىگە كىرىپ ھەممىسى ئۆزىگە تېگىشلىك جايلاردا تۇردى. بۇ چاغدا دايۇەنشۇەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن جاللاتلار مەيدانغا كىرىشتى. مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ يېنىدا توختىغان جاللات ئەندىشە ئىچىدە ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. بۇ چاغدا يۈرىكى قاتتىق سىقىلغان مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ «ئەلۋىدا! ئۇلۇغ پۇقرالىرىم!» «ئەلۋىدا! ئۇلۇغ پۇقرالىرىم!» دېدى. بۇ گەپنى ھەممىسى دېگۈدەك ئاڭلىدى. ھېلىقى جاللات قىلىچىنى ئايلاندۇرۇپ ئىككى سەكرەپ كېلىپ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ كاللىسىنى شارتلا قىلىپ ئېلىۋەتتى. ئاپپاق سەللىلىك باش يەرگە چۈشمىدى. قىزىل كىگىز كۆتۈرگەنلەرنىڭ بىرى شۇنداق چەبدەسلىك بىلەن كېسىلگەن باشنى تۇتۇۋالدى. يەنە بىرى مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ تېنىنى تۇتۇۋالدى - دە، كېسىلگەن كاللىنى تەنگە دەرھال قويۇپ جەسەتنى قىزىل كىگىزگە ئورىدى. كىشىلەر مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ كېسىلگەن يېرىدىن قان ئاققىنىنى كۆرەلمەي قالدى. مانا شۇ چاغدا يەنە بىر ئىش يۈز بەردى، دەھشەتلىك

قىلىچ ئۇرۇپ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ كاللىسىنى ئالغان جاللات مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ تۇرغان جايدا دۈگۈلۈنۈپ ياتات-تى. ئۇنىڭ دەل يۈرىكىگە ئوقيا تېگىپ ئۆلگەنىدى. بۇ ئوقيانى كىشىلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان نۇربانۇ ئاتقانىدى.

بۇ چاغدا يەنە تۆت نەپەر ئوردا ئەمەلدارىنىڭمۇ كاللىسى ئېلىنغانلىقتىن مەيدانغا ئۇسۇپلا كىرگەن خەلق دايۇەنشۇەينىڭ گېپىدە تۇرماي شاسېلىمبەگ، سىدىق بەگ، ئابدۇللا بەگ قاتار-لىق تۆت ئەمەلدارنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىدىن نارازى بولماقتا ئىدى.

دايۇەنشۈي بۇ ئەھۋالنى ھازىرچە بېسىپ قويۇش ئۈچۈن لەشكەرلىرىنى قايتىشقا بۇيرۇق قىلدى.

مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ جەسىتى ئالتۇنلۇقتىكى ئۇ-زى ياساتقان چىنە گۈمبەز ئىچىگە دەپنە قىلىندى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

ئۆزىنى بىلىپ ـ بىلمەي يۈگۈرۈپ يۈرگەن نەمتۇللا تەيجى بىردە مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىدىن ھەسرەتلەنسە، بىردە مېھرىبانۇ پۈجۈڭنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپ ئاس. تىدا قېلىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەتتى. ئۇ بۈگۈن مۇھەممەت بې. شىر چىڭۋاڭغا ئەگىشىپ جازا مەيدانىغا بېرىپلا ئەھۋالنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى بىلدى. چۈنكى دايۋەنشۇەي پەقەت مۇھەممەت بې. شىر چىڭۋاڭغىلا ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلغانىدى، بىراق جازا مەيدانىغا سىدىق تۇڭچى، شاسىلىمبەگ قاتارلىق تۆت ئادەمنىمۇ ئېلىپ چىققانىدى. «دايۋەنشۇەي گېپىدە تۇرمىغۇدەك ـ دېدى نەمتۇللا تەيجى ئۆز ـ ئۆزىگە، — ئەھۋال چاتاق، دەرھال مېھرىبانۇ پۈجۈڭنى قاچۇرىۋەتمىسەم بولمىغۇدەك» ئۇ دەرھال ئوردىغا يېتىپ كېلىپ ئالدىن تەييارلاپ قويغان ھارۋا، مەپىلەر. نى ياۋاغ تەرەپكە توختىتىپ مېھرىبانۇ پۈجۈڭنى، ئۇلارنىڭ ئىك. كى قىزى گەۋھەر خېنىم، جەۋھەر خېنىملارنى مۇھەممەت بې. شىر چىڭۋاڭنىڭ ئەيىبناك ئوغلى غولام مۇھەممەتنى ۋە بىر قانچە دېدەك، مەپىكەش، ھارۋىكەشلەر بىلەن قوشۇپ دايۋەنشۇەي لەش. كەرلىرى كۆرمەيدىغان يول بىلەن تاغ تەرەپكە يولغا سېلىۋەتتى.

مېھرىبانۇ خېنىم مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ئۈچۈن قاتتىق يىغلىغان پېتى ئوردىدىن ئايرىلدى.

قالغان تەيجى، بەگلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى جان ئېتىش. كە تەييارلىق قىلىپ قويدى.

تاغنىڭ تاش شېغىللىق يوللىرىدا تاراقلاپ چېپىپ كېتىۋاتقان مەپە، هارۋىلار ئادەمگە تېخىمۇ ئەنسىزچىلىك سالاتتى. ئۇلار شۇنداق تېز مېڭىپ كۈن قىيىلغان چاغدا زاغرا ناندەك يېرىلىپ كەتكەن ئېگىز تاغلار ئارىسىدا توختاپ ئارام ئالدى. ئاندىن يېرىم كېچە بولغاندا يولغا چىقىپ، تاڭ سۈزۈلگەندە كەڭ كەتكەن تاغ باغرىدا ماكان تۇتۇپ، باغلىرى كۆكلەپ، ماللىرى يېيىلغان بىر مەھەللىگە كەلدى. بۇ يەردىكى بىر يۈز ئون ياشلىق باي بوۋا ئاتالغان شاكىر بوۋا پۈجۈڭ خېنىمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن سەل بۇرۇن خەۋەر تاپقانلىقتىن بالا - چاقا، ئەل - مەھەللىسىنى باشلاپ مېھرىبانۇ پۈجۈڭنىڭ ئالدىغا چىقىپ قاراپ تۇرغانىدى.

مېھرىبانۇ پۈجۈڭ كۆڭلى سۇنغان هالدا، بېشىغا ئاق ياغلىق سىلىپ مەپىدىن چۈشكەندە باي بوۋا نەۋرىسى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان بىر توپ يېشىل تاۋارنى پاياندار سېلىشقا بۇيرۇدى. مېھرىبانۇ پۈجۈڭ نۇربانۇنىڭ يۆلىشى بىلەن پاياندار ئۈستىدىن مېڭىپ باي بوۋىنىڭ ئۆيىگە كىردى.

مېھرىبانۇ پۈجۈڭ مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ ئۈچۈن هازا ئاچتى. جامائەتكە چاچكا① چاچتى، سەدىقىلەر بەردى.

ئاپپاق ساقاللىرى كۆكسىگە چۈشكەن بويى ئېگىز، يەنىلا ساغلام كۆرۈنىدىغان باي بوۋىمۇ مېھرىبانۇ پۈجۈڭ كۆز يېشى قىلغاندا قار - يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ:

— يۇرتىمىزنىڭ تۈۋرۈكى ئىدى. مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ هىمايىسىدە بىزمۇ گۈللەنگەن هەم بېيىغانىدۇق. ئامالىمىز يوقكەن پۈجۈڭ خېنىم، سەۋرى قىلسىلا! - دەپ پۈجۈڭ خېنىمغا تەسەللى بەردى.

---

① چاچكا - مېيىتنى ئۇزاتقاندا ئەر - ئايال جامائەتكە تۇتىدىغان قورۇق بەل - بېمىش.

مېھربانۇ پۇجۇڭ بۇ يەردە ئون كۈن تۇرۇپ مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ ئۈچ نەزىرى ۋە يەتتە نەزىرىنى بەردى.

باي بوۋا ئەجدادىدىن تارتىپ باي ئۆتكەن بىر ئادەم ئىدى. شۇنداقلا ئۇ مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە تې-خىمۇ بېيىدى. ئۇنىڭ ئون تارتىم تۆگىلىك سودىگەرلىرى ئىچ-كىرى ئۆلكىلەر بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا، جەنۇبىي شىنجاڭدىن چەت دۆلەتلەرگە چىقاتتى. باي بوۋىنىڭ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، قولى ئوچۇق ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ مەھەللىسىدە بىرمۇ گاداي يوق ئىدى. مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ كەم - كۈتىلىرىنى باي بوۋا تولۇقلاپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ھۆرمەت ئېتىبارى ھەمme-دىن ئۈستۈن ئىدى. باي بوۋىنىڭ ھازىر ئەللىك ساندۇقتا يامبۇسى، قوتان - قوتان قوي، كالا، ئات - تۆگىلىرى ساناق-سىز ئىدى. بۇ ماللارنىڭ بىر قىسمى ۋاڭغا تەئەللۇق بولسىمۇ، ۋاڭنىڭ ساناقچىلىرى يىلدا دەپتەرگە يېزىپلا قوياتتى. باي بوۋا بۇ ھەقتىمۇ كۆڭلىنى كەڭ تۇتۇپ، يىلدا ۋاڭغا قاراشلىق ماللار-نىڭ سانىنى ئاشۇرۇپ مەلۇم قىلىپ تۇراتتى.

شەھەردىن دايۋەنشۈەينىڭ ھەددىدىن بەك ئېشىپ كەتكەنلى-كى ھەققىدە تۈرغۈن خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى. مېھربانۇ پۇجۇڭ بۇ يەردىن يىراق يەرلەرگە كېتىشنى ئويلاپ قالدى. بۇنى بىلگەن باي بوۋا شۇنداق دېدى:

— مەن ئۆزلىرىنى توسۇپ قالالمايمەن قىزىم. بۇ قار-غىش تەگكۈر كۈنلەرگە بىر نېمە دەپ بولمايدۇ. لېكىن، قى-زىم، مەن ئۆزلىرىنى يۆلەيمەن. ئۆزلىرى بەربىر يۇرتنىڭ ئىگىسى، خەلقىمىز ۋەيران بولۇۋاتىدۇ. مەن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى يۇرتقا قايتىپ كېلىپ يۇرتنى ئەنجامغا كەلتۈرسىلە، مەن يۇرتقا، خەلققە، ئۆزلىرىگە ئاتاپ ئەللىك ساندۇق يامبۇ بېرىمەن. بۇمېنىڭ يەتمىش يىللىق

ئەجرىمنىڭ مېۋىسى. بۇ يۇرتقا كىرەك بولۇپ قالىدۇ. مەن بولسام ياشقا چوڭ بولدۇم. بالىلىرىمنىڭ، نەۋرە چەۋرىلىرىمىنىڭ يەيدىغىنى، كىيىدىغىنى بار. يۇرسىلە خېنىم بالام، ئۆزلىرىگە يامبۇلارنى تاپشۇراي.

بۇ گەپلەرگە مېھرىبانۇ پۈچۈك ھەم سۆيۈندى ھەم ھەيران قالدى. تاغىنىڭ باغرىدا ئولتۇرغان بىر بوۋايدا شۇنچە كۆپ بايلىق بارمىدۇ. ۋاڭنىڭ خەزىنىسىدە قانچىلىك ئالتۇن - يامبۇ بولغىيتى. توۋا، خەلق تازا بېيىغان ئىكەن - ھە، دەپ قويدى ئۆز ئۆزىگە ھەم دېدى:

— ئۆزلىرىگە رەھمەت بوۋا، لېكىن مەن بۇ يامبۇلارنى ئالالمايمەن. ئەمدى مەن قېچىپ يۈرۈپ، بۇنى نېمىگە ئىشلىتىمەن.

— ئۇنداق دېمىسىلە، قېچىپ كەتسىلەمۇ بىر كۈنى قايتىپ كېلىدىلا، قايتىپ كەلگەندە لازىم بولىدۇ. بەلكىم ئۆزلىرى قايتىپ كەلگەندە يانلىرىدا ھېچ نېمە يوق بولار. شۇ چاغدا ئەسقاتىدۇ. مەن بۇلارنى ئۆزلەگە ساقلاپ بېرەي. ئەمما ساقلىغان يېرىم ئۆزلىرىگە مەلۇم بولسۇن، باشقىلارغا ئەلۋەتتە مەخپىي. ھازىرلا كۆرۈپ باقسىلا، يۇرسىلە خېنىم بالام.

باي بوۋا مېھرىبانۇنى ئوتتۇردىكى قولۇپلاقلىق ئۆينىڭ ئاستىدىن قېزىلىپ، ئۆينىڭ كەينىدىكى تاغنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتكەن چوڭراق بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى - دە، چىراغپاينى چىراغ قويىدىغان جايغا قويۇپ، قاتار تىزىپ قويۇلغان ساندۇقلارنى كۆرسەتتى ھەم بىر قانچە ساندۇقنى ئاچتى. ساندۇق ئىچىدىكى ھەربىرى ئون ئالتە سەر كېلىدىغان يامبۇلار ئاپپاق پارقىراپ تۇراتتى. مېھرىبانۇ پۈجۈك بوۋايدىن مىننەتدار بولۇپ:

— ئۆزلىرى، بوۋا يۇرتنىڭ، ئەلنىڭ غېمىنى يەپلا،

ئۈزلىرىگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت. ئەگەر يۇرتقا قايتىپ كېلەلە-
سەم، چوقۇم ئۈزلىرىنى تاپىمەن، — دېدى. بوۋاي ئاچقۇچنى
قويۇپ قويىدىغان جاينى مېھربانۇ پۇجۇڭغا كۆرسىتىپ قويدى.
مېھربانۇ پۇجۇڭ ئەتىسى، سەھەردە بۇ تاغنىڭ غەربىي
تەرىپى بىلەن ئالتە شەھەر تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى.

* *

مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ قەتلى قىلىنغان كۈننىڭ ئەتىسى
دايۇەنشۇەي «مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ ئائىلىنى ئېلىپ كې-
لىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. بۇ چاغدا دايۇەنشۇەينىڭ لەش-
كەرلىرى ئوردا قوۋۇق، سۇقوۋۇقلارنى ئاچتۇرۇپ شەھەرگە
كىرىپ بولغانىدى. خەلق قورقىنىدىن ئۆيلىرىگە مۆكۈنۇۋال-
غان، ياكى پۇرسەت تاپقانلىرى تۇركۇم، تۇركۇملەپ قاچماقتا
ئىدى.
دايۇەنشۇەينىڭ لەشكەرلىرى ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ مۇ-
ھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ ئائىلىنىڭ ئۆيىنى سۈرۈشتۈرگەندە
ئوردا خىزمەتچىلىرى ۋاڭ نەچچە يىللار بۇرۇن ئۆز ئەمرىگە
ئالغان بولسىمۇ يېنىغا بىرەر قېتىممۇ كىرىپ باقمىغان سۇكچە-
لىك خېنىمنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويدى. سۇكچىلىك خېنىم
مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭغا چوڭقۇر ئېتىقاد بىلەن ئەقىدە باغلى-
غان خېنىم ئىدى. ئۇنىڭمۇ مېھربانۇ خېنىمنىڭكىدەك مەرۋا-
يىت تۇتۇلغان چوڭ لېچىكى بار ئىدى. ئۇ مەرۋايىت تۇتۇلغان
لېچەكنى بېشىغا سېلىپ، يۈزىنى يېپىپ دايۇەنشۇەينىڭ ئالدىغا
چىقتى. دايۇەنشۇەي ئۇنى مېھربانۇ دەپ بىلگەچكە ئايرىم ئۆيدە
كۈتۈۋالدى ھەم:
— مەن سېنى ئۆتكەندە ئالدىمغا كەلگىنىڭدىلا كۆرۈپ

ئاشىق بولۇپ قالغانىدىم. سەن ئەمدى ماڭا تەگ، — دېدى.
— ۋۇ، ساراڭ مەلئۇن! ئېرىمگە ئەقىدە باغلاپ كەلگە-
نىمگە قانچە يىللار بولدى، سەن بۇنى بىلەمسەن. مەن ئۆزۈم
ئەقىدە باغلىغان ئەرنى سەن ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ ئەمدى مەن ساڭا
تېگىشكە ساراڭ بوپتىمەنمۇ، ھەي، سەنمۇ مۇسۇلمانمۇ، ئۇيات-
سىز، يالغان سۆزلەۋاتقىنىنى، مەن سېنىڭ ئالدىڭغا ساڭا تېگەي
دەپ كەلگەنمىتتىم! سېنىڭدەك خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغانلار
بېشىنى يېمەي قالمايدۇ، — دېدى سۈكچىلىك خېنىم دايۋەن-
شۆيگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ.
دايۋەنشۆي «بۇنىڭ بوينىنىڭ قاتتىقلىقىنى بۇرۇنلا بىلگە-
نىدىم» دەپ ئويلىدى ۋە بىردىنلا بۇ ئايالغا ئۇچمەنلىكى تۇتۇپ
لەشكەرلىرىگە جاكارلىدى:
— بۇنى دەرھال يامان ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈڭلار!!
دايۋەنشۆينىڭ لەشكەرلىرى دېگەندەك قىلدى. سۈكچىلىك
خېنىمنى ئەڭ يامان ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ تاغقا قارىتىپ
كەڭ سايغا قويۇۋەتتى. سۈكچىلىك خېنىمنىڭ جېنى چىققۇچە
نەچچە ئون لەشكەر ئاتنى كۆزەت قىلىپ ئەتراپىدا يۈردى.
دايۋەنشۆينىڭ لەشكەرلىرى مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ
ئەتراپىغا يىغىلغان پالۋانلارنى قانلىق باستۇرۇۋەتكەنلىكتىن ئۇ-
لار چېچىلىپ كەتكەنىدى. گەرچە ئۇلاردىن ئاز ئادەم قالغان
بولسىمۇ قايتىدىن بىرلىشىپ، دايۋەنشۆيگە قارشى چىققانىدى.
دايۋەنشۆينىڭ لەشكەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا ئۇلار يەنە
باستۇرۇۋېتىلدى. خەلق قىرغىن قىلىنىشقا باشلىدى. خەلقنىڭ
قاچىدىغانلىرى قېچىپ كەتتى. قاچالمىغانلىرىنى دايۋەنشۆي
لەشكەرلىرى ئۆيمۇ يۈرۈپ بالا - چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆل-
تۈرۈۋەتتى ۋە ئۆيلىرىگە، باغ - ۋارانلىرىغا ئوت قويدى. ئۇر-
دىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، بىر قىسىم جايلىرىغا

ـۇت قويۇۋەتتى.

شۇ كۈنلەردە باريكۆلدە تورۇشلۇق چىلىك لەشكەرلىرى دا-
يۇەنشۇەي لەشكەرلىرىنى يوقىتىشقا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار بە-
لەن كۈچ ئېلىشالماي قايتىپ كەتتى.

قۇمۇل خەلقىنى خالىغانچە ئولتۇرۇپ، بۇلاڭ - تالاڭ قى-
لىپ پۇخادىن چىققان دايۇەنشۇەي بىردىنلا زوزوڭتاڭنىڭ كىلد-
ۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ دەككە - دۈككىگە چۈشتى ۋە بىر
كۈن ئىچىدىلا قۇمۇل زېمىنىدىن غايىب بولدى.

ئاۋات، پاكىز، ئىلىم - مەرىپەت ئەھلى بىلەن تولغان
قۇمۇل شەھىرى خارابلاشتى. نۇرغۇن ئادىمى قىرىپ تاشلاندى.
كوچىلار، هويلىلار ئادەم ئۆلۈكى بىلەن تولۇپ كەتتى. شەھەردە
ئاندا - ساندا قالغان كىشىلەر ئۆلۈكلەرنى كۆمۈپ بولالماي
شەھەر سېپىلىنىڭ تېشىلگەن، ئۆرۈلگەن جايلىرىغا تىقىپ ئال-
دىنى كېسەكلەر بىلەن قوپۇرۇۋەتتى. قېپقالغان ئادەملەرنىڭ
بىر قىسمى تەپ كېسىلىنىڭ تارقىلىشى بىلەن، يەنە بىر قىسمى
ئاچ - زارلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. كاتتا ئوردا، مەشرەپ، بەزمە-
لەر قىزىغان سارايلار كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى.

شەھەر يەتتە - سەككىز يىل ئادەمسىز، چۆلدەرەپ قالدى.
ئۆيلەرنىڭ تام - تورۇسلىرى ئۆرۈلۈپ، كوچىلار مەينەتلىشىپ،
مەھەللىلەرنى، ئۆيلەرنى هۇۋقۇش، چاشقان، كۈسۈتكىلەر قاپ-
لاپ كەتتى.

*　　　　*

مىسلىسىز دەرد - ئەلەمدە پۇچۇلۇنۇپ يول رەنجىدىن هار-
دۇق يەتكەن مېهرىبانۇ پۇجۇڭ هەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئاللا-
تائالادىن ئۆزىگە مەدەت، كۆنلىرىگە نىجاتلىق تىلەپ،

ئۆتەڭ ـ دەڭلەردە قونۇپ، ئاخىر كورلىنىڭ بۇگۇر دېگەن
يېرىگە يېتىپ باردى. بۇ يەردىكى كىچىك بىر يېزىدىن بىر
قورۇنى سېتىۋېلىپ قۇمۇلدىن قېچىپ چىققان پۇقرالار قاتارىدا
هايات كەچۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزدى. ئۆزىنى ھېچكىمگە ئاشكارا
قىلمىدى. بۇبىۋاپازامانىنىڭ نەشتىرى ئۇنىڭ دىلىنى خار، كۆڭ-
لىنى پەرىشان قىلدى. يىللار ئارقىمۇ ـ ئارقا قوغلىشىپ توق-
قۇز يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن،
كۈمۈشلىرىمۇ تۈگەپ قالدى.

شۇكۈنلەردە مېھرىبانۇ پۇجۇڭ ئۆزىنىڭ ئالتۇندىن قۇببە
ئورناتقان رومىلىنى شۇ يەرنىڭ بېگىگە گۆرۈگە قويۇپ پۇل
ئالماقچى بولغىنىدا، شۇ يۇرتتا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئايالى مېھرىبا-
نۇ پوجۇڭنىڭ يارلىقى سېزىلىپ قالدى. بۇ خەۋەر دەرھال ياقۇپ-
بەگ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا كەلگەن زوزوڭتاڭغا يەتتى.
زوزوڭتاڭ مېھرىبانۇ پۇجۇڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا خاننىڭ
يارلىقىنى يەتكۈزدى. خان يارلىقتا مېھرىبانۇ پۇجۇڭنى قۇمۇل-
نىڭ ۋاڭى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. ھەم مېھرىبانۇنىڭ قۇمۇلغا
دەرھال قايتىپ، خەلقنى يىغىپ يۇرتنى باشقۇرۇشنى ئەسكەرت-
كەنىدى.

خاننىڭ يارلىقى مېھرىبانۇغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن زو-
زوڭتاڭ ئۆز نامىدىن شەھەر، شەھەرگە مۇنداق دەپ مۇراجىئەت
چىقارغانىدى: «ئەگەر بىرەر قۇمۇللۇق يۇرتىغا قايتىشتا قىيىن-
چىلىق تارتىپ قالسا، بىرەر تال كۆسەينى گۆرۈگە قويۇپ پۇل
تەلەپ قىلسىمۇ بېرىڭلار، ھۆججەت يېزىپ بەرسىمۇ
بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ ھۆججەتلىرى بىلەن گۆرۈگە قوي-
غان نەرسىلىرىنى ئىسپات قىلساڭلار مەن سىلەرگە بۇ پۇلنى
قايتۇرۇپ بېرىمەن».

مېھرىبانۇ پۇجۇڭغا خاننىڭ يارلىقى يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن

ئۇ «ئىنشائاللا غەم - غۇسسىلىق دىلىمىز يورۇيدىغان كۈنلەرمۇ كېلىدىغان ئوخشايدۇ.» دېدى. ھەم قومۇلغا قايتىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشتى.

تاغلاردا قېچىپ يۈرۈپ، تاغنىڭ بىر يېرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان نەمىتۇللا تەيجى تاغدا ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزۈپلا قومۇلغا كەلگەنىدى. ئۇ قومۇل شەھىرىنىڭ ۋەيرانچىلىقىنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ قاچان بولمىسۇن مېھرىبانۇ پوجۇڭ ۋە قومۇل خەلقىنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشىگە ئىشىنەتتى. شۇڭا ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئۆي - ھويلىلىرىنى قايتا ياسىتىپ، رەتلىدى. ھەم قومۇل ئەتراپىدا يۈرگەنلەرنى شەھەرگە قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلدى. كېيىنرەك ئوردىنى، ئوردىدىكى ئۆيلەرنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن جايلىرىنى ئادەم سېلىپ رېمونت قىلدۇرۇشقا باشلىدى. مېھرىبانۇ پوجۇڭنىڭ قومۇلغا قايتىپ كېلىشى ھەققىدە خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، نەمىتۇللا تەيجى بەكلا خوش بولۇپ كەتتى ۋە ھاشىر تەيجىنى تېپىپ، ئوردا خەزىنىسىنىڭ بىر قىسىم يامبۇلىرىنى تاپقۇزدى. بۇنىڭ بىلەن ئوردىنى تېخىمۇ مۇكەممەل رېمونت قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. پوجۇڭنىڭ خارابلاشقان ھۇجرىلىرىنى بۇرۇنقىغا ئوخشاش ياساتتى. تۇرپان، پىچانلاردىن ئاشلىق، ماي يۆتكىدى.

توپتوغرا ئون يىلغا قەدەم قويغان ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مېھرىبانۇ پوجۇڭ قومۇلغا قايتىپ كەلدى. شەھەردىن قېچىپ كەتكەن پۇقرالارمۇ بۇنى ئاڭلاپ ئاستا - ئاستا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشتى. ئەمما بىر قىسىملار بارغان جايلىرىدا ئۆي - ئوچاقلىق، بالا - چاقىلىق بولۇپ قالغانلىقتىن قومۇلغا قايتىپ كېلەلمىدى.

* *

ئەل ئالدىدا قاۋىغان ئىت دەشتتە ئۆلىدۇ، دېگەندەك دا-

يۈەنشۈەينىڭ لەشكەرلىرى چەكسىز كەتكەن بىر قارا سايلىقتا زوزوڭتاڭ لەشكەرلىرى بىلەن توقۇنۇشتى. ئۇلارنىڭ تەدبىرى قانداق بولغان بولسا ئاخىرقى تەقدىرىمۇ شۇنداق بولدى. ئۇلار بىگۇناھ خەلقنى رەھىمسىزلەرچە قىرىپ تاشلىغانىدى. ئۇزۇنغا بارماي بۇ لەشكەرلەرمۇ پۈتۈنلەي قىرىلىپ تۈگىدى. دايۈەنشۈەي يۈزدەك لەشكىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە قېچىپ بېرىۋالغان بولسىمۇ ئۈرۈمچىدىكى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى. «زۇلۇمنىڭ تېگى خاراب» دەپ كونىلار بىكار ئېيتمىغان. ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە خەلققە ھەددىدىن ئارتۇق زۇلۇم سالغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۆزىمۇ ساق قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈمىدى پۈتۈنلەي بىتچىت بولدى. دايۈەنشۈەينى ئەگە-شىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە قۇمۇلنىڭ تۆت نەپەر ئۆلىماسىنى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى تۆت جاللاتمۇ بار ئىدى. ئۇلار-مۇ ئۆز قىلىچلىرىنىڭ دەھشەتلىك سايىسى ئاستىدا جان تەسلىم قىلدى.

# تۆتىنچى قىسىم

## مېھرىسانۇ ۋاڭ

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

مېھربانۇ ۋاڭ ئىككى كېنىزەكىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھۇجرى-
سىدىن چىقتى. ئۇنىڭ ئېگىز قامەتلىك بەستى ئۇنى ئايال ۋاڭغا
خاس سالاپەتكە ئىگە قىلغانىدى. ئۇنىڭ مېڭىشلىرىنىڭ سالماق-
لىقى مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭغا 鲊 ئوخشاپ كېتەتتى.

ئۇ، تەختلىك سارايغا كىرىپ ئاستا تەختكە چىقىپ ئولتۇر-
دى. بۇ تەخت يېڭى ياسالغانىدى. يەنى ياغاچتىن گۈل ـ نەقىش-
لىك قىلىپ ياسىلىپ، قېنىق سېرىق رەڭدە سىرلانغانىدى.
مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ئولتۇرغان تەخت بولسا گۈل ـ نە-
قىشلىك قىلىپ ياسىلىپ پۈتۈن ئەتراپىغا ئالتۇن ھەل بېرىلگە-
نىدى. ئۇ تەختنىڭ گۈللىرى ئالتۇندىن يالتىراپ تۇراتتى.
مېھربانۇ ۋاڭ ئولتۇرغان تەخت ئۇنىڭدىن سەل كىچىكرەك
بولسىمۇ، ئېگىز ـ پەسلىكى ئوخشاش ئىدى. تەخت يەردىن بىر
مېتىردەك كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. مېھربانۇ ۋاڭنىڭ نۇرلىنىپ
تۇرغان پېشانە ۋە كۆز ئەتراپىدىكى ئۇششاق قورۇقلار ئۇنىڭ
ھاياتىدىكى ئەڭ مۇشكۈل كۈنلىرىنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە ئې-
نىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر ئاز ئاق ئارىلىغان چاچلىرىمۇ ئۇ
بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھەسرەتلىك ئاق كۈن، قارا كېچىلەرنى
ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ قويۇق كىرپىكلەر ئوراپ تۇرغان چىرايلىق
كۆزلىرى، ھىلال ئايدەك قارا قاشلىرى ئاندا ـ ساندا سەل ـ

پەل كۆرۈنۈپ تۇرغان چېچەك ئىزلىرىنى يوشۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەمكىن،ئەمما تېتىك روھى بىر ئايال ۋۇجۇدىنىڭ تۇرقىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئۇ بېشىغا قات موخازا قادىلىپ، قات مۇخازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قىل قاش ۋە سەگۈنچەكلەر قادالغان دوپپا كىيگەن، دوپپا ئۈستىگە سېرىق شايى رومال سېلىنغانىدى. ئىككى ئۆرۈم چاچلىرىغا چاچ پۆپۈك - چاچ تۇمارلار ئاسقانىدى. ئۈستىگە ئۇشۇقى بىلەن تەڭ كېلىدىغان قېنىق سېرىق (هالگايى) رەڭلىك چاچما تاۋار كۆڭلەك كىيىپ، كۆڭلەك ئۈستىدىن پاگازىلىق، قېنىق قىزىل دۇخاۋىدىن كالۋۇتۇن بېسىلغان ئۇزۇن چاپان كىيگەنىدى. پۇتىدا جىگەررەڭ مەخمەلگە زەر بېسىلغان ئۆتۈك بار ئىدى.

بۇ مېھرىبانۇ ۋاڭ تەختكە ئولتۇرغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقان كۈنلەر ئىدى. ئۇ ئوردىغا كېلىپلا هايات قالغان ئوردا ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ، ئۇلار بىلەن ئۇستى - ئۇستىلەپ كېڭەش ئېلىپ بېرىپ، ئالدى بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى، شەهەرنى، شەهەردىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنى، مەسچىت، مەدرىسلەرنى، كوچىلارنى رېمونت قىلىشنى ئېلىپ باردى. پۈتۈن خەلقنىڭ ئۆيلىرىنى ياساپ، ئۆي سەرەمجانلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. بۇلار ئۈچۈن مېھرىبانۇ ۋاڭ ئوردا خەزىنىسىدىكى بايلىقنى سۇرۇشتۇردى. بۇ چاغدا نەمەتۇللا تەيجى، ئوردا ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرغان كۈنلەردە، هاشىر تەيجىگە ئوردىنىڭ خەزىنىسىنى ئېچىپ، ئالتۇن، كۈمۈش مال - دۇنيانى يوشۇرۇپ قالغۇدەك ئىمكانىيەت بولسا يوشۇرۇپ قويۇشنى ئېيتقانلىقىنى، كېيىن مېھرىبانۇ خېنىم بوگوزدىن كەلگۈچە ئاز بىر قىسىم يامبۇ ئېلىپ ئوردىنى ياساتقانلىقىنى ئېيتتى. هاشىر تەيجى بۇ چاغدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى مۇنداق مەلۇم قىلدى: «نەمەتۇللا تەيجى شۇ چاغدا:

هاشىر تەيجى بېگىم، «بۇ مەلئۇنلار بىر بولسا جانغا زامىن بولىدۇ. بىر بولسا بايلىقنى بۇلاپ ئەپ قاچىدۇ. دەرهال هارۋى-كەش، مەپىكەشلەرنى يىغىپ، بايلىقنى يوشۇرسىلا، دېگەندىن كېيىن، ئون بەش هارۋا تەييارلاپ بەش يۈزدىن ئارتۇق يامبۇ، نۇرغۇنلىغان زىخچە ئالتۇن، يەنە بىر قانچە خالتىدا قۇم ئالتۇ-ـۇن، تۈرلۈك جاۋاهىراتلار، ئايالللارنىڭ تۈرلۈك زىبۇزىننەت-لىرى، كىيىم - كېچەك، توپ - توپ رەخت، بىر قانچە پارچە گىلەم يەنە بۇغا مۈڭگۈزى، شۈلۈسۈن تېرىسى، يولۋاس، يىلپىز تېرىلىرىنى، يەنە بىر قىسىم كۈمۈش قاپلانغان ئېگەر - جابدۇق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالغىنىمىزچە ئېلىپ قاچقانىدۇق، يولدا دايۋەنشۇەينىڭ لەشكەرلىرىگە تۇتۇلۇپ قالدۇق، پەقەتلا ئىككى يۈز دانىدەك يامبۇنىلا ساقلاپ قالالىدۇق. بۇنىڭ بىر قىسمىنى نەمىتۇللا تەيجى بېگىمگە بەردىم. يەنە بىر قىسمى بار» دېدى. بۇنى ئاڭلىغانلار هاشىر تەيجىدىن گۇمانلىنىشتى. ئەمما مېهربانۇ ۋاڭ هازىرچە بەگلەر ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇپ قالمىسۇن. هەر ئىشنىڭ ۋاقتى قەرەلى كېلىدۇ. دېگەن ئوي بىلەن هاشىر تەيجىگە «هېلىمۇ ياخشى. شۇنچىلىك نەرسىنى ساقلاپ قاپتىلا، ئۆزلىرىگە رەهمەت. بار نەرسىنى ئوردىغا تاپشۇرۇپ بەرسىلە» دەپ بۇ هەقتىكى گۇمانلارغا چەك قويغاندى. هاشىر تەيجى بىر يۈز ئەللىك يامبۇنى ئوردىغا ئەكىلىپ بەردى. بۇ چاغدا نەمىتۇللا تەيجىنىڭ ئۆگۈى ئۆچۈپ كەيپى بۇزۇلغانىدى. مېهربانۇ ۋاڭ نەمىتۇللا تەيجىگە «تۆلكە قانچە هىيلىگەر بولغىنى بىلەن بەرىبىر قاپقانغا چۈشمەي قالمايدۇ.» دەپ قويدى. شۇ ئىشتىن كېيىن مېهربانۇ ۋاڭ نەمىتۇللا تەيجىگە تاغدىكى باي بوۋىنى، ئۇنىڭ هايات ياكى هايات ئەمەسلىكىنى سۈرۈشتۈرۈشنى، ئەگەر هايات بولسا هېلىقى ئەللىك ساندۇق يامبۇنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. نەمىتۇللا تەيجى بۇ

تاغقا چىقىپ بوۋاينىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى بىلدى ھەم بوۋاي بىلەن كۆرۈشۈپ مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. بوۋاي مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ ئامانلىقىنى سورىدى. نەمىتۇللا تەيجى بۇ بوۋاينىڭ بىر يۈز يىگىرمە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ ناھايىتى تېمەن، ساغلام تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. نەمىتۇللا تەيجى بۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ، باي بوۋىنىڭ تاغ باغرىدا ياشىرىپ تۇرغان كەڭ كەتكەن باغلىرىنى ئايلاندى. بۇ باغلار پۈتۈنلەي، ئۆرۈك، ياڭاقلىق باغلار بولۇپ، باي بوۋىنىڭ ئۆ-رۈك، ئۆرۈك قېقى، ئۆرۈك مېغىزى، ياڭاق مېغىزى يېيىشكە ئامراق ئىكەنلىكىنى پەملىدى.

نەمىتۇللا تەيجى ئەتىسىلا يولغا چىقماقچى بولغانلىقىنى ئېيـ-تىۋىدى. باي بوۋا «بېگىم ، يەنە بىر ئىككى كۈن تۇرسىلا، باغنىڭ ئۆرۈكلىرىمۇ تازا پىشتى، ئۆرۈك دېگەن تەنگە دەۋا، ئاغزىڭغا شىپا، ئۆرۈك يەپ بەرسىلە بېگىم، ئۆرۈك يېگەن كىشى ئاغرىق - سىلاقتىن يىراق بولىدۇ. ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ.» دېدى. نەمىتۇللا تەيجى بۇ ساغلام، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئادەمنىڭ سۆزىدىن ساغلاملىق ھەققىدىكى بىر ھەقىقەتنى چۈشە-نىپ، بوۋايغا قايىل بولغان ھالدا، رەھمەت ئېيتتى.

باي بوۋا ھېلىقى ئەللىك ساندۇق يامبۇنى يىگىرمە بەش تۆگىگە ئارتىپ تەييار قىلىپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىمۇ نەمىتۇللا تەيجى بىلەن بىللە بېرىپ ئۆز قولى بىلەن مېھرىبانۇ ۋاڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نەمىتۇللا تەيجى بوۋايدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە يولغا چىقتى. ھەم ئالدىن بىر چاپارمەننى ئوردىغا مېھرىبانۇ ۋاڭغا خەۋەر يەتكۈزگىلى يولغا سالدى. بۇنىڭدىن مېھرىبانۇ ۋاڭ خەۋەر تې-پىپ، شەھەردىكى پۈتۈن خەلقنى باي بوۋىنىڭ ئالدىغا چىقىپ بوۋاينى قارشى ئېلىشقا بۇيرودى.

باي بوۋا ھەم نەمىتۇللا تەيجى شەھەرگە ئوردا قوۋۇقتىن كىرگەندە نۇرغۇن خەلق بۇ يەرگە توپلىنىپ، ئۇلارنى قارشى ئالدى.

ئۇلار ئوردىغا يېتىپ كىرگەندە مېھرىبانۇ ۋاڭ بوۋاينىڭ ئالدىغا چىقتى ھەم:

— ھەي، ئىسىت، بوۋامغا پاياندار سېلىشنى ئۇنتۇپتىمەن، — دەپ چاقچاق قىلدى.

— پاياندار ئاغىچام ھەزرەتلىرىگە خاس، — دېدى باي بوۋا ھەم مەرتىۋىلىرى ئۈستۈن، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولسۇن دەپ دۇئا قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ يامبۇلار بىلەن قۇمۇل شەھىرى، ئوردا، خەلقنىڭ ئۆي، ھويلىلىرى ۋە تۇرمۇشى بىر قەدەر ئەسلىگە كەلگەنىدى.

مېھرىبانۇ ۋاڭ بۈگۈن تەختتە بىر ئاز خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. بۈگۈردىن قايتىپ كەلگەن يىلى قىش پەسلىدە مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ ئوغلى غولام مۇھەممەت ۋاپات بولدى. ئۇنىڭدىن تۆت ئاي ئۆتۈپ، باش ئەتىياز كۈنلىرىدە چوڭ قىزى گەۋھەر خېنىم ھادىسىگە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتتى. يەنە شۇ كۈنلەردە، مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ ئىلىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ قۇمۇلغا كەلگەنلىك خەۋىرى كېلىپ، ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا مېھرىبانۇ ۋاڭ قىزىنى بەگ، سىپاھلار بىلەن بىر نەچچە چاقىرىم ئالدىغا ئەۋەتكەنىدى. قايتىپ كېلىۋاتقاندا مەيگە قوشقان ئاتلار ئۈركۈپ كېتىپ، مەپە ئاغدۇرۇلۇپ گەۋھەر خېنىم مەپە چاقلىرى ئاستىدا قېلىپ قازا قىلدى.

ئاشۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر ئۇنىڭ خىيالىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئارقىدىنلا ئۇ كىچىك قىزى جەۋھەر خېنىمنى ئويلىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى تېخى داۋاملاشمايلا، مەلۇمچى كېنىزەك كىر-

رىپ مەلۇم قىلدى:

— پوجوڭ ئاغىچام، ھەزرەتلىرىنىڭ ئەمىرلىرىگە بىنائەن چوڭ، كىچىك تەيجى بېگىملەر، باش مۇنشى، قازى ئاخۇنۇم قاتارلىقلار ھۇزۇرلىرىغا كىرىشكە ئىجازەت سورايدۇ.

— بەگلەر كىرسۇن.

ئوردا ئەمەلدارلىرى كىرىپ ئاۋۋال مېھرىبانۇ ۋاڭغا قاراپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ:

— پوجوڭ خېنىمنىڭ ئالتۇن بويى ئېسەن بولغاي، — دېدى.

مېھرىبانۇ ۋاڭ قول ئىشارىسى بىلەن:

— مەرھەمەت، ھەممىلىرى ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى.

— خوش، — دېگىنىچە ھەممىسى جايلىرىدا ئولتۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

بۈگۈن بۇ بەگلەر ئىچىدە ھاشىر تەيجى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇ ساقال - بۇرۇتلىرىنى چىرايلىق ياسىتىپ، پۇزۇر كىيىنگەن ھالدا گىدىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۈستىگە قېنىق يېشىل دۇخاۋىدىن تىكىلگەن ئالتۇن يۇلتۇزلۇق چاپان كىيىۋالغانىدى. بۇرۇن مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭمۇ ئەنە شۇنداق يۇلتۇزلۇق چاپىنى بار ئىدى. ۋاڭ، بۇ چاپىنىنى مۇشۇنداق كېڭەش كۈنلىرىدە كىيىۋالاتتى. ھاشىر تەيجى يەنە پۇتىغا قارا مەخمەلدىن تىكىلگەن، ئۇچىغا، قونچىغا كۈمۈش گۈل باسقان ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى. بۇرۇن مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭمۇ ئەنە شۇنداق جىگەررەڭ مەخمەل ئۆتىكى بولىدىغان.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھاشىر تەيجىگە قاراپ-قاراپ قويۇشاتتى. كۆڭۈللىرىدە بولسا ھەرخىل پىكىرلەر كېزەتتى. مېھرىبانۇ ۋاڭمۇ ھاشىر تەيجىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ئەمما تۈلكىنى ئۆركۈتۈپ قويماي دېگەن ئوي بىلەن باشقىلارغا

قاراپ گېپىنى باشلىدى:

— ھەر قايسىلىرىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، مالال كۆرمىگەيلا، — دېيىشىگىلا ھاشىر تەيجى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خوش پۇجۇڭ ئاغىچام، ھەزرەتلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتەلىسەك، خوش بولىمىزكى، قىلچە مۇ مالاللىق ھېس قىلمايمىز، — دېدى.

مېھرىبانۇ ۋاڭ قولى بىلەن ھاشىر تەيجىنى توختاپ تۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ شۇنداق دېدى:

— مېنىڭ ئۈچۈن ئەمەس، يۇرتىمىز، خەلقىمىز، ئاجىز پۇقرالىرىمىز ئۈچۈن يەنىلا جانپىدالىق كۆرسىتىش كېرەك. كونىلار «يۇرت قوغدىساڭ ئۇسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن» «ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە، كىچە - كۈندۈز غېمىنى يە» دەپ بىكار ئېيتمىغان، بىز ھەممىمىز ئۆز يۇرتىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ غېمىنى يېگۈچىلەردىن بولغايمىز، — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ھاشىر تەيجىگە، — ئولتۇرۇپ قالسىلا بېگىم، — دېدى.

ھاشىر تەيجى ئىككى يېنىغا قاراپ قويۇپ يەنە مەغرۇر قىياپەتتە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ گويا ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمىغاندەك غادىيىپ ئولتۇراتتى. ئەتراپتا ئولتۇرغانلار بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويۇشتى. مېھرىبانۇ ۋاڭ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بۈگۈن ھەرقايسىلىرىنى چاقىرتىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، خەلقىمىز سىرىقتال كۈنلىرىدەك كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئەمدى تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىمىز يەنىلا خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش. مەن شۇنداق ئويلاپ قالدىم. بىز ھەردائىم خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. شۇندىلا بىز خەلققە ياردەم بېرەلەيمىز. ھازىر ئوردا ئەمەلدارلى-

رىمۇ، يۇرتتىكى بارلىق بەگ - خوجاملارمۇ بىر ئاز ئېسىگە كېلىۋىدى. پۇقرانىڭ هال - ئوقىتىغا قارىماي، ئۆزلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ ئات مىنىدىغان، زەركىيىپ، قوش قوشلاپ ئوۋ ئوۋلايدىغان، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ پۇقرانى هاقارەت قىلىپ، ئۇلارنى پەس كۆرىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىۋاتىدۇ. مەرھۇم مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ پارىڭى ھەممىلىرىنىڭ ئېسىدە بولۇشى مۇمكىن، مەرھۇمنىڭ دادىسى ئەردېشىر ۋاڭ خاننى زىيارەت قىلغىلى بېيجىڭغا بېرىپ- تۇ. ۋاڭ ئۈستىگە ئالتۇن قوببىلىق تون كىيىپ، ئالتۇن جاب- دۇقلار بىلەن بېزەلگەن ئاتنى مىنىپ، ئاتتىن چۈشمەيلا خان ئوردىسىنىڭ ئۈچىنچى دەرۋازىسىغىچە چاپتۇرۇپ كىرىپتۇ. بۇ- چاغدا خان سىرتتا سەيلە قىلىۋاتقانىكەن، بۇ ھالنى كۆرۈپ قالغان خان خىزمەتچىلىرىدىن سوراپتۇ. «قەيەرنىڭ خاقانى ئۇ، ئەجەب مەغرۇرغۇ» خىزمەتچىلەر جاۋاب بېرىپتۇ: «قومۇلنىڭ ۋاڭى ئەردېشىر». شۇ چاغدا خان «قېنى مەن ئۇنىڭدىن سوراپ باقاي يۇرتى ئاۋات، خەلقى باياشاتمىكىن» دەپتىكەن. ئەلۋەتتە بىزمۇ ئات مىنىپ، زەركىيىپ، سەرسانلىق جېنىدىن ئۆتكەن خەلق بىلەن كارىمىز بولمىسا بولمايدۇ. بىز ئۇلارنى ئانچە - مۇنچە سەرەمجانلاشتۇرۇپلا قويۇپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولمىساق، ئۇزۇلۇپ قالغان يىلنىڭ چاپسانلا ئەسلىگە كېلەلمەي- دۇ. پۇقرانىڭ غېمىنى يېيىش — بۇ بىزنىڭ ئاللا ئالدىدا، بەندىلەر ئالدىدا قىلىدىغان ساۋاپلىق ئىشىمىزدۇر. يۇرتقا كېلەل- مىگەن كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن يەرلىرى بار. ئاڭلىسام، بۇ يەرلەر تەپسىلىي خاتىرىلەنمىگەنىكەن. بىر قىسىم يەرلەرنى بەگ - خوجاملار ئىگىلىۋاپتۇ. بۇيەرلەرنى قايتا تىزىملاپ، گادايلار سې- نى روىخېتىگە كىرگۈزەيلى. بۇ يەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئادەم سانى كۆپ، دېھقانچىلىق قىلالايدىغان ئاجىز -ئورۇقلارغا تەق-

سىم قىلىپ بېرەيلى. يەنە گادايلارسىڭنىنى كۆپەيتىپ، ھەر
ئەتىسى نان يېقىپ ئاجىز - ئورۇق، يېتىم - يېسىرلەرگە
كۆپرەك تارقىتىپ بېرەيلى. ئىگە - چاقىسىز كىشىلەرگە كۆپ-
رەك پۇل - مال، يېمەك - ئىچمەك بېرىش ھەققىدە ئويلىنىپ
كۆرەيلى، - مېھرىبانۇۋالڭ بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋام
قىلدى، — ئون يىلغىچە خەلقتىن ئىجارە ئالماسلىقنى، خەلققە
سېلىق سالماسلىقنى، باجنى بىكار قىلىشنى تەۋرەنمەي داۋام-
لاشتۇرايلى. ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى چېپىپ، سۇنى كۆپەيتىپ،
كۆچەت تىكىپ باغ، ئورمان بىنا قىلىپ، شەھەرنىڭ، يېزىلار-
نىڭ مەنزىرىسىنى ياخشىلايلى. مانا بۇ ئىشلارنى مۇئەككەل بەگ-
لەر ئۈستىگە ئېلىپ ۋاقتىدا ياخشى ئىشلىشى زۆرۈر.

ئولتۇرغان بەگلەرنىڭ ھەممىسى «خوش ئاغىچام، خۇدايىم
ياخشى نىيەتلىرىگە يەتكۈزسۇن!» دېيىشتى.

مېھرىبانۇ ۋالڭ يەنە:

— ئوردا دىۋانبېگى! — دېدى. ئوردا دىۋانبېگى
«خوش!» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى، — جانابلىرىغا ئۆتكەندە
دېگەنىدىم. يۇرتىمىزدىكى چوڭ تېۋىپ ياشقا چوڭ بولۇپ قاپتۇ،
ئۇنىڭغا بىر قانچە شاگىرت قوشۇپ قويسىلا، ئۇلارغا ياخشىراق
تەمىنات بېرىپ چۈشۈرسىلە دېگەنىدىم. ھازىر ئاڭلىسام، بىر
قانچە مەھەللىدە تەپ كېسىلى تارقىلىپتۇ. ئاشۇ تېۋىپلارنى ئىش-
قا سېلىپ كېسەللەرنى كۆرۈپ دورا تارقىتىپ بەرگەن بولسىلا.

— خوش پۇجۇڭ خېنىم، دېگەنلىرىدەك قىلدىم. تېۋىپ-
چىلىقنى ئۆگىنىدىغان شاگىرتلار كۆپ چىقىپ كەتتى. شۇڭا
ھازىر ئون كىشىنىلا ئورۇنلاشتۇردۇم، كېيىنچە يەنە كۆپەيت-
سەك بولارمىكىن. چوڭ تېۋىپ ئاخۇنۇم بۇ ئىشقا ناھايىتى
خۇشال بولدى. تەپ كېسىلى تارقالغانلىقىنى ئۇلارمۇ ئاڭلىغان-
كەن، دەرھال دورا ياساپ تارقىتىپ بېرىۋاتىدۇ.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — دېدى مېھرىبانۇ ۋاڭ بۇ ئىشتىن خوشال بولۇپ.

يەنە مېھرىبانۇ ۋاڭ نەمىتۇللا تەيجى بەگكە قاراپ:

— نەمىتۇللا تەيجى بېگىم، مەدرىسىنىڭ ئىشلىرى قانداق بولدى؟ — دېدى. نەمىتۇللا تەيجى «خوش» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى ئەگدى ھەم دېدى:

— چوڭ مەدرىسىنى قايتىدىن ياساپ چىقتۇق. تالىپلار، مۇددەرىسلەر كۆتۈپ تۇرغانىكەن. بىردىنلا مەدرىسىنىڭ ئىچى تولۇپ كەتتى. مۇدەررىسلىككە پەخرىدىن باينىڭ ئوغلى روزى مەزىننى قويدۇق. يەنە قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ھەم تۇرپان چوڭ مەدرىسىدە ئوقۇپ كەلگەن بىر نەچچە موللام بار، بۇلارنىمۇ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرماقچى بولۇۋاتىمىز.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، يەنە بىر نەچچە جايدا مەدرىس ئېچىشقا تۇتۇنغايلا، يەنە مەكتەپلەرمۇ بار. ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان باللار بارمۇ - يوق، سۈرۈشتۈرۈپ تۇرسىلا. يەنە يۇرتىمىزنىڭ سۈيى ئەلۋەك، تۇپرىقى، ھاۋاسى ياخشى جايلىرىنى بەلگىلەپ چوڭ باغلارنى بىنا قىلغايلا.

— خوش، پۇجۇڭ خېنىمنىڭ خالىس نىيىتىگە ھەشقاللا، قۇمۇل تۇپرىقىدا مەدرىس، مەكتەپ، باغ بىنا قىلىش يۇرتنى زىننەتلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. مەرھۇم مۇھەممەت بېشىر-چىڭۋاڭمۇ بۇ ئىشلارنى ناھايىتى چىڭ تۇتقانىدى. دايۇەنشۇەينىڭ لەشكەرلىرى باغ - ۋاران، ئۆي - ئىمارەتلەرنى ۋەيران قىلىۋەت-تى. مانا ئەمدى ھەزرەتلىرىنىڭ ھىممىتى بىلەن بۇ ئىشلارنى قايتىدىن باشلاۋاتىمىز. خىزمەتلىرى يولىدا جان تەسەددۇق خې-نىم.

— رەھمەت ئۆزلىرىگە، ئولتۇرۇپ قالسىلا.

مېھرىبانۇ ۋاڭ ھاشىر تەيجىگە قاراپ:

— هاشىر تەيجى بېگىم، — هاشىر تەيجى گورنىدىن تۇرۇپ «خوش» دەپ بېشىنى ئەگدى، — جانابلىرى، گادايلار سېڭىغا يىغىلغان ئاشلىقنىڭ سانىنى بەرگەيلا. ھەم ھەركۈنى نان يېقىشنى كۆپەيتىپ، ئاجىز پۇقرالارنى رازى قىلغايلا، — دېگەنىدى، ھاشىر تەيجى دەرھال سۆز قايتۇرۇپ:

— پۇجۇڭ خېنىم، ھەممىمىزگە بىر ساۋاقكى، دايۈەن-شۇەي يۇرتنى ۋەيران قىلىپ، خەلقنى سەرسان قىلغاندا نۇرغۇن خەلق ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. شۇچاغدا ئاچ - زارلىقتىن قاقشىغانلار «ئارپا - پۇرچاق ئاش ئىكەن. ئۈنچە مارجان تاش ئىكەن» دېگەنىدى. بىز ئەمدىلا ئاشلىق ساقلىرىنى ئەيۋەشكە كەلتۈردۇق. ساقدىكى ئاشلىق بەش شەھەر تەرەپتە تېرىلغان ۋاقلىق يەرلەرنىڭ ئاشلىقى. ئاز بىر قىسمى بولسا ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ تېرىلغان شەھەر تەۋەسىدىكى بوش قالغان يەرلەرنىڭ ئاشلىقى. يەنە، بىز دەسلەپتە (بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن دېمەكچى) تۇرپان، پىچاندىن بىر قىسىم ئاشلىق سېتىۋالغان، ھەمدە تۇرپان، پىچاندىن ياردەم بېرىلگەن ئاشلىقنى يۆتكەپ كەلگەنىدۇق. ئۇنى يەپ بولدۇق، خەلقتىن بولسا ھازىرغىچە بىر تالمۇ ئاشلىق يىغمىدۇق. ئۆتكەن يىلى خەلقنىڭ ئاشلىقى ناھايىتىمۇ ئوخشىدى. ئەمدى بىز بىراقلا ساقلارنى قۇرۇتىۋەتسەك، ئاشلىق كېتىپ چاڭ قالىدىغان، ماغدۇر كېتىپ جان قالىدىغان ئىش بولمىسۇن يەنە. گاداي دېگەننىڭ خالتىسى تولسىمۇ كۆزى تويمايدۇ. — خېنىم.

— دېگەنلىرى دۇرۇس بولمىدى. تەيجى بېگىم. ئۇنداق كۈنلەر ئەمدى بېشىمىزغا كەلمەس، كەڭ قورساق بولساق، خۇدايىم رىسقىمىزنى كەم قىلمايدۇ.

— نىيەتلىرى خالىس خېنىم، ئەپسۇس، گادايلارنى ئەر-كىلىتىۋەرسەك، بىزنىڭ ئۇلاردىن نېمە پەرقىمىز قالىدۇ. قول

ئۆز ھەددىدە، ئاتمۇ ئۆزى ئىتىدە تۇرسۇن دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

— نان ئىماندۇر، نانىنىڭ يوقى ياماندۇر، — دېدى مېھرىبانۇ ۋاڭ ھاشىر تەيجىنى سۆزۈڭنى توختات دېگەندەك قىلىپ، لېكىن ھاشىر تەيجى سۆزىنى توختاتماي داۋاملاشتۇرىۋەردى:

— ئوشۇق دۆلەت باشقا تاج، ئارتۇق دۆلەت باشنى يارماس، خېنىم. مېھرىبانۇ ۋاڭ تەنە ئارىلاش كۈلۈپ:

— پايدىسى يوق شاھلىقتىن سۈيى يوق ساي ياخشى، ئۆلتۈرۈپ قالسىلا.

ھاشىر تەيجى گويا مېھرىبانۇ ۋاڭغا ھەيۋە قىلغاندەك قىياپەتتە ئۆزىنى سۆرلۈك تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ قالدى. ھەتتا ئۇ ھېچكىمگە نەزەر كۆزىنى تىكمىدى. باشقىلار بولسا بۇ ئىككى پوكولۇپ، ۋاڭ نېمە دېسە «خوش» دەپلا يۈرۈيدىغان، نە ئوردىدا، نە خەقلەر ئارىسىدا زىيادە گەپ - سۆز قىلمايدىغان جىمغۇر ئادەمنىڭ ئەمدىلىكتە مېھرىبانۇ ۋاڭ بىلەن قىلغان تالاش - تارتىشىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدا باشقىچە ئۆزگىرىش بارلىقىنى سەزدى. بۇ ئۆزگىرىش نېمە بولغاي؟

مېھرىبانۇ ۋاڭ بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن:

— يۇقىرىقى سۆزلىرىمگە ھەرقايسىلىرىنىڭ ئىنكاسى قانداق بولغاي، — دېدى. ھەممىسى بىردەك:

— پوجۇڭ خېنىمنىڭ سۆزلىرى بەرھەق، بەرھەق، خېنىمنىڭ خىزمىتى يولىدا جېنىمىز پىدادۇر، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

— ئەمىسە، كېڭەش شۇنچىلىك بولسۇن، ھەممىلىرىگە ئىجازەت، — دېدى مېھرىبانۇ خۇشال ھالدا.

بەگلەر ئورۇنلىرىدىن ئاستا - ئاستا ئىرغىنىپ چىقىپ

كېتىشتى. مېھرىبانۇ ۋالى كەينىدە قالغان نەمىتۇللا تەيجىگە قاراپ:
جانابلىرى تەخىر قىلسىلا، — دەپ ئۇنى توختىتىپ قالدى.
— خوش، قۇللۇق - دەپ ئورنىدا ئولتۇردى نەمىتۇللا تەيجى.
— جانابلىرى سوۋۇر پاكارنى تۇتۇپ كېلىشكە ئالتە شەھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتكەن ئىدىلە. تېخىچە خەۋەر بولمىدىمۇ؟
— ئالتە شەھەرنىڭ ھەممىسىگە ئىككىدىن ئادەم ئەۋەتكەلى بىر يىلغا يېقىن بولدى. زادىلا خەۋىرى بولمايۋاتىدۇ. دايوەنشۆي ئۈرۈمچىگە قاچقاندا ئۇلارمۇ ئۈرۈمچىگە قېچىپ چىقىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دايوەنشۆي ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇلار جەنۇب تەرەپكە قېچىپ كەتكەنىكەن. ئۆتكەندە ھەزرەتلىرىگە دېدىم. قەشقەرگە بارغانلاردىن بىر پارچە خەت كەلدى. خەتتە ئۇلارنىڭ زادىلا ئىز - دېرىكىنى ئالالمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن يەنە ئالتە ئادەمنى يولغا سالدىم. ئۇلاردىنمۇ خەۋەر بولمىدى.
— ئەمىسە، كۈتۈپ باقايلى. قوي ئارىسىغا يوشۇرۇنغان بۆرىنى ھامان ئۇنىڭ ياۋۇز نەپسى ئاشكارا قىلىپ قويىدۇ.
— ھونۇس شۇنداق خېنىم.
— يەنە بىر گەپ، — دەپ سەل ئىچىنى تىنىشىدى مېھرىبانۇ ۋالى، — ئۆتكەندە باي بوۋا تۇرغان تاغقا چىققاندا تاجىدىن تەيجى بېگىمنىڭ ئوغلىنى كۆردۈم دېدىلەمۇ؟
— شۇنداق پۇجۇڭ خېنىم. باي بوۋا تۇرغان جاينىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بىر مەھەللىدە بىر تاللا ئوغلى بىلەن جان بېقىۋاتقان بىرمومماي بارىكەن. ھېلىقى قاچ - قاچتا تاجىدىن تەيجى بېگىم ئوغلىنى ئەپ چىقىپ ئەنە شۇ ئۆيگە «ساڭا مال

بېقىشىپ بەرسۇن» دەپ تاشلاپ كېتىپتۇ. بۇ ئوغۇل شۇ چاغلار-
دا خېلى چوڭ بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرى ئىكەن. شۇنىڭدىن
كېيىن موماينىڭ مېلىنى بېقىپ، ئوغلى بىلەن بىللە شۇ ئۆيدە
تۇرۇپتۇ. تاجىدىن تەيجى بېگىم شۇ يەردىن يېنىپ ئايالىنى
ئېلىپ يارىكۆلگە چىقىپ كەتكەنىكەن. خەۋەرلىرىدە بار، بۇنىڭ-
دىن ئۈچ يىل بۇرۇن يەنى ھەزرەتلىرى ئالتە شەھەر تەرەپتىن
قايتىپ كېلىشتىن سەل بۇرۇن ۋاپات بولدى. يەتتە نەزىر كۈنى
ئايالى خۇشنىبانۇ ئاپپاقمۇ كۆپ ئورۇن تۇتۇپ ياتمايلا ئۆلۈپ
كەتتى. شۇ چاغدا بۇ بالىنى ئەپكېلىشكە ئادەم چىقىرىپ تاپالماي
كەلگەنىدۇق قارىسىلا، شۇ تاغقا چىققىنىمدا ئۇ بالا مېنىڭ شۇ
تاغقا چىققانلىقىمنى ئاڭلاپ ئالدىمغا كۆرۈشكىلى كەپتۇ. قارى-
سام، چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى تاجىدىن تەيجى
بېگىمنىڭ ئوغلى بولىمەن دەپ تونۇشتۇردى، ھەيران قالدىم.
تاجىدىن تەيجى بېگىمنىڭ ئۆزىلا بوپتۇ. بىراق تېرە جۇۋا، تېرە
شالۋۇر ئۇنى بەئەينى قويچىنىڭ ئۆزى قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ
يىگىت مېنىڭدىن ئاتا - ئانىسىنى سورىدى. مەن ئۇلارنىڭ
ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقانىدىم، يىغلاپ تاشلىدى. مەن ئۇ-
نىڭغا مەن ئۆزلىرىنى قۇمۇلغا ئېلىپ كېتەي دېگەنىدىم. «بول-
دىلا، دادام بىلەن ئاپام بولمىسا نېمە قىلارمەن. ئۆزۈممۇ تاغقا
ئۆگىنىپ قالدىم. مېنى باققان مومام بولسا ھازىر ياشقا چوڭ
بولۇپ قالدى» دېدى. پۇجوڭ خېنىم، مەن ئۆتكەنكى گېپىمنى
يەنە تەكرارلاي، چوڭ ئاي خېنىم تۇگەپ كەتتى. ئەمدى بولسا
كىچىك ئاي خېنىمنىڭ يېشى يىگىرمىدىن ئاشتى. نېملا بولمى-
سۇن تاجىدىن تەيجى بېگىمنىڭ ئوغلى، ۋاڭ خوجاملارنىڭ پۇش-
تىدىن، ئۇ كىچىك ئاي خېنىمغا لايىق بولالايدۇ. ئاڭلىسام
ھاشىر تەيجى بېگىمنىڭ كىچىك ئوغلى كىچىك ئاي خېنىمنىڭ
ھۇجرىسىنى ماراپ يۈرگۈدەك، ئۇنىڭدىن بۇ خوجام خېلى تۇ-

زۇكتەك قىلىدۇ.

مېھرىبانۇ ۋاڭ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى:

— ئۇ بەگنىڭ ئىسمىنى نېمە دېدىلە؟

— شاماخسۇت بەگ دېگەندەك قىلىدۇ.

مېھرىبانۇ ۋاڭ دەرھال شاماخسۇت بەگنى يادىغا ئالدى - دە، ھەم كۆڭلىدە بىر نەرسىنى ئويلىغاندەك سەل جىم بولۇپ قالدى. ئاندىن دېدى:

— ھازىرچە بۇ ئىش توغرۇلۇق تۇرسۇن، كېيىنچە با مەسلىھەت ئىش قىلارمىز، يەنە بىر گەپ، ھاشىر تەيجى بېگىم ھەققىدە تەھقىقلەپ كۆرسىلە. ئۇ كىشىدە باشقىچە بىر ئۆزگىرىش باردەك قىلىدۇ. ھەتتا ئۇ مېنىمۇ نەزىرىگە ئىلمايۋاتامدۇ، قانداق؟

— شۇنداق خېنىم، پارقىرىغانىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس. مەن باشتىلا دېدىم، ھاشىر تەيجى ئۆز ۋاقتىدا مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭغا يۈزى قارىلىق قىلىۋىدى، مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ كۆڭلى يۇمشاق بولغاچقا ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتتى. لېكىن ئۇ ئادەم تۈزەلدىمۇ - يوق، بىلمىدىم. يامان ئات ھامىنى ئىگىسىنى يەرگە ئاتىدۇ. يامان دوست ھامىنى ئۆز دوستىنى دۈشمىنىگە ساتىدۇ. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئوردىنىڭ پۈتۈن خەزىنىسىنى قۇرۇقداپ مېڭىپ، ئەمدىلىكتە دايۈەنشۈەي لەشكەرلىرى تۇتۇۋالدى دەۋاتىدۇ. بۇ گېپى راستمۇ، يالغانمۇ، بۇنى تەپتۈرۈش قىلماي بولمايدۇ.

— راست، دېدىلە بېگىم، مەنمۇ بۇ ئىشنى خېلىدىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتىمەن. لېكىن بۇ ھەقتە ئىسپات بولمىغاندىكىن بىر نەرسە دېيىشىم تەس بولۇپ قالدى. شۇنچە كۆپ بايلىقنى ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز بېسىقتۇرۇپ كېتىشى مۇمكىنمۇ. ھەرقانچە بېشى ئون بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنداق قىلالمايدۇ. جېنىدىن

قورقماسمۇ؟

— خىيانەتچىنىڭ يۈرىكى ئاسانلا زىدە بولۇپ قالغۇدەك خېنىم، ھازىر قارىسام، ھاشىر تەيجى سول تەرىپىم ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى دەپ يۈرىدۇ. بۇنىڭدا چوقۇم بىر سەۋەب بار. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بۆلەكچىلا گىدىيىپ، ھەممىنى نەزەر كۆزىگە ئىلماي يۈرگىنىمۇ يېنى قېلىنداپ قالغانلىقتىن بولغان گەپ. كانتۇ مۇشۇككە رىئايە قىلساق كەپتەرنى بوغىۋېتىدۇ، پۈجۈڭ ئاغىچام، بۇ ئادەمنى ھەم تەھقىقلاپ كۆرىمەن ھەم تەپتۈرۈش قىلىمەن. ھەزرەتلىرى خاتىرجەم بولسىلا.

— رەھمەت ئۆزلىرىگە، تەيجى بېگىم، — دېدى مېھرىبانۇ ۋاڭ نەمىتۇللا تەيجىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا.

سۆھبەت ئاياغلاشقانىدى. نەمىتۇللا تەيجى تەزىم بىلەن كەي-نىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. مېھرىبانۇ ۋاڭمۇ تەختتىن ئاستا چۈشۈپ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

مېھرىبانۇ ۋاڭ ھۇجرىغا كىرىشىگىلا يېنىدا بىللە يۈرگەن نۇربانۇ چوڭ يول تەرەپكە قارىتىلغان دەرىزىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ، دەرىزىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىپ قويدى. دەرىزىدىن ياز ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى ئىللىق شامىلى كىرىشكە باشلىدى. مېھرىبانۇ ۋاڭ ئۈستىگە كىيگەن كىيىملىرىنى سېلىپ، چوڭ ياغلىق، ھەم دوپپىسىنى ئېلىپ نۇربانۇغا تۇتقۇزدى. نۇربانۇ ئۆيدە كىيىدىغان گۈللىرەڭ چاچما گۈللۈك كۆينىكىنى، كىد-چىكرەك شايى رومال بىلەن كالۋۇتۇن بېسىپ، ئالتۇن جىيەك تۇتقان دوپپىسىنى بەردى. مېھرىبانۇ ۋاڭ كىيىملىرىنى يەڭ-گۈشلىگەندىن كېيىن خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى — دە، ئىككى قات سېلىنغان كۆرپە ئۈستىگە چىقىپ قاتمۇقات ماۋۇق ياستۇقلارغا سەل قىڭغىيىپ ئارام ئالاي دەپ تۇرۇۋىدى، ئوردا ئارقىسىدىكى يولنىڭ نېرىقى چېتىدىكى قاغۇم باغچىدىن بىرد-

نىڭ ناخشا ئېيتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. مېھرىبانۇ ۋاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ باغ ئىچىدىكى ئېگىز ئۆسكەن قېرى جۇجەم تەرەپكە قارىۋىدى، شۇ يەردە بىرى ئېگىز دەستىلىك تەمبۇرنى ئىشقى بىلەن چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ۋاڭ ناخشىغا قۇلاق سالدى:

«ئادەمدىن ھەركىشى دۇنياغا كەلدى پېشۋاسى بار،
بۇ يولدا ھەركىشىنىڭ بىرمۇددىئاسى بار.
ئەگەر زەررە شۇبھەڭ بار، قارا گۆرگەكىرەر ئاخىر،
كىشىدىن يىڭنە ئالساڭ روزى مەھشەردە سوراقى بار.
ھەممە سەندىن قالۇر دەپ كىشىگە ھاي ھەۋەس بولما،
جاھاننىڭ تويىنى كۆردۈڭمۇ كەينىدىن ھازاسى بار»

مېھرىبانۇ ۋاڭ بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ باشتا ناخشىدىن ھۇزۇرلىنىپ سەل كۈلۈمسىرىگەن بولسا، كېيىن نىمە ئۈچۈندۇر ئويلىنىپ قالدى.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

نەمتۇللا تەيجى ئوردىدىن ئۆيىگە يانغاندا قاراڭغۇ دالاندا ساقلاپ تۇرغان ھاشىر تەيجىگە كۆزى چۈشتى. ھاشىر تەيجى بەكمۇ خۇشال قىياپەتتە نەمتۇللا تەيجىگە خۇشامەت قىلدى:

— بېگىم، بۇ يىل ياز ناھايىتى ياخشى كەلدى، باغلارنىڭ مېۋىلىرىمۇ تازا ئوخشىدى. يېزىنىڭ ھاۋاسى شۇ كۈنلەردە بۇ يەرگە قارىغاندا ساپ ھەم سالقىن. جانابلىرىنى ئۆيگە ئاپىرىپ بىر مېھمان قىلىپ، ھال - مۇڭ قىلاي دېۋىدىم، ھېچلا ۋاقىت-لىرىنى بىلەلمىدىم، قارىسام، ئەتە جۈمە ئىكەن، بەگلەر ئوردى-غا كەلمىسىمۇ بولىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ بىر كېچە قونۇپ ئاندىن ئەتە جۈمە نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ قايتىپ چىقساق، جانابلىرى قانداق دەيلاكىن؟

— بېگىمنىڭ ئىلتىپاتى چوڭغۇ، مەنمۇ تازا زېرىكىپ تۇراتتىم. باغلاردا مېۋىلەر پىشىپ كەتتىمغۇ دەيمەن. بىرەر، ئىككى ھەمراھ ئېلىۋالامدۇق - يا.

— ئۇنداق قىلساقمۇ بولاتتى، ھازىرچە ئىككىمىزلا ئاز - تولا پاراڭ قىلىشساق، كېيىنچە باشقا بەگلەرنىمۇ چىللايدىغان ۋاقىت كېلىپ قالار.

— بولىدۇ، ئەمىسە بېگىم، قاچان ماڭىمىز.

— مانا ھازىرلا، ئىككىمىز ئاتلىق بولغاندىكىن بىردەمدىلا

يېتىپ بارىمىز.

— مۇنداق بولسۇن، بېگىم، مەن ئۆيگە بېرىپ باللارغا ئېيتىپ قويۇپ ئۇدۇللا سۇقوۋۇقتا باراي، جانابلىرى مېنى شۇ يەردە ساقلاپ تۇرسىلا.

— بولىدۇ. بېگىم، ئەمىسە ھايال بولماسلا، — دېدى ھاشىر تەيجى.

ئۇلار ئۆستەڭلەردە سۇلار تىنىپ ئېقىۋاتقان، ئىككى تەرىپى تال باراقسانلىق، ئەمما توپىلىق يوللاردا ئاتلىرىنى يورغىغا سېلىپ خېلى ماڭدى. ئاندىن ئۇلار باغلىرى، ئېتىزلىرى، ئېرىقلىرى، تال پاراڭلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان كەڭ يېزىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ئەتراپى ئېگىز سوقما تام بىلەن قورشالغان چوڭ جولوقوۋۇقلۇق ھويلا ئالدىدا ئاتلىرىدىن چۈشتى. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن ئۆيدىكى مالاي چىقىپ بەگلەرنىڭ قولىدىن ئاتلارنى ئېلىپ ھويلىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئات باغلايدىغان جايغا يېتىلەپ كەتتى.

بۇ ھويلىنىڭ ئىشىكتىن كىرگەن جايى تۆت چاسا، كۆتەمەدەھلىزلىك سەينا بولۇپ، بۇ يەردىن ھويلىنىڭ ئوچۇق جايلىرىغىچە پۈتۈنلەي، ئوردىنىڭ ئوچۇق سەينالىرىغا ياتقۇزۇلغاندەك گۈللۈك تاش ياتقۇزۇلغان. كۆتەمە دەھلىزنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى بويلاپ بىر قانچە يەرگە ياغاچتىن ياسالغان كەپتەر ئۆيلىرى ئورنىتىلغان. بۇ يەردە ئايىنىپ كەتكەن ئاق، كۆك كەپتەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئۈنلەپ، بەزىلىرى ئۇچۇپ كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. نەمتۇللا تەيجىنىڭ ھويلىغا كىرىپلا كەپتەرلەرگە كۆزى چۈشكەنىدى. بىراق ھويلىنىڭ ئىككى تەرىپىگە باغلانغان ئىككى ئىتنىڭ زەنجىرلىرىنى شاراقشىتىپ قاتتىق ھاۋشىغان ئاۋازى ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. نەمتۇللا تەيجى ئىتقا بەكلا ئۆچ ئىدى.

— بىرمۇ ئەمەس، ئىككى تايغاننى بېقىپلىغۇ بېگىم، بۇ ئىت دېگەن نەرسە بىلەن زادىلا خوشۇم يوق مېنىڭ، — دېدى نەمتۇللا تەيجى.

— ھاي، ئىتلارغا بىر نەرسە بېرىڭلار، ئاغزى بېسىلسۇن، — دېدى ھاشىر تەيجى، يىراقتا قول قوشتۇرۇپ تۇرغان مالايلارغا قاراپ، — بۇ ئىت دېگەن مەخلۇقمۇ ئادەمگە ھەمراھ ئىكەن بېگىم، ئۆيىمىز چەتتىرەك بولغاچقا ئوغرى-يالغاندىن ھەزەر ئەيلەپ، ئىككى تايغاننى بېقىپ قويدۇم. ھەر ئىككىلىسى بەكمۇ ھوشيار.

نەمتۇللا تەيجىگە بۇ گەپ ئانچىۋالا خۇشيېقىپ كەتمىدى. ئۇ ھويلىنى، ھويلىدىكى ئۆيلەرنى كۆرۈشكە باشلىدى. يۇقىرى تەرەپكە يەردىن تۆت چى ئېگىزلىكتە چۆرۈلمە پېشايۋان قىلىپ ئۆي سېلىنغان. دېرىزىلىرىنىڭ قوش قاناتلىق قاپقاقلىرى ئويمانەقىشلىك بولۇپ، جىگەررەڭ سىرلانغان. چۆرۈلمە پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكلىرى ھەم رېشاتكىلىرى كۆك سىرلانغانىدى. بۇ كۆرۈنۈش ئوردىنىڭ ئۆيلىرىدىنمۇ كاتتا ئىدى. بۇ چۆرۈلمە پېشايۋانلىق ئۆيلەرنىڭ ئۇدۇلىدىن كەڭ يول ئېلىنغان بولۇپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە يەنە ئىككى يۈرۈشتىن تۆت يۈرۈشلۈك ئۆي، ئۆيلەرنىڭ ئالدى ئايرىم، ئايرىم چۇنچىلىك تام ئىدى. قارىغاندا بۇ ھاشىر تەيجىنىڭ تۆت ئوغلىنىڭ ئۆيلىرى بولسا كېرەك. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئاياغ تەرىپى چەكسىز كەتكەن باغ بولۇپ، باغدا تۈرلۈك مېۋىلەر پىشىپ، تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇ تۆت يۈرۈشلۈك ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىكى نەچچە ئېتىزلىق يەرگە تۈرلۈك گۈللەر تېرىلىپ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

باغنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئۇزۇنىسىغا ئېگىز قىر ئېلىنىپ، قىر ئۈستىگە ياغاچ قاشا قىلىنىپ باغ ئايرىپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ نېرى يېنى كەڭ كەتكەن ئوتلاق، بولۇپ بۇ يەردە قوي،

كالا ۋە تۆگىلەر ئوتلاپ يۈرەتتى. تۆگىلەر بولسا سەپەر تۆگىلە-
ري بولۇپ تۇكلىرى چۇشۇپ كەتكەنىدى.

نەمتۇللا تەيجى هاشىر تەيجىنىڭ ئۆي ـ هويلىلىرىنى، باغ ـ ۋارانلىرىنى، قوي، كالا، تۆگە ئوتلاقلىرىنى كۆرۈپ هەيران قالدى. بۇ چاغدا ھېلىقى تۆت يۈرۈش ئۆيلەردىن باياشات-لىقتىن سەمرىپ كەتكەن، بۇرۇتلۇق ئۈچ كىشى چىقىپ نەمە-تۇللا تەيجىگە سالام بېرىپ كۆرۈشتى. بۇلار هاشىر تەيجىنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى پارقىراپ تۇراتتى. كىيىنىشلىرى رەتلىك، پاكىز ئىدى. هاشىر تەيجىنىڭ ئوغۇل-لىرى نەمتۇللا تەيجىگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، ئوتتۇرىدىكى چۆرۈلمە پېشايۋانلىق هاشىر تەيجىنىڭ خاس ئۆيلىرىگە باشلاپ كىرىشتى. كەڭتاشا دالان ئۆيگە سېلىنغان خوتەن، هىندىستان، پاكىستانلارنىڭ گىلىمى ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇراتتى. تامدىكى زەدىۋالنى بويلاپ گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان دۇخاۋا، ئەتلەس كۆرپىلەر ئۆيگە ئالاھىدە هۆسن قوشقانىدى. هاشىر تەيجى خۇ-شال كەيپىياتتا نەمتۇللا تەيجىنى تۆرگە ئولتۇرغۇزدى.

بىر پەستىن كېيىن هاشىر تەيجىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى ئۆيگە كىرىپ:

— پەگ دادا، دۇئا قىلىپ پەرىسىلە؛ قويىنى سويۇۋەتەيلى، — دېدى. نەمتۇللا تەيجى ئۆزرىخاهلىق ئېيت-تىپ:

— جۇۋۇماڭلار بالام، قوي سويىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ-لار، — دېدى.

لېكىن هاشىر تەيجى ئۇنىماي تۇرۇۋالغانلىقتىن دۇئاغا قول كۆتۈردى. شۇنداق قىلىپ قوي سويۇلۇپ، بىر تەرەپتىن كاۋاپ-دانغا ئوت يېقىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن ياپما ئاش ئېتىلىشكە باشلاندى.

ئۆيدە ھاشىر تەيجى بىلەن نەمىتۇللا تەيجى پاراڭغا چۈشتى.
پاراڭ ئارىسىدالىگەندە پىشقان ئۈزۈم، توغاچ شاپتۇل، قىزىل
ئالما قاتارلىق مېۋىلەر كەلتۈرۈلدى.
— جانابلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئۆيلىرى شامالچار-
ۋاغدا ئىدىغۇ؟ — دېدى نەمىتۇللا تەيجى.
— شۇنداق، بېگىم، ئۇ ئۆيلەر بەك كونىراپ كەتكەنلىك-
تىن بىر نەچچە يىلدىن بېرى بۇ ئۆيلەرگە ئىشلىدۇق. ئاۋۇ
ئوغلۇللىرىم بولسا سودا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر قانچە تارتىم
تۆگىمىز بار. ئوغۇللىرىمنىڭ بىرى ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن
قەشقەر، خوتەن ئارىلىقىدا، يەنە بىرى قەشقەر، خوتەن يەنە ئالتە
شەھەر تەرەپلەردىن سىرتقى جايلارغا (چەت دۆلەت دې-
مەكچى)، يەنە بىرى مەخسۇس تىبەتتىن ئىچكى جايلارغا بې-
رىپ سودا قىلىدۇ. بۇلار ھازىر بىر قېتىملىق سودىنى تۈگە-
تىپ قايتىپ كەلدى، — دېدى ھاشىر تەيجى بىر - بىرلەپ
چۈشەندۈرۈپ.
— بېيىپ كېتىپلا بېگىم، دايۇەشۇەي يېغىنسىزە، ئۆزلە-
رىگىلا پايدا قىپتۇ، — دېدى نەمىتۇللا تەيجى چاقچاق قىلغان
بولۇپ، — ھەممە ئادەم سەرسان بولۇپ قېچىپ يۈرسە، ئۆزلە-
رى پايدا ئاپلا.
— قورقۇپلا يۈرسەك قانداق بولغىنى. ئەسلىدە مەنمۇ
ئالتە شەھەر تەرەپكە قېچىپ كېتەي دېگەنىدىم، قارىسام، يۇرت-
نىڭ بۇ تەرەپلىرىگە دايۇەنشۇەي لەشكەرلىرى ئانچە كەلمىدى.
كېيىنچە جىمىپ قالدى. قاراپ باقسام، ئوغۇللىرىم چوڭ بوپ-
تۇ. ئۈچ ئوغلۇم ئۆي - ئوچاقلىق بولغان بىلەن قىلىدىغان
ئوقىتى يوق. بۇلارغا بىر ئىش تېپىپ بەرمىسەم، يېتىپ يېگەنگە
نېمە توشىدۇ دەيلا، ئاخىر بۇلارنى بىرئاز دەسمايە بىلەن سودىغا
سالدىم. شۇنىڭ بىلەن قارىسىلا، ھەممىسى بىر ئاز بېيىپ

قالدى.

— ناھايىتى ياخشى قىپتىلا، ھەربىكەتتىن بەرىكەت دەپ، ئادەم دېگەن ھەرىكەت قىلسىلا بەرىكەت يېغىپ تۇرىدۇ.

— شۇنداقكەن بېگىم، شۇنداقكەن.

ئۇلارنىڭ پارىڭى شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆينىڭ مالايلىرىدىن بىرى مۇرىسىگە ئۇزۇن ئاق لۆڭگىنى ئارتىپ، قولىدا ئاپتۇۋا-چىلاپچا كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۇلارنىڭ قوللىرىغا سۇ بەردى. ئاندىن نان، توقاچ، تۇرلۇك قۇرۇق يېمىشلەر بىلەن كاۋاپ كەلتۈرۈ-لۈپ، چاي قويۇلدى. ئۇنىڭغا ئازراقلا ئېغىز تېگىشىدى، ياپما ئاش كەلتۈرۈلدى، تاماقتىن كېيىن ئۇلار يەنە قوللىرىنى يۇ-يۇپ، ئېغىزلىرىنى چايقىشىپ بولغاندىن كېيىن پەرياستۇقلارغا يۆلىنىپ پاراڭغا چۈشتى.

ھاشىر تەيجى ۋاڭ جەمەتىدىن بولۇپ، بۇ تەيجىلىك مەنسى-پى دادىسىدىن ئۇنىڭغا قالغانىدى. ئۇ بىر قىز، تۆت ئوغۇللۇق بولۇپ، كىچىك ئوغلى يەتتە ياشقا كىرگەندە ئايالى ۋاپات بول-دى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئايال ئالغانىدى. ئۇمۇ ئۆلۈپ كەت-تى. ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى تېخى ئۆيلەنمىدى. بۈگۈن ھاشىر تەيجى نەمىتۇللا تەيجىگە ئۇزىنىڭ يەنە ئۆيلىنىش خىيالى بارلىقى-نى، بۇنىڭغا نەمىتۇللا تەيجىنىڭ ئەلچى بولۇپ بېرىشىنى ئېيت-قىلى ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كەلگەنىدى. ئەمما ھاشىر تەيجى گەپنى نەدىن، نېمە دەپ باشلاشنى بىلمەي سەل تېگىرقاپ ئولتۇراتتى. نەمىتۇللا تەيجى ئۆزى سوراپ قالدى:

— بېگىم، جانابلىرىنىڭ بىرەر زۆرۈر ئىشى بارمىكىن دەپ ئويلايمەنغۇ، بىز بىللە ياشاپ، بىللە ئىشلەۋاتقىنىمىزغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى. دايۋەنشۇەي يېغىلىقىدا ئابدۇللا بەگ ۋە مەن ئىككى سەپ بولۇپ ئۇرۇشقا ئاتلانغىنىمدا، ئابدۇللا بەگكە ئوردا خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى جانابلىرىغا تاشلاپ بەرىسى-

لە دېدىم. ئابدۇللا بەگ جانابلىرىغا ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى تاشلاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئۆزلە-رىگە خەزىنىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشنى يوشۇرسىلا - دېدىم. بۇمۇ ئۆزلىرىگە بولغان يېقىنلىقىمدىن ياكى ئۆزلىرىگە ئىشەن-گەنلىكىمدىن بولدى. شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق بېگىم، ھونۇس شۇنداق، — ھاشىر تەيجى سەل قىزىرىپ، لېكىن دەرھاللا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— دۇنيادا مەن جانابلىرىنى ئىككى ئالەملىك دوست ھې-سابلايمەن. جانابلىرى كۆپنى بىلىدىغان ئاقىل ئادەم، مەن بۇ-گۈن جانابلىرىغا راست ئۆزلىرى ئېيتقاندەك مۇھىم بىر ئىشنى دېمەكچى. بىزنىڭ مەزلۇم ئۆلۈپ كەتكىلى خېلى يىللار بولۇپ قالدى. گەرچە يېشىم بىر ئازچوڭ بولۇپ قالغان بولسىمۇ كۆ-رۈپ تۇرۇپتىلا يەنىلا پالۋانلاردەك كۈچ - قۇۋۋىتىم ھەم بەستىم بار. ئەركىشى ئۈچۈن ئايالى ئۆلۈپ كەتسە يۈز كۈندىن كېيىن خوتۇن ئالسا، ئايالى، بولسا ئېرى ئۆلۈپ كەتسە بىر يىلدىن كېيىن ئەرگە تەگسە بولىدۇ. ھېسابلاپ كۆرسەم مېھرىبانۇ ۋاقىتلىق تۇل قالغىنىغا ئون ئۈچ يىل بولدى. بىر ئايالنىڭ ئون نەچچە يىل بوي ئولتۇرۇشى نا مەھرەملىكتىن بېشارەتتۇر. شۇڭا مېھ-رىبانۇ پوجۇڭ توي قىلىشى كېرەك، شۇڭا مەن تەيجى بېگىم شۇنداق ئويلاپ قالدىم. مېھرىبانۇ پوجۇڭنى ھەرقايسىلىرى كۆ-ڭۈل بۆلۈپ ماڭا نىكاھ قىلىپ قويسىلا، پوجۇڭ خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلىسا ماقۇل بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، چۈنكى ئەركە-شىنىڭمۇ ئايال كىشىنىڭمۇ شەخسى ئارزۇ ھەۋەسلىرى بولىدۇ-غۇ. پوجۇڭ خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلىسا خۇش بولۇپ كېتەمدۇ تېخى. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا خۇدامۇ رازى، ئەلمۇ رازى بولاتتى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان نەمىتۇللا تەيجى ئىچىدە مەسخىرە قىلىپ كۈلدى. ئەمما ھاشىر تەيجىنىڭ ئالدىدا چاندۇرمىدى. ئەسلىدە نەمىتۇللا تەيجى ھاشىر تەيجىنى دايۇەنشۇەي يېغىلىقىدا قىلىپ قويغان ئەندۇ① ئىشلىرى توغرىسىدا ئېغىز ئاچارمىكىن، يوشۇرۇپ ئالغان بايلىقىنى ئاشكارىلارمىكىن دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما گەپ باشقا يەردىن چىقىۋىدى. ئۆزىمۇ بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ھاشىر تەيجى كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتىپ بولۇپ، مەغرۇر قىياپەتتە نەمىتۇللا تەيجىگە نەزەر سالدى.

— ھەي، بېگىم، — دېدى نەمىتۇللا تەيجى، — ماڭا ناھايىتى قىيىن بىر گەپنى قىلدىلىغۇ، مېھرىبانۇ پۇجۇڭ بىر يۇرتنىڭ پادىشاھىسى تۇرسا، ئۇنىڭغا قانداقمۇ ھاشىر تەيجى بېگىمگە تېگەملا دېگىلى بولسۇن «يۇرتقا كەلگەن بۆز ئەرزان، ئېغىزغا كەلگەن سۆز» دەپ، جانابلىرى بۇ گەپنى ئويلىمايلا دەۋاتاملا ـ يە؟ دېمىسىمىغۇ ھەممە كىشى ئۆز ئارزۇسىنى سۆزلەيدىغان گەپ. لېكىنزە بۇ چوڭ مەسىلە، تالادا قىلغان مەسلىھەت ئوردىغا توغرا كېلەمدۇ ـ يوق. بۇنى ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك. ھەي . . . مەن راستىنى دېگەندە پۇجۇڭ ئاغىچامنىڭ غەزىپىدىن قورقىمەن جۇمۇ، مېھرىبانۇ پۇچۇڭ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭدەك كۆڭلى يۇمشاقلاردىن ئەمەس. قارىسىلا ھېلىقى دېھقانىنىڭ قىزىنى بىر بەگ ئوغلىغا مەجبۇرىي ئېلىپ بەرمەكچى بولغانىكەن. دېھقان بۇ زورلۇققا چىدىماي ئوردىغا ئەرز قىلدى. مېھرىبانۇ پۇجۇڭ ھېلىقى بەگنىڭ ئوغلىدىن بىرەر ئېغىز سۆز سورىمايلا ئۈچ يىللىق زىندانغا تاشلىدى. قايسىدۇر بىر خېنىم بىر پۇقرانىڭ ئايالىنى «تىگى پەس سىركىلىك» دەپ تىللاپ قويۇپتۇ. ئۇلارغۇ بۇ گەپنى ئەرز قىلىپ كەلمىدى، بىراق

---

① ئەندۇ ـ خاتا.

پوجوڭ خېنىم باشقىلاردىن ئاڭلاپ قىلىپ، ھېلىقى خېنىمنى ئۆردىغا چاقىرتىپ كېلىپ «ئۆزلىرى ئانىلىرىنىڭ قورسىقىدىن خېنىم بولۇپ تۇغۇلغانمۇ؟ ئۆزلىرىنى خېنىم، ئەرلىرىنى بەگ قىلغان ئاشۇ دېھقاننىڭ ئەمگىكى» دەپ، ھېلىقى خېنىمنىڭ ئۆز ئاغزىغا ئۆزى يۈز شاپىلاق ئۇرۇشنى بۇيرۇغانىدى. ھېلىقى خېنىم ئۆزىنى ئۆزى بىر نەچچە كاچات ئۇرۇپلا «بۇ بىزگە نېمىدېگەن خورلۇق» دېگىنىچە ھوشىدىن كەتتى. ئەمدى قارىسىلا بېگىم، بۇ گەپنى شۇنداقلا پوجوڭ خېنىمنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ كىرسەم پوجوڭ خېنىم ماڭا نېمە دەر.

ھاشىر تەيجى سەل ئويلىنىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا نەمەتۇللا تەيجىنى بۇ ئىشقا قىستاپ تۇرىۋالدى:

— ياخشى نىيەت يېرىم مال - دۇنيا دېگەندەك، مېنىڭ بۇ ياخشى نىيىتىم پوجوڭ ئاغىچامغا خۇشيېقىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس. جانابلىرى بىلەن ئۇلپەت بولۇپ ئۆتتۈۋاتقىنىمىزغا ئۇزۇن يىللار بولدى. «ئۇلپەت تاپ - قۇدرەت تاپ» دەپتىكەن، ھەرھالدا خىزمەتلىرى ئۈچۈن مۇكاپات بېرىمەن. ئەلچىگە ئۆلۈم يوق ئەمەسمۇ، بېگىم.

— ياخشى نىيەت مال - دۇنيا ئىزدىمەيدۇ. ساۋاپلىق ئىشلار ئۈچۈن ئاللاتائالانىڭ ئۆزى مۇشكۈلنى ئاسان، يېرىمنى پۈتۈن، يوقنى بار قىلالايدۇ. ئەپسۇسكى، «نەپسىڭنىڭ تىزگىنى ئەقلىڭنىڭ قولىدا» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بۇ ئىشتا سەللا خاتا قىلىپ قويساق، كاللىمىز كېتىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ قويمىساق، بولمايدۇ.

— ھونۇس، شۇنداق، ئەپسۇسكى، كېرەككە تېرەك يىقىلىدۇ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، جانابلىرىنىڭ پاراستى ھەممە ئىشقا پەم كىرگۈزىدۇ. بىزدەك غەمسىز كىشىلەرنىڭ پاراغىتىگە تەم كىرگۈزىدۇ. ھاھ ... ھاھ ... ھا ...

ھاشىر تەيجى كۈلۈپ كەتتى. نەمتۇللا تەيجىمۇ قوشۇلۇپ كۈلۈپ قويدى، بوگەپلەردىن كېيىن نەمتۇللا تەيجى ھاشىر تەيجىگە يېقىنراق سۈرۈلۈپ شۇنداق دېدى:

— بوپتۇ، پوجوك خېنىمنىڭ خۇشال تۇرغان بىر پەيتىنى تېپىپ جانابلىرىنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزەي، ناۋادا ئىش ئوڭدىن كېلىپ، سوسۇرغ قولغا كېلىپ قالسا، مېنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، مېنىڭ مۇنداق دېيىشىمدىمۇ بىر سەۋەپ بار ئۇ بولسىمۇ . . . نەمتۇللا تەيجى گېپىدىن توختاپ سەل ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، — دەيمۇ، دېمەيمۇ، — دېدى.

— دېسىلە بېگىم، دېسىلە، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مەخپىيەتلىك قالمىسۇن.

— ھە . . . ي . . . بېگىم، بايلىق دېگەن بۇ باشقا گەپكەن مانا مەن سىنىڭ ئۆي ۋە باغ - ۋارانلىرىنى كۆرۈپ ئالاھىدە تەسىرلىنىپ قالدىم. ھازىر ئۆزلىرىنىڭ ھەممە نەرسىلىرى تەل بوپتۇ. تۇرمۇشلىرىنى ئوردىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىنمۇ ئارتۇق دېسەكمۇ بولىدىكەن. سىلى بىلىلا، مېنىڭ ئوردا بىلەن ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا قېتىراپ يۈرگىنىمگە قىرىق يىلدىن ئاشتى. ھېچ نەرسەم يوق. باللىرىم بولسا دېھقانچىلىق قىلىدۇ. باللارنىڭ ئاپىسى بولسا ئاغرىقچان. مەنمۇ ئۆزۋاقتىدا ئوردىنىڭ سودا كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ ئازراق سودا قىلايمىكىن دېگەنىدىم. تېگىشلىك ئىقتىساد بولمىدى. پۇلنى پۇل تاپىدۇ بېگىم، ئالتۇن، كۈمۈش بولمىسا مۇشۇنداق چوڭ ئوقەتنى تەۋەرەتمەك تەس. لېكىن ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىمۇ ماڭا ئوخشاش ئىدىلە، ئۇدۇللۇق يەپ - ئىچىپلا ئۆتىدىغان. بۇنىڭدەك چوڭ تەۋرەشنى كىم ئويلاپ بېقىپتۇ. بۇ جەھەتتە سىلىدىن ئازراق گۇمانلىنىپ قالدىم. شۇنچە پۇلنى نەدىن تاپتىلا؟ قارىغاندا، ئوردىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىدىن خېلى كۆپ يوشۇرۇپ قال-

غان ئوخشىمامىلا، ئۇ ئىشلارغۇ ئەمدى ئۆتۈپ كەتتىغۇ، بۇنى پۈجۈك خېنىممۇ تەپتۈرۈش قىلمىدى. ئەمما ماڭا خۇدا ئالدىدا راستىنى ئېيتسىلا. مەنمۇ ئورتاق بولاي، بولامدۇ؟ ئۇنداق بولغاندا قويۇنلىرىدىن تۆكۈلسە قونچىلىرىغىلا چۈشىدۇ. سۇنغان پۇت ئۆتۈك ئىچىدىلا قالىدۇ. قانداق دېدىم.

هاشىر تەيجى چۆچۈپ ئەتراپقا قارىدى، ئۇ ئۆڭگى ئۆچكەن هالدا نەمىتۇللا تەيجىدىن گۇمانلانغاندەك قىلىپ:

— نېمە ۋەجىدىن سوراپ قالدىلاكىن، ياكى پۈجۈك خېنىمنىڭ تەپتۈرۈشىمۇ؟ بېگىم.

— پۈجۈك دوسلەپكى كۈنلەردە تەپتۈرۈش قىلغانىدى. لېكىن مەن جانابلىرىنى ئاقلاپ گۇۋاهچى بولدۇم. هاشىر تەيجى بېگىم، ئوردىغا خىيانەت قىلمايدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنسىلە، پۈجۈك خېنىم دېدىم. پۈجۈك خېنىم كېيىن بۇ ئىشلارنى تەپتۈرۈش قىلمىدى. هازىر بولسا پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتى. ئەمدى ئۆز گېپىمگە كەلسەم، ئۆزلىرىگە مەلۇم، توخۇنېمنى يېگۇسى كەلمەيدۇ. ئادەم نېمىنى دېگۇسى كەلمەيدۇ. ئانچىكىم سوراپ قويدۇم، يەنە بىر خىيالىم، هازىر ئوردىنىڭ خەزىنىسى قۇرۇپ كەتتى. ئەگەر پۈجۈك خېنىم ئۇنىمىغان تەقدىردە، مال - دۇنيا بىلەنمۇ ئالداپ كۆرۈش مۇمكىنغۇ، خوتۇن كىشى دېگەن ئالتۇن - كۈمۈش، لەئلى جاۋاهىرغا ئامراق كېلىدۇ. ئەمەسمۇ؟

— هە . . . مۇنداق دېسىلە، مېنىڭچە يۇقىرىقىدەك گۇمانى ئوتتۇرىغا قويمىغانلىرى تۈزۈك. ئەگەر ئالتۇن - كۈمۈش دېسىلە مەندە بار، قانچىلىك دېسىلە شۇنچىلىك بار. پۈجۈك خېنىم كۈندە «گادايلار، گادايلار» دەپ گادايلارنىڭ غېمىنى يەيدۇ. مەن بولسام ئۇنداق قىلمايمەن.

— مەن چۈشەندىم بېگىم، سىلى تۇتقان يول بولىدىكەن،

جانابلىرى باللارنى سودىغا قويغاندا ھەربىرىگە قانچىلىك دەسمايە بەردىلە؟ پۇلنى پۇل بىلەن تاپىدۇ، دەيدۇ ئەمەسمۇ.

— شۇنداق، ھەربىرىگە دەسلەپتە يۈزدىن يامبۇ بەردىم. ئۇلار بۇنى دەسمايە قىلىپ ھەرىيلى قىلغان سودىسىدىن چىققان پايدىدىن مەن بەرگەن يامبۇنى ئايرىپ بېرىپ بولدى. ئاندىن ئۆزۈمنىڭ قوشقان دەسمايىسى قىلىپ تۆت يۈز يامبۇنى بەردىم. ئۇنىڭمۇ پايدىسىنى يىلدا ئېلىۋاتىمەن.

— ھازىر ھەربىر ئوغۇللىرىنىڭ قولىدا قانچىلىك مال ـ دۇنيا باردۇر؟

— ھازىر ھەربىر ئوغۇلنىڭ قولىدا مىڭدىن ئارتۇق يامبۇ، ئالتۇن ۋە باشقا مال ـ دۇنياسى بار. سودىگەرنىڭ قىممىتى سودىدا، سودىنىڭ قىممىتى سەپەردە بولىدىكەن. باللار توختىماي مېڭىپ تۇرىدۇ. ھازىر يول تېپىپ كەتتى.

— تاغدا چارۋىمۇ بارمۇ؟

— بار بېگىم. ھەممىلا تاغدا بار. ھازىر ئوردىنىڭ ماللىرى بىلەن بىر قىسىم ماللىرىم ئارىلىشىپ كەتتى. قاراپ باقىمەن. مېھرىبانۇ پوجوڭنىڭ مۇئامىلىسىگە قاراپ باقىمەن. ئۇنىمىسا، ھەممە ماللىرىمنى ئايرىپ ئالىمەن.

كەچقۇرۇن قورداق، پولۇ قاتارلىق تائاملار كەلتۈرۈلدى. ئۇلار نامازشام، خۇپتەنلەرنى بىللە ئۆتەپ بولۇپ يەنە بىر ئاز پاراڭ سېلىشتى.

ھاشىر تەيجى دېدى:

— سىلى، پۇل، مالدىن قورقمىسىلا بېگىم، مەن ئۆزلىرىگە قانچىلىك دېسىلە شۇنچىلىك بېرىمەن. بىرەر ئوغۇللىرىنى بىزنىڭ ئوغۇللارغا قوشۇپ قويسىلا سودا قىلىسۇن. پۈتۈن دەسمايە مېنىڭدىن، قورقمىسىلا. پۇل دېگەن ئادەمنىڭ تۈۋرۈكى، باللارنىڭ خۇشلۇقى، ئائىلىنىڭ باياشات-

لىقى، ئۆزلىرىنىڭ شان ـ شەرىپى. پۇل بولسا كۆڭۈل توق ئۆتىدۇ.

نەمتۇللا تەيجى ماقۇل بولۇپ ھاشىر تەيجىگە رەھمەت ئېيتتى.

نەمتۇللا تەيجى يېتىپ ئويلاندى... ھاشىر تەيجىنىڭ تامامەن ئۆزگىرىپ كېتىشى ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن بولغان. ئەسلىدە بۇ بەگ ۋە بۇ بەگنىڭ جەمەتى گاداي بەگلەر قاتارىدا ھېسابلىناتتى. ئەمدى بۇ بەگ قانداق بولۇپ بېيىپ كەتتى. بۇ پۇلنىڭ ئاساسى نەدىن كەلدى؟

ئۇلار ئەتىسى بامداتتىن كېيىن ئوبدان ناشتا قىلىشىۋېلىپ ئوردىغا قاراپ يولغا چىقىشتى.

* *

نەمتۇللا تەيجى ھاشىر تەيجىنىڭ بايلىقىنىڭ ئاساسى نەدىن كەلدى. نەچچە يىللاردىن بېرى تاغدا مال ـ چارۋا سانىقى ئېلىپ بېرىلمىدى، قانداق قىلىپ ھاشىر تەيجىنىڭ تاغدىكى مال ـ چارۋىسى كۆپىيىپ كەتتى؟ بۇنى ئېنىقلاپ كۆرۈش كېرەك، دەپ ئويلىدى ـ دە، ئويلىغانلىرىنى مېھرىبانۇ ۋاڭغا مەلۇم قىلدى. ئەمما ھاشىر تەيجىنىڭ نىكاھ ھەققىدىكى تەلىپىنى تىلغا ئالمىدى.

بۇنى ئاڭلىغان مېھرىبانۇ ۋاڭ ئۆزى ئىككى ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ، تاغلارنى تەكشۈرۈپ كەلمەكچى بولدى. بۇنى ئوردا بەگلىرى ئىچىگە سىلىپ، ئۆزى قايتىپ كەلگۈچە ئوردىنىڭ ئىشلىرىغا نەمتۇللا تەيجىنى مەسئۇل قىلىپ قويۇپ، ئۆزى بىلەن بىللە نۇربانۇ ۋە ئانارنى ھەم ئىككى ياساۋۇلنى ئېلىپ تاغقا قاراپ يولغا چىقتى.

مېھربانۇ ئۇن ئىككى تاغنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ئارىلاپ
تەكشۈرۈپ چىقتى. ئۇ قوي قوتانلىرىنى، تۆگە - كالا دەپسەك-
لىرىنى، ئات قوتانلىرىنى كۆردى. ئۇنىڭ كەينىدىن تېرە كە-
يىپ چورۇق تارتىۋالغان توپ - توپ چارۋىچىلار، ئەگىشىپ
يۈردى. مېھربانۇ ۋاڭ چارۋىچىلارغا مېھربانلىق كۆرسەتتى.
چارۋىچىلار، مۇھەممەت بېشىرچىگۇۋاڭ دەۋرىدە مال - چارۋىلى-
رىنىڭ ھەددى - ھېسابسىز ئاۋۇپ كەتكەنلىكىنى، دايۋەنشۇەي
يېغىلىقىدا دايۋەنشۇەي لەشكەرلىرىنىڭ قوتان - قوتان قوي،
كالا، ئات، تۆگىلەرنى ھەيدەپ كەتكەنلىكىنى، بۇ دەردكە
چىدىمىغان نۇرغۇن چارۋىچىلار ماللىرىنى يىراق تاغ، جىلغى-
لارغا ھەيدىۋېتىپ، كېيىن ئارانلا بىر قىسمىنى تېپىپ ئالغانلى-
قىنى ئېيتتى. يەنە بۇنىڭدىن بەش، ئالتە يىل بۇرۇن ھاشىر
تەيجى بېگىم تاغلارغا چىقىپ «ئوردىنىڭ ھەممە ئەمىر - مەرۇپ-
لىرى ئۆلتۈرۈلدى. ئوردا گۇمران بولدى. ئوردىغا تەۋە
ھەممە مال - چارۋا ماڭا مەنسۇپ بولدى» دەپ جاكارلاپ،
ھەربىر چارۋىچىغا ئانچە - مۇنچىلا مال قالدۇرۇپ، قالغىنىنى
ئۆز تىزىملىكىگە ئېلىپ، ئۆزىگە تەۋە قىلغان ماللارنىڭ ھەممى-
سىگە «ھ» تامغىسىنى بېسىشنى بۇيرۇغانلىقىنى، بۇنى بىر قى-
سىم كىشىلەر شۇنداق قىلغان بولسىمۇ، بىر قىسىم كىشىلەر
ئۇنداق قىلمىغانلىقىنى، ئەمما ھاشىر تەيجى يىلدا چىقىپ بەش
يۈز دانە كۆرپە يىغىشتىن سىرت، نۇرغۇنلىغان يۇڭ، تېرىنى
بىكارغا يىغىپ كېتىدىغانلىقىنى، بۇلارنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە،
چاررۇسىيىگە ئاپىرىپ ساتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مېھربانۇ ۋاڭ ھاشىر تەيجىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاڭلاپ
ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ چارۋىچىلارغا مۇنداق دېدى.

— دايۋەنشۇەي مۇھەممەت بېشىرچىگۇۋاڭنى قەتلى قىلىپ،
شەھەرنى ۋەيران، خەلقنى سەرسان قىلىۋىدى، ھەممىمىز ھەر-

تەرەپكە قىچىپ كەتتۇق. بىراق ھاشىر تەيجى بىگىم ئوردىغا
ۋەكىل بولۇپ، تاغلاردىكى مال - چارۋىلارغا ئىگىدارچىلىق
قىپتۇ. بۇ يامان ئىش ئەمەس، ئەمدى، ھاشىر تەيجى كۆرسەت-
كەن «ھ» تامغىنى ئىشلەتمەيلار. بۇرۇنقى ئاتا - بوۋىلىرىمىز-
دىن قالغان «لام ئىلىپ تامغا» «ئاي تامغا»① «چىلەك تامغا»
قاتارلىق تامغىلارنى بۇرۇنقىدەك ئىشلىتىۋېرىڭلار، بۇ ناھايىتى
ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز ئىشلىتىپ كەلگەن تامغى-
لار. بىز بۇ نەمۇنىلەرنى يوقىتىپ قويساق بولمايدۇ.
مىھرىبانۇ پۈجۈك يەنە ھەربىر تاغدىكى قورمال، قىزىبەگ-
لەرنى سۈرۈشتۈرۈپ ياخشىلىرىنى ماختىدى. چارۋىچىلارنى بۇ-
زەك قىلىپ، خارلىغانلارنى «ياخشى قىلماپسىز، ئادەم ئادەمگە
مۇنداق مۇئامىلە قىلمايدۇ» دەپ ئەيىبلىدىن ئىلىۋەتتى. بەزى
ياشىنىپ قالغانلارنى بولسا «ياشقا چوڭ بولۇپ قاپسىز، ئارام
ئىلىڭ» دەپ ئورنىغا باشقا ئادەمنى تەيىنلىدى. يەنە چارۋىچىلار-
غا بەش يىلغىچە چارۋا سانىقى ئىلىپ بارماسلىقنى، ھەممە
چارۋىچى تۇرمۇشىنى بۇرۇنقىدەك ياخشىلىۋالغاندىن كېيىن ھەر-
يىلى چارۋا سانىقى ئىلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تاغلاردىكى
قورمال بەگلەرگە ھەرقايسى چارۋىچىدا ئۆزىنىڭ قانچە مىلى،
ئوردىنىڭ قانچە مىلى بارلىقىنى ئىنىقلاپ چىقىپ سانىنى ئوردى-
غا مەلۇم قىلىشنى ئۇقتۇردى. ھەمدە تاغنىڭ قانداق جايلىرىغا
نىمە تىرىسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى، مۇۋاپىق كىلىدىغان زىرا-
ئەتلەرنى تىرىپ، ئۆزلىرىنى قامداش لازىملىقىنى تەكىتلىدى.
ئاجىز - ئورۇقلارغا كىيىملىك رەخت، پۇل تارقىتىپ بەردى.
مىھرىبانۇ ۋاڭ تاغلىق رايونلارنى تەكشۈرۈش جەريانىدا،

① «لام ئىلىپ تامغا» «ئاي تامغا» «چىلەك تامغا» — ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دىۋانىدا كۆرسىتىلگەن تامغىلار بولۇپ، بۇ تامغىلارنى ھازىرمۇ قۇمۇلنىڭ تاغلىرىدىكى چارۋىچىلار ئىشلىتىدۇ.

مالچىلارغا مال بېقىش جەھەتتىكى ناھايىتى كونكرېت ئىشلارنى. مۇ سۆزلەپ تەلىم بەردى ۋە مۇھىم ئىشلار ھەققىدە چۈشەنچە بەردى.

مېھرىبانۇۋاڭنىڭ دېگەنلىرى مالچىلارغا بەش قولدەك ئايان ئىشلار بولسىمۇ ئۇلار ۋاڭنىڭ غەمخورلۇقىدىن تەسىرلىنىپ قالدى.

مېھرىبانۇ ۋاڭ ئون بەش كۈن تاغلاردا يۈرۈپ ئوردىغا قايتىپ كەلدى.

# يىگىرمە ئالتىنچى باپ

مېھرىبانۇ ۋاڭ تاغدىن قايتىپ كېلىپ ھاشىر تەيجىنىڭ قىلغانلىرىنى ئويلىغانسېرى ئاچچىقى كەلدى. بۇنى نەمىتۇللا تەيجىمۇ ئاڭلاپ «ھاشىر تەيجىنىڭ راستىنلا نىيىتى پەلكەتـ كەن. ئۇ ئوردا خەزىنىسىدىن نۇرغۇن دۇنيانى ئەپ كېتىپتۇ» دەپ ئويلىدى. مېھرىبانۇ ۋاڭ دەرھال ئوردا ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ ھاشىر تەيجىنىڭ ئىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئېيتقان بولسىمۇ، نەمىتۇللا تەيجى «يەنە بىر ئاز تەخىر قىلىپ باقايلى خېنىم، بۇ يەردە يەنە بىر گەپ بار. ئۆزلىرى ئاڭلاپ قالسىلا» دەپ ھاشىر تەيجىنىڭ مېھرىبانۇ پوجۇڭغا ئۆزىنى ئەلچىلىككە قويغانلىقىنى، ئۇنىڭ باغ - ۋاران، ئۆي - ئىمارەت، سودا - سېتىق ئىشلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ شۇنداق دېدى.

— پوجۇڭ خېنىم، قاراپ باقسام ھاشىر تەيجى ئوردىدىنـ مۇ بايەك قىلىدۇ. ئۇ ئۆز بايلىقىغا ئىشىنىپ ھەزرەتلىرىنى ئۆز نىكاسىغا ئالغۇسى كەلگەن چېغۋا.

مېھرىبانۇ پوجۇڭنىڭ ئاق يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى:

— ئۇنىڭ كىچىك ئاي خېنىمنى ئوغلۇمغا ئېپ بېرىپ، ئۆزۈم مېھرىبانۇنى نىكاھىمغا ئېلىپ، ۋاڭلىقنى ئۆز ئىلكىمدە تۇتىمەن، دېگىنى راستكەندە. جۆيلۈپتۇ ئۇ، ئۇنىڭزە شۇنچىلىك يۈرىكى چوڭلاپ كېتىپتىمۇ؟ — مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ ئىچىدىكى

غەزەپ ئوتى تېخىمۇ ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئۇ ئاچچىقى كەلگەندە بىر پەس جىمجىت ئولتۇرۇۋالاتتى. ھازىرمۇ شۇنداق قىلدى. بۇ جىمجىتلىقنى نەمتۇللا تەيجى بۇزۇپ:

— سۇۋۇر پاكارنى تۇتۇپ كەلگىچە تەخىر قىلايلى خېنىم. نېمىشقا دېسىلە، ھاشىر تەيجىنىڭ ئەزەلدىن سۇۋۇر پاكار بىلەن بىر ئاز چېتىشلىقى بار ئەمەسمۇ، يەنە نېمە سىرلىرى ئېچىلىدۇ، قاراپ باقايلى.

مېھرىبانۇ ۋاڭ بۇ گەپكە ماقۇل بولۇپ باشقا گەپكە ئۆتتى:

— جانابلىرى، ئۆتكەندە كىچىك ئاي خېنىمنىڭ تويى ھەققىدە ئېغىز ئاچقان ئىدىلە. مەن ئويلىنىپ شۇ گەپلىرىنى توغرا تاپتىم. نېمە ئۈچۈن دېسىلە، بۇ قېتىم تاغدىن قايتىپ كېلىپ ئاڭلىسام، ھاشىر تەيجىنىڭ كىچىك ئوغلى شاھزات جەۋھەر خېنىمنىڭ ئۆيىنىڭ تۈڭلۈكىدىن مارىلاپ يۈرگۈدەك. تېخى جەۋھەر خېنىمنىڭ دېدىكىگە «مېنى كىرگۈزۈۋەتسىڭىز، جەۋھەر خېنىم بىلەن ئىككى ئېغىز پاراڭ قىلىۋالسام» دەپ تۇرۇۋاپتۇدەك. دېدەك «كىچىك ئاي خېنىم يۈزى ئېچىلمىغان بىر مەستۇرە، ئۆزلىرى ئۇ يەرگە كىرسىلە نامەھرەم بولىدۇ» دېسە، نېمە دەپتۇ دېمەملا «ھەي سارالڭ، كىچىك ئاي خېنىمنى ماڭا بېرىپ، مېھرىبانۇ پوجوڭ دادامغا تېگىمەن دەۋاتقىنىنى بىلمەمسەن، ئۇ چاغدا دادام ۋاڭلىققا ئولتۇرسا، ئەدىپىڭنى قانداق بېرىمەنكى قاراپ تۇر» دەپتۇ. كۆردىلەمۇ، بۇ ئاھانەتكە قانداق چىدايدۇ ئادەم.

— يەنە شۇنىدەي خېنىم، — دېدى نەمتۇللا تەيجى، — مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۆز ۋاقتىدا ھاشىر تەيجى مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ كۆشەندىسى ئىدى. مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ كۆڭلى كەڭ، نىيىتى خالىس بولغاچقا ھاشىر تەيجىنى ئۆز نەسلىمىز دەپ ئەتىۋارلاپ كەلدى. ئاخىرى مۇھەممەت بېشىر-

چىگۋاڭ تۇتۇلۇپ ئۇ قۇتۇلۇپ قالدى. دىل ئازاردىن خۇدامۇ بىزار خېنىم، ئاتىنىڭ ياخشى، يامىنى مىڭىشىدىن. ئادەمنىڭ ياخشى، يامىنى نىيىتىدىن بەلگىلىنىدۇ.

— قەست قىلمىغاننى پەس قىل دەپتىكەن كونىلار بۇ ھەق گەپ، بىزگە ئۇ ئەزەلدىن قەست قىلغانىكەن، ئەمدى مەن ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلاي، ھىيلىدىن ھالۋا ياساپ مېنى زەھەرگە تېگىشمەكچى بولغانلارغا، ئالدىمدا قول قوشتۇرۇپ ئارقامدىن تاش ئاتماقچى بولغانلارغا ھەرگىز يول قويمايمەن. ئۇنىڭ ئالدىدا مۇھەممەت بىشىرچىگۋاڭنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى يوقمىكەن، قىلغانلىرى ئازدەك، تېخى ئۇ مېنى ئەمرىگە ئالماقچىمىكەن؟

— چېچىلمىسىلا، پوجوڭ خېنىم، ئاچچىق ئەقىلنى كې-سىدۇ، ھەق ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ. ئىززىتىنى بىلمىگەن ئەدىبى-نى يېمەي قالمايدۇ.

مېھرىبانۇ ۋاڭ يەنە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ جىم ئولتۇرۇپ قالدى. ئاندىن دېدى:

— ئەمىسە، ئۆزلىرى دېگەندەك قىلايلى، ئالدى بىلەن كىچىك ئاي خېنىمنىڭ توينى قىلايلى، ئۆزلىرى تاغقا چىقىپ شامەخسۇت بەگنى ئېلىپ كەلسىلە.

نەمىتۇللا تەيجى:

— خوش ئاغىچام، ئۆزلىرى دېگەندەك قىلىمەن، دەپ ۋاڭدىن ئىجازەت سوراپ چىقىپ كەتتى.

* *

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن شامەخسۇت بىلەن كى-چىك ئاي خېنىمنىڭ تويى بولدى. مېھرىبانۇ ۋاڭ شامەخسۇت بەگنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى بەزى ئىشلىرىنى ئۇنتۇمىغان بولسى-

مۇ «ئۇ كىچىك ۋاقتى، ئەمدى بولسا چوڭ بولدى. ئاق - قارىنى ئايرىدى. بار - يوقنى بىلدى. مالچىلار ئىچىدە يۈرۈپ بەڭۋاشلىقنى ئۆگىنىۋاپ، ياۋاشلىشىپ پىقىر كۆڭۈل بولۇپ قالدى» دەپ ئويلىدى. شۇڭا ئۇ شامەخسۇتنى ئالاھىدە ئەتىۋارلىدى.

شامەخسۇت توي قىلىپ ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن مېھرىبانۇ ۋاڭ ئۇنى ئوردا مۆھۈردارى قىلىپ ئۆستۈردى. شامەخسۇت توي جەريانىدا كىچىكىدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان شاھزات بىلەن تونۇشۇپ يېقىن ئاغىنىلەردىن بولۇپ كەتتى. شاھزات سەل ئالىجوقا، ئالدىراڭغۇ ئىدى.

ئۇ گەرچە «مەن ئالىدىغان قىزنى شامەخسۇت ئېلىۋالدى» دەپ شامەخسۇتقا ھەسەت قىلىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ يۈرۈشنى قىزنى ئېلىشتىنمۇ ئۈستۈن كۆرۈپ قالدى. بۇنىڭدىكى بىر سەۋەب ھاشىر تەيجى ئوغلىنىڭ شامەخسۇت بەگ بىلەن يېقىن ئۆتۈۋاتقانلىقىغا ناھايىتى خۇشال ئىدى. ھاشىر تەيجى ئوغلىغا بىر كۈنى شۇنداق دېگەنىدى «ئاتىنى دورىغىلى ئوغۇل كېرەك دېگەندەك، ئوغلۇم مېنىلا دورىدى. شامەخسۇت بەگنى ئاغىنە قىلىۋالغىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ بەختى. ئۇنىڭ بىلەن ئاغىنە بولساڭ، قولۇڭ يەتمەيدىغان شاخ بولمايدۇ. شامەخسۇت بەگنى ئۆيگە پات - پات ئەكىلىپ تۇر. پۇل كېرەك بولسا مانا مەن بار»

شامەخسۇت شاھزاتنى ئانچىلا ياقتۇرۇپ كەتمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئويۇنخۇمارلىقى، پۇل دېگەننى سۇدەك چېچىپ خەجلىشى ئۇنى جەلپ قىلىۋالغانىدى. شامەخسۇت ناھايىتىمۇ قوۋ، شەخسىيەتچى بولۇپ، ئىچىدە ئويلىغىنى بىلەن تىشىدا قىلىپ يۈرگەنلىرى زادىلا ئوخشىمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ چاندۇرماي يۈرەتتى. ئۇنىڭ سوزۇق قىراق كەلگەن سارغۇچ چىرايى، يېشىللىققا

مايىل كۆزلىرى، قارا قاشلىرى، كەڭ پېشانىسى ئۇنى خېلىلا قامەتلىك كۆرسىتەتتى.

ئۇلار كوچلۇك شامال دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى ئۇچۇرۇۋاتقان كۆز كۈنلىرىدە بەزمە ـ مەشرەپلەرنى قىزىتىۋەتتى. كۈندە دېگۈدەك نەشە تارتىپ، بەڭ چېكىپ، مەشرەپ ئوينايتتى. شاھزات ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئالدۇرۇپ كەلگەن قىز ـ چوكانلار ئۇلارنى مەھلىيا قىلىۋالغانىدى.

قىش كۈنلەردە قارمەشرىپى، كۆك مەشرىپى دېگەن ناملار بىلەن بىر كۈنى ئوردىدا شامەخسۇتنىڭ سارىيىدا، بىر كۈنى شاھزاتنىڭ سارايلىرىدا ئەيش ـ ئىشرەت، بەزمە ـ مەشرەپلەرنى قىزىتىۋەتتى. بارغانچە نازىنىن، چىرايلىق قىز ـ چوكانلارمۇ كۆپەيگىلى تۇردى. بۇ كېچىلىك بەزمىلەر چەكتىن ئېشىپ كېتىپ باراتتى. بۇ ئەھۋاللار كىيىنچە نەمتۇللا تەيجىنىڭ قۇلىقىغا كىردى. نەمتۇللا تەيجى شامەخسۇت بەگنىڭ شاھزات ۋە ھاشىر تەيجى بىلەن يېقىن بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بىر ئاز ئاچچىقلانغان بولسىمۇ، گەپ قىلمىدى. كېيىن كوچىدا گەپ كۆپىيىپ خەلقنىڭ نارازىلىقى كۆچىيىپ كەتكەنلىكتىن، نەمەتۇللا تەيجى «ۋاقتىدا گەپ قىلىپ، بۇ بەگنى يامان ئىشلاردىن توسمىسام، پۇجۇڭ خېنىم ئاڭلاپ قالسا رەنجىيدۇ» دېگەن ئوي بىلەن شامەخسۇت بەگ بىلەن سۆزلىشىش قارارىغا كەلدى.

نەمتۇللا تەيجى شامەخسۇت بەگنىڭ ئىش بېجىرىش ئۆيىگە كىرگەندە شامەخسۇت قولىنى ئۇستەلگە قويۇپ، قولى ئۇستىگە بېشىنى قويغىنىچە ئۇخلاپ ئولتۇراتتى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ــ شامەخسۇت بېشىنى بۇراپ نەمتۇللا تەيجىنى كۆرگەن بولسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈرمىدى.

ــ خوش، خوجام بىتاب بولۇپ قالدىلامۇ، نېمە. يا

كۆڭۈللىرىگە بىرەر مالاللىق يەتتىمۇ، — دېدى نەمىتۇللا تەيجى.

شامەخسۇت ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ نەمىتۇللا تەيجىگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ ئۇيقۇسىراپ تۇراتتى. ئاغزىدىن مەجنۇننىڭ ھىدى كېلەتتى. ئۇ مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن نەمىتۇللا تەيجىگە سەل ھىجىيىپ قاراپ قويدى.

— خوش، تاۋىم يوق تۇرىدۇ.

— بولماپتۇ خوجام، تېۋىپ كۆرۈپ باقسۇن، ئەمما، لېكىنزە، ئويۇن كۆپ بولۇپ كەتتى. خوجام، بۇنىڭ پۇقراغا بەرگەن تەسىرى ياخشى بولمىدى، مەن ئۆزلەگە بۇرۇنلا گەپ قىلىپ قوياي، پۇجۇڭ خېنىم ئالدىدا مېنىڭ يۈزۈمگىمۇ سەت بولمىسۇن دەپ ئويلىغانىدىم. قارىسام، جانابلىرىنى باشقا بەگلەر ئېگىلەپ كېتىپتۇ. تاغدىكى تۇرمۇش بىلەن ئوردىدىكى تۇرمۇش ئوخشاشمايدۇ. تاغدىكى خەق باشباشتاق كېلىدۇ. ئوردىدا بولسا ئەدەپ - ئەخلاق شەرت قىلىنىدۇ. ئەمما تولا يولدىن چىقىپ كەتسەك، پۇقرا ئالدىدا ئىناۋىتىمىز قالمايدۇ. مەن ھەزرەتلىرىگە ئاتا ئورنىدا ئاتا. مەرھۇم تاجىدىن تەيجى بېگىم مېنىڭ بىلەن دىلكەش ئىدى. مەرھۇم ھەزرەتلىرىگە ناھايىتى ئامراق ئىدى. شۇڭا تاغدا سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىرىنى كۆرۈپ ئېچىم سىرىلىپ، پۇجۇڭ ئاغىچامغا ياخشى تەرىپلىرىنى قىلىپ، ئۆزۈم تاغقا چىقىپ ئۆزلىرىنى ئەكېلىپ، مېھرىبانۇ ۋاڭغا كۈيئوغۇل قىلىپ قويدۇم. راستىنى ئېيتسام، ھەزرەتلىرىنىڭ ئويۇن - تاماشىلىرى زىيادە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى كۆرۈپ بىلىپ تۇرغۇچى بىرىنچىدىن ئاللا، ئىككىنچىدىن خەلقتۇر. بىز خەلقئالەمنىڭ ئاھانىتىگە قالمايلى، مەن ھەزرەتلىرىگە ئاتىدارچىلىق بىلەن شۇنى ئېيتىپ قوياي، پۇجۇڭ خېنىمنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن كۆپ ۋاقىتلىرىنى

ئوردا ئىشلىرىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلغايلا.

شامەخسۇت نەمىتۇللا تەيجىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىر نەچ-چە قېتىم ئورنىدىن سەل ئىرغىنىپ نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ:

— تاجى تەخت پەرۋانىسى ئەمەسمەن، ئېسىلزادىلەر ھېچ يەردە خار بولغىنى يوق. گۈل ئۆزى تۇپراقتا ياتسا گۈلنىڭ ئېتى گۈل ئىمىش، قۇل ئۆزى تەختتە ئولتۇرسا قۇلنىڭ ئېتى قۇل ئىمىش. قانداق بەگ دادا، تاغدا ئون نەچچە يىل سەرسان بول-سامۇ خۇدا مېنى يەنە ئوردىغا سۆرەپ كەلدى. بۇ ئوردا ئەزىلى ئەزەلدىن مېنىڭ ماكانىم. كونىلار ئېشىك ھالال بولسا كوچىدا ئىچ دەپتىكەن، نېمىدىن قورقاتتىم، — دېدى نەمىتۇللا تەيجى-نىڭ يۈزىگە قارىماي، سىڭايان ئولتۇرۇپ.

ئۇنىڭ «قۇل ئۆزى تەختتە ئولتۇرسىمۇ قۇلنىڭ ئېتى قۇل ئىمىش» دېگىنى نەمىتۇللا تەيجىگە قارىتىلغان تەنە گېپى ئىدى. بۇ گەپ نەمىتۇللا تەيجىگە ناھايىتى ھار كەلدى. ئۇ نەمىتۇللا تەيجىنىڭ ئەسلى نەسلىنى تارتىپ، سەن نېمىلا بولساڭ ئەسلىدە قۇل ئىدىڭ (ۋاڭنىڭ دارخانى ئىدىڭ) دېمەكچى بولاتتى. بۇ چاغدا ئىشىككە كېلىپ قالغان ھاشىر تەيجى بۇ گەپلەرنى تولۇق ئاڭلاپ شامەخسۇت بەگدىن سۆيۈنۈپ كەتتى - دە، ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرىپ ئالدىراپ شۇنداق دېدى:

— شامەخسۇت خوجام، مەن ئۆزلىرىگە ئېيتاي، يول قىڭغىر بولسىمۇ، گەپ قىڭغىر بولمىسۇن. نەمىتۇللا تەيجى بېگىم نېمىلا دېمىسۇن. ئۆزلىرىگە كۆيۈنۈپ دەيدۇ. ئۆزلىرى بولسىلا ئوردىنىڭ بىردىنبىر مىراسخورى، بۇنىڭ ئۈچۈن پۈ-چۈك ئاغىچامنىڭ سىزنىڭدىن چىقمىغانلىرى تۈزۈك. بولمىسا ئىشنى قىلغان كانايچى، بالاغا قالغان سۇنايچى، بولۇپ، ھەر قايسىمىزنى بالاغا تىقىپ قويىدىلا.

شامەخسۇت بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، سۆزلەپلا

كەتتى:

— ۋاي بەگ دادا، ئارغىماق مىنگەن ھاسىرىماس، دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمۇ سىلى؟ بېشىمدا بەختىم ـ دۆلىتىم، يېنىمدا راھەت ـ پاراغىتىم، قولۇمدا بولسا ئىمكانىيىتىم. بار، مەندىن باشقا كىملەرگە نېسىپ بولار بۇ تاجى دۆلەت دەيدىغان ئەندىشەم يوق. يەنە كېلىپ ھېچكىمدىن قورقۇنچىممۇ يوق. ھە، ھاشىر دادا، قانداق دېدىم، ھە، راست، بۇگۈن بىز شاھزات خوجام بىلەن بىر يەردە، بەزمىدە بولماقچىدۇق. بارىدىغان ۋاقتىم توشۇپ قاپتۇ، — دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ھېچقايسىسىغا ئېرەن قىلماي چىقىپ كەتتى.

نەمتۇللا تەيجى شامەخسۇتنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ناھايىتى رەنجىدى. ئادەتتە ھېچ نەرسىنى كۆڭلىگە ئالمايدىغان بۇ تەيجىنىڭ كۆڭلى بۇگۈن قاتتىق ئازار يېدى. لېكىن ئۇ ھەسرىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ھاشىر تەيجىگە تەگدى:

— جانابلىرى تۇيۇۋاتامدىلاكى، شاھزات بەگ بىلەن شامەخسۇت بەگ مۇشۇ كۈنلەردە بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ھەركۈنى دېگۈدەك بەزمە ئويۇشتۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ چىرايلىق قىز ـ چوكانلىرىنى يىغىۋېلىپ، ئەيش ـ ئىشرەت قىلىشىۋېتىپتۇ. تۇنۇگۈنلا بىرى ماڭا ئەرز قىلىپ كەلدى. ئەگەر بۇنى پۇجۇڭ خېنىم ئاڭلاپ قالسا، قانداق قىلىدىغانلىقىنى ئۆزلىرى بىلىدىلا، شۇڭا مەن ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ بىر ئاز نەسىھەت قىلىپ قوياي دېسەم، كۆردىلەمۇ بۇ خوجامنى، مەن ئۆزلىرىگە دەي، شاھزات خوجامغا دەپ بۇ ئىشتىن توسسىلا، بولمىسا ھېلىقى چوكانلارنىڭ ئەرلىرى تۇيۇپ قالسا چوڭ ماجىرا چىقىپ كېتىدۇ.

ھاشىر تەيجى بۇ ئىشلارنى بۇرۇندىن بىلىپ تۇرغىنى ئۈچۈن ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى.

— خوش بېگىم، مېنىڭچە ھەممە ئىشنى قىلىۋاتقان مانا شۇ، ئاتا تەربىيىسى كۆرمىگەن شامەخسۇت خوجام. بۇنى ئەسلىدە ئوردىغا ئەكەلمەيدىغان گەپ ئىدى. ئەمدى قارىسىلا، ئۆزلىرىنىمۇ، مېنىمۇ قىلچىلىك نەزىرىگە ئىلماي دەۋاتقان گەپلىرىنى، ئالدىراڭغۇ پاشا ھامان مايغا چۈشۈپ ئۆلىدۇ.

نەمىتۇللا تەيجى بۇ ھەقتىكى گېپىنى توختىتىپ ھاشىر تەيجىگە تېگىشلىك يەنە بىر گەپكە ئۆتتى:

— يەنە بىر گەپ بار ئىدى بېگىم، ئەسلىدە بۇ خوجامنىڭ يېنىدىن چىقىپ جانابلىرىنىڭ يېنىغا كىرەي دەپ تۇرىۋىدىم. مەشەدىلا سۆزلىشىۋالايلى. ئۇ بولسىمۇ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىر قىسىم ئەرز - شىكايەتلەرنى ئۆزۈم كۆرۈپ چىقتىم، تېخى پۇجۇڭ ئاغىچامغا مەلۇم قىلمىدىم. ئەسلىدە بىز ئوردىدىن ئون يىلغىچە خەلقتىن لەڭ - سېلىق ئالمايمىز دەپ جاكارلىغانىدۇق. سېلىق دېگەننىڭ تونىنى ئۆزگەرتىپلا ئۆشرە - زاكات يىغىمىز دەپ ئۇقتۇرۇش قىپتىلا . ئۆشرە - زاكات دېگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئىختىيارى ئاساسىدا ئاجىز - ئورۇقلارغا تاپقان بايلىقىنىڭ قىرىقتىن بىرىنى بېرىدىغان قائىدە. بۇ قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن بەش پەرزنىڭ بىرى. ئوردا ھېچ قاچاندا ئۆشرە - زاكات يىغىدىغان ئورۇن ئەمەس. بۇ قىلغانلىرى خاتا بوپتۇ، بېگىم.

— خاتالاشتىلا بېگىم، ئۆتكەندە پۇجۇڭ خېنىم نېمە دېدى، «گادايلارغا نان يېقىپ تارقىتىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرسىلا» دېمىدىمۇ ھە. مانا شۇ ناننى نېمە بىلەن ياقىمىز. ئاشۇ ئۆشرە - زاكاتتىن ياقىمىدۇق.

— گەپ ئۇنداق ئەمەس بېگىم، ئالتۇن ساڭدا ئاشلىق كۆپ، ئەمدىلا نەچچە دادەن ئاشلىققا ئىگە بولۇۋاتقان خەققە ئۇۋال قىلمايلى. ئۇلارمۇ خاتىرجەم ئاشلىقىنى يىغىۋالسۇن. كوندۇك-

لىرىنى تولدۇرۇۋالسۇن.

— ھەي . . . بېگىم ئۆزلىرى نېمە خىيالدا، مەن نېمە خىيالدا، پۈجۈك خېنىم نېمە دېسە، بىزمۇ شۇنى قىلىمىز دېسەك بولمايدۇ. پۈجۈك خېنىم بىر ئايال كىشى، ئۇ بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا ئويلايدۇ. ئوردىنىڭ سىڭىنى قۇرۇتۇۋەتسەك قانداق بولىدۇ. ھامان توي تونلۇقىنىڭ، ھېيت ئاتلىقىنىڭ بولىدىغانلىقىنى پۈجۈك بىلمەيدۇ، بەگلىككە ھەشەم، پادشاھقا دەرەم كېرەك، — دېدى ھاشىر تەيجى ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ.

— بىز يۇرتنىڭ باشپاناھى مېھرىبانۇ پۈچۈك نېمە دېسە شۇنى قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭغا، ماڭا تەگمىگەندىكىن دەپ ئاداۋەت تۇتساق، بۇيرۇغىنىنى بىجا كەلتۈرمىسەك، خاتا قىلغان بولىمىز.

— ۋەزىرلەر پادشاھنىڭ ئەقلى، ئوردىنىڭ تۈۋرۈكى، ھەممەيەر تېرىم بولسا، ساڭلىرىمىز يېرىم بولسا، بۇنىڭغا قانداقمۇ كۆڭۈل ئۇنايدۇ، خەزىنە قۇرۇپ قالسا باشقىلاردىن گۇمانلىنىۋاتقان يەردە، ساڭلار قۇرۇپ كەتسە، ھەممىمىز چاشقان بولۇپ قالمامدىمىز.

— ھەي، بېگىم، قانلىرى قىزىپ قاپتۇ، ئويلىنىپراق ئىش قىلسىلا، ھېلىمۇ پۈجۈك خېنىم ئۆزلىرى بىلەن مېنى جازالىمىدى. مېنى پۈجۈڭغا ئەلچىلىككە قويۇپ نېمە كويغا يەتتىلە، ئەمدى تۇگمىنى دەپ تۆگمىدىن قۇرۇق قالىدىغان ئىش بولمىسۇن يەنە، تاشتىن تاش قۇرقىدۇ، گۇناھتىن باش. يۇرتقا ئادالەت ئورنىتىمىز دېسەك، نەپسىمىزنىڭ تىزگىنىنى سەل تارتىۋالمىساق بولمايدۇ.

— قۇرۇق قوشۇق ئاغىز يىرتىدۇ. خەزىنىسى ئاز ئوردا مۇستەھكەم بولمايدۇ. مەنمۇ ياخشى نىيەت بىلەن پۈجۈك خېنىمنى يۆلەي دېدىم.

— ئاڭلىمىغانمۇ، نەپسىنى يىغقان سۇلتان بولۇر، بولمى-
سا ئۇلتاك بولۇر دېگەننى. هامان خەلققە ئادىللىق قىلغىنىمىز
تۈزۈك. چۈنكى ئادىللىق زورلۇقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەك
ياخشىسى، ئەتىلا خەلققە جاكار قىلسىلا «ئۆشرە - زاكات يىغماي-
مىز» دەپ. بولمىسا بۇ ئىش ئەتە - ئۆگۈننىڭ ئىچىدە پۈجۈك
خېنىمنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالسا، ئۆزلىرىگە ياخشى بولمايدۇ.
شاھنىڭ ئەمرى مۇقەددەستۇر.

هاشىر تەيجى سەل ئەنسىرەپ قالدى:

— خوش بېگىم، خوش، بۇ دېگەنلىرىمۇ دۇرۇس بولدى.
ئەتىلا شۇنداق قىلاي، ئەمىسە.

نەمىتۇللا تەيجى هاشىر تەيجىنىڭ چاپسانلار پەسكويىغا چۈش-
كەنلىكىنى كۆرۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ خوشلاشتى.

* *

شامەخسۇت بەگ شاھزات بەگنىڭ ئۆيىدە بولغان بەزمىدىن
يېنىپ ئازراق ناشتا قىلىپلا ئۆزىنىڭ ئىش بېجىرىش ئۆيىگە
كىرگەنىدى. سۆگدىشىپ كىرىپ كەلگەن مەلۇمچى:

— خوجام، هەزرەتلىرىنى پۈجۈك خېنىم
چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى.

شامەخسۇتنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك دېمى
قىسىلغان هالدا پۈجۈك خېنىم ئولتۇرغان تەختلىك سارايىنىڭ
ئالدىغا كەلگەنىدى، بۇ چاغدا پۈجۈك خېنىم سارايدىكى ناتونۇش
ئىككى ئادەمگە شۇنداق دەۋاتاتتى:

— كىشىدىن هايا كەتسە، ئورنىغا بالا كېلۇر، توۋا،
ئىززىتىنى بىلمىگەن شەرمەندىلەر. قېنى مەن ئۇلار بىلەن سۆز-
لىشىپ كۆرەي.

مېھربانۇ ۋاڭ ئىشىكتە تۇرغان شامەخسۇتنى كۆرمەسكە سېلىپ، ھېلىقى ئىككى كىشىگە ئىجازەت بېرىپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قارىدى.

— پۇجۇڭ ئانامنىڭ ئالتۇن بويى ئېسەن بولغاي، — دەپ تەزىم قىلدى شامەخسۇت. مېھربانۇ ۋاڭ:

— ئىجازەت، — دېدى. شامەخسۇت ئاستا كېلىپ ئولتۇردى.

— كوچىدا سوكۇلداپ يۈرگەن ئىت ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، شەرمەندىلىك قىلىپ، شەھۋانىي ھەۋەستىن ئۆزىنى تارتمايدىغان ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن ئادەملەرنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئەپسۇسكى، ئادەملەر ئىچىدىن ھايۋانلارنى تاپقىلى بولىدۇ. ئۇلاردا ئىپپەت، نومۇس، ساداقەت، مۇھەببەت دېگەن نەرسە بولمايدۇ. ئۇلار شەھۋانە نەپسىگە ئىزا ـ ئاھانەتنى چېتىپ ھەممىنى ئىزتىراپقا سالىدۇ. ئادەم دېگەندە نومۇس بولمىسا ئۇنى نېمە دېگۈلۈك، ئىشەكنى ئىززەت قىلساڭ ئوقۇرىغا چىچىدۇ، دەيدۇ. ئەمدى ئىش شۇنداق بولىۋاتامدۇ؟ — مېھربانۇ ۋاڭنىڭ راسا ئاچچىقى كەلگەنىدى. ئۇ بىردىنلا سۆزىدىن توختاپ شامەخسۇتقا قارىدى. شامەخسۇت يەرگە قارىغىنىچە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئەمما پۇجۇڭنىڭ قايسى ئىشنى بىلىپ قېلىپ ئۇنى ئالدىغا چاقىرتقانلىقىنى بىلەلمەي دىققەتتە بولدى.

— شامەخسۇت بەگ ئۆزلىرىدىن بىر نەچچە سوئال سوراپ باقاي.

— خوش، سورىسىلا ئوغۇللىرى جاۋاب بېرىدۇ.

مېھربانۇۋاڭ دەرھال ئويلىدى، قارا بۇنىڭ تەپ تارتماي دەۋاتقان گېپىنى، مېھربانۇ ۋاڭ شامەخسۇتقا نارازى كەيپىياتتا تۇرۇپ سوئال سورىدى:

— ئاقىل ھەم زېرەك كىشىلەر قانداق بولغاي؟
— ئەدەپ - ئەخلاقتا نەمۇنە كىشىلەردۇر.
— شۇنداقمۇ؟ بۇنى مۇنداقمۇ ئىزاھلاش مۇمكىن. ئاقىل كىشىلەر گۇناھ بولىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. زېرەك كىشىلەر ئۆز نەپسىگە بېرىلمەيدۇ، — دەپ تۈزىتىش بەردى. مېھرىبانۇ ۋالى. ئۇ يەنە سورىدى:
— ئىنساپ بىلەن دىيانەت ئادەمنى ئۆلچەيدىغان مىزاندۇر. ئەدەپ بىلەن ئەخلاق ئادەم خىسلىتىدىكى ئالتۇندۇر. خوش، ئۆزلىرىدىن سوراپ باقاي، پادىشاھنىڭ ئىشى كىم بىلەن بولۇر؟
— پادىشاھنىڭ ئىشى ۋەزىر، ئۆلىما، بەگ، خوجىلىرى بىلەن بولۇر.
مېھرىبانۇ ۋالى بۇ جاۋابقا ئەجەبلىنىپ كۈلدى:
— دېگەنلىرى دۇرۇس بولمىدى، پادىشاھنىڭ ئىشى ئەل بىلەن بولۇر. يەنە شۇنىمۇ سوراپ باقاي، ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى نېمە بىلەن ئۆلچىنىدۇ؟
شامەخسۇت بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمىدىمۇ، ياكى جاۋاب بېرىشنى خالىمىدىمۇ، يەرگە قاراپ جىمجىت ئولتۇرۇۋالدى. بۇ سوئالغىمۇ مېھرىبانۇ ۋالى ئۆزى جاۋاب بېرىپ شامەخسۇتقا تەنبىھ بەردى.
— ئىنسان ھاياتىنىڭ قەدىر - قىممىتى ئاۋام خەلققە قىلىپ بەرگەن مېھنىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ، ئادەم ئۆلىدۇ، ئەمما ياخشى ئىش ئۆلمەستۇر. ئۇلۇغلۇق ھامان نەسىل - نەسەب بىلەن ئەمەس، ئەقىل - ئەدەپ بىلەندۇر. خان قوزۇق، پۇقرا ئوزۇق، دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ.
شامەخسۇت بۇ ئاچچىق بىلەن دېيىلگۈاتقان گەپ سۆزلەردىن ئۆزىنىڭ بارلىق قىلمىشىنى مېھرىبانۇ ۋالىنىڭ بىلىپ قالغانلى-

قىنى ھېس قىلىپ، ۋاڭنىڭ ھەيۋىسىدىن سەل قورقۇپ قالدى، شۇڭا بېشىنى تۆۋەن قىلغىنىچە «خوش، خوش» دەپلا ئولتۇردى. مېھرىبانۇ ۋاڭ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— پۇقرا ئۈچۈن ياخشىلىق قىلمىغانلار، پۇقرانى قاقشاتقانلار ياخشى كۈنگە قالمايدۇ. ھەزرەتلىرى ھاشىر تەيجى ۋە ھاشىر تەيجىنىڭ ئوغلى شاھزاتىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەمدىلا؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئارقىلىرىغا كىرىۋېلىپ ئۆزلىرىنى يامان ئىشلارغا شېرىك قىلىپ، نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈيدۇ. ماڭا ھەممىنى دېسىلە.

— ئۇلارنى مەن ئوبدان بىلىمەن، ياخشى ئادەملەرغۇ!

— بەس، چۈشەندىم، ياخشى بىلەن يۈرسەڭ يېتىسەن مۇرادقا، يامان بىلەن يۈرسەڭ قالىسەن ئۇياتقا. ئەمدى نېمە بولدى. پۇقرانىڭ قىز - ئاياللىرىنى بوزەك قىلىپ، ئۇلارنىڭ نومۇسىنى تۆكۈپ، ئائىلىسىنى بۇزۇپ، ياخشى ئىش قىپتىلامۇ، بۇ ئەمدى نېمە سەتچىلىك، يەنە تېخى ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى توغرا بولۇۋاتامدۇ؟ بەڭگى ماڭغان يولنى بىلمەيدۇ ، ئەخمەق ئاداشقىنىنى دەپ، ئۆزلىرىزە تاغدىلا ياشىسىلا بوپتىكەن. ئۆزلىرىگە دەي، بۈگۈندىن باشلاپ بىر ئاي ئوردا ئالدىنى تازىلاپ سۇ سەپسىلە، ئۆزلىرىگە بۇ چارە يېتىنىك بولۇپ قالدى. يەنە بىر گەپ، ئۆزلىرى قايسى كۈنى ھاشىر تەيجى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ياخشىلىقىنى ئىسپاتلاپ مېنى قانائەتلەندۈرگەندە، ئاندىن، ئوردىدىكى ئەمەللىرىنى تۇتىدىلا، بولمىسا، ھەر ئىشنىڭ چارىسى باشقا.

— خوش، شۇنداق قىلاي، — دېدى شامەخسۇت چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىپ.

— ئىجازەت، — دەپ قوپاللىق بىلەن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى مېھرىبانۇ ۋاڭ.

* *

كۆڭۈلنىڭ خۇشى ـ تىرىكچىلىكنىڭ زىننىتى. ئەپسۇس، قاچان، قايسى تەرەپتىن كۆڭلۈم خۇش بولغىنىنى زادىلا بىلمەي، دائىملا پارا كەندىچىلىك ئىچىدە ئۆتكەندەك قىلىمەن. گەرچە مال ـ دۇنيايىم بولسىمۇ، كۆڭۈل خۇشلۇقۇم يوق. بۇ خۇشلۇق گويا يىراقتىكى ئالۋۇندەك گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي مېنى ئېزىقتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا يېتەلمەي ئاۋارىمەن. پۇجۇڭ خېنىمنى ئەمرىمگە ئالارمەن دەپ خام خىيال قىلىپ يۈرۈپتىمەن. ئۇ مېنى تەھقىقلاپ كۆرۈش ئۈچۈن تاغلارغا چىقتى. تاغلاردا قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ بولدى. ئەمما ئۇ نېمىشقـا مېنى رەسـۋا قىلمايدۇ. سوراق ـ سوئال قىلىـپ جازالىمايدۇ. ياكى ھەممە ئىشنى تېگـى تەكتـى بىلەن ئېنىقلايلـى دەۋاتامدۇ ـ يە، نەمىتۇللا تەيجىمۇ تازا بىر مۇنپۇق① ئادەم. بىر قارىسام دوستتەك، بىر قارىسام دۈشمەندەك قىلىدۇ. ئۆپكە قېرىن ئاش بولماس، تېگـى دۈشمەن دوست بولماس دەپ، بىكار ئېيتىمىغان ـ دە، نەمىتۇللا تەيجى بۇرۇندىن تارتىپلا ماڭا دۈشمەندەك كۆرۈنەتتى، ئەمدىلىكتە، نېمە بوپ ئۇنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ ئويلىغانلىرىمنى دېگەندىمەن. دادام رەھمەتلىك دائىم، سىنالمىغان ئاتقا يۈك ئارتىشقا بولمايدۇ دەيدىغان. سىنالمىغان ئاتقا يۈك ئارتساڭ پېشكەللىك يۈز بېرىدۇ دېگەن شۇ. پېشكەللىك ھېچ قاچان كۆرۈنۈپ كەلمەيدۇ ـ ھاشىر تەيجىنىڭ خىياللىرى شۇ يەرگە كەلگەندە سول تەرەپ كۆكرىكىنى ئېغىر بىر نەرسە باسقاندەك بولۇپ ئاغرىپ كەتتى. بۇ كېچە ئۇ زادىلا ئۇخلىيالمىدى.

---

① مۇنپۇق ـ ھەممە ئىشنى ئىچىدە پىشۇرىدىغان.

باماداتتىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىۋېتىپ، شاھزاتىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان شامەخسۇتنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنى كۆرۈپ ھاشىر تەيجى ناھايىتى خوش بولۇپ كەتتى. ھەم شامەخسۇتنىي «خوجامغا ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى» دەپ ئۆيىگە باشلاپ كىردى. لېكىن شامەخسۇت:

— ئەتىگەنرەك بېرىپ ئوردا ئالدىنى تازىلىتىشىم كېرەك، بەگ دادا، ئۆزلىرى بىلەن، ئىشخانىدا سۆزلىشەيلى، — دېدى — دە ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى.

دېگەندەك ھاشىر تەيجى ئۆز ئىشخانىسىغا كىرىۋېدى، ئالدىنىلا شامەخسۇت كىرىپ كەلدى. ھاشىر تەيجى شامەخسۇتنى كۆرۈپ سۆزلەپلا كەتتى:

— بۇنداق كۈنلەرگە ئادەم قانداق چىدايدۇ. خوجام ئۆزلىرى بىر بەگ تۇرسىلا، ئوردا ئالدىنى سۈپۈرىدىغان جارۇپكەشلەرنەگە كېتىپ، بۇ ئىشقا ئۆزلىرىنى سېلىپ قويدى. بۇنداق ئاھانەتنى كىم كۆتۈرىدۇ؟

— بولدى، بۇ گەپنى قىلىشمايلى، قاراڭغۇنىڭ كۆزى يوق دېگەن شۇ.

— ھونۇس شۇنداق، ھونۇس شۇنداق «تۇرنىدىن قاراۋۇل قويساڭ تۇپەڭدىن قۇش كەتمەس» دېگەن گەپ بار خوجام، ئۆزلىرىگە دېسەم، ئەقلىم كۆيىدۇ، دېمىسەم دىلىم، دېگەندەك مېنىڭمۇ ئىچىم دەردكە توشۇپ كەتتى. تىكەنىنىڭ دەردىنى تارتقان كىشى ئاۋايلاپ دەسسەشكە توغرا كېلىدىكەن، دايۋەنشۇەي يېغىللىقىدا كۆرمىگەن كۈنىمىز قالماي يۈرەكزادە بولۇپ كېتىپتىمىز. ئۇنى ئاز دەپ ھازىر نەمتۇللا تەيجى ئوردىنى بېشىغا كىيىپ، ھەممىمىزنى يۈرەكزادە قىلغىلى تۇردى. قارىغاندا، ئۇ ئىككىمىزنىلا پۇجوڭغا چېقىپ بولدى. پۇجوڭنىڭ ئاچچىقى ياھانمۇ؟

— ۋاي - ۋۇي نېمە غەم قىلىلا ھاشىر دادا، پوجوڭ دېگەنلىرى قانچىلىك نېمىتى ئۇ، ئۈتمەس پىچاقنىڭ يۈزى قىڭ-غىر بولىدۇ، دېگەن شۇ، ھەدېسە، ھەممىلا ئىشتا نەمىتۇللا تەيجىنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ. ئۇ قانداق ۋاڭ بولغىنى، ۋاڭ بولغان ئادەم ئالدى بىلەن ئۆز پايدىسىنى كۆزلەش، ئوردىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش كېرەك. پوجوڭنىڭ قىلغىنى كوندە گادايلار ئۈچۈن نان ياققۇزۇش، ئەمدى قارىسىلا گادايلارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈ-رۈپ قويدى، ئۇلار بىزنىمۇ نەزىرىگە ئىلمايۋاتىدۇ تېخى، بىر گەپ بولسا «پوجوڭ ئاغىچام ئاڭلاپ قالسا نېمە قىلىدىكىن، پوجوڭ ئاغىچامغا ئېيتىمىز، ئەرز قىلىمىز» لا دەپ تۇرغان. بۇ ئوردىدىكى بەگ، خوجا دېگەننىڭ ئاۋۇ چۈرىقى چوڭ ئىشتانپۇر-لاردىن زادى پەرقى بارمۇ يوق.

— مانا يارايلا، توغرا دېدىلە خوجام، نېمىلا بولسا ئۆزلە-رىدە بىر ئەقىل بارىكەن، ئەمدى ئۆزلىرىگە نېمە دېسەم بولىدى-كىن، نەمىتۇللا بىلەن پوجوڭ بىر بولىۋېلىپ زادى نېمە قىلما-ماقچى. يە نەمىتۇللا دېگەن تېگى پەسنى ۋاڭ قىلماقچىمۇ؟

— ھە، مانا تاپتىلا، ھازىر ئۇلار ئىككىسى بىرلىشىپ، بىر چوڭ ئىشنى پىلانلاۋاتىدۇ.

ھاشىر تەيجى بۇ سۆزدىن سەل ئەندىكىپ شامەخسۇتقا قاراپ بېشىنى لىڭشىتقان ھالدا بىر پەس جىم تۇرغاندىن كېيىن مۇد-داق دېدى:

— ئەقىللىق خوجام، دېگەنلىرى بەرھەق، ئۆزلىرىنى تاغدىن ئالدۇرۇپ كېلىشكە مەن مەسلىھەت بەرگەنىدىم. بۇنىڭ-دىكى مەقسەت، نەمىتۇللادەك قارانىيەت، تېگى پەسكە تاقابىل تۇرۇش ئىدى. راستىنى ئېيتسام، ئۇ چاغلاردا، ئۆزلىرى كە-چىك، بىلمەيلا، نەمىتۇللا تەيجى تاجىدىن تەيجىنىڭ كوشەندىسى ئىدى. ئۇ دائىم تاجىدىن تەيجى بېگىمنى مۇھەممەت بېشىر

چىڭۋاڭغا چاقاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر قانچە قېتىملا توقۇنۇشۇپ قالغانىدى. ئاخىر مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ دادىلىرى مەرھۇم تاجىدىن تەيجى بېگىمنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقاردى.

— بىلىمەن، مەن ئۇ چاغلاردا كىچىك بولساممۇ، دادام ئوردىدىن قوغلانغاندا ئۆيگە كېلىپ، مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يوغان بىر بوي ئەينەكنى تېپىپ چېقىۋەتكەنىدى. ئورداداەمدۇ، ۋاڭ دەمدۇ، تەيجى دەمدۇ ھەممىسىنى تىللاپ كېچىچە يىغلىغانىدى. بۇ ئىش مېنىڭ زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ئوردا، ۋاڭ، تەيجى دېگەنلەرگە ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدىم. مەن ئەسلىدە ئوردىنى، بۇ يۇرتنى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن دېگەنىدىم. ئەمدى ياخشى بولدى. مەنمۇ يۇرت سورايدىغان كۈنلەر كېلىپ قالار. ھازىر بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئېيتسام يۈزۈم ئويۇلىدۇ. بۇ ئىككىسى كېچە ـ كۈندۈز بىر بىرىدىن ئايرىلماي نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈشىدۇ، بۇنى كىم بىلىدۇ.

— مانا توغرا ئېيتتىلا خوجام، ئەڭ ياخشىسى، بۇ گەپلەر بىزدىن چىقمىغىنى تۈزۈك. راستلا خوجام، ئۆتكەندە مەن بەرگەن مەسلىھەت بويىچە بېيجىڭ خانغا يازىدىغان ئىلتىماسنى يازدىلامۇ؟

— جانابلىرى توغرا دەپتىلا، ھېلىمۇ يېزىپ سېلىۋەتكىنىم بوپتۇ. تونۇگۈن پوجوڭ مۇھۆرنىمۇ قايتۇرۇپ ئالدى. يەنى مەن قاچان ئۆزلىرىنى ھەم شاھزات بەگنىڭ ياخشىلىقىنى ئىسپاتلاپ پوجوڭنى قايىل قىلالىسام، ئاندىن مېنى ئىشقا قويىدىغان بولدى. ھېلىمۇ ياخشى قولۇمدا ئەڭگۈشتەر بار ۋاقتىدا يېزىۋاپتىمەن، ئۇ خەتنى ئەۋەتىۋەتكىلى بىرە ھەپتىدەك بولۇپ قالدى. پوجوڭنىڭ ئاچچىقىدىن قورقۇپ قالدىم. چاتاق چىقماس

ـ ھە، بەگ دادا.

— ۋاي ـ ۋوي نېمە غەم قىلىپلا ھاشىر دادا، پوجوڭ دېگەنلىرى قانچىلىك نېمىتى ئۇ، ئوتمەس پىچاقنىڭ يۈزى قىلغىر بولىدۇ، دېگەن شۇ، ھەدېسە، ھەممىلا ئىشتا نەمىتۇللا تەيجىنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ. ئۇ قانداق ۋاڭ بولغىنى، ۋاڭ بولغان ئادەم ئالدى بىلەن ئۆز پايدىسىنى كۆزلەش، ئوردىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش كېرەك. پوجوڭنىڭ قىلغىنى كوندە گادايلار ئۈچۈن نان ياققۇزۇش، ئەمدى قارىسىلا گادايلارنىڭ خورىكىنى ئوستۇرۇپ قويدى، ئۇلار بىزنىمۇ نەزىرىگە ئىلمايۋاتىدۇ تېخى، بىر گەپ بولسا «پوجوڭ ئاغىچام ئاڭلاپ قالسا نېمە قىلىدىكەن، پوجوڭ ئاغىچامغا ئېيتىمىز، ئەرز قىلىمىز» لا دەپ تۇرغان. بۇ ئوردىدىكى بەگ، خوجا دېگەننىڭ ئاۋۇ چۈرىقى چوڭ ئىشتانپۇرلاردىن زادى پەرقى بارمۇ يوق.

— مانا يارايلا، توغرا دېدىلە خوجام، نېمىلا بولسا ئۆزلىرىندە بىر ئەقىل باركەن، ئەمدى ئۆزلىرىگە نېمە دېسەم بولىدىكىن، نەمىتۇللا بىلەن پوجوڭ بىر بولىۋېلىپ زادى نېمە قىلماقچى. يە نەمىتۇللا دېگەن تېگى پەسنى ۋاڭ قىلماقچىمۇ؟

— ھە، مانا تاپتىلا، ھازىر ئۇلار ئىككىسى بىرلىشىپ، بىر چوڭ ئىشنى پىلانلاۋاتىدۇ.

ھاشىر تەيجى بۇ سۆزدىن سەل ئەندىكىپ شامەخسۇتقا قاراپ بېشىنى لىڭشىتقان ھالدا بىر پەس جىم تۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئەقىللىق خوجام، دېگەنلىرى بەرھەق، ئۆزلىرىنى تاغدىن ئالدۇرۇپ كېلىشكە مەن مەسلىھەت بەرگەنىدىم. بۇنىڭدىكى مەقسەت، نەمىتۇللادەك قارانىيەت، تېگى پەسكە تاقابىل تۇرۇش ئىدى. راستىنى ئېيتسام، ئۇ چاغلاردا، ئۆزلىرى كەلمىگىچە، بىلمەيلا، نەمىتۇللا تەيجى تاجىدىن تەيجىنىڭ كوشەندىسى ئىدى. ئۇ دائىم تاجىدىن تەيجى بېگىمنى مۇھەممەت بېشىر

چىڭۋاڭغا چاقاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر قانچە قېتىملا توقۇنۇشۇپ قالغاندى. ئاخىر مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ دادىلىرى مەرھۇم تاجىدىن تەيجى بېگىمنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقاردى.

— بىلىمەن، مەن ئۇ چاغلاردا كىچىك بولساممۇ، دادام ئوردىدىن قوغلانغاندا ئۆيگە كېلىپ، مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يوغان بىر بوي ئەينەكنى تېپىپ چېقىۋەتكەنىدى. ئوردادىمۇ، ۋاڭ دەمدۇ، تەيجى دەمدۇ ھەممىسىنى تىللاپ كېچىچە يىغلىغاندى. بۇ ئىش مېنىڭ زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ئوردا، ۋاڭ، تەيجى دېگەنلەرگە ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدىم. مەن ئەسلىدە ئوردىنى، بۇ يۇرتنى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن دېگەندىم. ئەمدى ياخشى بولدى. مەنمۇ يۇرت سورايدىغان كۈنلەر كېلىپ قالار. ھازىر بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئېيتسام يۈزۈم ئۆيۈلىدۇ. بۇ ئىككىسى كېچە - كۈندۈز بىر بىرىدىن ئايرىلماي نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈشىدۇ، بۇنى كىم بىلىدۇ.

— مانا توغرا ئېيتتىلا خوجام، ئەڭ ياخشىسى، بۇ گەپلەر بىزدىن چىقمىغىنى تۈزۈك. راستلا خوجام، ئۆتكەندە مەن بەرگەن مەسلىھەت بويىچە بېيجىڭ خانغا يازىدىغان ئىلتىماسنى يازدىلامۇ؟

— جانابلىرى توغرا دەپتىلا، ھېلىمۇ يېزىپ سېلىۋەتكەنىم بوپتۇ. تۈنۈگۈن پۇجوڭ مۇھۆرنىمۇ قايتۇرۇپ ئالدى. يەنى مەن قاچان ئۆزلىرىنى ھەم شاھزات بەگنىڭ ياخشىلىقىنى ئىسپاتلاپ پۇجوڭنى قايىل قىلالىسام، ئاندىن مېنى ئىشقا قويىدىغان بولدى. ھېلىمۇ ياخشى قولۇمدا ئەڭگۈشتەر بار ۋاقتىدا يېزىۋاپتىمەن، ئۇ خەتنى ئەۋەتىۋەتكىلى بىرە ھەپتىدەك بولۇپ قالدى. پۇجوڭنىڭ ئاچچىقىدىن قورقۇپ قالدىم. چاتاق چىقماس — ھە، بەگ دادا.

— چاتاق چىقمايدۇ، ئۇنى كىم سۇرۇشتۇرۇپ يۈرگۈدەك، ھېلىقى خانغا ئەۋەتىدىغان سوۋغاتلارنىڭ تىزىملىكى ئىچىگە سىپ-لىپ ھېملاۋاتقانلا، خەتنىڭ مەزمۇنى قانداق بولدى زادى؟

— شۇنداق قىلدىم، خەتنىڭ مەزمۇنى ئۆزلىرى دېگەندەك بولدى. يەنى مەسىلەن، ئەينەن مەزمۇنى مۇنداق: «. . . خان جانابلىرىغا، ئۆزۈم ئايال بولغانلىقىم ئۈچۈن يۇرت باشقۇرۇشتا بەزى قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراۋاتىمەن. ئوغلۇم بولمىغانلىقتىن ئۆز ئوغلۇم ئورنىدا كۈيئوغلۇم شامەخسۇتنى چىڭۋاڭلىققا تەيىن-لەپ بېرىشلىرىنى ئىلتىماس قىلىمەن. ئىمزا - مېھرىبانۇ ۋاڭ» دەپ يازدىمغۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ھاشىر تەيجىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئې-چىلىپ كەتتى.

— ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. ئىش دېگەننى مانا مۇشۇنداق ئەپلەيدىغان گەپ، لېكىننزە خوجام، بۇلارنىڭ ئىشىدىن بىخۇد بولغىلى بولمايدۇ، بىلەمدىلا، كېيىن ئۇنداق بولماي يەنە ئېشەككە مۈڭگۈز بەرسە ئىگىسىنى سۈزەر. تۆگىگە قانات بەرسە تاملارنى بۇزار دېگەندەك بىر ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەيمىنا؟

ئۇلار يوقىرىقى سۆزلەرنى قۇلاقنى قۇلاققا يېقىپ دېگۈدەك ئاستا پىچىرلىشىپ سۆزلەشتى، ھاشىر تەيجى ھېلىدىن ھېلىغا ئىشىككە قاراپ - قوياتتى.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

نەمىتۇللا تەيجى ئۆزىنىڭ ئىش بېجىرىش ئۆيىدە شامەخسۇت
ھەققىدە ئويلىنىپ ئولتۇراتتى «. . . شامەخسۇت تاغدا قوي
بېقىپ كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى. ئوردىغا كەلسە، بېشىغا دۆ-
لەت قۇشى قونغىنى شۇ. ئۇ چاغدا ئۇ ناھايىتى ئەدەپلىك،
مۇلايىم، مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ ئوردىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىدىغان
ياخشى ئادەم بولىدۇ. مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدۇ،
بەلكىم كېيىنچە مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ مىراسخورى بولۇپ قېلىشى
مۇمكىن. شۇنداق بولسا مېھرىبانۇ ۋاڭمۇ ئارام ئېلىپ قالىدۇ.
مەنمۇ ئارام ئالىمەن، - دەپ ئويلىغانىدى. بىراق ئىش ئۇ
ئويلىغان يەردىن چىقمىدى. شامەخسۇت ئوردىغا كېلىپلا يېڭىك-
لىك قىلغىلى تۇردى، - مانا ئەمدىلىكتە بولسا ئوردا ئالدىنى
سۇپۇرۇپ، سۇ چېچىپ يۇرىدۇ. تېخى شۇ ھالىغا باقماي جوند-
ننىڭ[1] يامانلىقىنى كۆرمەمدىغان، ئادەمگە سالاممۇ بەرمەيدىغان،
چىرايىغىمۇ قارىمايدىغان بولۇۋالدى. ئەڭ يامان يېرى، پۇقرا-
لارنىڭ قىز - ئاياللىرىنى بوزەك قىلىپ، ھەممىمىزنىڭ يۈزىنى
تۆكتى. ئاۋۇ شاللاق شاھزاتقۇ پۇقرانىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ
قويغان قىزىنى ئەپ قاچتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىشى نەدىن چىقاركىن
ئەمدى . . .»

---

[1] جونى - نىيىتى.

نەمىتۇللا تەيجى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلاپ بېشى قاتقان ھالدا ئولتۇراتتى. دەل شۇ چاغدا ھاشىر تەيجى كىرىپ كەلدى، ھاشىر تەيجىنىڭ بۇرۇنقى سۈلىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ، چىرايى قارىداپ كەتكەنىدى.

— راست شۇنداق ئىش بولغانمىدۇ بېگىم، ئوتتۇز چىش ئارىسىدىن چىققان سۆز ئوتتۇز ئەلگە تارىلىدۇ، دېگەن گەپ بار. يېغا ياندىن، بالا كەلسە قېرىنداشتىن دېگەندەك، شۇنچە ئۇزۇن يىلدىن بېرى ئوردا ئىچىدە ئىشلەپ تۇرۇپ، ئەمدىلىكتە بولسا بۇ ئۇياتلىق گەپنى ئوردىدىن ئاڭلاۋاتىمەن، نېمە بولغىنى بۇ، بېگىم، مېنىڭ بالام جانابلىرىنىڭ بالىسىغا ئوخشاش، ئەسلى ئېسىلزادىلەردىن ناتىۋان ئەخمەقلەر چىققىنى يوق. ئوغلۇم ئالا-قوزىدەك ياكى شىر - ئارسلاندەك ئوغلاندۇر. ئۇنى باشقىلارغا ئۆگىتىپ، بىر قىز بالىنى ئەپ قاچتۇرۇپتۇ دېگىنى يالغان گەپ. بۇ ئىشنى باشقىلار قىلىپ، ئوغلۇمغا دۆڭگەپ قويغان چېغى. راست گەپنى دېسەم، ئوغلۇم شامەخسۇت بەگكە جازا بەرگىنىنى ئاڭلاپ، مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى.

— ئالا قوزا ئارسلان بولماس، ئىللەت سەۋەبسىز بولماس دېگەندەك، بۇ ئىش ئۈستىدە تالىشىپ ئولتۇرمايلى، ياخشىسى، دەرھال ئادەم چىقىرىپ، خەقنىڭ قىزىنى ھەم ئوغۇللىرىنى تاپتۇرۇپ كەلسىلە بېگىم، ئوردا ئالدىدا ئولتۇرغان ئادەملەرنى كۆردىلەمۇ، ئۇلار قىز بالىنىڭ دادىسى، ئاپىسى، مومىسى، بوۋىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىكەن، قاچان قىزىمىزنى ئېلىپ كەلسە، ئاندىن كېتىمىز دەپ ئولتۇرغۇدەك. ئەمدى قانداق قىلىمىز، بۇ ئىش تېخى پۈجۈك خېنىمىنىڭ قۇلىقىغا يەتمىدى. ئەڭ ياخشىسى، ھازىرچە يەتمىگىنى تۈزۈك، بېگىم، ئۆزلىرى ئوغۇللىرى چوڭ بولۇپ قالغاندىن كېيىن ۋاقتىدا ئۆيلەپ قوي-

سىلا بوپتىكەن. بىر ئوبدان ئۆيلەرنى سېلىپ، ئىچىنى ياساپ تەقمۇ تەق قىلىپ قويۇپلا، ئۆزلىرىگە كىم قىزىنى بەرمەيدۇ. قولنى يەتمىگەن شاخقا ئۇزاتقاننىڭ پايدىسى يوق. ئەڭ مۇھىمى ئۆزلىرىنىڭ غېمىنى قويۇپ تۇرۇپ، بالىنىڭ غېمىنى قىلسىلا بوپتىكەن، ئەمدى بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك، — دېدى نەمىتۇللا تەيجى ھاشىر تەيجىگە ئاچچىقلاپ.

ھاشىر تەيجى ئەمدى بىر نەرسە دەي دەپ تۇرۇشىغا ئۇردا قاراۋۇللىرىدىن بىرى نەمىتۇللا تەيجىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ مەلۇم قىلدى:

— تەيجى بېگىمگە مەلۇم بولغاي، — دېدى ئۇ، - بىر نەچچە دېھقان بالىسى شاھزات خوجامنى تۇتۇپ كەپتۇ. قانداق قىلىمىز، يا، سولاپ قويامدۇق؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھاشىر تەيجى بىلەن نەمىتۇللا تەيجى ئالدىراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— چىقىپ خەۋەر قىل، سولاپ قويمىسۇن. مەن ھازىرلا چۈشىمەن.

قاراۋۇل «خوش بېگىم» دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ھاشىر تەيجى تەمتىرەپلا قالدى. نەمىتۇللا تەيجى قاراڭغۇ دالانغا چۈشكەندە ھاشىر تەيجىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا چۈشتى. ھەم سوراقخانىغا نەمىتۇللا تەيجى بىلەن تەڭ كىرىپ كەلدى. نەمىتۇللا تەيجى شاھزاتنى ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇدى. ياساۋۇللار بىر نەچچە دېھقان يىگىتى بىلەن بىللە قارا ئارغامچا بىلەن چەمبەر - چاس باغلانغان شاھزاتنى سوراقخانىغا ئېلىپ كىردى.

نەمىتۇللا تەيجى ھاشىر تەيجىگە قاراپ قويدى. ھاشىر تەيجىنىڭ كۆزلىرى ھېلىقى دېھقان يىگىتلىرىدە ئىدى.

— يېشىۋېتىڭلار، — دېدى نەمىتۇللا تەيجى.

باغلاپ كەلگەنلەر يېشىشكە ئۇنىمىغاندەك شاھزاتنى ئوراپ تۇراتتى. بۇ چاغدا ھاشىر تەيجى قايناپ كەتتى:

— سىلەر نېمە قىلىۋاتىسىلەر، سىلەرزە، پۈجۈك ئاغىچامنىڭ ھۇزۇرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ، سىلەر زادى كىمنى، كىمنىڭ بالىسىنى باغلاپ كەلدىڭلار، گادايىنى ھۆرمەت قىلسا چورۇقى بىلەن تۆرگە چىقىدۇ دېگەن مانا شۇدە.

— ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا بېگىم، بولۇر ئىش بوپتۇ، ھەرگىزمۇ يامانغا رەھىم قىلغىلى بولمايدۇ. سىلەر ئاۋۇ قىل ئارغامچىنى يېشىۋېتىڭلار، قاراپ تۇرىسىلەرغۇ، مەيلى كىمنىڭ بالىسى بولۇشتىن قەتئىينەزەر، خاتا قىلغانىكەن، ئۇنىڭغا چارە كۆرىمىز، دەڭلارچۇ، بۇ خوجامنى نەدىن تۇتۇپ كەلدىڭلار؟

نەمتۇللا تەيجى شاھزات بەگنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ مەينەتلىشىپ، پۇرلىشىپ كەتكەن ئېسىل كىيىملىرىگە، لاي-پاتقاق چاچراپ كەتكەن يۈزلىرىگە، ھۇدۇقۇشتىن پۈلتىيىپ تېشىغا چىقىپ كېتەي دېگەن كۆزلىرىگە قاراپ قويدى.

— سىلەر بۇنى نەدىن تۇتۇپ كەلدىڭلار، قېنى بۇ ئەپقاچقان قىز؟ — دەپ قايتا سورىدى نەمتۇللا تەيجى.

يىگىتلەردىن بىرى جاۋاب بەردى:

— قىزنى بۇنىڭ ئەپ قېچىپ كېتەلىشى مۇمكىنمۇ بېگىم، قىزنىڭ بويىنى باغلاقلىق تۇرسا، تۇنۇگۇن كەچتە بۇنىڭ ئادەملىرى ئۇ قىزنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ قاچقاندا، بىز قىزنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدۇق. بىزمۇ ئاتلىنىپ ئارقىسىدىن قوغلىدۇق. ئاخىرى كىۋەك قېزىبەگنىڭ گۈمبىزىگە بارغاندا تۇتۇۋالدۇق. ماۋۇ شاللاقمۇ شۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانىكەن. بۇنىمۇ تۇتۇپ كېچىچە سولاپ قويۇپ، ئەتىگەندە ئوردىغا ئېلىپ كەلدۇق. بۇلارنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى، بېگىم.

ھاشىر تەيجى ئۇلارنىڭ گەپ قىلىشىغا يول قويماي سۆزلەپ كەتتى:

— سىلەر نېمىشقا بۇنى ئېپ كەلدىڭلار؟ قىزنى باشقىلار ئەپ قاچسا، بۇنىڭدا قانداقمۇ گۇناھ بولسۇن. ۋۇھ، نەسلىنى بىلمىگەن تەلۋىلەر. ئىت سەمرىسە ئىگىسىنى چىشلەيدۇ، دېگەن شۇدە.

— جانابلىرى توختىسىلا، بەدقىلىق دېگەن ئادەمنى شەر-مەندە قىلىدۇ، — نەمىتۇللا تەيجى ياساۋۇللىرىنى بۇيرۇدى، — سىلەر بۇ بەگنى بۇگۈن سولاپ قويۇڭلار، ئەتە جۈمە نامىزىدىن يانغاندا قازىخانا ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ، ئاۋۋال قىرىق غولدا ئۇرۇڭلار، ئاندىن يەنە سولاپ قويۇڭلار. يەنە بۇنىڭغا قىز بالىنى ئەپ قېچىپ بەرمەكچى بولغانلارنىمۇ نەدىن بولسا تۇتۇپ كېلىپ ئۇلارنىمۇ قىرىق غولدا ئۇرۇپ خەلقئالەم ئالدىدا شەرمەندە قىلىپ قويۇۋېتىڭلار.

— قۇللۇق، — دېدى ياساۋۇللار.

ئىش دېگەندەك بولدى. ئەتىسى جۈمە نامىزىدىن كېيىن ھېلىقى ئۈچ كىشىنى قازىخانا ئالدىدا قىرىق غولدىن ئۇردى. شاھزاتنى سولاپ قويدى. بۇ ئىش بىلەن ھاشىر تەيجىنىڭ ھەشە-مەتلىك ئۆي - سارايلىرىنى، باغ - ۋارانلىرىنى، غەم - غۇسسە قاپلىدى. ھاشىر تەيجىنىڭ شېرىن خىياللىرى توزغاقتەك تو-زۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوردىغىمۇ ئازبارىدىغان بو-لۇپ قالدى.

شامەخسۇت پۈجۈك خېنىمنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن بىر ئاي ئوردا ئالدىغا سۇ چاچقان بولسىمۇ، شاھزات خوجامنىڭ ئىشلىرى ئۇنىڭغا چېتىشلىق بولغىنى ئۈچۈن مېھربانۇ ۋاڭ ئۇنىڭغا بۇرۇنقى ئەمىلىنى بەرمەي جىمجىت تۇرىۋالدى. شامەخ-سۇت كۈندە دېگۈدەك خوتۇنى كىچىك ئاي خېنىمنىڭ مېگىسىنى

يەپ «ئاپىلىرى ئۆز كۈيئوغلىنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلـ
دى. شۇنداقمۇ ۋاڭ بولامدۇ؟ ئۇ قانداق ۋاڭ بولغىنى، ئاپىلىـ
رى ئالدىدا ئۆزلىرىدەك بىر تال قىزىنىڭمۇ يۈزى بولمامدۇ»
دەپ قىستىغىلى تۇردى. كىچىك ئاي خېنىم باشتا ئاپىسىنى
«ئوبدان قىلدى» دەپ قارىغانىدى. لېكىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا
ئېرىنىڭ گېپىگە كىرىپ مېھرىبانۇ پۇجۇڭغا يالۋۇرۇپ، شامەخـ
سۇتقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشنى ئۆتۈندى. مېھرىبانۇ
كۆڭلىدە قىزىغا ئىچ ئاغرىتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق
پوزىتسىيە بىلدۈرمەي جىمجىت يۈرۈۋەردى. ئارىدىن يەنە بىر
ئاي ئۆتكەندىن كېيىن قىزى كىچىك ئاي خېنىم يەڭگىدى. ئۇ
بىر ئوغۇل تۇغقانىدى. ئوغلىنىڭ ئىسمىنى نەزەر شاھ قويدى.
مېھرىبانۇ ۋاڭ ئوغۇل نەۋرىلىك بولغانلىقىغا خۇشال بولۇپ،
نەۋرىسىنىڭ بۆشۈك تويى بىلەن بۇ يىلىقى ھېيتنى بىرلەشتۈ-
رۈپ خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بەش شەھەر ئون ئىككى
تاغدىن ناخشىچى، سازەندىلەرنى يىغىپ تەييارلىق قىلىشقا بۇيـ
رۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شامەخسۇتنى مانا شۇ تەييارلىق
ئىشلىرىغا كېتىدىغان ئىقتىسادىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلدى.

شامەخسۇت ئۆزىنى خەلقئالەم ئالدىدا يۈزۈم چۈشۈپ كەتـ
تى. ۋاڭ مېنى رەسۋا قىلدى، دەپ راسا ئاچچىقى كەلگەنىدى.
ئەمما ئوردىدا چاندۇرماي، سىلىق ـ سىپايە يۈرۈۋەردى،
شامەخسۇت مېھرىبانۇ ۋاڭدىن تەپتارتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ
ناھايىتى چوڭ بىر ئىشقا تەۋەككۈل قىلدى. بۇ تەۋەككۈلچىلىكـ
نىڭ تەقدىرى قانداق بولار، دەپ پات ـ پات ئويلاپ قالاتتى.
ئەمما ئۇ شۇئان «قايغۇ بىلەن ئۈمىدنى ھاسىل قىلغىلى بولامـ
دۇ، بۇ پۇجۇڭنىڭ مېنى رەسۋا قىلغىنىغا قارىغاندا، ھېچ
قاچاندا ماڭا رىئايە قىلمايدۇ. ئۇ مېنى سوتلىغان كۈنى نېمىدېـ
گەن يامان گەپلەر بىلەن ھاقارەت قىلدى ـ ھە» شامەخسۇت

بۇلارنى ئويلىغىنىدا مېھرىبانۇ ۋاڭغا بولغان ئۆچمە
تاشاتتى. لېكىن ئۇ ئەمدىلىكتە بولسا ئازراق بو
ئىشلىرىغا بېشىنى تىقىۋالدى. ئۇ يەنە «بۇمۇ بىر پ
ئامال قىلىپ شاھزاتنى سولاقتىن قاچۇرۇۋېتەي.
كېپ قالسا پۇجۇڭ بىلەن ئېلىشىپ باقاي، بۇ خو
ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلمايدۇ» دېگەن ئويغا كە

شامەخسۇت بۈگۈن ئىش بېجىرىش ئۆيىگە ك
شىر تەيجى ئۇنىڭ قېشىغا كىردى.

— كەلسىلە، بەگ دادا، — دەپ قىزغىن ك
مەخسۇت بەگ.

ھاشىر تەيجى كىرىپلا، ھاسىراپ، ھۆمۇدەپ
تى:

— ئاللاتائالانىڭ ئالدىدا گۇناھكارلار شۇنچە
مۇ، ھەممىلا گۇناھ ماڭا ئارتىلىپ قالغاندەك بولۇ
جام، يۇلتۇزۇم پەسلەپ كەتتى. «ئىت بىلەن خام
نىجىس بىلەن چەش ئالىسەن» دېگەن گەپنىڭ ئۆزى
ئۆزى. نەمىتۇللا تەيجىمۇ بىر ئىت، بۇ ئىلىلىق
چامىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

— بىسەرەمجان بولمىسىلا، بەگ دادا، قېنى
دۇق، بۇلار ھازىر يىقىلماس تاغدەك قىلىقلارنى
ناۋادا خانلىقتىن يارلىق چىقىپ، ئۆزۈم ۋاڭ بولىد
ئۇ چاغدىغۇ پۇجۇڭ دېگەنلىرىنىڭ قۇيرۇقى بىر

— ھەي، خوجام، دېگەنلىرىغۇ بەرھەق. ئ
مانا مۇشۇ كۈنلەر، ئوغلۇم بولسا سولاقتا. بەل،
قاتتىق ئورۇۋېتىپتىكەن، تېخىچە يارىسى ساقايما
جاپا تارتىپ كەتتى. مانا قارىسىلا، ئەمدى يىلدا بى
روزى ھېيت كېلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. روزا رامىز

بىر ياخشىلىق قىلىپ بالىنى قۇتقۇزۇپ قالغان بولسىلا.
— مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن، توختاپ تۇرسىلا، بىر ئامالىنى قىلىمىز.
— ھەي، بالام، بۇ شان - شۆھرەت دېگەن ئالتۇندىن قىممەت نەرسىكەن، خەقنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئىزا - ئاھانەتكە قالدىم. شان - شۆھرەتنى يوقىتىش جاننى يوقاتقان بىلەن باراۋەر ئىكەن.
شامەخسۇت بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ئەقىل تاپقاندەك بولدى:
— بەگ دادا، راست دەيلا، شان - شۆھرەتنى يوقىتىش جاننى يوقىتىش بىلەن باراۋەر، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق بولمايچۇ خوجام، بىزنى بەگ، خوجام، خېنىم، پۇجۇڭ قىلىۋاتقان خەقنىڭ ئالدىدىكى شان - شۆھرىتىمىزدۇر.
شامەخسۇت ھاشىر تەيجىنىڭ يېنىغىراق كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا كۆڭلىگە كەلگەن بىر ھىيلىنى پىچىرلاپ دېدى. ئەمما ھاشىر تەيجى دەرھال:
— ئۇنداق قىلساق قانداق بولار، ئىككىمىزنى بىر - بىرىگە چاپلاش ئۇچۇن بىرەر ئاساس بولۇشى كېرەك. بولمىسا، ھەر ئىككىمىزنىڭلا كاللىسى كېتىدۇ، — دەپ نارازىلىق بىلدۈردى.
— شان - شۆھرەت دېگەن ئۇلارغىلا خاس بولۇپ، بىزگە خاس ئەمەسمىكەن؟ شان - شۆھرەت چۈشۈپ، نومۇس تۆكۈلسە قانداق بولىدىكىن، ئۇلارمۇ كۆرۈپ باقسۇن، تۈنۈگۈندىن باشلاپ ئوردىغا بەش شەھەر ئون ئىككى تاغدىن سازەندە، مۇقامچىلار كېلىۋاتىدۇ. پۇجۇڭ بۇلارنى باشقۇرۇشقا ئۆزلىرى قاراپ قويسىلا دېدى، يەنە تېخى شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىكى

مەشرەپچى ئەر ـ خوتۇنلارنى يىغىمىز. ئەمدى قارىسىلا بەگ دادا، يامان سۆز يەتتە تىنىقتا يەتتە ئىقلىمغا يېتىدۇ، دەيدۇ. ئۇن چاقىرىمغا يەتمەيدىغان بۇ شەھەردە بىر قوۋۇز يامان سۆز بىر تىنىقتىلا تارقالمامدۇ.

— خوش، خوش، قۇدرەتلىك خوجام، پاراسەتلىك خوجام، ئەقىل دېگەن شۇ خوجام، بۇركۇتنىڭ چاڭگىلى بولسا، تۈلكىنىڭمۇ باردۇرخۇداسى. راست ئەمەسمۇ خوجام، ئىتمۇ ئۆزدىنى ئۆز كوچىسىدا شىر چاغلايدۇ. ئامال ـ چارە ئىزلەپ باقماي قايغۇرۇپ كەتكىنىمنى كۆرسىلە.

— شۇنى دېسىلە، تاغدىن ئايرىلغان يولۋاسنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى قالمىغۇدەك. ئادەم دېگەن قارىسىلا، ئۇياتقا قالغاندا، خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەك ئاسماندا تۇرالمىغاندەك بىر ئىش بولىدىكەن ئەمەسمۇ، قېنى بىزمۇ كۆرۈپ باقمامدۇق ھا. . . ھا. . . ھا. . . .

— خوش، خوجام، ئاللا ئىگەم بىزگە يار ـ يۆلەكتە بولغاي. ۋاقتى كەلگەندە تۇخۇم تۇغمىغان توخۇدەك قانچىلا قاقىلىغان بىلەن بىكاردە.

— شۇنداق قىلايلى بەگ دادا، يۈرسىلە، مەن ئۆزلىرىنى سازەندە، ناخشىچىلارنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرەي، — دېدى.

— بولدى خوجام، قايتاي. ئۇ يەرلەرگە كېيىنرەك كىرسەممۇ بولىدۇ، — دېدى ھاشىر تەيجى ۋە كۆڭلى سەل كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولۇپ ئۆيىگە قايتتى.

* *

ئوردىنىڭ نەغمە ـ ناۋا ئىشلىرىغا بۇرۇن ساۋۇرداپ مەسئۇل ئىدى. بىراق ساۋۇرداپ ئوردىغا باستۇرۇپ كىرگەن دا-

يۈەنشۈەي لەشكەرلىرىگە ئاغرىخانىدا تۇرۇپ تاش ـ كېسەك ئاتـ
قانلىقى ئۈچۈن ئۇنى لەشكەرلەر ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئەمدى بۇ
ئىشلارنى باشقۇرۇشقا چىلىشچى رۇستەم زورنى مەسئۇل قىلـ
دى. چۈنكى رۇستەم زورنىڭ نەغمە ـ ناۋا ئىشلىرىدىنمۇ ئاز-
تولا خەۋىرى بار ئىدى. يەنە كېلىپ ئايىغى چاققانىدى. رۇستەم
بۇ ئىشنى قولغا ئېلىپلا ھېلىقى توخۇسوقۇشتۇرۇش مەيدانىنى
باشقۇرغۇچى مەمەدان تۇرانى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىۋالدى.
بۇلارنى ئىشقا قويغان نەمىتۇللا تەيجى «ئوردا كۇتۇپخانىسىدا
قۇمۇل ناخشىلىرى رەتلەنگەن بىر كىتاب بار، شۇ كىتابقا قاراپ
مەشىق قىلىڭلار» دېگەنىدى. ئۇلار كۇتۇپخانىغا كىرىپ شۇ
كىتابنى ئىزدەپ تېپىشتى. بۇ كۇتۇپخانا دايۈەنشۈەي يېغلىقىدا
ساق قالغانىدى. چۈنكى دايۈەنشۈەي قۇمۇلغا باستۇرۇپ كەلگەن-
دىلا مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ كۇتۇپخانىنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىـ
لىرىنى قوپۇرۇپ سۇۋاپ تاشلاشنى ئېيتقانىدى. كېيىن ـ نەمىـ
تۇللا تەيجى بۇ كۇتۇپخانىنىڭ ئىشىك دېرىزىلىرىنى قايتىدىن
ئاچقۇزۇپ بۇرۇنقىدەك ھالەتكە كەلتۈرگەن بولسىمۇ يەتتە ـ
سەككىز يىل ئىچىدە نۇرغۇن كىتابلارنى چاشقان قىيىۋەتكەنىدى،
سامان قەغەزدە توپلەنگەن قۇمۇل ناخشىلىرىنىڭ قامۇسىنىڭمۇ
كۆپ قىسىم جايلىرىنى چاشقان يەپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولسىـ
مۇ يېشى چوڭراق ناخشىچىلار مۇقام يۇرۇشلىرىنىڭ ھەم تېـ
كىستلىرىنىڭ بېشىنىلا كۆرۈۋالسا ئاخىرىنى ئۆزلىرى تېپىپ
ئېيتىپ كېتەتتى. شۇ ئاساستا نەغمىچى، مۇقامچىلار قىزغىن
تەييارلىققا چۈشۈپ كەتتى.

ئوردىدا بۆشۈك تويى بىلەن روزى ھېيتنىڭ تەييارلىقى
قىزىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈنلەردە شامەخسۇت مەستخوش ھاـ
لەتتە پات ـ پاتلا نەغمىچى، مۇقامچىلار ئارىسىدا پەيدا بولۇپ
قالاتتى. ئۇ خېلى ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ ناخشا ئاڭلايتتى. ئەنە

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرى ئەتىگەندىلا ھاشىر تەيجى شامەخسۇتنى ئىش بېجىرىش ئۆيىگە كىرىشكە ئۈندىدى ھەم ئىشىكتىن كىرىپلا ئىشىكنى چىڭ يېپىپ سۆزلەپ كەتتى:

— خوجام، ھېلىقى ئىش قانداق بولۇپ كەتتى. ئۇنتۇپ قالدىلامۇ، يە؟

شامەخسۇت سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭ- لىگە ئۆز بالىسىنىڭ دۇنياغا كۆز يورۇغانلىقىنى تەبرىكلەي- دىغان شۇنداق تەنتەنىلىك كۈنلەردە بۇ تۆھمەتنى تارقاتسام قانداق بولار، دېگەن ئوي كەلگەنىدى. بۇنى سەزمىگەن ھاشىر تەيجى يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— ئەقىللىق خوجام، بىر تۈلكىنىڭ تېرىسىنى ئىككى قېتىم سويغىلى بولمايدۇ. بۇ ھارازۇللارنىڭ پۈتىنى بىراقلا بىر ئۆتۈككە تىقايلى. ئىشمۇ پەم بىلەن، سۆزمۇ پەم بىلەن بولسۇن.

مېھرىبانۇ ۋاڭنى ئويلىغىنىدا شامەخسۇتنىڭ بىردىنلا غەزەپى تۇتتى. شۇڭا ھاشىر تەيجىنى نەغمە - ناۋا قىلىشىۋاتقان ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئالدىراپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ھاشىر تەيجى ئولتۇرۇپ ئويلاپ قالدى: «ئاھ خۇدا، نېمىلەرنى قىلىشىۋاتىمىز بىز. سۇغا چۆكۈپ كېتىۋېتىپ سامانغا ئېسىلغاندەك بىر ئىش بولۇۋاتامدۇ - يە. مۇشت بىلەن بىگىز باراۋەر تۇرالمايدۇ. جۇمۇ، ئۇ چاغدا بۇ ئىش، ئاشۇ شاللاق شامەخسۇت بەگنىڭ ئىشى بولمامدۇ. بولدىلا، مەن بۇ ئىشقا شۇنچىلىك ئارىلىشاي، كېتەيمۇ يە، ياق، بېگىم كىرگۈچە ئول- تۇرۇپ تۇراي، بولمىسا، خوجامنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىپ قويىمەن» ھاشىر تەيجى داڭغۇر - دۇڭغۇر ئىچىدە خىيالغا پاتقان قەددىنى سەل رۇسلاپ:

— سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلارچۇ، — دېدى ناخشىچى

سازەندىلەرگە قاراپ، ـ ھەممىسى شىپپىتە مەشقتىن توختىدى، ــ بۇ داڭغۇر ـ دۇڭغۇرلاردىن بېشىم ئايلىنىپ كەتتى. ئەمدى سىلەر سەل توختاپ تۇرساڭلار، قىزىقچىلاردىن بىرى ئازراق قىزىقچىلىق قىلىپ بەرسە قانداق؟

ــ خوش بېگىم، ــ دېدى دوپپىسىنى سىڭايان كىيىۋالغان، ئەپتىدىن قىزىقچىلىق چىقىپ تۇرغان مەمەدان تۇرا. كىشىلەر ئۇنىڭ گەپدانلىقىغا، بويىنىڭ ئېگىزلىكىگە قاراپ مەدان تۇرا دەپ ئاتىۋالغانىدى، ــ مەن بىر قىزىقچىلىق قىلىپ بېرەي ئەمىسە.

ــ ئوت تەپتىدىن، ئادەم ئەپتىدىن بىلىنىدۇ، دېگەندەك قارىسام، سەن بىر قىزىقچىدەك قىلىسەن. قېنى بىر قىزىقچىلىق قىلىپ باقىنا كۆڭلىمىز كۆتۈرۈلۈپ قالسۇن.

ــ خوش بېگىم، ئۇنچىمۇ ئەمەس. ئەمما مەن بۇۋامدىن ئۆگىنىۋالغان قىرىق بىر يالغاننى ئېيتىپ بېرەي.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممىسى كۈلۈشۈپ «قېنى ئاڭلاپ باقايلى» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قىزىقچى ئوتتۇرىغا چىقىپلا چاچما تىكىلگەن قارادۇخاۋا دوپپىسىنى سول قېشى تەرەپكىرەك سىڭايان قىلىپ كىيىۋېلىپ، كېكىردىكىنى قىرىپ، قىرىق بىر يالغاننى باشلىدى:

ــ ئۆل زامانلاردا مەن بىر ئەر ئىدىم. قالپىقىمنى قىرلىغان، بۆرۆتۈمنى تولغىغان، يېڭى سۇنۇقنى يانغا تارتماي مىنىدىغان، يېرىم شىلىك كېپەكنى يۆلەتمەي كۆتۈرىدىغان، بارنى بار قىلىدىغان، يوقنى يوق قىلىدىغان، ئاسماننى ئوقۇرۇق بىلەن ئېگىدىغان، تامنى كولىماي تېشىدىغان، تاغ بىلەن بوي تالىشىپ، ئاسمان بىلەن كۈن تالىشىپ، نە ئالدىمغا باقماي، نە ئارقامغا باقماي، چىرايلىقنى ياراتماي، سەتكە شىلتىلىك ئاتماي يۈرۈيدىغان؛ ئالتە زاغرىنى قوينۇمغا، ئايلىق كەتمەننى مۈرەمگە

سېلىپ، تېرەن ئېرىقنىڭ ئىچىگە چۈشۈۋېلىپ ئەتىدىن ئاخشام-
غىچە مۇشتۇمچە لاي قىلىدىغان. ھەي . . . ئەمدى ئۇ ئىشلار
ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدىچۇ، ئەمدى نېمە قىلىسەن دېسەڭلار، ئۇند-
مۇ دەپ كېتەي، بىر كۈنى قەغەز بىلەن قازان ئەتسەم، ئۇي
بېشى پاتتى، ئوت قالىماي، سۇ قۇيماي قاينىدى – تاشتى.
كەسلەنچۈككە سالماسېلىۋىدىم، سۆرىدى قاچتى، قوڭغۇزنى مە-
نىپ ئارقىدىن قوغلىۋىدىم، بەش تاپان ئاشتى. شۇ ئەسنادا
شۇنداق بىر قارىسام ئۈنمىگەن يانتاق تۈۋىدىن تۇغۇلمىغان توش-
قان چىقتى. كەسمىگەن كالتەك بىلەن بىرنى قويىۋىدىم، ماڭ-
تىمىغان ئورىغا چۈشتى. تۆمۈرچى سوقمىغان ئۈچ قىرلىق، ئون
بىسلىق پىچىقىم بىلەن ھېلىقى توشقاننىڭ تېرىسىنى تۇلۇم
قىلىپ شۇنداق بىر سويۇپتىكەنمەن، ئالتە پاتمان يېغى چىقتى.
يەتتە پاتمان چاۋىسى، ئالتە ئايدىن بېرى يەپ كېتەلمەي يەنە بار
تەك يامىسى. تېرىسىنى ئۇيماق ئەتتىم، گۆشىنى قورداق،
تېرىسىدىن قىرىق بىر ئۇيماق چىقتى، قىرىق جۇۋان ئەپ قاچ-
تى. قىرىق جۇۋاننى تۇتالماي كوچىلاردا پۇتلاشتىم. ھەممە
ئىشتا يالغان دەپ يۈزۈم كېتىپ سولاشتىم. مانا ئەمدى يالغان-
دىن يالغان چىقتى. يالغاندىن تۇزاق، — مەمەدان تۇرا شاپپىتە
توختاپ ئۆز ئۆزۈن بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويدى. ئولتۇرغانلار قاقاق-
لاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەمما ھاشىر تەيجى يۇقىرىقى يالغانلارنى
«مېنى دەۋاتامدۇ نېمە بۇ ئەخمەق» دەپ ئويلىنىپ قالدى – دە،
يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. شۇڭا ئۇ كۈلۈپمۇ قويمىدى. ئارىدا
بىر ئاز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بۇ چاغدا شامەخسۇت ئالدى-
راپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈزىدىن بىر خىل جىددىيلىك
ئەكس ئېتەتتى. ئۇ كىرىپلا ئىككى قولىنى كېرىپ سىلكىدى،
ئاندىن دەرھال ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ قويۇپ سۆزلەپ
كەتتى:

— ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ سەتچىلىكنى قاراڭلار، ئەستاغپۇرۇللا، نېمىدېگەن شەرمەندىلىك بۇ، كىشىدىن ھايا كەتسە كەينىدىن بالا كېلۇر دەپتىكەن، ئىمانى يوق ھاياسىزلار قانداق يۇرت باشقۇرالايدۇ، ئەمدى. ھەي ئىست، ھەي ئىست . . .

— ئۇلتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى شامەخسۇتنىڭ سۆزلىرىدىن ھەيرانۇ - ھەس بولۇپ بىر بىرىگە قاراپ «نېمە ئىش بولغاندۇ» دەپ پىچىرلىششقا باشلىدى. ھاشىر تەيجى ئاستا ئورنىدىن ئىرغىنىپ تۇرۇپ شامەخسۇتنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا خوجام، نېمە بوپتۇ. ئوردىغا تاشقىن كەپتىمۇ - يە، زادى نېمە بوپتۇ. بەكلا ئاچچىقلىرى كەپتىغۇ، ئاچچىق دېگەن جاننىڭ نەشتىرى، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، خوجام، - دېدى.

— ۋاي ئىست، ۋاي ئىست ئۆلدۇق، نامۇ - شەرەپ، شەرمۇ - ھايا، قائىدە - يوسۇن، ئەۋلادى - ئەقدە قېنى ئەمدى، ئۆلدۇققۇ، ئۆلدۇق.

— نېمە بوپتۇ خوجام، . چاپسان دېسلەچۇ.

بۇ چاغدا شەھەر تەۋەسىدىن يىغىپ كەلگەن ئۇسسۇلچى - بېيىتچى ئەر - ئاياللارمۇ بېشىنى ئېگىپ، سالام بېرىپ كىرىپ كېلىشتى. بۇلارنى باشلاپ كەلگەن رۇستەم ئىدى. سىرتتىن كىرگەنلەر ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن شامەخسۇت يەنە تەكرارلىدى:

— شۇ كۇنلەردىن بىزگە ئۆلۇم ياخشى. ئۆز ئىززىتىنى بىلمىگەنلەر بۇگۇن شەرمەندە بولدى. ھەي، ھاشىر دادا، شۇنچە خەق ئارىسىدا مۇنداق سەتچىلىكنى قانداق دەيمەن ئەمدى.

— دەۋەرسىلە، خوجام، خەق بىلمىسۇن دېگەن ئىشنى قىلما دەپتىكەن، بەربىر ئۆزلە دېمىگەن بىلەن ئەتىلا بۇ گەپ ئوردىغا، ئوردىدىن يۇرتقا تارىلىدۇ.

— ئەڭ ياخشىسى، دېگىلى بولمىغان گەپنى دېمىگەن تۈزۈك، يۈز كېتىدىغان گەپنى تېخىمۇ دېمەسلىك كېرەك، — دېدى ھېلىقى قىزىقچى.

— دېمىسەممۇ بۇگەپ راست دېگەندەك ئەتىلا يۇرتقا تارىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە دەۋرەي. شەرمەندىلەرنىڭ ئىشى ھەممىسىگە پەندىيات بولسۇن، گۆل تارتمىدىن چىقىپ كېتىۋاتسام، پوجوڭنىڭ بىر كېنىزىكى يۈگۈرۈپ پەسكە چۈشۈۋاتقانىكەن. مەن نېمە بولدى، دەپ ئالدىنى توسۇدۇم، ئۇ «ۋاي ئۆلەي، زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. نەمتۇللا تەيجى بىلەن پوجوڭ خېنىم ھە دېسىلا، ئەسكى ئىش قىلىشىدۇ. يە ئۇلاردا شەرمۇ - ھايا دېگەن نەرسە يوق. مانا ھازىر يەنە كۆرۈپ قالدىم. مەن بۇ ئوردىدا تۇرمايمەن. بۇ ئوردىدىن قېچىپ كېتىمەن» دەپ چىقىپ كېتىۋاتقانىكەن. مەن ئۇنىڭغا «سەن قېچىپ كېتىمەن دېمە، ئەتە - ئۆگۈن دىنىي سوتتا گۇۋاھچى بولىسەن، بولمىسا بۇ ئىشنى تۈگەتكىلى بولمايدۇ» دېدىم. چىقىپ قاراپ باقسام، ئىككىسىلا ھۇجرىدا ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ھاياسىزلار قانداقمۇ يۇرتنى سورالىسۇن ئەمدى، قاراڭلار خالايىق، بۇ شەرمەندىلىكنى.

— «تاشنى قوشناڭغا ئاتساڭ ئۆزۈڭگە تېگىدۇ. ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرسەڭ يۈزۈڭگە چۈشىدۇ» دېگەن شۇدە، — دېدى ھاشىر تەيجى، — ئەمدى قارا كىگىز مىڭ سوپۇنداپ يۇغان بىلەنمۇ ئاقارمايدۇ. قۇشمۇ ئۇچۇپ يەرگە چۈشىدۇ ئەمەسمۇ، پوجوڭنىڭ مۇنداق ئىشى ئەزەلدىن بار. ئەمدى بۇنى شەرىئەت دوزىخي دەيدۇ. تۈگەپتۇ، ئىش تۈگەپتۇ.

ھاشىر تەيجى گىدەيگەن ھالدا ساقال - بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويدى.

ياخشى گەپ كىشىلەر - قۇلىقىغا يۇمشاق ئاڭلانغاندەك قىلىسىمۇ قۇلاقتا ئاز قالىدۇ. يامان گەپ قۇلاقتا دەرھال سىڭىدۇ

ھەم قۇلاقتا قالىدۇ. مانا ھازىر بۇ يامان گەپ ئۇلتۇرغانلارنى «راست شۇنداقمىدۇ» دېگەن گۇمانغا سېلىپ قويىدى. لېكىن ھېلىقى قىزىقچى «يالغاندىن يالغان چىقتى. يالغاندىن تۇزاق» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ بىر نەرسە دېيىشكە تەمشىلىۋىدى. شامەخسۇت بۇ گەپنى ئانچىلا چۈشىنىپ كەتمەي بۇيرۇق قىلدى.

— رۇستەم، سىلەر بۇلارنى يولغا سېلىۋېتىڭلار ئەمدى، ھېيتمۇ ھارپا بولىدىغان بولدى. بۇ ئويۇن تاماشا ئەمدى كىمنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقمىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز جاي - جايلىرىغا كەتسۇن. يۇرتىغا بېرىپ بۇ يەردىكى ئەندۇ ئىشلارنى گەشات قىلىپ يۈرمىسۇن. ھەممىسىگە ساقۇتلاپ قوي. بۇچاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن قىزىقچى يەنە دېدى:

— كەم ئەقىللىق قىلىپ قويىدىلا خوجام، كەم ئەقىللىق. مېھرىبانۇ پۇچۇك ساپ، ديانەتلىك بىر ۋاك. ھەزرەتلىرى ئۆز-لىرىنى تۇتۇۋالغانلىرى تۇزۇك ئىدى. ئۇ ئۆزلىرىگە قالتىس ياخشىلىق قىلغان بىر باشپاناھ.

— ھە. . . ي، لولاك سۆزلەپ بەز يېگەن مۇشۇكتەك قىلىق قىلماي، مەن نېمىدېگەن بولسام شۇنى قىلىڭلار.

— ياق خوجام، مېھرىبانۇ ۋاك بۇ يۇرتنىڭ پادىشاھسى، بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس، ئۆزلە خاتا گەپ قىلىپ قويىدىلا.

— ھەي، سەن نېمە بولدۇڭ، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ - يە، مەن يالغان سۆزلەپ نېمە قىلاتتىم. ماۋۇ يۈزۈم ئۆيۈلۈۋاتىدۇ، ماۋۇ يۈزۈم، — دېگىنىچە شامەخسۇت ئۆزىنىڭ يۈزىگە ئۆزى ئۇرۇپ كەتتى.

بۇ چاغدا بۇ ئويۇنغا ھەيرەن قېلىۋاتقان رۇستەم ھەيۋەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەخمەق ئاداشقىنىنى بىلمەپتۇ. ھاماقەتنى ھاي دېمەڭلار، ھارغاندا توختايدۇ دەپ، ئۆزلەگە ئېيتىپ قويااي خوجام،

ئۆزلىرى يەتكەن ھاماقەت ھەم ئەخمەقكەنلا، پۈجۈك خېنىم بۇگۈن ئۆزلىرى چۈشەكتە ياتقاندا بارلىق ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ باي بوۋىنىڭ نامىزىغا قاتنىشىش ئۈچۈن باي بوۋىنىڭ ئېغىغا قاراپ يولغا چىقىپ كەتتى. ئۆزلىرى تۆھمەت چاپلاۋاتقان پۈجۈك ئاغىچاممۇ، نەمىتۇللا تەيجى بېگىممۇ ھازىر ئوردىدا يوق. تۈگمەندە تۇغۇلغان چاشقان ھاۋا ھاۋاگۈلدۈرلىگەندىن قورقمايدۇ. ھەر كىشىدە بىر يۈرەك بار. بىزمۇ شۇ. ئۆزلىرىگە دەپ قوياي پۈجۈك ئاغىچام كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلدى. خەلقنى دىشۋارچىلىقتىن قۇتقۇزدى. پۈجۈك ئاغىچامغا قارا چاپلاش ئۆز ئۆزىگە گۆر كولىغان بىلەن باراۋەر.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋاتقان ھاشىر تەيجىنىڭ چىرايىدىن قان قاچتى. قارىداپ كەتكەن يۈزلىرى كۆكۈچ تۈس ئالدى.

— ھەي خوجام، ئۆزلىرىزە بايا چەككەن ئەپيۇننىڭ تەسىرىدىن مەست ئوخشىماملا.

— گۇناھنى مەستلىككە ئارتقىلى بولمايدۇ. ھەممە كىشى گۇناھتىن قورقىدۇ. شۇنچىلىك چوڭ تۆھمەتنى مەستلىككە ئارتىپ، ئەپۇ قىلىشقا بولمايدۇ، - دېدى رۇستەم جىددىي ھالدا.

— ھەي، راست، توختاڭلارچۇ راست، مەن مەست ئوخشايمەن، باياتىن مەن نېمە دېدىم، مەست بولۇپ قالغان ئوخشايمەن. خاپا بولماڭلار، ھەممىڭلار بۇ گەپلەرنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار، بولامدۇ؟

ئولتۇرغانلار غۇدۇراشتى، «مۇشۇنداق بىر شاللاق قانداقمۇ مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ كۈيئوغلى بولۇپ قالغاندۇ. بۇ سەت گەپنى بىز كەچۈرۈۋەتكەن بىلەن ۋاڭ ئاغىچام كەچۈرۈۋەتمەيدۇ».

بۇ چاغدا ئىشىكتە ئوردا مۇھاپىزەتچىسىدىن بىرى كۆرۈنۈپ شۇنداق دېدى:

— يېغىلىقتا قېچىپ كېتىپ، تورپاندا تۇرۇپ قالغان بىر كىشى ئوردىغا كەپتۇ. مېھرىبانۇ ۋاڭ بىلەن كۆرۈشمەن دەيدۇ. بۇگۈن ئەتىگەندىن باشلاپ ئوردىدا مېھرىبانۇ پوجۇڭمۇ يە، باشقا تەيجى ئەمەلدار بەگلەرمۇ بولمىغاندىكىن ئىككىلىرىگە مەلۇم قىلىپ قوياي دېدىم.

— بولدى، بىز قاراپ باقايلى، — دېدى ئالدىراپ ھاشىر تەيجى ھەم ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

شامەخسۇت ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ئوردا ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەمنى ھاشىر تەيجى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى:

— سەن ھاياتمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى ھاشىر تەيجى.

ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ بىردىنلا ھاشىر تەيجىنىڭ سول تەرىپى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى.

— ئۆلدى دېگەنىمدىلە، راست دېگەندەك مەنلا ھايات قالدىم.

— ماڭ، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى.

— بارماسلىقىم مۇمكىن.

— نېمە ئۈچۈن.

— بۇ ئۆزلىرىگە مەلۇم، — دېدى بۇ ئادەم. يەنە ئۇ قاراۋۇلغا قاراپ «ئەتە كېلىمەن»، دەپ قويۇپ ئوردا ئالدىدىن كېتىپ قالدى.

ھاشىر تەيجى شۇنىڭدىن باشلاپ يۈرىكى ئاغرىپ يېتىپ قالدى.

ھاشىر تەيجى بىلەن شامەخسۇت سازەندە - ناخشىچىلار مەشق قىلىۋاتقان زالدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن رۇستەم شۇنداق دېدى:

— شامەخسۇت، ھاشىر تەيجىلەرنىڭ قانداق ئادەم ئىكەن-

گەپمۇ ھازىرقى مانا بىلىدۇ. يۇرت پۈتۈن بۈرۈندىنلا لىكنى
بۇ تۆھمىتى، چوڭ ئەڭ قىلىنىشقان بىرىكتۈرۈپ تىل ئۇلارنىڭ
ھېچ- قالسۇن، مەشەدە گەپ بۇ شەرمەندىلىك. كەتكەن ئۆتۈپ
ھېكىم ھالۋىنى بولمىسا كېرەك، ئىنماسلىقى ھېچكىمگە كىم،
گەپ بۇ قالىدۇ. بوپ ئىشلار يەيدىغان يېتىم تاياقنى يەپ،
ئايرىلىپ كاللىسىدىن چوقۇم ئۇ چىقىدىكەن، ئاغزىدىن كىمنىڭ
قال- جازالىماي ئاغچام پۈجۈڭ گۇناھكارلارنى ئەمما قالىدۇ.
مايدۇ، — دەپ ئەسكەرتىپ قويدى.

باي بوۋا بىر يۈز يىگىرمە ئالتە ياشقا كىرىپ كۆپ ئاغرىماي-
لا ۋاپات بولغانىدى. ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى، ئاغرىپ يېتىپ
قالغان باي بوۋا باللىرىغا، «سىلەر ئۇردىغا بېرىپ مېھرىبانۇ
پۈجۈڭغا بوۋام ‹قوغۇن پىشىپ قالدى، ھەزرەتلىرىنى بىر كۆز-
لۈك تويۇمغا داخىل بولسۇن› دېدى دەڭلار» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلى-
غان مېھرىبانۇ ۋاڭ ھەر ئۇن چاقىرىمدا بىردىن ئاتلىق ئادەم
تۇرغۇزۇپ بىرىدىن بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈش ئارقىلىق باي بوۋ-
دىن خەۋەر ئېلىشنى تاپىلىغانىدى. ئاخىرى خەۋەر يېرىم كېچە-
دە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا خەۋەر كۈتۈپ تۇرغان مېھرىبانۇ ۋاڭ
ئوردىدا ساقلاپ تۇرغان بەگلىرىدىن يۈنۈس قازى ئاخۇنۇم، نەمە-
تۇللا تەيجى قاتارلىق سەككىز نەپەر ئۆلىمانى ۋە بىر قىسىم
سىپاھىلىرىنى، نۇربانۇنى ئېلىپ يولغا چىقىپ، ئەتىسى چۈش
مەزگىلىدە تاغقا يېتىپ چىقتى. مېھرىبانۇ ۋاڭ بېشىغا ئاق
سېلىپ تۆردە ئولتۇرۇپ ھازا ئاچتى. باي بوۋا ئەۋلىيالارنىڭ
ئايىغى تەگكەن زېمىن دەپ ئاتالغان سىرلىق جىلغىغا دەپنە
قىلىندى. بۇ سىرلىق جىلغا دەپ ئاتالغان جاي ھەقىقەتەنمۇ
سىرلىق جاي ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا شىمالدىن جەنۇبقا
سوزۇلغان چىغىر يول، چىغىر يولنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە
چوڭقۇرلۇقتا ئېقىۋاتقان تارراق ئۆستەڭ، كۈن پېتىش تەرەپتە

بولسا كەڭ كەتكەن ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل سايلىق، سايلىقتا چوڭ
كىچىك قورام تاشلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ قورام تاشلارغا سەپ-
سالسىڭىز بۇ قورام تاشلارنىڭ بەزىلىرى قوش باشلىق ئېگەرگە،
بەزىلىرى تۇرخۇنلۇق ئوچاققا، بەزىلىرى چوڭ داش قازانغا ئوخ-
شايدۇ. پەستە ـ تۇزلەڭلىككە يېيىلغان تاشلاردا ئادەمنىڭ توپ-
لەي كىيگەن، ئۆتۈك كىيگەن ئىزلىرى، قوي، ئىت، تۆگە،
كالىلارنىڭ ئاياغ ئىـزلـىرى گويا ھازىرلا پاتۇرۇپ قويغاندەك
كۆرۈنـۈپ تۇرىدۇ. يەنە مەلۇم جايغا بارسىڭىز تاختا، خالـو،
سۇپۇرا، كېسىلگەن چۆپ، پىچاقنىڭ تاشقا ئايلانغان شەكلى
ئەينەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر سىز تۆۋەندە ئېقىۋاتقان ئۆس-
تەڭنىڭ نېرى قىرغىقىغا ئۆتۈپ قىيادەك تىكلىنىـپ تۇرغان
سىـلىق تاشـلارنىڭ يۈزىگـە قارىسـڭىـز، تاشـقا سىـزىـلـ-
غان تۇرلۇك ـ تۇرلۇك رەسىملەر سىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

باي بوۋاي بۇ يەردىكى ئەۋلىيالارنىڭ مەسچىتى دەپ ئاتال-
غان، قىبلىدىكى مېھرابى بىلەن يەردىكى پارچە ـ پارچە كىگىزى
تاشقا ئايلانغان جاينىڭ تۆۋەن تەرىپىگە دەپنە قىلىندى.

ئەتىسى مېھربانۇۋاڭنىڭ دېيىشى بىلەن خەلق ئاق تاش
تېرىپ كېلىپ باي بوۋىنىڭ قەبرىسىنى قاتۇردى. بۇ قەبرە
مۇقەددەس تەڭرى تېغىنىڭ ئاستىدىكى بىر ۋاپادار ئاتىنىڭ سىم-
ۋولى ئىدى.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

خىلى كۆنلەر بولدى. بۇ يۇرتتا دەرۋىش سۆپەت بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئۈستىگە نەچچە يېرىگە ياماق سېلىنغان ئۇزۇن قارا جەندە كىيگەن. بېلىنى قاراپوتا بىلەن باغلاپ، پوتىسىنىڭ بىر تەرىپىگە سۇ قاچىلانغان قاپاقنى ئېسىۋالغان ئىدى. ئۇ قولىدا ئۇزۇن دەستىلىك بىر تەمبۇرنى تىك تۇتۇپ ناھايىتىمۇ ئورۇق بىر ئاتنى مىنگەن ھالدا ئوردا قوۋۇق دەرۋازىسىدىن كىردى - دە، ئاتتىن چۈشۈپ بىر ھازاغىچە ئوردىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن شۇ ئەتراپتىكى ئاشپۇزۇللاردىن بىرىگە كىرىپ بولدۇرۇپ ئەتكەن مانتىدىن نەچچىنى يەپ، ئىسسىق چاي ئىچىپ قورسىقىنى توقلىۋالغاندىن كېيىن شەھەرنىڭ چوڭ مەسچىتلىرىدىن بىرى بولغان ئۇلۇغ بۇزۇرگاھنىڭ ئالدىدىكى بىر قارىياغاچقا ئېتىنى باغلاپ قويۇپ، ئۆزى ئۇلۇغ بۇزۇرۇگاھنىڭ تاش پەلەمپىيى ئۈستىدە بىر مەھەل ئولتۇردى. ئۇ بېلىدىكى تۈگۈنچەكلەرنى ئېلىپ يېنىغا قويدى. ئۈستىلۇق قاپىقىنى چايقاپ كۆرۈپ ئاستىدا قېپقالغان ئازراق سۇنىمۇ ئىچىۋالدى - دە، ئەتراپقا سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تال بوستانلىق ھويلىلار، ئاق تېرەك سايە تاشلاپ تۇرغان مەھەللىلەر، قوغۇن ھىدى پۇراپ تۇرغان كەڭ ئېتىزلار

نامايان بولدى. ئۇنى چوڭ يولدا كۆرگەنلەر، ئۇنىڭغا قارىغىنچە ئورنىدا تۇرۇپلا قالغانىدى. مەكتەپتىن يانغان بىر نەچچە بالىلار ھەيتىيەكلىرىنى ئىلىك بوغچىلىرىغا سىلىپ، مۇرىسىگە ئاسقان ھالدا ھىلىقى يىگانە ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ تاش تارتما ئالدىدىن سەل يىراقتىراق توختىدى. يىگانە ئادەم ھىچكىمگە پەرۋا قىلماي، ئۇلۇغ بۇزرۇگاھنىڭ داغدام ئوچۇق ئىشىكىگە قارىغىنچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. نامازدىگەر مەزگىلى ئىدى. ئۇلۇغ بۇزرۇگاھنىڭ نەقىشلىك ئىگىز پەش-تىقىدىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. «ئاللاھۇ ئەكبەر . . . ئاللاھۇ ئەكبەر . . .» يىگانە ئادەم ئۆرۈلۈپ بالىلارغا قارىغانىدى. ئۇلار تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى – دە، يەنە مەھەللىنىڭ ئىرىقى چېتىگە بېرىپ قاراپ تۇرۇشتى. بۇ يىگانە ئادەمنىڭ مۈرىسىگە چۈشكەن چاچلىرى قالىغاچنىڭ چاڭ-گىسىدەك چىگىشلىشىپ، يوغان قارا كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكە-نىدى. قاراقاشلىرى ساقال – بۇرۇتلىرى بىلەن ھەملىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. يۈزلىرى مەينەتلىشىپ قارىداپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت كالپۇكلىرىلا قىزىرىپ تۇراتتى. ئۇ بالىلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويىۋىدى، بالىلارمۇ بىر بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ كەتتى. بالىلارنىڭ بىرى «ساراڭكەن» دېسە بىرى «دىۋانىكەن» دەيتتى.

بۇ چاغدا مەھەللىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى ئۆيلەردىن، كەڭ، تار يوللاردىن دىگەر نامىزىغا چىققان ئۆلىمالار، بايلار، ھەتتا گادايلارمۇ ئۇلۇغ بۇزرۇگاھقا يىتىپ كەلدى. ئەڭ بۇرۇن كەلگەن كىشى شۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى ئىدى. بۇ سەكسەن ياشقا كىرگەن ساغلام. بوي – تۇرقى ئىگىز، قاۋۇل كىشى ئىدى. ئىمام بۇ دەرۋىش سۈپەت ئادەمنى كۆرۈپ تاش پەلەمپەينىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە بۇنىڭدىن خىلى يىللار

بۇرۇن يەنى ئەردىشىرۋاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇچتۇر خەلپەم كەل-
دى. ئۇچتۇر خەلپەمۇ ئەنە شۇ سىياقتا، مۇشۇ جايدا پەيدا
بولغانىدى. شۇ چاغدا بۇ ئىمامنىڭ دادىسى مۇشۇ مەسچىتكە
ئىمام ئىدى. ئۇ كىشى بۇ دەرۋىشنى ئەردىشىرۋاڭغا مەلۇم
قىلغان. ئەردىشىرۋاڭ كېيىنچە ئۇ دەرۋىشنى ئۇستاز تۇتقاند-
دى. بۇ ۋەقە تېخىچە ئۇنىڭ يادىدا ئىدى. «ئەمدى بۇ نېمە
كارامەت؟ — دېدى ئىمام، — ئۇچتۇر - خەلپەم تىرىلىپ
قالدىمۇ - يە؟ كەرىمى كەڭ، قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدايىمنىڭ
خىسلەتلىرىدىن بىز بەندىلەر غاپىل» ئۇنىڭ خىيالى شۇ يەرگە
كەلگەندە ئىختىيارسىز ھالدا ھېلىقى يېگانە ئادەمگە قاراپ:
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېدى. يېگانە ئادەم بۇ
سىپايى كېيىنگەن سالاپەتلىك زاتتىن ئىززەت - ئىكرام كۆرگەن-
لىكى ئۈچۈن ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى. قولى-
دىن سىرغىپ چۈشكەن تەمبۇرنىڭ سىم تارلىرى جىرىڭشىپ
كەتتى.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — جاۋاب بەردى يېگانە ئادەم.
ئىمامنىڭ كۆزى تەمبۇرگە چۈشتى. ۋەھالەنكى ئۆز ۋاقتىدا
ئۇچتۇر خەلپەمنىڭ قولىدا ئۇنداق تەمبۇر يوق ئىدى. قاپاق ۋە
تۇگۇنچەكلەرلا بار ئىدى. بۇزات بولسا بېشىغا كۇلاھ كىيىپتۇ،
ئۇ زات بېشىغا كۇلاھ كىيمەتتى، ئەمما چاچلىرىمۇ، ئۈچىسىدى-
كى جەندىمۇ ئوپمۇ ئوخشاش . . .
— قىسمىتى خىلمۇخىل ئاللاتائالا جانابلىرىنىڭ سەپىرىنى
بىزنىڭ يۇرتىمىزغا بۇيرۇپتۇ، نېمە ھاجەتلىرى باركىن؟ —
دېدى ئىمام ئاخۇنۇم.
بۇ چاغدا نامازخانلار ئەتراپقا يىغىلىپ بولغانىدى. ھەممى-
نىڭ كۆزى يېگانە ئادەمدە، قۇلىقى ئىمامنىڭ سوئالىدا ئىدى.
ھەر كاللىدا بىر خىيال دېگەندەك نامازخانلارمۇ ھەرخىل خىيال-

لاردا ئىدى. بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ئىچىدە ئۇچتۇر خەلپەمنى بىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇمۇجىزىگە ھەيران بولغان ھالدا سۈكۈتتە تۇراتتى. يېگانە ئادەم نامازخانلارنىڭ ناماز ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن، بېشىنى ئېگىپ، ھەممىسىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ:

— ھەر قايسىلىرى ناماز ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ قويمىغايلا، — دەپ مەسچىت تەرەپنى ئىشارەت قىلدى.

راست دېگەندەك، ناماز ۋاقتىنى قازا قىلىشقا بولمايتتى. شۇڭا جامائەت ھەممىسىلا يېگانە ئادەمگە قاراپ قويۇشۇپ نامازگاھقا كىرىپ كېتىشتى.

جامائەت نامازنى ئۆتەپ بولۇپلا يېگانە ئادەمنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كېتىشتى. ئىمام ئۆزىگە ئوخشاش ياشانغان بىر نەچچەيلەنگە قاراپ سۆزلىدى:

— ھەرقايسىلىرىنىڭ ئېسىلىرىدە بارمىكىن، ئەردىشىر ۋاڭ دەۋرىدە ئەنە شۇنداق جەندە كىيگەن بىر خەلپىتىم پەيدا بولغانىدى. دەل مۇشۇ ئۇلۇغ بوزۇرگاھنىڭ ئالدىدا. ئۇ خەلپىتىمنىڭ ئۆزۈن ئۆتمەي كارامەتلىرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. كىشىلەر ئۇنى بامداتنى بۇ يەردە ئۆتىسە، پېشىننى تورپاندا، دىگەرنى بەلختە، شامنى مەككىدە، خۇپتەننى مەدىنىدە ئۆتەيدىكەن، دېيىشكەنىدى. يىللاپ ئاغرىپ ياتقان كىشلەرنى بىر ئايەت ئوقۇپ سۈپكۈشلەپلا ساقايتىپ قويغانىدى. خەقنىڭ نەرسە كېرەكلىرى يوقالسا پالانى يەرگە تاشلاپ قويۇپتۇ، ياكى پالانچى ئاپتۇ دەپ تېپىپ بېرەتتى. ئاخىرى ئەردىشىر ۋاڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ خەلپىتىم بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ ئۆتكەنىدى.

— ئۇ چاغلاردا ئۇچتۇر خەلپەم ھەققىدە نۇرغۇن پاراڭلار تارالغانىدى. يادىمدا قالماپتۇ، — دېدى يەنە بىر سالاپەتلىك كىشى، — ئۇ كىشى گويا ئەۋلىيالاردەك ئالدىن ھۆكۈم قىلالايدى-

كەن، ئەتە يامغۇر ياغىدۇ دېسە، يامغۇر يېغىپتۇ. پالانى مەھەل-
لىدە مېيىت چىقىدۇ دېسە، مېيىت چىقىپتۇ. ھاۋا بەك ئىس-
سىپ يامغۇر ياغماي قۇرغاقچىلىق بولۇپ ئۈستەڭلەردە سولار
قۇرۇپ كەتكەندە ۋاڭ خوجام ئۇچتۇر خەلپەمنى يامغۇر ياغدۇ-
رۇپ بەرسىلە دېگەنىكەن، ئۇچتۇر خەلپەم باغداش تېغىدىكى ئەڭ
چوڭ تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئاللادىن يامغۇر تەلەپ قىلغا-
نىكەن، ئۈچ كېچە - كۈندۈز يامغۇر يېغىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن
كىشىلەر ئۇچتۇر خەلپەمنى «ئەۋلىيا ئىكەن» «بۇمۇ ئاللاتائالا-
نىڭ ھىممىتى» دەپ ھۆرمەتلىشىپتۇ.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ھەممىسى تالادا قالغان يېگانە ئادەم
ھەققىدە ئويلاپ قېلىشتى: «بۇمۇ بەلكىم شۇنداق ھىممەتلىك
خىزىرلاردىن بولسا كېرەك، ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى، ئاللاتائالا
يۇرتىمىزغا يەنە بىر غەنىيمەت قولنى سۇنغان چېغى»

نامازخانلار مەسچىتكە كىرىپ كەتكەندە بۇ يېگانە ئادەم
ئۇلۇغ بۇزرۇرگاھ ھەققىدە ئويلىنىپ قالدى . . . بۇ مازاردا
ياتقان كىشى سۇلتان سەئىد ئەخمەت بەلىخى بولۇپ، ئافغانىس-
تاننىڭ قەدىمكى پايتەختى بەلىختىن قۇمۇلغا مىرىھۇر بەلىغى،
مىرتاباق بەلىغى ئىسىملىك ئىككى سوپىسى بىلەن ئىسلام دىنى-
نى تارقىتىشقا كەلگەن. بۇلار ئۆزۈن يىللار قۇمۇلدا ياشاپ
ئەرلىرى «شاھ»، ئاياللىرى «تەركەن» دېگەن نام بىلەن ئۇلۇغ
بۇزرۇرگاھنىڭ شەيخلىرى بولۇپ ئۆتكەن . . . يېگانە ئادەم شۇ
خىياللارنى قىلىپ بولۇپلا كۆڭلىگە نېمە كەلدىكىن، ئورنىدىن
دەس تۇرۇپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ يولىغا راۋان بول-
دى.

نامازخانلار نامازدىن يېنىپ چىقىۋىدى. يېگانە ئادەمنىڭ
قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

— ئاپلا، ھونۇس شۇ، خىزىركەن، ھەي خىزىركەن،

— دېدى ئىمام ھەسرەتلەنگەن ھالدا، — ھەي، ھەي، ھەي، ئۇنى تۇتۇپ قىلىشىمىز كېرەك ئىدى.

ئىمام ھەممىسىدىن ئالدىراپ دېگەندەك ئۆيىگە ياندى. ئۆيىگە كىرىپلا ئوغلىغا:

— ھەي بالام، بۈگۈن بىزگە خىزىر يولۇققانىدى، — دەپ يېگانە ئادەمنىڭ سۈرەتلەپ بەردى. ئاندىن، سەن دەرھال چوڭ يولنى بويلاپ ئاشۇ ئادەمنى ئىزدەپ باق، ئەگەر مەن دېگەن ئادەمنى كۆرسەڭلا ماڭا خەۋەر قىل، - دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى ئىمامنىڭ ئوغلى گايىز، — ئىشكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئۇ ھەممە يوللارنى ئايلىنىپ چىقتى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ قايتىپ جۈمە مەسچىتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا نامازشامنى ئۆتەشكە كىرىپ كېتىۋاتقان جامائەتكە كۆزى چۈشتى. ھەم ھېلىقى يېگانە ئادەمنى جۈمە مەسچىتكە كىرىۋالغاندىمۇ - يە، دېگەن خىيال كۆڭلىدىن كەچتى - دە، نامازخانلارغا قوشۇلۇپ جۈمە مەسچىتكە كىردى. جۈمە مەسچىتىنىڭ ھۇجرىلىرىنىڭ بىرىدە چىراغ يېنىق تۇراتتى. ئۇ جۈمە مەسچىتىنىڭ مەزىنىدىن سورىدى:

— مەزىن ئاخۇن دادا، ئاۋۇ ئۆيدە كىم تۇرىدۇ؟

— ھەي، بالام ئاجايىپ ئىش، ھېلىراقتا ياقا يۇرتتىن كەلگەن، ئۇستىگەجەندە، بېشىغا كۇلاھ كىيگەن بىر كىشى جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىشكىدە ئولتۇرغانىكەن، مېنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇردى ھەمدە باغلاپ قويغان ئېتىنى يېشىپ، قولۇمغا تۇتقۇزۇپ «بۇ ئاتنى جۈمە مەسچىتگە ئاتىدىم، رەھىم قىلىپ ماڭا مەسچىتىنىڭ ھۇجرىلىرىدىن بىرنى بەرگەن بولسىلا، دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ ئۆتكەن بولسام» دېدى مەن ئاشۇ ھۇجرىنى ئېچىپ چىراغ يېقىپ بەردىم، — دېدى مەزىن ئاخۇنۇم.

بۇ گەپلەرنى زەن قويۇپ ئاڭلىغان گايىز دەرھال ئۆيگە قايتىپ كېلىپ دادىسىغا يەتكۈزدى. ئىمام ئاخۇنۇم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى «مەزىن ئاخۇنۇمىزە ئاشۇ خىزىرنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىدىغان بوپتۇ ـ دە . بۇ قانداق گەپ بولغىنى. . .» ئىمام سەل ئاچچىق يۇتۇپ تۇرۇپ قالدى.

ئوغلى دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەملەپ:

— ھەي دادا، سەن ئۇ قەلەندەرگە ئاشىق بولۇپ قالغانمى-دىڭ، ئۇنى نېمە قىلاتتىڭ، باقماقچىمۇ ـ يە، ئالتە بالاڭ، يەتتە كالاڭنىڭ غېمىنى يېسەڭچۇ، يوق خىياللارنى قىلماي، — دېدى.

— ئەخمەق، ئاللائاللانىڭ شەپقەتلىرى خىلمۇخىل مۆجى-زىلەر بىلەن بەندىلەرگە ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇ بىر خىزىر، سەن بىلەمسەن، ئۇ بىر خىزىر. ئۇنىڭ بىزگە پايدىسى تېگىپ قالات-تى. ھەي نادان، ھەي نادان. . .

گايىز كۈلۈپ كەتتى.

ئەتىسى جۈمە ئىدى. ئىمام ئالدىراش تاھارەت ئالدى، ئۇ تاھارەت ئېلىۋېتىپ ئويلىنىپ قالدى «. . . ئۆتكەندە كەلگەن خىزىردىن ئەردىشىر ۋاڭ ئوبدان مەنپەئەت ئالالمىدى. ئۇ ئەخمەق ئىكەن. مەن بولسام، ئۇنداق قىلمايتتىم. ئادەمگە ئۆمرىدە خىزىر بىرلا قېتىم يولۇقىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭدىن جىق نەرسى-لەرنى ئۇندۇرۇۋېلىش كېرەك. . . . «مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋ-رىدىكى قارۇن دۆۋە ـ دۆۋە تاشلارنى يىغىپ ئوت يېقىۋىدى خىزىرنىڭ شاپائىتى بىلەن ئالتۇنغا ئايلاندى. ئۇ بىر يولىلا قىرىق خامان ئالتۇن ئالدى. ئاخىرى بېيىپ كەتتى. مانا ماۋۇ خىزىرنىڭ قولىدىن ئەلۋەتتە شۇنداق ئىشلارمۇ كېلىدۇ. . .»

ئىمام ئاخۇنۇم جۈمە مەسچىتكە يېتىپ كەلگەندە سۈرۈك ـ سۈرۈك جامائەت جۈمە مەسچىت ئالدىغا يىغىلغاند-

دى. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇلايىم، خۇشخۇي ئىدى. ئۇلار ئۇستىلىرىگە كۆك، قارا، بوز رەڭلەردە ئۇزۇن چاپان، بېشىغا كېزىگى تارچاچما دوپپىلار كىيىگەنىدى.

بۇ يۇرتنىڭ خەلقى ھەر جۈمە نامىزى كۈنى ياكى ھېيت - ئايەملەردە ھەممىسى دېگۈدەك غۇسۇل تاھارەت ئېلىپ ئەنە شۇنداق پاكىزە، رەتلىك كىيىنگەن ھالدا نامازغا كېلىدۇ. يىراق - يېقىندىن كەلگەنلەر ئۆز ئارا سالاملىشىدۇ. ھال - ئەھۋاللىشىدۇ. شۇ يىللىق تېرىقچىلىقى، يازدىكى مول نېمەتلىرى، ئات - ئۇلاغ، ھارۋىلىرى، ئائىلىسى، بالا چاقىلىرى ھەققىدە پاراڭ سېلىشىدۇ.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. خېلى يىللاردىن بېرى كىشىلەر بۇ جامەگە مۇنداق كۆپ يىغىلىپ باقمىغانىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مېھرىبانۇۋاڭنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىشاتتى. بىرى «پۇجۇڭ خېنىم ئورما ۋاقتىدا بىزنىڭ ئېتىزغا كېلىپ بىزدىن ھال - ئەھۋال سورىدى . . . ئۇستىگە يېشىل زوچو كۆڭلەك كىيىپتۇ» دېسە يەنە بىرى «بالىمىز ئاغرىپ قېلىۋىدى. يوقلىتىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ . . . » دېيىشەتتى. ئىمام ئاخۇنۇم بۇ خەقلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي، ئۇدۇل جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ئىمامغا ئەزان ئېيتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان مەزىن ئاخۇنۇم ئۇچراپ قالدى، ئۇلار ئاۋۋال سالاملاشتى، ئاندىن:

— مەزىن ئاخۇنۇم جانابلىرىدىن بىر كىشىنى سوراپ باقاي، — دېدى ئىمام ئاخۇن، — بۇ يەرگە قەلەندەر سۈپەت بىرسىنى كەپتۇ دەيدىغۇ؟

— كەلدى ئاخۇنۇم، كەلدى. ئاخشام نامازشامغا ئەزان ئېيتقىلى مەسچىتكە كەلسەم، جۈمە مەسچىتىنىڭ ئالدىدا چېچى ئۆسۈپ غولىغا چۈشكەن، يۈز - كۆزىنى ساقال - بۇرۇت

قاپلىغان، جەندە كىيىپ يېنىغا قاپاق، تۇگۇنچەكلىرىنى ئاسقان بىرى ئۇلتۇرۇپتۇ. خىيالىمغا بىز كىچىك چاغلاردا ئۆتكەن ئۇچ-تۇر خەلپەم كەلدى. مەن ئۇنى ئىززەت قىلىپ بىر ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ چىراغنى يېقىپ بەردىم. ھەر نېمە بولسا بىر مۇساپىركەن، ھالىدىن خەۋەر ئالسام، ساۋاپ بولۇر دېدىم.

— شۇنداق مەزىن ئاخۇنۇم، شۇنداق، ئۇ كىشى نېمىلەر دېدى ئۆزلىرىگە.

— ئۇ ھېچ نەرسە دېمىدى، ئۇنىڭ دېگەن بىر ئېغىز گېپى، - بۇ جامەئە بۇنىڭدىن 350 يىل مۇقەددەم ئىلىدىن كەلگەن خوجا مۇھەممەت ئېلى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان. شۇن-داقمۇ سوپۇم، — دېدى. مەن «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ يەنە، - ئاردىن ئىككى يۈز يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ماھد-روي ئاپپاق تەرىپىدىن ئىككىنچى قېتىم تەمىر قىلىنغان، — دېدى. ئۇنىڭدىن باشقا گەپ - سۆز قىلمىدى. قارىسىلا ئىمام ئاخۇنۇم، بۇ نەدىن كەلگەن كەلگىندىكىن، ھەتتا بۇ جۈمە مەس-چىتىنىڭ تارىخىنىمۇ بىلىدىكەن.

ئىمام ئاخۇنوم بۇ گەپلەرگە ھەيران قېلىپ يەنە ئويلىنىپ قالدى.

— ھۇجرىسىغا كىرىپ باقايلىمۇ؟

— بولىدۇ.

ئۇلار ھۇجرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ھۇجرىنىڭ ئىشىكى زەن-جىرلىنىپ، زەنجىرگە ياغاچ ئۆتكۈزۈپ قويۇلغانلىقىنى كۆر-دى.

ناماز ئوقۇلۇپ بولۇپ كىشىلەر جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىشىك-دىن تىقىلىشىپ چىقماقتا ئىدى. ئارقىدىراق چىقىپ كېلىۋاتقان مەزىن ئاخۇنۇم ئىمام ئاخۇنۇمغا شۇنداق دېدى:

— ئاڭلىدىلامىكىن، دايۇەنشۇەي دېگەن جاللاتنى باشلاپ

كېلىپ، يۇرتىمىزنى ۋەيران قىلغان ھېلىقى سوۋۇر پاكارنى ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى ئالتە شەھەر تەرەپتىن تۇتۇپ كەپتۇ دېيىشىدىغۇ راستىمكەن؟

— راستكەن، — دېدى ئىمام ـ ئاخۇنۇم، — سوۋۇر پاكار قىلغۇلۇقنى قىلىپ، مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭمۇ بېشىنى يەپ، شەر ـ شەردە قېچىپ يۈرگەنىكەن. پۇجۇڭ خېنىمنىڭ ئادەملىرى ئۇنى نەچچە يىلدىن بېرى ئىزدەپ ئاران تېپىپ كەپتۇ. ئەمدى ئۇلارنىڭ كۆرىدىغان كۈنى بار.

ئۇلار دەرۋازىدىن چىقىشىغا يىراقتىن ئوردا جاكارچىسىنىڭ غەزەپ بىلەن ئۇرغان جاڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. كىشىلەر يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ بويىنىنى سوزۇشۇپ يۇقىرىغا قارشاتتى. ئىمام بىلەن مەزىنمۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ يول ياقىسىغا كەلدى. جاكارچى جاڭ ئۇرۇپ جاكار قىلماقتا:

كۆردۈڭلەرمۇ خالايىق،
يۇرتىنى ۋەيران قىلىپ.
خەلقىنى سەرسان قىلغان.
دوستىنى دۈشمەنگە سېتىپ،
ئۆز نەپسىگە باش قويغان
يۈزى قارا مەلئۇننى!
كۆردۈڭلەرمۇ خالايىق،
دۈشمەنلەرگە تىز پۈكۈپ،
ئار ـ نومۇسنى بىلمىگەن،
سۆڭەك ئىزدەپ سوكۇلداپ،
كىرمىگەن تۆشۈك قالمىغان،
ئىت سىياقى نومۇسسىز

يۈزى قارا مەلئۇننى!
كۆردۇڭلەرمۇ خالايىق،
چاياندىن ئىلتىپات كۈتۈپ،
زالىمدىن شەپقەت كۈتۈپ،
يۇرتنى قانغا بويىغان،
كۆزى كىچىك كۆڭلى تار،
تەلەتى سەت مەلئۇننى!
قاراڭلار بۇنىڭ ئەپتىگە،
كەتمەن ئۆتمەس ساماندۇر.
يىقىلىپ چۈشسە يولىنى،
ئەسلا بىلمەس ساراڭدۇر.
مۇشتنى تىقىپ بېگىزگە،
تاشنى ئېتىپ ئېگىزگە.
ئۆز بېشىنى ئۆزى يېگەن
يۈزى قارا نىجىسكە!

جاكارچى غەزەپ بىلەن ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان سۆز نەزمىلىرى بىلەن جاكار قىلماقتا ئىدى. بويىنىغا قوۋۇق كىيگۈزۈلگەن، پۇتىغا زەنجىر سېلىنىپ قوللىرى باغلانغان، سۇۋۇر پاكارنى ئوردىنىڭ مۇھاپىزەتچى لەشكەرلىرى ھەيدەپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن پۇت - قولى بوش قويۇۋېتىلگەن خوتۇنى مىنىس ئاپپاقمۇ سوكۇلداپ كەلمەكتە.

جاكارچىنىڭ سۆزلىرى جامائەتكە بىر ئېغىر پاجىئەلىك تارىخنى ئەسلەتتى. ئاتا - ئانا، بالا - چاقا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىلەر كۆزلىرى ياشلانغان ھالدا سۇۋۇر پاكارنى قارغاشتى ۋە بىردىنلا بارلىق خەلق غەزەپكە كېلىپ:

— ئۆلۈغ ۋاگىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، يۇرتىمىزنى ۋەيران قىلغان مۇناپىق ئۆلۈمگە مەھكۇم!

— ئۆز يۇرتىدىن، ئۆز خەلقىدىن يۈز ئۆرىگەن قارايۈز ئۆلۈمگە مەھكۇم! — دەپ توۋلاشتى.

كىشىلەر بۇ گۇناھكارلارنىڭ باش - كۆزلىرىگە تاش - كېسەكلەرنى ياغدۇرۇۋېتىشتى. ئۇلارنى يالاپ كېتىۋاتقانلار خالا-يىقنى تاش - كېسەك ئاتماسلىققا ئۈندەيتتى. . .

شۇنداق قىلىپ سۇۋۇر پاكار بىلەن مىنس ئاپپاقنى شۇ قىياپەتتە شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا سازايى قىلىپ سولاپ قويۇشتى.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

مېھرىبانۇ ۋاڭ چىگىشلىشىپ كەتكەن خىياللىرىنى بىر يەرگە يىغالماي، ئۆز ھۇجرىسىدا خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ دېرىزىدىن قاغۇم باغچە تەرەپكە قاراپ خىيالغا چۆمدى. بۇ چاغدا قاغۇم باغچىدىكى قېرى جۇجەم تۇۋىدىن يەنە ناخشا ئاۋازى كۆتۈرۈلدى:

«شاھلىقنىڭ دەخلى يوق ئىشقۇ مۇھەببەت كوْيىدە،
... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...
كۆڭلۈم ئۆرتەنسۇن ئەگەر غەيرىڭگە پەرۋا ئەيلىسە،
ھەر كۆڭۈل ھەمكىم سىنىڭ شەۋقىڭنى پەيدا ئەيلىسە.
ۋا دەئىي ئىشقىڭ مەكان قىلدى كۆڭۈل كۆرگەچ يۈزۈڭ،
ئەل باياۋان ئىچرە مەنزىل ئەيلەگەندەك سۇ كۆرۈپ.»

مېھرىبانۇ ۋاڭ بۇ ناخشىغا قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ، كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ھەممىلا نەرسىنى ئۇنۇتقاندەك قىلدى. ناخشىنىڭ تېكىست، ئاھاڭلىرى تەمبۇرنىڭ سىم تارلىرىغا قوشۇلۇپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئەلۋەتتە كىشىلەر دەۋاتقان، ئوردا بەگلىرى ئۈستى ئۇستىلەپ ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزۈۋاتقان ھېلىقى يېگانە ئادەم، كونىلار «كېچىدە

ناخشا ئېيتقان يارى بار ئادەم، كۈندۈزى ناخشا ئېيتقان دەردى بار ئادەم» دېيىشىدۇ. بۇ كىشى نەدىن كەلگەن بولغاي، بۇ كىشىنىڭ قانداق دەردى باردۇر. نېمە بولۇپ بۇ يىزىنىڭ يۇرتىمىزغا كېلىپ قالدى — ھە، ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سورىتىپ كۆرەي، دەردىگە يېتەي، يوق نەرسىسى بولسا بېرەي، — نەمىتۇللا تەيجىگە ئېيتاي، ئۇنىڭدىن ھال سوراپ كۆرسۇن، — مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە دەرھال تەختلىك سارايغا كىرمىسە بولمايدىغانلىقى يادىغا كەلدى. مەلۇمچى كېنىزەك مەلۇم قىلدى:

— يۇجۇڭ خېنىم، ھەزرەتلىرىنى بەگلەر ساقلاپ قالدى.

— بولىدۇ، مانا ھازىر، — دېدى مېھرىبانۇ ۋاڭ ۋە ئالدىراپ تەختلىك ساراي تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ تەختلىك سارايغا كىرگەندە، ئارام ئېلىش زالىدا ساقلاپ تۇرغان بەگلەر ئۆز ئورۇنلىرىدا قاتار تۇرغان ھالدا ۋاڭغا ئېگىلىپ سالام قىلدى ۋە:

— يۇجۇڭ ئاغىچامنىڭ ئالتۇن بويى ئېسەن بولغاي، — دېدى ۋە بىر - بىرلەپ زالغا كىرىشكە باشلىدى.

— ھەممىلىرى ئولتۇرۇپ قالسىلا.

مېھرىبانۇ ۋاڭ چوڭ يىغىلىشلاردا ئەنە شۇنداق، ھاردۇق ئېلىش ئۆيىدە توپلىشىپ تۇرغان بەگلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ تەختلىك ئۆيگە كىرىپ، تەختكە ئولتۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ مەغرۇر، ئەمما يۈزى تۆۋەن، نازۇك، ئەمما قامەتلىك تۇرقى بىلەن بەگلەر ئارىسىدا نامايان بولاتتى. ھەممىسى ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ يەرگە قارىغىنىچە تۇراتتى. ۋاڭ ئەگەر بىر ياكى ئىككى، ئۈچ بەگ بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئارىغا ئۈنچە پەردە تارتىلغان ئايرىم ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ئۈنچە پەردىنى چۈشۈرۈۋېتىپ سۆھبەت ئېلىپ باراتتى. ئۇنىڭدا ئاياللارغا خاس بىر

نازۇكلۇق بىلەن ھايالىق ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بۈگۈن-
كىدەك ئۇچۇق ئاشكارا سورۇنغا چىققاندىمۇ ھېچ قايسى بەگكە
سەپسېلىپ قارىمايتتى. ئۇدۇل قاراپ پەرمان قىلاتتى. بەگلەرمۇ
ھايا بىلەن پەسكە قاراپ ئولتۇراتتى. پۈجۈڭغا تىكىلىپ قارى-
مايتتى. بۈگۈن مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل جىددى-
دىيلىك، غەزەپ ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۈستىگە خان تەقدىم
قىلغان مەنسەپ كىيىملىرىنى كىيگەنىدى. بېشىغا ئوتقاتلىق
بۆك، ئۈستىگە جىگەررەڭ تاۋار مەنسەپ چاپىنى، ئەجدىھا گۈل-
لۈك پەشمەت، ئىچىگە ئەجدىھا گۈللۈك سېرىق تاۋار كۆڭلەك
كىيگەن ھالدا ئولتۇراتتى. بىر تەرىپىدە نۇربانۇ، يەنە بىر
تەرىپىدە ئانار تىك تۇراتتى. ئوردىنىڭ قاراۋۇل، ياساۋۇللىرىمۇ
ئۆز ئورۇنلىرىدا تىك تۇرۇشاتتى.
— بەگلىرىم دىققەت قىلغايكى، — دېدى مېھرىبانۇ ۋاڭ
بىر خىل سۇر، ھەيۋەت بىلەن، — بۈگۈن ھەممىمىزنىڭ
ھاياتىدا يۈز بېرىپ ئۆتكەن ئەڭ مۇدھىش، ئەڭ قەبىھ كۈنلەر-
نىڭ ئاچچىق ھەسرەتلىرىدىن ئۈچ ئالدىغان كۈن. ئەل قىساسۇ-
مىنەلھەق، قىساسكار ھامان ھەقىقەتنىڭ تورىغا چۈشمەي قالماي-
دۇ. ئوردىنى، يۇرتنى، خەلقنى ۋەيران قىلىش بىر نەچچىلا
ئادەمنىڭ قولىدىن كەلدى. بۇلار خەلقىنى، يۇرتىنى زادىلا ئويى-
لىمىدى. ئۆز نەپسىنى دەپ خەلقنىڭ كۆڭلىدىن كەتمەيدىغان،
تارىخ سەھىپىسىدىن ئۆچمەيدىغان يامانلىقلارنى قىلدى. بىز بۈ-
گۈن ئۇلاردىن ھېساب ئالايلى!
— ئەل قىساسۇمىنەلھەق! — دەپ توۋلاشتى ھەممىسى.
شامەخسۇت بىلەن ھاشىر تەيجى ئۇدۇل ئولتۇرغانىدى.
ئۇلار يەر ئاستىدىن بىر بىرىگە قارىشىۋالدى. ھاشىر تەيجىنىڭ
قەددى پۈكۈلگەن، كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچكەن، يۈزلىرى قارى-
داپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەلپازىدىن قىلچىمۇ ئەسەر

قالمىغانىدى. ئۇ ئىچكى بىر ئېزىلىش ۋە ئەندىشە ئىچىدە تىترەپ تۇرغان قەددىنى پۈككەن ھالدا ئولتۇراتتى. مېھرىبانۇ يۇنۇس قازى ئاخۇنۇمغا جىددىي قاراپ:

— يۇنۇس قازى ئاخۇنۇم جانابلىرى يۇقىرى ئۆتسىلە، — دېدى.

— خوش، پۇجۇك ئاغىچام، — دېگىنىچە يۇنۇس قازى ئاخۇنۇم تەختىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قويۇلغان ئۇستەل يېنىغا كې-لىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى ۋە قۇرئان كەرىمنى ئالدىغا قويدى. مېھرىبانۇ قولىنىڭ بىگىز بارمىقىنى جورۇپ مەلۇمچىگە دېدى:

— جىنايەتچى كەلتۈرۈلسۇن!

سۇۋۇر پاكارنى ئىككى يايى يالاپ كىرىپ، مېھرىبانۇ ۋاق-نىڭ ئالدىدا تىزلاندۇردى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئۆسۈپ، يۈزىنى ئاپپاق ساقال - بۇرۇت بېسىپ كەتكەن، ئورۇق يۈزىنىڭ ياڭاق-لىرى چىقىپ، يوغان قۇلاقلىرى سالپىيىپ قالغانىدى، پۈكۈ-لۈپ قالغان ئورۇق تېنىدىن ئىككى مۈرىسى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پاكار بويىغا ماس كەلمەيدىغان يوغان قوللىرى قاپقارا كىرلىشىپ كەتكەنىدى. چىملداپ تۇرغان كۆزلىرى چاپاقلىشىپ تۇراتتى. مېھرىبانۇ ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ سوراق قىلدى:

— سېنى بۇ يەرگە نېمە سۆرەپ كەلدى؟!

— جىنايەت.

— كىمكى ئۆز ئىگىسىگە تۇزكورلۇق قىلسا ئاخىرى ئۇ نېمە بولىدىكەن؟!

— ئۇ ھالاك بولىدىكەن.

— جىنايىتىڭنىڭ ھەممىسىنى سۆزلە، بۇ يەردە تۇرغان بەگلەر سېنى ياخشىراق بىلىپ قالسۇن.

— مۇھەممەت بېشىر چىگۋاڭ بىلەن ئوردا تالاشتىم. مەن-

چاق-خانغا بېشىر چىگىۋاڭنى مۇھەممەت تالاشتىم. ئابرۇيى سەپ،
ۋەيران يۇرتنى ئۇردىنى، كېلىپ باشلاپ دايۇەنشۇەينى تتىم.
قىلدىم.
— ھە؟! — بىلىدىكەنسەن گۇناھىڭنى سەن دېمەك،
— بىلىمەن، ئۆلۈش ئالدىدا، بەندىدىن ئەمەس، خۇدادىن گۇناھىمنى كەچۈرۈشنى تىلەيمەن. مىڭ قېتىم پەرياد ئۇرۇپ، تومەن قېتىم ئىستىغپار ئېيتىپ، خۇدا ئالدىدا گۇناھىمغا تۇۋا قىلىمەن. بۇ مېنىڭ باقىي ئالەملىكىمدۇر. مەن ۋاڭدىن نىجات-لىق ياكى خەيىر - ساخاۋەت تىلىمەيمەن. قىلىدىغاننى قىلىپ بولدۇم. خۇدايىم مېنىڭ يۈرىكىمنى شۇنداق يارىتىپتىكەن، يەنى مېنىڭ ھاياتىم غەيۋەت - شىكايەتتە ئۆرتىنىپ، ئۆچ، ئاداۋەت، ھەسەت ئوتى بىلەن داغلىنىپ، ھەسرەت كەمىرىگە باغلىنىپ ئۆتتى. پۈتۈن ئۆمرۈم يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان جەننەتتىن كۆز ئۈزمەي ئۆتتى. لېكىن ئۇ جەننەت يېقىنلاشقانسېرى مەن ئۆزۈمنىڭ دوزاخ ئىكەنلىكىمنى بىلدىم. ئەمدى ئۆلۈم ئالدىدا نىجاتلىق تىلە-مەيمەن. شەرىئەت ئالدىدا بويۇنۇم سۇنۇقلۇق، ئەپسۇسكى، بۇل جىنايەت كوچىسىدا مېنى يېگانە دېسىلە خاتا قىلغان بولىدىلا، يەنە دۆلەتلىرى سايىسىدا ھالۋا يەپ كۈن كۆرۈۋاتقانلارمۇ بار. نەزەر كۆزلىرىنى كەڭرەك ئاچسىلا.
— بىلىمەن، سەن دېمىسەڭمۇ بىلىمەن. يامان ئىش دېگەن قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ ئاشكارىلىنىدۇ. ئاۋۋال ئۆزۈڭنى سۆزلە!
سۇۋۇر پاكار دەيدىغانلىرىم تۈگىدى. دېگەندەك قىلىپ جىم ئولتۇرۇۋالدى.
مېھرىبانۇ ۋاڭ قازى ئاخۇنۇمغا قاراپ:
— قېنى ئاخۇنۇم، سۇۋۇرنىڭ جىنايەتلىرى ئۈچۈن قانداق جازا بۇيرۇيمىز؟

— خوش، پۇجۇڭ ئاغىچام، — دەپ ئورنىدىن تۇردى قازى ئاخۇنۇم، — زېمىن، ئالەم پەيدا بولۇپ، دۇنياغا بۇنىڭ-دەك قارا يۈز گۇناھكار كەلگەن ئەمەس، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئەيىبلىنىپ كېلىۋاتقان پىرئەۋىن ئۆزىنى ئالەمنىڭ پادىشا-ھى، ئالەمنىڭ خۇداسىمەن دەپ كەلگەن بولسىمۇ، ھەتتا ئۇ ئاللاتائالا بىلەن خۇدالىق تالاشقان بولسىمۇ، ئاۋام خەلقىدىن ئايرىلمىغان، ئۇ خەيرى - ساخاۋەت قولىنى كەڭ ئېچىپ، خەلقنى ئۆزىدىن ئۈستۈن كۆرگەن، بۇ مەخلۇق، قارا يۈز بولسا يۇرتىدىن كېزىپ، خەلقىدىن بېزىپ، كۈن نۇرىنى كۆرۈۋاتقان خەلققە قاراڭغۇلۇق تىلەپ، ئۇلۇغ ۋاقىمىز مۇھەممەت بېشىر-چىنۋاڭنى قەتلى قىلدۇردى. پۇجۇڭ خېنىم، بۇنىڭدەك گۇناھى چېكىدىن ئاشقان مەلئۇن بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇش گۆرگە چىراغ ياققان بىلەن باراۋەر. بۇنىڭغا خەلقمۇ، شەرىئەتمۇ، قۇر-ئان كەرىممۇ ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ.

قازىنىڭ سۆزلىرى ھەممىنى تەسىرلەندۈردى. ھەممەيلەن بىردەك:

— بۇ قارا يۈز ئۆلۈمگە مەھكۇم! — دەپ توۋلاشتى.

مېھرىبانۇ ياساۋۇللارغا قاراپ:

— بۇ مەلئۇننى ئېلىپ چىقىپ شەن يامۇلىغا تاپشۇرۇڭ-لار، كاللىسىنى ئالسۇن! - دەپ پەرمان قىلدى.

ياپىلار سۇۋۇر پاكارنى سۆرەپ دېگۇدەك ئەپچىقىپ كەتتى.

— ئەمدى ھېلىقى، يېغىلىقتا تۇرپاندا تۇرۇپ قالغان پەخرىدىن باينىڭ ئوغلى يۇسۇپ ئاخۇن كىرسۇن!

يۇسۇپ ئاخۇن كىرىپ، تەخت ئالدىدا توختاپ:

— پۇجۇڭ خېنىمنىڭ ئالتۇن بويى ئېسەن بولغاي - دەپ تەزىم قىلدى.

— قېنى يۇسۇپ ئاخۇن، نەچچە كۈن بۇرۇن ماڭا دېگەنلە-

رىڭىزنى، بەگلەر ئالدىدىمۇ دەڭ، بەگلەرمۇ خەۋەر تېپىپ قال-سۇن!

— خوش پۇجۇڭ ئاغىچام، — يۇسۇپ ئاخۇن سول تەرەپكىرەك ئۆتۈپ بەگلەرگە قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— دايۇەنشۇەينىڭ زۇلۇمىدىن، يۇرتىمىز پاراكەندىچىلىك-كە چۈشۈپ مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭنىڭ هاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغاندا مەن بىر هارۋىنى قوشۇپ پۇجۇڭ ئاغىچامنى بولسىمۇ، بۇ ئېغىر كۈنلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ يىراقراق بىر جايغا ئاپىرىپ قوياي دەپ، ئوردا ئالدىغا كەلگەنىدىم . شۇ چاغدا ئوردائىچىدە بىر قانچىلىغان هارۋا، مەپىلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، هو-نۇس پۇجۇڭ خېنىم ئۆز جېنىنى جان ئېتىپ، ئوردىدىن چىقىپ كېتىشكە تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ، مەنمۇ ئەسقېتىپ قالسام ئە-جەب ئەمەس دەپ، قاراپ تۇردۇم، بىراق دەل شۇچاغدا هاشىر تەيجى هارۋا، مەپىلەرنى يېقىن، يېقىن توختىتىپ، هارۋىكەش، مەپىكەشلەرنى خەزىنىدىكى بىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، هارۋا، مەپىلەرگە بېسىشقا بۇيرۇدى. مەنمۇ شۇ قاتاردا هاشىر تەيجىنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە خەزىنىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، تۇرلۇك نەرسىلەرنى توشۇپ، هارۋا، مەپىلەرگە سېلىشتىم. جەمئىي ئون ئىككى هارۋا، ئۈچ مەپىلىك نەرسە بولدى، بۇ چاغدا كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. هاشىر تەيجى «هەيدەڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. مەن هاشىر تەيجىنىڭ يېنىغا بېرىپ «پۇجۇڭ ئاغىچامنى ئېپ ماڭمامدۇق» دەپ سورىدىم. هاشىر تەيجى «پۇجۇڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن» دېدى. بىز هارۋا، مەپىلەرنى هەيدەپ شەهەردىن چىقتۇق. ئۈچ مەپە بىلەن ئىككى هارۋىنى، هاشىر تەيجى تۆۋەن تەرەپكە يەنى شامالچارۋاغ تەرەپكە ماڭدۇرۇۋەتتى. بۇ هارۋا مەپىلەرنى هەيدىگەنلەر هاشىر تەيجىنىڭ ئۆز ئوغۇللىرىدەك قىلىدۇ. مەن قاتارلىق ئون هارۋ-

كەشنى يوقىرىغى ـ دايۇەنشۇەي تۇرغان جايغا قاراپ ھەيدەتتى.
شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشۈپ «ھاشىر تەيجى بىگىم نېمە قىلىۋاتىدۇ زادى» دەپ ئويلاپ قالدىم.

بىز ئۇزۇن ئۆتمەي دايۇەنشۇەينىڭ لەشكەرلىرىگە دۇچ كەلدۇق. بۇ چاغدا ھاشىر تەيجى ئۇلارغا «بۇ ئون ھارۋىدىكى ئالتۇن، كۈمۈش. بىز بۇنى ئوردىنىڭ خەزىنىسىدىن ئېلىپ چىقتۇق. دايۇەنشۇەي جانابلىرىغا سوۋغا قىلماقچىمىز» دېدى. لەشكەرلەر خۇشال بولغان ھالدا بىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئاۋات باغچىغا ـ دايۇەنشۇەي تۇرۇشلۇق جايغا ئېلىپ ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن سېپىل بىلەن قورشالغان يوغان باغ ئىچىگە كىرىپ قاتار تۇردۇق. ھاشىر تەيجىنى لەشكەرلەر دايۇەنشۇەينىڭ يېنىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن ھاشىر تەيجى بىر يوغان لەشكەر بېشى بىلەن بىللە چىقىپ ھارۋىدىكى نەرسىلەرنى كۆرسەتتى. ئاندىن لەشكەر بېشى ئىچكىرى كىرىپ كەتتى. ھاشىر تەيجى بولسا بىر ئاتقا مىنىپ بىزگىمۇ قارىماي كېتىپ قالدى. ھاشىر تەيجىنى ئىچكىرى باشلاپ كىرگەن لەشكەرلەر بىزگە شۇنداق دېدى:

— سىلەرنىڭ بۇ بېگىڭلار ناھايىتى ياخشىكەن. سۇ دايۇەنشۇەي ئۇنىڭ قولىغا بىر دەستەك بەردى. بۇ دەستەك ئۇنى بۇگۈنكى بالا قازالاردىن ئامان ساقلاپ قالالايدۇ. سىلەرمۇ ياۋاش بولساڭلار بالايىئاپەتتىن ساقلىنىپ قالىسىلەر.

بىز جىمجىت ھالدا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى ئويلىنىپ تۇردۇق. ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىدە «ھاشىر تەيجى بىزنى دايۇەنشۇەينىڭ ئىختىيارىغا بېرىۋەتتى،»، بىزنى ئۆلتۈرەمدۇ، تىرىلدۇرەمدۇ، ئۇنىڭ ئىختىيارى. ئەڭ يامىنى، ئۇ بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىمدۇ. نېمىشقا دېگەندە، شۇنچە كۆپ بايلىقنى ئېلىپ كەلگەن بىز ئۇلار ئۈچۈنمۇ، ھاشىر تەيجى ئۈچۈنمۇ بىر بالايىئاپەت.

ئېھتىمال ھاشىر تەيچىمۇ بۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەت دېگەندۇ . . . »
دېگەندەك ھەرخىل خىياللارنى كۆڭلىمىزدىن كۆچۈرۈپ تۇر-
دۇق. بۇ چاغدا بىر مۇھاپىزەتچىسى بىلەن دايۈەنشۈەي چىقىپ
ھارۋىدىكى ئەرسىلەرنى لامپىنىڭ يورۇقىدا كۆزدىن كەچۈرۈپ
چىقتى. ھەم ناھايىتى خۇشال بولۇپ، كۈلۈپ كەتتى - دە،
بىزگە قاراپ:
— سىلەر بۇ بايلىقلارنى ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ بەرسەڭلار،
چوڭ مۇكاپات بېرىپ، سىلەرنى قويۇۋېتىمەن، — دېدى ۋە
بىردەمدىن كېيىن ھەممىمىزگە نان، گۆش قاتارلىق يەيدىغان
نەرسىلەرنى تارقىتىپ بېرىپ، بىر قانچىلىغان لەشكەرلەرنىڭ
ھەمراھلىقىدا بىزنى ئۈرۈمچىگە يولغا سالدى. بىز كېچە -
كۈندۈز يول يۈرۈپ تۇرپانغا كەلگەندە، ئىككى كۈن ئارام ئالىدى-
غان بولدۇق. ھارۋىلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاپ ئۈستىنى
يېپىپ، ئاتلارنى ئارام ئالدۇردۇق. ھارۋىلارنى ئوندەك لەشكەر
كېچە - كۈندۈز قوغدىدى. مەن ئاكام تۇرپان چوڭ مەدرىسىدە
ئوقىغاندا تۇرپانغا ئىككى قېتىم كەلگەنىدىم. تۇرپاد-
نىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىنى ئوبدان بىلەتتىم. تۇرۇپلا
كۆڭلۈمگە بىر جىن كىردى. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى كۈنى
كېچىدە بىر ئاتنى ئېلىپ قېچىپ كەتتىم. بېرىپ چوڭ مەدرى-
دىن بىر تونۇش تاپتىم. شۇنداق قىلىپ تۇرپاندا تۇرۇپ قالدىم.
كېيىن ئاڭلىسام، ئاياللىم بىلەن بالام دايۈەنشۈەي لەشكەرلىرى
تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنىپتۇ. ئۆيلىرىم كۆيۈپ تۈگەپتۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن قۇمۇلغا كەتكۈم كەلمەي تۇرپاندا تۇرۇپ قالدىم. بۇ
دەرد - ئەلەمدە ھازىرغىچە پۇچۇلۇنۇپ يۈردۈم. يېقىندا ھاشىر
تەيجى ئوردىدا تېخىچە مەنسەپ تۇتۇپ يۈرۈپتۇ دەپ ئاڭلاپ،
پۇجۇڭ ئاغىچام بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئوخشايدۇ دەپ مۇشۇ
ئىشنى ئېيتقىلى يېتىپ كەلدىم.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ھاشىر تەيجىنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى ۋە بىردىنلا مەيدىسىنىڭ سول تەرىپى قاتتىق ئاغرىغاندەك بولۇپ، پۇت - قولىدا ماغدۇر قالمىدى.

مېھرىبانۇ ۋاڭ تەنە قىلىپ كۈلۈپ، ھاشىر تەيجىگە قاراپ دېدى:

— بۈرنى قانچە باقساڭمۇ ئىككى كۆزى جاڭگالدا دېگىنى شۇ. ھاشىر تەيجى جانابلىرى، شۇنچە ئاقىل، شۇنچە مەغرۇر ئىدىلەغۇ؟! ئەل ئالدىدا، ئوردا ئالدىدا رەسۋا بولۇپ قالۇرمەن دەپ ئويلىمىغانمىدىلە؟ جانابلىرى قىلمىغان نېمە ئىشلار قالمىدى؟! مەرھۇم مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ بېيجىڭگە بارغاندا سۇ. ۋۇر پاكار بىلەن بىرلىشىپ، خانغا ئەرز - شىكايەت كۆتۈرۈپ باردىلا. نەمىتۇللا تەيجى ئۆزلىرىگە ئىشىنىپ ئوردىنىڭ خەزىنى. سىنى يوشۇرۇپ قوي دېگەندە، دايۇەنشۇەيگە بايلىقنى بېرىپ ئۆزلىرى ئامان قاپتىلا، قېنى يەنە ئىككى هارۋا، ئۈچ مەپىدىكى ئالتۇن، كۈمۈش؟! يۇرت خاراب، ئەل ۋەيران بولغاندىكىن، ئۆزلىرىنى سوراپ قالغان بايلىقنى خەلققە تاپشۇرۇشلىرى كې. رەك ئىدى. ئۆزلىرى نېمە قىلدىلا، ئالتۇن بىلەن ئالتۇن تېپىپ، كۈمۈش بىلەن كۈمۈش تېپىپ، ھېچكىمنى نەزەركۆز. لىرىگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالدىلا. يەنە تېخى ئوردىدا پىتنە - پاسات تېرىپ، شامەخسۇت بەگكە يامانلىق ئۆگىتىپ، ماڭا بەتنام چاپاپ رەسۋا قىلماقچى بولدىلا. جانابلىرى مەھشەرگاھقا بارغاندا، خۇدا قازى بولغاندا نېمە دەرمەن دەپمۇ ئويلىمىدىلامۇ؟! ئەمدى نېمە هالغا چۈشۈپ قالدىلا؟ — مېھرىبانۇ بىردىنلا ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، ھاشىر تەيجىنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. مېھرىبانۇ ۋاڭدا بىر خىل كەسكىنلىك بار ئىدى. بۇ كەسكىنلىكنى بىر قىسىملار قارامىلىق دەپمۇ قارايتتى. ھازىر مانا شۇ كەيپىيات ئۇنىڭدا نامايان بولغانىدى. مېھرىبانۇ ۋاڭ

ھاشىر تەيجىنىڭ يېنىغا كەلگۈچە ئۇ گۇپ قىلىپ يەرگە يىقىل-
دى. ئۇنى ھېچكىم تۇتۇپ ئالالمىدى. تۇتۇپ ئېلىشمۇ مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. بۇنى كۆرۈپ شامەخسۇتنىڭ چىرايى تاتىرىپ
كەتتى. ئولتۇرغانلارمۇ جىددىيلىشىپ بىر ھاشىر تەيجىگە، بىر
مېھرىبانۇ ۋاڭغا قارىشاتتى.

— بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق! بەگ ئىدىم، چاقماق
ئىدىم، ئۆزىدىن ئۆزگىگە باقماس ئىدىم، دەپ يۈرگەن بىر تەيجى
بەگنىڭ ھالى شۇمۇ؟! سىلىگە دەپ قوياي، ھامان ئادالەت
دېگەن بىر نۇر، بۇ نۇر سىلەردەك ساختىپەز، ھىيلىگەرلەرنى
ئاشكارىلىماي قالمايدۇ. تۇرسىلا، گۇناھلىرىنى خۇدا ئالدىدا
بولسىمۇ ئىقرار قىلسىلا.

— پۇجۇڭ ئاغىچام، ئۇ كىشى ھوشىدىن كەتتى. ھەزرەت-
لىرىنىڭ گېپىنى شۇ ھالدا ئۇ بىلمەس، — دېدى نەمىتۇللا
تەيجى.

— ئۇ بىلمىسە، باشقىلار بىلەر، ئەپ چىقىڭلار، تېۋىپ
كۆرۈپ باقسۇن. جېنى بارمۇ - يوق.

يايىلار ھاشىر تەيجىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاغ-
زىدىن ئاپئاق شۆلگەي ئېقىپ تۇراتتى.

مېھرىبانۇ ۋاڭ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن پەرمان قىل-
دى.

— نەمىتۇللا تەيجى بېگىم.

— نەمىتۇللا تەيجى «خوش» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى.

— يايىلار باشلىقىغا پەرمان بەرسىلە. گوندەك ئادەمنى
باشلاپ بېرىپ ھاشىر تەيجىنىڭ ئۆيىنى تىنتىپ، پۈتۈن بايلىـ
قىنى ئوردىغا ئېلىپ كەلسۇن!

— خوش پۇجۇڭ خېنىم، دېگەنلىرى توغرا بولدى، —
دېدى نەمىتۇللا تەيجى. چۈنكى ئۇ شۇ گەپنى كۈتۈپ ئولتۇرغاند-

دى.

— قېنى قازى ئاخۇنۇم هاشىر تەيجىگە شەرىئەت قانداق هۆكۈم قىلىدۇ؟

ئۇلتۇرغان بەگلەرنىڭ كۆپ قىسمى هاشىر تەيجىنىڭ بۇنداق ئىشلىرىدىن بىخەۋەر ئىدى. شۇڭا بۈگۈن هاشىر تەيجىنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، هەم قاتتىق غەزەپلەندى.

يۇنۇس قازى ئاخۇنۇم هۆكۈم قىلدى:

— هاشىر تەيجىنىڭ گۇناهى ئىنتايىن ئېغىر، پوجۇڭ ئاغىچامنۇ ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى، ئوردىغا قىلغان خىيانىتىنى يۈزىگە سېلىپ شەرمەندە قىلدى. لېكىن شۇنى دېيىش كېرەككى، ئەگەر بىز ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئوردىغا تەۋە مۈلكى بىساتىنى، دەپىنە - دۇنيانى تاپشۇرۇپ ئېلىپ كەلسەك، بۇنىڭ بىلەن هاشىر تەيجىنىڭ گۇناهىنىڭ بىر قىسمى يېنىكلەيدۇ. شۇڭا هاشىر تەيجىنى ئۆمۈرلۈك زىندانغا سالماق لازىمدۇر.

بۇ هۆكۈمگە ھەممىسى رازى بولۇشتى. بىراق هاشىر تەيجى شۇ ياتقىنىچە ئون كۈن يېتىپ هوشىغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۆيىدىكى ھەتتا مەخپىي خەزىنىلىرىدىكى بارلىق مال - مۈلۈك ئوردىغا توشۇلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئۆرە بولالماي ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە ئۆلۈپ قالدى.

* *

خان پەرمان چۈشۈرۈپ يامۇلنىڭ بۇرۇنقى ئامبال، ئايماق بەگلىرىنى بارلىق مال - مۈلكى، بالا - چاقىسى بىلەن قوشۇپ بېيجىڭگە چاقىرىپ ئېلىپ كەتكەندى. كېيىنكى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىر قىلىنىپ، ئۆزلىرى-

گە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇلغا يېڭى-
دىن ئامبال بېگى ھەم ئايماق بېگى تەيىن قىلىنىدى. بۇ ئامبال
بېگى بىلەن ئايماق بېگى قۇمۇلغا كېلىپ ئالدى بىلەن مۇھەممەت
بېشىر چىڭۋاڭنى خاتىرىلەش مۇنارىسى قوپۇردى. ھەرىيلى ئىك-
كىنچى ئايدا بارلىق ئەمەلدارلار چىقىپ مۇنار ئالدىدا تۇرۇپ
مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭغا باش ئۇراتتى. ئېچكىرىدىن چىققان
ئەمەلدارلارمۇ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ مۇنارىسىغا بېرىپ
باش ئۇرماي كەتمەيتتى.

يېڭى تەيىنلەنگەن خان ئامبىلى سۈۋۈرنىڭ ئىشلىرىدىن
خەۋەر تېپىپ، ئۇنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن خېلى كۆپ ھەرىكەت
قىلغانىدى. ئۇلار تۇنۇگۈن ئوردىغا كىرىپ سۈۋۈر پاكارغا ئۆلۈم
جازاسى بېرىشنى ئېيتتى. بۈگۈن شەرىئەتمۇ ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆ-
كۈم قىلدى.

شۇ كۈننىڭ ئەتىسى، ئەتىگەندە سۈۋۈر مۇھەممەت بېشىر
چىڭۋاڭ قەتلى قىلىنغان جايغا ئېلىپ چىقىلدى. ئۇ يەرگە ئۇنىڭ
خوتۇنىمۇ يالاپ چىقىلدى. بۇ يەرگە نۇرغۇن خەلق يىغىلغانىدى.

سۈۋۈر مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇزۇلۇپ ئۇنىڭ بارلىق
جىنايى قىلمىشلىرى خەلققە جاكارلاندى. ئۇنىڭدىن ئون چامدام
يىراقلىقتا خوتۇنى مىنىس ئاپپاق تۇرغۇزۇلغانىدى. ئۇستىدىكى
ئىلمە ئىلىنغان تاۋار كۆڭلەكلىرى توپىغا مىلىنىپ مەينەتلىشىپ
كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ھەسەت ئوتىدا پۇچۇلىنىدىغان يۈرىكى تىت-
رەتتى. شۇملۇقتىن يېنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى چاپاق باسقا-
نىدى. چۈۋۈلغان چاچلىرى قاپقارا بولۇپ كىرلىشىپ كەتكەن
لېچىكىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئۇ گەزباسقان كالپۇكىنى تىلىنى
ئۇزۇن چىقىرىپ يالىغاندەك قىلىپ ئەتراپتىكى ئادەملەرگە سەپ-

سىلىپ قاراتتى. بۇ چاغدا خان يامۇلىنىڭ جالالىتى بىر پەرمان بىلەن قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سۇۋۇرنىڭ كاللىسىنى ئېلىۋەتتى. سۇۋۇرنىڭ ئاپپاق بېشى يەردە نەچچە دۇگىلىنىپ توختاپ قالدى. بۇ باش كۆزلىرى ئوچۇق، تىلى ساڭگىلىغان هالدا تۇراتتى. بۇنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇرغان مىنىس ئاپپاقنىڭ شۇ جايدىلا يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلدى.

# ئوتتۇزىنچى باب

سۇۋۇر قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن مېھرىبانۇۋاڭنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولغان ھالدا ئويلىنىپ يۈردى. ئادەم ھامان ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ قانداق ئۆلۈشىنى ئاللاتائالا ئۆزى بۇيرۇسىمۇ، بۇ ئۆلۈش يەنىلا شۇ ئادەمنىڭ خۇلقى، مىجەزىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدىكەن، سۇۋۇر بىر ئۆمۈر ئۆزى تۇرغان زېمىن بىلەن قارشىلىشىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ ئايالى بولسا ھامان ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ يۈردى. ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ بېشىنى ئۆزلىرى يېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مېھرىبانۇ ۋاڭ سۇۋۇر ھەم ئۇنىڭ خوتۇنى ھەققىدە ھەرگىز ئويلانمىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى شامەخسۇت بەگ بولۇپ قالدى. شامەخسۇتنىڭ ھاشىر تەيجى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن بىرلىشىپ قىلغان ئىشلىرىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، بىرتالغىنە قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئايايدۇ. قىزى ئېرىنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەدېسىلا ئاپىسىغا ئېرى ھەققىدە گەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇنىڭ ھەرقانداق گۇناھى بولسا كەچۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋرىسى نەزەر شاھ چوڭ بولۇۋاتىدۇ. مېھرىبانۇۋاڭ نەۋرىسىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن بولسىمۇ شامەخسۇت بەگنى كەچۈرۈۋەتمەي بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن تۈزۈكرەك سۆزلىشىپ تەنبىھ بېرىشى كېرەك، مېھرىبانۇ ۋاڭ شۇلارنى ئويلاپ

ئولتۇراتتى. مەلۇمچى كېنىزەك مەلۇم قىلدى:
— پۆجۆك ئاغىچامغا مەلۇم بولغاي، نەمىتۇللا تەيجى بېگىم كىرىشكە ئىجازەت سورايدۇ.
— كىرسۇن.
مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ يېنىدىكى كېنىزەك ئۈنچە پەردىنى چۇ. شۇرۇۋەتتى. نەمىتۇللا تەيجى كىرىپ مېھرىبانۇ پۆجۆڭگە سالام بېرىپ، ئىجازەتتىن كېيىن ئولتۇرۇپ سۆزلىدى.
— پۆجۆك خېنىم ھەزرەتلىرىگە مەلۇم بولغاي. ھاشىر تەيجىنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر ھەددى ھېسابسىز، ئوردىنىڭ خەزىنىسى شۇنىڭ بىلەن تولۇپ قالدى. ھەزرەتلىرى خەزىنىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرگەيلا. ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ يوشۇرۇۋالغىنى پۈتۈنلەي ئالتۇن، كۈمۈش لەئەل - جاۋاھىرات. لار ئىكەن. ئۇلار ئۆزپېتى بەگنىڭ مەخپىي خەزىنىسىدە، ساق. لىنىپ تۇرۇپتۇ، ھاشىر تەيجىنىڭ ئادەتتىكى خەزىنىلىرىمۇ تولۇپ كەتكەنىكەن، ئادەتتىكى خەزىنىلىرىدىكى مال - دۇنيانى ئوغۇللىرى «بۇ دادامنىڭ ئاز خىراج بىلەن كۆپ ئىقتىساد قىلىپ يىغقان مال - دۇنياسى» دەپ تونۇشتۇرغانىدى. ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى قالدۇرۇپ قويدۇق. ئوغۇللىرىنىڭ مال - مۈلكىگە تەگمىدۇق. چۈنكى ئۇلار دادىسىدىن ئالغان دەسمايە پۇلنى تامامەن تۆلەپ بولغانىكەن. بۇنىڭدىن ئوغۇللىرىمۇ رازى بولدى.
— ياخشى قىپتىلا، تەيجى بېگىم، ئادىللىق قىپتىلا.
— سەمىمىيەت بولمىغاندىكىن شۇنداق بولىدىغان گەپ، ھاشىر تەيجى ئوغرىنىڭ بېشىدا ھامان ئوت كۆيىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان.
— ئىززىتىنى بىلمىگەندىكىن ئەدىپىنى يېدى. ئۆزلىرى ئويلاپ باقسىلا، بەگ، تەيجىلەر بۆرە بولسا، ئاۋام پۇقرا قانداق

كۆنگە قالىدۇ. يامانىنىڭ يولى قۇرۇق. ياخشىنىڭ يولى ئۇلۇغ، ۋاپاسىزلىقتىن قەبىھ بەتتاملىق يوق. كۆڭۈل دېگەن يامان بول-سا، ئۇ، تۈن كېچىدەك قاراڭغۇ تۇرىدىغان گەپكەن.
گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، قاغۇم باغچە تەرەپتىن يەنە ناخشا ئاڭلاندى. مېھرىبانۇ ۋاڭ ئەتىگەندە دېرىزىنى قىيا ئېچىپ قويغا-نىدى. كۆزنىڭ سوغۇق شامىلى ئۆي ئىچىنى سالقىنلاشتۇرۇپ تۇراتتى. ئەنە شۇ سوغۇق شامالغا ئەگىشىپ ئوچۇق دېرىزىدىن تەمبۇرنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئاڭلاندى:

تەلكىنىنىڭ داۋانىدىن
ئېتىڭنى قامچىلاپ ئۆتتۇڭ.
گېپىڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق،
يۈرەككە ئوت سېلىپ ئۆتتۇڭ.

بارسەن بىر ـ بىرىبىسىپ،
تامچە سۇدەك ئايرىلىپ.
مۇنچىمۇ باغرىڭ قاتتۇرمۇ،
باقمىدىڭ بىر قايرىلىپ.

ھەسرەت، نادامەتتە چىقىۋاتقان تەمبۇرنىڭ سىم تارلىرىنىڭ ئا-ھۇ، پىغانلىق مۇڭلىرى ئۆي ئىچىگە جىمجىتلىق ئېلىپ كىر-دى. نەمىتۇللا تەيجى بۇ ناخشىنىڭ تارىخىنى بىلەتتى. ھەتتا بۇ ناخشىنىڭ تارىخىنى ئىلىغا تويغا بارغانلار، توي كۆچۈرۈپ كەل-گەنلەرمۇ بىلەتتى. بەلكىم بۇ ناخشا شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇنتۇلۇپ كەتكەندۇ. لېكىن بۇ يەردە ئولتۇرغان نەمىتۇللا تەيجى مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ مۇھەببەت تارىخىنى كۆڭلىدە ساقلاپ كەلگە-نىدى. نەچچە كۈن بۇرۇن نەمىتۇللا تەيجى ئۆزى بۇ يېگانە ئادەم

بىلەن كۆرۈشتى. بۇ يىگانە ئادەم ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى مېھرىبانۇ ۋاڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى، بۇگۈن نەمىتۇللا تەيجى مانا شۇ ئىشنىمۇ مېھرىبانۇ ۋاڭغا ئېيتىمەن دەپ تۇراتتى. بۇ ناخشا ھەر ئىككىسىنىڭلا كۆڭۈل بېغىغا ئۇسۇپ كىردى. نەمىتۇللا تەيجى ھەممىنى چۈشەنگەن ھالدا دېمەكچى بولغان سۆزىنى يۇتۇۋېتىپ جىمجىت ئولتۇراتتى. مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى تەئەددىلىك بىر مەنە بىلەن چوڭ ئېچىلىپ، نېپىز لەۋلىرى قانداقتۇر بىر ھېيقىش بىلەن ھىملەشتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل بېغىغا بىر خىل ئەنسىزچىلىك چۈشتى. يۈرىكى سىقىلىپ، بىردەردلىك تۇيغۇ تىقىلىپ قالغاندەك بولدى. ئەمما ئۇ ئۆز ھاياتىدا نامايان قىلىپ كەلگەن ئىنسانى بۇرچىنى ـ ئادەملەرنىڭ بەختىكە، ئادالەتكە، ئىنسان ۋۇجۇدى تەلپۈنگەن گۈزەللىككە دەۋەت قىلىشتەك ئىنسانى پەزىلىتىنى ئويلىغىنىدا تەمبۇرنىڭ مۇڭىمۇ، ناخشىنىڭ ساداسىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. لېكىن يۈرىكىدىكى بىر يارا ئۇنى بىئارام قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دائىم بىر خىل تەمكىن تۇرىدىغان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ نەمىتۇللا تەيجىگە ئۇنچە پەردە ئىچىدىن سەپسالدى. نەمىتۇللا تەيجى ئۇزۇن بىر تارىخنى ئوقۇشقا مەھلىيا بولغان ئاخۇنۇمدەك بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى. پۈجۈڭ خېنىم بۇ جىمجىتلىقنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئېغىز ئاچتى:

— جانابلىرىنى ھېلىقى، يۇرتىمىزدا پەيدا بولۇپ قالغان يىگانە ئادەم ھەققىدە سۈرۈشتۈپ كۆرسىلە، دېگەنىدىم قانداق بولدى؟

— خوش، پۈجۈڭ خېنىم ئۇ ئادەم بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشۇپ كۆردۈم. كېچىنى جۇمە مەسچىتىنىڭ ھۇجرىسىدا ئۆتكۈز-

سە، كۈندۈزنى قاغۇ باغچىنىڭ قېرى چۈجەم تۈۋىدە ئۆتكۈزىدە-
كەن. بۇ ئادەم ھېچكىمگە سىرىنى بەرمەپتۇ. ماڭا دېگىنى ـ
مېھرىبانۇ پۈجۈك بىلەن بىر قېتىم كۆرۈشۈشمگە ئىجازەت
بەرگەن بولسا، دەيدۇ، ــ دېدى نەمىتۇللا تەيجى.

ــ مەن ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشمىسەم، ئۇ كىشىنىڭ
بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق تەلىپى بولسا جانابلىرىغا دېسە، جاناب-
لىرى ھەل قىلىپ بەرسىلە.

ــ خېنىم، بۇ جەندە كىيگەن، ئاددىي، ئاق كۆڭۈل
ئادەمگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىردەرد ـ پىراق
باردەك قىلىدۇ.

ــ بىلدىم. نەمىتۇللا تەيجى بېگىم، مەن دېگەندەك قىلى-
سىلا.

نەمىتۇللا تەيجى پۈجۈگىنىڭ پاك قەلبىنى چۈشىنىپ «خوش
خېنىم! » دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.

شۇ كېچىسى مېھرىبانۇ پۈجۈگىغا تۈن بەك ئۇزاق بىلىنىپ
كەتتى. ئۇ مۇھەممەت بېشىرچىگۋاڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن قىرىق
نەچچە يىللىق ھاياتنى ئەسلىدى. ئويلىغانسېرى ئۇز ھاياتىغا
پۇشايمان قىلمىدى. نېمىلا بولمىسۇن، خەلقىمالەم ئالدىدا ياخ-
شى نامى بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ خوشاللىقلىرى، قايغۇ ـ ھەس-
رەتلىرى ئەنە شۇ زېمىنغە سىڭىپ كەتتى. ئەمدى يېشى يەتمىش-
كە يەتكەندە تالاي يىللار ئىلگىرى ئەڭ يىراقتا قالغان بىر
ئوتنىڭ ئۇچقۇنى كۆزنىڭ سالقىن ھاۋاسىغا قوشۇلۇپ ئۇنىڭ
يۈزىگە، قۇلاقلىرىغا، ۋە يۈرىكىگە ئۇرۇلغان بولسىمۇ پەقەت
سەگىتىپ قويغاندەكلا بولدى. ئۇ جىمجىت ئولتۇرۇپ ئويلىناتـ
تى. ئويلانغانسېرى بۇ سەگىتىش ئۇنىڭ تېخىچە ياشلىق ئۇرغۇپ
تۇرغان يۈرىكىگە، جۇشقۇنلۇق ھېسسىياتىغا مەلھەم بولىدىغان-
دەكمۇ تۇيۇلدى. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ئوچۇق تۇرغان دېرى-

زىدىن تەمبۇرنىڭ سادالىرىمۇ ئاڭلانماس، ناخشىنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانماس بولدى. مېھرىبانۇ ۋاڭ بۇنى سۇرۇشتۇرمىدى.

يېگانە ئادەم شۇنىڭدىن كېيىن بۇ شەھەردىن كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتى ھەققىدە ھېچكىم ھېچ نېمە دېمىدى.

*

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. مېھرىبانۇۋاڭ تېخىچە شامەخسۇت بەگ بىلەن ئوچۇقراق سۆزلىشىپ باقمىدى. يە ئۇنى ئارتۇقچە ئەتىۋارلاپمۇ كەتمىدى. شامەخسۇت بەگمۇ كۆپىنچە مېھرىبانۇ ۋاڭدىن قورقۇپ ئۇنىڭغا يولۇقۇپ قېلىشتىن قاچاتتى. ئۇ ئوردىدا چۈشىن يەۋالغاندەك ناھايىتىمۇ ئەپسىز بىر ھالەتتە ياشىدى.

بىر كۈنى ۋاڭ نەۋرىسىنى ئويىنىتىپ ئولتۇراتتى. مەلۇمچى كېنىزەك كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— پۈجۈڭ ئاغىچامغا مەلۇم بولغاي، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن خان ئامبىلى خاننىڭ يارلىقىنى يەتكۈزگىلى كىرگۈدەك.

مېھرىبانۇ ۋاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ «نېمە يارلىق بولغاي» دەپ ئويلىدى ھەم مەلۇمچىگە دېدى:

— ھەممە ئەمىرلەرگە ئۇقتۇرۇپ قوي، ھەممىسى چۈشتىن كېيىن سارايغا يىغىلسۇن. سارايىنى ئەستىپ قويۇڭلار.

— خوش خېنىم، — دېگىنىچە مەلۇمچى كېنىزەك چىقىپ كەتتى.

مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ خىياللىرى يەنىلا چىگىشلىشىپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى تەختىلىك سارايىنىڭ تاشقى بۆلۈمىگە يىغىلغان چاغدا مەلۇمچى:

— مېھرىبانۇ پۈجۈڭ خېنىم كىردى ـ دەپ خەۋەر قىلىنۋ-
دى. ھەممىسى باشلىرىنى ئېگىپ تەزىم بىلەن كۈتۈۋالدى ھەم
ۋاڭغا ئەگىشىپ تەختلىك سارايغا كىرىپ ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇر-
غان ھالدا مېھرىبانۇ ۋاڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى:

— پۈجۈڭ ئاغىچامنىڭ ئالتۇن بويى ئېسەن بولغاي!

مېھرىبانۇ ۋاڭ تەختكە ئولتۇرۇۋېلىپ:

— ھەممىلىرى ئولتۇرۇپ قالسىلا، — دەپ بەگلەرگە
ئىجازەت بەردى، — ھەم شۇنداق دېدى، — چۈشتىن بۇرۇن
ئامبال بېگىنىڭ مەلۇمچىسى كىرىپ مەلۇم قىلدى. خان ئالىي-
لىرىدىن يارلىق چىقىپتۇ. ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى
جەم بولسۇن، دېگەنىكەن، مېھرىبانۇ ۋاڭ گەپتىن توختاپ ئول-
تۇرغانلارغا سەپسېلىپ قارىدى، ئارىدا شامەخسۇت بەگ يوق
ئىدى. شۇڭا ئۇنى سورىدى، — شامەخسۇت بەگ كۆرۈنمەيدى-
غۇ؟

ئارىدىن بىرى جاۋاب بەردى:

— ھاشىر تەيجى قازا قىلغاندىن كېيىن خوجامنى تولا
ئۇچراتمايدىغان بولۇپ قالدۇققۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق، دېيىشتى ھەممەيلەن بۇ گەپكە
قوشۇلۇپ.

— مەن بۈگۈن شامەخسۇت بەگكىمۇ ئالاھىدە خەۋەر بەر-
گەنىدىم. بۇ چاغدا شامەخسۇت بەگ ئالدىراپ كىرىپ كەلدى ـ
دە، مېھرىبانۇ ۋاڭغا سالام بەردى:

— پۈجۈڭ ئانامنىڭ ئالتۇن بويى ئېسەن بولغاي.

— ئولتۇرغايلا، — دەپ ئىجازەت بەردى ۋاڭ.

شامەخسۇت بەگ ھېچكىمگە قارىماي ئورنىدا ئولتۇردى. ئۇ
ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى ياكى
ئەمەلدە كۆرسەتكىنىنى مەيلى خاتا بولسۇن، توغرا بولسۇن،
ئۆزى ئۈچۈن «توغرا» ھېسابلايتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ باھاسى،

كىشىلەرنىڭ قارىشى ياكى خاھىشى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇر-
مايتتى. ئۇنىڭ مېھرىبانۇغا كۆيئوغۇل بولۇشى بۇ خىل خاراك-
تېرىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ قويغانىدى.

ھەممەيلەن بىر پەس ئۆز خىيالى بىلەن بولدى. ئۇلارنىڭ
ھەممىسى دېگۈدەك شامەخسۇت ھەققىدە ئويلىناتتى. كۆپ ئۆت-
مەي خان ئامبىلىنىڭ يېتىپ كىرگەنلىكى خەۋەر قىلىندى.

خان ئامبىلى قولىدا بىر دانە قومۇش نەيچىنى ئىككى قول-
لاپ كۆتۈرگەن ھالدا مەنسەپ مېڭىشىدا بىر - بىر دەسسەپ
سارايغا كىردى، مېھرىبانۇ ۋاڭدىن باشقا ھەممىسى ئورۇنلىرى-
دىن تۇرۇپ خان ئامبىلىغا بېشىنى ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈردى.
خان ئامبىلى تەخت ئالدىدا توختاپ، تىزىنى ئېگىپ ۋاڭغا ھۆر-
مەت بىلدۈرگەندىن كېيىن، قولىدىكى قومۇش نەيچىنى بېشىغا
كۆتۈرۈپ:

— خان ئالىيلىرىدىن يارلىق چىقتى، — دېدى.

مېھرىبانۇ ۋاڭ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ پەسكە چۈشتى ۋە
خان ئامبىلى ئىككى قوللاپ بېشىدا تۇتۇپ تۇرغان قومۇشنى
ئىككى قوللاپ ئېلىپ، بېشىغا كۆتۈرۈپ، نەمىتۇللا تەيجىگە
بەردى. نەمىتۇللا تەيجىمۇ ئىككى قوللاپ ئېلىپ لىۋىگە تەگكۈ-
زۈپ، قومۇش ئىچىدىن بىر پارچە يارلىق قەغىزىنى ئالدى.

خان ئامبىلى بېشىغا قىزىل مونچاقلىق بۆك، ئۇستىگە
ئالدى - ئارقىسىدا تۆت سىڭىرلىك چاچماتىكىلگەن قارا كۆك
تاۋار چاپان كىيگەنىدى. بىر تال ئۇزۇن چېچى ساڭگىلاپ تۇراتت-
تى. بوينىغا چىلاندەك تىزىلغان زۇننار ئاسقانىدى. ئۇ يارلىقنى
قاراپ تىكىلىپ تۇراتتى.

نەمىتۇللا تەيجى خاننىڭ يارلىقىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«قۇمۇل چىڭۋاڭى شامەخسۇت، ئانىڭىز مېھرىبانۇ پۈجۈك
خېنىمنىڭ بىرىنچىدىن ئۆزۈم قېرىپ قالدىم، جانغا ئېيتماق
يوق، ئىككىنچىدىن ئايال بولغانلىقىم ئۈچۈن بەزەن يۇرت باش-

قوروش ئىشلىرىدا قىيىنچىلىقلار كۆرۈلۈۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۇ-
چۇن كۆيئوغلۇم شامەخسۇت بەگنى چىڭۋاڭلىققا تەيىنلىسە دەپ
خانلىققا تۇتقان ئىلتىماسىنى ماقۇل كۆرۈپ، سىز شامەخسۇتنى
چىڭۋاڭلىققا، مېھرىبانۇنى فۇ ۋاڭلىققا تەيىن قىلدۇق.

شۇ ئاي، شۇ كۈندىن باشلاپ ئىجرا قىلىنسۇن.

كاڭشۇي خانىنىڭ ئۈچىنچى يىلى، 7 ـ سېنتەبىر.

خەتنىڭ بېشى ئوقۇلۇشقا باشلىغاندىلا مېھرىبانۇ ۋاڭ بۇ
يەردىكى سۆيىقەستنى چۈشىنىپ بولغانىدى. ئەمما ئۇ نېمە قى-
لىش كېرەكلىكىنى دەرھال كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، مەز-
مۇت تۇرۇپ قىلچە چاندۇرمىدى. چۈنكى خانىنىڭ يارلىقى چۈ-
شۈپ بولغاندا داۋراڭ قىلىپ شامەخسۇتنى ئۆلۈمگە بۇيرۇش
مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاچچىقىدا ۋارقىراپ «بۇ سۆيى-
قەست!» دېيىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئەزەل-
دىن ئۆز ئىززىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان پۇجۇڭ خېنىم بۇ يەردە
چىرايىنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتمەي خۇددى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان
ئىشتەك قاراپ تۇردى. ھەم شامەخسۇتقا قاراپ دېدى:

ــ خوش، شامەخسۇت چىڭۋاڭ، خانىنىڭ يارلىقىنى قوبۇل
قىلىڭلا. بۇ سىلىنىڭ ھەم مېنىڭ نىيىتىم.

ئولتۇرغان بەگلەر غۇلغۇلا قىلىشتى، ھەممىيلەن بۇ يەردە
بىر ھىيلىنىڭ بارلىقىنى پەم قىلىشتى. شامەخسۇتمۇ بىر ئاز
ئالاقزادە بولۇپ خىجىللىق ئىچىدە قالدى. ئۇ مېھرىبانۇنىڭ
«سىنىڭلا ئەمەس، مېنىڭمۇ نىيىتىم شۇنداق ئىدى» دېگەن
سۆزىدىن تەسىرلىنىپ قالغانىدى.

خان ئەمەلدارى:

ــ شامەخسۇت كىم؟ ــ دەپ سورىغاندىلا شامەخسۇت
خان ئامبىلىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئامبال نەمتۇللا تەيجىنىڭ

قولىدىن يارلىقنى ئېلىپ شامەخسۇتقا سۇندى. شامەخسۇت يار-
لىقنى قوش قوللاپ ئېلىپ بېشىغا كۆتۈرۈپ، لىۋىگە تەگكۈز-
دى.

بۇ چاغدا ئولتۇرغانلارنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى
ھېچكىم بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ بايىقى سىرلىق كەيپىياتنىڭ
ئورنىنى سوغۇق بىر ھالەت ئىگىلىگەنىدى.

مېھربانۇ ۋاڭ خان ئەمەلدارىغا قاراپ:

— بۇگۈن ئالدىراپ قالدۇق. كېيىن بىر كۈنتى تايىن
قىلىپ، بۇ خۇشاللىق كۈننى سىلەر بىلەن بىرگە كۈتۈۋالىمىز،
— دېدى.

خان ئامبىلى بېشىنى ئېگىپ مېھربانۇغا ھۆرمەت بىلدۈر-
گەندىن كېيىن بىر - بىر دەسسەپ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن
بىرلىكتە ئۆردىدىن چىقىپ كەتتى.

مېھربانۇ ۋاڭ يېنىدىكى سىرلىق يىپەك يىپنى تارتىۋىدى
قوڭغۇراق جىرىڭلىدى، مەلۇمچى كېنىزەك كىرىپ كەلدى.

— خوش، — دەپ تەزىم بىلەن تۇرغان كېنىزەككە:

— چىقىپ خەزىنىچىگە ئېيت، ھاشىر تەيجىدىن ئولجا
ئالغان ماللار ئىچىدە شاھانە تونلار ناھايىتى كۆپكەن، شۇلارنىڭ
ئىچىدىن ئەڭ كاتتىلىرىدىن بىرىنى تاللاپ ئېلىپ چىقسۇن،
شامەخسۇت ۋاڭنى قۇتلۇقلايلى.

— خوش، — دېگىنىچە كېنىزەك چىقىپ كەتتى.

بۇ چاغدا نەمىتۇللا تەيجى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— پۇچۇق ئاغىچامغا ئىلتىماسىم بار، — دېدى.

— خوش!

— مەن بولسام قېرىپ قالدىم، ئەسلى نەسلىم دېھقانمەن،
باللىرىم، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ ھەممىسى دېھقانچىلىق
قىلىدۇ. مەنمۇ ئېتىزنىڭ قىرلىرىدا يۈرۈپ ھاردۇق ئالايمى-
كىن، — ئەمدى.

ئەمتۇللا تەيجىنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا يۇنۇس قازى ئاخۇنۇم ئورنىدىن تۇردى:

— دىنىمىز ناھايىتى پاك دىن، دىني شەرئى دېگەن پاك ھەم ساپلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولغۇم يوق. شۇڭا ئورنىدىن چىقىپ ئۆز مەھەللەمدە ئىمامەتچىلىك قىلسام دەيمەن.

قازى ئاخۇنۇمنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا يەنە بىر بەگ ئورنىدىن تۇردى:

— مېنىڭ ئەزەلدىن شامەخسۇت بەگ بىلەن ئاداۋىتىم يوق. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر بۇنىڭدىن كېيىن ئورنىدا ئىشلەشنى خالىمايمەن. ئۆزۈم تاغدىن كەلگەن، تاغقا چىقىپ مال بېقىشنى ياخشى كۆرىمەن.

شۇنداق قىلىپ بەگلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئورنىدا ئىشلىمەيمىز، ئورنىدىن چىقىپ كېتىمىز دەپ، مېھرىبانۇ ۋاڭغا ئىلتىماس قىلغىلى تۇردى. بۇ ھالدىن شامەخسۇت ۋاڭنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. ئۇ ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى.

مېھرىبانۇ ۋاڭ ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ھەممىسگە بۇيرۇق قىلدى:

— ئولتۇرۇپ قالسىلا، ھەممىلىرى ئولتۇرۇپ قالسىلا، ھەر قايسىلىرى ئۇنداق قىلىشسىلا بولمايدۇ. مەن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن شامەخسۇت بەگنى ۋاڭلىققا قويدۇم. بىز بىر ئادەم ئۈچۈن ئەمەس. پۈتۈن يۇرت ئۈچۈن خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمىز. خەلق ئارىسىدا ياشىغان قۇش ئۆلمەيدۇ. نىيىتىمىز خالىس بولسىلا، خەلق بىزنى جازالىمايدۇ. ئۆزىمىز پاك بولساقلا، خەلق ئالدىدا رەسۋا بولمايمىز. ھەممىلىرى توختاپ قالسىلا يۇرت ئەنجامغا كەلگىلى بەش - ئالتە يىللار بولدى. خەلق ھەممىلىرىگە موھتاج. خەلقىمىز تېخى مەرھۇم مۇھەممەت بېشىرچىڭۋاڭ دەۋرىدىكىدەك ھالەتكە كەلگىنى يوق. يۇرتنى گۈل-

لەندۈرۈپ، خەلقنى باياشات قىلىش بىزنىڭ بۇرچىمىز، — دېدى.
بۇ چاغدا مەلۇمچى كېنىزەك پەتنۇسقا سېلىنغان ئالتۇن يۇلتۇزلۇق يېشىل دۇخاۋا تونىنى ئېلىپ كىردى.
مېھربانۇ پۇجۇڭ پەسكە چۈشۈپ پەتنۇسنى ئېلىپ شاماخسۇتقا تۇتتى:
— چىڭۋاڭلىق مەنسەپلىرىگە مۇبارەك بولسۇن!
بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بىردەك:
— چىڭۋاڭلىق مەنسەپلىرىگە مۇبارەك بولسۇن! — دېيىشتى.
مېھربانۇ پۇجۇڭ ئاستا مېڭىپ تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھەممەيلەنگە قاراپ:
— ئەتىدىن باشلاپ شاماخسۇت ۋاڭنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلغايلا! — دېدى ۋە بىر پەستىن كېيىن، — ئەمدى ھەممەلىرى قايتىپ ئارام ئېلىشسىلا، مەن شاماخسۇت ۋاڭ بىلەن سۆھبەتلىشەي، — دېدى.
ھەممىسى بىردەك «خوش» دېگىنىچە تەختلىك سارايدىن چىقىپ كېتىشتى.
مېھربانۇ تەختتە خېلىغىچە گەپ سۆز قىلماي شاماخسۇتقا تىكىلىپ ئولتۇردى. شاماخسۇت بولسا بېشىنى ئېگىپ قولىدىكى يۇلتۇزلۇق چاپاننىڭ يۇلتۇزلىرىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى.
— ھاماقەتنىڭ بۇرنى ساختىپەزنىڭ قارمىقىدا دېگەندەك، ئۆزلىرىنى ئاشۇ قارماقتىن پايدا ئالدىم دەپ ئويلامدىلا، ئۆزلىرى بۇ تەلەپنى يامان نىيەت بىلەن ئەمەس، ياخشى نىيەت بىلەن، ئوغۇللۇق ئەقىدىلىرىنى ئادا قىلىپ، مېنىڭدىن تىلىگەن بولسىلامۇ ئادىللىق بىلەن رازى بولغان بولاتتىم. ئەمەل ئاسان قولدا-

رىغا كىرگىنى بىلەن، خەلقنى رازى قىلىش ئاسان ئەمەس، ئۆزلىرى تاش سانىسىلا، پۇقرالار قوم سانايدۇ. ھەزرەتلىرى مەنپەئەت ئەمەلدارى بولماي، ھەق - ئادالەت ئەمەلدارى بولغايلا. بۇگۈندىن باشلاپ ئوردا ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىگە نېسىپ بولدى. ئاللاتائالا نىيەتلىرىگە ئادىللىق ئاتا قىلسۇن. لېكىن شۇنىمۇ سەمىلىرىگە سېلىپ قوياي، ئۆزلىرى ئوردىغا كېلىپ ئۇزۇن بولمايلا ھاشىر تەيجى بىلەن بىرلىشىپ، مېنى ھالاك قىلىش يولىغا ماڭدىلا، قاراپ باقسام، خانغا يازغان بۇ ئىلتىماسمۇ ھاشىر تەيجىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن بولغان، يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ مېنى ھاقارەت قىلىپ، تۆھمەت چاپلىماقچى بولدىلا، ئاخىر يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام بولدى. بابا ئەمىرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرۈشىمۇ ئەنە شۇ سەۋەبلەردىن بولسا كېرەك. لېكىن بۇ نارازىلىقنى بەگلەردىن كۆرمەي ئۆزلىرىدىن كۆرسىلە. ھەر قەدەملىرىدە ئۇلارغا ياخشىلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشسىلە. يەنە شۇنىمۇ دەۋالايكى، مەن ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن گۇناھلىرىدىن كەچسەممۇ مېنى نەمستۇللا تەيجىگە چاپلاپ قىلغان شەرمەندە ھاقارەتلىرىدىن ھەرگىز كەچمەيمەن. بۇ دۇنيا دېگەن ئەسكى رابات، بىز بولساق بىر ئۆتكۈنچى. سىلى بىلمەمدىلا، نى - نى تەخت تۇتقان شاھى سۇلتانلار قالدىمۇ، ئادەم ھامان ئۆلىدۇ. ئەمما ياخشىلىق ئۆلمەستۇر. شاھمۇ ئۆلىدۇ. ئەمما ياخشى نام ئۆلمەستۇر. چىقىپ كېتىشلىرىگە ئىجازەت.

شامەخسۇت تون سېلىنغان پەتنۇسنى كۆتۈرگەن پېتى ئاستا چىقىپ كەتتى.

* *

ئەتىسى مېھرىبانۇ ۋالى ئوردا ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ پەرمان

قىلدى:
— ئوردىنىڭ بىرىنچى تەيجىسى يەنە چوڭ تەيجى يەنىلا نەمىتۇللا بەگ بولىدۇ. ئوردىنىڭ ئىككىنچى تەيجىسى يەنى كە-چىك تەيجى نۇسرەت بەگ بولىدۇ. باشقا ئەمەلدارلار، يەنىلا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە غورۇرى جانابلىرىنىڭ كېسەل بىلەن ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان مېھرىبانۇ ۋاڭ ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتى ئېلىغا بېرىپ تۇغقانلىرىنى كۆرۈش، ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاش، غورۇرى جانابلە-رىغا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ كېلىش قارارىغا كەلدى.

مېھرىبانۇ ۋاڭ ئىلىغا بېرىپ بىر نەچچە ئاي تۇرغان كۈن-لەردە نەمىتۇللا تەيجىنىڭ مەخپىي قەتلى قىلىنغانلىقى ھەمدە بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن يۇنۇس قازى ئاخۇنۇمنىڭ بالا - چاقىسىنى ئېلىپ تۇرپانغا قېچىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. بۇ خەتنى نۇسرەت بەگ يازغانىدى، كۆڭلى خاتىرجەم بولالمىغان مېھرىبانۇ ۋاڭ ئىلىدا ئاران ئۈچ يېرىم ئاي تۇرۇپ يەنە قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى. نەمىتۇللا تەيجىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن چەكسىز ھەسرەتلەنگەن مېھرىبانۇ ۋاڭ بۇنىڭ شامەخسۇتنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئۇنى ئوچۇق - ئاشكارا سوراق قىلالمىدى. چۈنكى ئۇ مېھرىبانۇ ۋاڭ يوق چاغدىن پايدىلىنىپ ئوردىدا ئۆزىنى خېلىلا مۇستەھكەملەپ، گەپ يېرمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

(1995 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە قۇمۇلدا يېزىلدى.)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام

# مۇھەممەت بىشر چىڭۋاڭ


(رومان)

ئاپتورى: ئايشەم ئەخمەت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348№)
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 16.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1999 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 3,000
ISBN7—228—5281—1/I・1956
باھاسى: 23.80 يۈەن

责任编辑：阿·吾买尔
封面设计：加拉力丁



مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ۋە مېھرىبانۇ ۋاڭ
دەپنە قىلىنغان چىنە گۈمبەز.

ISBN 7-228-05281-1
9 787228 052813 >

ISBN7 - 228 - 05281 - 1
I·1956(民文)定价 :23.80元